# ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى

## 2

ۋاڭ جىلەي

# ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى

2

ئابلەت نۇردۇن ، جۇمەخۇن ،
تەرجىمە قىلغۇچىلار : غەيرەت ئابدۇراھمان ،
ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1980 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1980 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى. نەشر قىلىش ۋاقتىدا ئاپتورنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان « ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېركلىرى » دېگەن كىتابىغا ئاساسەن، ئايرىم جايلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

本书根据中国社会科学出版社1980年4月第1版1980年4月第1次印刷版本翻译出版。出版时经作者本人同意,根据湖南教育出版社1986年出版的该作者的《中亚史纲》一书,对个别地方作了一些修改。

مەسئۇل مۇھەررىرى: رەيھانگۈل قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى (2)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن، جۇمەخۇن، غەيرەت ئابدۇراھمان، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ گېئولوگىيە رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 17.25 قىستۇرما ۋارىقى: 4
1999 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1— 5,000
ISBN7—228—04182—8/K · 478
باھاسى: 20.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئون بىرىنچى باب شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەر قۇرغان خاندانلىقلار ............ 1

1 ـ بۆلۈم تاھىر خاندانلىقى ............ 1

2 ـ بۆلۈم سافقار خاندانلىقى ............ 6

3 ـ بۆلۈم سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ............ 10

4 ـ بۆلۈم گۈللىنىش دەۋرىدىكى سامانىيلار خاندانلىقى ...... 16

5 ـ بۆلۈم سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى ... 25

6 ـ بۆلۈم سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ............ 36

7 ـ بۆلۈم مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ...... 45

8 ـ بۆلۈم سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ............ 61

ئون ئىككىنچى باب تۈركلىشىش دەۋرى ............ 69

1 ـ بۆلۈم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە غەربىي تارىمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ............ 70

2 ـ بۆلۈم غەزنىۋىلەر خاندانلىقى ( 960 — 1189 ) ............ 86

3 ـ بۆلۈم ئوغۇزلار ۋە سالجۇقىيلار خاندانلىقى (1031 — 1157) ...... 94

4 ـ بۆلۈم XI ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ............ 108

ئون ئۈچىنچى باب خارەزىمشاھ خاندانلىقى ۋە غەربىي لياۋ سۇلالىسى ... 120

1 ـ بۆلۈم خارەزىمشاھ خاندانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ............ 120

2 ـ بۆلۈم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بېقىندى بولۇپ قېلىشى ............ 127

3 ـ بۆلۈم خارەزىمنىڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە گور خاندانلىقى ............ 140

4 ـ بۆلۈم كېيىنكى دەۋردىكى غەربىي لياۋ سۇلالىسى ۋە خارەزىمشاھى ............ 146

5 ـ بۆلۈم غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا-
نىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ........................................ 159
6 ـ بۆلۈم غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولۇشى ......... 171
**ئون تۆتىنچى باب موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىشى ......... 184**
1 ـ بۆلۈم كۈچلۈكنىڭ مەغلۇبىيىتى ........................... 184
2 ـ بۆلۈم موڭغۇللار بىلەن خارەزىمشاھ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇ-
نۇشنىڭ سەۋەبى ........................................ 188
3 ـ بۆلۈم موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلىش
جەريانى ........................................................ 196
4 ـ بۆلۈم يولىلىغ چۇساي بىلەن راھىب چيۇچۇجى ئوتتۇرا
ئاسىيادا ........................................................ 216
5 ـ بۆلۈم چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغاللىق زېمىن
بۆلۈپ بېرىشى ............................................. 222
**ئون بەشىنچى باب چاغاتاي خاندانلىقى بىلەن موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدى-
كى ئوتتۇرا ئاسىيا ........................................ 228**
1 ـ بۆلۈم ئوگدايخان دەۋرى ..................................... 228
2 ـ بۆلۈم مەھمۇد تارابى قوزغىلىڭى ........................... 238
3 ـ بۆلۈم كۆيۈكخان دەۋرى ....................................... 243
4 ـ بۆلۈم مۆڭكۈخان دەۋرى ....................................... 253
**ئون ئالتىنچى باب يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ............ 271**
1 ـ بۆلۈم قۇبلايخاننىڭ يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇشى ............ 271
2 ـ بۆلۈم قايدۇ ، دۇۋا توپىلىڭى ............................ 281
3 ـ بۆلۈم ئوگداي خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ، يۈەن سۇلالى-
سىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى چاغاتاي خاندانلىقى ...... 298
4 ـ بۆلۈم ئىبنى باتۇتە ۋە ئالملىقتىكى خرىستىئان دىنى
مۇرىتلىرى ........................................................ 317
5 ـ بۆلۈم چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى ............ 323
**ئون يەتتىنچى باب تېمۇرلەر ئىمپېرىيىسى ............................. 337**

1 ـ بۆلۈم تېمۇرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ...................... 337

2 ـ بۆلۈم تېمۇرنىڭ ماۋرائۇننەھرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ...... 344

3 ـ بۆلۈم تېمۇرنىڭ «چاتاي» غا قارشى ھەربىي يۈرۈشلىرى ... 354

4 ـ بۆلۈم خارەزم ۋە باشقا جايلارنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە كېڭەيمىچىلىك ........................................ 364

1 . خارەزمنى ئىستېلا قىلىش ............................ 364

2 . ئىراننى ئىستېلا قىلىش ............................ 366

3 . قىپچاقلارغا قارشى ئۇرۇش ............................ 369

4 . ھىندىستانغا بېسىپ كىرىش ............................ 378

5 . غەربىي ئاسىيادىكى غەلىبە ............................ 379

5 ـ بۆلۈم تېمۇرنىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشىنىڭ تەسىرى ۋە كراۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىشى .................... 382

6 ـ بۆلۈم تېمۇرنىڭ جۇڭگودىكى مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى ............ 384

7 ـ بۆلۈم تېمۇر دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ............................................ 394

ئون سەككىزىنچى باب تېمۇرنىڭ ۋارىسلىرى (1) .................... 413

1 ـ بۆلۈم تېمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى تەخت تالىشىش كۈرىشى ............................................ 413

2 ـ بۆلۈم ھىرات دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ............................................ 418

3 ـ بۆلۈم X V ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى موغۇلىستاننىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلۇغبەگنىڭ بېسىپ كىرىشى ............ 429

4 ـ بۆلۈم شاھرۇخ ۋە ئۇلۇغبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ............ 440

ئون توققۇزىنچى باب تېمۇرنىڭ ۋارىسلىرى (2) .......................... 460

1 ـ بۆلۈم شاھرۇخ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى تەخت تالىشىش كۈرىشى ۋە ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ............ 460

2 ـ بۆلۈم ھۈسەيىننىڭ تېمۇر ئىمپېرىيىسىنى قايتا قۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشى .................................. 464

3 ـ بۆلۈم خۇراساندىكى تېمۇر ئەۋلادى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا .................................. 473

4 ـ بۆلۈم ھۈسەيىن ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ماۋرائۇننەھر ... 480

يىگىرمىنچى باب تېمۇر خاندانلىقىنىڭ يوقىلىشى .................... 492

1 ـ بۆلۈم بابۇرنىڭ سەمەرقەنتنى تالىشىش جېڭى ۋە مەغلۇبىيىتى .................................. 492

2 ـ بۆلۈم ئۆزبېكلەرنىڭ ماۋرائۇننەھرنى ئىشغال قىلىپ بابۇرنى قوغلاپ چىقىرىشى .................................. 498

3 ـ بۆلۈم بابۇرنىڭ جەنۇبىي كابۇلنى ئېلىشى ............... 505

4 ـ بۆلۈم شەيبانىخاننىڭ خۇراساننى بويسۇندۇرۇشى، تېمۇر خاندانلىقىنىڭ يوقىلىشى .................................. 510

5 ـ بۆلۈم شەيبانىخاننىڭ ئاغدۇرۇلۇشى .................... 515

6 ـ بۆلۈم بابۇرنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە ھىندىستاننى ئىگىلىشى .................................. 520

7 ـ بۆلۈم XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى .................................. 531

# ئون بىرىنچى باب

## شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەر قۇرغان خانىدانلىقلار

ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەنىلا يات مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىدى . ئاببابسىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئەرەب ئۇمەييە خانىدانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشىدە ئىران مىللىتىدىن بولغان ئەبۇمۇسلىم ناھايىتى زور رول ئوينىدى . ۋەھالەنكى ئاباسىيلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇردى ، بۇ ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئاخىر قۇتۇلغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل خانىدانلىقلىرىنى قۇرغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ . شۇڭا ، شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەر قۇرغان خانىدانلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكى ، ئەرەب ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلگەنلىكىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر .

### 1- بۆلۈم تاھىر خانىدانلىقى

بىز ئالدىنقى بابتا خەلىپە مەئمۇن قول ئاستىدىكى ئىران مىللىتىدىن چىققان داڭلىق سەركەردە تاھىرنىڭ قوللىشىدا سابىق خەلىپە ئەمىننى مەغلۇپ قىلىپ ، تەختكە چىققانلىقىنى قەيت قىلغانىدۇق . مەئمۇن مىلادى 821 ـ يىلى تاھىرنى خۇراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەيدۇ . كېيىنكى يىلى ( 822 ـ يىلى ) تاھىر باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارغا جۇمە نامىزىدا مەئمۇننىڭ نامىغا قۇتبە ئوقۇشنى چەكلەپ ، ئۆز نامىغا قۇتبە ئوقۇشنى بۇيرۇيدۇ . دېمەك ، ئۇ ئەمدى مەئمۇننى ئۆزىنىڭ

پادىشاھى دەپ ئېتىراپ قىلماي ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ھېسابلىغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ باغداد خەلىپىسى ھاكىمىيىتىدىن مۇستەقىل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. مانا بۇ بىز ئېيتىۋاتقان ئىرانلىقلار قۇرغان ئىسلام خاندانلىقى — تاھىر خاندانلىقى دەۋرىنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىمۇ تاھىر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. تاھىر خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئەرەب ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تاھىر يەرلىك مىللەتتىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ بوۋىسى ھىراتنىڭ بۇشېنگ شەھىرىدىكى زېمىندار ئاقسۆڭەك ئىدى. بارتولدنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، تاھىرنىڭ بوۋىسى رازىق زىيادتىكى چاغدا شىرىستان ۋالىيسىنىڭ قول ئاستىدا ئەمەلدار بولغان. رازىقنىڭ ئوغلى مۇسئاب ھىرات ئۆلكىسىنىڭ بۇشېنگ شەھىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئابباسىيلاردىن تارقاتقاندا، ئۇ ئەبۇ مۇسلىمنىڭ بىر ئەگەشكۈچىسىگە مىرزا (كاتىپ) بولغان. مۇسئابنىڭ ئوغلى ھۇسەيىن بىلەن نەۋرىسى تاھىر بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى بۇشېنگ شەھىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان («بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، رۇسچە، 1 ـ توم، 266 ـ بەتكە قاراڭ). سەيكېس «پېرسىيە تارىخى» دا بولسا، تاھىر غۇلام (قۇل) نىڭ ئەۋلادى دېگەن.

تاھىر جەمەتى يەرلىكتە خېلى تەسىرى كۈچكە ئىگە بولغانلىقى، يەنە كېلىپ تاھىر ھەربىي ھوقۇقنى ئۆز قولىدا تۇتقانلىقى ئۈچۈن، خەلىپە مەئمۇن ئۇنىڭ ئاسىيلىق قىلمىشىغا ئاشكارا تەدبىر قوللىنىشقا پېتىنالمىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي تاھىر تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى، سەۋەبى نامەلۇم. بۇ ھەقتە خەلىپە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن بولسا كېرەك، دېگەن قىياسلار بار.

تاھىر ۋە ئۇنىڭ جەمەتى خەلىپىدىن قۇتۇلۇش خاھىشىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەئمۇن تاھىرنىڭ جەمەتىنى بارماقلار جەمەتىگە قوللانغان ۋاسىتە ئارقىلىق، يەنى نەسلىنى قۇرۇتۇش ۋاسىتىسى ئارقىلىق

بىر تەرەپ قىلىمدى ( 10 ـ بابنىڭ 3 ـ بۆلۈمگە قاراڭ ) . دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئۇ يەنە تاھىرنىڭ ئوغلى تەلھىنى خۇراساننىڭ باش ۋالىيسى ( 822 — 828 ـ يىللار ) قىلىپ تەيىنلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، خۇراسان تاھىر خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى يېرىم مۇستەقىل خاندانلىققا ئايلاندى . تاھىر خاندانلىقىنىڭ پايتەختى مەرۋى بولماستىن ، نىشاپۇر ئىدى ، تاھىر خاندانلىقى نىشاپۇر ئارقىلىق پۈتكۈل خۇراسان ، تۇخارىستان ۋە ماۋرا ئۇننەھرىنى كونترول قىلاتتى . تاھىر جەمەتىنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەزالىرى خەلىپە دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمىدا ، مەسىلەن ، مىسىر ، مىسوپوتامىيە قاتارلىق جايلاردا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ، مۇھىم ۋەزىپىلەرنى زىممىسىگە ئالدى .

تەلھى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ، خەلىپە ئەبۇ خالىدنىڭ ئوغلى ئەخمەدنى قوشۇن باشلاپ سۇترۇشنانى بويسۇندۇرۇشقا ماۋرا ئۇننەھرگە ئەۋەتتى . بۇنىڭغا سۇترۇشنانىڭ خانى كاۋۇسنىڭ مەئمۇنغا ئولپان تاپشۇرمىغانلىقى سەۋەب بولدى . مىلادى 822 ـ يىلى ئەخمەدنىڭ قوشۇنى كاۋۇسنىڭ ئوغلى ھەيدەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن سۇترۇشناغا ئوڭۇشلۇق كىردى . كاۋۇس ئۇشتۇمتۇت زەربىگە ئۇچراپ ، تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە باغدادقا بېرىپ ئىسلام دىنىغا كىردى . كېيىن ھەيدەر كاۋۇسنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ سۇترۇشناغا خان بولدى . زەردەشت دىنى روناق تاپقان سۇترۇشنا رايونىغا ئىسلام دىنىنىڭ چوڭقۇرلاپ تارقىلىشى تەلھىنىڭ تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

تەلھى مىلادى 828 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى . ئورنىغا ئوغلى ئەلى ئەبۇ تاھىر تەخت ۋارىسى (828 — 830 ـ يىللار) بولدى . ئۇ تەختتە ئولتۇرغان چاغدا ، بۇخارا رايونىدا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان سېپىل سوقتۇردى . بۇ چاغدا خەلىپە يەنە تۈركىستانغا بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى .

ئەلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن خەلىپە تاھىرنىڭ ئوغلى ئابدۇللانى ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى (830 — 844ـ يىللار ) قىلىپ تەيىنلىدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ ئوغلى تاھىر II نى قوشۇن باشلاپ ئوغۇزلارغا

ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى بۇرۇنقىلاردىنمۇ بەك كېڭەيتكەن. كېيىن تۈركلەر پەيدىنپەي ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئابدۇللا تاھىر خاندانلىقىدىكى مۇستەقىللىق خاراكتېرى تېخىمۇ كۈچلۈك سەردار ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا شىئە مەزھىپى قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە ئىدى.

ئابدۇللادىن كېيىن تاھىر II (844 — 862 ـ يىللار) بىلەن مۇھەممەد ئەبۇ تاھىر (862 — 873 ـ يىللار) تاھىر خاندانلىقىدا بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى ھۆكۈمران بولدى. تاھىر خاندانلىقى ئاخىر مۇھەممەد ئەبۇ تاھىر دەۋرىدە گۇمران بولدى.

تاھىر خاندانلىقىنىڭ سەردارلىرى مۇستەھكەم ھاكىمىيەت بەرپا قىلىش، شۇنداقلا مەملىكەتنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاشقا ئۇرۇندى. ئابدۇللا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا خېلى كۆڭۈل بۆلدى، ئۇ يېزىلاردا سۇ تالىشىش سەۋەبىدىن يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم مۇسۇلمان قانۇنچىلارنى يىغىپ «ئېقىن ـ ئۆستەڭلەر ھەققىدە بايان» نى يازغۇزۇپ، يېزىلاردا سۇ ئىشلىتىشتە رىئايە قىلىدىغان تۈزۈملەرنى بەلگىلىدى. ئەرەب يازغۇچىسى گەردىزىنىڭ ئېيتىشىچە، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئەسىردىمۇ «ئېقىن ـ ئۆستەڭلەر ھەققىدە بايان» بۇ ھەقتىكى دېلولارنى بىرتەرەپ قىلىشنىڭ قىبلىنامىسى قىلىنغان.

تاھىر خاندانلىقى يەنە مائارىپ ئىشلىرىنى رىغبەتلەندۈرگەچكە، تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلقلەرمۇ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى چاغدا ئەڭ نامراتلارنىڭ بالىسىمۇ ئوقۇشقا كىرەلىگەن. مەسىلەن، زەرەپشان دەرياسى رايونىدىكى خارگۇن كەنتىدىكى بىرەيلەن ھىجرىيە 233 ـ يىلى (مىلادى 847 — 848 ـ يىللار) ئىككى ئوغلىنى سەمەرقەنتكە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن، بۇ ئىككى ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئائىلىدە توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇنىڭدىن تاپقان كىرىمگە تايىنىپ ئۇلارنىڭ ئوقۇشىنى قوللىغان. نەتىجىدە ئۇلار ئۈچ يىل ئوقۇپ خېلى نۇرغۇن پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن.

تاھىر خاندانلىقى تۆۋەن تەبىقىدىكى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە خېلى كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق كەسكىن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بارمىغان. شۇ چاغدا، دېھقانلار پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، زۇلۇم سېلىشىغا ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار يەنە خەلىپە ۋە تاھىر خاندانلىقىغا نۇرغۇن ئۆلپان تاپشۇراتتى. تاھىر خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ماۋرا ئۇننەھرىدىكى يەرلەر خەلىپىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى دەپ قارالغان. سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 844 ـ يىلى تاھىر خاندانلىقى دېھقانلاردىن يىغقان ئۆلپان سوممىسى 48 مىليون دەرھەمگە يەتكەن. شۇڭا، ھەر قايسى جايلاردا، بولۇپمۇ شىرىستان رايونىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى زادىلا توختىمىغان.

تاھىر خاندانلىقىغا تەۋە جايلاردىكى خەلق ھەرىكەتلىرىگىمۇ ئىسلام دىنىدىكى غەيرىي مەزھەپلەرگە قوللانغان ئۇسۇلنى مەسىلەن، شىرىستاندىكى خاۋارىج مەزھىپى، تابارىستاندىكى شىئە مەزھىپى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپى (قارامىت مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىقلارغا قوللانغان ئۇسۇلنى قوللاندى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە شۇ چاغدىكى «پىدائىيلار قوشۇنى»نى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. «پىدائىيلار قوشۇنى»دىكىلەر يەرلىك ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن ياللانغانلار بولۇپ، ئۇلار غەيرىي دىندىكى مىللەتلەرگە «غازات قىلىش» نامى بىلەن ئۇلارغا بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى قىلىدىغانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، دائىم يايلاقنىڭ پاسىلىدىكى جايلارنى قوغداشقا ئەۋەتىلەتتى. ئۇ يەردە ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلارغا «غازات قىلىش» ئارقىلىق ئولجىغا ئىگە بولالايتتى، شۇڭا ئۇلار ئۇ يەرلەرگە بېرىپ خىزمەت كۆرسىتىشنى خالايتتى. پىدائىيلارنىڭ يەنە ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى بولاتتى، ئۇلارنىڭ سەردارلىرىنى ھەتتا ھۆكۈمەت تەرەپ ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئېتىراپ قىلاتتى. لېكىن پىدائىيلارمۇ دائىم دېگۈدەك قارشىلىق كۆرسەتكەن خەلقلەر بىلەن بىرلىشىۋالغانلىقتىن، يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ نەزەرىدە ئۇلار مالىمانچىلىقنىڭ مەنبەسى ئىدى. مىلادى 821 ـ يىلىلا ئۇلار خۇراساندا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى.

# 2 - بۆلۈم   سافقار خاندانلىقى

سافقار ئەرەبچە مىسكەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سافقار خاندانلىقى دېگەن نام بۇ خاندانلىقنى قۇرغۇچى ئەسلىدە بىر مىسكەر بولۇپ شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

ئەرەب ئاببا سىيلار خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسى مۇتاۋەككىل تەختتە ئولتۇرغان دەۋر (847 ـــ 861 ـ يىللى) دە سالىھ ئىسىملىك بىر كىشى پىدائىيلار تەشكىلاتىنىڭ غازاتچىلار ئەترىتىگە باشچىلىق قىلىپ شىرىستانىنى ئىشغال قىلدى. ئۇ يەنە شۇ يەردىكى خاۋارىجىلار مەزھىپىنى باستۇرۇشنى باھانە قىلغانىدى. تاھىر II تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە سالىھ خاۋارىجىلار مەزھىپىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلدى. تاھىر II دائىم ئۇلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشتا ھۆكۈمدار بولدى.

سالىھنىڭ ياقۇپ ئىسىملىك بىر ئىنتىپاقچىسى بار ئىدى. ئۇ شىرىستاننىڭ غىلان شەھىرىگە خېلى يېقىن جايلاشقان كارنىن بازىرىلىق كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئامۇر، تاھىر، ئەلى قاتارلىق ئۈچ ئاكا ـ ئىنىسى بار ئىدى. ياقۇپ مىسكەر، ئامۇر ياغاچچى ( ياكى ئېشەكچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ئىدى. ياقۇپ كەڭ قورساق، مەرد، ساخاۋەتچى كىشى بولغاچقا، خېلى كۆپ ئادەم ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭغا ئەگەشتى. كېيىن بۇ ئاغا ـ ئىنىلەر بىر قاراقچىلار گۇرۇھى بولۇپ تەشكىللىنىپ، يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياقۇپمۇ دەسلەپتە خارىج مەزھىپىدە ئىكەن. ئۇنىڭ ئىنىسى تاھىر بۇست ( بۈگۈنكى ئافغانىستاندىكى ھىراماند دەرياسى بىلەن ئارگەنداب دەرياسى قوشۇلغان جايدا ) ئەتراپىدا خاۋارىجىلار بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. ياقۇپنىڭ شېرىكلىرى سالىھنىڭ خاۋارىجىلارنى باستۇرۇشىغا ياردەملەشتى.

ياقۇپ باتۇر، جەڭدە ماھىر بولۇپلا قالماي، بەلكى قوماندانلىق قىلىشتىمۇ ئىقتىدارلىق ئىدى. شۇڭا سالىھنىڭ ۋارىسلىرى ھىجرىيە 247 ـ يىلى ( مىلادى 861 ـ يىلى ) ئۇنىڭغا ھەربىي ھوقۇقنى بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياقۇپ ئۆز قوشۇنى ۋە يەرلىك خەلق ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ

تاھىر خاندانلىقىنىڭ ۋەكىلىنى قوغلاپ چىقىرىپ، شىرىستاننىڭ مەركىزى غىلان شەھىرىنى ئاسانلا قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ئارقىدىن ئۇ يەنە سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ھىجرىيە 253 - يىلى (مىلادى 867 - يىلى) ھىراتنى ئىگىلىدى. ھىجرىيە 255 - يىلى (مىلادى 869 - يىلى) كېرماننى، ئارقىدىن يەنە شىراز، پارس قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ كەڭ زېمىنغا ئىگە ھۆكۈمرانغا ئايلىنىپ، شەرقىي ئىراندىكى يەرلىك مىللەتلەر قۇرغان يەنە بىر خاندانلىق — سافار خاندانلىقىنى بەرپا قىلدى.

ھىجرىيە 256 - يىلى (مىلادى 871 - يىلى) ياقۇپ بەيئەت قىلىش سەممىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئادەم ئەۋەتىپ خەلىپە بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. خەلىپە ئۇنى ئۆزىدىن يىراقراق قىلىش ئۈچۈن ياقۇپنى بەلىخ، تۇخارىستاندىن ھىندىستاننىڭ چېگرىسىغىچە بولغان جايلارنىڭ ئەمەلدارى قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ ھىندىقۇش تېغىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ كابۇل رايونىغا كىرىپ بۇ جاينى ئىستېلا قىلدى. ئۇ يەردە بۇددا دىنىنى نابۇت قىلىپ، ئاھالىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

بۇ چاغدا تاھىر خاندانلىقىنىڭ تەختتىكى خانى مۇھەممەد ئىبىن تاھىر ئىدى. ياقۇپ ئۇ مېنىڭ بىر رەقىبىمنى يېنىدا تۇرغۇزدى دېگەن باھانە بىلەن ھىجرىيە 872 - يىلى ئۇنىڭ پايتەختى نىشاپۇرغا ھۇجۇم قىلىپ، 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇ شەھەرنى ئىگىلىدى. تاھىر خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئەسىر ئېلىندى. بۇ خاندانلىق شۇنىڭ بىلەن يوقالدى. خەلىپە مۇرتەمىد ياقۇپنىڭ قىلمىشىغا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يەنىلا خۇراسان، تەبەرىستان، رەي ۋە پارس قاتارلىق جايلارنىڭ باش ۋالىيسى قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ياقۇپ ئەسلى ئەمگەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوتتۇرا - كىچىك فېئوداللارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلدى. ئۇ ئىزچىل تۇردە ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈردى. كىيىم - كېچەكلىرى كەشتىلەنمىگەن، ئولتۇرغان ئۆيىدە گىلەم يوق بولۇپ، بورا ئۈستىدە ئولتۇراتتى. قالقاننى

ياستۇق قىلىپ ياتاتتى. ئەمما ئۇ ئەمگەكچى خەلقنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىدى. ئۇ خەلىپە ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش قارارىغا كېلىپ 876 ـ يىلى قوشۇن باشلاپ باغدادقا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى. ئەينى چاغدا ئىراقتىكى قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى ئەلى ئىبىن مۇھەممەد ياقۇپقا ياردەم بېرىشنى خالايتتى. لېكىن ياقۇپ ياردەمنى رەت قىلدى. چۈنكى ئۇ، قۇللار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. ياقۇپنىڭمۇ قۇلى بار ئىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ قوشۇنى خەلىپىنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ياقۇپ مىلادى 879 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ تەختىگە ئىنىسى ئامۇر ۋارىسلىق قىلدى.

بارتولد ياقۇپقا باھا بېرىپ: «ئۇ قانۇنىي جەھەتتىكى ئاساس ئارقىلىق ئۆز قىلمىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈستىدە ئىزدەنمەي، قىلىچقا تايىنىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلدى. ئۇ پەقەت ئۆزىگە سادىق قوشۇن بەرپا قىلىشنى ھەمدە ئۇرۇش ئارقىلىق زۆرۈر بولغان مال ـ دۇنياغا ئېرىشىشكە تىرىشتى. كېيىنكى تەلەپ ئۈچۈن ئۇ دائىم بايلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدە يەنىلا تۆت مىليون دىنار ۋە ئەللىك مىليون دەرھەم بار ئىدى. « 〈 ھىرات تارىخى 〉 دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ياقۇپنىڭ 5000 تۆگىسى ۋە 10 مىڭ ئېشىكى بار ئىكەن ... ياقۇپ بارلىق مەسىلىلەرنى ئۆزى قارار قىلاتتى. ھاكىمىيەتنى باشقىلارنىڭ بىللە باشقۇرۇشىغا يول قويمايتتى» ① دەپ كۆرسەتكەندى.

ياقۇپنىڭ ۋارىسى ئامۇرمۇ قىلىچقا تايىنىپ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىغان پادىشاھ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇمۇ خەلىپىگە سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەلىپىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. لېكىن مىلادى 884 ـ يىلى خۇراساننىڭ ئاھالىلىرى ئەرز قىلغاچقا، خەلىپە مۇرتەمىد ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۆلكىنى رافى ئەبۇ خارشاماغا

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، رۇسچە 1 ـ توم، 277 ـ بەت

تاپشۇرۇپ بەردى. ھەمدە يەنە قوشۇن ئەۋەتىپ ئامۇرغا ھۇجۇم قىلدى. ئامۇر مەغلۇپ بولۇپ يۇرتى شىرىستانغا قېچىپ كەتتى. مىلادى 892 ـ يىلى خەلىپە مۇرتەمىد تەختكە چىققاندىن كېيىنلا ئامۇرنىڭ خۇراساننىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ چاغدا نىشاپۇر رافى ئەبۇ خارشامانىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئامۇر قايتىدىن كۈچ تەشكىللەپ مىلادى 896 ـ يىلى رافىنى مەغلۇپ قىلىپ، خۇراساننىڭ پايتەختى نىشاپۇرنى تارتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ پۈتكۈل ئىراننىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى.

ئامۇر ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ياقۇپقا ئوخشاش بايلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش يولى بىلەن پۇل ـ پۇچەككە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت ئىقتىسادىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق بۇ مەقسىتىگە يەتتى. ئامۇر مۇستەقىل ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ پۇقرالىرىدىن يىغقان باج خىراجەتنى پۈتۈنلەي ئۆزى بىر تەرەپ قىلاتتى. خەلىپىگە تاپشۇرمايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ خەزىنىسىنىڭ ئۈچ مەنبەسى بار ئىكەن. بىرىنچى، يەر بېجى ۋە باشقا باج كىرىمى، ئۇ بۇنى قوشۇنىنىڭ خىراجىتىگە ئىشلەتكەن؛ ئىككىنچى، پادىشاھنىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلكىدىن كىرگەن كىرىم، بۇ ئوردىنىڭ خىراجىتىگە ئىشلىتىلگەن؛ ئۈچىنچى، قەرەلسىز قىلىنغان كىرىمى ۋە دۈشمەنلەردىن مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلەر، بۇ ئەمەلدار ۋە ئەلچىلەرگە ئىنئام بېرىشكە ئىشلىتىلگەن. ئامۇر قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرلۈك قۇللارنى ھەدىيە قىلدى. بۇ قۇللار ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پايلاقچىلىرى ئىدى. ئۇ، بۇ قۇللار ئارقىلىق ئۆز دائىرىسىدە يۈز بەرگەن بارلىق ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇراتتى. ئامۇر يەنە قول ئاستىدىكىلەرگە نامازدا خەلىپىنىڭ نامىغا قۇتبە ئوقۇماي ئۆز نامىغا قۇتبە ئوقۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئۇنىڭ خەلىپىدىن مۇستەقىل تۇرۇشتا چىڭ تۇرىدىغان ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئۆزى يېتىشتۈرگەن قوشۇننى ئارقا تىرەك قىلغاچقا شۇنداق قىلىشقا پېتىنالىدى. ئۇ قوشۇننىڭ تەمىناتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر ئۈچ ئايدا قوشۇندىكىلەرگە بىر قېتىم ئىنئام تارقىتىپ بەردى. بۇنداق ئىنئام

ئىنتايىن تەنتەنىلىك مۇراسىملاردا تارقىتىلاتتى. يەنە كېلىپ ئامۇر بۇ مۇراسىمغا قاتنىشاتتى. شۇنداق قىلىپ ئامۇر ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كۈچلۈك بىر پادىشاھقا ئايلاندى.

ئامۇر ئۆزى ئېرىشكەن ھوقۇقتىن قانائەتلەنمەي يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ماۋرا ئۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولدى. ئەينى چاغدا ماۋرا ئۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، مۇستەھكەملەنگەن، ھەممە قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان سامانىيلار خاندانلىقى ئىدى. ئامۇر سامانىيلار خاندانلىقىغا ماۋرا ئۇننەھردىن چىقىپ كېتىش ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئۆتۈنۈپ بېرىش توغرىسىدا ئۇچۇق ـ ئاشكارا تەلەپ قويدى. ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسى ساففار خاندانلىقىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تەھدىت ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ ئىككى يولۋاسنى سوقۇشتۇرماقچى بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئامۇرنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ ئۇنىڭ سامانىيلار خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشىغا سۈكۈت قىلىپ، ئۇ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ماۋرا ئۇننەھر رايونىنى ئىگىلىۋېلىشىغا قوشۇلماقچى بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلىپە سامانىيلار خاندانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى ئامۇرغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە رىغبەتلەندۈردى. ئامۇر خۇشكەنت، مەرۋى ئىككى رايونىنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن قوشۇن ئەۋەتىپ ماۋرا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلدى. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىل قوشۇن باشلاپ دۈشمەنگە قارشى ئاتلاندى. مىلادى 900 ـ يىلى بەلخ ئەتراپىدا ئامۇر ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى. ئۇ ئەسىرگە ئېلىنىپ باغدادقا ئەۋەتىپ بېرىلدى، خەلىپە ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئامۇرنىڭ ئوغلى تاشىر ۋارىس بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خاندانلىقى پەقەت شىرىستاندىلا ساقلىنىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خاندانلىقمۇ مۇنقەرز بولدى.

## 3 ـ بۆلۈم سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ تىكلىنىشى

سامانىيلار خاندانلىقى تاھىرلار خاندانلىقى ۋە ساففار خاندانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرلا ۋاقىتتا دەۋر سۈردى. ئەمما ئادەتتە خاندان-

لىقىنىڭ تىكلەنگەن ۋاقتى 874 ـ يىلى دەپ بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ خانلىرى تاھىر خاندانلىقىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى دەپ قارالغان بولسىمۇ، بىراق سامانىيلار خاندانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر يۇقىرىقى ئىككى خاندانلىقنىڭكىدىن خېلىلا ئۇزۇن.

بۇ خاندانلىقنىڭ يەنى سامانىيلار جەمەتىنىڭ بوۋىسى سامان بەلخلىك يەرلىك كىشى ئىدى. بەزى كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە، ئۇ بەلخكە يېقىن بولغان سامان كەنتىنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىۋالغان. (سىپولىنىڭ «مۇسۇلمانلار دۇنياسى» بىرىنچى قىسىم «خەلىپە دەۋرى» گە قاراڭ. ئىنگلىزچىدىن نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنغان، 1960 ـ يىل نەشرى، 77 ـ بەت) سامان ئۇمەييە خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسى ھىشام دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، ئۆزىنى قەدىمكى پېرسىيە سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ باش سانغۇنى بەھرام چۇبىنىنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتايتتى. دەرۋەقە ئۇ بىر ئاقسۆڭەك ئىدى.

سامان يەرلىك ھاكىمىيەتتىكى دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن بەلختىن قوغلىنىپ، ئەينى چاغدىكى خۇراساننىڭ باش ۋالىيسى ئاساد ئەبۇ ئابدۇللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلىپ باردى. ئۇنىڭ قوللىشى بىلەن سامان يۇرتىغا قايتىپ بېرىۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. بۇ شەپقەتچىگە بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلىغا ئاساد دەپ ئىسىم قويۇپ خاتىرە قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئاتەشپەرەسلىك دىنىنى تاشلاپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. بۇ ئابباسىيلار خاندانلىقى ئۇمەييە خاندانلىقىنىڭ ئورنىغا چىققان دەۋر ئىدى. بەلخنىڭ تۆرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سامانمۇ خۇراساننىڭ كېيىنكى باش ۋالىيسى مەئمۇننىڭ دىققىتىنى تارتتى. مەئمۇن كېيىن خەلىپە بولدى.

سامانىنىڭ چوڭ ئوغلى ئاساد نوھ، ئەھمەد، يەھيا، ئىلياس ئىسىملىك تۆت ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەبلەرگە سادىق بولۇپ، ئابباسىيلار خاندانلىقىغا ياردەملىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رافىي قوزغىلىڭىنى باستۇردى. شۇڭا خەلىپە مەئمۇن مىلادى 820 ـ يىلى

بۇ توت ئاكا ـ ئۇكىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىرنەچچە رايونىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. يەنى نوھ سەمەرقەنتنى، ئەھمەد پەرغانىنى، يەھيا تاشكەنت بىلەن سۇترۇشانانى، ئىلياس ھىراتنى باشقۇردى. مەئمۇندىن كېيىنكى خەلىپىمۇ بۇ بەلگىلىمىگە رازىلىق بىلدۈردى. سامان جەمەتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىغا ھۆكۈمران بولدى. خەلىپىنىڭ خان بىلەن باراۋەر بولۇش نامى بىلەن ئۇلار ئاتاقتا خۇراساننىڭ باش ۋالىيسىغا بويسۇنىدىغان تاھىر خاندانلىقىنىڭ خانلىرى بولۇپ، بۇ خاندانلىقنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا تەۋە ئىدى. بىراق ۋاقىت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەمەلگە تەيىنلىنىشى تاھىردىن بۇرۇن ئىدى. (تاھىر خۇراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا مىلادى 821 ـ يىلى تەيىنلەنگەن.) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان توت ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئىچىدە ئىلياس ھىجرىيە 242 ـ يىلى (مىلادى 856 ـ 857 ـ يىللىرى) قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتى پۈتۈنلەي تۇگەشتى. شۇنىڭ بىلەن سامان جەمەتىنىڭ كۆچى ئاساسەن ماۋەرا ئۇننەھرگە مەركەزلەشتى.

خەلىپىلىك دۆلەت سىستېمىسىدا، سامانىيلار خانلىرىنىڭ ئورنى تاھىر خاندانلىقىدىكىلەرنىڭكىدىن تۆۋەن ئىدى. تاھىر خاندانلىقى كۈمۈش تەڭگە قۇيۇپ تارقىتالايتتى. سامانىيلار خانلىرى پەقەت مىس تەڭگىلا قۇيۇپ تارقىتالايتتى. تاھىر خاندانلىقى سامانىيلار خانلىرىنى قوللايتتى. مەسىلەن، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەنگەن چاغدا سۇترۇشانىنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى ئۇرۇشى پارتلاپ ئەھمەد مەجبۇرىي ئۆزىنى چەتكە تارتتى. خەلىپە ئۇ يەردىكى قارشىلىقنى باستۇرغاندىن كېيىنلا ئەھمەد ئاندىن پەرغانىگە قايتىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سامانىي خانلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ھەققىدە بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەمەرقەنتنىڭ ھۆكۈمرانى نوھ مىلادى 840 ـ يىلى لەشكەر باشلاپ ئىسپىجاپ شەھىرىنى بېسىۋالغان ھەمدە «ئۈزۈملۈك باغ ۋە تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان يەرلەرنىڭ ئەتراپى» غا تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش

ئۈچۈن قورۇق تام سوقۇشقا پەرمان چۈشۈرگەن، ئەمما بۇ يەرلەرنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قالالمىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسپىجاپ شەھىرىگە يەنىلا تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ جاينىڭ ھۆكۈمرانى ئاتاقلىق سامانىيلار خاندانلىقىغا ئىتائەت قىلاتتى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تاھىر خاندانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاھ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ياردىمىدە ئوغۇز تۈركلىرىگە ھۇجۇم قىلالىغانىدى.

مىلادى 841 ـ يىلى نوھ ئالەمدىن ئۆتتى. ئەھمەد ئۆز ئوغلى ناسىرنى سەمەرقەنتنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە يەھيا 855 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تاشكەنت رايونىمۇ ئەھمەدنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ ماۋرائۇننەھر رايونى، بۇخارا، قاشقا دەريا بويلىرى ۋە سۇرخان دەريا بويلىرىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى ئەھمەد ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە تەۋە بولۇپ كەتتى.

مىلادى 864 ـ يىلى ئەھمەد ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ناسىر تەخت ۋارىسى بولدى (864 ـــ 892 ـ يىللار) ناسىر ھەسەتخور، ئەزمە مىجەز كىشى بولۇپ كۆپ ئىشلارنى ئىنىسى ئىسمائىلغا تايىنىپ قىلاتتى.

بۇ چاغدا بۇخارالىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەر خىل گۇرۇھلار پەيدا بولدى، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ تاشقى دۈشمەنگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. خارەزىم ھۆكۈمرانى ھۈسەيىن (تاھىرىلار خانى مۇھەممەد ئەبۇتاھىرنىڭ ئىنىسى) مىلادى 872 ـ يىلى لەشكەر تارتىپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرىدىغاننى ئۆلتۈرۈپ، بۇلايدىغاننى بۇلاپ، بۇ جاينى بېسىۋالدى. ھۈسەيىن بۇ جاينى ئۇزۇن مۇددەت ئىگىلەپ تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ يەرلىك ئاھالىلەرنى «كۆلنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتۇش» ئۇسۇلىدا قاتتىق تالان ـ تاراج قىلدى. ئۇ قول ئاستىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆزىگە گىتىرىف دەرھىمى بىلەن ئولپان تاپشۇرۇشنى رەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ساپ كۈمۈش تەڭگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىش بۇخارالىقلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. بۇخارالىقلارنىڭ

ئىچىدىكى بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام ئەربابلار سەمەرقەنتتىكى ناسىرغا ۋە-
كىل ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ سامان جەمەتىدىن بىرەيلەننى بۇخارانى
باشقۇرۇشقا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ناسىر ئىنىسى ئىسمائىلنى ئەۋەت-
تى. 873 ــ يىلى تاھىرلار خاندانلىقى، ساففار خاندانلىقى تەرىپىدىن
يوقىتىلدى، ھۈسەيىن ئارقا تىرىكىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئىسمائىلغا قارشى
تۇرۇشقا پېتىنالمىدى. ئىسمائىل ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ھۈسەيىننى
قوغلاپ چىقىرىپ بۇخارانى ئىگىلىۋالدى.

ئۇزۇندىن بۇيان ئەمەلدارلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ كەلگەن
بۇخارالىقلار، ئەلۋەتتە سامان جەمەتىدىن بولغان ئىسمائىلدىن ئۈمىد
كۈتمەيتتى. ئۇلار يەنە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ھۆكۈمرانغا قارشى
قوزغىلاڭ كۆتۈردى. نارشاھنىڭ قەيت قىلىشىچە، شۇ چاغدا باركات بى-
لەن رامىۇتان ئارىلىقىدىكى جايغا 4000 قوزغىلاڭچى دېھقان توپلاشقان.
ئىسمائىل يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ياردىمىگە تايى-
نىپ خەلق قوزغىلىڭىنى پۈتۈنلەي باستۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇخاراغا
قىلىدىغان ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن.

ناسىر ئۆزىگە يايلاق تەرەپتىن قىلىنىۋاتقان تەھدىتنى يېڭىكلىتىش
ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ ھازىرقى تۈركىستان ئەتراپىدىكى تۈرك چارۋىچى-
لىرىغا ھۇجۇم قىلدى. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
بىرلىك ۋە زېمىننىڭ كېڭىيىشى ئۇنىڭ تۈركلەرگە تاقابىل تۇرۇش كۈ-
چىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ناسىر ئۆزىنى پۈتكۈل ماۋرا ئۇننەھر رايونىنىڭ
ھۆكۈمرانى دەپ ئاتىدى. ئۇ سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلىپ، ئىلگىرى تا-
ھىر خاندانلىقىلا قۇيدۇرالايدىغان كۈمۈش تەڭگىگە ئوخشىتىپ پۇل
قۇيدۇرۇپ تارقاتتى. بۇ خىل كۈمۈش تەڭگىلەردىن تېپىلغانلىرى تاش-
كەنت تارىخىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇ يەنە ماۋرائۇننەھرنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا نامازدا قۇتبىنى ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ئوقۇش
ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خەلىپە مۇرتەمىد يۈز
بەرگەن بۇ ئىشلارنى نائىلاج قوبۇل كۆرۈپ، ناسىرنى ماۋرا ئۇننەھرنىڭ

باش ۋالىيسى بولۇپ « ئامۇ دەرياسىدىن ئەڭ يىراقتىكى شەرقىي جايلارغىچە » باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى .

ئىسمائىل ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئىدى . ئۇ ، بۇخارادىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەپ كۈچىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇردى . بۇ ئەھۋال ناسىرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىدى . 885 - يىلى ناسىر مەسلىھەتچىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن لەشكەر تارتىپ ئىسمائىلغا ھۇجۇم قىلدى . ئىسمائىل تەييارلىقسىز تۇرغاچقا نائىلاج پەرغانىگە چېكىندى . ئۇ يەردىن قامىيا ئىسمىلىك بىر كىشىنى رافىي ئەبۇ خارشامانىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى . رافىي لەشكەر باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، ئىسمائىل بىلەن قوشۇلۇپ ، ناسىرغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ ئىسمائىل تەرىپىدىن توختىتىپ قويۇلغانلىقىنى ، بۇخارا بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسىنىڭمۇ ئۈزۈۋېتىلگەنلىكىنى بايقىدى . ناسىر بۇخارا ئاھالىسىنىڭ ئىسمائىلنىڭ لەشكەرلىرىگە ئوزۇق - تۈلۈك بېرىشىنى قەتئىي مەنئى قىلدى . ئىسمائىلنىڭ قوشۇنى ئاچلىقتىن قىيىنىلىپ قالدى . رافىي يەنە بۇ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ يارىشىۋېلىپ ئۆزىگە زىيان سېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلار بىلەن مۇرەسسەلىشىش تەكلىپىنى بەردى . رافىينىڭ سالا قىلىشى بىلەن بۇ ئاكا - ئۇكىلار بىرلەشتى . مۇرەسسەدە ئىسمائىل بۇنىڭدىن كېيىن بۇخارانىڭ پەقەت باجگىرىلا بولۇش ، بۇ شەھەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى ناسىر تەيىنلىگەن ئىسھاق دېگەن كىشى كېلىپ باشقۇرۇش شەرتى تۈزۈلدى . بۇ مەسىلە بىر ياقلىق قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ناسىر سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى ، رافىي بولسا خۇراسانغا كەتتى .

ئەمما 15 ئايدىن كېيىن كونا ئۆرۈش يەنە يېڭىدىن پارتلىدى . ناسىر پەرغانىدىن كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەپ ، ئابۇل ئاشئاسىنى قوشۇن باشلاپ بۇخارادىكى ئىسمائىلغا قايتا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى . بۇ قېتىم ئىسمائىلنىڭ تەييارلىقى بار ئىدى . ئۇ خارەزىمدىن قوشۇن تەشكىللەپ ناسىرنىڭ قوشۇنىغا قارشى تۇردى . بىرنەچچە قېتىملىق ئېلىشىشتىن كېيىن 888 - يىلى ناسىر ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە ئېلىندى . ناسىرنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈ-

چۈن، ئىسمائىل ئۇلارغا ناھايىتى ياخشى پوزىتسىيىدە بولدى ھەمدە ئۇلارنى سەمەرقەنتكە ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ ناسىرغا: «مەن سىزگە ۋەكالەتەن بۇخارانى باشقۇراي» دېدى. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىسمائىل ماۋرائۇننەھرنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. ناسىر بولسا سەمەرقەنتنىڭ ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىرىسى قۇرۇق بىر ئەمىر بولۇپ، (سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى، گەرچە ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پادىشاھلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا خەلىپىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئەمىر يەنى ۋەزىر ياكى سەركەردىلەر ئىدى)، مىلادى 892 ـ يىلىغا كەلگەندە ئالەمدىن ئۆتتى.

ناسىر ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى تەختكە ئىسمائىلنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. شۇڭا ئىسمائىلنىڭ ئەمەلىي تۇتقان ھوقۇقى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىدا ئېتىراپ قىلىندى. كېيىنكى يىلى (892 ـ يىلى) ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇتەدىدمۇ ئۇنىڭ ئورۇنباسار بولۇشىنى قوللىدى. ئۇ سەمەرقەنتنى ناسىرنىڭ ئوغلىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆزى بۇخارانى پايتەخت قىلدى. ئىسمائىل سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى بولۇپ قالدى.

## 4 ـ بۆلۈم گۈللىنىش دەۋرىدىكى سامانىيلار خاندانلىقى

ئىسمائىل سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى بولۇپلا قالماي، بۇ خاندانلىقنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە زېمىنىنىڭ كېڭىيىشى، ئۇنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار تۈزۈمىنىڭ بېكىتىلىشى، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى.

ئىسمائىل يەنىلا خەلىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ، بۇ نۇقتىنى خەلىپە ئۇنى ئورۇنباسارلىققا تەيىنلىگەن يىلى (893 ـ يىلى) لا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىدى. شۇ يىلى ئۇ لەشكەر تارتىپ تالاسقا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ چاغدا تالاسنىڭ ئاھالىسى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى ۋە بۇ جايدا خرىستىئان دىنى

چېركاۋلىرى بار ئىدى . « كامبرىج ئىران تارىخى » ( ئىنگلىزچە ، 1968 ـ يىلى نەشرى ، 5 ـ توم 10 ـ بەت ) دا تالاسقا قارلۇقلار ھۇجۇم قىلغان دېيىلگەن . ئىسمائىل « غازات قىلىپ بۇ جايىنى بويسۇندۇرۇپ خرىستىئان دىنى چېركاۋلىرىنى مەسچىتكە ئۆزگەرتىۋەتتى ھەمدە تالان ـ تاراج قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن ئولجا بىلەن قايتىپ كەلدى . شۇ يىلى ئۇ يەنە سۇترىشانانى ئۆزىگە قوشۇۋالدى .

ئىسمائىلنىڭ يەنە بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى ، ئۇ ساففار خاندانلىقىنى يوقاتتى .

سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن ساففار خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ خەلىپىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بولغان . مىلادى 898 ـ يىلى خەلىپە ئۆز ئوردىسىدا خۇراساندىكى ھاجىلارغا ئىسمائىلنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئامۇرنى ماۋرا ئۇننەھرنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدىكى پەرمانىنى ئېلان قىلدى . ھەمدە بۇ پەرماننى نىشاپۇردىكى ئامۇرغا ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ماۋرا ئۇننەھر رايونىنى قولىغا ئېلىۋېلىشىغا سەۋەبچى بولدى . ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا خەلىپە يەنە ئاستىرتتىن ئىسمائىلنىڭ ئامۇرغا قارشى تۇرۇشىنى قوللىدى .

ئامۇر بۇخارادا ئۆزىنىڭ بىر قولىدىن خەلىپىنىڭ غەمخورلۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ماۋرا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلدى . ئۇ گۇزاندىكى فەرىغۇن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەھمەد ۋە بەلخنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبۇ داۋۇدلارنىڭ ئۆزىگە بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇلار ئىسمائىلغا ياردەم بېرىشنى خالىمايدىكەن . ئامۇر بارگاھىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە تىكىشنى جاكارلاپ ، ئىسمائىلنىڭ تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار بۇنى رەت قىلدى . شۇڭا ئامۇر قول ئاستىدىكى سەركەردە ئەلى ئىبنى شىرۋانغا لەشكەر تارتىپ بۇخاراغا قاراپ ئىلگىرىلەش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى . ئىسمائىل بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، ساففار لەشكەرلىرىنى تۇسۇپ زەربە بېرىپ تارمار قىلىپ ئەلىنى ئەسىرگە ئالدى . ئامۇر قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۆزى لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئۆچ ئالماقچى بولدى . بىراق

ئۇمۇ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن ئۇزۇل - كېسىل يېتچىت قىلىندى . ئامۇر 2000 ئادەمنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىراق ئۇزۇنغا بارمايلا قولغا چۈشۈپ قېلىپ ئىسمائىلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدى . بۇ ئىشلار مىلادى 900 - يىلى يۈز بەردى . پۈتكۈل ئۇرۇشنىڭ ھەممىسىلا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىلا ئېلىپ بېرىلدى .

خەلىپىنىڭ تەلىپى بىلەن ئامۇر باغدادقا ئېلىپ بېرىلدى . ئۇ باغدادتا زىندانغا تاشلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆلتۈرۈلدى .

سافغار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئامۇر يوقىتىلغاندىن كېيىن ئىسمائىل سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى خۇراسانغىچە كېڭەيتىپ ، بۇ رايوننى ئۆزىنىڭ زېمىنى قىلىۋالدى . كېيىن يەنە شىرىستاننىمۇ قوشۇۋالدى . خەلىپە ئىسمائىلنى ماۋرائۇننەھر ، خۇراسان - تۈركىستان ۋە ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان باشبۇغ قىلىپ تەيىنلىدى . سامانىيلار خاندانلىقى خۇراسانغا ئەۋەتكەن ئەمەلدار ، دۆلەتنىڭ بىرىنچى ھەربىي ئەمەلدارى بولۇپ تونۇلدى . بۇ ئەمەلدار نىشاپۇردا تۇرۇپ ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ بارلىق زېمىنىنى باشقۇردى . سافغار خاندانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يەنىلا شىرىستاننىڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ سامانىيلار خاندانلىقىغا بېقىندى ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلدى .

مىلادى 903 - يىلى ، ئىسمائىل ئاخىرقى قېتىم شىمال تەرەپتىكى تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ، ھازىرقى ھەزرەت . تۈركىستان دېگەن جايغا يېقىنلاپ باردى ۋە نۇرغۇن ئولجا بىلەن بۇخاراغا قايتىپ كەتتى .

بىر قاتار ئۇرۇش ۋە زېمىن كېڭەيتىش ئارقىلىق سامانىيلار خاندانلىقى ئاخىر بىر قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىگە ئايلاندى . ئۇنىڭ زېمىنى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى باغرىدىن سۇلايمان تېغىغىچە ، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتىن پارس قولتۇقىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى . بۇخارا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ پايتەختى ۋە سىياسىي ، مەدەنىيەت

مەركىزىگە ئايلاندى.

ئەمما، سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئۆزىدىن ناھايىتىمۇ يىراق يەرلەردىكى بەزى رايونلىرىنى باشقۇرۇپ كېتىشكە چامىسى يەتمەيتتى. ئۇ يەرلەردە يەرلىك خاندانلىق ياكى يەرلىك ھۆكۈمرانلار يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇنداق رايونلاردىن بەلخ (ئەبۇ داۋۇد خاندانلىقى)، شىرىستان (سافغار خاندانلىقىنىڭ خان ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا)، گۇزان (فارىغۇن خاندانلىقى)، غەزنىۋى (بۇ يەردىمۇ بىر يەرلىك خاندانلىق بار ئىدى)، بۇست (تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىدا)، كورجىستان (بۇ مۇرغاب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاغلىق رايون)، خارەزىم، ئىسپىجاپ شەھىرى، شىغاننا، قۇت قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ چەت - ياقا رايونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئاتاقتا سامانىيلار خاندانلىقىغا ئىتائەت قىلسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆز ئالدىغا پادىشاھ بولۇپ، «قىر ۋالىيلىرى» دەپ ئاتىلاتتى. مەقدىزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار سامانىيلار خاندانلىقىغا «پەقەت تارتۇق تەقدىم قىلاتتى، ئولپان تاپشۇرمايتتى.» يەنە بەزى جايلار مەسىلەن، ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالى ھەتتا كابۇل دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاھالىلەر تېخى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغانىدى. ۋاخان، شىغنان ھەم يېقىن ئەتراپتىكى رايونلار X ئەسىردە يەنىلا يات دىندىكىلەر ئولتۇراقلاشقان جايلار ئىدى. بۇ رايونلار سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەڭ چەت زېمىنى دەپ ئاتالدى.

ئىسمائىل ئاساسلىق كۈچىنى ئىچكى ئىشلارغا قاراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاساسلىقى، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت تىكلەپ، ئىنتايىن مۇكەممەل بولغان بىر قاتار دۆلەت ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى ئورنىتىش؛ كۈچلۈك قوشۇن ۋە ئوردا ياساۋۇللىرىنى تەشكىللەپ خەلق ھەرىكەتلىرى ۋە يات دىندىكىلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلىرىدە كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىز باسارلىرىمۇ ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىختىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت گۈللەنگەن بىر دەۋرنى بېسىپ ئۆتتى.

ئىسمائىل بىر دۆلەتتە پەقەت بىر يۇرۇش قاتتىق ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرى بولغاندىلا، ئاندىن ھاكىمىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەرەب خەلىپىلىكىدىن مۇستەقىل تۇرۇش ئورنىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. بىراق خەلىپىنىڭ كۆڭلىدە سامانىيلار پادىشاھى پەقەت ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەمىرى ياكى بولمىسا بىر باجگىر بەگدىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. ئەمەلىيەتتە بولسا سامانىيلار پادىشاھلىرى پۈتۈنلەي مۇستەقىل پادىشاھ ئىدى. پارس تارىخچىلىرى ھەتتا سامانىيلار پادىشاھىنى خەلىپىنى تەرىپلىگەندەك «ئېتىقادچى رەھبەر» دەپ ئاتىدى.

سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى ئوردا ( dargah دەرگاھ ) ۋە باش دىۋان ھەر قايسى بۆلۈملىرى دەپ ئايرىلدى. ئالدىنقىسى مەخسۇس ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. كېيىنكىسى دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىكى مەمۇرىي ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. بىراق ئوردا خادىملىرى دىۋاننىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالاتتى. نارشاھىنىڭ ئېيتىشىچە، باش دىۋاندا ئون بۆلۈم بار بولۇپ، ئۇلار: 1. ۋەزىرى دىۋان، ئۇ ۋەزىر بىلەن باراۋەر ئورۇندا بولۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. باشقا دىۋانلار ئۇنىڭغا بويسۇناتتى. 2. مۇستەفى، ئۇ دۆلەت خەزىنىسىگە مەسئۇل بولۇپ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. 3. ھامىدۇل مۇلۇك، ئاساسەن ئىنتايىن مۇھىم بولغان دۆلەت خەت ـ ئالاقىلىرىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. 4. ساھىبۇل. شۇرات، پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى بىلەن قوشۇنغا تەمىنات تارقىتىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. 5. ساھىبۇل بارىد، يەنى پوچتا ئەمەلدارى بولۇپ، دۆلەتنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرىنى ئەۋەتىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوردىغا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. مەزكۇر بۆلۈم تۇرغۇزۇلغان جايدىكى خادىملارنى شۇ يەردىكى يەرلىك ئەمەلدارلار باشقۇرمايتتى. بەلكى ئۇلار بىۋاستە مەركەزگە قاراشلىق ئىدى. ئۇلار ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ ئاخبارات خادىملىرى ئىدى. 6. مۇشرىف، دۆلەتنىڭ كىرىم ـ چىقىم

ئىشلىرىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. 7. پادىشاھنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىنى باشقۇرىدىغان بۆلۈم. 8. مۇھتەسىب، بازارلارنى باشقۇراتتى. دېھقان، قول ھۈنەرۋەنلەر ساتقان مەھسۇلاتلارنى نازارەت قىلىپ، باھا بەلگىلەپ بېرەتتى، ئاھالىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى نازارەت قىلاتتى. مۇھتەسىب يوق بازار بولمايتتى. 9. ۋەخپە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بۆلۈم. 10. قانۇنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بۆلۈم، ئۇنىڭ رەھبىرى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق قازىلىرى ئىدى.

بۇ يەردە، پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرىنى تەشكىل قىلىدىغان غۇلاملار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. ئالدىنقى بابتا ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە پەرغانىنىڭ چەت ـ ياقا جايلىرى قاتارلىق يەرلەردىن تۈركلەرنى سېتىۋېلىپ قۇل قىلغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەنىدۇق. خەلىپە مانا شۇ تۈرك قۇللاردىن ياساۋۇل تەشكىللىدى. ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىدە «تۈرك ئەسكەرلەر دىۋانى» نى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئورگان بولغان. بەزى تۈرك قۇللار خەلىپىنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ، ھەتتا سەركەردىلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن، ھەمدە دەرىجىسى ئۆسۈپ مۇھىم ھوقۇقلارنى تۇتقان. مەسىلەن، مىسىردىكى مامىلۇك خاندانلىقى مانا شۇنداق تۈرك قۇل تەرىپىدىن قۇرۇلغان ① سامانىيلار خاندانلىقىمۇ ئوخشاشلا تۈرك قۇللارنى ياساۋۇللۇققا ئېلىپ ئىشلەتتى. سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى نىزامۇلمۈلكنىڭ بايان قىلىشىچە، بىر تۈرك قۇل سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلسا غۇلام (ghulam) دەپ ئاتىلاتتى. تۇنجى يىلى ئاتباقار بولۇپ پىيادە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. قاتتىق جازا بىلەن تەھدىت سېلىنغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئات مىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ

① مامىلۇك «مۈلكى قۇل» (ئىگىلىۋېلىنغان قۇل) دېگەن مەنىدە. خەلىپە ھارۇن دەۋرىدە تۈرك ئەسكەرلىرىگە باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىنىپ غەربتە تۇرغۇزۇلغان. ئۇ ھەر يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆپلىگەن تۈرك قۇللارنى تۇشۇپ ئۇلارنى لەشكەرلىككە ۋە پادىشاھنى قوغدىغۇچى قوشۇنغا ئەسكەرلىككە ئالغان. بۇ تۈرك قۇللار خەلىپىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، كېيىن ئەرەبلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن.

سىدام ( بۇخاراغا يېقىن بىر كەنتنىڭ نامىدىن كەلگەن رەخت نامى ) رەختتىن تىكىلگەن كىيىم كىيەتتى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ بىر ئات ۋە ئاددىي ئېگەر ـ جابدۇققا ئىگە بولاتتى. ئۈچىنچى يىلى ئۇ بىر دانە ئالاھىدە كەمەرگە ئېرىشەتتى. بەشىنچى يىلى ئۇنىڭغا بىر دانە ئېسىل ئېگەر، نوختا، كىيىم ـ كېچەك ۋە بىر تال گۈرزە بېرىلەتتى. ئالتىنچى يىلى ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ كىيىمى بېرىلەتتى. يەتتىنچى يىلى يەنە ئوشاق باشى (يەنى چېدىر باشى دەپ ئاتىلىدۇ ) لىق ئەملى بېرىلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئەملى ئۆسۈپ ھايىل باشى ( ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى ) ۋە ھاجىپ بولاتتى. چوڭ ھاجىپ ( ئاساسلىق ھاجىپ ) ياكى ھاجىپلارنىڭ ئوردىدىكى بارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئاساسلىق دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئىسمائىل سامانىيلار خاندانلىقىدا مانا شۇنداق تۈرك قۇللاردىن تەشكىللەنگەن ياساۋۇللارنى ئىشقا قويۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى.

ئىسمائىل ئوردا ياساۋۇللىرىنى تەشكىللەشكە ئېتىبار بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە قۇدرەتلىك بىر قوشۇن قۇرۇشقىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ ئۆز دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىشتا سېپىلغا ئەمەس، بەلكى ھەربىي قوشۇنغا تايىناتتى. ئۇنىڭ « مەن بۇخارانىڭ سېپىلى بولىمەن » دېگىنىنىڭ مەنىسىمۇ ئۇنىڭ كۈچلۈك قوشۇنغا قارىتىلغانىدى. شۇڭا، ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىرى تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ھېچقايسىسى سامانىيلار دۆلىتىگە تەھدىت سالالمىغاچقا، ئۇلار دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، تۈرك قۇللار يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە بەزىلىرى ھەربىي باش قوماندان ( سەركەردە ) لىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تەيىنلەندى، يەنە بەزىلىرى يەرلىك ھۆكۈمرانلىق ئەمەلنى ئۈستىگە ئالدى. لېكىن مۇھىم ۋەزىپىلەرگە ۋە يەرلىك سەردارلىققا قويۇلغانلار يەنىلا يەرلىك مىللەتتىن بولغان ئاقسۆڭەكلەر ئىدى.

سامانىيلار خاندانلىقى دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى كۆ-

چەيتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر يەنىلا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. ئىسمائىلنىڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىشى ئاساسلىقى، ئۇنىڭ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قوللىشىغا تايانغانلىقىدىن بولدى. ئوتتۇر ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىدىيىسى، مەدەنىيىتى ئەرەبلەر بېسىۋالغان 250 يىل جەريانىدا تېخى يوقالمىغانىدى. يەرلىك مىللەتلەر ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان يەرلىك خاندانلىقنىڭ ھەمدە قەدىمكى پارس مەدەنىيىتىنى قايتا گۈللەندۈرىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىسمائىل مانا شۇ تەلەپلەرگە ئۇيغۇن ھالدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. تۆت يىلنى تىنىچ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يەنى ھىجرىيە 295 ـ يىلى (مىلادى 907 ـ يىلى) سەپەر ئېيىنىڭ بىر سەيشەنبە كۈنى كېچىدە ئۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ يىلى ئۇ 61 ياش بولۇپ 34 يىل تەختتە ئولتۇرغانىدى. (بۇ مەزگىلدىكى بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ ئىنىسى ناسىر ۋاكالىتەن بۇخارانى باشقۇردى).

ئىسمائىلنىڭ ئوغلى ئەھمەد (907 ـــ 914) ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولدى. ئەھمەد دۆلەت ئورگانلىرىدا ئەرەب تىلىنى ئىشلىتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، ئەرەب تىلىنى بىلىدىغان تۆرىلەرنى قانات ئاستىغا ئالدى. بۇ خىل سىياسەت ئوردىدىكى گۇرۇھلار ۋە تۈرك ياساۋۇللارنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە ئۇ 913 ـ يىلى قىشتا سىر دەرياسى بويىغا ئوۋغا چىققاندا، قول ئاستىدىكى بىر توپ غۇلاملار تەرىپىدىن 914 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ 24 ـ كۈنى كېچىدە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ئالتە يىل، تۆت ئاي، يەتتە كۈن تەختتە ئولتۇردى. بۇ ۋەقەمۇ بىزگە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ قېنى قىزىق مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەھمەد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ خانلىقىغا ئۇنىڭ ئوغلى ناسىر II (914 ـــ 943) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ خان تەختكە ئولتۇرغان چاغدا ئەمدىلا سەككىز ياش بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى ۋەزىر جاھانىنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ دەۋردە سامانىيلار

خانداندلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ قارشىلىق كۆرسە-
تىش ھەرىكەتلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى.
ناسىر II گە قارشىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكىتى دەسلەپ مىلادى
914 ـ يىلى سەمەرقەنتتە يۈز بەردى. بۇ ھەرىكەتنىڭ باشلامچىسى ئىسما-
ئىلنىڭ ئىنىسى (يەنى ناسىر II نىڭ تاغىسى) ئىسھاق ئىدى. ئۇنىڭ
مەقسىتى خانلىق ئورنىغا ئۆزى ئولتۇرۇش ئىدى. بىراق ئۇ جەڭدە مەغلۇپ
بولۇپ ئەسىر ئېلىندى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي قەتلى قىلىندى. ئىسھاقنىڭ
ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئىلياس پەرغانىگە قېچىپ كەتتى، يەنە
بىرى مەنسۇر نىشاپۇرغا قاچتى. ئىككىيلەن دۆلەتنىڭ شەرق ۋە جەنۇبىدا
تۇرۇپ يەنىلا ئۈزلۈكسىز قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇردى.
بۇ قارشىلىقلارنىڭ ھەممىسىلا دائىم خاندىن نارازى بولغان بىر
قىسىم كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى. خەلقنىڭ كۈرىشى يەنىلا
داۋاملىق ئىسلام دىنىدىكى بىدئەتچى گۇرۇھلار بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.
بۇ چاغدا خوراسان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا باش كۆتۈرگەن بىدئەتچىلەر
قارامىتنىڭ مۇرىتلىرى ئىدى. بۇ مەزھەپنىڭ نامى ئىراقتىكى شىئە مەزھە-
پىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى ھامۇدىن قارامىتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، ئۇ
دېھقان، قول ھۈنەرۋەنچىلەرنىڭ فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇشى ۋە يەرلىك
ئاھالىنىڭ ئەرەبلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ئۇنىڭ
دىنىي ئەقىدىسىگە ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى مازدا دىنىنىڭ ئىدىيىسى
سىڭگەن بولۇپ، ئۇ باراۋەرلىكنى تەرغىب قىلاتتى، ئۆزىگە ئىراننىڭ
مىللىي ئالاھىدىلىكىنى سىڭدۈرگەچكە، ئېزىلگەن دېھقانلار ئارىسىدا كەڭ
تارقالدى. لېكىن ئاتاباسىيلار خاندانلىقىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان
قارامىت مۇرىتلىرىنىڭ ماۋرا ئۇننەھرگە بېرىپ ھەرىكەت قىلىشى، ساما-
نىيلار خاندانلىقىنىڭ كۆپلىگەن تۆرىلىرى، ھەتتا ناسىر II نىمۇ
ئۆزلىرىنىڭ مۇرىتىغا ئايلاندۇردى. بۇ ئەنئەنىچى دىندار يۇقىرى قاتلام
كىشىلىرى ۋە تۈرك ياساۋۇللار ئاقساقىلىنىڭ نارازىلىقىنى پەيدا قىلدى.
نەتىجىدە ئۇلار پادىشاھ ۋە بىدئەتچى ئۇنسۇرلارغا قارشى تۇرۇش پىلانىنى
تۈزدى.

ئۇلار: چوڭ ھاجىپ ناسىر II گە يات دىندىكى تۈركلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەرگەچكە، سامانىيلار خاندانلىقى بارلىق سەركەردىلەرنى كەچلىك زىياپەتكە چاقىرغان ۋاقىتتا سەركەردىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋېلىپ، سامانىيلار پادىشاھىنى مەنسىپىدىن قالدۇرۇپ قارمىتنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلىدى. بۇ سۇيىقەست ناسىر II نىڭ ئوغلى نوھ تەرىپىدىن سېزىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن سۇيىقەستنىڭ ئاساسىي جىنايەتچىنى ئالداپ كاللىسىنى ئالدى. ئاندىن كەچلىك زىياپەتكە قاتنىشىپ جىنايەتچىنىڭ كاللىسىنى ئۇلارغا كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناسىر II تەختنى ئوغلى نوھقا ئۆتۈنگەنلىكىنى جاكارلىدى. غۇلاملارنىڭ سەركەردىلىرى بۇنىڭغا ھېچنېمە دېيەلمىدى. بۇ ئىش مىلادى 942 ـ يىلى يۈز بەردى.

كېيىن يېڭىدىن تەختكە چىققان نوھ (943 ـ 954 ـ يىللار) مۇشىئە مەزھىپىدىكى (كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا قارامىت مەزھىپى) بىدئەتچىلەر ئېقىمىغا قارشى تۇردى. ئاتىسىنى قاماپ قويۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى بىدئەتچىلەر گۇرۇھىنى يوقىتىشنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن شىئە مەزھىپىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈش باشلىنىپ كەتتى. كېيىن بۇ مەزھەپ ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا پەقەت ئاستىرتتىنلا ھەرىكەت قىلالايدىغان بولۇپ قالدى.

يۇقىرىدىكى ۋەقەلەر غۇلاملار ۋە ئۇلارنىڭ سەركەردىسىنىڭ سامانىيلار خاندانلىقىدا زور تەسىر كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نوھ تەختتە ئولتۇرغان دەۋردىن باشلاپ سامانىيلار خاندانلىقى زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى، X ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاخىر تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

## 5- بۆلۈم سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى

سامانىيلار خاندانلىقى (874 ـ 999 ـ يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر مۇسۇلمان خاندانلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ

بىر قىسمى ھېسابلىناتتى . ئۇنىڭ تارىخى جۇڭگونىڭ خەنزۇچە يازما يا-
دىكارلىقلىرىدا خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇ خاندانلىق بىلەن
جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئىدى . بۇ ھەقتىكى بايانلار ئا-
ساسەن ئەرەب ، پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ .

مىلادى IX — X ئەسىرلەردە شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا
تىكلەنگەن خاندانلىقلار ئىچىدە پەقەت سامانىيلار خاندانلىقىلا جۇڭگونىڭ
غەربىي شىمالىي چېگرا رايونلىرى ( ھازىرقى شىنجاڭ رايونى ) بىلەن
قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان . شۇڭا ئۇنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋىتى دەسلەپىدە جۇڭگونىڭ غەربىي - شىمال رايونلىرى بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ، خالاس . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن بۇ
دەۋردىكى ھازىرقى شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا ياشىغان مىللەتلەر ۋە
ئۇلارنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا
كېلىدۇ .

مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن موڭغۇلىيە ، ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى . بىر تەرەپتىن ، ئەرەبلەر
ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، جەنۇبتا تۇ-
بۇتلەر باش كۆتۈردى . ئەسلىدە يەتتىسۇ رايونىدا ئولتۇراقلاشقان غەربىي
تۈركلەرنىڭ تۈركەش قەبىلىسى ئاللىقاچان زاۋاللىققا يۈزلىنىپ ، ئۇلارنىڭ
زېمىنى كېيىن (756 - 758 - يىللىرى ) غەربكە كۆچكەن قارلۇقلار تەرى-
پىدىن ئىگىلىۋېلىندى . تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتقا قاراپ كېڭىيىپ خېشى ،
لۇڭشى قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلدى . 787 - يىلى يەنە شىئەن ، بېش-
بالىققا ھۇجۇم قىلىپ قارلۇقلار بىلەن بىرلەشتى . ئەينى چاغدا قۇملۇقنىڭ
شىمالىدا دەۋر سۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر خاندانلىقى بۇ ئىككى كۈچلۈك مىللەت
بىلەن ئون نەچچە يىل جەڭ قىلدى ھەمدە « جەنۇبتا تۇبۇتلەرنى تارمار
قىلىپ ، شىمالدا قارلۇقلارنى بويسۇندۇردى ، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى
پامىرنىڭ غەربىگىچە يېتىپ باردى . » ( ۋاڭ گوۋېي « گۇەنتاڭ
توپلىمى » 20 - جىلد ) بىراق مىلادى IX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەل-
گەندە ئۇيغۇر خاندانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ ، قەبىلىلىرى تارقىلىپ كەتتى . تاڭ

سۇلالىسى بىلەن تۈبۈتلەرمۇ ئاجىزلاپ، ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا تۈركىي تىلدىكى قەبىلىلەر دەۋر سۈرىدىغان، بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئىنتايىن ئاز خاتىرە قالدۇرۇلغان. X ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا ئائىت «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق پارسچە جۇغراپىيىلىك ئەسەردە بۇ ھەقتە بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات قالدۇرۇلغان. مەزكۇر كىتاب ۋە باشقا ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى ھەمدە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرغىلى بولىدۇ.

قارلۇقلار: بۇ قەبىلە سامانىيلار خاندانلىقى زېمىنىغا ناھايىتى يېقىن جايلاشقان، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن رايونلىرى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بىردەك «ئون قەبىلە خاقانىنىڭ يېرى» دەپ ئاتالغان. كونكرېت ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ زېمىنى چۇ دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلغان، غەربىي شىمال تەرەپتە قۇلان (Kulan) مېركى، ئىسسىقكۆلگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، جەنۇبتا مۇشۇ كۆلگە يېقىن بولغان بارغۇن دېگەن جايغىچە ئىدى. تەسىرى كۈچى قەشقەرگىچە كېڭەيگەن. (ۋىلىيام. سامورىن «X X ئەسىردىن ئىلگىرىكى شەرقىي تۈركىستان» ئىنگلىزچە 69-بەت. پىرستاكنىڭ سۆزىدىن ئېلىنغان نەقىل) X ئەسىردىكى ئەرەب جۇغراپىيە ئالىمى ئىبنى خاككارنىڭ ئېيتىشىچە، قارلۇقلارنىڭ زېمىنى بۇنىڭدىنمۇ كەڭرى ئىدى. ئۇ قارلۇقلارنىڭ دائىرىسىدىكى پەرغانىنىڭ چېگرىسىدىن 30 كۈن ماڭغاندا ئۇنىڭ شەرقىي چېتىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، دېگەن. تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا قارلۇقلارنىڭ مەدەنىيىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئۇ يەردە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە ئوۋچىلىق قاتارلىقلار ئۆزگىچە گۈللەنگەن. يەنە قاتناش يوللىرى راۋان بولۇپ، سودا ئىشلىرىمۇ يۈكسەلگەنىدى.

ئۇيغۇرلار: ئەرەبچە ۋە پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا 840-يىلىدىن كېيىن غەربكە كۆچۈپ تەڭرىتېغىنىڭ ئەتراپىغا كەلگەن ئۇي-

غۇرلار ئادەتتە توققۇز ئوغۇزلار دەپ ئاتالغان. «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق كىتابتا تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلار، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ياكى كۇسەن ئۇيغۇرلىرىغا قارىتىلغان. ئۇنىڭ زېمىنى ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان، غەربتە كۇچا، شەرقتە قۇمۇل، غەربىي شىمالدا ئىلى، شىمالدا ئېرتىش دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جايدا توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) لاردىن باشقا يەنە قىرغىز، قارلۇق، سوغدى قاتارلىق مىللەتلەرمۇ بار. مەزكۇر كىتابتا يەنە «تاتارلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر خىلى» دېيىلگەن. بۇ «ۋاڭ يەندېنىڭ قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە يېزىلغىنى بىلەن ئوخشاش. ۋاڭ يەندى مۇنداق دېگەن: «جەنۇبىي تۈرك، شىمالىي تۈرك، چوڭ چىگىل، كىچىك چىگىل، چوڭ چىگىل قەبىلىسى، كىچىك چىگىل قەبىلىسى، ياغما، قىرغىز، مۇسۇلمان، گېدو، ئۇرۇم (گېدو، ئۇرۇم ھەر ئىككىسى قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىدە ياشىغان قەبىلە نامى — ت) قاتارلىق ناھايىتى كۆپ قەبىلىلەر، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىلىرىنى باقىدىغان توققۇز تاتارلار بار.» بۇنىڭدىن باشقا «ھۇدۇدۇلئالەم» دە يەنە قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان جايلاردا ۋە ئاستىن ئاتۇشتىمۇ توققۇز ئوغۇزلار بار، دېيىلگەن.

ياغما قەبىلىسى: بۇ قەبىلە «ۋاڭ يەندېنىڭ قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە «ئۇلارنىڭ پادىشاھى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى بىر ئۇرۇقتىن» دېيىلگەن. ياغمىلار ھەقىقەتەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قەبىلىسى. يەنە بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئۇلار ئاساسەن ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدىن قەشقەرگىچە بولغان ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلارغا تارقالغان. يۇقىرىقى كىتابتا ياغمىلارنىڭ زېمىنىدىكى ئۈچ شەھەرلا كۆرسىتىلگەن. قەشقەر ئۇنىڭ ئەڭ چەتتىكى بىر شەھىرى ئىدى. ئاتۇش بولسا چۇشۇپ قالغان. ياغما قەبىلىسىنىڭ زېمىنى نارىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمال چېتىگىچە تۇتىشاتتى. ئۇ يەرلەردە ياغما، قارلۇق ۋە توققۇز ئوغۇزلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانىدى.

ياغما قەبىلىسىنىڭ مەدەنىيىتى بىرقەدەر قالاق بولۇپ، دېھقانچىلىقى ئاز ئىدى.

چىگىل قەبىلىسى: خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇلار ئەسلىدە قارلۇقلارنىڭ ئۈچ ئۇرۇقىنىڭ بىرى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇ يەردە دەشتى تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان دېيىلگەن. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە: ئۇلار ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىي شىمالىدا ياشايدۇ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئۇلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئەھۋال ئەلۋەتتە. بۇ قەبىلە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايتتى. مىسارنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە چىگىل قەبىلىسىدە خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرىنىڭ كۆپلۈكى تىلغا ئېلىنغان. گەردىزى «ئىسسىقكۆلنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممىلا يەرلەر چىگىللارنىڭ» دەيدۇ. بۇ چىگىل، قارلۇق، ياغما، توققۇز ئوغۇز قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقان يەرلىرىنىڭ ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى.

تۇركەش قەبىلىسى: «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ مۇئەللىپى بۇ قەبىلىنىڭ نامىنى تۇكش (Tukhs) دەپ يازغان، تەتقىقاتچىلار تۇكشلارنى تۈركەش قەبىلىسىدىن قېپقالغان قوۋم دەپ قارايدۇ. مەزكۇر كىتابتا ئۇلارنىڭ ياشىغان جايى تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان، ئۇلار ئاساسەن چۇ دەرياسى ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىن ئىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردا يەنى ھازىرقى ئالما ئاتانىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە ياشىغان. تۈركەش رايونلىرىدىمۇ سوغدىلار ئولتۇراقلاشقان كەنتلەر بولغان.

قىرغىز قەبىلىسى: «ھۇدۇدۇلئالەم» دە قىرغىزلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالى ۋە ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان دېيىلگەن. بۇ بەلكىم ئاز ساندىكى قىرغىزلار بولۇشى، بۇ قەبىلىنىڭ پۈتكۈل ئادەملىرى بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، تاكى چىڭگىزخان دەۋرىگىچە قىرغىزلار ئاساسەن يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن.

«ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق كىتابنىڭ تەرجىمانى مىنوردىسكى بۇ

كىتابىنىڭ 12 ـ بابىدىن 17 ـ بابىغىچە بولغان قىسمىدا سۆزلەنگەن توققۇز ئوغۇزلار ۋە تاتار، ياغما، قىرغىز، قارلۇق، چىگىل، تۈركەش قاتارلىق قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ شەرقىي جەنۇبىي تۈركلەر دەپ ئاتىغان. 18 ـ بابتىن 22 ـ بابقىچە بولغان قىسمىدا سۆزلەنگەن قىماق، غۇز، پەچەنەك، قىپچاق، ماجار قاتارلىق قەبىلىلەرنى بولسا غەربىي شىمال تۈركلىرى دەپ ئاتىغان. بۇلار ئۈستىدە كېيىنكى بابلىرىمىزنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدا يەنە توختىلىمىز.

« ھۇدۇدۇلئالەم » ناملىق كىتابتا تۈركىي قەبىلىلەر توغرىسىدا سۆزلىنىشىلا قالماي، يەنە تۈبۈتلەرمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئەمما ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللار ئاساسەن مىلادى 838 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى تۈبۈتلەرنىڭ كۈچەيگەن دەۋرىگە ئائىت. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ خېشى كارىدورى رايونىدا قۇرغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدە بايانلار يوق. ئەمەلىيەتتە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۇ چاغدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىدا ئاساسلىق ھۆكۈمرانلىقنى تىكلىگەن بولۇپ، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيتتى.

سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈرك چارۋىچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خەنزۇ خاندانلىقلىرى بىلەن شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ( مەسىلەن، خەنزۇلار بىلەن ھونلارنىڭ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ) بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. بۇلار ئوتتۇرىسىدا تىنىچ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلار ھەمدە بەزى تىركىشىشلەرمۇ بولۇپ تۇراتتى. تۈرك چارۋىچىلار سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. بۇ خاندانلىق بۇخارا، سۇترىشانا قاتارلىق يايلاققا يېقىن جايلارغا سېپىل سوقۇپ ئۆزىنى قوغداشقا مەجبۇر قىلدى. شۇڭا چارۋىچىلار ئەزەلدىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، سامانىيلار خانلىرى، ھەتتا ئەرەب خەلىپىلىكىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقلاردىكى

چارۋىچىلارغا ھۇجۇم قىلالمايتتى. بۇنداق ھۇجۇملار تۈرك چارۋىچىلارنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىشىنى توختىتىش ھەمدە ئۇرۇشتا كۆپلەپ ئولجا يىغىۋېلىش مەقسىتىدە « غازات » نامىدا ئېلىپ بېرىلغاندى. بارلىق مۇسۇلمانلار ياكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىلا « غازات » ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى تارقىتىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى.

ئەلۋەتتە، ئىسلام دىنىنى ئۇرۇش ئارقىلىق تارقىتىش ئۇسۇلىدىن باشقا، يەنە تىنچلىق يولى بىلەن تارقىتىش يەنى مۇسۇلمان سودىگەرلەر سودا ــ سېتىق جەريانىدا دىن تارقىتىش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان. جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى دەل سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ بۇ جەھەتتە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

« ھۇدۇدۇلئالەم » دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغان تۈركىي قەبىلەلەرنىڭ ھەممىسى تېخى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغاندى. كىتابتا مەلۇم جايدا « خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى، زەردەشت دىنى مۇرىتلىرى ۋە دىنسىزلار ( كاپىرلار) تۇرىدۇ »، تۈركلەر تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ھەمدە مەلۇم قەبىلىلەر مۇسۇلمانلار دۆلىتى بىلەن يەنى سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ دېگەندەك بايانلار كۆپ ئۇچرايدۇ. پەقەت مىلادى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈرك قەبىلىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان.

مىلادى XI ئەسىردە تۈركلەر ماۋرا ئۇننەھرنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن تىركىشىشكە باشلىدى. تۈرك ئاتامانى بىلگە كۆل قادىرخان سامانىيلار پادىشاھى نوھ بىلەن جەڭ قىلدى. سامانىيلار خاندانلىقى چېگرىسىدىكى ھەربىي ھەرىكەت ۋە سودا ئالاقىلىرى تۈركلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا مۇھىم سەۋەب بولدى. بۇ خىل دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى دەرۋىش، بەزىلىرى سودىگەرلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئوبۇلقاسىم مۇھەممەد كىرمات ئىدى. ئەرەب تارىخچىسى سامۇئانىنىڭ قەيت قىلىشىچە، ئۇ نىشاپۇرلۇق كىشى بولۇپ، تۈركلەر ئارىسىدا دىن تارقىتىش ئۈچۈن شۇ يەردە تۇرۇپ

قىلىپ، كېيىن يەنى 961 ـ يىلى تۈرك ئوردىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.
مىلادى X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يەنە سامانىيلار شاھزادىسىنىڭ تۈركلەر تەرەپكە قېچىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ شاھزادە سامانىي پادىشاھى نوھنىڭ ئوغلى ناسىر بولۇشى مۇمكىن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ناسىر تۈرك ئاتامانى ئوغۇلچاق قادىرنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپلا ئۆزىنى ئۆتمەي ئاتۇشتا ۋەزىپە ئۆتەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇ ئاتۇشتا مەسچىت سېلىشقا پۇل قويغان. ئوغۇلچاق قادىر جىيەنى ئوغلى سۇتۇق بىلەن كارۋانلار ئېلىپ كەلگەن ماللارنى كۆرگىلى دائىم بېرىپ تۇراتتى. ئۇ مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلىنىپ، ناسىر شاھزادىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىسلام دىنىغا ئائىت ئىلىملەرنى ئۆگىنىمەكچى بولغان. ئۇ يەنە «قۇرئان كەرىم» نى پىششىق ئۆگىنىپ ئاخىر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۇنجى خاقان بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئۇبۇل ھەسەن سەئىد ئەبۇ خەدىم ئەل ئۇسبانىنىكت ئىسىملىك ئىسلام دىنى ۋەكىلى بار بولۇپ، ئۇلارمۇ مىلادى 990 ـ يىلى «تۈركلەر رايونىغا بېرىپ» دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان.
مۇسۇلمان تارىخچى ئىبىن ئەلى ھاشىر ھىجرىيە 349 ـ يىلى (مىلادى 960 ـ يىلى) 20 تۈمەن تۈتۈن تۈركلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بۇ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇلار كېيىن بىر مۇسۇلمان خاندانلىقىنى يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى يەنىلا بۇددا دىنى دۆلىتى ئىدى.
سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدىكى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش، سودا ـ سېتىق ۋە دىن تارقىتىش ئىشلىرى يۈز بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزئارا ساياھەتكە بېرىش ۋە ئەلچى ئەۋەتىش قاتارلىق بېرىپ ـ كېلىشلەرمۇ بولۇپ تۇراتتى. مەسىلەن، مىلادى XI ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى زۇبەيرى «دۇردانىلەر» ناملىق ئەسىرىدە بىر جۇڭگو ئەلچىسىنىڭ سامانىيلار خاندانلىقىغا بارغان

لىقى ھەققىدىكى ۋەقەلىكنى بايان قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
سامانىيلار خاندانلىقىدا نىشاپۇرلۇق بىر كىشى بولۇپ، ئۇ بىدئەتچىلەر تە-
رەپدارى ئىكەن، شۇڭا ئۇ دىنغا قارشى تۇرغان دەپ ئەيىبلىنىپ زىندانغا
تاشلانغان. ئۇ كىشى پۇرسەت تېپىپ جۇڭگوغا قېچىپ بېرىپ، پادىشاھقا
غەربتىكى مۇسۇلمان دۆلىتى بەك ئاجىز، پەقەت ئازغىنا قوشۇن ئەۋەتىپلا
ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ، ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولىدىغان-
لىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. جۇڭگو پادىشاھى ئۇنىڭغا بەك ئىشىنىپ
كەتكەن ۋە كېيىن يەنى ھىجرىيە 327 - يىلى ( مىلادى 939 - يىلى )
ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ماۋرا ئۇننەھرگە ئەۋەتىدۇ. بۇ ئۆمەك تۆت نەپەر
مەشھۇر زاتنىڭ باشچىلىقىدا تەشكىللەنگەن بولۇپ، 40 نەپەر ئاتلىق مۇ-
ھاپىزەتچىلەر ئۇلارنى قوغداپ ماڭغان. ئۇلار سامانىيلار پادىشاھى ناسىر
II (مىلادى 914 — 943 - يىللار) گە جۇڭگو پادىشاھىنىڭ مەكتۇپىنى
بېرىدۇ ھەمدە سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ جۇڭگو پادىشاھىغا ئۆتكەن 27
يىللىق تاپشۇرۇلمىغان ئولپانىنى تاپشۇرۇشنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جۇڭگو
پادىشاھىغا ئىتائەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر سامانىيلار پادىشاھى
يۇقىرىقى تەلەپلەرنى رەت قىلسا جۇڭگو پادىشاھى لەشكەر چىقىرىپ جازا
يۈرۈشى قىلىپ كېلەتتى. جۇڭگو ئەلچىلىرى ئاۋۋال پەرغانىگە كېلىدۇ.
بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى مالىك ناسىرغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ ئەلچىلەرنىڭ
كەلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىش مەقسىتىنى خەۋەر قىلىدۇ. سامانىيلار
پادىشاھى جاۋاب خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئەلچىلەرنى ئىززەت - ئىكرام بى-
لەن كۈتۈۋېلىشنى، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ھەمدە
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۆت ۋەزىرگە بىردىن قۇل مۇلازىمنى خىزمەتكە قو-
يۇشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سامانىيلار پادىشاھى يەنە پەرغانە،
سۇترۇشانا، فاراب، ئىسپىجاپ، تاشكەنت ۋە سەمەرقەنت قاتارلىق
جايلارنىڭ ھەممىسىدىكى دائىمىي قوشۇن بىلەن پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ
يىغىلىپ پارات ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىنىشىنى، يەنە پەرغانىدىن بۇخاراغىچە
بولغان يول ئۈستىدىكى ھەرقايسى شەھەر - بازارلاردا چىراغ يېقىپ لېنتا
ئېسىپ كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. جۇڭگو

ئەلچىلىرى پايتەخت بۇخاراغا كەلگەندە بىرىنچىدىن، شەھەر شاد ـ خۇراملىققا چۆمگەن، يوللار گۈلدەستە تۇتقان كىشىلەر بىلەن تولغانىدى. ئىككىنچىدىن، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت قوراللار بىلەن جابدۇنغان سۈرلۈك قوشۇن ۋە مۇھاپىزەتچىلەر مۇراسىمغا ناھايىتى كۆپ قاتناشقانىدى. خاندانلىقنىڭ قوشۇنىدىكى سەركەردىلەردىن چېرىكلەرگىچە ھەممىسى قوراللانغان بولۇپ، بەھەيۋەت تۇرقى كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى. ئۇمۇمەن ئۇلار ئەلچىلەرگە كۈچلۈك ۋە باياشاتلىق تەسىرىنى بەردى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئەلچىلەر ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا پېتىنالماي قالدى. ئۇلار كاتتا كۈتۈۋېلىشتىن كېيىن كەلگەن يولى بىلەن دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى. ئەلچىلەرنىڭ ھەيران بولغىنى سامانىيلار خاندانلىقى تەۋەسىدە پەقەتلا مۇھاپىزەتچى ئېلىپ يۈرمىگەنلىكى بولدى. مۇئەللىپ ئاخىرىدا بۇ قېتىمقى ئەلچى ئەۋەتىش ئىشى ئاخىر جۇڭگو پادىشاھىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا سەۋەب بولدى دەيدۇ. ( بوسفۇرسىنىڭ «ئىران، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تارىخى» ناملىق ئەسىرى 22 ـ باب، (1977 ـ يىل لوندون نەشرى ).

ئۇنىڭدىن باشقا، مىلادى X ئەسىردىكى ئەرەب ساياھەتچىسى مىسار ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن جۇڭگو پادىشاھىنىڭ قۇدا بولۇشقانلىق ھەققىدىكى بىر ۋەقەنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىسار مىلادى 943 ـ يىلىدىن بۇرۇن بىر مەزگىل بۇخارادا سامانىيلار پادىشاھى ناسىر II نىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغانىكەن. بۇ چاغدا جۇڭگو پادىشاھى قارىن ئىبىن شاگىر ئەۋەتكەن بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى بۇخاراغا كېلىپ ئۇنىڭ مەلىكىسىنى ناسىر II نىڭ ئوغلى نوھقا ياتلىق قىلىپ بېرىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە سامانىيلار پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ناسىر II قىزىنى يات دىندىكىلەرنىڭ دۆلىتىگە ياتلىق قىلىشنى رەت قىلىدۇ، ئەمما جۇڭگو مەلىكىسىنى كېلىن قىلىشقا قوشۇلىدۇ. جۇڭگو ئەلچىلىرى مىلادى 941 ـ يىلى دۆلىتىگە قايتىپ كېلىدۇ. مىسار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەلچىلەر بىلەن بىللە جۇڭگوغا بارىدۇ. مىسار

ماۋرا ئۇننەھردىن ئايرىلىپ ، شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتۈپ شەندابرغا كېلىدۇ . ئۇ بۇ شەھەردە ( پايتەختتە ) بىر مەزگىل تۇرۇپ ئاندىن قايتىپ كېتىدۇ . ياتلىق قىلىنغان جۇڭگو مەلىكىسى ناسىر II ئالەمدىن ئۆتكەن ( 943 ـ يىلى ) دىن كېيىن بۇخاراغا كېلىپ تەختتە ئولتۇرغان نوھقا خوتۇن بولىدۇ .

يۇقىرىقى ئىككى ئىشنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى بىر ـ بىرىگە بەكمۇ يېقىن . بۇ خاتىرىدە يېزىلغان ئىككى ئىش بەلكىم بىر ئىش بولۇشى مۇمكىن . گېرمانىيە ئالىمى ماجات شەندابىر دېگەن جاينىڭ ھازىرقى گەنسۇدا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان . سېبن جۇڭمىيەننىڭ قارىشىچە ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان جۇڭگو ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ ، كونكرېت ئېيتقاندا ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى ، ئۇنىڭ پايتەختى شەندابىر ئالچى تېغىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى قارىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى «شاگىر » يەنى « سايىجى » ئىدى دەپ قارايدۇ . ( سېبن جۇڭمىيەن «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى ھەققىدە مۇھاكىمە » ئىككىنچى قىسىم ، « جۇڭگونىڭ قەدىمكى پايتەختى ۋە ئۇنىڭ سۇ كۆچىدىن پايدىلىنىشى توغرىسىدىكى خاتا قاراشلار » ناملىق ئەسىرى ) مايۇك بۇ جۇڭگو پادىشاھى ئۇدۇن ( خوتەن ) پادىشاھى ۋىسارا تەگىرىخان ، دەپ قارايدۇ . ( مايۇك « سامانىيلار خانىدانلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ بېرىش ـ كېلىشلىرى » جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسپىرانتلار ئىلمىي ژۇرنىلى « ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە » ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 5 ـ سانىغا بېسىلغان ) ئۇنىڭ سۆزى بىر قەدەر ئىشەنچلىك . ئەينى زاماندا مەيلى ئۇدۇن ( خوتەن ) پادىشاھى ياكى شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى تۈرك ئاتامانى بولسۇن ، ھەممىسىلا ئۆزىنى جۇڭگونىڭ پادىشاھى دەپ ئاتايتتى ھەمدە غەربتىكى مۇسۇلمان ئەللىرىمۇ ئۇلارنى جۇڭگو پادىشاھى دەپ بىلەتتى . بوسفورس : بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر ( مەسىلەن ، قارلۇقلار ) ئارىسىغا تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ، دەپ قارايدۇ . ناسىر II دەۋرىدە سامانىيلار خاندانلىقى قۇدرەت

تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ شۆھرىتى ھەتتا شەرقتىكى ئەللەرگىمۇ يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى مىللەتلەرنىڭ سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشى ۋە باشقا مۇئامىلىلەردە بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

## 6- بۆلۈم سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

سامانىيلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادا بەزىبىر ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن سامانىيلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى تولۇق 100 يىلغىچە چەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، جەمئىيەتتە بىر خىل تىنچ مۇھىت ھازىرلىنىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشلۈق ھالدا تەرەققىي قىلىپ باردى.

ئەرەب گېئوگرافلىرىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى پۈتكۈل مۇسۇلمان ئەللەر ئارىسىدا بىرقەدەر ئىلغار ئىدى. دېھقانچىلىق جەھەتتە، مەرۋى بوستانلىقى، زەرەپشان دەريا ۋادىسى ۋە قاشقا دەريا ۋادىسى، پەرغانە، تاشكەنت، خارەزىم قاتارلىق جايلار مۇھىم مەركەزلەردىن ئىدى. زىرائەتلەردىن ئارپا، بۇغداي، كېۋەز، پۇرچاق تۈرلىرى (كىچىك يېيىسى پۇرچاق ۋە كۆك پۇرچاق)، زىغىر، كەندىر، مېۋە - چېۋە (ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما، ئانار، ئەنجۈر، بېھى)، بېدە، قوغۇن قاتارلىقلار ئىنتايىن داڭلىق ئىدى. چارۋىچىلىق جەھەتتە، ئېسىل ئات، كالا، تۆگە ۋە قوي قاتارلىقلار چىقاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادا مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا سۇغىرىش ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىمۇ بۇ ساھەگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنگەن. سامانىيلار خاندانلىقى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ ئەتراپىغا قورۇق تام سالدۇرغان. بۇ خىل سېپىل بىر يۈرۈش مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇ-

جەسسەملىنىشى بولۇپ ، رابات ، كۆزىتىش مۇنارى ۋە قەلئەلەردىن تەركىب تاپقان ھەمدە سۇغىرىش ئۆستەڭلىرى ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىمۇ ئۆز دائىرىسىگە ئالغان بولۇپ ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلانغان . ئىسمائىل دەۋرىدە ، دۆلەت قۇدرەت تېپىپ ، قوشۇن كۈچىيىپ ، تىنچلىق تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان . بۇ خىل تىنچ مۇھىتتا دېھقانچىلىق ئىگىلىكىمۇ كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلغان .

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى جەھەتتە ، ئەينى ۋاقىتتىكى قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرلىرىدىن ھەممىنى قىياس قىلىش مۇمكىن . مەقدىسىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا ، ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن سىرتقا توشۇلىدىغان ماللاردىن : تېرمىزنىڭ سوپۇنى ، دەرەخ يىلىمى ، بۇخارانىڭ توقۇلما بۇيۇملىرى ، جايىنامىزى ، گىلىمى ، ساراي ۋە مېھمانخانىلارنىڭ پوللىرىغا سېلىنىدىغان پالىزى ، چاچ مېيى ، مىس چىرىغى ؛ خۇراساننىڭ گۈللۈك تاۋارلىرى ، سەمەرقەنتنىڭ كۈمۈش رەڭلىك رەختلىرى ، پاختا رەختلىرى ، قەغىزى ، چوڭ مىس قازىنى ، ئېگىز تەگلىك رومكىسى ، كىگىز ئۆيى ، ئات ئۈزەڭگىسى ، ئات ئېغىزدۇرۇقى ، كەمىرى ؛ دېزاكنىڭ سورتلۇق قوي يۇڭى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى ؛ تاشكەنتنىڭ ئات تېرىسىدىن ياسالغان ئېگەرى ، سادىقى ، كىگىز ئۆيى ، يېپىنچىسى ، مۇرە ياپقۇچىسى ، نەپىس ئوقياسى ، يىڭنىسى ، تەخسىسى ، قايچىسى ؛ پەرغانىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى ، پولات ـ تۆمۈرى ؛ تالاسنىڭ ئۆچكە تېرىسى ؛ ۋىدار كەنتى ( سەمەرقەنت ئەتراپىدا ) نىڭ گەزماللىرى ؛ خارەزىمنىڭ قارا بۇلغۇن تېرىسى ، ئاق سۆسەر تېرىسى ، ئاغمخان تېرىسى ، سېرىق مۇمى ، يا ئوقى ، تېرە تۇمىقى ، بېلىق يېلىمى ، ئابدىملىك مېيى ، كەھرىۋاسى ، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئات تېرىسى ، خەنجىرى ، تۆمۈر ساۋۇتى قاتارلىقلار بارئىدى . بۇنىڭدىن باشقا ، بۇخارا ئەتراپىدىكى زاسىدام كەنتىدىمۇ يالغۇز بوز رەختلا ئىشلەپچىقىرىلىپ قالماي ، يەنە قەغەزمۇ ئىشلەپچىقىرىلغان . نارشاھ بۇ ھەقتە توختىلىپ : « بۇ خىل قەغەز ئىران ، پارس ، ھىندىستان ۋە باشقا رايونلارغىمۇ توشۇلغانىدى » دەپ قەيت

قىلىنغان. ۋەدار كەنتىدە ئىشلەپچىقىرىلغان رەختلەر ئىنتايىن نەپىس ۋە پۇختا بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى بايلار ئارىسىدا بازىرى ناھايىتى ئىتتىك بولغان. مەسىلەن، خۇراساندىكى ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، سوتچىلار ھەتتا يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىمۇ بۇ خىل رەختتىن كىيىم كىيىشكەن.

ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا كانچىلىق ئىشلىرىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مىلادى X ئەسىردىلا يىسراق رايونى (تاشكەنت بىلەن پەرغانە ئارىلىقىدىكى ئەنگىلان دەريا جىلغىسى ۋە چىرچىق دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى ئايرىم رايونلارنى كۆرسىتىدۇ) كۈمۈش ۋە قوغۇشۇن رۇدىسى پىششىقلاپ ئىشلەش مەركىزى ئىدى. بۇ كان قېزىش مەيدانىنىڭ خارابىسى ھازىر تېپىلدى. ھازىرقى ئافغانىستاندىكى بىنھىشىر كېنى بۇ كان قېزىش مەيدانىنىڭ دەل ئۆزى. بۇ جايدىن كۈمۈش چىققاچقا، ئەينى ۋاقىتتا بىر پۇل قۇيۇش زاۋۇتىمۇ تەسىس قىلىنغانىدى. بۇ جاينىڭ ئاق كۈمۈشلىرى تاكى شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىگىچە توشۇلغان. ئىبنى خاقار يەنە ئۇستۇراشان (ھازىرقى ئۆرەتۆپە) دا ئىككى تۆمۈر كېنى بار. بىر قىسىم تۆمۈر شۇ جاينىڭ ئۆزىدە تاۋلىنىدۇ. يەنە بىر قىسىم تۆمۈر پەرغانىگە توشۇلىدۇ دەپ زىكىر قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، مەھسۇلاتلىرى باغداد ۋە ئىران قاتارلىق جايلارغا توشۇلۇپ سېتىلغان. پەرغانىدە قورال - ياراغ، تۆمۈر ۋە مىس ئەسۋابلار ئىشلەپچىقىرىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نېفىتمۇ ئىشلەپچىقىرىلىپ، شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان كۆيدۈرگۈچ بومبىنى ياساشتا مۇھىم يېقىلغۇ قىلىنغان. پەرغانىنىڭ ئىسپارە رايونىدا بىر چوڭ كۆمۈر كېنى بار ئىدى. ئىستەخرى ئۇنى: «قارا تاشلىق تاغ خۇددى ياغاچ كۆمۈردەك كۆيىدۇ. كۈللىرىدىن كىيىملەرنى ئاقارتىپ، پاكىز قىلغىلى بولىدۇ» دەپ مەدھىيىلىگەنىدى. ھەر ئۈچ ئېشەككە سۆرىتىلگەن كۆمۈرنىڭ باھاسى بىر دىنار بولۇپ، باھاسى بىر قەدەر ئەرزان ئىدى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، جۇڭگونىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بۇنى

بارتولدنىڭ بىر ئابزاس سۆزىدىن قىياس قىلىش مۇمكىن. ئۇ: « ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سانائىتى شۈبھىسىزكى جۇڭگو سانائىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تەرەققىي قىلغان. بۇ جەھەتتە ئىبنى خاقارمۇ خۇراساننى جۇڭگو بىلەن سېلىشتۇرغان. ئەرەب ئىستېلاچىلىرى ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا زور تۈركۈمدىكى جۇڭگو تاۋارلىرىنى كۆرگەن. يەرلىك سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو تاۋارلىرىنىڭ بازىرى تەدرىجىي ھالدا كاساتلاشقان. جۇڭگو قول ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ ئالاھىدە سەنئىتى مۇسۇلمانلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. كېيىنكى مەزگىللەردە، ئەرەبلەر بارلىق نەپىس ئىشلەنگەن ئەسۋابلارنى جۇڭگو تاۋارلىرى دەپ ئاتىغان » ① دەپ يازغان. شۇڭا XIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيانى ساياھەت قىلغان جۇڭگولۇق چيۇچۇجىمۇ بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ « تاۋغاچ ( جۇڭگو ) نىڭ ھەممە نەرسىلىرى نەپىس » دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىچكى - تاشقى سودىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ مەزگىلدىكى سودا شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا، دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى خەلقئارالىق سودىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلار پەقەت ئۆز جايلىرىدىلا سېتىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنتايىن يىراق دۆلەت ۋە رايونلارغىمۇ توشۇلۇپ سېتىلغان. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى مۇددەتلىك بازارلاردىن سىرت، چېگرا ھالقىغان خەلقئارالىق سودىمۇ ئىنتايىن زور رول ئوينىغان. يىپەك يولىدا توشۇلىدىغان تاۋارلاردىن ئىلگىرى ئاساسلىقى يىپەك - شايى، تاۋار - دۇردۇن، مىس ۋە كۈمۈش بۇيۇملار، گۆھەر، سىر، قورال - ياراغ، ئەينەك، زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق قىممەت باھالىق بۇيۇملار بولغان بولسا، كېيىنكى مەزگىللەردە، يەنە ھەر خىل قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى، بۆز رەختلەر،

① « بارتولد ئەسەرلىرى »، رۇسچە نەشرى، 1 - جىلد، 296 - بەت.

تىرە ۋە يىپەكلىكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئاساسلىق سودا يولى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرىدىن باشلىنىپ، باغداد، ھەمەدان، نىشاپۇر، مەرۋى، ئامۇر (چارجىئو) ئارقىلىق بۇخاراغا تۇتىشاتتى. كېيىن يەنە سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ مەركىزىدىن باشلىنىپ، سەمەرقەنت، تاشكەنت، تالاس (جامبۇل)، بالاساغۇن، سۇيئاپ ۋە ئىسسىقكۆل ئارقىلىق موڭغۇل دالاسى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە تۇتاشقان. يەنە بىر يول شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپاغا تۇتاشقان بولۇپ، ئىلگىرى بۇ يول باغدادتىن باشلىنىپ، ئىران، كاۋكاز ۋە گاسار خانلىقى ئارقىلىق بۇلغار خانلىقىغا تۇتىشاتتى. مىلادى X ئەسىرگە كەلگەندە، باغداد خەلىپىلىكى بىلەن گاسار خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان سودا يولىغا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سودا يولى بۇخارادىن باشلىنىپ ئامۇ دەرياسىغا تۇتىشاتتى. كېيىن ئامۇ دەرياسىنى بويلاپ كېتىپ، ئۈرگەنچكە بېرىپ، يەنە كاسپىي دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، ئۇرال دەرياسى ۋە گاسار (ھازار) خانلىقىنىڭ زېمىنىنى چۆرىدەپ ئۆتۈپ، ۋولگا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ مېڭىپ بۇلغار خانلىقىغا بارغان. ئەرەب ساياھەتچىسى ئىبنى فادلان مىلادى 922 ـ يىلى خەلىپە مۇقتەدىرنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى ۋە سودا ئەترىتى بىلەن بىللە بۇ يولنى بېسىپ بۇلغار خانلىقىغا بارغان. ئەلچىلەر ئۆمىكىدە 3000 ئۇلاغقا ئارتىلغان مال ۋە 5000 ئادەم بار ئىدى. ئىبنى فادلان ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن يولنىڭ ئەھۋالىنى ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئەينى ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيا غەرب ـ شەرق ۋە شىمال ـ جەنۇب سودا يولىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ، بۇخارا، خارەزىم، قوقان، تاشكەنت، ۋولگا ۋە ئۇرال دەريا ۋادىلىرى مۇھىم ئۆتكەل ھەمدە سودا بازىرى ئىدى. X ئەسىردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن بۇلغار خانلىقى قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا توشۇلىدىغان تاۋارلاردىن گەزلىمىلەر (پاختا، يۇڭ، يىپەك توقۇلما قاتارلىق بۇيۇملار)، گۈرۈچ، مېۋە قېقى ۋە مېتال، ئائىلە سايمانلىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. جەنۇبىي روسىيىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا توشۇلىدىغان مەھسۇلاتلاردىن يۇڭ،

تېرە، دەرەخ قوۋزىقى، ھەسەل، دېڭىز پىلى چىشى، قاتتىق پوستلۇق مېۋە، شام، قارچىغا ھەمدە سىلاۋيان قۇللىرى بار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار روسسىيىلىكلەرگە نەق پۇل تاپشۇرۇپ بۇ ماللارنى سېتىۋالغان. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتا روسسىيىلىكلەرنىڭ تېخى پۇلى بولمىغان. تاھىر خاندانلىقى ۋە سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە قۇيۇلغان پۇللار روسسىيە ھەمدە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپانىڭ ھەممە جايلىرىدىن دېگۈدەك تېپىلىۋاتىدۇ.

بۇ سودا يوللىرىدا قاتنايدىغانلار ئاساسلىقى سودا كارۋانلىرى ئىدى. كىشىلەرنىڭ يالغۇز يۈرۈشى ياكى سودا قىلىشى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ھەتتا مۇمكىن بولمىغان. بىر سودا كارۋانلار ئەترىتىدە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان نەچچە يۈز مىڭ كىشى بار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي روسسىيىدىكى ھەر قايسى سودا ئورۇنلىرىدا مىڭلىغان بۇلغارلار، بۇخارالىقلار، گاسارلار، رۇسلار ھەتتا شەرقىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ياۋروپادىن كەلگەن سودىگەرلەرنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرغىلى بولاتتى. سودا كارۋانلىرىدا نۇرغۇنلىغان تۆگە ۋە ئاتلار بولۇپ، مال توشۇش ۋە قاتناش ئىشلىرىدىكى مۇھىم قورال ئىدى. بۇ كارۋانلار ئەترىتىدە ئۆزىنى قوغدايدىغان قورال ھەمدە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تىلىنى ئۇقىدىغان تەرجىمانلارمۇ بار ئىدى. بەزىدە ئەلچىلەر ئۆمىكىمۇ سودا ئەترىتى بىلەن بىللە يۈرگەن. يول بويلىرىدا يولۇچىلارنىڭ دەم ئېلىش ۋە قونالغۇسى ئۈچۈن كارۋان سارايلىرى ( راباتلار ) قۇرۇلغان. يول بويلىرىدىكى چوڭ - كىچىك شەھەرلەرمۇ تەرەققىي قىلىپ، سودا ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە گۈللەنگەنىدى. سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە، ھەر قايسى شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدا قالايمىقان باجلار يوق بولغاچقا، سودا ئىشلىرى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانىدى.

سامانىيلار خاندانلىقىدا «كۆچمەن چارۋىچىلار بىلەن بولغان سودا ھەمىشە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. ئۇيەردىن ئادەتتە زور تۈركۈمدىكى سويۇلغان چارۋىلار، تېرە - يۇڭلار ھەمدە قۇللارنى ئالغىلى بولاتتى. كۆچمەن چارۋىچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇقىم ئولتۇراقلىـ

شىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مىللەتلەر بىلەن ئۆز ئارا سودا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇلار پەقەت بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىقلا كىيىم-كېچەك ۋە ئاشلىققا ئىگە بولالايتتى. ماۋرا ئۇننەھر رايونى ھەمدە جۇڭگو، روسسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كۆچمەن چارۋىچىلار سودا كارۋانلىرىنىڭ ئۆز يايلاقلىرىغا كېلىشىنى كۈتمەيلا، ئۆزلىرى چارۋا ماللىرىنى ئولتۇراق رايونلارنىڭ ئەتراپىغا ھەيدەپ كېلىپ ساتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، خارەزىملىكلەر كۆچمەن چارۋىچىلار بىلەن بولغان سودىدا ئىنتايىن پايدىلىق ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئىستاخىرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك سودىسى تۈركلەر بىلەن بولغان سودا ئىدى.» بۇ خىل سودىدا كۆچمەن چارۋىچىلارغا قارىتا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش خاراكتېرىدىكى تەڭسىز باھادا ئالماشتۇرۇش مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. بۇنى يېقىنقى دەۋرلەردە سارتلارنىڭ تەمى ئۆزگىرىپ قالغان نانلارنى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ قايمىقى بىلەن ئالماشتۇرغانلىق ئەھۋالىدىنمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە، قۇل سودىسىمۇ ئىنتايىن جانلانغانىدى. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئادەتتە تۈركلەردىن قۇل سېتىۋالاتتى. چۈنكى تۈركلەر ئىنتايىن قاۋۇل ۋە چىرايلىق بولۇپ، ھاشارغا سېلىشقا ھەمدە ئوردا مۇھاپىزەتچىلىكىگە قويۇشقا بەك ماس كېلەتتى. پومېشچىكلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئاساسەن تۈركلەردىنلا قۇل سېتىۋېلىپ، دېھقانچىلىققا ۋە كارىز قېزىشقا سالاتتى. «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا قۇل سېتىۋالىدىغان رايونلاردىن بىرى پەرغانە بولۇپ، «تۈركىستانغا بېرىشتىكى چوڭ دەرۋازا ھېسابلىناتتى. كۆپ ساندىكى تۈرك قۇللىرى بۇ رايونغا توشۇپ كېلىنىپ ئىشلىتىلگەن.» قۇللارنىڭ يەنە بىر كېلىش مەنبەسى گور تاغلىق رايونى بولۇپ، زور تۈركۈمدىكى گور مىللىتىدىن بولغان قۇللار بۇ جايدىن خۇراسانغا توشۇلغان. چۈنكى گورلۇقلار ئىلگىرى غەيرىي دىن مۇرىتلىرى ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەلۋەتتە يەنە قۇللارنىڭ باشقا كېلىش مەنبەلىرىمۇ بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، قۇل سودىسى بىر خىل پايدا

قوغلىشىش ئىشى بولۇپ، ھۆكۈمەتمۇ باجدىن نۇرغۇن كىرىمگە ئىگە
بولاتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، تۈرك قۇللىرىنى توشۇپ
كېلىش ئۈچۈن چوقۇم ھۆكۈمەت تارقىتىپ بەرگەن بىر قېتىم ئىشلىتىش
بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئالاھىدە رۇخسەت خېتىنى ئېلىش بەلگىلەنگەن بو-
لۇپ، بۇنداق خەتنى ئېلىش ئۈچۈن 70 دەرھەمدىن 100 دەرھەمگىچە پۇل
تاپشۇرۇش شەرت قىلىنغان. كىچىك قىز قۇللارنى توشۇپ كېلىش ئۈ-
چۈنمۇ ئوخشاش قىممەتتە باج تۆلەيتتى. لېكىن ئالاھىدە رۇخسەت خېتى
ئېلىش ھاجەتسىز ئىدى. ئايال قۇللارنى توشۇپ كېلىش ئۈچۈن 20 دەر-
ھەمدىن 30 دەرھەمگىچە پۇل تاپشۇرۇلاتتى.

سامانىيلار خاندانلىقى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانغان
بىر فېئوداللىق دۆلەت بولۇپ، چوڭ پومېشچىك ۋە چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ
مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. لېكىن ئەرەبلەر بېسىپ كىرىشتىن بۇرۇنقى
يەر ئاقسۆڭىكى — دېھقانلار ئاللىبۇرۇن زەربىگە ئۇچراپ، ئاجىزلىشىشقا
يۈزلەنگەنىدى. دېھقانلار ئەرەبلەرگە قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، ئۇلارنىڭ
مال - مۈلكى تارتىۋېلىنىپ، خەلىپە ھۆكۈمىتىگە مەنسۇپ قىلىنغانىدى.
سامانىي جەمەتى خەلىپە ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك
ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەڭ چوڭ يەر ئىگىسىگە ئايلىنىپ،
كېيىنكى مەزگىللەردە خەلىپە ھۆكۈمىتىدىن مۇستەقىل بولۇپ ئايرىلىپ
چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بېجىنى پۈتۈنلەي سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ
دۆلەت خەزىنىسىگە كىرگۈزۈپ، تەدرىجىي يوسۇندا دېھقانلارنىڭ تەسىر
كۈچىنى ئاجىزلاتقانىدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، سامانىيلار خاندانلىقى-
نىڭ تەخمىنەن 45 مىلىيون دەرھەم كىرىمىنىڭ ھەممىسى باغدادقا
تاپشۇرۇلماي، پۈتۈنلەي دۆلەت خەزىنىسىگە كىرگۈزۈلگەن. دۆلەتنىڭ
ئاساسلىق خىراجىتى بولغان ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا
بېرىلىدىغان تەمىنات 20 مىليون دەرھەمگە يەتكەن. دۆلەتنىڭ كىرىمى
گۈمرۈك (تامۇژنا) بېجىدىن سىرت، يەنە ئاساسلىق يەر بېجىدىن
كەلگەن. ھەرقايسى كېچىكلەردە باج يىغىش ئورگانلىرى تەسىس قىلىن-
غان. مەسىلەن، ئامۇ دەرياسى كېچىكىدىن ئۆتىدىغان ھەر بىر تۆگە

ئۈچۈن ئىككى دەرھەم، ھەر بىر تۆگە ياكى ئات مىنگۈچىنىڭ مېلىدىن بىر دەرھەم باج ئېلىنغان. قول توشۇغۇچىلاردىنمۇ مۇناسىپ ھالدا باج ئېلىنغان. يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى دۆلەت ئىگىلىگەن. يېزا جامائە دېھقانلىرى ئەرەبلەرنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە يەر بېجى تاپشۇرغانىدى.

خۇسۇسىي يەر ئىگىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سامان جەمەتىدىن بولۇپ، بۇلار قەدىمكى دېھقان ئاقسۆڭەكلىرى، دىنىي رەھبەرلەر، تۈرك مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ قوماندانى ۋە سودىگەرلەر ئىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي مەنسەپكە ئېرىشكەن غۇلاملار كۆپ مىقداردىكى يەرلەرنى سېتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن، ئارپۇتىل خۇراسان ۋە ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا 500 دىن ئارتۇق كەنتنى سېتىۋالغان بولۇپ، ھەر بىر يېزا - بازاردا ئۇنىڭ بىردىن داچىسى، بىردىن باغچىسى، كارۋان سارىيى ۋە مۇنچىسى بار ئىدى. چوڭ ئاقسۆڭەكلەر، چوڭ سودىگەرلەر كۆپلەپ يەر سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا ئىجارىگە بەرگەن ھەمدە ئۇلاردىن ئۇلۇشلۇك ئىجارە ھەققى شەكلى بىلەن يەر ئىجارىسى ئالغان.

سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ يەر - زېمىنى ئىنتايىن كېڭەيگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇنلىغان مەسچىتلەر، مەدرىسلەر ۋە مازارلار قۇرۇلغانىدى. فېئودال ھۆكۈمرانلار ۋە پومېشچىكلار دىنىي ئورگانلارغا يەر - زېمىن تەقدىم قىلىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ خىل يەرلەر «ۋەخپە يەر» دەپ ئاتىلاتتى. نارشاھىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئىسمائىل ھەتتا پۈتكۈل ئافشانا كەنتىنى مەدرىسكە ھەدىيە قىلىۋەتكەن. بۇ ئىنتايىن ئاۋات ۋە باي كەنت بولۇپ، كىرىمى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. يۇقىرى قاتلام دىنىي ساھەدىكىلەر ئۆزلىرى ئىگە بولۇۋالغان يەر ۋە ۋەخپە يەرلەرنى دېھقانلارغا كۆتۈرە بېرىپ، ئۇلاردىن كۆپلەپ يەر ئىجارىسى ئالغانىدى.

سودىگەرلەر تەبىقىسىمۇ نۇرغۇنلىغان سودا سارايلىرى، كارۋان سارايلىرى، تۇرالغۇ، يەر - زېمىن ۋە مېۋىلىك باغلارغا ئىگە بولۇۋالغان بولۇپ، كارۋان سودىسى، مال يۆتكەش قاتارلىقلارنى كونترول

قىلىنىۋېلىپ ، كۆپ مىقداردىكى پۇل ـ بايلىققا ئىگە بولغانىدى . ئۇلارمۇ فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىناتتى . .

سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاساسىي جەھەتتىن تىنچلىق ھۆكۈم سۈردى . مەسىلەن ، ئىسمائىل دەۋرىدە بۇخارا رايونىدىكى دېھقانلارنىڭ شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ياسالغان سېپىلنى رېمونت قىلىش يۈكى بىر قەدەر يەڭگىللىتىلگەنىدى . ئەرەبلەر بېسىپ كىرگەن دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا ، ئۈرۈش ـ جېدەللەرمۇ روشەن ھالدا ئازايغانىدى . گەرچە دېھقانلار يەنىلا سامانىيلار خاندانلىقى ئۈچۈن ئوردا ـ قەسىر سېلىش ، مەسچىت ، قەبرە ، باغ ۋە ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار ياساشقا سېلىنغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ چاغدىكى باج ۋە ئولپانلىرى بۇرۇنقىدەك ئېغىر ئەمەس ئىدى . قول ھۈنەرۋەنلەر ياللانما ئىشچى قوبۇل قىلسا ، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئىش ھەققى بېرەتتى . گەردىزىنىڭ ئېيتىشىچە ، بىر مىسكەر ھەر ئايدا 15 دەرھەم پۇل تاپقان . نارشاھىنىڭ قەيت قىلىشىچە ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى ئاستىدا ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەنتلەردىكى ئاھالىلەرمۇ يەر ـ زېمىن سېتىۋالغان . شۇڭا بارتولدمۇ ئەينى ۋاقىتتا « خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالى خېلى ياخشى ئىدى » دەپ زىكىر قىلغانىدى .

## 7 ـ بۆلۈم مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى

ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ، تەبىئىي ھالدا سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن . بۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سەۋەبلەردىن سىرت ، يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى . سامانىيلار خاندانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قاتار كىچىك خانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، بۇ خىل پارچىلىنىش IX ئەسىردە باشلىنىپ ، X ئەسىرگە كەلگەندە رەسمىي مۇقىملاشقانىدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ھەرقايسى جايلاردا شەكىللەنگەن خانلىقلار ئۆزئارا توختىماستىن ئۇرۇش

قىلىپ تۇرغاندى . ھەر قايسى جايلاردىكى پادىشاھلار يەنە ئۆز خانلىقـ
نىڭ ئابرۇيىنى تىكلەش ۋە شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ، نۇرغۇنلىغان
شائىرلارنى ، ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن ھەمدە خان سارىيى ،
كۇتۇپخانا قاتارلىق ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلارنى سالدۇرغاندى . سامانىيلار
خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ئىسمائىلنىڭ ئۆزىمۇ شائىر ئىدى . پايتەختى
بۇخارانى ھەممە بىلىم ئەھلى توپلانغان بىر شەھەر دېيىشكە بولاتتى .

سامانىيلار خاندانلىقى چوڭ بىر كۇتۇپخانا سالدۇرغان ، ئۇنىڭدا
نۇرغۇنلىغان كىتابلار ساقلانغان بولۇپ ، دۇنياغا داڭلىق ئىدى . مەشھۇر
ئالىم ، ھۆكۈما ئىبنى سىنا سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ ،
بۇخارادىكى بۇ پادىشاھلىق كۇتۇپخانىغا كىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان . ئۇ
ئۆز تەرجىمىھالىدا بۇ كۇتۇپخانىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ : « مەن
نۇرغۇنلىغان ئۆيدىن تەركىب تاپقان بىر بىناغا كىردىم . ھەر بىر ئۆيدە
ساندۇق - ساندۇق كىتابلار تىزىقلىق ئىكەن ؛ بەزى ئۆيلەردە ئەرەب يېزـ
قىدىكى كىتابلار ۋە شېئىرىي توپلاملار بار ئىكەن ، يەنە بەزى ئۆيلەردە
بولسا قانۇن ساھەسىدىكى كىتابلار ساقلانغانىكەن . ھەر بىر ئېغىز ئۆيـ
دىكى كىتابلار بىر خىل پەنگە مەنسۇپ ئىكەن . مەن قەدىمكى دەۋردىكى
بىر يازغۇچىنىڭ قول يازمىسىنى كۆردۈم ھەمدە ئۆزۈمگە لازىملىق بولغان
كىتابلارنى ئاختۇردۇم . مەن شۇنداق كىتابلارنى ئۇچراتتىمكى ، ئېھتىمال
نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇنداق كىتابلارنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇقمىسا كېرەك .
مەيلى ئىلگىرى ياكى ھازىر بولسۇن ، مەن ھېچقاچان بۇنداق كىتابلارنى
كۆرۈپ باقمىغان . مەن بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ چىقىپ نۇرغۇن بىلىمگە
ئىگە بولدۇم ھەمدە ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ساھەسىدىكى
مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولدۇم » دەپ يازغان . شۇڭا ، ئەينى ۋا-
قىتتىكى نىشاپۇرلۇق ئابدۇل مالىكمۇ بۇخارانى « ئىلىم جەمەت ، مەشھۇر
پادىشاھ ۋە مەشھۇر ئالىملار يۇرتى » ① دەپ ئاتىغان . بۇ ئىختىساس
ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ، پەن - تېخنىكىنى

---

① بۇران : « پارس ئەدەبىيات تارىخى » ، ئىنگلىزچە نەشرى ، 1 جىلد ، 365 ـ بەت .

تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پايدىلىق شارائىت ئىدى .

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئەرەبلەر بېسىپ كىرگەن ۋە ئىسلام دىنى تارقالغاندىن بۇيان ، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغانىدى . شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بىلەن ئاباسسىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئەرەب مەدەنىيىتى ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر . ئاببااسىيلار خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ( خەلىپىسى ) مەئمۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرمۇ ( مىلادى 813 ـ 833 ـ يىللار ) ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلغان دەۋر ئىدى . يۇنانىنىڭ پەلسەپە ۋە پەن ـ تېخنىكا كىتابلىرى كۆپلەپ ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان . خەلىپە مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن ، مۇسۇلمان بولسۇن ۋە ياكى خىرىستىئانلار بەھۇدىيلار بولسۇن ، بارلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى قارشى ئالغان . ئەرەبلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەردىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ھەممە ئەرەب تىلىنى تەتقىق قىلىپ ، ئەرەب تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن نۇرغۇنلىغان ئالىملار يېتىشىپ چىققانىدى . ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ، ئەرەب تىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە دىنىي ئىشلار ساھەسىدە بىر تۇتاش ئىشلىتىلىدىغان تىلغا ئايلانغان . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ئەرەب تىلىنى پىششىق ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەرەب ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىلەن بىرلەشمەكچى بولغان . ئالىملار بولسا ئۆز ئەسەرلىرىنى ئاساسەن ئەرەب تىلىدا يازغان . ئەرەب تىلى خۇددى ياۋروپادىكى لاتىن تىلىدەك ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئورتاق تىلغا ئايلىنىپ ، نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرىنى خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئەرەب تىلىدا يازغان . ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئەھۋال شۇكى ، IX ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەرەب تىلىدا مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان ئالىملارنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىققان . ئەينى چاغدا ، پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارلا ئەرەب تىلىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىپلا قالماستىن ، بەلكى

ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كۆپ ساندىكى ئالىملار ، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلارمۇ مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كەلگەنىدى . چۈنكى بۇ مەزگىلدە سامانىيلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغانىدى .

ئەرەب ھۆكۈمرانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە جايلاردىكى يەرلىك خاندانلىقلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ ، يۇقىرىقى ئەھۋاللاردا بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى . بۇ خىل ئۆتكۈنچى دەۋر ئىران مىللىتىنىڭ كۈچىيىشى ۋە پارس مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى بولۇپ ئىپادىلىنىپ ، پارس تىلى تەدرىجىي يوسۇندا ئەدەبىي تىلغا ئايلانغانىدى . پارس تىلىنىڭ ئەدەبىي تىلغا ئايلىنىشى شەرقتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرىشىنىڭ بىر غەلىبىسى بولۇپ ، بۇ خىل ئەھۋال تاھىرلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىن باشلانغانىدى . ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ئەرەب تىلىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشنى ئەرەب ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىغا يېقىنلىشىش ۋە ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەشتىكى ۋاستىسى قىلغان بولسا ، ئەمدىلىكتە ئۆز جايىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ بولغان يولنى تۇتۇشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلغانىدى . شۇنىڭ بىلەن تاھىرلار خاندانلىقى دەۋرىدە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خەت ـ چەك ئىشلىرىدا ئەرەب تىلىنىڭ ئورنىنى يەرلىك تىل ئىگىلىگەن ھەمدە ئۆز جايىنىڭ تىلى بىلەن شېئىر يېزىش ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى . شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، بۇ خىل ئەھۋال ئەرەب خەلىپىسىگە بولغان سىياسىي جەھەتتىكى تەھدىت بولۇپ ، يەرلىك مىللەتلەر بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئەرەب ئىمپېرىيىسىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىق ئورنىنى ئىپادىلىگەنىدى . سەيىكىسىنىڭ قارىشىچە ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى پارس ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ساففارىلار خاندانلىقى دەۋرىدىن باشلانغانىدى . پارس شېئىرىيىتى سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان . سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ خانى پارس مىللىتىدىن بولغاچقا ، ئۇلار پارس

تىلىدىكى مۇھىم شېئىرلارنى ساقلاپ قالغان . بۇ مەزگىلدە ، يەرلىك شائىرلار ۋە ئادەتتىكى زىيالىيلار تەدرىجىي يوسۇندا ئەرەب تىلىنى ئىشلەتمەيدىغان بولغان ھەمدە ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلى پارس تىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن . ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ھىجرىيە IV ئەسىر ( مىلادى X ئەسىر ) دىن تارتىپ پارس تىلى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەدەبىي تىلغا ئايلانغان . ئەلۋەتتە ، پارس تىلى ئىشلىتىلىشكە باشلىغاندىن كېيىنمۇ بىر قىسىم يازغۇچىلار يەنىلا ئەرەب تىلىنى ئىشلەتكەن بۇلار ئاساسلىقى ئوردا شائىرلىرى ۋە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىن كېلىپ چىققان بىر قىسىم كىشىلەر ئىدى . بۇ خىل ئەھۋال تۆۋەندە يەنە بەزى ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان .

پارس تىلى بىلەن شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازغان مەشھۇر شەخسلەردىن رۇداكى ( تەخمىنەن 941 ــــ 860 ـ يىللار ) نى تاجىك كلاسسىك شېئىرىيتىنىڭ ئاساسچىسى دېيىشكە بولىدۇ . رۇداكى ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ پەنجكەنت رايونى رۇداك كەنتىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ( بەزىدە رۇداك كەنتى سەمەرقەنتنىڭ ئەتراپىدا دېيىلىدۇ . ۋاڭ جيايىڭنىڭ « پارس كلاسسىك شېئىرىيتىنىڭ ئاساسچىسى رۇداكى » دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن ، « ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى » نىڭ تۇنجى سانىغا بېسىلغان . ) ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ياخشى تەربىيە كۆرگەن بولۇپ ، ئەرەب تىلىغا پىششىق ئىدى . ئۇ ياش ۋاقتىدا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشقا ئۇستا ، ساز چېلىشقا ماھىر بولغاچقا ، خەلق ناخشىچىسى ، دېكلاماتسىيىچى ، سازەندە دەپ يىراق يېقىنغا داڭق چىقارغانىدى . شۇڭا سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ناسىر II تەرىپىدىن ئوردىغا تەكلىپ قىلىنغان ھەمدە ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوردىدا ئۆتكۈزگەنىدى . ئۇ ، بۇ پادىشاھقا ئوخشاش قارامېت ھەرىكەتنىڭ مۇرىتى بولغان . ياشلىق دەۋرىدە ئۆز تىلى ـــ دارى پارس تىلى بىلەن شېئىر يېزىشنى قېتىرقىنىپ مەشىق قىلغان . نۇرغۇنلىغان داڭلىق شائىرلار ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى . ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇنلىغان شېئىر يازغان بولۇپ ، بە-

زىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ 1 مىليون 300 مىڭ مىسرا شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ 700 مىڭ مىسرا شېئىرى بولۇپ، ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىلا ( پەقەت تەخمىنەن 1000 مىسرا شېئىرىلا ) ساقلىنىپ قالغان. لېكىن ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، قارامىت ھەرىكىتىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى سەۋەبىدىن ئۆردىدىن قوغلانغان.

ئەينى ۋاقىتتىكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەنە بىر مەشھۇر شائىر داكىكى ( 977 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) بولۇپ، تۇغۇلغان يېرى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر ئۇنى سەمەرقەنت ياكى بۇخارادا تۇغۇلغان دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنى خۇراساندا تۇغۇلغان دەپ قارايدۇ. ئۇ دەسلەپتە سامانىيلار خاندانلىقىغا تەۋە چاغانىيە رايونىنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان، كېيىن سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىنغان. داكىكى لىرىكىلىق شېئىرلىرى بىلەن داڭلىق، ئۆز ۋەتىنىنىڭ زەردەشت دىنىغا مايىل ئىدى. ئۇ ئىران مىللەتلىرىنىڭ يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە زۇلمىغا قارشى قەھرىمانلىق ئەنئەنىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن، قەدىمكى پارسلارنىڭ پەھلىۋى يېزىقىدىكى ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن، بولۇپمۇ خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردىن قەدىمكى ئىران خەلقىنىڭ تۇرانلار بىلەن جەڭ قىلغانلىق ھېكايىسى، « شاھنامە » دىكى پادىشاھنىڭ رىۋايىتى ۋە قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى توپلاشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى نوھ ( 976 ـــ 997 ) ئۇنىڭدىن بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ چوڭ بىر شېئىرىي ئەسەر يېزىپ چىقىشىنى ئۆتۈنگەن. داكىكى نوھنىڭ تەلىپى بويىچە 1000 كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىر يېزىپ چىققان. X VIII ئەسىردە ياشىغان شائىر ئائۇفىي ئۇنىڭ يازغان شېئىرىنى 20 مىڭ كۇپلېت دەيدۇ. بۇ بەلكىم بەك مۇبالىغە قىلىنىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن داكىكى ئاخىرىدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغۇچە، 977 ـ يىلى ئۆزىنىڭ چاكىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئېھتىمال بۇ چاكار ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ

كۆرسەتمىسى بويىچە داكىكىغا قەست قىلغان بولۇشى مۇمكىن. داكىكىنىڭ شېئىرلىرى كېيىن داڭلىق پارس شائىرى فىردەۋس تەرىپىدىن داڭلىق ئىران تارىخىي داستانى «شاھنامە» قىلىپ يېزىپ چىقىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە مىلادى XI ئەسىردە ياشىغان يازغۇچى شاھ ئارابى ئۆزىنىڭ «دەۋر خەزىنىسى» ناملىق كىتابىدىمۇ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازغان نۇرغۇنلىغان ئوردا شائىرلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن.

ئوتتۇرا ئەسىردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلىم - پەن، دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدىكىگە ئوخشاشلا ئىنچىكە، كونكرېت تارماقلارغا ئايرىلمىغان بولۇپ، بەزى ئالىملار ھەر خىل ئىلىملەردىن خەۋەردار ئىدى ھەمدە ھەر خىل پەنلەر ئومۇمەن پەلسەپىدىن ئايرىلمىغانىدى. ئوخشاشلا ئەينى ۋاقىتتا، ئەرەب تىلى بىلەن ئەسەر يازغان دۇنياغا مەشھۇر ئالىملارنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىققانىدى. مەسىلەن، خارەزىملىك داڭلىق ماتېماتىكا ئالىمى خارەزىمى، پەرغانىلىك ئەخمەد ئەلى پەرغانى، بەلخىلىك ئاسترونوم ئەبۇ ماشار جاپپار ئىبنى مۇھەممەت بەلخى قاتارلىقلار. ئەبۇ ماشار جاپپار ئىبنى مۇھەممەد بەلخى دەسلەپتە «ھەدىس» توپلاش بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، قىرانلىق دەۋرىدىن باشلاپ باغدادتا ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. كېيىنچە ئاسترونومىيە ئىلمىگە يۈزلەنگەن ھەمدە بۇ جەھەتتە 40 پارچىدەك ئەسەر يازغان. ئۇ 886 - يىلى 100 ياشقا يېقىنلاشقاندا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. فوبەندىلىك ئەبۇل مۇھەممەد X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى داڭلىق ئاسترونوم، ماتېماتىك بولۇپ، پلانېتلارنىڭ ئورنىنى توغرا بېكىتىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئاسترونومىيە سايمىنى سېكستانونى ئىجاد قىلغان. بۇ خىل سېكستانت XV ئەسىردىكى تېمۇر خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى پادىشاھى ئۇلۇغبەگنىڭ رەسەتخانىسىنىڭ مۇھىم سايمىنى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. پەيلاسوپ ئەبۇ ناسىر فارابى تۈرك مىللىتىدىن بولۇپ، سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى فاراب كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى خۇراسان، باغداد، ئالىپپو قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر مىلادى 950 - يىلى دەمەشقتە

ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان . ئۇ ئارستوتېلنىڭ تەلىماتى ۋە يېڭى پالاتۇ مەزھىپىنىڭ پەلسەپە نۇقتىئىينەزەرلىرىنى ئۆزگەرتكەن ، بېيىتقان ھەمدە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خېلى بۇرۇنلا لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، غەرب دۆلەتلىرىگە تونۇشتۇرۇلغان .

سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ داڭلىق ئالىم ئىبىن سىنا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ 980 ـ يىلى ( سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ) بۇخارا رايونىدىكى ئافشانا كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ دادىسى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ بىر ئەمەلدارى بولۇپ ، قارامىت ھەرىكە- تىگە قاتناشقان . شۇ ۋەجدىن ئىبىن سىنامۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا بۇ خىل دىنىي مەزھەپنىڭ تەربىيىسىنى ئېلىپ ، خەلققە ھېسداشلىق قىلغان . ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى كۆپ تەرەپلىمە تەربىيىگە ئىگە بولغان ھەمدە كۆپلىگەن پەلسەپە كىتابلىرىنى ئوقۇغان ، 18 يېشىدىلا بىر قابىلىيەتلىك تېۋىپ بولۇپ يېتىشىپ چىققان . ئۇ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ پادشاھى نوھنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقانلىقى ئۈچۈن سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ بۇخارادىكى دۆلەت كۇتۇپخانىسىغا كىرىش ھوقۇقىغا مۇيەسسەر بولغان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ئۇ بۇ كۇتۇپخانىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ ، ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ بىلىملىك ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققان . ئىبىن سىنا يالغۇز داڭلىق تېۋىپلا بولۇپ قالماستىن ، بەلكى يەنە پەيلاسوپ ، شائىر ۋە سىياسىي ئەرباب ئىدى . X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ، قاراخانىيلار خاندا- نلىقىدىكى تۈركلەرنىڭ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى سەۋەبىدىن ئۇ بۇخارادىن ئىراندىكى ھەمەدانغا كېلىپ ئەمەلدار بولغان . ئاخىر 1037 ـ يىلى ۋاپات بولغان . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ، ئاز بىر قىسمىلا پارس تىلىدا يېزىلغان . ئۇ جەمئىي 99 پارچە كىتاب يېزىپ چىققان ، پەلسەپە ، ئاسترونومىيە ، ماتېماتىكا ، تىلشۇناسلىق ، دىنشۇناسلىق قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . پەلسەپە جەھەتتە ئۇ قەدىمكى پەيلاسوپلار بولۇپمۇ ئارستوتېلنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان . ئۇ تەجرىبە ۋە پاكىتقا ئەھمىيەت بەرگەن ،

ئۇنىڭ پارس تىلىدا يېزىپ چىققان « كىتابىئۇش شىپا » ( جانغا شىپالىق بەرگۈچى قامۇس ) دېگەن كىتابى لوگىكا ، ماتېماتىكا ، ئاسترونومىيە ھەتتا تەبىئەتشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلغانىدى . ئۇ مەسىلىلەرنى ئىدراكىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ، مەيلى شەرق ئەللىرى ياكى غەرب ئەللىرىدە بولسۇن ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ داڭلىق پەيلاسوپ ھېسابلانغانىدى . تىببىي ساھەدە ئۇ ھېپگىرات ۋە گالۇنغا ۋارىسلىق قىلغان . ئۇنىڭ تىببىي ساھەسىدىكى ئەسىرى « ئەل قانۇن پىتتىب » ( مېدىتسىنا قانۇنى ) ياۋروپادا لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان . ( « ئەل قانۇن پىتتىب » نىڭ ئەرەبچە ئەسلى نۇسخىسى 1593 ـ يىلى رىمدا نەشر قىلىنغان . X Ⅳ ئەسىرنىڭ كېيىنكى 30 يىلىدا يەنە لاتىنچە 15 نۇسخا تەرجىمە نەشرى ، ھېبرايچە بىر نۇسخا تەرجىمە نەشرى چىققان . ھازىر ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى بار . )
X Ⅱ ئەسىردىن X Ⅶ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 600 يىل جەريانىدا بۇ كىتاب پۈتكۈل ياۋروپادا تېۋىپلارنىڭ دەرسلىك كىتابى ۋە قوللانمىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنىدى . ئىبىن سىنا كۆپ تەرەپلەردىن يېتىشكەن داڭلىق ئالىم بولۇپ ، ئۇنى « ئېنسىكلوپېدىك ئالىم » دېيىشكىمۇ بولىدۇ . ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەخرى بولۇشقا مۇناسىپ .

سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە ، تارىخشۇناسلىق ۋە گېئوگرافىيىنىڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشى جەھانى ۋە بالامىدىن ئىبارەت ئىككى تارىخچى ۋەزىرنىڭ تەشەببۇسى ۋە قوغدىغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر . بالامى ( مىلادى 974 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ) يالغۇز تارىخچىلا بولۇپ قالماستىن ، بەلكى ئۇ يەنە ئىلىمنى ، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەشنى تەشەببۇس قىلغان . شۇڭا ئۇ خەلق تەرىپىدىن « ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھامىيسى » دەپ ئاتالغان . ئۇ مىلادى 963 ـ يىلى تەبەرىنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان مەشھۇر تارىخىي ئەسىرىنى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلغان . تەبەرى (838 ـــ 923) ئامۇلدا تۇغۇلغان بولۇپ ، ئۇ مەشھۇر بىر تېئولوگ (ئىلاھىيەتشۇناس ) ئىدى . ئۇ يازغان « تاۋارىخ »

(فىلىڭ چىكجۇن « تەبەرى يىلنامىسى » دەپ تەرجىمە قىلغان .) ناملىق
ئەسەرنىڭ ئەرەبچە ئەسلى نامى « Tarikh al Rusul wa al Mulk »
بولۇپ ، « ئەۋلىيا ۋە پادىشاھنىڭ تارىخى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .
بۇنىڭدا دۇنيا بىنا بولغاندىن تارتىپ تاكى مىلادى 915 ـ يىلىغىچە بولغان
ئارىلىقتىكى ماتېرىياللار ئىنتايىن مول ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا
تارىخىغا ئائىت مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . تەبەرىنىڭ يەنە
« تەفسىر تەبەرى » ( « قۇرئان » غا « تەبەرى شەرھىسى » ) ناملىق ئە-
سىرىمۇ بار ئىدى . ئەمما بالامى تەبەرىنىڭ تارىخىنى ۋە ئۆز دەۋرىگىچە
داۋاملاشتۇرالمىغان ( تەبەرىنىڭ ئەسىرىنىڭ داۋامىنى كۆرسىتىـ-
دۇ ) . تەبەرىنىڭ « تەفسىر تەبەرى » ناملىق كىتابىنىڭ پارسچە تەرجىمە
نۇسخىسىنى زوتېنبېرگ فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلغان . تەبەرىنىڭ كىتا-
بىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئەسلى نۇسخىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ،
بالامىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىتىشنىڭ رولى قالمىغان .

سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخارانىڭ تارىخىنى يېزىپ
چىققان تارىخچىلاردىن ئابۇ ئابدۇللا مۇھەممەدى بىننى ئەخمەدى بىننى
سۇلايمان (بۇخارالىق بولۇپ ، 924 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ۋە ئەبۇ بەكرى
نارشاھى ( 959 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ) لار بار . نارشاھى ھىجرىيە
333 ـ يىلى ( مىلادى 943 ـ 944 ـ يىللار ) سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ
پادىشاھى نوھقا ئەرەبچە يېزىپ چىققان « بۇخارا تارىخى » دېگەن ئەسە-
رىنى تەقدىم قىلغان بولۇپ ، بۇ كىتابنىڭ تىلى ئۆتكۈر ، مەزمۇنى ئىنتايىن
مول ئىدى . مەزكۇر كىتابتا بۇخارانىڭ ئەسلى ئەھۋالى ، ئارتۇقچىلىق
تەرەپلىرى ، مەشھۇر جايلار ، بۇخارانىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ھەمدە ھە-
دىستىكى بۇخاراغا ئائىت مەزمۇنلار بايان قىلىنغان . XII ئەسىردە ،
خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىل ـ يېزىقىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشنى ياق-
تۇرمايدىغان بولۇپ قالغان بولۇپ ، بۇ مەزگىلدە كۇباۋى ئىسىملىك
يازغۇچى نارشاھىنىڭ « بۇخارا تارىخى » ناملىق كىتابىنى پارس تىلىغا
تەرجىمە قىلغان . تەرجىمە جەريانىدا ئەسلى نۇسخىسىدىكى « ئوقۇسا
ئۆيقۇسىنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان » قىسىملارنى چىقىرىۋەتكەن . بارتولد-

نىڭ خاتىرىلىشىچە: «نارشاھىنىڭ ئەسەرلىرى دەھرى پادىشاھ ئۈچۈن يېزىلغان بولۇپ، ئىخلاسمەن دىندارلار تېخى ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى پۈتۈنلەي ئىگىلىمىگەنىدى. مەزكۇر كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى باشقا شەھەرلەرنىڭ تارىخىغا قارىغاندا كۆپ تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەرەبلەرنىڭ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىنى نارشاھى بەزىدە تەبەرىدىنمۇ تەپسىلىي بايان قىلغان. شۇنىسى تەبىئىيكى، نارشاھى تېخى كەڭرى تارقالمىغان ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان. ھەتتا بىر جايدا مەدىنىنى تىلغا ئالغان. شۇڭا پارسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى بەزى مۇناسىۋەتسىز قىسىملارنى چىقىرىۋېتىپ، باشقا تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئەسەرنى تولۇقلىغان. تولۇقلانغان قىسمىدا بىز ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك بولغىنى «بۇخارانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار (نىشاپۇرنىڭ ‹ئىلىم - پەن خەزىنىسىنى ئېگىلەپ› ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان) ۋە مۇغەننا ھەققىدىكى بايانلاردۇر» (بارتولد: «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى، 14 ـ 15 ـ بەتلەر) بۇ كىتابنىڭ ھازىر فوردې تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە تەرجىمە شەرھى نۇسخىسى بار.

بۇنىڭدىن باشقا، «غايىب بولۇش ۋە ناسبولارنىڭ رىقابىتى» ناملىق ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى ئەبۇل خالىس ئاساد بىننى ھەمدۇيا ئەل ۋارشىنى (927 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ۋە «ئەلى كافى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان ئەبۇ ئەخمەد بىننى سەيىد ئالكادى (957 ـ يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىق تارىخچىلار ئۆتكەن بولۇپ، ئەبۇ ئەخمەد بىننى سەيىد ئالكادىنىڭ «ئەلى كافى» ناملىق كىتابىدا خارەزمنىڭ تارىخى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. سامانىيلار خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن چىققان يازغۇچىلار كېيىن تونۇشتۇرۇلىدۇ.

سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا گېئوگرافىيە تارىخشۇناسلىققا قارىغاندا تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. خەلىپە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان گېئوگرافلار ئەرەب

گېئوگرافلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. خېلى بۇرۇنلا، مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە ئىلمى «قۇرئان»نى تەتقىق قىلىشقا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تۈردە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغانىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سودا ۋە ساياھەت ئىشلىرى بىلەن نۇرغۇنلىغان جايلارغا بېرىشى سەۋەبىدىن، جۇغراپىيە ئىلمى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. ئەرەبلەر گرېتسىيە ۋە رىمدىكى ئارستوتېل، پتولېمى قاتارلىق پەيلاسوپ ۋە گېئوگرافلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ، ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلغان. ئەرەبلەر يەنە قەدىمكى سوغدىلاردىن جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، بۇ جەھەتتە غەرب ئەللىرىنىڭ شەرق ئەللىرىگە بولغان تونۇشىنى كۈچەيتتى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خارەزمى ماتېماتىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە داڭلىق گېئوگراف ئىدى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى زەردەشت دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا، ئۇ يۇنان مەدەنىيىتىگە قارىغاندا ھىندىستان ۋە ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان. ئۇ مىلادى XI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا باغدادتا تۇرغان. 847 - يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ گېئوگرافىك ئەسەرلىرى پتولېمى يازغان كىتابلار ئاساسىدا يېزىلغان، يەنە بەزى يېڭى ماتېرىياللارمۇ قوشۇلغان. ئۇ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر - جاي ناملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولغان، لېكىن كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى چەكلىك بولغاچقا، مۇكەممەل بولمىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەب گېئوگرافىيىسىگە ئاساس سالغان. بۇنىڭدىن باشقا، خۇراساننىڭ باش ۋالىيسى ئەلى بىننى ئەيسا ( 796 — 807 ) نىڭ كاتىپى خابۇس بىننى مەنسۇر مەرۋەزى توپلاپ يازغان «خۇراساندىكى باج - سېلىقلار توغرىسىدا» ناملىق كىتابمۇ بىرقەدەر بۇرۇن يېزىلغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يەنە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان گېئوگراف تامىمدۇر. تامىمنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتلار يوق. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى تامىم بىننى بەھرار مۇتتاۋى. ئۇ ئەرەب ئىستېلاچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغان مەزگىلدىكى بىر پىدائىي بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەنە ئەڭ بۇرۇن توققۇز

ئوغۇزلار رايونىغا بارغان ئەرەب، ۋاقتى مىلادى 821 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە ياقۇتنىڭ «جۇغراپىيە لۇغىتى» ۋە ئىبنى ئەلى فاجىخنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋە ساقلانغان. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى ئەھۋاللاردىن كېيىن ئىبنى كىردازبەگ، كۇداما ۋە مىسار قاتارلىق كىشىلەر پايدىلانغان.

ئىبنى كىردازبەگ (؟ — 820) باغدادتىكى خەلىپە ئوردىسىدا ئەمەلدار بولغان. كېيىن بىر ئۆلكىنىڭ پوچتا ئەمەلدارى بولغان. ئۇ «يول ۋە بەگلىكلەر تەزكىرىسى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتابتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگوغا ۋە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىگە بارىدىغان يوللار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئەمما ئاپتور ئۆزى بۇ يوللارنى بېسىپ باقمىغان. ئۆزى توپلىغان ۋە كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن يېزىپ چىققان بولغاچقا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان يەرلىرىمۇ بار.

يۇقىرىقىلار سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى تەسىرى بار ۋە ئۆز ئارا ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئەرەب گېئوگرافلىرىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى جەھانىنىڭ تەشەببۇسلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى گېئوگرافىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور رول ئوينىغان. سامانىيلار خاندانلىقى قارلۇقلار بىلەن قوشنا بولۇپ، ئىلگىرى قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ناھايىتى دىققەت قىلىپ كەلگەنىدى. سامانىيلارنىڭ مەقسىتى «قوشنا مەملىكەتلەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يىراقتىكى ئەللەر بىلەن يېقىنلىشىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، قارلۇقلارنى ئاجىزلىتىش ئىدى. جەھانى دەل بۇ خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى گۇدەن ۋە سۇڭ سۇلالىسىدىكى جاۋرۇشىغا ئوخشاش «چەت ئەللىكلەرنى چاقىرىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش» چارىسى بويىچە ماتېرىيال توپلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئىبنى كىردازبەگ قاتارلىق گېئوگرافلارنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ پايدىلانغان. جەھانىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن گېئوگراف بەلىشى (850 — 934) مۇ كېيىنكى گېئوگرافلارغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن X ئەسىردىكى ساياھەتچى مىسار ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە، بۇخارادىن جۇڭگونىڭ گەنسۇغا بارىدىغان يول بويىدىكى ئۇلۇسلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى بايان قىلغان. جۇڭگو ئالىملىرىدىن جاڭ شىڭلاڭ، فېڭ چېڭجۈن ۋە سېن جۇڭمىيەن قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئەمما ساياھەت خاتىرىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىسمى، يەر - جاي ناملىرى بەك قالايمىقان بولۇپ، ھازىرچە بىر يەكۈن چىقىرىش ئىنتايىن تەس. شۇڭا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. مىسارمۇ تامىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن پايدىلانغان.

ئەڭ ئاخىرىدا «ھۇدۇدۇلئالەم» («دۇنيادىكى رايون چېگرىلىرى تەزكىرىسى») ناملىق پارس تىلىدا يېزىلغان بىئوگرافىك ئەسەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى. بۇ كىتاب 1892 - يىلى بۇخارادىن تېپىلغان بولۇپ، ئىككىنچى يىلى روسىيىلىك شەرقشۇناس ئا. گ. تومانىسكى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. رۇسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «تومانىسكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان. بۇ كۆچۈرۈلمە نۇسخا بىلەن باشقا ئۈچ كىتاب بىر - بىرىگە باغلانغان، ئاپتورنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان. ئەمما كىتابنىڭ يېزىلغان يىلى ھىجرىيە 372 - يىلى (مىلادى 982 — 983 - يىللار) دەپ يېزىلغان ھەمدە گوزان دېگەن جايدىكى فەرىغۇن خانداتلىقىنىڭ ئەمىرى ئەبۇل خالىس مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەدكە تەقدىم دەپ يېزىلغان. ئاپتور ئۆزى ساياھەتچى ئەمەس، ئەمما ئۇ بۇرۇنقىلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان. كىتاب جەمئىي 61 باب بولۇپ، بىرىنچى بابى كىرىش سۆز، ئىككىنچى بابتىن سەككىزىنچى بابقىچە دۇنيادىكى رايونلارنىڭ ئايرىمىسى، دېڭىز - ئوكيانلار، ئاراللار، تاغ تىزمىلىرى، دەريالار ۋە قۇملۇقلار بايان قىلىنغان. توققۇزىنچى بابتىن باشلاپ ھەرقايسى رايونلار بويىچە بايان قىلىنغان. بايان تەرتىپى شەرقتىن غەربكە بولغان. بۇ بابتا يەنە جۇڭگو ھەققىدە توختالغان. ئونىنچى بابتىن كېيىن، ھىندىستان، تۈبۆت، توققۇز ئوغۇز، تاتار، ياغما، خاككاسلار، قارلۇق، چىگىل ۋە تۈركەشلەر

بايان قىلىنغان. ئۇن سەككىزىنچى بابتىن يىگىرمە ئىككىنچى بابقىچە، سىبىرىيىدىكى ھەر قايسى تائىپىلەر ئۇستىدە توختالغان. كېيىنكى بابلاردا خۇراسان، ماۋرا ئۇننەھر، ئىران، ئىراق، ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيە، ئەرەب، شىمالىي ئافرىقا، ئىسپانىيە، ۋىزانتىيە، سلاۋيان، قىپچاق دالا-سىدىكى خانلىقلار ۋە شەرقىي ئافرىقا قاتارلىق ئەللەر ئۇستىدە توختالغان.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بۇ كىتاب دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى تونۇشتۇرغان بىر بىئوگرافىك ئەسەر بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى ھەمدە ئاتلانتىك ئوكياندىن باشقا دۇنيانىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان. ئاپتور مىلادى X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغان بولۇپ، ئۇ ئۆز ئەسىرىدە بىزنى ئەينى ۋاقىت-تىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ رېئال ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن. ئەمما ئاپتورنىڭ كەمچىلىكى شۇكى، مەزكۇر ئەسەردە ئوخ-شاش بولمىغان دەۋردىكى ماتېرىياللار ۋە بەزى ئەھۋاللار ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇلغان. بەزىدە ھازىرقى زاماندىكى ئەھۋاللار بايان قىلىنغان بولسا، ئاساسلانغان ماتېرىياللار ئەمەلىيەتتە بۇرۇنقى دەۋردىكى خانلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇڭا ئالىملار بۇ كىتابتىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان ۋاقىتتا، ماتېرىياللارغا بولغان پەرق ئېتىشنى كۈچەيتىش كېرەك. گەرچە مۇشۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بۇ كىتاب يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كىتاب 1930 - يىلى لېنىنگرادتا فوتو باسما قىلىپ چىقىرىلغان بولۇپ، كىرىش سۆز قىسمىنى بارتولد يېزىپ بەرگەن. كېيىن ئەنگلىيە-لىك ئالىم مىنورسكى تەرىپىدىن ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، 1937 - يىلى تۇنجى نەشرى چىققان. 1970 - يىلى لوندوندا بوسفورس تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئىككىنچى نەشرى نەشردىن چىققان. ئىنگلىزچە نۇسخىسىدا تەرجىمانىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى بېرىلگەن. بارتولد بۇ كىتاب ھەققىدە توختىلىپ: « بۇ قىزىقارلىق ئەسەرنىڭ مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، ئۇ

ساقلىنىپ قالغان ئەرەبچە جۇغراپىيە ئەسەرلىرىگە قارىغاندا تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ ياشىغان جايلىرى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەيرىي مۇسۇلمانلار
ھەققىدە ئىنتايىن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش بەرگەن » ① دېگەن .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار پەقەت سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى
ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرى . ئەمەلىيەتتىكى
مەزمۇنلار بىز بۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتكەن مەزمۇنلاردىنمۇ كۆپ ۋە مول .
شۇڭا خەلقئارادىكى ئالىملار بۇ مەزگىلدىكى تارىخنى سۆزلىگەندە بۇ
دەۋرنى ھەمىشە ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر دەپ تەرىپلىشىدۇ ھەمدە بۇ مەز-
گىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىغا
قويۇشىدۇ . بۇ ئەلۋەتتە مۇبالىغە ئەمەس .

دىن ۋە تىلنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن جۇڭگونىڭ ئىچكى را-
يونلىرىدىكى خەنزۇلارنىڭ بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بولغان
تونۇشى چوڭقۇر بولمىغان . بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان يۈزەكى تونۇشتۇ-
رۇش كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا يەنىلا زۆرۈردۇر .

① « بارتولد ئەسەرلىرى » . رۇسچە نەشرى ، 1 ـ جىلد ، 58 ـ بەت .

## سامانىيلار خاندانلىقى خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى
(مىلادى — ھىجرىيە)

| | | | |
|---|---|---|---|
| ناسىر | 892 | 864 —— 279 | 250 يىللار |
| ئىسمائىل | 907 | 892 —— 295 | 279 يىللار |
| ئەخمەد | 914 | 907 —— 301 | 295 يىللار |
| ناسىر II | 943 | 914 —— 331 | 301 يىللار |
| نوھ | 954 | 943 —— 343 | 331 يىللار |
| ئابۇل ئەلى مالىك | 961 | 954 —— 350 | 343 يىللار |
| مەنسۇر | 976 | 961 —— 366 | 350 يىللار |
| نوھ II | 997 | 976 —— 387 | 366 يىللار |
| ئەبۇل خالىس مەنسۇر | 999 | 997 —— 389 | 387 يىللار |
| ئابدۇل مالىك | 999 | 999 —— 389 | 389 يىللار |
| مۇنتەسىر | 1005 | 1000 —— 395 | 390 يىللار |

## 8 - بۆلۈم سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى

مىلادى X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ سامانىيلار خاندانلىقى زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى. خاندانلىقنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىمۇ ئىچكى مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن خارابلىشىپ، كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان خاندانلىقنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن تۈرك سەركەردىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ سامانىيلار خاندانلىقىنى ئاجىزلىتىۋەتتى. مىلادى 943 - يىلى تەختكە چىققان نوھ دەسلەپتىلا قىيىن شارائىتقا دۇچ كەلدى. ئالدى بىلەن ئۇ مالىيە جەھەتتىكى قىيىنچىلىققا دۇچ

كەلدى. 942 - يىلى دۆلەت خەزىنىسى ئۇغۇرلاندى ھەمدە كېيىنكى ھەر قايسى جايلاردىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ مىقداردا ئىقتىساد سەرپ قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن سامانىيلار خاندانلىقى كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن 942 - يىلىدىن باشلاپ ئاھالىلەردىن يىلىغا ئىككى قېتىم ئولپان يىغدى. مەقدىسى بۇ ھەقتە توختىلىپ: بۇ زايوم تارقىتىش شەكلى بىلەن مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن باج يىغىۋېلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ھۆكۈمەت ھېچقاچان بۇ زايومنى قايتۇرۇپ باقمىغان دەپ زىكىر قىلغان. دەرۋەقە، دۆلەتنىڭ چىقىمى كىرىمىدىن ئېشىپ كېتىپ، دائىمىي قوشۇنلار، ھەتتا مۇھاپىزەتچى قىسىملار تەمىناتقا ئىگە بولالماي، قوشۇندا نارازىلىق كەيپىياتى شەكىللەنگەن. قوشۇندىكىلەر بۇ ئىشنىڭ ھەممىسىنى باش ۋەزىردىن كۆرگەن. نەتىجىدە نوھ ئەسكەرلەرنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، باش ۋەزىرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

بۇ مەزگىلدە، خۇراساندا يەنە قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ھاكىمىيەت تارتىۋېلىش ئۇرۇشلىرى يۈز بەردى. ئەسلىدە چاغانىيەدىكى چوڭ فېئودال ئەبۇ ئەلى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ خۇراساندىكى نائىبى بولۇپ، ئۇنىڭ خەلققە قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغانىدى. شۇڭا مىلادى 945 - يىلى خۇراسان خەلقى نوھقا ئەبۇ ئەلىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى توغرۇلۇق شىكايەت قىلغاندا، نوھ ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىشنى قارار قىلغان. لېكىن ئەبۇئەلى ئەينى چاغدىكى ئەسكەرلەرنىڭ نارازىلىقىنى ۋە نوھنىڭ ھەربىي كۈچ ئىشلىتىشكە قادىر ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۆزىگە بەك ئىشىنەتتى ھەمدە نوھنىڭ تاغىسى ئىبراھىم بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سامانىيلار خاندانلىقىدىن نارازى بولغان بىر بۆلۈك قوشۇنلارنىڭ ھىمايىسىدە مىلادى 947 - يىلى پايتەخت بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە نوھ ئىلاجسىزلىقتىن سەمەرقەنتكە قېچىپ كەتتى.

ئەبۇ ئەلى قاتارلىقلار بۇخارادا ئىككى ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئاخىر خەلقنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن بۇخارادىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما ئىبراھىم بىلەن نوھنىڭ قېرىنداشلىرى يەنىلا

بۇخارادا قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي نوھ بۇخاراغا قايتىپ كېلىپ، ئىبراھىم ھەم ئىككى قېرىندىشىنى ئۆزىگە تارتتى. ئەبۇ ئەلى بەلخكە چېكىنىپ، بۇ جاينىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ قوللىشى ئاستىدا بۇخاراغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولدى. ئەبۇ ئەلى يەنە بەلخكە چېكىنىپ ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەر بىلەن بىللە سامانىيلار خاندانلىقىغا قارشى تۇردى. ئاخىر ئىككى تەرەپ سۈلھى تۈزۈپ، 948 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇرۇش توختاتتى. 951 - يىلى ئەبۇ ئەلى قايتىدىن خۇراساننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەندى. ئەبۇ ئەلى خۇراساننىڭ نائىبلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ خۇراساندىكى ھەر قايسى مەسچىتلەردە خەلىپە مۇتەرىزنىڭ نامىغا قۇتبە ئوقۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزىنىڭ سامانىيلار خاندانلىقىغا بېقىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

نوھ 954 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇل ئەلى مالىك تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەبۇ ئەلىنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بەكرى ئىسىملىك كىشىنى خۇراساننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىدى.

ئابدۇل ئەلى مالىك ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل (954 — 961) دە، سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ بارلىق ھوقۇقى دېگۈدەك تۈرك مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرى سەركەردىلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ھەتتا ۋەزىر تەيىنلەش ئىشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن خۇراساننىڭ نائىبى بەكرى تۈرك مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرىنى مەنسىتمىگەنلىك جىنايىتى بىلەن چوڭ ھاجىپ ئالپتېكىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەينى چاغدا چوڭ ھاجىپ ئالپتېكىن قوشۇلمىسا، ھەرقانداق ئىشنى بېجىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئالپتېكىن تۈرك قۇل بولۇپ، پەيدىنپەي چوڭ ھاجىبلىققا كۆتۈرۈلگەن. بۇ سەركەردە سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمدارى ئىدى.

ئابدۇل ئەلى مالىك ئالپتېكىننىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى

ھەمدە ھەر ۋاقىت ئۇنى كۆزىدىن يىراق قىلىشنى پىلانلىدى. 961 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇنى خۇراساننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئابدۇل ئەلىي مالىك بىر قېتىملىق ئات توپى ئويۇنى ( چەۋگەن ئويۇنى ) دا ئۆلتۈرۈلدى. ئالىپتېكىننىڭ قەتئىي تەشەببۇسى ئارقىسىدا ئابدۇل ئەلىي مالىكنىڭ ئوغلى ناسىر III ( بۇ چاغدا ناسىر تېخى كىچىك ئىدى ) تەخت ۋارىسى دەپ جاكارلاندى. لېكىن ئۇ سامانىيلار خاندانلىقىغا پەقەت بىر كۈنلا پادىشاھ بولالىدى، چۈنكى باشقا سەركەردە ھەم چوڭ فېئوداللارنىڭ قارشىلىقى بىلەن نوھنىڭ ئوغلى مەنسۇرنى سامانىيلار پادىشاھى قىلىپ تىكلىدى. (961 ــــ 976 )

بۇ قېتىملىق تەخت ۋارىسى قويۇش تالاش ـ تارتىشىدا، ئالىپتېكىن فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. نەتىجىدە ئالىپتېكىن خۇراساننىڭ مەركىزى نىشاپۇردا نۇرغۇن قوشۇننى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ يېڭى پادىشاھى مەنسۇرغا قارشى چىقتى ھەمدە مەنسۇرنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشىنى قانۇنسىزلىق دەپ جاكارلاپ، زور تۈركۈمدە قوشۇن ئەۋەتىپ ماۋرا ئۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. مەنسۇر ئالىپتېكىنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىر بۆلۈك قوشۇن ئەۋەتىپ ئامۇ دەرياسىنى مۇداپىئە قىلدى. مەرۋى ۋە بەلخ رايونلىرىدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە قېتىم توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ئاخىر ئالىپتېكىن مەغلۇپ بولۇپ غەزنىگە چېكىندى ھەمدە بۇ يەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. ئالىپتېكىن غەزنىۋىگە مىلادى 962 ـ يىلىدىن تاكى 976 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ مەزگىلدە غەزنە رايونى سامانىيلار خاندانلىقىدىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مىلادى 962 ـ يىلى ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد سىمجۇرى خۇراساننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەندى.

سامانىيلار پادىشاھى مەنسۇر مىلادى 976 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئوغلى ئۇبۇل قاسىم نوھ ( ئۇ، بۇ چاغدا 13 ياشقا توشمىغانىدى ) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. تارىختا ئۇ نوھ II دەپ ئاتالدى ( 976 ــــ 997 ).

مىلادى 977 - يىلى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ نائىبلىق قىلىشى بىلەن ئۇتبى (تولۇق ئىسمى ئەبۇل ھۇسەيىن ئابدۇللاھى ئەبۇ ئەخمەدى ئۇتبى) ۋەزىرلىككە تەيىنلەندى. بۇ مەزگىلدە دۆلەت تەۋەسىدىكى تەسىر كۈچى ئەڭ زور بولغان ھەربىي ئاتامان يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خۇراساننىڭ نائىبى ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد سىمجۇرى ئىدى. بۇ كىشى كوردىستان (ھازىرقى ئىران تەۋەسىدە) نىڭ ۋاسسالى بولۇپ، نامدا سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ خۇراساندىكى نائىبى بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر مۇستەقىل خان ئىدى. نوھ II تەختكە چىققان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالغاچقا، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۈچىيىشكە باشلىدى. ۋەزىر ئۇتبى خاندانلىقنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشتە سىمجۇرىنى ئەڭ چوڭ توسالغۇ دەپ قاراپ، مىلادى 982 - يىلىغا كەلگەندە ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىش توغرۇلۇق پادىشاھقا تەكلىپ بەرگەندى. سىمجۇرى مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتى كوردىستانغا قايتتى. ئۇتبى ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ قولى ھاجىب تاشنى خۇراساننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىدى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇتبى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇتبىدىن كېيىنكى ۋەزىرلەرمۇ سامانىيلار خاندانلىقىنى گۈللەندۈرەلمىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، سىمجۇرى ئۆزىنىڭ خۇراساندىكى نائىبلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مىلادى 989 - يىلى سىمجۇرى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا ئوغلى ئەبۇ ئەلى ۋارىسلىق قىلدى. ئەبۇ ئەلى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەرنى بىر تۇتاش باشقۇردى. ئەمما ئۇ قوشۇنىنىڭ چىقىمىنى مۇقىملاشتۇرىمەن دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۆزىگە ئايرىپ بېرىلگەن رايونلاردىن يىغىلغان باجنى دۆلەتكە تاپشۇرماي، ئۆزى ئىشلەتتى. ھەتتا خان جەمەتىگە تەۋە بەزى زېمىنلارنىمۇ ئىگىلىۋالدى. ئۇ خۇددى مۇستەقىل بىر پادىشاھدەك ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزەتتى.

بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئەبۇ ئەلى شىنجاڭدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن مەخپىي كېلىشىم ئىمزالاپ، تۈركلەرنى سامانىيلار

خانىدانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى دېيىلىدۇ. 992 ـ يىلى چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى بالاساغۇن رايونىدا تۇرۇۋاتقان ھارۇن بۇغراخان قوشۇن باشلاپ سامانىيلار خاندانلىقى زېمىنىغا توسالغۇسىز بېسىپ كىردى. ئەبۇ ئەلى سامانىيلار خاندانلىقىغا ياردەم بەرمىدى، ساما- نىيلار خاندانلىقىنىڭ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەن سەركەردىسى فائىك ئاسىيلىق قىلىپ، تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ، بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنى ئوڭايلا سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئىگىلىۋالدى. نوھ II ئامۇرغا قېچىپ كەتتى.

سامانىيلار خاندانلىقى يوقىلىشقا ئاز قالغان ھالقىلىق پەيتتە، ھارۇن بۇغراخان كېسەل بولۇپ، قايتىش سەپىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئولجىلارنى بۆلۈشۈپ يايلاققا قايتتى. نوھ II پايتەختكە قايتىپ كېلەلىمىدى. گەرچە سامانىيلار خاندانلىقى ۋاقىتلىق قۇتۇلۇپ قال- غان بولسىمۇ، لېكىن ئەبۇ ئەلى بىلەن فائىك تىل بىرىكتۈرۈپ خۇراسان ۋە بەلختە نوھ II گە قارشى چىقتى.

نوھ II ئىلاجسىزلىقتىن غەزنىۋىلەرنىڭ ھۆكۈمرانى سۇبۇقتېكىن- دىن ياردەم تىلىدى.

سۇبۇقتېكىن بۇ چاغدا پۈتكۈل غەزنىۋى رايونى ھەم ھىندى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ھەمدە داۋاملىق تۈردە ھىندىستانغا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاچقا، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا سامانىيلار خاندانلىقى پادىشاھىغا ھۆرمەت قىلغاچقا، نوھ II نىڭ مۇراجىئىتىگە ئاۋاز قوشقانىدى.

مىلادى 994 ـ يىلى سۇبۇقتېكىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەخمۇت بىر بۆ- لۈك قوشۇنلارنى ھەم 200 دەك جەڭ پىلىنى ئېلىپ دەرھال ئامۇ دەرياسىغا قاراپ يول ئالدى. غەزنىۋى قوشۇنلىرى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كې- يىن ئوڭ تەرەپتىن كىش (ھازىرقى شەھرى سەبىز) قا كىردى. ئاندىن كېيىن نەخشەب (بۇگۈنكى قارشى) گە كىرىپ، نوھ II نىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ ئەبۇ ئەلى بىلەن فائىكقا ھۇجۇم قىلدى. ھىرات تۈزلەڭ-

لىكىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە ئەبۇ ئەلى ۋە فائىق قوشۇنلىرى قاتتىق مەغلۇپ بولدى. ئەبۇ ئەلى ۋە فائىق مەغلۇپ بولغان قوشۇنلىرىنى باشلاپ نىشاپۇر ۋە گورگانغا قېچىپ كەتتى. نوھ II سۇبۇقتېكىننىڭ ئوغلى مەھمۇدنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭغا خۇراساننىڭ نائىبلىق ئورنىنى بەردى. سۇبۇقتېكىن «دىن ۋە دۆلەتنىڭ پاسبانى» دېگەن نامغا ئېرىشتى، مەھمۇد «دۆلەت قىلىچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

سۇبۇقتېكىن قاتارلىقلار غەزنىۋىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەبۇ ئەلى كۈچ توپلاپ نىشاپۇرغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى. لېكىن مەھمۇد تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. ئەبۇ ئەلى ئامۇرغا چېكىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە خارەزىمگە باردى. كېيىن قازراسپتا خارەزىم شاھى ئەبۇ ئابدۇللاھى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىندى. ئەينى ۋاقىتتىكى گورگاننىڭ ۋالىيسى مەئمۇن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، پادىشاھ نوھ II دىن ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئەلى بۇخاراغا ئېلىپ كېلىندى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا سۇبۇقتېكىننىڭ تەلىپى بىلەن غەزنىگە ئېلىپ كېلىنىپ، مىلادى 997 - يىلى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى.

غەزنىۋى خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ياردىمى ئاستىدا نوھ II گەرچە ۋاقىتلىق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن دۆلەتنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى سىر دەرياسى ئېقىنىدىكى كەڭ رايونلارنى قاراخانىيلارغا تارتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي غەزنىۋى خاندانلىقى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ، سامانىيلار خاندانلىقى پادىشاھىنىڭ ھوقۇقى نامدا بار ئەمەلىيەتتە يوق بولۇپ قالدى.

مىلادى 997 - يىلى نوھ II بىلەن سۇبۇقتېكىن ئالەمدىن ئۆتتى. نوھ II نىڭ ئوغلى ئەبۇل خالىس مەنسۇر تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ئەمىر بولدى. تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دۆلەتتە قوزغىلاڭ يۈز بېرىپ، قوزغىلاڭچىلار قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىلىك ناسىردىن ياردەم سورىدى. قوزغىلاڭ گەرچە غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن سامانىيلار خانلىقىنىڭ ۋەزىرى بەگ تۈزۈن ئەبۇل خالىس مەنسۇر-

نىڭ غەزنەۋى خاندانلىقىدىكى سۇلتان مەھمۇد بىلەن بىرلىشىشىدىن قورققاچقا ، 999 - يىلى 2 - ئايدا ئۇنىڭ ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ ئىنىسى ئابدۇل مالىك ئىبنى نوھنى تەختكە چىقاردى . بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىلىك ناسىر سامانىيلار خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە ئۆزىنى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ « دوستى » ، «قوغدىغۇچىسى » دەپ جاكارلاپ ، بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى . مىلادى 999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ، ئىلىك ناسىر زور تۈركۈمدىكى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ قەشقەردىن ماۋرائۇننەھر رايونىغا كىرىپ ، ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالدا سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئىگىلەپ ، دۆلەت خەزىنىسىنى قولغا چۈشۈردى ، سامانىيلار خاندانلىقى پادىشاھى تۈرمىگە تاشلىنىپ ، كېيىن تۈرمىدە ئۆلدى . شۇنىڭ بىلەن سامانىيلار خاندانلىقى ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇلۇپ ، ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرغان ھاكىمىيەتلىرى مەڭگۈگە ئاياغلىشىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركلىشىش دەۋرى باشلاندى .

# ئىزاھات

# نىڭ نەسەبنامىسى



## ئون ئىككىنچى باب

## تۈركلىشىش دەۋرى

ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋرا ئۇننەھرى رايونى قەدىمكى دەۋردە ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەت — ئارىيانلار ئولتۇراقلاشقان جاي. گەرچە مىلادى VI ئەسىردىن كېيىن نۇرغۇنلىغان تۈركىي خەلقلەر كىرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا ئىران تىلى سىستېمىسىغا تەۋە ئىدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى پەقەت بىر خىل مېتروپولىيە بولۇپ، بۇ رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ تىل، دىن، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەنىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ رايوندىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلىرى شەھەر دۆلەتلىرى، بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى خەلقلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان. سامانىيلار خاندانلىقىنى ئەڭ ئاخىرقى ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى خاندانلىق دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خاندانلىق مىلادى 999-يىلى رەسمىي تۈردە تۈركىي مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى قايتا ئەسلىگە كەلمىدى. مىلادى XI ئەسىردە، قاراخانىيلار سۇلالىسى، غەزنەۋى خاندانلىقى ۋە سالجۇقىيلار سۇلالىدىن ئىبارەت تۈركىي مىللەتلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ ئۈچ خاندانلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ ئۈچ خاندانلىق ئارىيانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي كۈچىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاھالىلەرمۇ پەيدىنپەي تۈركلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىندى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللەت، دىن، تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت بىرلىككە كېلىپ پۈتكۈل ئوتتۇرا

ئاسىيا رايونى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى . ئەينى ۋاقىتتا ، تۈركلەشتىن ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم ئارىيانلار پامىر ئېگىزلىكى رايونىغا بېرىپ ، كېيىنكى تاجىك مىللىتىنى شەكىللەندۈردى . بۇنىڭ بىلەن ماۋرا ئۇننەھر رايونى « تۈركىستان » دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى . شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، مىلادى XI ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش بولغان دەۋر ، شۇنداقلا ئىنتايىن مۇھىم دەۋردۇر .

تۆۋەندە يۇقىرىقى ئۈچ خاندانلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارىخى ئۈستىدە توختىلىمىز .

## 1 - بۆلۈم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە غەربىي تارىمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى

قاراخانىيلار سۇلالىسى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ، يەنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈرك قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان . بۇ تۈرك قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش جەريانى ئون بىرىنچى بابنىڭ بەشىنچى بۆلۈمىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇلدى . ئۇلار سامانىيلار خاندانلىقى ئاغدۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ، بىر تىپىك كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ئىسلام دۆلىتىنى شەكىللەندۈرگەن . لېكىن بۇ دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پۈتكۈل دەۋردە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەپ ئاتالمىغان . قاراخانىيلار سۇلالىسى دېگەن بۇ نامنى روسىيىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخچىسى گىرىگورىيېۋ ( 1816 — 1881) قوشۇپ قويغان . ئىسلام تارىخىي ماتېرىياللىرىدا بولسا بۇ سۇلالە « ئافراسىياپ خان جەمەتى خاندانلىقى » دەپ زىكىر قىلىنغان . بەزىدە يەنە ئۇلارنىڭ خاس ئىسمى بىلەنمۇ ئاتالغان .

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسىنى ئىلگىرىكى تارىخچىلار موڭغۇل دالاسىدىن غەربكە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار دەپ قاراپ كەلگەنىدى . ھازىرمۇ دۆلەت ئىچىدىكى تارىخچىلار شۇنداق دەپ قاراپ كەلمەكتە . يەنە بۇ سۇلالە ياغما قەبىلىسى ( ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى )

تەرىپىدىن قۇرۇلغان دېگەن قاراشلارمۇ بار. گېرمانىيە تارىخچىسى پىرىتساك بۇ سۇلالىنى سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن قوشنا بولغان قارلۇق قەبىلىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشى دۆلەت سىرتىدا بىرقەدەر ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي مىللەتلەرگە تەۋە قەبىلىلەردۇر. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن شەرقىي قىسمىدىكى تۈركىي قەبىلىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى بىلگە كۆل قادىرخان بولۇپ، مىلادى XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدا سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن توقۇنۇشقان. ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى: چوڭ ئوغلى بازىر چوڭ خانلىققا تەيىنلىنىپ، بالاساغۇندا ھۆكۈمرانلىق قىلدى؛ ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇرساق قادىر ئورۇنباسار خانلىققا تەيىنلىنىپ تالاسقا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېيىن قەشقەرگە يۆتكەلدى. ئوغۇرساق قادىر سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىل بىلەن دەۋرداش شەخستۇر. ئۇ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، سامانىيلار خانىنىڭ ئوغلى ناسىرنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاتۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن ئوغۇرساق قادىرنىڭ جىيەنى بازىرنىڭ ئوغلى يەنى قاراخانىيلار پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ناسىرنىڭ تەسىرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە مۇسۇلمانچە «ئابدۇلكېرىم» دېگەن ئىسمنى قوللاندى. كېيىنكى چاغلاردىكى شىنجاڭنىڭ غەربىدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرا ئۇننەھر رايونىغىچە بولغان بىپايان زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى دەل مۇشۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتى گەرچە غەربىي ئاسىيادىن كەلگەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان

بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئالتاي تىللىق سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەسلىدە بار ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى قوللاندى. ئالدى بىلەن «قوش خانلىق تۈزۈمى» ( dual kingship ) نى يولغا قويۇپ، سۇلالىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ ئىدارە قىلدى. ئادەت بويىچە، خاننىڭ چوڭ ئوغلى چوڭ خاقان ئارسلانخان دەپ ئاتالدى. قاراخان نامدا دۆلەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئاتامانى بولۇپ بالاساغۇن ( kara orda) دا تۇردى. كىچىك ئوغلى ئورۇنباسار خاقان بۇغراخان دەپ ئاتالدى. ئۇ دەسلەپ تالاستا تۇرۇپ، كېيىن قەشقەرگە يۆتكەلدى. يۇقىرىقى ئىككى ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمداردىن باشقا، يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئىلىك» ۋە «تېكىن» يەنى: ئارسلان ئىلىك، بۇغرا ئىلىك، ئارسلانتېكىن، بۇغراتېكىن دېگەن ئىككى خىل مەنسەپ تەسىس قىلىندى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرلىرى بولسا ئۆگە، ئەركىن، چۇرتېكىن، سانغۇن، ئىنانچىبەگ دېگەنناملار بىلەن ئاتالدى.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنكى چاغلاردا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. يەنى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ بالىسى ( يەنى بايتاش مۇسانىڭ ئوغلى ) ئەلى ئۆزى بىر گۇرۇھ بولۇپ ئەلى سىستېمىسىنى، كىچىك ئوغلىنىڭ بالىسى ( يەنى سۇلايماننىڭ ئوغلى ) ھەسەن بىر گۇرۇھ بولۇپ ھەسەن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىندەك، مىلادى 999 - يىلى سامانىيلار خاندانلىقىنى ئاغدۇرغان كىشى ئىلىك ناسىر دەل ئەلىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئاكىسى ئەخمەد ئەينى چاغدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خانى بولغاچقا، ئۇ ئىلىك دەپ ئاتالغانىدى.

ئەخمەد مىلادى 998 - يىلى ( سامانىيلار خاندانلىقى ئاغدۇرۇلۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى ) پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك ئىدى: سۇلالىدىكى بارلىق تۈركىي قەبىلىلەر ئاساسەن ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغانىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش، مىلادى 960 - يىلى 200 مىڭ تۈتۈن تۈرك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى بايتاش مۇسا دەۋرىدىن باشلاپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى خوتەننى

بـويسۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان غازات ئۇرۇشىنى قوزغىدى . مۇسا ۋە ئۇ-
نىڭ ۋارىسلىرى ھەتتا ئۇنىڭ ئوغلى ئەلى خوتەنگە بولغان غازات ئۇرۇشىدا
تـەخـمـىـنـەن مـىلادى X ئەسـىرنىڭ ئاخىرى ۋە XI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا
كـەلگەندىلا خوتەن رايونى قاراخانىيلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى ھەمدە
ئىسلام دىـنـىـنـى قـوبـۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى . ئەلىنىڭ ياندىش خانى
ئۇنـىـڭ بـىـر نەۋرە قېرىنداشى ئىدى . يەنى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كەنجى
ئوغلى سۇلايماننىڭ پەرزەنتى بىلەن بىر نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلار ئىدى . دەل
بـۇ كـىـشى يەنى ھەسەن ( سۇلايماننىڭ ئوغلى ) مىلادى 992 ـ يىلى ساما-
نىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بۇخاراغا بېسىپ كىردى .

مـىلادى 999 ـ يىلى ، ئىلىك ناسىر بۇخاراغا يەنە بىر قېتىم بېسىپ
كـىـرىـپ ، سامانىيلار خاندانلىقىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئاغدۇرۇۋەتتى . ساما-
نـىيلار خـانـدانـلـىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئۇبۇل پاۋارىس ئابدۇل مالىكنىڭ
ئىـنـىـسى ئەبۇ ئىبراھىم پەرغانە رايونىنىڭ ئۆزگىنە دېگەن جايىدا تۇرمىگە
ئېـلـىـنـدى . ئۇزاق ئۆتـمـەي ، ئۇ يـەنە ئايالچە ياسىنىپ تۇرمىدىن قېچىپ
چـىقتى ھەمدە ئۆزىنى « مۇنتەسىر» ( غەلىبە قىلغۇچى ) دەپ ئاتاپ ، ساما-
نـىيلار خـانلىقىنى تىرىلدۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇ ئالدى
بـىـلـەن بـۇخاراغا باردى . ئاندىن خارەزىمگە كەلدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە
قـوشۇن تـوپلاپ بـۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە بۇخارادىكى قاراخانىيلار
قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىش بىلەن بىللە سەمەرقەنتتىن كەلگەن ياردەمچى
قـوشـۇنىمۇ قاتتىق مەغلۇپ قىلدى . شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار ئىلىك نا-
سىـر قـومـانـدانلىقىدىكى ئاساسىي قوشۇننى ھۇجۇمغا ئەۋەتتى . مۇنتەسىر
قارشىـلىق كۆرسىتەلمەي ، جەڭ قىلمايلا بۇخارانى تاشلاپ خۇراسانغا قې-
چـىـپ كـەتـتـى . ئۇ يـەردە ئۇنـىـڭ قالدۇق قىسىملىرى غەزنەۋى خانلىقى
تـەرىـپىدىن يوقىتىلدى . مىلادى 1003 ـ يىلىغا كەلگەندە ، مۇنتەسىر يەنىلا
مـاۋرا ئۇنـنـەھر رايـونـىـغـا قـايـتـىـپ ، ئوغۇزلاردىن ياردەم تىلىدى ھەمدە
ئوغـۇزلارنىڭ زور كۆچ بىلەن ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا زەرەپشان دەريا ۋا-
دىـسـى ۋە سـەمـەرقـەنـت ئەتـراپـىـدا قاراخانىيلار قوشۇنىنى قاتتىق تارمار
قـىـلـدى . ئوغـۇزلار بـۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا نۇرغۇنلىغان ئولجا ۋە كۆپلىگەن

ئەسىرگە ئىگە بولدى. لېكىن مۇنتەسىر ئوغۇزلارنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن تىل بىرىكتۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ، 1003 ـ يىلىنىڭ كەچكۈزلىرىدە 700 نەپەر پىيادە ئەسكىرى ھەم ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئابۋېرت (ھازىرقى ئاشخاباد ئەتراپى) دا بارگاھ قۇرماقچى بولدى. كېيىنكى يىلى ئويلىمىغان يەردىن خارەزىم قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ تارمار قىلىندى. كېيىن مۇنتەسىر سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ باش سوراقچىسى ھارسىنىڭ 3000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ياردەمگە كېلىشى ھەمدە شەيخلەر ۋە ئۇلارنىڭ چاكارلىرىنىڭ قىزغىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى شۇنىڭدەك ئوغۇزلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، مىلادى 1004 ـ يىلىغا كەلگەندە، قاراخانىيلار قوشۇنىنى تارمار قىلدى. لېكىن بۇ قېتىمقى جەڭدە مۇنتەسىر قول ئاستىدىكى بىر مۇھىم سەركەردىنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى بىلەن خۇراسانغا قېچىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم بۇخاراغا قايتىش سەپىرىدە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىدى. قاراخانىيلار قوشۇنى ئامۇ دەرياسىدىكى بارلىق كېچىكلەرنى قاتتىق قورشاپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ۋە قوللىغۇچىلىرىنى ئەسىرگە چۈشۈردى ھەمدە ئۆزگەنگە يالاپ ئېلىپ كەتتى.

مۇنتەسىر ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن سەككىز كىشى قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما 1005 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا مەرۋى ئەتراپىدا بىر ئەرەب قەبىلىسىنىڭ سەردارى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

مۇنتەسىرنىڭ يوقىتىلىشى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىتىلغانلىقىنى ھەم خاندانلىقنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈمىدىنىڭمۇ مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا تۈركلىشىش دەۋرى رەسمىي باشلاندى.

ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ ئىستېلاچىسى ئىلىك ناسىر دەسلەپتە ئۆزگەنىدە تۇردى. كېيىن سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن سەمەرقەنتكە كۆچۈپ كەلدى. بۇ مەزگىلدە، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زېمىنى شەرقتە تەڭرى تېغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كەڭ رايونلاردىن

غەربتە تاكى ماۋرا ئۇننەھر رايونىغىچە كېڭەيدى، ئەمما خارەزىمنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدى، جەنۇبتا ئامۇ دەرياسى ۋە غەزنىۋى خاندانلىقىنىڭ زېمىنى بىلەن تۇتاشتى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زېمىنى گەرچە مۇشۇنداق كەڭ دائىرىگە سوزۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بىرلىككە كەلگەن مۇستەھكەم ھاكىمىيەت بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ سۇلالە بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەتكە ئايلىنالمىدى. تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرىدىن كېلىپ چىققان قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئادەتتە قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئوخشايتتى. قاراخانىيلار پادىشاھى پۈتكۈل يەر- زېمىنلارنى ئۆز جەمەتىگە ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرىغا بۆلۈپ بېرەتتى. شۇڭا ئۆزئارا ھوقۇق ۋە زېمىن تالىشىش ئۇرۇشلىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ، مۇستەقىل يەر- زېمىن ئىگىلىرىگە ئايلىناتتى. ھەر قايسى يەر ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن يەر- زېمىن تالىشىش ئۇرۇشلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى چېگرا- پاسىللارنىمۇ زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. ئىلگىرىكى سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت تۈزۈمى، ئۇ خىلدىكى تەرەققىي قىلغان ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ۋە بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ھاكىمىيىتى ئەمەلىيەتتە يوقىلىپ، سامانىيلار خاندانلىقىدىن ئىلگىركى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يەر ئاقسۆڭەكلىرى (دېھقانلار) قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلىغانىدى. بۇ يەر ئاقسۆڭەكلىرى، يەنى دېھقانلار سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن تۈزۈمنىڭ قايتا تىرىلىشىدىن بەك قورقاتتى. ھەتتا تۈركلەردىنمۇ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا بۇ مەزگىلدە ئىلىك- دېھقان قۇيما پۇلى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى باشقۇرىدىغان بىر بۆلۈك دېھقانلار قوشۇنىمۇ بارلىققا كەلگەنىدى. ئەمما دېھقانلارنىڭ بۇنداق باش كۆتۈرۈشىمۇ ئۇزاق داۋاملاشمىدى. ئۇلار 200 يىل جەريانىدا تەدرىجىي يوسۇندا يوقىلىشقا باشلىدى. XIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى موڭغۇللار ئىستېلاسى مەزگىلىگە كەلگەندە، بۇ قاتلام ئاللىبۇرۇن تىلغا ئېلىنمايدىغان بولدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى غەزنىۋى خاندانلىقى بىلەن گەرچە ئامۇ

ئىمزالىغان كېلىشىم توغرۇلۇق قىلىش پاسىلى پاسىلى دۆلەتنىڭ ئىككى ياسىنى
جەنۇبىدىكى دەرياسىنىڭ ئامۇ سۇلالىسى قاراخانىيلار لېكىن ، ـــمۇ
ئەمەل كېلىشىمگە ، قىلىپ كېڭەيمىچىلىك جايلارغا قاتارلىق ۇراسان
سۇلتان پادىشاھى خاندانلىقىنىڭ غەزنىۋى يىلى ـ 1006 ملادى . لمىدى
قاراخانىيلار ، ۋاقىتتا كەلگەن مۇرتانغا قىلىپ يۇرۇش ھىندىستانغا مۇت
بەلخنى ۋە نىشاپۇر ئەۋەتىپ قوشۇن تۈركۈم ئىككى ۇلالىسى
ھىندىستان- ، كېيىن بولغاندىن خەۋەردار بۇنىڭدىن مەھمۇت . ارتىۋالدى
، چېكىندۇرۇپ قوشۇننى سۇلالىسىنىڭ قاراخانىيلار كېلىپ قايتىپ ـن
قو- قاراخانىيلار ئۇرۇشتا نىشاپۇردىكى . قايتۇرۇۋالدى بەلخنى ۋە ىشاپۇر
بىراقلا ئەسكەر دەك 900 ۋە سۇباشىتېكىن سەركەردىسى باش ۇنىنىڭ
ئىككىنچى ئۇچۇن ئېرىش ياردەم سۇباشىتېكىنگە ئېلىك . چۇشتى سىرگە
دەرياسى ئامۇ قوشۇن بۇ . قىلدى ھۇجۇم بەلخكە ئەۋەتىپ قوشۇن ېتىم
قاتتىق تەرىپىدىن قوشۇنلىرى ناسىرنىڭ ئىنىسى مەھمۇتنىڭ ساھىلىدا
گەردىزنىڭ ھەققىدە ئۇرۇش قېتىمقى بۇ . قىلىندى مەغلۇپ
ھۇجۇمغا ئەسكەرلەر قوشۇندىكى خاندانلىقى غەزنىۋى ، خاتىرىلىشىچە
ئېلىك . ئېيتقان ناخشا چە ( ئۇيغۇر) تۈرك ئاھاڭدا خوتەنچە ئۆتكەندە
يۇ- ھۆكۈمرانى خوتەننىڭ ھالدا خاتا ئەسكەرلەر قىسمىدىكى ناسىرنىڭ
كەلگەن ياردەمگە قوشۇنغا خاندانلىقى غەزنىۋى باشلاپ قوشۇن سۇپ
بو- پاتىپاراق ھەممە چۈشكەن ۋەھىمىگە قاتتىق ، ئويلاپ دەپ ئوخشايدۇ
بىلەن بۇنىڭ . تاشلىغان دەرياغا ئۆزلىرىنى قورققىنىدىن ، كېتىپ لۇپ
سۇغا ئەسكەرلىرى ساندىكى كۆپ قاتناشقان ئۇرۇشقا بۇ قاراخانىيلارنىڭ
ماۋرائۇننەھر ناسىر ئېلىك يىلى كېيىنكى . كەتكەن بولۇپ غەرق
تۈزۈپ ئىتتىپاق بىلەن يۇسۇپ خان ياندىش ھەممە دېھقانلار رايونىدىكى
ئۇرۇشتىكى قېتىمقى بۇ ئوتبى . قىلدى ھۇجۇم خاندانلىقىغا غەزنىۋى
ئۇلارنىڭ : تەسۋىرلەپ قوشۇنلىرىنى تۈرك سۇلالىسىدىكى قاراخانىيلار
شەمشەر ، شالاڭ ساقىلى ، پاناق بۇرنى ، كىچىك كۆزى ، كەڭ يۈزى
تەس- خەل بۇ) تەسۋىرلەيدۇ دەپ كىيگەن كىيىم كۆلىك رەڭ قارا . تۇتقان
تۈركىي ھازىرقى ھەم ئوخشايدۇ موڭغۇللارغا بۇلار ، ئاساسلانغاندا ۋىرگە

مىللەتلەردىن سەل ـ پەل پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنى قىياس قىلىش مۇمكىنكى، ئۇلار ئېھتىمال «ھۇدۇدۇلئالەم» ۋە «ۋاڭ يەندېنىڭ قۇجۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ناملىق كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان تاتارلار بولۇشى مۇمكىن. قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدە ئەسلىدە نۇرغۇنلىغان تاتارلارمۇ بولغانىدى. ئۇلار تۈركلەر بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ھەم بىرلىكتە جەڭ قىلغانىدى.) مىلادى 1008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ قوشۇنى بەلختىن تۆت پەرسەخ يىراقلىقتىكى بىر كۆۋرۈك ئەتراپىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا غەزنىۋى خاندانلىقى 500 دەك جەڭ پىلىنى ئىشقا سالغاچقا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى جەڭ پىللىرىغا تاقابىل تۇرالماي، پاجىئەلىك تۈردە مەغلۇپ بولدى. نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر ئامۇ دەرياسىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنىدا غەرق بولدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بولغان كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسى پەقەت ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى ۋە ماۋرا ئۇننەھر رايونى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى.

ئىلىك ناسىر ئالەمدىن ئۆتكەن (ھىجرىيە 403 ـ يىلى، مىلادى 1012 ــ 1013 ـ يىللار) دىن كېيىن، ئىنىسى مەنسۇر تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ، ئارسلان ئىلىك دەپ ئاتالدى. مەنسۇر تەخمىنەن ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى ھىجرىيە 406 ـ يىلى (مىلادى 1015 ــ 1016 ـ يىللار) ئاكىسى ئەخمەدنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ يېڭى خاقان (ئارسلانخان) بولدى. ئۇنىڭ تۆتىنچى ئىنىسى مۇھەممەد ئارسلان ئىلىك بولدى. ئۇتبىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ھىجرىيە 408 ـ يىلى (مىلادى 1017 ــ 1018 ـ يىللار) 100 مىڭ چېدىرلىقتىن كۆپرەك غەيرىي دىندىكى بىر كۆچمەن چارۋىچىلار يەتتىسۇ رايونىغا بېسىپ كىرىپ، بالاساغۇندىن سەككىز كۈنلۈك يىراقلىقتىكى مەلۇم بىر جايغا كەلگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خانى ئەخمەد (توغانخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قوشۇن باشلاپ بېرىپ، جەڭ قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە ئۈچ ئايدەك قوغلاپ زەربە بېرىپ، شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەخمەد مىلادى 1018 ـ يىلى بالا-

ساغۇنغا قايتىپ كېلىۋاتقان ۋاقتتا ، براشىندىرنىڭ قارشىچە ، بۇ يەردە
ئېيتىلغان غەيرىي دىندىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئېھتىمال شەرقىي قد
سىمىدىكى ئۇيغۇرلار بولۇشى مۇمكىن . («ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى » ،
ئىنگلىزچە ، 1 ـ جىلد ، 253 ـ بەت ، ئەسلى ئورىگىنالى) . لېكىن فرانسىيە
ئالىمى گرۇسس بۇلارنى لياۋ سۇلالىسى قوشۇنى دەپ قارايدۇ (« يايلاق
ئىمپېرىيىسى » ئىنگلىزچە ، 146 ـ بەت) . بۇ ئېھتىمال «لياۋ تارىخى» نىڭ
44 ـ جىلدىدا خاتىرىلەنگەن كەيتەينىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1013 ـ
يىلى) دا يوللىخ خۇاگىنىڭ زۇبو قەبىلىسىگە جازا يۈرۈش قىلغانلىق پاكى
تىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىردۇر . بۇ ئىش يەنە ۋىزانتىيە تارىخ
ماتېرىياللىرىدىمۇ خاتىرىلەنگەن .

ئەھمەد ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى مەنسۇر
ـاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خانى بولدى . ئەمما قەشقەر ۋە خوتەننىڭ
ۆكۇمدارى ، يەنى ئەسلىدىكى ياغداش خان يۇسۇپ ئۇنىڭ چوڭ خانلىق
ۈرنىنى ئېتىراپ قىلمىدى ھەم ئۆزىنى چوڭ خان دەپ ئېلان قىلدى .
ەنسۇر ھىجرىيە 415 ـ يىلى (مىلادى 1025 ـــ 1024 ـ يىللار) خانلىقتىن
ستېپپا بەردى . بۇنىڭ بىلەن يۇسۇپ رەسمىي تۇردە چوڭ خان بولدى
103 ـــ 1024 ) . لېكىن يۇسۇپنىڭ ئىككى ئىنىسى ئەھمەد ۋە ئەلى
ەلتېكىن ) ئۇنىڭغا قارشى تۇردى . ئەلتېكىن ماۋرائۇننەھر رايونىغا
كۈمرانلىق قىلغاچقا ، ئۇنىڭ بۇخارا ۋە سەمەرقەنتنە مۇستەھكەم ئاساسى
ئىدى . دەرۋەقە ، ئەلى سالچۇقىيلار خاندانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ،
زنىۋى خاندانلىقىغا قارشى تۇردى . بۇنداق ئەھۋالدا ، ھىجرىيە 416 ـ
لى مىلادى 1025 ـ يىلى يۇسۇپخان ئىلاجىسىزلىقتىن غەزنىۋى
ـدانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇلتان مەھمۇد بىلەن بىرلىشىپ ئىنىسى ئەلتې
ىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇردى .

يۇسۇپخان ھىجرىيە 424 ـ يىلى (مىلادى 1032 ـ يىلى 12 ـ ئاي )
ت بولدى . چوڭ ئوغلى سۇلايمان تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ،
لانخان » دەپ ئاتالدى . كىچىك ئوغلى مۇھەممەد ياغداش قاخان
پ «بۇغراخان » دەپ ئاتالدى . بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلان

غانىدا، سۇلايمان تۇرپان رايونىدىن كەلگەن تۈرك (ئۇيغۇر) ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغان. بۇ ۋەكىللەر قاراخانىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بالاساغۇن ئەتراپىغا ئورۇنلىشىشىغا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈنگەن. سۇلايمان ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرگەن. ئەمما تۇرپان رايونىدىكى بۇ تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) بالاساغۇن ئەتراپىغا كەلگەن ۋاقىتتا، سۇلايمانخان ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىغان. بۇ تۈركلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشنى رەت قىلغان. بۇ يەردە شۇنىسى ئېنىقكى، تۇرپان رايونىدىن كەلگەن تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) قاراخانىيلارغا بويسۇنۇش ۋە سادىق بولۇش شەرتى ئاستىدىلا قاراخانىيلار زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشقا مۇيەسسەر بولغان (سىكلان روسىس :«ئاسىيا مەركىزى»، ئىنگلىزچە، 120 - بەت).

بۇ ئىش شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۈركلەرنىڭ ئىسلاملىشىشى تېخى تاماملانمىغان. بۇ تۈركلەر پەقەت XI ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدىلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمران ئەلتېكىن، گېرمانىيە ئالىمى پىرىتساكنىڭ قەيت قىلىشىچە، ھىجرىيە 423 - يىلى (مىلادى 1032 — 1031 - يىللار) ئۆزىنى تاۋغاچ بۇغراخان دەپ ئاتىغان. بۇ يەردىكى «تاۋغاچ» « جۇڭگو» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەلتېكىن ئالەمدىن ئۆتۈپ (1034 - يىلى)، ئورنىغا چوڭ ئوغلى يۇسۇپ چىقتى. بۇ مەزگىلدە، يۇسۇپنىڭ ئىنىسى ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا دادىسىنىڭ زېمىنلىرىنى ساقلىيالمىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەسلىدىكى ئەلى ستېمىسىدىكى ئېلىك ناسىرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تەسىر كۈچى كۈندىن-كۈنگە زورىيىشقا باشلىدى. ماۋرا ئۇننەھر رايونى پەيدىنپەي ئېلىك ناسىرنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ۋە كىچىك ئوغلى بۆرەتېكىن تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. مۇھەممەد ئۆزىنى چوڭ خان دەپ ئېلان قىلىپ، بۆرەتېكىننى يانداش خانلىققا قويدى. بۇ ۋەقە ھىجرىيە 433 - يىلى (مىلادى) 1042 — 1041 - يىللار) بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قاراخانىيلار سۇلالىسى رەسمىي تۈردە شەرق ۋە غەرب ئىككى قىسمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئەلتېكىننىڭ ئوغلى ھازىرقى شىنجاڭغا قېچىپ كەلدى.

ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى ئەلى سىستىمىسىدىكىلەر شەرقىي قىسمىدىكى ھەسەن سىستىمىسىدىكى قاراخانىيلار خانى سۇلايمان بىننى يۇسۇپنىڭ مېتروپولىيىلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلمىدى .

شەرقىي قىسىمدا سۇلالىسىنىڭ زېمىنى يەتتىسۇ رايونى ، پەرغانىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، پايتەختى بالاساغۇن (قارا ئوردا) ئىدى . قەشقەر بولسا مۇھىم دىنىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى . غەربىي قىسىم سۇلالىنىڭ زېمىنى ماۋرائۇننەھر رايونى ، پەرغانىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە خوجەنت قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، دەسلەپدە ئۆزگەنتنى ، كېيىن سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلدى . سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى بۇ سۇلالىسىدىكى شەرق ، غەرب ئىككى تەرەپنىڭ داۋاملىق تالىشىدىغان جايى ئىدى . شەرقىي سۇلالىدىكى ھەسەن سىستىمىسىدىكىلەر ئىنتايىن تېزلا پۈتكۈل پەرغانە ئويمانلىقىنى بويسۇندۇرۇۋالدى . غەربىي قىسىم سۇلالىدىكى ئەلى سىستىمىسىغا ئائىت ماتېرىياللار مۇسۇلمانلار تارىخىي مەنبەلىرىدە بىرقەدەر كۆپ بولغاچقا ، بۇ ھەقتىكى تونۇشىمىز ھەرھالدا كۆپ .

ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى ھۆكۈمدارى ئىبراھىمدۇر (بۆرىتېكىن ) . بۇ كىشى ھەققىدە «بىھاكى تارىخى » دا تۆنجى خاتىرە ئۇچرايدۇ . بارتولد ئۇنى سەمەرقەنتتىكى تاۋغاچ ئىبراھىم بىننى ناسىر دەپ قارايدۇ (« بارتولد ئەسەرلىرى » رۇسچە ، 2 ـ جىلد ، 2 ـ قىسىم ، 513 ـ 514 ـ بەتلەر ) . بۆرىتېكىن ئېھتىمال ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا مۇستەھكەم بىر ھاكىمىيەت قۇرغان بولۇشى مۇمكىن . مىلادى 1046 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قۇيۇلغان پۇللارنىڭ ئۈستىدە ، بۆرىتېكىن «تاۋغاچخان ئىبراھىم » دەپ يېزىلغان . ئەلۋەتتە ، بۆرىتېكىندىن بۇرۇن ئۆتكەن بۇغراخانلارمۇ «تاۋغاچخان » دېگەن ئىسمنى قوللانغان . كېيىنكى مەزگىللەردە ، ئىبراھىم يەنە « شەرق ۋە جۇڭگو خانى » دېگەن ئىسمنى قوللانغان ھەمدە ، ئۇنىڭ ئوغلى ناسىر « شەرق ۋە جۇڭگو سۇلتانى » دېگەن ناملارنى قوللانغان .

ئەرەب تارىخىي مەنبەلىرىدە ، جۇملىدىن ئىبىن ئەلى ئاشىرنىڭ

ئەسەرلىرىدە تاۋغاچخان ئىبراھىم ئىنتايىن تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى، ھەممە سىياسەت ـ تەدبىرلىرى، شۇنداقلا يېڭىدىن يولغا قويغان باج تۈزۈملىرى ئالدى بىلەن دىنىي زاتلارنىڭ رازىلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ يۈرگۈزۈلەتتى دەپ يېزىلغان. بەزى تارىخچىلار ئۇنى ئىنتايىن دانىشمەن پادىشاھ ئىدى. ھەمىشە دۆلەت ئىچىدىكى تەرتىپ ۋە بىخەتەرلىك ئۈچۈن باش قاتۇراتتى، يۈز بەرگەن بارلىق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلاتتى، دەپ تەرىپلىگەن. بۇ ئەلۋەتتە بۇ خاننىڭ فېئوداللار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ ئاكتىپ قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ خەلق ئاممىسىغا سالغان زۇلۇمى ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. مۇنداق بىر پاكىت بار: ئېيتىلىشىچە، تاۋغاچخان ئىبراھىم ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، جەمئىيەتتە بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئېلىپ كېتىپ، قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنى دۆلەت بىخەتەرلىكىنى ۋە تەرتىپىنى قوغداشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرگە رەھىمسىز تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر قىلغان. بىر قېتىم «بۇلاڭچى» لار سەمەرقەنت شەھەر قەلئەسىنىڭ ئىشىكىگە: «بىز سۆگپىيازغا ئوخشايمىز، قانچىكى كۆپ قىرقىسا شۇنچە تېز ئۆسۈپ چىقىمىز» دەپ يېزىپ قويغان. تاۋغاچخان ئىبراھىممۇ دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، يۇقىرىقى خەتنىڭ ئاستىغا: «مەن بىر باغۋەنگە ئوخشايمەن، سىلەرنىڭ قانچە تېز ئۆسۈشۈڭلاردىن قەتئىينەزەر، مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى يۇلۇۋېتىمەن» دەپ يازغان. ئارقىدىنلا ئىبراھىم يەنە ئالداش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ «ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق» بىلەن شۇغۇللانغان 300 دىن ئارتۇق ياشنى بىر مۇھاپىزەتچى قوشۇن قىلىپ تەشكىللەپ، ئىچىڭلاردا سىلەرگە مۇكاپات بېرىمىز دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيگە ئەكىرىپ جازاغا تارتىپ يوقاتقان. ئىبراھىم ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق بۇ بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللانغاچقا، جەمئىيەت تەرتىپى نىسپىي ھالدا مۇقىملاشتى. لېكىن ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ھەر-

كەتلىرى تىزگىنلەنگەن بىلەن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىق ھەرىكەتلىرى بېسىقمىدى. جايلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشلىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇردى.

ئىبراھىم تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە، شەرقىي قىسىم سۇلالىسىنىڭ ئىچكى نىزالىرىدىن پايدىلىنىپ يەنە قوشۇن تارتىپ پەرغانىنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە ئۇ يەردە يېڭىدىن پۇل تارقىتىپ، مال باھاسىنى خالىغانچە ئۆستۈرگەن سودىگەرلەرگە زەربە بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىساد يۈكسىلىشكە قاراپ يۈزلەندى، مال باھاسى تۇراقلاشتى. خەلق خاتىرجەم ياشىيالايدىغان بولدى.

ئىبراھىم گەرچە ئىخلاسمەن بىر مۇسۇلمان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن دىنىي ساھەدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمدارلىرىدىن ئالدى بىلەن دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. ھەتتا دۆلەتنىڭ مۇھىم سىياسەتلىرىمۇ دىنىي سەردارلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ ئاندىن يۈرگۈزۈلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن دىنىي مەزھەپ سۈننىي مەزھىپى بولۇپ، ئۇنىڭ سەردارلىرى «سادىر» دەپ ئاتىلاتتى. دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر مەيلى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، ئالاھىدە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇپ، دۆلەت سىياسىتىنى تىزگىنلەپ تۇراتتى. ئەمما داۋاملىق يەكلىنىشكە ئۇچرايدىغان شىئە مەزھىپى (ئىسمائىلىيە مەزھىپى، قارامىت مەزھىپى) ئادەتتە ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئىبراھىم دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىن بولۇپ، بۇخارادىكى شىئە مەزھىپىدىكىلەرگە ئىنتايىن قاتتىق قوللۇق قىلاتتى. لېكىن سىياسىي ھوقۇق بىلەن دىنىي ھوقۇق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى نەتىجىسىدە، ئىبراھىم ئەينى چاغدىكى داڭلىق دىنىي سەردار شەيخ ئەبۇل قاسىمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانىدى.

ئادەتتە، دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىلەن دۆلەتنىڭ يۇقىرى

دەرىجىلىك سانغۇنلىرى پادىشاھنىڭ ئىمتىيازىنىڭ زىيادە كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. چۈنكى بۇ ھال ئۇلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان ئالاھىدە ئىمتىيازىنى چەكلەيتتى ھەمدە تۆۋەن قاتلامدىكىلەر ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىدى. پادىشاھ ھوقۇقىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى جەريانىدا، سىياسىي ھوقۇق بىلەن دىنىي ھوقۇق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىپادىلىنەتتى. ئەمما بۇ كۈرەشتە، خەلق ئاممىسى ھەمىشە خان (پادىشاھ) تەرەپتە تۇراتتى.

مىلادى 1068 ـ يىلى ئىبراھىم (بۆرىتېكىن) ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا ئاللىبۇرۇن ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ بولغان ئىبراھىمنىڭ ئوغلى شەمسۇلمۇلك ناسىر ئىنىسى سۇئەسنىڭ قارشى تۇرۇشىغا، ھەتتا ھوجۇمىغا ئۇچرىدى. ئەمما سۇئەس بۇخارا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ قىلىندى. شەمسۇلمۇلك ناسىر چوڭ خان بولدى (1068 ـــ 1080) ھەمدە «شەرق ۋە جۇڭگو سۇلتانى»، «ئادىل پادىشاھ»دېگەن پەخرىي ناملار بىلەن ئاتالدى.

ناسىر ھۆكۈمرانلىق قىلغان شەھەرلەردە ھەيۋەتلىك كۆركەم قۇرۇلۇشلار قەد كۆتۈردى، قاتناش يوللىرىغا نۇرغۇن قەلئە ـ ئىستىھكاملار سېلىندى. بۇ قەلئەلەر ئىچىدە بىر قەدەر داڭلىقلىرى: ئىلىك قەلئەسى (خاتلان ئەتراپىدا) ۋە ئاق كۆتەر قەلئەسى (سەمەرقەنتتىن خوجەنتكە قاتنايدىغان يول ئۈستىدە) ئىدى. ناسىر يەنە ئىلىمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلىگەندى. لېكىن بۇ مەزگىلدە، يەنى ھىجرىيە 465 ـ يىلى (مىلادى 1072 ـــ 1073 ـ يىللار) سالجۇقىيلار بېسىپ كىرگەن ھەم شەرقىي قىسىم سۇلالىدىكى ھەسەن سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ ئىككى خان ئىبراھىم تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالغانىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بىلەن دىنىي سەردارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەش ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى بىر ئاساسلىق ئالاھىدىلىك ئىدى. مىلادى 1080 ـ يىلى شەمسۇلمۇلك ناسىر ۋاپات بولۇپ، ئىنىسى خىزىر تەخت ۋارىسى بولدى. تارىخىي

ماتېرىياللاردا بۇ شەخسكە دائىر ئىشلار ئانچە كۆپ خاتىرىلەنمىگەن. خىزىرنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ خان بولغان كىشى ئۇنىڭ ئوغلى ئەخمەدخان ئىدى، مىلادى 1089 ـ يىلى دىنىي گۇرۇھتىكىلەر سالجۇقىيلار قوشۇنلىرىنىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاخىر ئەخمەدخان دىنىي سەردارلار تەرىپىدىن تەختتىن ئېلىپ تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. سەۋەبى، ئۇ ئىسمائىل مەزھىپىگە ھېسداشلىق قىلدى دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. كېيىن، ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى خانلار ئاساسەن سالجۇقىيلار سۇلتانى تەرىپىدىن بېكىتىلىدىغان بولۇپ، غەربىي قىسىم قاراخانىيلار سۇلالىسى پۈتۈنلەي سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى ھەسەن سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. بۇ خاندانلىقنىڭ تۇنجى خانى قەشقەر ۋە خوتەننىڭ ھۆكۈمدارى يۈسۈپنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئىدى. سۇلايماننىڭ ئۈچ ئىنىسى بولۇپ، چوڭى ئارسلانخان دەپ ئاتىلىپ «دۆلەتنىڭ شەرىپى» دېگەن پەخرىي نامغا ئىگە بولغان ھەمدە پايتەخت بالاساغۇن ۋە قەشقەرنى باشقۇرغان. ئىككىنچى ئىنىسى مۇھەممەد يانداش خان (بۇغراخان) بولۇپ تالاس ۋە ئىسپىجاپ شەھىرىنى باشقۇرغان. ئۈچىنچى ئىنىسى مەھمۇد ئاساسەن سۇلالىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنى باشقۇرغان. ئۇلارنىڭ تاغىسى، يەنى بۇرۇنقى چوڭ خان ئەخمەد پەرغانە رايونىنى باشقۇرغان. ئەخمەد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ زېمىنلىرى ئەلتېكىننىڭ ئەۋلادلىرىغا تەۋە بولغان.

ئىبىن ئەلى ئاشىرنىڭ بايان قىلىشىچە، سۇلايمان دىن ۋە ئىلىمگە ئوخشاشلا ئىخلاس قىلغانلىقى ئۈچۈن، «ئىلىم ۋە دىنىنىڭ ھامىيسى» دېگەن نامغا ئىگە بولغان. ھىجرىيە 448 ـ يىلى (مىلادى 1056 ــــ 1057 ـ يىللار) سۇلايمان ئىنىسى بۇغراخان مۇھەممەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان ۋاقىتتا، مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئورنىغا ئارسلانخان ئولتۇرغان. ئەمما مۇھەممەد 15 ئايدەك تەختتە ئولتۇرۇپلا، ئورنىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ھۈسەيىننىڭ

ئوغلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇدتۇر.

ھۈسەيىن تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، كىچىك خانىشنىڭ ھەسەتخورلۇق قىلىشى بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كىچىك خانىشنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنى تەخت ۋارىسى قىلغان. ئەمما بۇنىڭغا پۈتكۈل ئوردا ئەھلى قارشى تۇرغان. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى پەرغانىنى بېسىۋالدى. ھىجرىيە 451 ـ يىلى (مىلادى 1059 ـــ 1060 ـ يىللار) ئىبراھىم ئانىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بارىسخان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئورنىغا تاغىسى مەھمۇد چوڭ خان بولدى. مەھمۇد زور تۈركۈمدىكى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن پەرغانىنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن يېڭىدىن كېلىشىم ئىمزالاپ: سىر دەرياسىدىن خوجەنتكىچە بولغان زېمىنلارنى غەربىي خانلىق، پۈتۈن پەرغانە رايونىنى شەرقىي خانلىق باشقۇرىدىغان بولدى.

ھىجرىيە 467 ـ يىلى (مىلادى 1074 ـــ 1075 ـ يىللار) مەھمۇد ئالەمدىن ئۆتۈپ ئورنىغا ئوغلى ئۆمەر ۋارىسلىق قىلدى. لېكىن ئۆمەر ئىككى ئايدىن كېيىنلا تەختنى سۇلايماننىڭ ئوغلى ھەسەنگە تارتقۇزۇپ قويدى. ھەسەن يانداش خان بولۇپ قەشقەردە تۇردى. ئەينى ۋاقىتتا (مىلادى 1069 ـ يىلى) بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ دېگەن كىشى ئۇنىڭغا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى تەقدىم قىلغان. مۇشۇ مەزگىللەردە، قەشقەر يالغۇز شەرقىي سۇلالىنىڭ دىن ۋە مەدەنىيەت مەركىزىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى رايونلارغا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ شەرقتىكى جايلارغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدىكى مۇھىم نۇقتا بولۇپ قالدى. شۇڭا ھەسەنمۇ «ئادالەت دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى»، «دىنىنىڭ پەخرى»، «شەرقىي خاقانى» دېگەنگە ئوخشاش ناملارغا ئىگە بولغان. ئۇ 30 يىلدەك ھاكىمىيەت سۈرگەن (1073 ـــ 1104). ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى ئەخمەد تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. ئەخمەد دەۋرىدە، غەربىي لياۋ قوشۇنلىرىنىڭ بېسىپ كىرىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. ئۇ غەربىي لياۋ

قوشۇنلىرىغا قارشى شانلىق كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئېغىر تالاپەت تارتقۇزغان بولسىمۇ، ئەمما ئەخمەدنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى ئىبراھىم دەۋرىدە، شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى پۈتۈنلەي غەربىي لياۋنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان.

مىلادى XIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى بىلەن مەيلى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى رايوندا بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا بولسۇن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قالدۇقلىرى يوقىلىشقا باشلىدى.

## 2 - بۆلۈم غەزنەۋىلەر خاندانلىقى(960 – 1189)

غەزنەۋىلەر خاندانلىقى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى (ئاساسلىقى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئافغانىستاننى كۆرسىتىدۇ) دا بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان خاندانلىقتۇر. ئادەتتە بۇ خاندانلىققا ئاساس سالغۇچى سۇبۇقتېكىن دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇخاندانلىققا ھەقىقىي ئاساس سالغۇچى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ خۇراساندىكى باش قوماندانى ئالپتېكىندۇر.

بىز ئون بىرىنچى بابنىڭ 8 ـ بۆلۈمىدە، سامانىيلار خاندانلىقى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنىڭ تۈرك قۇللىرىدىن كېلىپ چىققان ھەربىي سانغۇنلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ كېتىلگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئەينى ۋاقىتتا، تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك تۈرك سانغۇن چوڭ ھاجىپ دەل ئالپتېكىن ئىدى. بۇ كىشى مىلادى 961 ـ يىلى خۇراساننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەنگەن. كېيىن يېڭىدىن تەختكە چىققان سامانىيلار خانى مەنسۇرغا قارشى چىققان ھەمدە توقۇنۇش جەريانىدا مەنسۇر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ غەزنىۋىگە كەتكەنىدى. ئۇ مىلادى 962 ـ يىلى غەزنىۋىنىڭ ھۆكۈمدارى رويانىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، بۇ جايدا 14 يىلغا يېقىن ھۆكۈمدار بولغانىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، تۈرك قۇلدىن كېلىپ چىققان يەنە بىر سانغۇن

سۇبۇقتېكىنمۇ ئالپتېكىن بىلەن بىللە غەزنىۋىگە كەتكەنىدى. «كامبرىج ئىران تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 5 ـ جىلدىنىڭ 6 ـ بېتىدىكى بايانغا ئاساسلانغاندا، سۇبۇقتېكىن ئەسلىدە ئىسسىقكۆلنىڭ يېنىدىكى بارسغاندا تۇرىدىغان قارلۇق قەبىلىسىدىن بولۇپ، بىر قېتىملىق قەبىلە ئۇرۇشىدا تۈركەشلەر تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان ھەمدە تاشكەنتتىكى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ قۇل بازىرىدا سېتىۋېتىلگەن. كېيىن، سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى تەركىبىگە كىرگەن. يەنە بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، سۇبۇقتېكىن ئالپتېكىننىڭ قىزى بىلەن توي قىلغان ھەم ئالپتېكىنگە ئەگىشىپ غەزنىۋىگە بارغان. مىلادى 977 ـ يىلى ئالپتېكىنگە ۋارىسلىق قىلىپ، غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنى قۇرغان. بۇرۇنقى مۇلاھىزىچىلەردىن غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنى قارلۇقلار قۇرغان دېگۈچىلەرمۇ بولغان.

سۇبۇقتېكىن سامانىيلار خانى نوھ II نى ھىمايە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، تەدرىجىي يوسۇندا سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقلىرىنى كونترول قىلىۋالدى ھەمدە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى پۈتكۈل سامانىيلار تېررىتورىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مىلادى 997 ـ يىلى سۇبۇقتېكىن ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا ئوغلى مەھمۇد ۋارىسلىق قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن (مىلادى 999 ـ يىلى)، سامانىيلار خاندانلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. مەھمۇد يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلىرىنى ئوڭچە ئىگىلىۋالدى ھەمدە قىرغىزىستاننىڭ يەرلىك ھۆكۈمدارىنى ئۆزىگە بەيئەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئارقىدىنلا پۈتكۈل خۇراساننى، شۇنداقلا نىشاپۇر ۋە شىرىستانلارنى بېسىۋالدى. 1001 ـ يىلى مەھمۇد ئەلچى ئەۋەتىپ قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئىككى تەرەپ كېلىشىم ئىمزالاپ، ئامۇ دەرياسىنى ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا پاسىلى قىلىشتى. ئىككى تەرەپ قۇدىلىشىپ، مەھمۇد ئىلەك ناسىرنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. 1002 ـ يىلى مەھمۇد پۈتكۈل شىرىستاننى رەسمىي

تۇردە بېسىۋالدى . بۇنىڭ بىلەن مەھمۇد پۈتۈن ئافغانىستان زېمىنى ۋە جەنۇبتا ھىندىستاننىڭ شىمالى ، غەربتە خۇراسان ، شىمالدا ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان رايونلارنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئايلاندى . نەتىجىدە ، غەزنىۋىلەر خانىدانلىقى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا زومىگەرلىك تالىشىدىغان ئىككى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى .

مەھمۇد ھىجرىيە 389 ـ يىلى (مىلادى 999 ـ يىل 10 — 11 ـ ئاي) ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە ، باغداد خەلىپىسى تەرىپىدىن «دۆلەتنىڭ ئوڭ قولى ۋە دىندارلارنىڭ ئىشەنچىسى» دېگەن پەخرىي ئۇنۋانغا ئىگە بولدى . شۇنداقلا يېڭىدىن «سۇلتان» دېگەن ھۆرمەت نامىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى . مەھمۇد باغداد خەلىپىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، قوشۇمچە يەنە ھەر يىلى ھىندىستانغا قارشى غازات ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى . ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۇرۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى . بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى تەنھا ئىگىلىۋېلىشىغا كۆزى قىيماي ، مىلادى 1006 ـ يىلى مەھمۇد ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا بېسىپ كىردى . لېكىن مەھمۇد تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى .

غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇدنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى ئىلىك ناسىرغا قارشى غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارالىشى ، ئۇنىڭ «يىراقتىكىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ، يېقىندىكىلەرگە زەربە بېرىش» تاكتىكىسىنى يولغا قويغانلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن . ئەسلىدە ئىلىك ناسىر بىلەن قەشقەر ۋە خوتەننىڭ ھۆكۈمدارى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى . مەھمۇد دەل بۇ خىل ئەھۋالدىن ئوبدان پايدىلانغان . بىز بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق . يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، مەھمۇدنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلار ھەم لياۋ سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ ئېيتىشقا بولمايتتى . «لياۋ تارىخى» (16 ـ جىلد) غا

ئاساسلانغاندا، «تەيپىڭنىڭ تۈنجى يىلى (1021 - يىلى) 3 - ئايدا، ئەرەب ئىمپېرىيىسى قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ، لياۋ سۇلالىسى پادىشاھىغا قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويغان. لياۋ پادىشاھى بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ، شاھزادە بەنلاگېجۈنخۇسىلىنىڭ قىزى كې لاۋنى مەلىكىلىككە ئۆستۈرۈپ ياتلىق قىلغان. لياۋ سۇلالىسى ئەرەب ئەلچىسىدىن غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇدنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغان ھەم دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئەرەب تارىخچىسى مەرۋەزىنىڭ قەيت قىلىشىچە، مىلادى 1027 - يىلى لياۋ سۇلالىسى پادىشاھى غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇدقا «دۇنيادا ھەرقانداق ئادەم ياخشى دوست تېپىشنى خالايدۇ. يېقىن ئەتراپتىكى دۆلەت پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشتى. پەقەت سەنلا تاكى ھازىرغىچە ئوردىغا كېلىپ سوۋغات ھەدىيە قىلمىدىڭ. ئاڭلىشىمچە، سېنىڭ كۈچ - قۇدرىتىڭ زىيادە، دۆلىتىڭ تىنچ، ئەمىرلىرىڭ ئىتائەتچان، ھۆكۈمرانلىقتا تەدبىرلىك ئىكەنسەن. سەن ھەقىقەتەنمۇ شەرەپكە مۇناسىپسەن. لېكىن بەزى مەسىلىلەرنى ماڭا دوكلات قىلىشىڭمۇ زۆرۈر. دۇنيادا مەن ھەممىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى، سەنمۇ ئەلۋەتتە ماڭا ھۆرمىتىڭنى بىلدۈرۈشۈڭ كېرەك. مەن ھازىر ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرۇپتىمەن. لېكىن يول يىراق، ۋاقىت ئۇزاق، ئەلچىلەرنىڭ ئېلىپ ماڭغان سوۋغاتلىرى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەيىنلەنگەن ئەلچى يۇقىرى ئەمىلى بار ئەلچىدۇر. شۇڭا مەن ئەلچىمىزگە مالاللىق يېتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ھازىر مەلىكىمىز قادىرخاننىڭ ئوغلى چاغرىتېكىنگە ياتلىق قىلىندى. قادىرخانغا بولسا قاتناش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئەلچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىلدى. ئەلچىمىز ئىنتايىن ئەقىللىق، غەرىزىمنى چۈشەندۈرەلەيدۇ، بارلىق ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەردار كىشى. ھازىر كالتۇككا ئىسىملىك كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتىم. بۇنىڭدىن كېيىن ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ تۇرۇپ، مەڭگۈلۈك ياخشى قوشنىلاردىن بولۇپ قالايلى» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ ئەۋەتكەن.

ئەنگلىيىلىك ئىرانشۇناس مىنورسكى بۇ قېتىمقى لياۋ پادىشاھىنىڭ غەزنە-
ۋىلەر خاندانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىش ئىشىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىغا قارشى
ئىتتىپاق تۈزۈشنى مەقسەت قىلغان دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلار بىلەن غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە،
يۇقىرىقى ئەرەب تارىخچىسى يەنە ئۇيغۇر ئىلىكخانىنىڭ سۇلتانى مەھمۇدقا
ئەۋەتكەن دۆلەت خېتىنى نەقىل ئالغان. خەتتە: «ئارىلىقىمىز ئىنتايىن
يىراق. ئۇبدان تۇرۇۋاتامسىز؟ ئاڭلىسام، سىز نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنى
بويسۇندۇرۇپ (Lowerconfries) تاكى ھىندىستانغىچە بېرىپسىز. بۇنىڭ-
دىن ئىنتايىن خۇشالمەن. سىز ھەقىقەتەنمۇ قەيسەر سۇلتاندۇرسىز. شەرق
ۋە غەربكە داڭلىق ئادەمسىز. قوشنا دۆلەتلەر بىلەنمۇ ياخشى
ئۆتمەكچىمەنسىز. شۇڭا مەن سۇلتان بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشنى
خالايمەن. ھازىر ئەلچى ئەۋەتتىم. گەرچە ئارىلىقىمىز يىراق بولسىمۇ،
ئەمما كۆڭلىمىز يېقىن. مەن سىز بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىپ،
ئۆزئارا ئەلچى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەگەر سىزمۇ
مۇشۇنداق خىيالدا بولسىڭىز، ئەلچى بىلەن دۆلەت خېتى ئەۋەتىڭ. ھازىر
كىدان دۆلىتى سىزگە كالتوگكا ئىسىملىك كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.
مەنمۇ بىر كىشىنى قېتىپ قويدۇم. ئەگەر سىز دوستلۇق مۇناسىۋەت ئور-
نىتىشنى خالىسىڭىز، ئەلچى ئەۋەتىڭ. چۈنكى كىدان ئەلچىسى بىزنىڭ
مەملىكىتىمىزدىن ئۆتىدۇ. يول خەتەرلىك، ئەلچى سوۋغاتىسىز ماڭدى.
سىزگە بىر قۇل ۋە بىر تال يا ئوقى ئەۋەتتىم، بۇ دوستلۇقىمىزنىڭ
سىمۋولى بولۇپ قالار» ① دەپ يېزىلغان.

يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئەينى ۋاقىتتا،
غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ كىدانلار ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆز ئارا مۇناسى-

① مىنورسكى تۈزگەن: «مەرۋەزىنىڭ جۇڭگو ھەققىدە ئېيتقانلىرى، تۈركلەر ۋە ھىندىلار»، ئىنگلىزچە، 22 ــ 23 ــ بۆلۈملەر. تەرجىمىدە جۇيىلياڭنىڭ «ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابىدىكى «xx ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى خاتىرىلىرى توغرىسىدا يېڭى بايقاش» دېگەن ماقالىسىگە ئاساسلاندى. ئايرىم جۈملە-لەر ئۆزگەرتىلدى.

ۋەتتى بولغان. ئەمما بۇ خىل مۇناسىۋەت قاراخانىيلار سۇلالىسىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان دىپلوماتىك ئالاقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس خالاس.

مەھمۇد قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان زىددىيەتلەردىن تولۇق پايدىلاندى. مەسىلەن، قەشقەر ۋە خوتەننىڭ ھۆكۈمدارى يۈسۈپ چوڭ خان بولغاندىن كېيىن، ماۋرا ئۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەلتېكىن ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. بۇنىڭ بىلەن مەھمۇد يۈسۈپخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ئەلتېكىننى ئاجىزلاشتۇردى. ئۇلار ئىككىسى مىلادى 1025 ـ يىلى سەمەرقەنتتە ئۇچراشماقچى بولغان. گەردىزى بۇ ئىككى پادىشاھنىڭ كۆرۈشكەنلىك ئەھۋالىنى ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن (بارتولدنىڭ «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن. ئىنگلىزچە، 283 ـ بەت). ئۇچرىشىشتا، ئىككى تەرەپ ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ، ماۋرا ئۇننەھر رايونىنى ئەلتېكىننىڭ قولىدىن يۈسۈپنىڭ ئوغلى ياغانتېكىنگە ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى ھەمدە ئىككى تەرەپ ئىتتىپاقنى كاپالەتلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئارا قۇدىلىشىپ، مەھمۇدنىڭ قىزى زەينەپنى ياغانتېكىنگە، يۈسۈپنىڭ قىزىنى مەھمۇدنىڭ كىچىك ئوغلى مۇھەممەدكە ياتلىق قىلىدىغان بولۇشتى. ئەمما كېيىنكى چاغلاردا مەھمۇد ۋەدىسىدە تۇرمىدى. چۈنكى ئۇ مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەلتېكىننىڭ كۈچىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشىنى خالىمايتتى ھەم يۈسۈپخاننىڭ كۈچىيىپ كېتىپ ئۆزىگە تەھدىت سېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، مىلادى 1026 ـ يىلى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئىككى تۈرك سەردارى (ئېھتىمال قاراخانىيلار سۇلالىسىگە تەۋە تۈركلەر بولۇشى مۇمكىن) غەزنىۋىلەر خاندانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مەھمۇدقا بويسۇنىدىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەھمۇد جاۋابەن ئۇلارغا: «بىز بولساق مۇسۇلمان، ئەمما سىلەر مۇسۇلمان ئەمەس. شۇڭا

بىز ئۆزىمىزنىڭ سىڭىللىرىمىز ھەم قىزلىرىمىزنى سىلەرگە ياتلىق قىلال-
مايمىز. ناۋادا سىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلساڭلار، ئىشلار سىلەرنىڭ
دېگىنىڭلاردەك بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا دۆلەت خېتى ئەۋەتكەن. بۇ پا-
كىتتىن ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركلەرنىڭ تېخى پۈتۈنلەي ئىسلاملىشىپ
بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

غەزنىۋىلەر خاندانلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇ-
رۇشلاردا ھەر ئىككىلا تەرەپ خارەزىم رايونىنى ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك
ئەھمىيەتكە ئىگە جايى قىلدى. بۇ جەھەتتە، غەزنىۋىلەر خاندانلىقى دائىم
تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. مەسىلەن، مەھمۇد خارەزىمشاھى
ئەلى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئەلىنىڭ كېيىنكى ۋارىسى مەئمۇن II مەھ-
مۇدقا بەيئەت قىلدى. نەتىجىدە مەھمۇد پۈتۈن خارەزىم رايونىغا
ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

مىلادى 1030 - يىلى سۇلتان مەھمۇت ۋاپات بولدى. ئورنىغا چوڭ
ئوغلى مەسئۇد كۆپ قېتىملىق ۋارىسلىقنى تالىشىش ئۇرۇشىنى باشتىن
ئۆتكۈزۈپ ئاخىر خانلىق تەختكە ئولتۇردى. مەسئۇد ھاكىمىيەت بېشىغا
چىقىش بىلەنلا خارەزىمشاھى ئالتۇن تاش ئۇنىڭغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ،
ئۇنىڭدىن دادىسى مەھمۇدنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىگە تۇتقان پوزىتسى-
يىسىنى ئۆزگەرتمەي، يۈسۈپ قادىرخاننى قوللاپ، ماۋرا ئۇننەھر
رايونىدىكى ئەلتېكىنگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مەسئۇد بۇ تە-
لەپنى قوبۇل قىلىپ، مىلادى 1031 - يىلى كۈزدە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى
قەشقەرگە ئەۋەتىپ يېڭىدىن تەختكە چىققانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئىككى تە-
رەپنىڭ بۇرۇنقى مۇناسىۋىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
مەسئۇد قادىرخاننىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى ھەم ئۇنىڭ نەۋرە قىزىنى
ئۆزىنىڭ ئوغلى مەۋدۇتقا نىكاھلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئىككى
تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، قادىرخان تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتۈپ
(1032 - يىلى)، سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى. مەسئۇد تەزىيە خېتى ئەۋەت-
تى. ئۇنىڭ ئەلچىلىرى بولسا 1034 - يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە ئاندىن
قايتىپ كەلدى. ئەلچىلەر بىللە قادىرخاننىڭ قىزىمۇ غەزنىۋىگە كې-

لىپ ، خاننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى .

يەنە بىر تەرەپتىن ، مەسئۇد 1031 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى خەلىپە ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ ، خەلىپىنىڭ پەقەت غەزنىۋىلەر خاندانلىقى ئارقىلىق ، ئاندىن قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كېلىشتى .

مەسئۇد تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى ، ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى ئەلتېكىندىن ئۆزىنىڭ ۋارىسلىقنى تالىشىش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ، ناۋادا غەلىبە قىلىپ قالسا ، ئۇنىڭغا زېمىن بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنىدى . لېكىن مەسئۇد تەخت تالىشىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي ، ئەلتېكىننىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى . بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشتى ، ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ، ئەمما ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى . ئاخىر مەسئۇد خارەزىم شاھى ئالتۇن تاشقا بۇخاراغا يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ ، بۇ ھەرىكەت ئوخشاشلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى .

مىلادى XI ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ، ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا سالجۇقىيلار باش كۆتۈرۈپ چىقتى ھەمدە خۇراسان رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ، غەزنىۋىلەر خاندانلىقىغا قاتتىق تەھدىت سالدى . مىلادى 1040 ـ يىلى ، مەسئۇد تاندانىكان (ھازىرقى تاشرابات ) دېگەن جايدا سالجۇقىيلار بىلەن شىددەتلىك ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ مەغلۇپ بولدى . غەزنىۋىلەر خاندانلىقىدىكىلەر خۇراساندىن چېكىنىپ چىقتى . مەسئۇد ھىندىستانغا قاچتى ھەم مىلادى 1041 ـ يىلى قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . ئورنىغا ئوغلى مەۋدۇت غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى بولدى . مەۋدۇت ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ، غەزنىۋىلەر خاندانلىقىدا زور ياخشىلىنىشلار بولدى . چۈنكى بەلخ ۋە تېرمىز ئۇنىڭ تىزگىنلىشىدە ئىدى ھەم ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى قاراخانىيلار خانى بۆرىتېكىنمۇ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى . قەيت قىلىنىشىچە ، مەۋدۇت خۇراساندىكى سالجۇقىيلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ،

بۆرەتېگىن ئۇنى قوللاپ قول ئاستىدىكى سانغۇننى ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا تېرمىز ۋە خارەزىمگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەنىكەن.

مىلادى XI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىملىرىدا، سالجۇقىيلار خاندانلىقى كۈچىيىپ، ئەكسىچە، غەزنىۋىلەر خاندانلىقى بارغانسېرى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشقا باشلىدى. بەلخ رايونى ئوگايلا سالجۇقىيلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. مىلادى 1059 ــ يىلى غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى ئىبراھىم سالجۇقىيلار خاندانلىقى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ماۋرائۇننەھر رايونىدىن چېكىنىپ چىقىشقا قوشۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، غەزنىۋىلەر خاندانلىقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىدىنمۇ چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇپ، شىمالىي ھىندىستانغا قاراپ كېڭىيىشكە يۈزلەندى.

غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى بىلەن سالجۇقىيلارنىڭ خانى ئوتتۇرىسىدا يەنە قۇدىلىق مۇناسىۋەتمۇ بار بولۇپ، ئىككى تەرەپ تىنچلىق ئاساسىدا گور رايونى (ھېرىرۇد دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاغلىق رايوننى كۆرسىتىدۇ. يەنى ھىراتتىن تاكى غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ دۆلەت چېگرىسىغا سوزۇلغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق رايون قىلىندى.

مىلادى X II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، غەزنىۋىلەر خاندانلىقى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان گور خاندانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

## 3 ــ بۆلۈم ئوغۇزلار ۋە سالجۇقىيلار خاندانلىقى( 1031 — 1157 )

سالجۇقىيلار خاندانلىقى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ «ئوغۇزلار» دەپ ئاتالغان بىر تارمىقى تەرىپىدىن قۇرۇلغان.

ئوغۇزلار ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان تارىخىي ئەسەر « سۈينامە » دە تىلغا ئېلىنغان « 乌 护 » (ۋۇخۇ) ياكى ۋۇگۇ « 乌 鹘 » غۇز « 古 思 » دەپ ئاتالغان بولسا، ئەرەب تارىخ مەنبەلىرىدە «ئوغۇز»« 乌 古 思 » دەپ خاتىرىلەنگەن، كېيىنكى چاغلاردا « ۋۇ » « 乌 » ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ يەنە «غۇز» « 古 思 » دەپمۇ ئاتالغان.

ئوغۇزلار مىلادى VI ئەسىردىن بۇرۇن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى
رايونلاردا ياشىغان. مەسىلەن، «سۈينامە ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلە-
نىشىچە، ئوغۇزلار ئىۋىرغولنىڭ غەربىي، قاراشەھەرنىڭ شىمالىي ۋە
ئاقتاغنىڭ ئەتراپلىرىغا جايلاشقان. كېيىن يەنە ئىسسىقكۆل (热海)
ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭچۇن يىللىرى (683 —
682) ۋاڭ فاڭيى ئىلى دەرياسىدىن ئىسسىقكۆلگىچە بولغان جايلاردا ئۇ-
رۇش ئېلىپ بارغان. «ئوغۇزلار قوشۇنلىرىنى باشلاپ قېچىپ كەتكەن»
تاكى مىلادى VII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، ئوغۇزلار پەيدىنپەي سىر
دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقلارغا كۆچۈپ
بېرىپ ماكانلاشقان. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە قەيت قىلىنىشىچە، ئوغۇزلار
شەرقتە ئوغۇز قۇملۇقى ۋە ماۋرا ئۇننەھر رايونى، جەنۇبتا كاسپىي
دېڭىزى، غەرب ۋە شىمالدا ۋولگا دەرياسىغىچە بولغان جايلاردا پائالىيەت
ئېلىپ بارغان. مىنورسكىنىڭ قارىشىچە، قارلۇقلارنىڭ غەربىي تۈركلەر
(تۈركەشلەر)نىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىشى، ئوغۇزلارنىڭ تەدرىجىي يوسۇندا
غەربكە كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ يەنە: «مىلادى VI
ئەسىرلەردە، تۈركلەر كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى
يايلاقلارنى ئىگىلىۋالدى، ئوغۇزلارنىڭ ماۋرا ئۇننەھر رايونى ۋە خۇراسانغا
بېسىپ كىرىشى بولسا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنلا باشلاندى»
دەيدۇ. مىلادى X ئەسىرلەردە، ئوغۇزلار ئىسلام رايونلىرى (Dar al
IsLam) بىلەن بىۋاستە چېگرىلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن كاسپىي
دېڭىزدىن تارتىپ گورگان ۋە فاراب (ئوترار) دىن ئۆتۈپ سىر دەرياسى-
دىكى ئىسپىجاپ شەھەرلىرىگىچە، غەربتە گاسارلار ۋە بۇلغارلار
زېمىنىغىچە، شەرقتە قارلۇقلار زېمىنىغىچە، شىمالدا قىماقلار رايونىغىچە
بولغان كەڭرى زېمىنلار ئوغۇزلارنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۆتتى. ئەينى
ۋاقىتتا، يەنە بىر قىسىم ئوغۇزلار ئىلگىرى ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ باقمى-
غان ماڭغىشلاق ئارىلىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار پەقەت مۇشۇ
مەزگىلدىلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ئالىملارنىڭ قارىشى-
چە، ئۇلار شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ «تۈركمەنلەر» دەپ ئاتىلىشقا

باشلىغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا يەنە بەلخ رايونىدىكى ئوغۇزلار ھەققىدە خاتىرە بار. مەسىلەن، ئىبىن ئەلى ئاشىرنىڭ قەيت قىلىشىچە، بەزى خۇراسان تارىخچىلىرى خەلىپە مىدى (775 — 85) دەۋرىدە، ئوغۇزلارنىڭ يىراق تۈركىستان رايونىدىن ماۋرائۇننەھر رايونىغا كەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەم مۇغەننا قوزغىلىڭىغا تاكى بېسىقتۇرۇلغانغا قەدەر ياردەم بەرگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. ئوغۇزلارنىڭ كۆچۈشى غەربىي تۈركلەرنىڭ پارچىلىنىشىدىن بولغان. چۈنكى قارلۇقلار ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئوغۇزلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى شەرقتە ئېرتىش دەرياسىغىچە، غەربتە ۋولگا دەرياسىغىچە، جەنۇبتا كاسپىي دېڭىزى ۋە ماۋرائۇننەھر رايونىغىچە سوزۇلغان. بۇ رايونلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالى ھەققىدە تەتقىقاتلار ئىنتايىن ئاز بولغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ بىلىدىغىنىمۇ كۆپ ئەمەس.

مىلادى X ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئوغۇزلار سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى رايونلارنى كونترول قىلىشقا باشلىدى. جەند، خۇۋار ۋە پەنجىكەنت قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوغۇزلار قۇرغان شەھەرلەردۇر («بارتولد ئەسەرلىرى»، رۇسچە، 1 ـ جىلد، 235 ـ بەت). ئوغۇزلار رايونىدىن ئۆتكەن ئىبىن فادلاننىڭ قەيت قىلىشىچە، ئۇلارنىڭ سەردارى يابغۇ دەپ ئاتالغان. X ئەسىرنىڭ ئاخىرى، پەنجىكەنت يابغۇنىڭ قىشتا تۇرىدىغان جايى بولغان. ئوغۇزلارنىڭ چىنىك قەبىلىسىنىڭ سەردارى دوقاق ۋە ئوغلى سالجۇق ئىككىلىسى يابغۇنىڭ قول ئاستىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. سالجۇق ھەربىي قىسىملارغا سانغۇن بولغان. كېيىنكى مەزگىللەردە، يابغۇنىڭ ھەسەتخورلۇق قىلىشى سەۋەبىدىن، سالجۇق قىسىملىرىنى باشلاپ جەندكە قېچىپ كېلىپ، ئۇ يەردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ يەردىكى سالجۇق دەل سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىسمىنىڭ كېلىش مەنبەسىدۇر.

كېيىن، سالجۇق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئوغۇزلارغا

قارشى غازات ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، يابغۇ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن باجگىرنى قوغلاپ چىقاردى ھەمدە مۇسۇلمانلارنى يابغۇنىڭ باج زۇلمىدىن خالاس قىلدى. سالجۇق ۋاپات بولغاندىن ( جەندتە) كېيىن، ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، داۋاملىق تۇردە جەنۇبقا قاراپ كېڭەيدى. سامانىيلار خاندانلىقى ئاغدۇرۇلغان ۋاقىتتا، سالجۇقىيلار ئاللىبۇرۇن بۇخارا ئەتراپىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا يۆتكىلىپ ئورۇنلىشىپ بولدى.

سامانىيلار خاندانلىقى مىلادى 999 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇنتەسىر خاندانلىقنى تىرىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. دەسلەپتە مۇنتەسىر ئوغۇز يابغۇسىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇ مەزگىلدە يابغۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. كېيىن يەنى 1003 - يىلى مۇنتەسىر يەنە ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى ئوغۇزلاردىنمۇ ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مۇنتەسىر ئوغۇزلارنىڭ كۈچلۈك ياردىمىگە ئېرىشىپ، زەرەپشان دەرياسى ساھىلى ۋە سەمەرقەنت ئەتراپىدا قاراخانىيلار قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئوغۇزلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا نۇرغۇنلىغان جەڭ غەنىيمەتلىرىگە ۋە ئەسىرلەرگە ئىگە بولدى.

غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد قەشقەر ۋە خوتەننىڭ ھۆكۈمدارى يۈسۈپ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ماۋرا ئۇننەھر رايونىنىڭ ھۆكۈمدارى ئەلىتېكىنگە قارشى تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، بۇخارا ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەن سالجۇقىيلار ئەلىتېكىننى قوللىدى. بۇنىڭ بىلەن سالجۇقىيلار سەردارلىرىدىن بىرى بولغان سالجۇقنىڭ ئوغلى ئارسلان ئىسرائىل مەھمۇد تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ھىندىستاندىكى بىر قەلئەگە نەزەربەندلىككە ئەۋەتىلدى ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەيلا شۇ جايدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ قەبىلىسىدىن 4000 تۇتۇننىڭ خۇراساننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى شېراخس، ئابىۋارد ۋە فاراۋالارغا كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلىشىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئەمما سالجۇقىيلارنىڭ توغرۇل ۋە چاغرى ئىسىملىك ئىككى سەردارى ئۆز قەبىلىلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ يەنىلا بۇخارانىڭ ئەتراپىدا

تۇردى. كېيىن، غەزنىۋىلەر سۇلتانى مەسئۇد خارەزىم شاھى ئالتۇن تاشقا بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋاقىتتا، سالجۇقىيلار ئوخشاشلا ئەلتېكىننى قوللىدى.

مىلادى 1034 ـ يىلى، ئالتۇن تاشنىڭ ئوغلى ھارۇن خارەزىمدە غەزنىۋىلەر خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، بۇخارادىكى سالجۇقىيلاردىن قوشۇن تەكلىپ قىلدى. بۇ ۋاقىتتا، جەندنىڭ ھۆكۈمرانى شاھ مالىك خارەزىمنى يۇتۇۋېلىش مەقسىتىدە سالجۇقىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. توغرۇل، چاغرى ۋە مۇسا قاتارلىقلارنىڭ تەۋەسىدىكى قەبىلىلەردىن 7000 (ياكى 10 مىڭ كىشى بولۇشى مۇمكىن) جەنۇبقا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ، غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەسئۇدتىن ناسا ۋە فاراۋاغا كىرىشنى تەلەپ قىلدى. غەزنىۋىلەر خاندانلىقى ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى ئويلاپ، مىلادى 1035 ـ يىلى ئۇلارنىڭ سەردارىغا دېھقان دېگەن نامنى بەردى. ھەتتا ئۇنى كۆيئوغۇل قىلماقچى بولدى، لېكىن ئاقىۋەت ئۇنداق بولمىدى.

كېيىنكى تارىخ زور تۈركۈمدىكى تۈركلەرنىڭ پەيدىنپەي جەنۇبقا كۆچكەن دەۋرى بولدى. خۇددى گىببىننىڭ «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىش تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 10 ـ جىلد، 341 ـ بېتىدە ئېيتقىنىدەك، ئۇنىڭ ھەيۋىتى خۇددى چوڭ بىر دېڭىز دولقۇنىدەك، پۈتكۈل ماۋرا ئۇننەھر رايونى، خارەزىم، خۇراسان ھەم پۈتۈن شەرقىي ئىراننى غەرق قىلىۋەتتى. كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سالجۇقىيلار بۇ رايونلاردا ئوتلاقلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ماس كېلىدىغان چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئىگە بولدى. ئۇلار يالغۇز نۇرغۇنلىغان چارۋىلارنى بېقىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆتكىلىپ تۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى يېزىلارغا باستۇرۇپ كىرىپ ئاھالىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. «چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقلەر باندىتلارغا ئايلاندى؛ باندىتلار بىرلىشىپ بىر ئىستىلاچى قوشۇننى تەشكىل قىلدى؛ پارستىن تارتىپ ئىسپاھان، تىگىر دەرياسىغىچە بولغان رايونلار ئۇلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىدى؛ تۈركمەنلەر (سالجۇقىيلار) يۇرەكلىك ھالدا ئاسىيا-

دىكى ھاكاۋۇر پادىشاھ بىلەن كۆچ ۋە سان جەھەتتە سىنىشىپ باقماقچى بولدى » . بۇ خىل ئەھۋالدا ، غەزنىۋىلەر خاندانلىقى كۆپ قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ سالجۇقىيلار بىلەن كۈچ سىنىشىپ باقتى . ئەمما ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى . غەزنىۋىلەر خاندانلىقى كۆچمەن چارۋىچى خەلقنى يېڭەلمەيلا قالماستىن ، بەلكى بەزى شەھەرلىرىنى تارتقۇزۇپ قويدى . مەسىلەن ، 1037 ـ يىلى مەرۋى ، 1038 ـ يىلى ھىرات ۋە نىشاپۇر شەھەرلىرى سالجۇقىيلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى . ئاخىر غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەسئۇد مىلادى 1040 ـ يىلى ئۆزى بىۋاستە قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولدى . لېكىن ئۇ تاندا ناگان (شېراخس بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا ، مەرۋىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا ، ئېھتىمال ھازىرقى تاشراباتقا توغرا كېلىشى مۇمكىن ) دىكى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلىندى . بۇ قېتىمقى جەڭ نەتىجىسىدە ، غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ خۇراسانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى مەڭگۈگە ئاخىرلاشتى . سالجۇقىيلارنىڭ سەردارى توغرۇل ئۆزىنى بۇ جاينىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى دەپ ئېلان قىلدى . توغرۇل دەل تارىختىكى مەشھۇر خاندانلىق سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ بىردىنبىر ئاساس سالغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

كېيىن ، سالجۇقىيلار يەنە بەلخ ، گورگان ۋە خارەزىملەرنى بويسۇندۇردى . خارەزىم رايونى ئەسلىدە غەزنىۋىلەر خاندانلىقىغا قارايتتى . غەزنىۋىلەر سۇلتانى مەسئۇد دەۋرىگە كەلگەندە ، خارەزىمنىڭ ھۆكۈمرانى ھارۇن ۋە ئىنىسى ئىسمەرخاندىن غەزنىۋىلەر خاندانلىقىغا بويسۇنماي ، سالجۇقىيلار سۇلتانىنى قوللىدى . بۇنىڭ ئەكسىچە جەندنىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانى شاھ مالىك ( تۈرك ) غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەسئۇد بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى . 1038 ـ يىلى مەسئۇد شاھ مالىكنى خارەزىمنىڭ شاھلىق مەنسىپىگە تەيىنلىدى . 1040 ــ 1041 ـ يىللىرى قىشتا ، شاھ مالىك خارەزىم مەركىزىگە باستۇرۇپ كىردى ، لېكىن 1042 ـ يىلى سالجۇقىيلارنىڭ سەردارى توغرۇل ۋە چاغرى بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ ، شاھ مالىكنى خارەزىمدىن قوغلاپ چىقاردى . بۇنىڭ بىلەن

بۇ رايون تەدرىجىي يوسۇندا سالجۇقىيلار خاندانلىقى ئەۋەتكەن خادىملار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشقا باشلىدى.

سالجۇقىيلار خارەزىمگە هۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا كېرمان خانلىقىنى يوقىتىپ، پۈتكۈل پارس زېمىنىنى بويسۇندۇردى. 1055 ـ يىلى توغرۇل باغدادقا بېسىپ كىرىپ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلدى. «سالجۇقىيلارنىڭ ئەزەربەيجاننى بويسۇندۇرۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ زېمىنى تەدرىجىي هالدا رىم ئىمپېرىيىسى زېمىنى بىلەن چېگرىلىنىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ خەلق كونستانتىنوپولغا ئەلچى ئەۋەتىپ، رىم پادىشاھىنىڭ ئۆزىگە بېقىنىشىنى تەلەپ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈردى».① سالجۇقىيلار خاندانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى.

سالجۇقىيلار خاندانلىقى غەربكە قاراپ غەلىبىلىك ئىلگىرىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە توغرۇل ۋە ئۇنىڭ جىيەنى ئالىپ ئارسلاننىڭ قوماندانلىقىدا قوشۇن تەشكىللەپ ماۋرا ئۇننەهر رايونىغا هۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇش توغرۇل ۋە ئالىپ ئارسلاننىڭ ئامۇ دەريا ۋادىسىدىكى ئاتىسى چاغرىنىڭ هەيۋىسىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغانىدى. كېيىن، ئۇلار يەنە ئىبراهىم (ئەلتېكىن) نىڭ زېمىنىغىمۇ بېسىپ كىردى. شۇڭا ئىبراهىم 1061 ـ يىلى بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، خەلىپىگە سالجۇقىيلار سۇلتانىنىڭ ئىش ـ هەرىكەتلىرى توغرۇلۇق شىكايەت قىلدى.

مىلادى 1063 ـ يىلى توغرۇل ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا جىيەن ئوغلى ئالىپ ئارسلان (1063 ـــ 1072) تەختتە ئولتۇردى. ئۇ هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئالىپ ئارسلان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىزى (ئەسلىدە تۇل خوتۇن ئىدى) نى خوتۇنلۇققا ئالدىغان، ئۆز قىزىنى (ئايشەنى) بولسا

---

① گىببىن: «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىش تارىخى»، 10 ـ جىلد، 344 ـ بەت.

ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى شەمسۇلمۇلك ناسىرغا ياتلىق قىلىنغان ، ئوغلى مالىك شاھقا قاراخانىيلارنىڭ يەنە بىر مەلىكىسىنى ياتلىق قىلىنغان بولۇپ پۈتۈشتى . بۇ بىر قاتار قودىلىق مۇناسىۋەت بىلەن ، قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن سالجۇقىيلار خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆرۈنۈشتە دوستلۇق ۋە يېقىنلىشىش مۇناسىۋىتىگە ئۆزگەردى .

مىلادى 1065 ـ يىلى ، ئالىپ ئارسلان خارەزىمدە پارتىلىغان توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندى ھەم ئۇستيۇرت ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ ماڭغىشلاق يېرىم ئارىلى ۋە قىپچاق يايلىقىغا بېرىپ ، جەندگە يېقىنلاپ كەلدى . ئۇ ئۆز ئوغلى (ياكى ئىنىسى بولۇشى مۇمكىن) ئارسلان ئارغۇننى خارەزىمنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى . جەند ۋە سايرام قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى سۇلتانغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ھەمدە ئۆز جايلىرىنىڭ يېڭى نائىبلىقىغا تەيىنلەندى .

ئاچكۆز سالجۇقىيلار سۇلتانى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىمايتتى . مىلادى 1072 ـ يىلى ئالىپ ئارسلان 200 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ، ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلدى . ئەمما قوشۇن سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈشى بىلەنلا ، سۇلتان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەلۇم قەلئەنىڭ ئاقساقىلى تەرىپىدىن خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈرۈلدى . بۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت ئاياغلاشتى .

ئالىپ ئارسلان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، سالجۇقىيلارغا مالىك شاھ سۇلتان بولدى . بۇنىڭدىن ئىلگىرى ، قاراخانىيلار خانى شەمسۇلمۇلك ناسىر ئارسلاننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئەسكەر چىقىرىپ تېرمىز ۋە بەلخنى بېسىۋالغانىدى . بەلخ شەھىرىنىڭ قوماندانى ئالىپ ئارسلاننىڭ ئوغلى ئاياز شەھەردىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانىدى . بۇ خىل ئەھۋالدا ، يېڭىدىن سۇلتان بولغان مالىك شاھ 1073 ـ يىلى قوشۇن باشلاپ بېرىپ ، شەمسۇلمۇلكنىڭ ئىنىسىنى تېرمىزدىن قوغلاپ چىقاردى ھەمدە سەمەرقەنتكە قاراپ يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى . قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىلاجسىزلىقتىن سالجۇقىيلار

سۇلتانىدىن تىنچلىق سۆھبىتى تەلەپ قىلىپ ، سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى نىزامۇلمۇلكنى ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئارىغا چۈشۈشكە دەۋەت قىلدى . نەتىجىدە ئىككى تەرەپ قايتىدىن كېلىشىپ ، ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتى . سۇلتان خۇراسانغا قايتىپ كەلدى ھەمدە تېرمىزدا يېڭىدىن مۇداپىئە مۇئەسسەسىنى تەسىس قىلىپ ، تاكېشنى بەلخ ۋە توخرىنى باشقۇرۇشقا قويدى .

مالىك شاھ سۇلتان بولغان مەزگىل (1073 — 1093) سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ كۈچەيگەن مەزگىلىدۇر . ئەكسىچە ، بۇ ۋاقىتتا قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىچكى نىزالار تۈپەيلىدىن ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە ، سۇلتاننىڭ ئارىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . مەسىلەن ، مىلادى 1089 ـ يىلى ئەھمەد قاراخانىيلارغا پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ، دادىسى خىزىر خان ۋاقىتىدىكى قازى (دىنىي سوتچى)ئەبۇ ناسىرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى . بۇنىڭ بىلەن دىنىي ساھەدىكىلەر سالجۇقىيلار سۇلتانى مالىك شاھتىن ياردەم تەلەپ قىلدى . مالىك شاھ شۇ يىلى دەرھال قوشۇن باشلاپ ماۋرا ئۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە بۇخارانى ئىشغال قىلىپ ، سەمەرقەنتنى قورشاۋغا ئالدى . لېكىن قاراخانىيلار قوشۇنى قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى . ئاخىر بىر ئەمىرنىڭ ئۆزى ساقلاشقا تېگىشلىك جاينى ياخشى مۇداپىئە قىلالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن سەمەرقەنت قولدىن كەتتى . ئەھمەد بىر ەيلەننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئورنىدىن بايقىلىپ قېلىپ قولغا ئېلىندى ھەمدە ئىسپاھانغا يالاپ ئېلىپ كېتىلدى .

مالىك شاھ ئىزچىل تۈردە يۈرۈش قىلىپ ، پەرغانىنىڭ ئۆترار دېگەن جايىغىچە يېتىپ كەلدى . ئېيتىلىشىچە ، قەشقەردىكى قاراخانىيلار خانى ھارۇن (سۇلايماننىڭ ئوغلى) مالىك شاھتىن ئۆز ئارا كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن . كېيىن ، مالىك شاھ خۇراسانغا قايتىپ كېلىپ ، سەمەرقەنتتە يېڭىدىن باشقۇرۇش ئورگىنى تەسىس قىلىپ ، مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ مەنسەپكە قويدى . سۇلتان قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ، ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا چىگىل قەبىلىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، مالىك شاھنىڭ سەمەرقەنتتە تۇرۇشلۇق

باش نازارەتچىسىنى خارەزىمگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. لېكىن چېگىل قەبىلىسىنىڭ سەردارى قەشقەر خانىنىڭ ئىنىسى ئاتبېشى شەھىرىنىڭ قوماندانى ياقۇپتېكىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ياقۇپتېكىن مالىك شاھ بىلەن ھەمكارلىشىپ سەمەرقەنتنى قايتىدىن ئىشغال قىلدى. كېيىنكى مەزگىللەردە، سۇلتان ئەھمەدخاننى قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئۇنىڭ قايتىدىن خان بولۇشىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى.

مالىك شاھ ماۋرا ئۇننەھر رايونىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى سىر دەرياسىنىڭ سىرتقى قىسمىغا كېڭەيتىشكە باشلىغان ۋاقىتتىن تارتىپ، ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە، سۇلتان ماۋرا ئۇننەھر رايونىنى بىۋاستە باشقۇرمىدى. شۇڭا ۋامبېرى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «سالجۇقىيلار خاندانلىقىدىكى تارىخچىلارنىڭ كۆپ قىسمى پارس ۋە ئەرەبلەردۇر. ئۇلار ئالىپ ئارسلان ۋە مالىك شاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدە توختىلىپ سالجۇقىيلارنىڭ زېمىنىنىڭ شەرقىي قىسمى قوقەندتىن ھالقىپ كەتكەن. ھەتتا قەشقەردە قويۇلغان پۇللارغا مالىك شاھنىڭ ئىسمى چۈشۈرۈلگەن دېيىشىدۇ» ① دەپ يازغان. بۇ يەردە شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا، ماۋرا ئۇننەھر رايونى بىلەن ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى قاراخانىيلار سۇلالىسى باشقۇرغان.

ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى جايلارنىڭ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىگە تەۋە بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى خارەزىم رايونىمۇ سالجۇقىيلارنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانغا ئوخشاش، سالجۇقىيلار سۇلتانى ئالىپ ئارسلان مىلادى 1065 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئوغلى ئارسلان ئارغۇننى خارەزىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قويغانىدى. لېكىن بۇ ئەمەلىيەتتە باشقا بىر ئىش بولۇپ، خارەزىم رايونىنى ھەقىقىي باشقۇرغان كىشىلەر سالجۇقىيلار ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ھەم تۈرك قۇلدىن كېلىپ چىققان غۇلاملار ئىدى. بۇ

① ۋامبېرى: «بۇخارا تارىخى»، ئىنگلىزچە، 100 ـ بەت.

يەردە سالجۇقىيلار خان جەمەتىدىكىلەر خارەزىم رايونىنى باشقۇرۇشنى مۇستەسنا ئىدى . ئارسلان ئارغۇن بۇ رايوندا ئون يىلدەك مەنسەپتە تۇردى . مالىك شاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە بۇ رايوندا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولمىدى .

مالىك شاھ 1093 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى . شۇنىڭدىن كېيىنكى 12 يىل ئىچىدە سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى ئىچكى نىزالار ۋە يېغىلىقلار تۈپەيلىدىن كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىششقا باشلىدى . بۇ يەردىكى ئىچكى نىزالارنىڭ مۇھىم مەنبەسى ھاكىمىيەت (تەخت ) كە كىمنىڭ ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ئىدى . بىر قىسىم كىشىلەر خاننىڭ تۆت ياشلىق ئوغلى مەھمۇدنىڭ سۇلتان بولۇشىنى قۇۋۋەتلىدى . يەنە بىر قىسىم كىشىلەر 12 ياشلىق بېرك يارۇقنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى . كۈرەش جەريانىدا بېرىك ياروق غەلىبە قىلدى . لېكىن ئارسلان ئارغۇن بۇنىڭغا قارشى تۇردى . ئۇنىڭ مەقسىتى خۇراساننى ئۆزىگە قاراشلىق بىر ئۆلكىگە ئايلاندۇرۇش ئىدى . مالىك شاھنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى خارەزىمگە يېتىپ كەلگەندە ، ئۇ دەرھال قوشۇن چىقىرىپ خۇراساندىكى بىر قانچە شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە بېرىك يارۇقتىن ئۆزىنىڭ پۈتكۈل خۇراسان (نىشاپۇردىن باشقا) غا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى تەلەپ قىلدى . سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ، خۇراسان ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىدى . چۈنكى بۇ رايون سالجۇقىيلارنىڭ كېلىپ چىققان جايى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى مۇھىمى يەنە پۈتۈن شەرقىي ئىراننىڭ ئىختەرلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن ئىدى . شۇڭا مالىك شاھ بۇ رايوننى ئالدى بىلەن ئىشغال قىلغانىدى .

ئارسلان ئارغۇننىڭ خۇراساندىكى سىياسىتىنىڭ قاتتىقلىقى ، يات كىشىلەرنى چەتكە قېقىشى خەلق ئاممىسىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى . نەتىجىدە ئۇ 1097 ـ يىلى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر غۇلام تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . بۇنىڭ بىلەن بېرىك يارۇق دادا بىر ، ئانا باشقا ئىنىسى سانجارنى خۇراساننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىدى ھەمدە پۈتكۈل شەرقىي ئىران رايونى ۋە توخرى زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى .

قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ماۋرا ئۈننەھر رايونىدا دىن بىلەن سىياسىي ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋاملىق يۇز بېرىپ تۇردى. بۇ مەزگىلدە مالىك شاھ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئىسپاھانغا يالاپ ئېلىپ كېتىلگەن قاراخانىيلار خانى ئەھمەد سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىپ قايتىدىن تەختكە چىققانىدى. ئەمما، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا دىن بىلەن سىياسىي ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرانىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. ئەسلىدە ئەھمەد پارستىكى ۋاقتىدا غەيرىي ئەقىدىچىلەر بولغان شىئە مەزھىپىدىكىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانىدى. كېيىن ئۇ ماۋرا ئۈننەھرگە قايتىپ كېلىشى بىلەن، شۇ جايدىكى دىنىي ئەربابلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغانىدى. شۇ ۋەجىدىن قازى (دىنىي سوتچى) قوشۇن ئىچىدە ئاشكارا ھالدا سوت قارارىنى (دىنىي ھۆكۈمنى) ئوقۇپ، ئەھمەدنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مەلۇم بىر قېتىم ئەھمەد قازانغا كەلگەن ۋاقتىدا، بۇ شەھەرنىڭ باشلىقى توغرۇل ياناربېك دىنىي گۇرۇھ ۋە ھەربىي سانغۇنلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، ئۇنى قولغا ئالدى ھەمدە سەمەرقەنتتىكى دىنىي گۇرۇھقا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلار سوت يىغىنى ئېچىپ، ئەھمەدنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى ھەم كىرىچ بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈردى. ئەھمەدنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى مەسئۇد مىلادى 1095 ـ يىلى تەخت ۋارىسى بولۇپ تەيىنلەندى. 1097 ـ يىلى سالجۇقىيلار ھۆكۈمدارى بېرىك يارۇق يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ، تاۋغاچخان ئىبراھىمنىڭ نەۋرىسى سۇلايماننى ماۋرا ئۈننەھر رايونىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىغا تەيىنلىدى. كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىق ئورنى يەنە مەھمۇدتېكىن ۋە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ نەۋرىسى ھەسەنتېكىنگە قالدى.

مىلادى 1102 ـ يىلى ھەسەنتېكىن ۋاپات بولدى. شۇ يىلى تالاس ۋە بالاساغۇندىكى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى جىبرائىل قادىرخان مۇسۇلمان ۋە غەيرىي مۇسۇلمان تۈركلەردىن چوڭ قوشۇن تەشكىللەپ ماۋرا ئۈننەھرگە ھۇجۇم قىلدى. ماۋرا ئۈننەھردىكى قاراخانىيلار خانى مۇھەممەد بىننى سۇلايمان بىننى داۋۇت سانجارنىڭ پايتەختى مەرۋىگە

قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن جىبرائىل ماۋرائۇننەھرنى ئىگىلىدى. ئارقىدىنلا سانجارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمىر كۇنتۇغدىنىڭ ياردىمى بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ خۇراساندىكى سالجۇقىيلار چېگرىلىرىغىچە يېتىپ كېلىپ، تېرمىزغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا باغدادتىكى سانجار دەرھال قوشۇن باشلاپ بېرىپ، شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قاراخانىيلار قوشۇنى بىلەن تېرمىز شەھىرى ئەتراپىدا قاتتىق جەڭ قىلىپ، جىبرائىل قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىش بىلەن بىللە جىبرائىلنى ئۆلتۈردى. كۇنتۇغدى غەزنىۋىلەر سۇلتانى مەسئۇد III نىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى. سانجار ھەربىي يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ماۋرائۇننەھر رايونىغا كىردى ھەمدە مۇھەممەد بىننى سۇلايمان بىننى داۋۇتنى مەرۋىدىن چاقىرىپ كېلىپ، ئارسلانخانلىققا تەيىنلىدى (1102 ــ 1130). ئارسلانخان مۇھەممەد سانجارنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن 1103 ـ يىلى ۋە 1109 ـ يىلى سانجار ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم ياردەم بېرىپ، قاراخانىيلار تەختىنى تالاشقان ساغۇز بەگنى مەغلۇپ قىلدى.① شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 يىل جەريانىدا ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا تىنچلىق ھۆكۈم سۈردى.

ئارسلانخان مۇھەممەد 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن (مەملۇكلەردىن تەشكىل قىلىنغان) تەشكىللەپ، داۋاملىق تۈردە شىمالدىكى يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان غەيرىي مۇسۇلمانلارغا ۋە قىپچاقلارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى ھەمدە ئۇلاردىن ئېلىنغان ئەسىرلەرنى قۇل قىلىپ ئىشلەتتى. شۇڭا، ئۇ «غازاتچى» دېگەن نامغا ئىگە بولدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ دىنغا ساداقەتمەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدە ھەشەمەتلىك مەسچىتلەرنى ۋە ھەيۋەتلىك ئوردىلارنى ياساتتى.

---

① ساغۇن بەگ. بارتولدنىڭ «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» ناملىق كىتابىدا «ساغۇربەگ» (saghir beg) دەپ يېزىلغان (ئىنگلىزچە نۇسخىسى، 319 ـ بەت). پىرىتساك بۇ كىشىنى ھەسەن بىننى ئەلى، يەنى ئەلتېكىننىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدۇ ھەمدە 100 يىل بۇرۇن ئەلتېكىن سوغدىياناغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى پەرغانىدە قالدى. ئەلتېكىن سىستېمىسىدىكىلەر بۇغراخان ھارۇندىن كېلىپ چىققان دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ («كامبرىج ئىران تارىخى» ئىنگلىزچە، 5 ـ جىلد، 139 ـ بەت).

بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ بۇخارادىكى شەھەر سېپىللىرىنى ۋە قەلئەلەرنى قايتىدىن رېمونت قىلدۇرۇپ، شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. مۇشۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن بۇ خانىنىڭ دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن بەزى زىددىيەتلىرى يوق دەپ ئېيتىشقا بولمايتتى. بۇ يەردە مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرۈش مۇمكىن: 1113 ـ يىلى بىر قىسىم دىنىي زاتلار سانجارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئارسلانخان مۇھەممەد توغرىسىدا شىكايەت قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئارسلانخان مۇھەممەد خارەزىم شاھى قۇتبىددىن مۇھەممەد ۋە سانجارنىڭ ئەمرى كاماسىنى ئۆزى ئۈچۈن ياخشى گەپ قىلىپ قويۇشقا ئۈندىدى ھەمدە ئۆزىمۇ خانىنىڭ (سۇلتانىنىڭ) ئالدىغا سالامغا باردى.

ئارسلانخان مۇھەممەد ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ئورنىغا ئوغلى ناسىر دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇردى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا ناسىر سەمەرقەنتتىكى دىنىي گۇرۇھ تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئارسلانخان مۇھەممەد سۇلتانىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، يەنە بىر ئوغلى ئەخمەدنى ناسىرنىڭ ئورنىغا سىياسىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قويدى ھەمدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەخمەد «قادىرخان» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى. قادىرخان ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئىنتايىن قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ دىنىي رەھبەرلەرنى ۋە ناسىرنى ئۆلتۈرگەن سۇيىقەستچىلەرنىڭ كاتتىبېشىنى ئۆلتۈردى. دۆلەت ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنىمۇ تۈزىدى. نەتىجىدە سانجارنىڭ ياردىمى ھاجەتسىز بولۇپ قالدى. لېكىن سانجار قوشۇنى بىلەن ئاللىبۇرۇن يولغا چىقىپ بولغانىدى. مۇھەممەد ئۆزىنىڭ سۇلتاندىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىدىن پۇشايمان قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئۆزىنىڭ قاراخانىيلارنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمدارى بولۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى. شۇ ۋەجىدىن مۇھەممەد بىلەن سالجۇقىيلار سۇلتانى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى.

سانجار قوشۇن باشلاپ ماۋرائۇننەھرگە كىرگەندىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلدى. بىر قېتىملىق ئوۋ ئوۋلاشتا، سانجار 12 ناتونۇش كىشىنى تۇ-

تۇۋالدى ھەمدە قاتتىق سوراق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قەستلەش ئۈچۈن خان تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ ئەۋەتىلگەن ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. بۇنىڭ بىلەن سانجار دەرغەزەپكە كېلىپ، قوشۇن باشلاپ سەمەرقەنتنى قورشاۋغا ئالدى. 1130 - يىلى باھار پەسلىدە شەھەرنى تولۇقى بىلەن ئىشغال قىلدى. ئەسىر ئېلىنغان خاننى بەلخكە ئەۋەتىۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 1132 - يىلى خان ۋاپات بولۇپ مەرۋىگە دەپنە قىلىندى. سانجار ئىنىسى ئەبۇل مۇزەپپەر بۇغراخان ئىبراھىمنى ۋارىسلىققا قويدى. كېيىن قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن قىلىچ تاۋغاچخان ئەبۇل مائەلى ھەسەن بىننى ئەلى (ھەسەنتېكىن) تەخت ۋارىسى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارسلانخان مۇھەممەدنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مەھمۇد خان بولدى. دەل مەھمۇد ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، كىدانلار ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىردى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، X II ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى سانجارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ كۈچەيگەن مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ تىزگىنلىشىدە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ئارا قۇدىلىق مۇناسىۋىتى بارلىققا كەلدى. ئىككى خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىر قىلىپتا ئىدى. خارەزىم رايونى بولسا ئىمپېرىيىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە رەسمىي ئايلىنىپ قالغانىدى.

## 4 - بۆلۈم XI ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى

مىلادى XI ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىش دەۋرىدۇر. بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ زور كۆلەمدە قەدىمكى مەدەنىيەتلىك رايونغا كۆچۈپ كىرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى نىسبەتەن قالاق ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئەۋلادلىرىغا

تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قالدۇردى . شۇنىڭ بىلەن بىللە XI ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى مەيلى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىن بولسۇن يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدى .

مەسىلەن ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق رايونىدا دۆلەت قۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇردى . ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا ، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى تۈرك سەردارلىرى ھېچقاچان مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىمىغان ھەمدە بۇ خىل رايونلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىگىلىمىگەن . ھەتتا XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ قاراخانىيلار خانى شەمسىئۇلمۇلك يەنىلا چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن . پەقەت قىش مەزگىللىرىدىلا ئۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ بۇخارانىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان . چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكلى بولسا ، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن «ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى» (جامائە تۈزۈمى) دۇر . فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا ، ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلەردىكى قەبىلە ئاقساقاللىرى ، ئۇرۇق سەردارلىرى ۋە قەبىلە باشلىقلىرى چوڭ ـ كىچىك فېئودallارغا ئايلانغان . ئەمما يەنىلا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى شارائىتىدا شەكىللەنگەن بەزى ئىدېئولوگىيىلەر ساقلىنىپ قالغان . مەسىلەن ، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى پۈتۈن ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي مۈلكى دەپ قاراش ، ھەربىي تۈزۈمنى دېموكراتىك ، ئۇرۇق ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى بار دەپ قاراش ، بۇنى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى يانچىلار ۋە دېھقانلارغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا دېموكراتىك ۋە ھوقۇقلۇق دەپ قاراشقا بولىدۇ . بۇ خىل ئىدېئولوگىيىلەر ساقلىنىپ قالغاچقا ، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى خان جەمەتىنىڭ ئەزالىرىمۇ دۆلەتنى پۈتۈن ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي مۈلكى دەپ قارىغان . ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر ئۈلۈشتىن ھوقۇقى بولغان . ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران (رەھبەر) نى ئېتىراپ قىلمىغان . ئۇلار

ئوتتۇرىسىدا قالايمىقان ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ دۆلەتتە ئەمىنلىك بولمىغان.
تۈرك كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ، يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان رايونلارنى قەبىلە باشلىقلىرىغا
بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. بۇ
خىل ئاساستا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى
شەكىللەنگەن. بۇ خىل تۈزۈم قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە سالجۇقىيلار
خاندانلىقىدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ئەمما ئوردىنىڭ مال ـ مۈلكى
مۇناسىپ ھالدا تۆۋەنلەپ بارغان.
بارتولد، قاراخانىيلار سۇلالىسى، غەزنىۋىلەر خاندانلىقى ۋە سال-
جۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تە-
سىرى توغرىسىدا توختىلىپ: «قاراخانىيلار تۈرك ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى
ماۋرا ئۇننەھر رايونىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، شۈبھىسىزكى، مەدەنى-
يەت چېكىنگەن دەۋر. گەرچە ئايرىم ھۆكۈمرانلار گۈزەل ئىستەكلەردە
بولغان بولسىمۇ، لېكىن دۆلەتنى خان ئۇرۇقىنىڭ ئومۇمىي مۈلكى دەيدى-
غان قاراش ۋە بۇخىل قاراش ئاستىدا شەكىللەنگەن سۇيۇرغاللىق
تۈزۈمى، شۇنداقلا بۇنىڭغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ئىچكى نىزالار ئې-
نىقكى دېھقانچىلىقنىڭ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ، سودىنىڭ ۋە مەنىۋى
مەدەنىيەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان» ① دەپ ياز-
غان. ئەمما ئۇ يەنە قاراخانىيلار تۈركلىرىنىڭ سالجۇقىيلارغا قارىغاندا
خېلى مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تاكى
XII ئەسىردىمۇ سالجۇقىيلارنىڭ كۈچلۈك ھۆكۈمدارى سانجار ئوقۇشنى
ھەم يېزىشنى ئۇقمىغان. بۇ يەردە شۇنىسى ئېنىقكى، سانجاردىن بۇرۇنقى
سۇلتانلارنىڭ تەلىم كۆرگەن بولۇشىنى جەزملەشتۈرۈش بەك تەس. لې-
كىن قاراخانىيلار پادىشاھى سالجۇقىيلار پادىشاھىغا قارىغاندا خېلىلا
مەدەنىيەتلىك ئىدى. بۇ بىر تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى قاراخانىيلار سۇلا-
لىسى شەرقىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدە-

① «بارتولد ئەسەرلىرى»، رۇسچە، 1 ـ جىلد، 63 ــ 62 ـ بەتلەر.

نىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. تۈركلەردىن كېلىپ چىققان غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇدمۇ ئىلىمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئالىملارنى، شائىرلارنى ۋە ئەدەبىياتچىلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ ئوردىسى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر توپلانغان جايغا ئايلانغان. سالجۇقىيلار خاندانلىقىدىكى ۋەزىر نىزامۇئۇلمۇلۇك ئىنتايىن ئۇقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، ئۇ ئىلىمگە ۋە مەدەنىيەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن.

مىسال قىلىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر ئالىم ئىبن سىنا مىلادى 999 ـ يىلى (سامانىيلار خاندانلىقى ئاغدۇرۇلغان ۋاقىت) تېخى 19 ياشقا توشمىغان بىر ياش ئىدى. قاراخانىيلار تۈركلىرى بۇخاراغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، ئۇ خارەزىمگە بېرىۋالدى. ئەمما مەھمۇد سۇلتان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى غەزنىۋىگە كېلىشكە ئۈندىدى. ئۇ بۇنى خالىماي، تۇس ئارقىلىق گورگانغا كەتتى. كېيىن يەنە ئىسپاھانغا بېرىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. مەشھۇر ئىران شائىرى فىردەۋسى، تۇس تاباران رايونىدىكى بىر دېھقان ئىدى (تۇغۇلغان جايى باجى كەنتى، ئورنى ھازىرقى مەشھەدنىڭ شىمالىدىن 12 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا). ئۇ 25 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ، مىلادى 999 ـ يىلى «شاھنامە» داستانىنى يېزىپ چىقتى. داستانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ تۇران (تۈرك) لارغا قارشى كۈرىشىنىڭ تەسۋىرى ئىدى. فىردەۋسى مىلادى 1009 ـ يىلى بۇ ئەسىرىنى غەزنىۋىلەر سۇلتانى مەھمۇدقا تەقدىم قىلىپ، قەلىمى بىلەن ئۆچ ئېلىشنى ھەم ھەر ئىككى مىسرا شېئىرىنى بىر ئالتۇن دىنارغا ئالماشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان. لېكىن تۈركلەردىن كېلىپ چىققان مەھمۇد ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدىكى تۈركلەرگە قارشى قۇرلارنى ياقتۇرماي، ئۇنىڭغا پەقەت 20 مىڭ دەرھەم (كۈمۈش پۇل) لا پۇل بەرگەن. فىردەۋسى بۇنىڭغا ئىنتايىن ئاچچىقلىنىپ ھىراتقا كەتكەن. كېيىن يەنە تەبەرىستانغا بېرىپ، شېئىر يېزىپ مەھمۇدنى ئەيىبلىگەن. مەھمۇد ھىندىستاندا بۇ شېئىرنى كۆرۈپ پۇشايمان قىلغان ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ 60 مىڭ دىنار بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا يولغا سالغان. ئەمما بۇ ۋاقىتتا فىردەۋسى ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ

ئايالى بۇ پۇللارنى ئېلىشنى رەت قىلغان . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئەينى ۋاقىتتا مەھمۇد گەرچە خەلققە كۆيۈنمەيدىغان زالىم پادىشاھ بولغىنى بىلەن ، ئەمما ئۆزىنىڭ نام ـ ئابرۇيى ئۈچۈن مەشھۇر شا-ئىرلارغا يەنە ئازراق ھۆرمەتمۇ قىلغان .

يەنە بۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ داڭلىق ئالىم بىرۇنىدۇر . بىرۇنىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پارس بولۇپ ، ئۇ مىلادى 973 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خارەزىم شەھىرى ئەتراپىدىكى بىرۇنى كەنتىدە تۇغۇلغان . ئۇ ياشلىق دەۋرىدە خارەزىم شاھى ئوردىسىدا خىزمەت قىلغاچ بۇخارادىن قېچىپ كەلگەن ئىبنى سىنا ھەم مەشھۇر تارىخچى ئىبنى مىسقەۋەيخ ، داڭ-لىق ماتېماتىك ئەبۇ ناسىر ئاراكى ، پەيلاسوپ ئەبۇ شاھرى مەشھى ، تىۋىپ ئىبنى ئەلى ئۆمەر قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان . خارەزىم مىلادى 1017 ـ يىلى غەزنىۋىلەر خانى مەھمۇد تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇ نۇرغۇنلىغان ئا-لىملار ۋە شائىرلار بىلەن بىللە مەجبۇرىي يوسۇندا غەزنىۋىگە ئېلىپ كېتىلگەن . كېيىن ئۇ يەنە ھىندىستانغا بېرىپ ساياھەت قىلغان . ئا-خىر 1048 ـ يىلى غەزنىۋىدە ۋاپات بولغان . بىرۇنىنىڭ بىلىمى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ ، تۈرك تىلىنى پىششىق بىلىشتىن باشقا ، يەنە پارس ، ئە-رەب ، سانسكرىت ، ھېبراي ۋە سۈرىيە تىللىرىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەن . ئاسترونومىيە ، ماتېماتىكا ، تىبابەت ، فىزىكا ۋە تارىخ پەنلىرىگە پىششىق ئىدى . ئۇ ئۆمرىدە 150 پارچە ئىلمىي ئەسەر يېزىپ چىققان . ئۇ يازغان «خارەزىم تارىخى » ناملىق كىتاب بىزگە يېتىپ كەلمىگەن . ئەمما بىھاكى بۇ ئەسەردىن مەھمۇدنىڭ خارەزىمنى بويسۇندۇرغانلىقىغا دائىر نۇرغۇنلى-غان تارىخىي ماتېرىياللارنى نەقىل ئالغان . بىرۇنى ھىندىستاندىكى ۋاقتىدا ھىندى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ ، يەنە «ھىندىستان تارىخى » ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان . بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە « مىنېرالوگىيە » دېگەن ئەسەرنى يازغان .

بىرۇنى بىلەن زاماندااش بولغان غەزنىۋىلەرنىڭ يەنە بىر ئالىمى ئۇتبىدۇر . بۇ كىشى سامانىيلار خاندانلىقىدىكى ۋەزىر ئائىلىسىدىن كېلىپ

چىققان ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا غەزنىۋىلەر سۇلتانى مەھمۇدنىڭ قول ئاستىدا دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى غەزنىۋىلەر خاندانلىقىدا شاھ ئارابى ئىسىملىك بىر تارىخچى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ «پادىشاھ تۇرمۇشى ۋە تارىخ تۇمانلىرى خاتىرىسى» ناملىق كىتابنى يېزىش ئارقىلىق، غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ تارىخىنى تاكى سۇلتان مەھمۇد دەۋرىگىچە تەپسىلىي يورۇتۇپ بەرگەن. ئۇتبىنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىپ چىققان «تارىخىي ئەمىنىيە» ناملىق كىتابى مەھمۇدنىڭ ئىسمى ئەبۇل مۇزەپپەر نامىسىر ۋاپات بولغان 1021 ـ يىلىغا كەلگەندە يېزىلىپ تاماملانغان بولۇپ، مەزكۇر كىتاب ئىبىن ئەلى ئاشىرنىڭ 1021 ـــ 975 ـ يىللىرىدىكى ۋەقەلەرنى بايان قىلغان مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى تىلغا ئېلىپ: «سۇلتان مەھمۇدنى مەدھىيىلەش، ۋەزىردە ياخشى تەسىر قالدۇرۇش» دەپ زىكىر قىلغان. كىتابنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى مۇرەككەپ، تەمسىللەر كۆپ بولۇپ، مەزمۇنى غۇۋا ھەم چۈشىنىكسىز بولغان. ئەمما كىتابتا غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ خەلق ئاممىسىغا بولغان زۇلۇمى ھەم خەلقتىن ئېلىنىدىغان باجلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋەيران بولغان ئاممىنىڭ ئەھۋاللىرى،ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. كىتابتا يەنە سۇبۇقتېكىن ۋە مەھمۇدقا ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللار بېرىلگەن. 1025 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ كىتابنى ئەبۇ شەرەپ نۇسھى پارسچىغا تەرجىمە قىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئەينى ۋاقىتتا سەئىد گەردىزى ئىسىملىك مەشھۇر تارىخچىمۇ ئۆتكەن. بۇ كىشى 1052 ـــ 1048 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا پارس (تاجىك) تىلىدا «زىبدوتۇل ئاخبار» («خەۋەر قىلىشقا تېگىشلىك ۋەقەلەر») ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىپ، 1032 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى خەلىپىنىڭ تارىخى ۋە غەزنىۋىلەر سۇلتانى مەۋدۇتتىن ئىلگىرىكى خۇراسانىنىڭ تارىخىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن. مەزكۇر ئەسەر سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى تارىخ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوبۇل پازىل بىھاكى (1086 ـــ 995) غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ

باش دىۋانىدا 12 يىلدەك مىرزا بولغان . ئۇ پارس تىلىدا 30 توملۇق يىلنامە «تارىخۇل نەسىر » («پاسىبانلار جەمەتىنىڭ تارىخى ») نى يېزىپ چىقـ-
قان . بىراق ، بۇ مۇھىم تارىخىي ئەسەرنىڭ پارچە - پۇرات بىر قانچە
توملا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن . يېقىنقى دەۋردە تۈزۈلگەن «تارىخىي
مەسئۇد » ، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ 6 - جىلدىنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 7 - ،
8 - ، 10 - جىلدلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر . ئۇنىڭ ئەسىرىدە دىپلوماتىك مۇ-
ناسىۋەتلەر ، غەزنىۋىلەر ئوردىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ، بولۇپمۇ
قاراخانىيلار سۇلالىسىغا دائىر قىزىقارلىق تارىخىي ماتېرىياللار ئىنتايىن
تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن . بارتولد بۇ ھەقتە توختىلىپ : «تاكى ھازىرغىچە
بىھاكىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىلمىدى . بولۇپمۇ قاراخا-
نىيلارنىڭ تارىخىنى يازغان بىرەرمۇ تارىخچى مەزكۇر كىتابتىن
پايدىلانمىدى . بىز پەقەت مۇشۇ ئەسەردىنلا قاراخانىيلار سۇلالىسىگە دائىر
ھەقىقىي ۋە تەپسىلىي ماتېرىيالغا ئىگە بولالايمىز » ① دەپ يازغان . بىھاكى
ئەسەرلىرىدىن ھازىر بار بولغىنى مورلېي تۈزگەن نۇسخىسىدۇر . نۇسخا
1862 - يىلى كالكۇتتادا نەشر قىلىنغان . يەنە رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىمۇ
بار . مەزكۇر كىتابنىڭ ھەرخىل نەشر قىلىنىش ئەھۋالىنى «بارتولد ئە-
سەرلىرى » نىڭ 1 - جىلد ، 68 - بېتىدىكى تونۇشتۇرۇشتىن كۆرۈڭ .

بۇ دەۋردە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شىنجاڭ
رايونىدا نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئۆتكەن . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىق بول-
غىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى » نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقىرى ۋە
«قۇتادغۇبىلىك » نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر .

مەھمۇد قەشقىرى مىلادى XI ئەسىردە ياشىغان شەرقىي قاراخا-
نىيلار خان جەمەتىنىڭ ئەزاسى . ئۇ ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىغان . يۇرتى
قەشقەر . 1 - بۆلۈمدە بىز مەھمۇدنىڭ دادىسى ھۈسەيىن دەپ قەيت قىلىپ
ئۆتكەن . ئەينى ۋاقىتتا (مىلادى 1057 — 1056 - يىللىرى ) ، شەرقىي
قىسىم قاراخانىيلار سۇلالىسىدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى . دەسلە-
پىدە ھۈسەيىننىڭ چوڭ دادىسى ئارسلانخان سۇلايمان ئىنىسى بۇغراخان

① «بارتولد ئەسەرلىرى »، رۇسچە ، 1 - جىلد ، 70 — 67 - بەتلەر .

مۇھەممەد (ھۈسەيىننىڭ دادىسى، مەھمۇدنىڭ بوۋىسى) گە قارشى تۇردى. ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇشى جەريانىدا، سۇلايمان مۇھەممەد تەرىپىدىن ئەسىر قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. كېيىن، مۇھەممەد ئورنىنى ئوغلى ھۈسەيىنگە بەردى. لېكىن ھۈسەيىن مۇھەممەدنىڭ بىر توقال خانىشى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ھۈسەيىننىڭ جەمەتى ۋە بوۋىسى سۇلايماننىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ھۈسەيىننىڭ ئوغلى مەھمۇد (ئاپتور) بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقتىن قانداق قۇتۇلۇپ چىققانلىقى نامەلۇم. ئۇ ئالدى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇن يىلدەك سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈردى. ئەڭ ئاخىر، باغدادقا كەلدى. مەھمۇد ئۆزىنىڭ ئائىلە جەمەتىنىڭ ئەھۋالى ۋە نېمە ئۈچۈن باغدادقا بارغانلىقى ھەققىدە ئانچە توختالمايدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ «ناتىق»، «گېپى ئوچۇق»، «ئېسىلزادە ئائىلىدىن كېلىپ چىققان»، «ئەلەمگە ئۇستا» ئىكەنلىكى ھەققىدىلا توختىلىدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئۇزاق مۇددەت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كېزىپ چىقىش ئارقىلىق، جايلاردىكى تۈركلەرنىڭ تىلى ھەققىدە چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەب تىلىنىمۇ پۇختا ئۆگىنىپ، ئەرەب يېزىقىنى خۇددى ئۆز ئانا تىلىدەك ئۆزلەشتۈرگەن. شۇڭا ئۇ ھىجرىيە 464 — 470 ـ يىللىرى (مىلادى 1072 — 1078 يىللىرى)، ئەرەب تىلىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىپ چىقىپ، ئەينى چاغدىكى ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسى مۇقتەدىرىگە تەقدىم قىلغان (1057 — 1094). بۇ كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانغان بولۇپ، 1914 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. كېيىن يەنە تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسى چىققان. 1960 — 1963 ـ يىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆزبېكچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. ئۆتكەنكى بىرنەچچە يىلدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، مەزكۇر كىتابنى ئۇيغۇرچىغا ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇيغۇرچە ئۈچ تومى نەشردىن چىقىپ بولدى. خەنزۇچە تەرجىمە

نۇسخىسى هازىر نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. 1983 ـ يىلى شىنجاڭدىكى مۇتەخەسسىسلەر قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىدا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قەبرىسىنى تاپتى. بۇ مۇئەللىپنىڭ قەشقەرلىك ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنىڭ جانلىق ئىسپاتى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» 300 بەتتىن ئوشۇق بولۇپ، جەمئىي ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى قىسمى كىرىش سۆز قىسمى بولۇپ، مەزكۇر ئەسەرنىڭ يېزىلىش مەقسىتى، سەۋەبى، ئۇسۇلى بايان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ قىسىمدا يەنە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئورۇنلاشقان جايلىرى كۆرسىتىلگەن بىر خەرىتىمۇ بېرىلگەن. مۇئەللىپ كىرىش سۆز قىسمىدا توختىلىپ: «مەن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ تۈركلەر، تۈركمەنلەر، ئوغۇزلار، چىگىللەر، ياغمىلار ۋە قىرغىزلارنىڭ شەھەرلىرىنى، يېزىلىرىنى، شۇنداقلا چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ ئۇلاردىن سۆز توپلىدىم. ھەر خىل سۆزلۈكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلدىم. مېنىڭ مۇنداق قىلىشىم، بۇ تىللارنى بىلمىگەنلىكىمدىن ئەمەس، بەلكى بۇ تىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە ۋە نازۇك پەرقلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن» دەپ يازغان ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى غايەت زور تەسىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن بۇ كىتابنى تۈزگەنلىكىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن. مەزكۇر كىتابنىڭ 2 ـ قىسمىغا سۆزلۈك ۋە چۈشەندۈرۈش (ئىزاھات) بېرىلگەن. مۇئەللىپ بۇ قىسىمغا 300 كۇپلېتتىن ئارتۇق قوشاق (نەزمە) ۋە ماقال ـ تەمسىل كىرگۈزگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى مول ماتېرىياللار XI ئەسىردىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل، جەمئىيەت، ئىقتىساد، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق تەرەپلىرىدىكى ئەھۋاللىرىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. مەزكۇر ئەسەر ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۆلمەس تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتاب ھەققىدىكى تەتقىقات، نۆۋەتتە دۇنياۋى ئىلىمگە ئايلاندى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى ئېنىق ئەمەس. ئۇ ئېھتىمال مىلادى 1018 ـ يىلى بالاساغۇندا تۇغۇلغان بو-

لۇشى مۇمكىن . ئۇ ياشلىق دەۋرىدە كۆپ خىل ئىلىملەردىن مەلۇمات ئالغان . بارلىق تۈرك تىللىرىدىن باشقا ، يەنە ئەرەب ، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن . تۈرك ئالىمى ئا . دىلاچار : «ئۇ ئەينى ۋاقىتتا كەڭ ئىشلىتىلگەن ئوتتۇرا ئىران تىلى تەركىبىدىكى سوغدى تىلىنىمۇ بىلگەن ، ھەتتا خەنزۇ تىلىدىنىمۇ خەۋەردار بولغان » دەپ يازغان . ئۇ ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن . ئاپتور بالاسا غۇندىكى ۋاقتىدىن باشلاپ ئەسەر يېزىشقا باشلىغان . 1068 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، 1069 ـ يىلىغا كەلگەندە يېزىپ تاماملىغان ھەمدە قاراخانىيلار خانى تاۋغاچ بۇغراخان ھەسەنگە تەقدىم قىلغان . ھەسەن بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ » لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن . بۇنىڭ بىلەن ئاپتور قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى نوپۇزلۇق شەخسكە ئايلانغان .

«قۇتادغۇبىلىك » ئەينى ۋاقىتتا ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبىدىكى يېزىلغان شېئىرىي ئەسەر بولۇپ ، جەمئىي 13 مىڭ 290 مىسرادىن تەركىب تاپقان . ئەسلى مەنىسى «بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم » دېگەنلىكتۇر . مەزكۇر ئەسەردە پادىشاھ (خان ) نىڭ دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىشى ھەققىدە توختالغاچقا ، بەزى ئالىملار بۇ كىتابنى «ئىدارە قىلىش سەنئىتى » ( Art of Reigning) دەپمۇ ئاتىغان . بارتولد « پادىشاھقا كېرەكلىك بىلىملەر » دەپ ئاتىغان .

«قۇتادغۇبىلىك » چوڭ ھەجىملىك ۋە مەزمۇنى مول ئەسەردۇر . ئاپتور كىرىش سۆز قىسمىدا مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئادالەت ، بەخت ـ سائادەت ، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قانائەتتىن ئىبارەت تۆت پېرسوناژ ئاساسىدا يېزىلغانلىقىنى ئەسكەرتكەن . ئاپتور يەنە بۇ پېرسوناژلار ئارىسىدىكى دراماتىك سۆھبەت ئارقىلىق ، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقنى بايان قىلغان ھەمدە كىنايىلىك ئوخشىتىشلار ئارقىلىق پادىشاھ ۋە ۋەزىرنىڭ دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىشى ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن . شۇڭا بۇ ئەسەر يالغۇز ئەدەبىي ئەسەرلا بولۇپ قالماستىن ، بەلكى يەنە ھەر خىل سىياسىي ، نەزەرىيە ، ئەخلاق ھەققىدىكى پەلسەپۋى تەلىمات ، ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى ھەم دۆلەتنىڭ ئىقتىسا-

دىي ، مەدەنىيىتى ، سەنئىتى ، دىنى قاتارلىقلار توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىلگەن قىممەتلىك مىراستۇر . مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئوي ـ پىكرى ياڭراق ، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن ھەمدە ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن . بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە .

«قۇتادغۇبىلىك » نىڭ ئەسلى نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلمىدى . ھازىر ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە مەلۇم بولغىنى ئۇنىڭ ئۈچ خىل كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىدۇر . بىر خىلى 1435 ـ يىلىدىكى ھىرات نۇسخىسى بولۇپ ، ھازىر ۋېيىنادا ساقلىنىۋاتىدۇ . يەنە بىر خىلى 1897 ـ يىلى تېپىلغان ئەرەب تىلىدىكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى بولۇپ ، ھازىر قاھىرەدە ساقلىنىۋاتىدۇ . ئۈچىنچى خىلى 1914 ـ يىلى بايقالغان نەمەنگان نۇسخىسى بولۇپ ، ھازىر تاشكەنتتە ساقلىنىۋاتىدۇ . ۋېيىنا نۇسخىسى 1870 ـ يىلى ۋامبېرى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان . 1890 ـ يىلى روسىيىلىك رادلوۋ قايتا نەشر قىلغان . 1900 ــ 1910 ـ يىلى لاتىن تىلىدىكى نۇسخىسى ۋە نېمىسچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى . ياۋروپادا ھەرخىل تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىلارنىڭ نەشر قىلىنىشى ، «قۇتادغۇبىلىك » ھەققىدىكى تەتقىقاتنى دۇنياۋى ئىلىمگە ئايلاندۇردى . ھازىر بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى شىنجاڭدىكى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىقىپ بولدى .

يەنە بىر داڭلىق ئەسەر «ئەتەبەتۇلھەقايىق » بولۇپ ، تۈرك (ئۇيغۇر ) تىلىدا يېزىلغان . بۇ ئەسەرنىڭ كۆپ قىسمى «aa ba» قاپىيە شەكلى بويىچە تۆت مىسرالىق قىلىپ يېزىلغان بولۇپ ، ۋەزنى «قۇتادغۇبىلىك » كە ئوخشاپ كېتىدۇ . يېزىلغان ۋاقتى موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كىرىش دەۋرىنىڭ ھارپىسىغا توغرا كېلىدۇ . ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەھمەد ئىسىملىك كىشى بولۇپ ، تۇغما ئەما دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ . بۇ ئەسەر (داستان ) جەمئىي ئون تۆت باب بولۇپ ، كىرىش سۆز قىسمىدىن باشقا ، ئالدىنقى بەش بابى ۋە ئەڭ ئاخىرىدىكى ئىككى بابى ئاپتورنىڭ بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىي كەيپىيات ئۈچۈن ھەسرەت چەككەنلىكى

توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كىتابنىڭ ئاخىرىدا يەنە قەسىدە بېرىلگەن. لېكىن مەزكۇر كىتابتا ئاپتور يەنىلا بىلىمنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى ھەم بىلىم ئۆگىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئاساسلىق قىلىپ توختالغان. ھازىر بۇ داستاننىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىمۇ بار.

تارىخىي ئەسەرلەر جەھەتتە، مەجىد مۇھەممەد ئەبۇ ئادنان ئىسىملىك بىر كىشىمۇ قاراخانىيلار خانى تاۋغاچخان ئىبراھىم ئەبۇ ھۇسەيىن (1203 ـ يىلى ۋاپات بولغان) گە «تۈركىستان تارىخى» ۋە «قىتان تارىخى» ناملىق ئىككى كىتابنى ھەدىيە قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇھەممەد ئەبۇ ئەلى كاتىپ، سەمەرقەنتى دېگەن كىشى «ھۆكۈمەت نىشانىدىكى تاشقى مۇناسىۋەت ئىشلىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب XII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تەختتە ئولتۇرغان قىلىچ تاۋغاچخان مەسئۇد ئەبۇ ئەلى ئۈچۈن يېزىلغان. مىلادى XI ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان ئابدۇل ئەلى جاپپار بىننى ھۇسەيىن ئەلى ئەلمائى دېگەن كىشى قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىققان.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، XI ئەسىرلەردىكى تۈرك خانلىقلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، مەيلى قەشقەردە بولسۇن، تۈركىستاندا بولسۇن ياكى خارەزىم، خۇراسان، غەزنىۋىدە بولسۇن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ مەدەنىيەت جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئالىملار يېتىشىپ چىققان. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شەرق ـ غەرب قاتناش ئىشلىرىنىڭ يۈكسەلگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. باغداد بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى يەنە قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە ئۇيغۇرلار ئارقىلىق جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان. غەزنىۋىلەر خاندانلىقى ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەندە، جەنۇب مەدەنىيىتىنىڭ شىمالغا تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىي ھاياتنىڭ جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالەمشۇمۇل ئالىملارنى ۋە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى دۇنياغا كەلتۈرگەن.

# ئون ئۈچىنچى باب

## خارەزىمشاھ خاندانلىقى ۋە غەربىي لياۋ سۇلالىسى

### 1- بۆلۈم خارەزىمشاھ خاندانلىقىنىڭ گۈللىنىشى

خارەزىمشاھ ـــ سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا باش كۆتۈرۈپ زورايغان.

قەدىمكى دەۋردە خارەزىم رايونىدا بىر ئافرىگ خاندانلىقى ئۆتكەن بولۇپ، بۇ خاندانلىقنىڭ ئاخىرقى پادشاھى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىدى. مىلادى X ئەسىردە خارەزىم رايونىدىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ سول ساھىلىغا جايلاشقان گورگەنچ شەھىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن روسىيىنىڭ جەنۇبىغا بارىدىغان سودا يولى (يەنى ئالدىدا بايان قىلىنغان ئىبىن فاردلان بېسىپ ئۆتكەن ئوغۇز يايلىقى ئارقىلىق بۇلغارىيە دۆلتىگە بارىدىغان سودا يولى) غا جايلاشقانلىقتىن ئىنتايىن مۇھىم شەھەرگە ئايلانغانىدى. لېكىن قەدىمكى ئاستانە كەنت نىسبىي ھالدا خارابلىشىپ قالدى. شۇ چاغدا، گورگەنچ دېگەن جايدىكى بىر فېئودال خوجا ئەبۇ ئەلى ئاببباس مۆمىن مۇھەممەد مىلادى 995 ـ يىلى خارەزىمنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىپ، ئاخىرقى ئافرىگ خانىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزىنى خارەزىم شاھى دەپ جاكارلىدى. بارتولد مۆمىن تىكلىگەن بۇ خاندانلىقنى 2 ـ خارەزىم خاندانلىقى دەپ ئاتىدى.

مۆمىن 997 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئەلى ۋەلىئەھد بولدى. ئەلى دەسلەپتە بۇخارا خاندانلىقىغا بېقىناتتى. مىلادى 1006 ـ يىلى بۇخارا خاندانلىقى غەزنىۋى خاندانلىقىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئەلى غەزنىۋى خاندانلىقىغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئەلى غەزنىۋى خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇدنىڭ سىڭلىسىنى خوتۇنلۇققا ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى تەخت ۋارىسى ئەبۇ ئەلى ئابباس

مۆمىن II مۇ مەھمۇدنىڭ سىڭلىسىنى خوتۇنلۇققا ئالغان بولۇپ، غەزنىۋى خانىدانلىقى بىلەن داۋاملىق ئىناق ئۆتتى. كېيىن، مەھمۇد مۆمىن II گە خارەزىمدە ئۆزىنىڭ نامىغا قۇتبە ئوقۇشنى بۇيرۇدى (بۇ، خارەزىملىكلەر غەزنىۋى خانىدانلىقىغا تەۋە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ). مۆمىن II گە دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشقا توغرا كەلدى.

مۆمىن II غەزنىۋى خانىدانلىقىغا تەۋە بولغاندىن كېيىن، خارەزىملىكلەرنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەينى چاغدىكى خازارا ـ سىپتا تۇرۇشلۇق ئالپتېكىن باشچىلىقىدىكى خارەزىم قوشۇنى توپىلاڭ كۆتۈردى. مۆمىن مىلادى 1017 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۆلتۈرۈلدى. ئىسيانچىلار ئۇنىڭ جىيەنى ئەبۇ ئەلى قاسىم مۇھەممەد ئەبۇ ئەلىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ تىكلىدى. غەزنىۋى خانىدانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد باستۇرۇش نامى بىلەن خارەزىمگە قوشۇن تارتتى ھەمدە بۇ ئىشنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىلىكخانىغا ئۇقتۇردى (ئەينى چاغدا «تۈركىستاننىڭ ئىلىكخانى» دەپ ئاتىلاتتى). ئىلىكخان خارەزىم غەزنىۋى خانىدانلىقىنىڭ قولىغا ئۆتسە ئۆزىگە ناھايىتى پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن مەھمۇدنىڭ قوشۇن تارتقانلىقىنى قوللاشقا مەجبۇر بولدى. غەزنىۋىلەر قوشۇنى ئامۇلدىن يولغا چىقىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. يول بويى خارەزىملىكلەرنىڭ قارشىلىقىغا ۋە زەربىسىگە ئۇچراپ ئېغىر زىيان تارتتى. كېيىن مەھمۇد ئۆزى قوشۇن باشلاپ ياردەمگە كەلگەندىلا ئاندىن ئىلگىرىلىيەلىدى. غەزنىۋى خانىدانلىقى خازاراسپتا خارەزىم قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقاتتى، مىلادى 1017 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۇلارنىڭ مەركىزى كېتقا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئىسيانچىلارنى ۋەھشىيلەرچە باستۇردى.

مەھمۇد خارەزىملىكلەرنىڭ قارشىلىقىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ھاجىب ئالتۇنتاشنى خارەزىم شاھى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئادەم بۇرۇن غۇلام بولۇپ، سۇبۇقتېكىننىڭ خاس مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ، مەھمۇدنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك سەركەردىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بارتولد ئالتۇنتاشنى 3 ـ خارەزىمشاھ

خاندانلىقى (1017 — 1041- يىللىرى) نىڭ قۇرغۇچىسى دەپ ئاتىدى. بۇ چاغدا، خارەزىم رايونى ئەمەلىيەتتە غەزنىۋى خاندانلىقىغا قوشۇۋېتىلگەنلىكتىن، غەزنىۋى خاندانلىقىنىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىۋېلىنغانىدى.

بۇ چاغدا، بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت رايونىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەلى (ئادەتتە ئەلتېكىن دەپ ئاتىلىدۇ) غەزنىۋى خاندانلىقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. مەھمۇد سۇلتاننىڭ خارەزىمنى قوشۇۋېلىشتىكى مەقسىتى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەلتېكىننىڭ يان قانىتىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، خارەزىمشاھ ئالتۇنتاش قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان ئىناق مۇناسىۋەتنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىشنى خالايتتى. 1030 - يىلى مەھمۇد ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. 1032 - يىلى مەسئۇد ئالتۇنتاشنىڭ نامىدا قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇخارا شەھرىنى ئىشغال قىلدى. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى دابۇش ئۇرۇشىدا ئالتۇنتاش ئېغىر يارىلىنىپ، قاراخانىيلار خاقانى ئەلتېكىن بىلەن سۈلھ تۈزۈپ خارەزىمگە چېكىندى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالتۇنتاش ۋاپات بولدى. غەزنىۋىلەر سۇلتانى مەسئۇد ئۆزىنىڭ ئوغلى سەئىدنى خارەزىمشاھى قىلىپ، ئالتۇنتاشنىڭ ئوغلى ھارۇننى ئۆزىگە ۋاكالىتەن شۇ جاينى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. ھارۇن ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ، مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئۆزىنى خارەزىمشاھ دەپ ئاتىدى ھەمدە بۇخارادىكى سالجۇقىيلارنى چېگرىدىن كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

ئەگەر سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى ماۋرائۇننەھر رايونىدا ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يوقالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ دېسەك، ئۇ چاغدىكى ئالتۇنتاشنىڭ ئورنىنى مۆمىن جەمەتىنىڭ ئېلىشى خارەزىم رايونىدا ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن سالجۇقىيلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى يېڭى بىر تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. خارەزىمشاھ ئاتاقتا غەزنىۋى خاندانلىقىغا ئۆز قول ئاستىدىكى نا-

ئىبلارغا ئوخشاش بويسۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايون غەزنىۋىلەردىن خېلىلا يىراق، يېگانە ئارالدەك بولغاچقا، ئاسانلا پاراكەندىچىلىك يۈز بې-رىپ تۇردى. غەزنىۋى خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەسئۇدنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، خارەزىم ئەمەلىيەتتە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئالتۇنتاشنىڭ ئوغلى هارۇندىن ئىنىبسى ئىسمائىلخانغىچە هېچقايسىسى غەزنىۋى خاندانلىقىغا بويسۇنماي، سالجۇقىيلارنىڭ سۇلتانىنى قوللىدى. شۇڭا غەزنىۋى خاندانلىقىنىڭ هۆكۈمرانى ئادەم سېتىۋېلىپ 1035 - يىلى هارۇننى ئۆلتۈرگۈزدى. 1038 - يىلى مەسئۇد ئىشغال قىلغان جايلاردىكى تۈرك هۆكۈمرانى شاھ مالىكنى خارەزىمشاھىي قىلدى. 1040 —- 1041 - يىللىرى قىشتا شاھ مالىك مەسئۇدنىڭ نامىدا قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، خارەزىمگە هۇجۇم قىلىپ، قانلىق جەڭ ئارقىلىق ئۇنىڭ مەركى-زىگە بېسىپ كىرىپ، مەسئۇدنىڭ نامىدە خۇتبىنى ئوقۇتتى.

مىلادى 1040 - يىلى، غەزنىۋى خانى سۇلتان مەسئۇد دادكەنت ئۇرۇشىدا سالجۇقىيلار تەرىپىدىن ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇپ، خۇراسان رايونىغا بولغان هۆكۈمرانلىقىدىن تامامەن مەهرۇم بولدى. كېيىن، 1043 - يىلى خارەزىممۇ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، سالجۇقىيلار خاندانلىقى خارە-زىمدا تۈرك قۇللاردىن كېلىپ چىققان تۈركلەردىن مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى تەيىنلىگەن. مەسىلەن، جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاهان كۇشاي» دېگەن كىتابىدا قەيت قىلىنىشىچە، سالجۇقىيلار خاندانلىقىدا بىر چوڭ ئەمەلدار بولۇپ، ئىسمى بىلگەتېكىن ئىكەن. ئۇنىڭ سالجۇقىيلار خاندانلىقىدا تۇت-قان ئورنى ئالىپتېكىننىڭ سامانىيلار خاندانلىقىدا تۇتقان ئورنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، خۇراساندىكى قوشۇننىڭ باش قوماندانى بولغان. بۇ بىلگەتېكىن غارچىستان (مورغاب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بولۇپ، هازىرقى هىرات تاغلىق رايونىدىكى بىرۇزكۇھقا توغرا كېلىدۇ) دىن بىر تۈرك قۇلنى سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئانۇشتېكىن، گالچا ئىدى. ئانۇشتېكىن بىلگەتېكىن تۇرغان جايدىن مالىك شاھنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ

كېلىندى. ئەقىللىق تۈرك قول بارغانسېرى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بو-
لۇپ، سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ مۇھىم ئەمەلدارى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ
ئورنى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋردىكى سۇبۇقتېكىن بىلەن
ئوخشاش ئىدى. ئۇ تاشدارلىق ( tashtdar.) ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. شۇ
چاغدا ئۇنى خارەزىم رايونىدىكى بۇ مەرتىۋىلىكلەرنى باشقۇرۇۋاتقان
تارماقلار خىراجەت بېرىپ ئىشلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئانوشتېكىنگە خا-
رەزىمنىڭ كەنجى باسقاقى (شاھانە shahna) دېگەن نام بېرىلدى. ئۇنىڭ
بىرنەچچە ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى قۇتبىددىن مۇھەممەد
ئىدى. سالجۇقىيلار خاندانلىقىدىكى بېرىك ياروق تەختكە چىققاندا،
ئىمپېرىيىنىڭ ھوقۇقدارلار ھەيئىتى خۇراساننىڭ ئەمرى دادبېك ھاباش
ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، خارەزىمنىڭ شاھى سانجارلاردىن بولغان بىر
قول بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئىكىنچ ئەبۇ كۆكچار ئىدى. 1097 ـ يىلىدىكى
ۋەقەدە ئىكىنچ ئىسيانچىلارنىڭ ئەمرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. توپىلاڭ
تىنچىتىلغاندىن كېيىن، دادبېك ھاباش خارەزىمشاھى دېگەن نامنى قۇت-
بىددىن مۇھەممەدكە بېرىۋەتتى. بۇ ئادەم خارەزىمگە ئۇدا 30 يىل
ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بارتولد ئۇنى 4 ـ خارەزىمشاھ خاندانلىقىنىڭ قۇر-
غۇچىسى دەپ ئاتىدى. لېكىن نامدا خارەزىم شاھى يەنىلا سالجۇقىيلار
خاندانلىقىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى ئىدى.

خارەزىمشاھى قۇتبىددىن مۇھەممەد بىر ئۆمۈر سالجۇقىيلار خاندانـ
لىقىغا سادىق بولۇپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
ئۇ ئوغلى ئەزىز بىلەن ھەر يىلى سانجارنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ سۇلتان،
ئۈچۈن نۆۋەت بىلەن خىزمەت قىلغان. ، سانجار ھەر قېتىم جازا يۈرۈشى
قىلغاندا، ئۇ قوشۇنىنى باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىي يۈرۈشكە قاتـ
ناشقان.

1113 ـــ 1114 ـ يىللىرى سانجار بىلەن ئارسلانخان توقۇنۇشۇپ
قالغاندىمۇ، قۇتبىددىن ئارىغا چۈشۈپ كېلىشتۈرۈپ قويدى. خارەزىم ئۇ-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تىنچىتىلدى، پاراكەندىچىلىك بولمىدى، ئىقتىسادىي
جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەزىزنىڭ دەۋرىنىڭ گۈللىنىشى

ئۇچۇن ئاساس سېلىپ بەردى .
سابىق خارەزىمشاھ ئىكىنچ ئەبۇ كۆكچار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى توغرۇلتېكىن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى 1097 ـ يىلى مانغىشلاق.يېرىم ئارىلىغا قېچىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىن خارەزىمنىڭ چېگرىسىدىكى ئاپەت تۇغدۇرغۇچىلارغا ئايلاندى . قۇتبىددىن مۇھەممەد تەختكە چىققاندىلا ئەزىز خارەزىمنىڭ چېگرا ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەندى ھەمدە مانغىشلاق يېرىم ئارىلىنى كونترول قىلغاندى . ئەينى چاغدا خارەزىمنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلغانلار ، مانغىشلاق يېرىم ئارىلىدىن كەلگەن توغرۇلتېكىن قوشۇنىنىڭ قالدۇقلىرىدىن باشقا ، يەنە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋە ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقتا ياشاۋاتقان تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرىمۇ بار ئىدى . مىلادى 1127 ـ يىلى (ياكى 1128 ـ يىلى ) قۇتبىددىن مۇھەممەد ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئەزىز تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ خارەزىمنىڭ شاھى بولدى . 1133 ـ يىلى ئەزىز جەددىتىن قوشۇن تارتىپ تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ قىپچاق دالاسىغا كەلدى .
مىلادى 1135 ـ يىلى كۈزدە ، سالجۇقىيلار سۇلتانى سانجار بەھرام شاھ (1118 ـــ 52 ـ يىللار ) تۇپىلىگىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىپ ، 1136 ـ يىلى 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردا بەلخكە قايتىپ كەلدى ، مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئەزىز سانجارغا ئەگىشىپ قوشۇن بىلەن بىللە بولدى . بۇ ئۇنىڭ سالجۇقىيلار خاندانلىقىدا ئەمەلدار بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . لېكىن بۇ جەرياندا ، ئۇ سانجارنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلىكىنى ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلىرى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ ، ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى . شۇڭا ، ئەزىز دەرھال خارەزىمگە قايتىشنى تەلەپ قىلدى . ئارقىدىنلا مۇستەقىللىق جاكارلاپ سالجۇقىيلارغا ئاسىيلىق قىلدى .
مىلادى 1138 ـ يىلى 9 ـ ، 10 ـ ئايلاردا سانجار خارەزىمگە ھۇجۇم قىلدى . ئەزىز ئامۇ دەرياسى بويىدىكى نۇرغۇن جايلارغا سۇ قويۇپ بېرىپ ، سۇلتاننىڭ سەپ تارتىپ كەلگەن قوشۇنىنى توسماقچى بولغان

بولىسمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئەزىز باشچىلىقىدىكى بىدئەتچى تۈركلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خارەزىم قوشۇنى يەنىلا خازاراسپتا سانجار قوشۇنى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. ئەزىز ئۆزى قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئاتىرىك ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلدى. سانجار ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلى سۇلايمان، ئەبۇ مۇھەممەدنى خارەزىمشاھى قىلدى، ئاندىن خۇراسانغا قايتتى ھەمدە يەنە سۇلايمانغا بىر باش ۋەزىر، بىر خەلپەت ۋە باشقا بەزى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سەپلەپ بەردى. لېكىن خارەزىملىكلەر سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدىن جاق تويغانىدى. سانجار مەرۋىگە كەتكەندىن كېيىن ئەزىز قاچقان يېرىدىن گورگەنگە قايتىپ كەلدى. خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ سۇلايماننى قوغلىۋەتتى (جۇۋەينى: «تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ توم 279 ـ 280 ـ بەتلەر). 1140 ـ يىلى، ئەزىز بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ، شەھەر قەلئەسىنى بىتچىت قىلىپ، سالجۇقىيلار ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىدىن يېرىنى تارتىۋالدى.

ئەزىز خارەزىمنىڭ ھەقىقىي كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيىگە ئايلىنىشىغا ئاساس سالغۇچى. تارىخچىلار ئەزىزگە نۇرغۇن باھا بەردى. مەسىلەن، جۇۋەينى ئۇنى «يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە تالانتى بىلەن كىشىلەرگە تونۇلغان مەشھۇر زات. ئۇ شائىر بولۇپ، پارس تىلىدا نۇرغۇن شېئىر ۋە رۇبائىيلارنى يازغان. ئۇ تەگداشسىز مەردانىلىكى بىلەن زامانداشلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى»[1] دەپ تەرىپلىگەن. بارتولد مۇنداق دېگەن: «مۇستەقىل ۋە كۈچلۈك دۆلەت قورۇش ئۈچۈن، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى، ئاز كۆرۈلىدىغان سۇباتى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، مەقسەتكە يېتمىگۈچە ھەرگىز بوشاشمىدى»[2]. ئەنگلىيە ئالىمى بوسفۇرس مۇنداق دېگەن: «ئەزىز خارەزىمنى ئىمكانقەدەر ئاپتونومىيىلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئىرادە باغلىدى. ئۇ كۆپ قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسىمۇ، يەنىلا قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۆزىنىڭ

---

[1] «تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ توم، 278 ـ بەت.

[2] «بارتولد ئەسەرلىرى» رۇسچە، 1 ـ توم 387 ـ بەت.

مەقسىتىگە يەتتى . ئۇ كۈچلۈك ئىككى قوشنا دۆلەت سالجۇقىيلار بىلەن غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئارىسىدا ئىزدىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ئۆز ۋارىسىنىڭ تامامەن مۇستەقىل سىياسىتى ئۈچۈن ئاساس سالدى »①.

ئەزىز تەختىكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە يەنە سالجۇقىيلار خاندانلىقىدا ئىنتائەتچان ۋەزىر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلدى ھەمدە چېگرىدىكى بەيئەت قىلغان تۈركلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتتى. سالجۇقىيلار خاندانلىقى غەربىي لياۋ سۇلالىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۈچلىرىنى زورايتىپ، ئاخىر ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى.

## 2- بۆلۈم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بېقىندى بولۇپ قېلىشى

سالجۇقىيلار خاندانلىقى پەيدىنپەي ئاجىزلىشىۋاتقان، خارەزىم خاندانلىقى كۈنسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقان ۋاقىتتا، يېڭى بىر ئىستېلاچى جۇڭگو زېمىنىدىكى غەربىي لياۋ سۇلالىسى رايونىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا يېقىنلاشتى. ئەينى چاغدا كۆكئارت (پامىر) نىڭ شەرقى ۋە غەربىدە قىپچاقلارغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىككى تارمىقى شۇنىڭدەك ھەر قايسى جايلاردىكى قوۋم، بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بويسۇندۇرۇلدى. ئەڭ ئاخىرىدا خارەزىم خاندانلىقمۇ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ ئولپان تاپشۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەت ۋە مۇسۇلمانلار بۇ يېڭى ئىستېلاچى ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنى قاراقىتان دەپ ئاتىدى. بۇ جۇڭگو تارىخىدا غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەپ ئاتالدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى يوللىغ تاشىن ئەسلىدە لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاقسۆڭەكى (لياۋ سۇلالىسى پادىشاھى يوللىغ ئاپاگىنىڭ 8 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى) ئىدى، شۇنداقلا خەنزۇچە مەلۇمات سەۋىيىسى ناھايىتى ياخشى قىتان ئىدى. تارىخىي كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە، ئۇ ناھايىتى

---

① «كامبرىج ئىران تارىخى» ئىنگلىزچە، 5 ـ توم 143 ـ بەت.

قابىلىيەتلىك بولۇپ ياساۋۇلمۇ بولغان، قىتان، خەنزۇ تىل ـ يېزىقلىرىغا پىششىق، ئات مىنىشكە، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ بىر ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ، لياۋ سۇلالىسى پادىشاھى يوللىغ يەنشىنىڭ لياۋ چېگرىسىنى قوغداپ قالالمىغانلىقىدىن ناھايىتى نارازى بولغان. 1224 ـ يىلى يەنى (لياۋ سۇلالىسى ھالاك بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى) چياشەن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى، ۋۇمىڭ ئايىمىقى تۈزۈ قوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالى) دە پادىشاھ تيەنزۇدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. لياۋ سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، قەبىلىلەرنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ۋاقتىنچە چېكىنىپ، كۈچ توپلاپ، ئۆز دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇشقا تەييارلاندى.

يوللىغ تاشىن 1124 ـ يىلى غەربكە كۆچكەندە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەر كۆپ ئەمەس ئىدى. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى تيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، ئۇ «200 باتۇر چەۋەندازنى باشلاپ كۆچ-كەن.» جۇۋەينى مۇنداق دېگەن «ئۇ قىتاندىن كەتكەندە، ئۇنىڭ جەمەتى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىلا 80 كىشى ئىدى. لېكىن باشقا رىۋايەتلەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان قوشۇنىڭ ئادىمى كۆپ ئىدى دېيىلگەن»①. ئۇ يول بويىلىرىدىكى قوۋملارنى بەيئەت قىلدۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ قوشۇنى بارغانسېرى زورايغان. ئۇلار دەسلەپتە جياشەندىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ئۈچ كۆل مېڭىپ، قارا دەريا (ھازىرقى قاراخۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئېقىنىدىكى ئابۇگان دەرياسى) دىن ئۆتكەندە، بەيداد قەبىلىسى (ئونغۇتلار) نىڭ سەركەردىسى چۇنقۇر بىلەن ئۇچرىشىدۇ، چۇنقۇر ئۇنىڭغا 400 ئات، 20 تۆگە، قوي قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلىدۇ. ئۇ ئاندىن غەربكە قاراپ يۈرۈپ، خاتۇن شەھىرى (لياۋ جىن ئايمىقىدا، ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا) گە يېتىپ كېلىدۇ ھەم ئۇ جايدا (چىن دېجى ياز-غان «يوللىغ تاشىنىنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىغا دائىر تارىخ، جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللار ھەققىدە مۇھاكىمە» گە قاراڭ) يەتتە ئايماق، 18

---

① «تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ توم، 354 ـ 355 ـ بەتلەر.

قەبىلىسىنىڭ سەردارلىرى ۋە پۇقرالىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، ئۆزىنىڭ غەربكە كېلىشتىكى مەقستى — ئۆزىگە بەيئەت قىلغانلارنىڭ كۈچى بىلەن ئەشەددىي دۈشمىنىنى تارمار قىلىپ، زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ھەمدە ئۇ قەبىلىلەرنى ئۆز ئىشىنى قوللاشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق خىللانغان ئەسكەرگە ئىگە بولىدۇ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە يوللىغ تاشىن شۇ يىلى (يەنى 1124 ــ يىلى) 2 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىپ ئۆزىگە تيەنيۇ پادىشاھ دەپ نام بەردى، يىلنامىنى يەن يەنچىڭغا ئۆزگەرتتى. شۇڭا، «جايلارغا ئەمەلدار تەيىنلەپ، پادىشاھقا خاس قائىدە ــ يوسۇن ئورناتتى» دېيىلگەن. شۇ يىلى كۈزدە، جىن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان لياۋ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى (ئىسمى تابۇيان) جىن سۇلالىسىنىڭ غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال يولىدىكى باشبۇغى ئۇرۇغا، يوللىغ تاشىنىنىڭ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغانلىقىنى، جەنۇب ۋە شىمالغا ئەمەلدار قويغانلىقىنى، 10 مىڭ تۇياق جەڭ ئېتى ھازىرلىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. («جىن سۇلالىسى تارىخى» 3 ــ جىلد، 121 ــ جىلد). 1125 ــ يىلى تاڭغۇت ئېلى يەنە ئادەم ئەۋەتىپ يوللىغ تاشىنىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ سەنشىدىكى ۋىلايەتلەرنى ئىشغال قىلىش توغرىسىدا كېلىشتى. («جىن سۇلالىسى تارىخى. ۋەنيەن شىيىن تەرجىمھالى»). 1127 ــ يىلى جىن سۇلالىسى سەركەردىسى زۇڭخەنمۇ: «يوللىغ تاشىن غەربىي شىمالدا تاڭغۇت بىلەن بېرىش ــ كېلىش قىلدى» دەپ مەلۇم قىلدى ①. 1128 ــ يىلى جىن سۇلالىسىدە ئىككى يىل (1126 — 1128 ــ يىللىرى) دەك تۇرغان سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى جاۋ زىدى قايتىپ بارغاندىن كېيىن، يوللىغ تاشىن يېڭى دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولۇپ ئۆزىنى تيەنيۇخان دەپ ئاتىدى دەپ مەلۇم قىلدى. («ئۈچ سۇلالە شىمالىي ئىتتىپاقى» توپلىمى، 98 ــ جىلد.)

مۇسۇلمان تارىخچىلىرى، مەسىلەن جۇۋەينى، راشىددىن، ئۇبۇلغازى قاتارلىقلارمۇ يوللىغ تاشىن تاشقى موڭغۇلىيەدىن غەربكە داۋاملىق

① «جىن سۇلالىسى تارىخى. زۇڭخەن تەرجىمھالى».

يۇرۇش قىلىش جەريانىدا ئاۋۋال يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىزلار رايونىغا بارغان دەپ قارىغان. بۇ ئەھۋال خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنمىگەن. راشىددىن مۇنداق دەيدۇ: لياۋ سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ناشداق (يوللىغ تاشىن) ئاۋۋال قىرغىزلار رايونىغا قاچقان، ئاندىن ئۇيغۇرلار رايونىغا، ئاخىرىدا تۈركىستانغا بارغان (بۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرى جايلاشقان رايوننى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ مەركىزى يەتتىسۇ ۋادىسى ئىدى)، ئۇ بىر ئەقىللىق ھەم قابىلىيەتلىك ئادەم بولۇپ، بۇ رايوندا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خېلىلا زور كۈچ توپلىدى ھەمدە پۈتكۈل تۈركىستان رايونىنى بويسۇندۇردى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ گورخان دېگەن نامنى قوللاندى، بۇ ئىشلار 1128 — 1129 ـ يىللىرى يۈز بەرگەندى (براشىندېر «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى» ئىنگلىزچە بىرىنچى توم، 225 ـ بەت). جۇۋەينى مۇنداق دېگەن: «قىتانلار قىرغىزلار رايونىغا كېلىپ شۇ رايونلاردىكى قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلغاندا بۇ قەبىلىلەرنىڭ دەككىسىگە ئۇچرىغان. ئۇلار شۇ يەردىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ ئېمىلغا يېتىپ كەلگەن. ئۇلار شۇ يەردە بىر شەھەر بىنا قىلغان، ئۇنىڭ خارابىلىرى تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. بۇ يەردە نۇرغۇن تۈركلەر ۋە كۆپلىگەن قەبىلىلەر ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغاچقا، ئۇنىڭ تۈتۈنى 40 مىڭدىن ئاشقان»①. X Ⅶ ئەسىردە خىۋەدە ياشىغان ئوبۇل غازىخان مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار قىرغىزلار رايونىغا كېلىپ نۇرغۇن مال ـ مۈلۈكىنى ئولجا ئالدى، قىرغىزلار ئۇلارنى تالان ـ تاراج قىلىدىغان يات مىللەت دەپ قارىدى. قىتانلار قىرغىزلار رايونىدا تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئېمىل دەرياسى بويلىرىغا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلدى، ئۇلارنىڭ دۆلىتى بىر مەھەل روناق تاپتى»②.

يوللىغ تاشىن ۋە ئۇنىڭ قوۋمى ئېمىلغا كېلىشى بىلەن ئۇلار تا-

---

① جۇۋەينى «تارىخى جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا 1 ـ توم، 355 ـ بەت.

② ئوبۇلغازىنىڭ «موڭغۇللار ۋە تاتارلارنىڭ تارىخى»، دېمارسونىنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى، 49 ـ بەت.

جىكلار (ئوتتۇرا ئاسىيا) نىڭ دەرۋازىسىغىمۇ يېقىنلاپ قالدى. «لياۋ سۇلا-
لىسى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، يوللىغ تاشىن «ئىككىنچى يىلى (لياۋ
يۈەندۇك بۇ 1130 ـ يىلى دېيدۇ) 2 ـ ئايدا يەر ـ زېمىن، ئەجدادلىرىغا ئا-
تاپ قارا كالا، ئاق ئات قۇربانلىق قىلىپ نەزىر ـ چىراغ بەرگەندىن
كېيىن، قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىپ غەربكە يۈرۈش قىلغان». ئۇ ئالدى
بىلەن ئۇيغۇر بىلگە خان (بەشبالىق ۋە قوچۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خانى)
غا مەكتۇپ يېزىپ: «بۇرۇن تەيزۇ خانىمىز شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا بۇ-
گۇخان شەھىرىدىن ئۆتكەن. ئۇ گەنجۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ سىزنىڭ
بوۋىڭىز ئۇمۇجۇغا: ‹ سىز ئەسلى يۇرتىڭىزنى سېغىنامسىز؟ پېقىر ئۇنى
سىزگە قايتۇرۇۋېلىپ بېرىشنى خالايدۇ. ناۋادا سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا
قايتىش ئىمكانىيىتىڭىز بولمىسا، پېقىر ئۇنى ئىشغال قىلىدۇ، مېنىڭ زېمى-
نىم بولسا سىزنىڭ بولغانغا ئوخشاش › دېگەن. بوۋىڭىز مىننەتدار بولۇپ
مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن، هازىرغىچە ئون نەچچە ئەۋلاد ئۆتتى،
لەشكەر ۋە خەلق بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ ئۆزلىشىپ كەتتى، ئەمدى قاي-
تىش ئىمكانىيىتى يوق. بىز سىلەر بىلەن ياخشى ئۆتۈپ كېلىۋاتىمىز. مەن
غەربكە ــ تاجىكقا بېرىشتا سىلەرنىڭ زېمىنىڭلاردىن ئۆتمەكچى، باشقىچە
گۇمان قىلىپ قالماڭلار» دېگەن. بىلگە مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن
كېيىن، زىياپەت بېرىپ ئۇنى ئۈچ كۈن كۈتۈۋالدى، ئۇ مېڭىش ئالدىدا
يەنە ئۇنىڭغا 600 ئات، 100 تۆگە، 3000 قوي هەدىيە قىلىپ، چېگرىغىچە
ئۇزىتىپ قويدى هەمدە ئۆز ئوغلىنى بارىمتايلىققا ئەۋەتىپ بەيئەت قىلىشنى
خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يوللىغ تاشىننىڭ كۈچى شۇنىڭدىن كېيىن
يەنە زورايدى.

يوللىغ تاشىن باشچىلىقىدىكى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي
كۈچلىرى شىمالىي يول بىلەن بالاساغۇنغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، ئۇ تەكلىپكە بىنائەن بارغانمىش. ئەينى چاغدا بالاساغۇننىڭ
يەرلىك هۆكۈمرانى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. جۇۋەينى
مۇنداق دېگەن: «بالاساغۇننى موڭغۇللار قۇزبالىق دەپ ئاتىدى. بۇ
رايوننىڭ هۆكۈمرانى ئۆزىنى ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىغان بول-

سىمۇ، لېكىن ئۇ ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ يەردىكى قارلۇقلار ۋە
قاڭلىلار ئەمدى ئۇنىڭغا بويسۇنمىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئادىمى ۋە چارۋا ـ مال-
لىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ خانىۋەيران قىلىپ ئۇنى پاراكەندە قىلدى. ئۇ ئادەم
گەرچە پادىشاھ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى توسۇپ قالالمىدى ياكى ئۆزىنى
ئۇلاردىن چەتكە ئالالمىدى. ئۇ، گورخان ۋە ئۇنىڭ قوۋمى نۇرغۇن ئادەم
بىلەن كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپلىنىپ، قاڭلىلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ كۈچلە-
رىگە تاقابىل تۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەچكە، پاراكەندىچىلىك
بولۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىشقا گورخانغا ئادەم ئەۋەتتى ھەمدە گورخاننىڭ
ئۆز پايتەختىگە كېلىشىنى ئۆتۈنۈپ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل دۆلىتىنى ئۇنىڭغا
ھاۋالە قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى، ئۆزى دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلى-
قىنى ئېيتتى. گورخان بالاساغۇنغا كېلىپ بىرەر ئەسكىرىنىمۇ چىقىم
قىلمايلا تەختكە چىقتى. ئۇ ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ
ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى. ئۇ كىشى بولسا ئىلىگ تۈركمەن دەپ ئاتالدى.
ئاندىن كېيىن ئۇ چام كېمچىك (يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا)
دىن بارغۇن (بارسخان ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى) غىچە، شۇ-
نىڭدەك تالاستىن يافىنچ (ئىلى دەرياسى ئەتراپىدىكى بىر شەھەر ياكى
ھازىرقى قارا تال دەرياسى بويى) غىچە بولغان بارلىق رايونلارغا كەنجى
باسقاق (shahnas) ئەۋەتتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، گورخاننىڭ ئادىمى
تازا كۆپەيدى، چارۋا ـ ماللىرى سەمرىدى، ئۇ قاڭلى قەبىلىسىنى
بويسۇندۇردى ھەمدە قوشۇن ئەۋەتىپ قەشقەر بىلەن خوتەن رايونىنى
ئىستېلا قىلدى. كېيىن ئۇ قىرغىز رايونىغا قوشۇن ئەۋەتىپ بۇرۇن ئۇ
يەردىن ئۆتكەندە ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىدىن قىساس ئالدى. ئۇ يەنە بېش-
بالىقنى بويسۇندۇردى ھەمدە شۇ يەردىن پەرغانە بىلەن ماۋرا ئۇننەھرىگە
قوشۇن ئەۋەتتى»①.

بۇ يەردە دېيىلگەن قەشقەر بىلەن خوتەن رايونى ئەينى چاغدا قارا-
خانىيلار سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تارمىقى بولغان ئەخمەد ئارسلانخاننىڭ

① «تارىخى جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ توم، 355 —
350 ـ بەتلەر.

ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. بۇ خان ئىلگىرى قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ باش سەركەردىسى ئەلى ئاۋار (يەكچەشمە دېگەن مەنىدە) نى ئەسىرگە ئالغانىدى. ①

يوللىغ تاشىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان رايونلارنى تەخمىنەن 1134 ـ يىلى بويسۇندۇرۇپ بولدى. ئامېرىكا ئالىمى ۋىتتىفوگېر بىلەن پروفېسسور فىڭ جياشېڭ بىرلىشىپ يازغان «لياۋ دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ جەمئىيەت تارىخى (1125 ــ 907 ـ يىللىرى)» دېگەن كىتابتا: «1134 ـ يىلى قاراقىتان دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ بىر يىل بولدى. شەرقىي تۈركىستان بىلەن شىمالىي تۈركىستاندىكى ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان رايونلار تىنچلاندۇرۇلۇپ بىر مەركەز بېكىتىلدى، تۈركىستان ئاخىر يېڭى يۇرتقا ئايلاندى» دېيىلگەن. ئومۇمەن 1130 ـ يىلى يازنى يوللىغ تاشىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنىڭ باشلىنىشى، 1131 ـ يىلىنى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر يىل، 1133 ـ يىل بولسا غەلىبىلىك يىراققا يۈرۈش قىلىشنىڭ تاماملىنىشى، ھېچ بولمىغاندا شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن-

---

① يۇقىرىقىلار ئىبىن ئەلى ئاشىر يازغان «تارىخى ئومۇمىيە» گە ئاساسلانغان. قەشقەر بىلەن خوتەن رايونىغا قىلغان ھۇجۇم توغرىسىدا بارتولد بىلەن بوسفورس يوللىغ تاشىنىڭ غەربكە يۈرۈش قوشۇنى ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ. بىر تارمىقى قەشقەرگە، يەنە بىر تارمىقى (تۆت تۈمەن چېدىرلىق) بالاساغۇنغا يۈرۈش قىلغان دەپ قارايدۇ («كامبرىج ئىران تارىخى» 5 ـ توم، 148 ـ بەتكە قاراڭ). جۇلياڭشاۋ بۇ قاراشقا ئىشەنمەيدۇ، سەۋەبى شۇكى، بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈش بالاساغۇندىكى قاراخانىيلار خانىنىڭ تەكلىپى بىلەن بولغاچقا، ئۇدۇل شۇ يەرگە يۈرۈش قىلغانىدى. يەنە بىر تارماق قوشۇننى يىراقتىكى قەشقەرگە ئەۋەتىش ھاجەتسىز ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى سانجار 1133 ـ يىلى خەلىپىگە يازغان بىر پارچە خېتىدە قەشقەر ۋە خوتەننىڭ ھۆكۈمرانى ئەخمەدنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى يېقىنقى ۋەقە دەپ يېزىلغان. ئۇ يەنە شۇنىڭدىن كېيىن يات دىندىكىلەردىن كېلىدىغان بارلىق خەۋپ تۈگىگەنلىكىگە ئىشىنىمەن دېگەن. شۇڭا، جۇلياڭشاۋ قەشقەرگە بېسىپ كىرىشنى ھەربىي يۈرۈش قىلغان دەپ قارىغان. يۇقىرىدا دېيىلگەن جۇۋەينىنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يوللىغ تاشىنىڭ بالاساغۇننى ئىگىلىگەندىن كېيىنكى كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ۋاقتى تەخمىنەن سانجارغا خەت يازغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. (جۇلياڭشياۋنىڭ «غەربىي لياۋ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر بىرنەچچە مەسىلە» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ، «جۇڭخۇا ئىجتىمائىي پەنگە دائىر ماقالىلەر توپلىمى» 1981 ـ يىل 3 ـ سان، 252 ـ بەت.

مۇ شۇنداق دەپ قاراشقا بولىدۇ »①.

يوللىغ تاشىن تۈركىستاننى بويسۇندۇرۇشتىنمۇ ئىلگىرى شۇ يەرگە كەلگەن قىتانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئىبىن، ئەلى ئاشىرنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، گورخان كېلىشتىن ئىلگىرى، نۇرغۇنلىغان قىتانلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەنىكەن. سەمەرقەنتتىكى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئاشۇ قىتانلارنىڭ 16 مىڭ تۈتۈننى ئىدارە قىلىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ چېگرىنى قوغدىغان. ئۇلارغا بىر قىسىم يەرلەرنى ئايرىپ بەرگەن ھەمدە ئۇلارنى مەلۇم تەمىناتقا ئىگە قىلغان. قاراخانىيلار دۆلىتى قىتانلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى بىلەن قۇدرەت تېپىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغاچقا، قىتانلار بالا - چاقىلىرى بىلەن شەرققە — بالاساغۇنغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. يەنە بىر خىل پىكىر بويىچە ئېيتقاندا، بىر قېتىم ئۇلار باي بىر كارۋاننى توسۇپ قېلىپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە شۇ يەردىكى ياخشى بىر ئوتلاقنى دەپ بېرىشنى ئېيتقان. كارۋان ئەتىرىتىدىكىلەر ئۇلارنى بالاساغۇنغا باشلاپ بارغان. گورخان يېتىپ كەلگەن چاغدا بۇ قىتانلار غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىغا تامامەن قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى بىر ھەسسە كۆپەيتىۋەتكەن. گورخان ئۇلارغا تايىنىپ پۈتكۈل تۈركىستاننى بويسۇندۇرغان (ئىلگىرى بايان قىلىنغان «لياۋ دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ جەمئىيەت تارىخى» نىڭ 635 - بېتى ۋە «بارتولد ئەسەرلىرى» رۇسچە 2 - توم، 1 - كىتاب، 49 - بەت). يەنە بىر گەپچە گورخان 1137 - يىلى سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى خوجەندتە ماۋرا ئۇننەھردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى مەھمۇد خاننى مەغلۇپ قىلغان. بۇ غەلىبە يۇقىرىدا دېيىلگەن قىتانلارنىڭ ياردىمىدە قولغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

گورخان 1137 - يىلى غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشنى توختىتىپ تۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەپ كۈچ توپلاپ بولغۇچە تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. 1141 - يىلىغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ماۋرا ئۇننەھر رايونىنى ھۆ-

① مەزكۇر كىتابنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى 622 — 621 - بەتلەر.

جۇم قىلىپ ئالدى.

گۇرخاننىڭ ماۋرا ئۇننەهرگە ھۇجۇم قىلىشى قارلۇقلارنىڭ تەكلىپى بىلەن بولغان دېگەن گەپمۇ بار. شۇ چاغدا سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى قارلۇقلارنىڭ ئوتلىقىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە بالىلىرىنى قۇل قىلغان، ئۇلاردىن كۆپلىگەن چارۋا مال ۋە تارتۇق ئالغاچقا، ماۋرائۇننەھردىكى قارلۇقلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. قاراخانىيلارنىڭ خانى ئەخمەدخان ئۆزىنىڭ تاغىسى سالجۇقىيلارنىڭ سۇلتانى سانجاردىن ئەسكەر چىقىرىپ قارلۇقلارنى باستۇرۇشقا ياردەملىشىشنى ئۆتۈنگەن. سانجار خۇراسان، مازاندېران، شىرىستان، غەزنىۋى ۋە باشقا مۇسۇلمانلار رايونىدىن ئەسكەر ئېلىپ، ئۇلارغا باشچىلىق قىلىپ، 1141 ـ يىلى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. مۇشۇ ئەھۋالدا، قارلۇقلار گورخاندىن ياردەم بېرىشنى ئۆتۈندى. گورخان تەرەپمۇ بىر قوشۇن توپلىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە تۈركلەر، خەنزۇلار، قىتانلار ۋە باشقا رايوندىكى كىشىلەر بار ئىدى. گورخان سانجارغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۆزىنى قارلۇقلارنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ جاكارلىدى ھەمدە سانجاردىن ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى، بۇنىڭغا ھاكاۋۇر سانجار ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ جاۋاب قايتۇرغان. ئۇ گورخاننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەسكىري كۈچىنى پوپوزا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ماۋرائۇننەھرگە ھۇجۇم قوزغىدى.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، ئەينى چاغدا سانجار 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى، ئۇ 1141 ـ يىل 9 ـ ئايدا لياۋ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى بىلەن سەمەرقەنتكە يېقىن ئەتراپتىكى چاتران (Qatran) دالاسىدا جەڭ قىلدى. (چاتران دالاسىدىكى جەڭگاھنى بەزىلەر سەمەرقەنتنىڭ شىمالىدىكى تاشكۆۋرۈك بىلەن يېڭى قەلئە ئارىلىقىدا دەپ قارايدۇ.) «لياۋ تارىخى» دا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «ئىككى قوشۇننىڭ ئارىلىقى ئىككى چاقىرىمدەك كېلەتتى. يوللىغ تاشىن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە: رەقىبىمىز سان جەھەتتە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىدارسىز، ھۇجۇم قىلساق ئالدىدىكى لەشكەرلىرى بىلەن كەينىدىكى لەشكەرلىرى بىر ـ بىرىنى

قۇتۇلدۇرالمايدۇ، بىز چوقۇم غالىب كېلىمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئالتە مەھكىمىنىڭ بۈيۈك خانى سۇئۇرلار، جازا يۈرۈشى قىلغۇچى مۇئاۋىن ئەلچى يوللىغ سۇگشەن قاتارلىقلارنى 2500 ئەسكەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ئەلچىسى سارائابۇ، جازا يۈرۈشى قىلغۇچى ئەلچى يوللىغ شۇشۇ قاتارلىقلارنى 2500 ئەسكەر بىلەن ئۇلارنىڭ سول تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۆزى قوشۇن باشلاپ دۈشمەننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ھۇجۇم قىلدى، بۇ ئۈچ قوشۇن تەڭ ئىلگىرىلەپ خۇراساننى مەغلۇپ قىلدى، قېتىپ قالغان جەسەتلەر ئون نەچچە چاقىرىم ئارىلىقتا تاشلىنىپ قالدى». مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ بايان قىلىشىچە، سانجارنىڭ ئەسكەرلىرىنى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى دارگامغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان. مەزكۇر دەريانىڭ سۈيى ئۇلارنىڭ 10 مىڭ ئادىمىنى ئېقىتىپ كەتكەن. ئۇرۇش داۋامىدا 30 مىڭ مۇسۇلمان ئۆلگەن. ئۇرۇشقا قاتناشقان شىرىستان ئەمرى قوماش، نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئاقسۆڭەكلەر شۇنىڭدەك سانجارنىڭ ئايالى (قاراخانىيلار مەلىكىسى) ئەسىرگە چۈشكەن. سانجار بىلەن مەھمۇدخان ماۋرائۇننەھر رايونىنى تاشلاپ تېرمىزغا قېچىپ كەتكەن ①

مۇسۇلمانلار بۈيۈك قوشۇنىنىڭ چاتران يايلىقىدىكى قاتتىق

---

① «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە، يوللىغ تاشىنىڭ قوشۇنلىرى سەمەرقەنتتە 90 كۈندەك تۇرغان، ئۇيغۇر خانى كېلىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان، ئولپان تاپشۇرغان. يەنە غەربكە كېرمانغا كەلگەن، نۇرغۇن ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلار يوللىغ تاشىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىگەن، ئۇ جياچىن يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تەختتە ئولتۇرغان، شۇ يىلى ئۇ 38 ياشتا بولۇپ، نامى گورخان ئىدى» دېيىلگەن.

ئىلاۋە: بۇ بىر ئاپىزاستا پاكىت بۇرمىلانغان، جياچىن يىلى چاتران ھەل قىلغۇچ جېڭىدىن كېيىنكى 1141 - يىلى بولماستىن، 1124 - يىلنى كۆرسىتىدۇ، ئەگەر 1124 - يىلى يوللىغ تاشىن 38 ياش بولسا، بۇ چاغدا ئۇ 55 ياشقا كىرگەن بولىدۇ. كېرمان توغرىسىدا براشنىدېر سەمەرقەنت بىلەن بۇخارا ئوتتۇرىسىدىكى كېرمىنا دەپ قارايدۇ («ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى» ئىنگلىزچە 1 - توم، 216 - بەت، 555 - ئىزاھ). جۇلياگشياۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پۈتكۈل ماۋرائۇننەھر رايونىنى ۋەھىمىگە سالغان گورخان نېمىشقا نامى چىقمىغان ئاشۇ كىچىك بازارنى تاللاپ شۇ يەردە تەختكە چىقىدۇ؟ بۇ، تامامەن ئەقىلگە سىغمايدۇ» دېگەنىدى: «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ ئاپتورى XII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە قارا قىتانلار كېرماندا خاندانلىق قۇرغان دېگەن بۇ سەۋەنلىكنى سادىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

مەغلۇبىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مۇسۇلمان ئەللەرگە ئېچىنىشلىق زەربە بولدى. ھەتتا XV ئەسىرگە كەلگەندىمۇ ئۇلار يەنە شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى ۋە شۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولغانلارنى ئېسىدە ساقلىغان. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ شۇ قېتىمقى غەلىبىسى ئەينى چاغدا دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى. XII ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپىدە، دەل ياۋروپادىكى ئەھلى سەلىپنىڭ غەربىي ئاسىيادا ئىشغال قىلغان زېمىنى پەيدىنپەي قولدىن كەتكەن، كاتولىك دىنى چەۋەندازلار پولكى 2 ـ قېتىم ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى قوزغاپ شەرققە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان چاغ ئىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ سالجۇقىيلارنىڭ سۇلتانى سانجارنى ئۇرۇشتا يەڭگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ياۋروپادا، ئاسىيادا خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاقساقال يۇھان ئىسىملىك بىر پادىشاھ تەختكە چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ئىسمى يۇھان ئاقساقال ئىكەن دېگەن خەۋەر تارقالغان. 1145 ـ يىلى خاتىرىلەنگەن بىر پارچە تارىخىي ماتېرىيالدا، يەنە يۇھان مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن داۋاملىق غەربكە ئىلگىرىلەپتۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئەھلى سەلىپنىڭ ئېرۇسالىمدا قۇرۇلغان خانلىقىغا ياردەم بېرىش ئىكەن. ئۇلار تىگىر دەرياسىغا كەلگەندە كېمە يوق بولغاچقا، دەريادىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالغان، دېيىلگەن. دەرۋەقە، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇبالىغە قىلىنغان ئۆسەك گەپلەردۇر. (ھىنرى يۇلى «ماركوپولو» 1 ـ توم، 233 ـ بەتتىكى ئىزاھ). غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئىران ۋە غەربىي ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىش خىيالى يوق ئىدى.

ئىسلام تارىخچىسى ئىبن ئەل ئاشىر: يوللىغ تاشىن مانى دىنى مۇرىتى، ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، دېگەن. لېكىن غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھەقىقەتەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئېزىلگۈچى خەلقلەردە ئۆز ئېتىقادىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ساقلاپ قېلىش ھوقۇقى بار ئىدى. شۇڭا بۇ دەۋردە شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نېستورىيان دىنى مۇرىتلىرى دىنىي تەرغىباتنى باشلىۋەتتى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە خرىستىئان دىنى ۋە بۇددا دىنى

ئوتتۇرا ئاسىيادا تەڭ تەرەققىي قىلغان. مەسىلەن، بۇ دەۋردە قەشقەردە خرىستىئان دىنىنىڭ بىر ئېپىسكوپى بولغان دېيىلسە، چۇ دەرياسى ئويمانلىقىدا بۇ دەۋرگە مەنسۇپ خرىستىئان دىنىغا دائىر تاش ئابىدىلەر تېپىلغان. گرۇسسېت مۇنداق دېگەن: غەربىي لياۋ ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى قارىماققا قاراخانىيلار سۇلالىسى تاماملىغان ئىسلاملاشتۇرۇشنىڭ ئەكسىچە بولغان (يايلاق ئىمپېرىيىسى » ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا 165 ـ بەت). بۇ، شۈبھىسىزكى ھەقىقەتتۇر.

يوللىغ تاشىن سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يەنە مەھمۇدخاننىڭ ئىنىسى تابغاچخان ئىبراھىم III نى سەمەرقەنتتە قاراخانىيلار خانى قىلىپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بېقىندۇردى. ئۇ يەنە بۇخارانىڭ شەيخۇلئىسلامى ھىسامىددىن ئۆمەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئالپتېكىننى بۇ جايغا ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلىدى.

ئىبىن ئەل ئاشىر «تارىخى ئۇمۇمىيە» نىڭ يەنە بىر نۇسخىسىدا خارەزىمشاھ ئەزىز سانجاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ماۋرا ئۇننەھرگە تەكلىپ قىلدى دېيىلگەن. بارتولد ۋە كېيىنكى تەتقىقاتچىلار بۇ خىل قاراشقا قوشۇلمىغان. سانجارنىڭ چاتىران يايلىقىدىكى مەغلۇبىيىتى ئەزىزگە پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن خارەزىممۇ غەربىي لياۋ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. يوللىغ تاشىن سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا سەركەردىسى ئاربۇز (جۇلياگشاۋ بۇ ئادەم «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تيەنزو ھەققىدە خاتىرە» دە تىلغا ئېلىنغان سۇرا ئابۇزدۇر، دەيدۇ) نى قوشۇن باشلاپ خارەزىم رايونىنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇمىدا نۇرغۇن خارەزىملىكلەر قىرىلىپ، مال ـ مۈلۈكلىرى بۇلاپ كېتىلدى. ئەزىز غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن سۈلھ تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە ناتۇرال باجدىن باشقا، ھەر يىلى غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە 30 مىڭ ئالتۇن دىنار تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

شۇنىڭ بىلەن، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

ھەرقايسى ئەللەرنى تامامەن بويسۇندۇردى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە تاڭغۇت ۋە موڭغۇلىيىدىكى كېرەي، نايمان قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنى بىلەن چېگرىلاندى، شىمال تەرىپى ئېمىل ۋە بالقاش كۆلىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى ئىسسىقكۆل ۋە غەربىي جەنۇبتىكى چۇ دەريا ۋادىلىرى ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسىدە ئىدى، چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بالاساغۇن شەھىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ئىدى. غەرب تەرىپى ئاساسەن ئامۇ دەرياسى بىلەن چېگرىلىناتتى، خارەزىمشاھ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بېيەت قىلىپ ئولپان تاپشۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى خارىستاننىڭ بەزى جايلىرىمۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە قارايتتى. بەلخنىڭ ھۆكۈمرانىمۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇراتتى («كامبرىج ئىران تارىخى» 5 ـ توم 164 ـ بەت). جەنۇب تەرىپى خوتەن رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىز قەبىلىسىنىڭمۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسى بىلەنمۇ بېيەت قىلىش مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت ماۋرا ئۇننەھر مەھكىمىسى دەپ ئاتالدى (يوللىغ چۇسايىنىڭ «راھىب چۇسايىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى» 4 ـ جىلدىدىكى غەربكە ساياھەت قىلىش داۋامىدا يېزىلغان شېئىرلارغا بەرگەن ئىزاھىدا: «غەربىي يۇرتتىكى سەمەرقەنت شەھىرىنى غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىكىلەر ماۋرائۇننەھرنىڭ ئاستانىسى دەپ قارايدۇ» دېيىلگەن). بۇ شەھەر ئەسلىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، موڭغۇللار بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئاھالىسى 100 مىڭ تۈتۈندىن ئاشاتتى. («راھىب چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»).

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش ئۆزى بويسۇندۇرغان رايون ۋە مىللەتلەرگە ئاساسلىقى «كەنجى باسقاق»، «شاۋكېم»، «نائىپ بەگ» ئەۋەتىش ۋە ئولپان ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شۇ جايلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا بىۋاستە ئارىلاشمىدى. جۇۋەينى مۇنداق دەيدۇ: «گورخان كەمچىك ئايمىقىدىن بارغۇنغىچە شۇنىڭدەك

تـالاستىن يافىنقىچە بولغان بارلىق رايونلارغا « كەنجى باسقاق » ئەۋەتتى . جۇۋەينـى يەنە « ماۋرائۇننەھرنىڭ سۇلـتانـلىرى گـورخـانـى ئۆزلىرىـنىـڭ « پـادىـشاھى » دەپ ئېـتـىراپ قـىـلـدى . قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئوسـمانـمۇ گـورخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەمر – پـەرمـانـىغـا بويـسۇنـدى . گـورخان ئۇنىڭ داۋاملىق ماۋرائۇننەھر خانى بـولـۇشىغا يول قويدى ھەمدە ئۇنىڭ ھەر يىلى ئازراق ئولپان تاپشۇرۇشىغا قـوشـۇلـدى ، بـىـر كەنجى باسقاقنى ئۇنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى بىرلىكتە بىر تـەرەپ قـىـلـىشقا ئەۋەتتى »① . ئۇنىڭدىن باشقا قۇجۇ ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جـەنـۇبىدىكى قارلۇق قەبىلىلىرىگە شۇنداقلا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا گورخان كەنجى باسقاق ئەۋەتىپ ئولپان ئالدى .

## 3 – بۆلۈم خارەزىمنىڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە گور خاندانلىقى

غـەربـىي لياۋ سۇلالىسى 1141 – يىلى چاتران يايلىقىدا سالجۇقىيلارنـىڭ سۇلتانى سانجارنى مەغلۇپ قىلغاندا ، بۇرۇنلا سانجار بىلەن ئارازلىقى بـولـغـان خـارەزىـمـشاھى ئەزىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خۇراسانغا بېسىپ كىردى . 1141 – يىلى 9 – ئايدا ئەزىز شىراز بىلەن مەرۋىنى ئىشغال قىلىپ ، بـەزى يـەرلـىـك دىـنىي ئۆلىمالارنى ئۆلتۈردى ، بەزىلىرىنى ئېلىپ كەتتى ، مـەرۋىـنـىـڭ دۆلـەت خـەزىـنـىسىدىكى مال – مۈلۈكلىرىنى تالان – تاراج قـىـلـدى . 1142 – يـىـلـى بـاھاردا ئەزىز يەنە نىشاپۇر ، بېيخاك ، شۇنىڭدەك خۇراساننىڭ باشقا شەھەر – بازارلىرىنى ئىشغال قىلدى .

1142 – يـىـلـى يازدا ، سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ خۇراساندىكى ھاكـىـمـيـىـتـى ئەسـلـىگە كەلدى . 1143 — 1144 – يىللىرى سۇلتان سانجار قـوشـۇن باشلاپ خارەزىمگە بېرىپ ئەزىزگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلدى ۋە گـورگـەنـچـنى قورشىۋالدى . ئەزىز تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە مـەرۋىـدە تـالان – تـاراج قـىـلـىپ ئېرىشكەن مال – مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ

---

① « تارىخى جاھان كۇشاي » 2 – توم 393 – بەت .

بەردى. بۇ چاغدا (1143 ـ يىلى) غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ خانى گورخان يوللىغ تاشسىن ئۆلدى. ئەزىز يەنىلا سالجۇقىيلار خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئىشىنى كۈچەيتتى ۋە ئۆزىنىڭ كۈچىنى زورايتتى.

ھىجرىيە 538 ـ يىلى (مىلادى 1143 ـــ 1144 ـ يىللىرى) ئەزىز سالجۇقىيلار خاندانلىقىغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن، سانجار ئەدىب سابىر دېگەن كىشى (بۇ كىشىمۇ شائىر ئىدى) نى خارەزمگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. شۇ چاغدا ئەزىز ئىككى خارەزمىلىكنى سېتىۋېلىپ سانجارنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى. ئەدىب سابىر بۇ سۇيىقەستتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ ئىككى خارەزمىلىكنىڭ ئەھۋالىنى ۋە چىراي ـ شەكلىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بىر پارچە خەت يازدى ۋە بۇ خەتنى بىر موماي ئۆتۈكىنىڭ ئىچىگە تىقىپ مەرۋىگە ئاپىرىپ سانجارغا بەردى. سانجار خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسىنى ئاختۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپ، بىر سارايدىن ئۇلارنى تېپىپ چىقىپ، شۇ ھامان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئەزىز بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئەدىب سابىرنى ئامۇ دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلتۈردى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن سانجار 1147 ـ يىلى 10 ـــ 11 ـ ئايلاردا خارەزمگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن خازاراسپتاغا ئىككى ئايدىن ئوشۇق قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ تەسلىكتە ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا خارەزمىنىڭ مەركىزىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئەزىز زەشىدەئى ئەبۇپۇش دېگەن كىشى (بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىم كىيگەن دەرۋىش) نى سۇلتانىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، خارەزىم خەلقى ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى ھەمدە سوۋغات بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ رەھىم ـ شەپقەت قىلدى. سانجار بۇ قېتىم يەنە ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئامۇ دەرياسى بويىغا كېلىپ سۇلتانغا ئەل بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئەزىز گەرچە 1148 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دېگەن قەرەلدە بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا شۇنداقلا ئىپادە بىلدۈرۈپ قويدى ھەمدە سانجار كەينىگە ئۆرۈلۈپ بولغۇچە ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى. سۇلتان ئۇنىڭ بۇ خىل مەغرۇر ھالىتىدىن رازى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى بۇرۇنلا

كەچۈرۈۋەتكەن بولغاچقا، ئىلاجسىز قالدى. (جۇۋەينى «تارىخى جاھان كۇشاي»، ئىنگلىزچە نەشرى، بىرىنچى توم، 282 — 284 - بەتلەر). ئەزىز سانجار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا، خارەزمگە قاراشلىق جەند (بۇگۈنكى پېروۋسكى ئەتراپى) رايونى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى مەھمۇدخاننىڭ ئوغلى كامالىدىننىڭ قولىغا ئۆتتى.

جەند رايونىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئەزىز 1152 - يىلى ئەتىيازدا كامالىدىن بىلەن بىرلىكتە قىپچاقلار ياشايدىغان سىغناق (بۇگۈنكى تۈركىستان شەھىرىنىڭ قارشى تەرىپىدە) ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئەزىز چوڭ قوشۇن باشلاپ جەندكە يېتىپ كەلگەن چاغدا، كامالىدىن ئۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىپ، رودبار (تاشكەنت رايونى بولۇشى مۇمكىن) غا قېچىپ كەتتى. ئەزىز سوۋغات بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا قايتىپ كېلىشكە نەسىھەت قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بولدى. بىراق كامالىدىن قايتىپ كەلگەندە، ئەزىز بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى قولغا ئالدى ھەم ئۇنى ئۆلگۈچە زىندانغا قامىدى. شۇنداق قىلىپ، خارەزمشاھ جەندنى قايتۇرۇۋالدى. ئەزىز بۇ رايوننى ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىلىك ئارسلاننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى («تارىخى جاھان كۇشاي»، ئىنگلىزچە نەشرى، 1 - توم، 284 — 285 - بەتلەر). بارتولد بۇ ھەقتە توختىلىپ: «شۇنىڭدىن كېيىن، جەند رايونى خارەزمشاھنىڭ چوڭ ئوغلى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن ئەزىز ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ بۇ شەھەرگە قانچىلىك ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز» دېگەنىدى.①

مىلادى 1156 - يىلى، ئەزىز ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇچان دېگەن يەردە ئالەمدىن ئۆتتى. خارەزمنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان بۇ كىشى، گەرچە سالجۇقىيلار سۇلتانلىقىغا قارشى كۆپ قېتىم ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بۇ سۇلتانلىققا بىر

---

① بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان»، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 329 - بەت.

ئۈمۈر بېقىندى بولدى. پەقەت ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تەختكە چىققان دەۋرلەردە، خارەزىم ئاندىن قۇدرەت تېپىپ كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيىگە ئايلاندى.

*　　　*　　　*

XII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، سالجۇقىيلار خاندانلىقىدا خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەنلىكى، تاشقى جەھەتتە بېقىندى خاندانلىقلارنىڭ يۈز ئۆرۈشى تۈپەيلىدىن بۇ خاندانلىق پەيدىنپەي زاۋاللىققا يۈزلەندى. خەلق قوزغىلىڭىغا سانجارنىڭ قاتتىق زۇلۇمى سەۋەبچى بولغان. بۇ سۇلتان كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش چىقىمىنى قامداش ئۈچۈن، خەلققە قارىتا ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پەقەت 1141 ـ يىلىلا غەربىي لياۋ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا 3 مىليون دىنار سەرپ قىلىنغان، بۇ تېخى ھەرخىل سوۋغا ـ سالام ۋە ئىنئاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. سانجار 1135 ـ يىلىدىن باشلاپ خەلقنىڭ مالىيە جەھەتتىكى يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. 1140 ـ يىللىرىغا كەلگەندە بۇ بېسىم كىشىلەرنىڭ سەۋر ـ تاقىتىنى تېخىمۇ چېكىگە يەتكۈزدى. مەيلى دېھقانچىلىق رايونىدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بولسۇن ياكى كۆچمەن چارۋىچى غۇزلار بولسۇن، ھەر ۋاقىت قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلدى. ئالدى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى غۇزلار سانجارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

بۇ غۇزلار قۇت، توخرىستان ئەتراپلىرىغا تارقالغان. ئۇلارنى قارلۇقلار ماۋرائۇننەھردىن بۇ يەرگە ھەيدىۋەتكەنىدى. بۇ چاغدا توخرىستاننى سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ بەلختىكى نائىبى باشقۇراتتى. بەلخ نائىبى ئىمادىدىن قۇماش زالىم بولۇپ غۇزلارنى ئېزەتتى ھەمدە ئۇلارنى قوشۇنغا قاتناشتۇرۇپ گورلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا سالاتتى. ھەريىلى غۇزلاردىن 24مىڭ تۇياق قوي يىغاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باجگىرلار خەلقنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنى دەپسەندە قىلاتتى. شۇڭا غۇزلار بىر باجگىرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ھەمدە 1152 ـ يىلى يۈز ئۆرۈپ گورلارغا بېقىندى ھەم

گورخانى ئالاۋۇدۇن ھۈسەيىننىڭ بەلخنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىگىلىۋې-
لىشىغا ياردەملەشتى. قۇماش ئۇلارنى باستۇرغىلى قوشۇن باشلاپ بارغان
بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ بولدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى غۇزلار تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلدى. شۇڭا سانجار 1153 ـ يىلى ئۆزى قوشۇن باشلاپ مەرۋىدىن
جازا يۈرۈشىگە ئاتلانغان بولسىمۇ، ئەمما ھەرئىككى قېتىمدا غۇزلار تەرى-
پىدىن مەغلۇپ بولۇپ مەرۋىگە چېكىندى. ئاخىرىدا يەنە مەركەزدىنمۇ
چېكىندۈرۈلدى. چېكىنىش ۋاقتىدا ئۇ قول ئاستىدىكى بىرنەچچە سەر-
كەردە بىلەن بىللە غۇزلارغا ئەسىرگە چۈشتى. سەركەردىلەرنىڭ
ھەممىسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، پەقەت سانجارلا ھۆرمىتى ئۈچۈن ساق
قالدى. غۇزلار ئۇنى كۈندۈزى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزسا، كېچىسى
تۆمۈر قەپەز ئىچىگە سولاپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۈچ يىل نەزەربەند
قىلىندى.

سانجار نەزەربەندتىكى ۋاقتىدا، سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ
سەركەردىلىرى بۇرۇنقى ماۋرائۇننەھردىكى قاراخانىيلارنىڭ خاقانى مەھ-
مۇدخاننى سۇلتان قىلىپ تىكلىدى. سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ غەربىي
ئاسىيادىكى سۇلتانى مۇھەممەد ئەبۇ مەھمۇدمۇ ئۇنىڭ ۋەلىئەھد بولۇشىغا
قوشۇلدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى سانجارنىڭ سىڭلىسى ئىدى.
خۇراساننىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى ئەمىرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ
پاكىتمۇ سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى
چۈشەندۈرىدۇ.

سانجار نەزەربەندتىكى ۋاقتىدا بەزى غۇزلارغا پارا بېرىپ 1156 ـ
يىلى قېچىپ چىقىپ، تېرمىز ئارقىلىق مەرۋىگە قايتىپ كېلىدۇ. بىر
يىلدىن كېيىن سانجار ئۆلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ 71 ياشتا ئىدى. ئۆلۈشتىن
بۇرۇن، مەھمۇدخاننى ۋەلىئەھد قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ.

سالجۇقىيلار سۇلتانلىقىنىڭ شەرقىي تارمىقى سانجارنىڭ ئۆلۈمى
بىلەن بەربات بولغان چاغدا، غەزنىۋىلەر خاندانلىقىمۇ يوقىلىش گىردابىغا
بېرىپ قالغانىدى. ئاخىر غەزنىۋىلەر خاندانلىقى ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ
ئۆتكەن گور دۆلىتى تەرىپىدىن يوقىتىلدى، (خىررۇد دەرياسىنىڭ شىما-

لــي ئېقــىنىدا ، ھىرات بىلەن بامىيانىنىڭ ئارىلىقىدا ) . گورخاندانلىقىنىڭ
قۇرغۇچىسى شانشاپ جەمەتىدىن بولۇپ ، ئەڭ دەسلەپتە خىررود دەرياسى-
نىــڭ شــىمالىي ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ماندېش دېگەن يەرنىڭ
قەبىلە باشلىقى ئىدى ھەمدە بىرۇزكوھنى ئۆزىنىڭ مەركىزى قىلغانىدى .
مىلادى XI ئەسىرنىڭ بېشىدا قەبىلە باشلىقى ئەبۇ ئەلى غەزنىۋىلەر
خاندانلىقىنىڭ پەرمانى بويىچە گور رايونىدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا
باشلىدى . XI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ، گور رايونى سالجۇقىيلار خاندانلىقى
بىلەن غەزنىۋىلەر خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى پەسەيتىدىغان
رايونىغا ئايلاندى . گور دۆلىتى خاقان مۇئىززىددىن دەۋرىگە كەلگەندە
كۈچىيىشكە باشلىدى . گورخاقانى ئالاۋۇدۇن ھۇسەيىن ( 1149 —
1161 - يىلى ) ئاكىسى سەيپىددىنىڭ غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى
بەھرامشاھ ( 1118 — 1152 - يىلى ) تەرىپىدىن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۆل-
تۈرۈلگەنلىك ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ، غەزنىۋىلەر خاندانلىقىغا ھۇجۇم
قىلىپ پايتەختىنى ئىشغال قىلدى ۋە شەھەرنى ۋەيران قىلدى . بەھرامشاھ
ئامالسىزلىقتىن ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى . بەھرامشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ،
ئۇنىڭ ئوغلى خۇسراۋشاھمۇ گورخاندانلىقىنىڭ قىستىشى بىلەن لاھوردىن
چېكىندى . خۇسراۋ شاھنىڭ ئوغلى خۇسراۋ مەلىك پەنجابنى ئىگىلىۋالغا-
نىدى . ئۇ غەزنىۋىلەر خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۇلتانى ئىدى .
ھىجرىيە 582 - يىلى ( مىلادى 1186 — 1187 - يىلى ) ئالاۋۇددىن ھۇسە-
يىنىنىڭ تەخت ۋارىسى غىياسىددىن مۇھەممەد پەنجابنى يۇتۇۋالدى ، شۇنىڭ
بىلەن غەزنىۋىلەر خاندانلىقى ھالاك بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن گور
خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى پەيدىنپەي خۇراسان ، توخرىستان ، بەدەخ-
شان ، ئافغانىستاننىڭ شەرقىي قىسمى ، شۇنىڭدەك ئەسلىدىكى غەزنىۋىلەر
خاندانلىقىنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىغىچە كېڭەيدى . گورخاندانلىقى ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى كۈچلۈك بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ ، شىمالىي تەرىپىدىكى قارا
قىتانلار ، غەربىي شىمالىدىكى خارەزىم بىلەن ئۈچ تەرەپ تىركىشىپ
تۇرىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى ھەمدە ئۆزئارا بىر - بىرىدىن ئۇس-
تۈنلۈك تالاشتى .

# 4 - بۆلۈم كېيىنكى دەۋردىكى غەربىي لياۋ سۇلالىسى ۋە خارەزىمشاھى

مىلادى 1143 - يىلى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى گورخانى
يوللىغ تاشىن ئۆلدى . « لياۋ تارىخى . تيەنزۇ خاتىرىسى » دە :يوللىغ تا-
شىن تەختتە 20 يىل ئولتۇردى . تەخەللۇسى دېزۇڭ ئىدى . ئۇ ئۆلگەن
چاغدا ئوغلى ئىلە گۆدەك بولغاچقا ، ھاكىمىيەت بېشىغا خانىش چىقتى .
كېيىن خانىش تابۇيان دەپ ئاتىلىپ ، نامى گەنتيەن خانىش بولدى . ئۇ
قائىدە - تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىپ يىلنامىنى شيەنچىڭغا ئۆزگەرتتى » دې-
يىلگەن . يوللىغ تاشىن ئۆلۈپ ئىككىنچى يىلى ( جىنخۇاڭتۇڭنىڭ 4 -
يىلى ، مىلادى 1144 - يىلى ) ، بىر ئۇيغۇر ئەلچىسى جىن سۇلالىسىگە ئول-
پان ئېلىپ كەلگەندە ، ئۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسى زېمىنى ئۇيغۇرلار بىلەن
قوشنا ئىكەنلىكىنى ، يوللىغ تاشىننىڭ ئالىلىقاچان ئۆلگەنلىكىنى
ئېيتقان ( « جىن سۇلالىسى تارىخى ، نانگې خەنۇنىڭ تەرجىمھالى » ).
تابۇيان خانىش تەختتە يەتتە يىل ئولتۇردى ( 1144 — 1150 -
يىلى ) . 1151 - يىلىغا كەلگەندە ، يوللىغ تاشىننىڭ ئوغلى ئىلە قۇرامىغا
يېتىپ ، ئاندىن تەخت ۋارىسى بولۇپ گورخان بولدى ، ئۇ تەختتە 13 يىل
( 1151 — 1163 - يىلى ) ئولتۇردى . ئىلە 1163 - يىلى ئۆلدى . ئۇ ئۆلگەن
چاغدا ئوغلى گۆدەك بولغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە سىڭلىسى
پۇسۇۋەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى . ئۇ قائىدە - تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىپ
يىلنامىنى چۇڭفۇغا ئۆزگەرتتى ، چېڭتيەن خانىش دەپ ئاتالدى . » پۇ-
سۇۋەن تەختتە 14 يىل ئولتۇردى ( 1164 — 1177 ) ، ئۇنىڭغا تەخت
ۋارىسى بولۇپ ئىلەنىڭ ئىككىنچى ئوغلى جىرۇغۇ گورخان بولدى . جى-
رۇغۇ دەۋرىگە كەلگەندە ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئاللىقاچان زاۋاللىققا يۈز
تۇتقانىدى . بۇ ئەھۋاللار ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ يۈز ئۆرۈشى ، زې-
مىنىنىڭ قولدىن كېتىشى ، خارەزىمشاھ دۆلىتىنىڭ كۈچىيىشى ، ئەڭ
ئاخىرىدا كۈچلۈكنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋې-
لىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ .

بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى مۇنداق ئىدى: قاتۋان ئۇرۇشىدىن كېيىن، ماۋرائۇننەھردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سابىق ھۆكۈمرانى مەھمۇدخان تاغىسى سۇلتان سانجار بىلەن بىللە خۇراسانغا چېكىندى. سانجار ئۆلگەندىن كېيىن، مەھمۇدخان خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. لېكىن خۇراساننىڭ يەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئەمىرلەر ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. كېيىن خۇراساننىڭ ئەمىرى ئە. ئابا مىلادى 1162 - يىلى مەھمۇدخاننى قولغا ئالدى ھەمدە ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇپ زىندانغا تاشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي مەھمۇدخان ئۆلدى، خۇراسان سەركەردىسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، زېمىنىنىڭ بىر قىسمى خارەزىملىكلەرنىڭ قولىغا چۈشتى، بىر قىسمى گور خاندانلىقى تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى.

مەھمۇدخان ماۋرائۇننەھردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۇنىڭ ئاكىسى تاۋغاچخان ئىبراھىم III نى سەمەرقەنتتىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ۋەلىئەھدى قىلىپ تىكلەپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ بېقىندىسى قىلىۋالدى. ئىبراھىم III تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە، ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن تۇراقسىز بولدى. بۇنىڭغا ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر بىلەن ھەربىي باشلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت سەۋەبچى بولدى. قارلۇقلار بولسا ھەربىيلەر گۇرۇھىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ئۇرۇشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، قارلۇقلار 1156 - يىلى ئىبراھىم III نى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ جەسىتى دالىغا تاشلىۋېتىلدى. كېيىن ھەسەن تېكىننىڭ ئوغلى چاغرۇلخان جالالىدىن ئەلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى بولدى. ئەلى ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، قارلۇقلارنىڭ سەردارى بۆگۈخاننى ئۆلتۈردى ھەمدە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە قارلۇقلارنىڭ باشقا سەردارلىرىغا زىيانكەشلىك قىلدى. سەمەرقەنتتىن قوغلىۋېتىلگەن قارلۇقلار كەينى - كەينىدىن خارەزىمگە قاچتى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى سەمەرقەنتتىكى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانىنى يۆلەش ئارقىلىق كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان

خارەزىمشاھ دۆلىتىنى توسۇشنى كۆپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما خارەزىم-
شاھ دۆلىتى ماۋرائۇننەھردىكى قالايمىقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ بۇخارا ۋە
سەمەرقەنتكە تەسىرىنى كېڭەيتىشنى ھەرۋاقىت ئېسىدىن چىقارمىدى.
ماۋرائۇننەھردىكى تۈركمەنلەرمۇ دائىم ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىدىغان خارەزىم-
لىكلەرنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولدى. شۇنداق قىلىپ، كۈرەش تېخىمۇ
كەتتى.
مۇرەككەپلىشىپ ۋە ئۆتكۈرلىشىپ 1156 - يىلى ئۆلگەندىن كېـ
خارەزىمشاھ دۆلىتىنىڭ شاھى ئەزىز
ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى، جەندنىڭ نائىبى ئىلىك ئارسلان شۇ يىلى 8 -
يىن، سەمەرقەنتتىن خارەزىمگە قېچىپ
ئاينىڭ 22 - كۈنى خارەزىمشاھى بولدى. سەمەرقەنتتىن خارەزىمگە قېچىپ
كەلگەن ئىبراھىمبەگ ۋە بۆگۈخاننىڭ ئوغۇللىرى باشچىلىقىدىكى قارلۇقلار
ھىجرىيە 553 - يىلى ( مىلادى 1158 — 1159 - يىلى ) ئىلىك ئارسلانغا،
ئەلىخاننىڭ بۆگۈخاننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە باشقا سەردارلارغىمۇ قول
سالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. خارەزىمشاھى ئىلىك ئارسلانخان ئۇلارغا
تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈردى ھەمدە مۇشۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، قارلۇقلارنى قوغداش باھانىسى بىلەن 1158 - يىلى 7 -
ئايدا ماۋرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى. ئەلىخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، قاراكۆل بىلەن جەندنىڭ ئارىلىقىدىكى تۈركمەنلەرنى يىغىپ،
سەمەرقەنت شەھىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇردى ھەمدە غەربىي لياۋ
سۇلالىسىدىن ياردەم سورىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئىلىك. تۈركمەننى
10 مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى. خارەزىمشاھى بۇخارادا
ھەر خىل ۋەدىلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، ئاندىن
كېيىن لەشكەر تارتىپ كاتتا قورغاندىن ئۆتۈپ، شەھەرنى ۋەيران قىلدى
ھەمدە سەمەرقەنتكە قىستاپ كەلدى. ئەلىخان لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە
سېلىپ سەپ تارتىپ تۇردى. ئىككى تەرەپ زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئىككى
قىرغىقىدا توختاپ، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشتى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى
لەشكەرلىرى تەرەپتىكى ئىلىك. تۈركمەن خارەزىمشاھىنىڭ قوشۇنىنىڭ
كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈپ، ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالمىدى ھەمدە
سەمەرقەنتنىڭ شەيخۇلئىسلامى ۋە ئۆلىمالىرىدىن ياراشتۇرۇپ قويۇشنى

ئۆتتۈندى . خارەزىمشاھى ئىلىك ئارسلانخان ئۇلارنىڭ تەلپىگە قوشۇلۇپ ، قارلۇقلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، ئاندىن خارەزىمگە قايتىپ كەتتى . (« تارىخى جاھان كۇشاي » ، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 288 — 289 ـ بەت ) .

ھىجرىيە 558 ـ يىلى (مىلادى 1162 — 1163 ـ يىلى ) خارەزىمشاھى يەنە لەشكەر تارتىپ نىشاپۇر ئەتراپىدىكى شادىياخقا ھۇجۇم قىلىپ ، خۇراساننىڭ ئەمرى ئە . ئابانى قورشىۋالدى ھەم سۇلھى تۈزۈپ قايتتى . ئەلىنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىچ تاۋغاچخان مەسئۇد II دەۋرىدە (1160 — 1178 ـ يىلى ) ، قارلۇقلارنىڭ يەنە بىر قېتىملىق توپىلىڭى يۈز بەردى . ئىبىن ئەلى ئاشىرنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بۇخاندىن قارلۇقلارنى بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە كۆچۈرۈشنى ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇشنى ھەمدە ئۇلارغا دېھقانچىلىق ۋە باشقا ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلغان . قارلۇقلار بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئىسيان كۆتۈرگەن . غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئىسياننى باستۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن قارلۇقلارنى يوقىتالمىغان .

ئەگەر خارەزىمشاھى ئەزىزنى سالجۇقىيلار سۇلتانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان دېسەك ، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تەخت ۋارىسلىرىدىمۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇشنى خالىماسلىقتەك ھالەت ئىپادىلىنىشكە باشلىدى ھەمدە ئۇلپان تۆلەشنى تېخىمۇ خالىمىدى . ئىلىك ئارسلانخان غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئولپان تۆلىمىگەنلىكتىن ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۇلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلدى . ھىجرىيە 556 ـ يىلى (مىلادى 1170 — 1171 ـ يىلى ) غەربىي لياۋ سۇلالىسى بىلەن ماۋرائۇننەھردىكى قاراخانىيلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى خارەزىمگە ھۇجۇم قىلدى . ئىلىك ئارسلانخان خەۋەرنى ئاڭلاپلا جەڭگە تەييارلاندى ھەمدە ئەسلى ماۋرائۇننەھردىكى قارلۇقلاردىن بولغان ئاياربېكنى ئالدىنقى سەپ ھۇجۇمچى قىلىپ ، ئامۇر (بۈگۈنكى سارجۇ ) دېگەن يەردە دۈشمەندىن

مۇداپىئە كۆردى. شاھنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا، ئايارىبېك يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشتى. ئىلىك ئارسلانخان كېسەل بولۇپ قېلىپ خارەزىمگە قايتىپ كەتتى ھەمدە 1170 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

ئىلىك ئارسلانخاننىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى تاغاش جەندنىڭ نائىبى بولدى، كىچىك ئوغلى سۇلتانشاھ ئانىسى تۇركان خانىشنىڭ ياردىمىدە تەختكە چىقتى، ئەمەلىيەتتە خانىش ۋاكالىتەن ھۆكۈمرانلىق قىلدى. تۇركان تاغاشنى چاقىرتتى، ئۇ كەلمىسە، ئۇنىڭغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولدى. تاغاش بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى مەرھۇم گورخاننىڭ سىڭلىسى پۇسۇۋەن، ئۇنىڭ نامى چېڭتيەن خانىش ئىدى.

تاغاش غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن ياردەم تىلىدى ھەمدە ۋەدە بېرىپ، ئەگەر دۆلىتىنى قۇتقۇزالىسا، خارەزىمنىڭ بارلىق بايلىقلىرىنى ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ھەر يىلى ئالۋان ـ سېلىق تۆلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جۇۋەينىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى زور قوشۇننى باشلاپ تاغاش بىلەن بىرلىكتە خارەزىمگە ئاتلانغان. (پادىشاھنىڭ كۈيئوغلىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا پادىشاھنىڭ كۈيئوغلىنىڭ ئىسمى سۇدۇرۇب دېيىلگەن.) سۇلتان شاھ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن تاغاشنى ئەكىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇراساندىكى ئە. ئابانىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تاغاش 1172 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خارەزىمگە كىرىپ، خارەزىمنىڭ شاھلىق تەختىگە چىقتى. ئۇ ئىنتايىن تەكەللۇپ بىلەن پادىشاھنىڭ كۈيئوغلىنى ئاپىرىپ قويدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە ئالۋان ـ سېلىق تۆلەپ تۇردى. («تارىخىي جاھان كۇشاي» 290 ـ بەت).

سۇلتانشاھنىڭ ئانىسى تۇركان خانىش ئە. ئاباغا سوۋغا ـ سالام

ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى ھەمدە بۇنىڭ بەدىلىگە خارەزىم
زېمىنىنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولدى. ئە. ئابا ئۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن
لەشكەرلىرىنى يىغىپ سۇلتانشاھ ئانا ـ بالا بىلەن بىللە خارەزىمگە قاراپ
ئىلگىرىلىدى. ئە. ئابا بۇرۇن يولغا چىقتى، ئۇ سۇبۇرنى دېگەن جايغا
كەلگەندە، تاغاشنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئە. ئابا ئەسىرگە
چۈشۈپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، بۇ چاغ 1174 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ
كۈنى ئىدى. سۇلتانشاھ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى تۇركان دايىستان (بۈگۈنكى
تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتى ئاتلىق دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە كاسپىي دې-
ڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى بىر رايون) غا قېچىپ كەتتى. تاغاش
قوغلاپ شۇ يەرگىچە باردى. سۇلتانشاھنىڭ لەشكەرلىرى تەسلىم بولدى.
تاغاش تۇركان خانىشنى ئۆلتۈرۈپ قايتتى. سۇلتانشاھ شادىياھقا قېچىپ
كەتتى. بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمدارى ئە. ئابانىڭ ئوغلى توغانشاھ ئىدى. تو-
غانشاھنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈدەك ماجالى بولمىغاچقا، ئۇ يەنە گور
سۇلتانلىقىغا قېچىپ باردى. شۇ چاغدىكى گور دۆلىتىنىڭ سۇلتانى غىيا-
سىدىن مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ساھابىدىن (يەنى مۇئىزىدىن) ئىدى.

تاغاش غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە دۆلەتنى
قايتۇرۇۋالدى. خارەزىم شاھلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئامالسىزلىقتىن
غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە ئالۋاڭ ـ ياساق تۆلىدى. ئەمما ئۇ، كۆڭلىدە
بۇنداق قىلىشنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي لياۋ سۇلالى-
سىنىڭ ئەمەلدار ۋە باجگىرلىرى ھاكاۋۇر، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى ئىنتايىن
قوپال بولۇپلا قالماي، باج ـ سېلىقمۇ ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى.
شۇڭا، تاغاش غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ بىر ئابرۇيلۇق ئەلچىسىنى ئۆلتۈ-
رۇۋەتتى، قول ئاستىدىكىلەر بۇ ئەلچىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەرنى
ئۆلتۈردى. گور خاندانلىقىغا قېچىپ كەتكەن سۇلتانشاھ بۇ ئىشنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، دەرھال غەربىي لياۋ دۆلىتىگە
قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارىغا، ئۆزىنىڭ
خارەزىم خەلقى ۋە قوشۇنىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەنلىكى
ھەققىدە پو ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي لياۋ سۇلالىسى يەنە ئالدىنقى

قىتىمدا خارەزىمگە بارغان ھېلىقى پادىشاھنىڭ كۈيئوغلىنى زور قوشۇن
بىلەن ئۇنى دۆلىتىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار خارەزىمگە يېتىپ
بېرىشقا ئاز قالغاندا، تاغاش ئامۇ دەرياسىنىڭ سۈيىنى قويۇۋېتىپ يولنى
توستى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىلغا ئىچىگە قاپسىلىپ قالدى. سۇلتانشاھ
ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى، ئەمما پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بۇ يەرگە
كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، لەشكەرلىرىنى دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كەتمەكچى
بولدى. سۇلتانشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، پادىشاھنىڭ كۈيئوغلىدىن ئۆ-
زىنى شىرازغا قوغداپ ئاپىرىپ قويۇشقا بىر قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ
قىلدى. پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. ئۇ غەربىي لياۋ
سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياردىمىدە شىرازغا ھۇجۇم قىلىپ تالان - تاراج
قىلدى ھەمدە مەرۋىنى ئىشغال قىلدى. 1181 - يىلى 5 - ئايدا يەنە
توغانشاھنى مەغلۇپ قىلدى، كېيىن شىرازنى تۇس ( بۈگۈنكى ماشخاد )
قا قوشۇۋەتتى. سۇلتانشاھ بۇ يەرگە 1193 - يىلى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر
ئون يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ ئارىلىقتا، ئۇ بەزىدە تاغاش
بىلەن دوستلۇق ئورناتسا، بەزىدە ئۇرۇش قىلدى.

بۇ دەۋردە ( مىلادى 1177 - يىلى ) غەربىي لياۋ سۇلالىسىدە
مالىمانچىلىق يۈز بەردى. « لياۋ تارىخى » دا: چېگتيەن خانىش پۇسۇۋەن
« پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى سۇدۇرۇبىنىڭ ئىنىسى بۇقۇجشاھ بىلەن تىل بى-
رىكتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ كۈيئوغلىنى ئۆلتۈردى. پادىشاھنىڭ
كۈيئوغلىنىڭ دادىسى لەشكەر تارتىپ ئوردىنى قورشىۋالدى ھەمدە پۇسۇ-
ۋەن بىلەن بۇقۇجشاھنى ئۆلتۈردى. » دەپ خاتىرىلەنگەن. پۇسۇۋەن
ئۆلگەندىن كېيىن ئىلەنىڭ ئىككىنچى ئوغلى جىرۇغۇ تەختكە چىقتى.
غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىيىتى تۇراقسىز، جىرۇغۇ ئاجىز بولغانلىقى
تۈپەيلىدىن، تاغاشنىڭ شۆھرىتى ئاشقاچقا، ئۇ سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچى-
لىك قىلىشقا ئۇرۇندى. كېڭەيمىچىلىك قىلىشنىڭ يۆنىلىشى ئالدى بىلەن
خۇراسان ۋە ئىراننىڭ غەربىي قىسمى بولدى. شۇ چاغدىكى خەلىپە خارە-
زىمنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن ئەنسىرەپ گور
دۆلىتىنىڭ خۇراساندا خارەزىمشاھى بىلەن قارشىلىشىشىنى ئامالنىڭ بارىچە

قوللىدى .

سالجۇقىيلار سۇلتانلىقىنىڭ خۇراساندىكى ھۆكۈمرانلىقى ئا-خىرلاشقاندىن كېيىن، گور دۆلىتىنىڭ سۇلتانى غىياسىدىن ھىجرىيە 571-يىلى ( مىلادى 1175 — 1176 - يىلى ) ھىراتنى بېسىۋالدى، ئۇنىڭ تە-سىرى شىرىستان ۋە كېرمانغىچە كېڭەيدى. ئەمما ئۇنىڭ قېچىپ كەلگەن سۇلتانشاھنى قانات ئاستىغا ئالغانلىقى خارەزىمشاھى تاغاشنىڭ تېخمۇ نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن تاغاش 1186 - يىلى قوشۇن باشلاپ خۇراسانغا ھۇجۇم قىلدى، ئىككىنچى يىلى 6 - ئايدا نىشاپۇرغا بېسىپ كىردى ھەمدە ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى مەلىكشاھنى بۇ يەرنىڭ ئەمرى قىلىپ تەيىنلىدى. سۇلتانشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، تاغاش يەنە مەلىكشاھنى مەر-ۋىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى، ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەدنى ئۇنىڭ ئورنىغا نىشاپۇرنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. تاغاش شۇنىڭدىن باشلاپ خارەزىم بىلەن خۇراساننىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى .

بۇ چاغدا سالجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ غەربىي تارمىقىنىڭ سۇلتانى تۇغرۇل ئىدى. مىلادى 1192 - يىلى خارەزىمشاھى تاغاش غەربكە يۈرۈش قىلىپ مازاندىران بىلەن رەي ( تېھراننىڭ جەنۇبىغا يېقىن جاي ) گە يېتىپ كەلدى ھەمدە تۇغرۇل ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي ئىراننىڭ ئۇنى سۇلتان دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئىككىنچى يىلى تۇغرۇل قوشۇن باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، خارەزىمنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنى رەيدىن قوغلاپ چىقاردى. تاغاش 1194 - يىلى رەيگە قايتىپ كېلىپ، سالجۇقىيلارنىڭ قوشۇنى بىلەن مۇشۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا جەڭ قىلدى. تۇغرۇل يېڭىلىپ ئۆلدى ھەمدە كاللىسى كېسىۋېلىنىپ باغدادقا يەتكۈزۈلدى. سالجۇقىيلار سۇلتانلىقى شۇنداق قىلىپ ئەڭ ئاخىر مۇنقەرز بولدى. خارەزىمشاھنىڭ زېمىنى غەربتە ئىراققىچە كېڭەيدى. تاغاش بىر يەرلىك ھۆكۈمداردىن بىر كۈچلۈك ئىمپېرىيىنىڭ سۇلتانىغا ئايلاندى . شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قويما پۇلدا ئۆزىنى شاھ دېمەي، سۇلتان دەپ ئاتايدىغان بولدى .

ھىجرىيە 592 - يىلى ( مىلادى 1196 - يىلى ) ، تاغاش ھەمەداندا

خەلىپە ناسىرنىڭ قوشۇننى تارمار قىلىپ، خەلىپىنى خوجىستان (بۈگۈنكى ئىراننىڭ غەربىدە) نى ئۆزىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. خەلىپە ئۇنىڭدىن شەرققە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ بۇنىڭغا پىسەنت قىلمايلا قالماستىن، بەلكى خەلىپىنى ھاكىمىيەتنى تاپشۇرۇشقا زورلىدى. ناسىر ئامالسىز قېلىپ گور دۆلىتىدىن ياردەم سورىدى. گور سۇلتانى غىياسىدىن خەلىپىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، تاغاشقا: ئەگەر ئۇ خەلىپىگە سالغان تەھدىتىنى بىكار قىلمايدىكەن، گور دۆلىتىنىڭ خارەزىم دۆلىتىنىڭ خۇراساندىكى زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن تاغاش غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

بۇ چاغدا ئەمەلىيەتتە غەربىي لياۋ سۇلالىسمۇ گور دۆلىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتاتتى. يەنى: بەلخنىڭ تۈرك ھۆكۈمدارى ئەسلىدە غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە باج ـ سېلىق تۆلەيدىغان بېقىندى ئىدى. بۇ كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، بەلخ گور دۆلىتىنىڭ باميياندىكى ئەمرى باھاۋۇددۇن شەمسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ مۇھىم يەرنى تارتىۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ، 1198 ـ يىلى تايانغۇ (ئەرەب تىلىدىكى ھاجىپقا باراۋەر بولۇپ، كاتىپ دېگەن مەنىدە) نى چوڭ قوشۇن بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خۇشكەنت ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلارنى ۋەيران قىلىشقا ئەۋەتتى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى باھاۋۇددۇن شەمسىدىن بەلختىن چېكىنىشنى ياكى بېقىندى بولۇپ باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئۇ جاۋابسىز قالدى. يەنە بىر جەھەتتىن، تاغاش ئەسكەر چىقىرىپ تۇستىن ھىراتقا ھۇجۇم قىلدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاخشىمى قونالغۇدا كۆزەتچى قويمايدىغان ئادىتى بولغاچقا، گور دۆلىتىنىڭ ئۈچ سانغۇنى بىرلىشىپ غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنىغا كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. يەنە بىر كۈنى، گور سۇلتانى غىياسىدىننىڭ بىر قوشۇنى يەنە بۇ ئۈچ سانغۇننىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى ئىنتايىن زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى چېكىنىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەن چاغدا خېلى زور قىسمى سۇغا غەرق بولدى. غىياسىدىن غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ خۇراساننى ئىگىلىۋالدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ جىنايىتىنى خارەزىمشاھى تاغاشقا ئارتتى ھەمدە ئۇنىڭدىن زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تاغاش يەنە غىياسىدىن تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە قارشى چىقتى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنى ماۋرائۇننەھردىن چېكىنگەن چاغدا، خارازىمشاھى بۇخاراغىچە قوغلاپ بېرىپ شەھەرنى قورشىۋالدى. بۇخارالىقلار غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە ساداقەتمەن بولغاچقا، خارەزىم شاھىغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتتى. تاغاشنىڭ بىر كۆزى ئاجىز ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇخارالىقلار بىر كۆزلۈك بىر ئىتقا كىيىم-كېچەك كىيدۈرۈپ ۋە ئۇنى سېپىل تۆۋىگە ئەكىلىپ خارەزىمشاھنى چاقىرىپتۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئىتنى قونداقلىق ئوقيا بىلەن دۈشمەن بارگاھىغا ئېتىپتۇ ھەمدە «مانا بۇ سىلەرنىڭ سۇلتانىڭلار» دەپ توۋلاپتۇ. خارەزىملىكلەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن خارەزىمگە قايتتى. لېكىن بارتولد بۇ قېتىمقى بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىش ئىشىغا گۇمان بىلەن قارايدۇ، چۈنكى بۇ ئىش پەقەت ئىبنى ئەلى ئاشىرنىڭ يېزىپ قالدۇرغان مەلۇماتىدىلا ئۇچرايدۇ، ئەمما ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىيال يوق.

تاغاش غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە كېڭەيمىچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە، چېگرىسىنىڭ شىمالىغىمۇ دىققەت قىلدى. شۇ چاغدا سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى جەندنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن غۇزلار تارقالغانىدى. X II ئەسىرگە كەلگەندە، سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى يەنىلا كاپىرلارنىڭ رايونى، دەپ ئاتالدى.(Dar al. Kufr) بۇ جاينىڭ ئەتراپىدىكى يايلاقلارنىڭ ھەممىسى قىپچاق، قۇن (Qun) پەچەنەك، قاڭلى قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان تۈركلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىناتتى. (بارتولد، قاڭلىلارنىمۇ تالاس دەرياسى بىلەن ئىسسىقكۆلنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، دەيدۇ.) ئەزىز بىلەن تاغاشنىڭ ھەر

ئىككىلىسى مۇشۇ تۈركلەرگە تايانغان ھەمدە ئۇلار بىلەن قوشۇننى تو-
لۇقلىغانىدى. تاغاش ئۇنىڭ ئۈستىگە قاڭلى مەلىكىسى (ياكى قىپچاق
مەلىكىسى) نى خوتۇنلۇققا ئالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن داڭقى چىققان خا-
رەزىمشاھى مۇھەممەدنى تاپقان. شۇڭا، تاغاش ھايات ۋاقتىدا، كۆپلىگەن
قاڭلىلار، قىپچاقلار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تۈركلەرنىڭ ھەممىسى خارە-
زىملىكلەرگە قوشۇلۇپ، يەرلىك كىشىلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سەردارلار، بولۇپمۇ قاڭلى ياكى قىپچاق قەبىلىسىدىن
چىققان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خارەزىم دۆلىتىنىڭ ئالىي سەركەردىسى
ۋە ھەربىي گورۇھىنىڭ تايانچلىرى بولغان. تاغاشنىڭ قاڭلى قەبىلىسى-
دىن بولغان خوتۇنى تۇركان خاتۇن بۇ ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ
قوللىشى بىلەن ناھايىتى چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغانىدى. گەرچە مۇ-
شۇنداق مۇناسىۋەت بولسىمۇ، لېكىن كاپىر تۈركلەر يەنىلا خارەزىمنىڭ
چېگرا رايونىغا دائىم پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى. 1195 ـ يىلى تاغاش
سىغناققا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، خارەزىم قوشۇنى ئىچىدىكى تۈركلەر-
نىڭ خائىنلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى. كېيىن تاغاش
قىپچاقلارنىڭ سەردارى قايىر تۈركمەنخان بىلەن جىيەنى ئالىپ دېرەكنىڭ
زىنداندىن پايدىلىنىپ، 1198 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئوغلى، نىشاپۇرنىڭ
سابىق نائىبى مۇھەممەدنى ئالىپ دېرەك بىلەن بىرلىكتە قىپچاقلارغا ھۇجۇم
قىلىشقا ئەۋەتتى ھەم تۈركمەنخاننى ئەسىرگە ئالدى. ئۇنىڭ قەبىلىسى ئا-
لىپ دېرەككە تەۋە بولدى. لېكىن بۇ كىشىمۇ ئوخشاشلا خارەزىمنىڭ
شىمالىي چېگرىسىغا پاراكەندىچىلىك سالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خارەزىم-
شاھى قايىر تۈركمەنخاننى ئالىپ دېرەك بىلەن ئۇرۇشقا سېلىش ئۈچۈن
قويۇپ بەردى. «ياتلار ئارقىلىق ياتلارنى باشقۇرۇش» تاكتىكىسىنى
قوللىنىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا تىرىكىنلەتتى ۋە ئاجىزلاتتى، شۇ ئارقىلىق
خارەزىمنىڭ شىمالىي تەرىپىدە كۈچلۈك بىر رەقىبىنىڭ مەيدانغا چىقىشى-
نىڭ ئالدىنى ئالدى. («تارىخى جاھان كۇشاي»، ئىنگلىزچە تەرجىمە
نۇسخا، 310 ـ بەت).
تاغاش خارەزىمنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش جەھەتتە زور مۇۋەپپە-

قىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆلگۈچە يەنىلا غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بېقىندى بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ھەر يىلى غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە ئالۋان ـ سېلىق تۆلەپ تۇردى. 1200 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تاغاش ئۆلدى، ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن تەخت ۋارىسلىرىنىڭمۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە سادىق بولۇپ، يۈز ئۆرۈمەسلىكى توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇردى. بۇ خارەزىمشاھى ئەمەلىيەتتە كۈچلۈك خارەزىم ئىمپېرىيىسىگە ئاساس سالدى، ئۇ بۇ مەقسەتكە خەلىپە ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق يەتتى. ئۇ دىنىي ساھەدىكىلەرگە تايانماي، تۈركلەر ھەربىي گۇرۇھىنىڭ قوللىشىغا تايانغاچقا، خارەزىمدە تۈركان خاتۇن رەھبەرلىكىدىكى بىر ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى شەكىللەندى. بۇ قاتلام ئاخىر خارەزىمشاھ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئېغىر خەۋپكە ئايلاندى. قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ئوخشاش، پادىشاھلىق ھاكىمىيەت بىلەن ھەربىي سەردارلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشمۇ خارەزىمنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تاغاشقا ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ۋارىسلىق قىلدى. مۇھەممەد 1200 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاندىن رەسمىي تۇردە ئۆزىنى شاھ دەپ جاكارلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ جىيەنى، مالىكشاھنىڭ ئوغلى سىندۇخان گور خاندانلىقىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇنىڭدىن تەخت تالىشىپ، خۇراساننىڭ بەزى شەھەر، بازارلىرىنى تارتىۋالدى. يەنە بىر جەھەتتىن، خەلىپە ناسىر خارەزىمنىڭ بەك كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ گورخاندانلىقىنىڭ خارەزىمشاھقا قارشى چىقىشىنى قوللىدى. خەلىپىنىڭ گور سۇلتانىغا ئەۋەتكەن دىپلوماتىك خېتىنىڭ كېيىن قولغا چۈشۈپ قېلىشى، خەلىپىنىڭ شەرقنىڭ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن گور سۇلتانى غىياسىدىن شامالداپ ئاغرىپ قېلىپ 1202 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. مۇھەممەد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گور دۆلىتىنىڭ تەسىرىنى خۇراساندىن پەيدىنپەي سىقىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋالدى ھەمدە ھىراتتىن باج ئالدى. 1204 ـ يىلى غىياسىدىننىڭ ئىنىسى مۇئىززىدىن ھىندىستاندىكى يۈرۈشتىن

قايتىپ كېلىپ، خارەزىملىكلەرگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، خارەزىملىكلەرنى خارەزىمدىن قوغلاپ چىقاردى. گور قوشۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ خارەزىمنى يۇتۇۋالدى. مۇھەممەد كونا چارە بويىچە ئامۇ دەرياسىنىڭ سۇيىنى قويۇۋېتىپ دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلىشىنى توستى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خارەزىمشاھى غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن ياردەم تىلىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى تالاس دېگەن يەردىكى سانغۇن تايانغۇ ۋە سەمەرقەنتتىكى قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئوسمانىيلارنى قوشۇن بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى. ئۇلار خارەزىمشاھى مۇھەممەد بىلەن بىرلىشىپ گور قوشۇننى خارەزىمدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاندىخۇئىغىچە قوغلاپ باردى. گور قوشۇنى غەربىي لياۋ سۇلالىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. تايانغۇ بىلەن بىرلىكتە ياردەمگە كەلگەن قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئوسمان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان گورلارنىڭ كاپىر غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشىنى خالىماي، ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويدى. تايانغۇ گورلارنىڭ ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ كېتىشىگە قوشۇلدى، لېكىن ئۇلاردىن تۆلەم پۇلى ئالدى.

1206 ـ يىلى مۇئىززىدىن ئالەمدىن ئۆتتى، گور دۆلىتى بىلەن خارەزىم ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشمۇ ئاخىر توختىدى. 1208 ـ يىلى خارەزىم ئاخىر ھىراتنى تارتىۋالدى. گور ھۆكۈمدارى غىياسىدىن مەھمۇد ئۆزىنىڭ خارەزىمنىڭ بېقىندىسى ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىپ مۇھەممەدنىڭ ئىسمى بىلەن قۇتبە ئوقۇدى.

كاسپىي دېڭىزى تەرەپتە، باۋەندى خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى ھۇسەن (胡沙木) ھىجرىيە 602 ـ يىلى (مىلادى 1205 ـــ 1206 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى، خارەزىمشاھى مۇھەممەد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئەلىشاھنى ئۇنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىشكە ئەۋەتىپ، يېڭىدىن تەختكە چىققان باۋەندى شاھنى خارەزىمنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

غەرب تەرەپتە، مۇھەممەد ئىرانغا يۈرۈش قىلىپ، باغدادقا تەھدىت سالدى، ھەتتا خەلىپىنىڭ ئۆزىگە بېقىندى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

خارەزىمشاھ دۆلىتى ئاخىر سالجۇقىيلار سۇلتانلىقى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان چوڭ ئىمپېرىيىگە ئايلاندى. لېكىن، نامدا خارەزىمشاھ دۆلىتى يەنىلا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ بېقىندىسى بولدى. تاغاش ئاللەدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى مۇھەممەدكە ۋەسىيەت قىلىپ ئۇنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە مەڭگۈ بېقىندى بولۇشىنى تەلەپ قىلغاندى. لېكىن مۇھەممەدنىڭ ھوقۇقى چوڭىيىپ ۋە كۈچى زورىيىپ بۇ دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىن، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىدىن قۇتۇلۇش ھەمدە ماۋرائۇننەھرنى يۇتۇۋېلىپ، شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلىشمۇ ئۇنىڭ زۆرۈر تەلىپى بولۇپ قالغاندى.

خارەزىمشاھ دۆلىتىنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن قۇتۇلۇشتىكى مۇۋەپپەقىيىتىمۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر. XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي لياۋ سۇلالىسى سىياسىي جەھەتتە كۈنسايىن چىرىكلىشىپ كەتتى، پادىشاھلىرى قابىلىيەتسىز بولۇپ، خەلقىنىڭ نارازىلىقى كۈنسايىن كۈچەيدى، بېقىندى جايلار يۈز ئۆرۈپ ئۆزئارا ماسلىشىۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە موڭغۇللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى، كېرەي، نايمان قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشى تۈپەيلىدىن شەرقتىن كېلىدىغان خەۋپ بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئەڭ ئاخىر كۈچلۈكنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى بىلەن، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ گۇمران بولۇشى تېزلەشتى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى زاۋال تاپقاندىن كېيىن، خارەزىم دۆلىتى بارغانچە يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن موڭغۇل دۆلىتى بىلەن قوشنا بولدى. چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان كىشى دەل ئالدىدا سۆزلىگەن مۇشۇ خارەزىم شاھى مۇھەممەدتۇر.

## 5- بۆلۈم غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى گەرچە 100 يىلغا يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ

قۇرۇقلۇقىنىڭ تارىخىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى . بۇ چاغدا « قىتان » دېگەن سۆز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭگونى ئاتاشتا ئىشلىتىدىغان نامىغا ئايلانغان . كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن رۇسلار ئارقىلىق غەربىي ياۋروپاغا تارقىلىپ كىردى . رۇسچە « Kutan » ۋە ئىنگلىزچە « Cathay » دېگەنناملار دەل « قىتان » دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى . مانا بۇنىڭدىن قىتانلارنىڭ جۇڭگو تارىخىدا ئىگىلىگەن مۇھىم ئورنىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

گەرچە غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەنزۇلىشىش ئەھۋالى ناھايىتى روشەن بولسىمۇ ، لېكىن قىتانلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى يەنىلا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ ، ئوت ، سۇ قوغلە- شىپ كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشىدا ياشىدى . مەسىلەن ، ئالدىنقى مەزمۇنلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن جۇۋەينى ھەم ئوبۇلغازىنىڭ ئەسەرلىرىدە قارا قىتانلارنىڭ ئېمىل شەھىرىنى قۇرۇپ دېھقانچىلىققا كۆچكەنلىكى ، بالاسا- غۇنغا كەلگەندىن كېيىن چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلغانلىقى ھەققىدىكى پاكىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى . جىن سۇلالىسى- نىڭ تيەنخۇي 2 ـ يىلى (1124 ـ يىلى ) لياۋ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى دابۇيېنىڭ دوكلاتىدا يوللىغ تاشىنىڭ « چارۋا مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى كۆپ » ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان . نانگې خەنزۇ ئەلچىلىككە چىققاندا ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ دالىدا ئوۋ ئوۋلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن . دادىڭ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن ئىشلان قاتارلىق ئۈچ كىشى- نىڭ ئېيتىشىچە ، غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىرى بالاساغۇندا شەھەر ئىچىدە ئەمەس ، بەلكى بارگاھتا تۇرغان . بارگاھ بالاساغۇن ئەتراپىدا بولۇپ ، ئالاھەزەل ئاتلىق بىر كۈنلۈك يول ئىدى ①. مانا بۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ئىدى . مىلادى 1210 ـ يىلى گورخان ئالاس دەر- ياسى بويىدا خارەزىم قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ بالاساغۇن شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندە ، مەزكۇر شەھەر خەلقىنىڭ سېپىل دەرۋازىسىنى تاقىۋې- لىپ ئۇنى كىرگۈزمىگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس .(« تارىخى جاھان

① جىن سۇلالىسى تارىخى « نانگې خەنزۇ تەرجىمھالى »

كۇشاي » ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 1 ـ توم ، 360 ـ بەت .)

غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ناھايىتى كەڭرى دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . بۇ بىپايان رايوندا ئول-تۇراقلاشقان مىللەتلەرمۇ كۆپ ئىدى . يەنى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان تاجىكلار ، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان ھەر قايسى مىللەتلەر ، جۇڭگو-نىڭ ئىچكى جايلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن قىتانلار ، خەنزۇلار ۋە باشقا مىللەتلەر ھەمدە يەنە غەربىي ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەرەبلەر ، پارسلار ، سۈرىيىلىكلەر ، يەھۇدىيلار بار ئىدى . مانا شۇ مىللەتلەر يەنە دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ، سودىگەرچىلىك قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى . بۇ مىللەتلەر ئىسلام دىنى ، خرىستىئان دىنى ، مانى دىنى ، بۇددا دىنى ، زەردەش دىنى ، داۋجياۋ (تو-يىن ) دىنى ۋە شامان دىنى قاتارلىق ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلاتتى . دېمەك ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ ، مەدەنىيىتى خىلمۇ خىل ئىدى . بۇ يەردە باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ، پەقەت جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەنلەر ھەققىدىلا سۆزلەپ ئۆتسەك كۇ-پايە . ئالدىنقى مەزمۇنلاردا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىبنى ئەل ئاشىرنىڭ سەمەرقەنت ھۆكۈمدارىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسى-ياغا كۆچۈپ كەلگەن قىتانلاردىن 16 مىڭ تۈتۈنلۈك كىشىنى باشقۇرۇپ ئۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتى بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالىدۇر . يوللىغ تاشىن بىلەن بىرگە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەنلەر يالغۇز قىتانلار بولۇپ قالماي ، يەنە موڭغۇل ، تۈرك (ئۇيغۇر ) ، مانجۇ ، تىبەت ، خەنزۇ قاتارلىق ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭمۇ بارلىقى ئېنىق . XIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سەمەرقەنتكە بارغان راھىب چيۇچۇجى بۇ شەھەردە كۆپچىلىك ئۇيغۇرلار ئېتىز ـ ئېرىق ، باغ ـ ۋارانلىرىنى ئۆز ئال-دىغا باشقۇرمايتتى . خەنزۇ ، قىتان ھەم خېشىلىقلارغا قوشۇمچە باشقۇرغۇزاتتى . ئۇلارنىڭ نائىبلىرىمۇ رەڭدار كۆزلۈكلەردىن ئىبدى . خەنزۇ ئۇستىكارلار شەھەر ئىچىدە ئولتۇراتتى » دەيدۇ . ئۇ چىڭگىزخان-

نىڭ ئالدىغا سالامغا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە خەنزۇلارنىڭ كېلىپ-كېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدا شۈبھىسىزكى، خەنزۇ ئەمەلدارلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىن سىرت يەنە قىتان يېزىقىنىمۇ پىششىق بىلەتتى. يوللىغ چۇسەي غەربىي يۇرتتا ئىلگىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسىدە ئىنانچى خان بولغان لى شىجاڭ دېگەن كىشىنى ئۇچراتقان. يوللىغ چۇسەي ئۇنىڭدىن قىتان يېزىقىنى بىر يىلدىلا ئۆگىنىۋالغانىدى. (راھىب چيۇجۇجىنىڭ «ماقالىلەر توپلىمى» 8 ـ جىلد). سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى نىزا مۇلمۇلۇك پېرسىيىدە بەزى كىشىلەر خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدۇ. ھەتتا خەنزۇ يېزىقىدا خەت ـ ئالاقە قىلىشالايدۇ، دەيدۇ. مانا بۇ مىسالمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئەينى دەۋردە خەنزۇلارنىڭ بولغانلىقى، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭقۇر ھەم كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تۈركلەرنىڭ ماۋرا ئۇننەھر رايونىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىش تارىخى گەرچە ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ تۈركلىشىش جەريانى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇنجى تۈرك خاندانلىقى — قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن تېزلەشكەن. شۇنداقتىمۇ بۇ رايوندىكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ سانى يەنىلا ئاز ئەمەس ئىدى. ھەتتا يېقىنقى دەۋرگىچىمۇ يەنىلا مۇشۇنداق ئىدى. شۇل ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھەت خاتىرىسىدە: «تۈركلەرنىڭ ھەر قېتىمقى كۈچلۈك دولقۇنى تاجىكلارنى تېخىمۇ يىراق تاغ ئارىسىغا قوغلىۋەتكەن. مانا شۇ تاغ تاجىكلىرى ئادەتتە ‹ گارسا ؟ › دەپ ئاتىلىدۇ. بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە خوجەندتە تاجىكلار شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ، لېكىن سىر دەريا-سىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى جايلاردا ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى ئاز. ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسەن ھەممىسى تۈركلەر ئىدى.» ① دەيدۇ. يېقىنقى دەۋردىمۇ مۇشۇنداق ئىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە ماۋرا ئۇننەھردە ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر تېخىمۇ

① «تۈركىستان» ئىنگلىزچە، 1 ـ توم، 106 ـ بەت.

كۆپ ئىدى .
تۈركلەرگە كەلسەك ، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى .
مەسىلەن ، قارلۇق ، غۇز (تۈركمەن ) ، قاڭلى ، قىپچاق ، چىگىل ، ئۇيغۇر
قاتارلىق قەبىلىلىرى بار ئىدى . ليۇچى « شىمالدىكى ئەلچىلىك خاتىر-
سى » دە : ئۇلار بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ
ھەممىسى بىردەك « ئۇيغۇر » دەپ ئاتىلىدۇ . قەدىمدە « مۇسۇلمان
ئۇيغۇرلار » « ھىرات ئۇيغۇرلىرى » ، « ھىندى ئۇيغۇرلىرى » دەپمۇ ئاتال-
غاندى . يالغۇز بۇلا ئەمەس ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى
پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا « ئۇيغۇر ئېلى » دېيىلەتتى ، دەيدۇ .
خارەزىم رايونىدا سالجۇقىيلار خاندانلىقى دەۋرىگىچە يەنىلا سوغدى
تىلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئىران تىلى ئىشلىتىلەتتى . يۇقىرى
خارەزىمدە بۇ خىل تىل مىلادى XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە
داۋاملىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى . لېكىن ، تۆۋەنكى خارەزىم بىلەن
ئۆرگەنچ (ئارال كۆلىگە يېقىنراق جاي ) تە تۈركلىشىش باسقۇچى مىلادى
XIII ئەسىردە تاماملىنىپ بولغانىدى . خارەزىم بىلەن قوشنا بولغان سىر
دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىن رايونى ۋە ئۇنىڭ شىمالدىكى جايلاردا ياشاي-
دىغان چارۋىچى تۈركىي تىللىق خەلقلەر خارەزىمگە كۆپلەپ كۆچۈپ
كىرىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ياكى ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچ-
كەن ۋە ياكى ھەربىي سەپكە قاتنىشىشقانىدى . ئۇلار ئىران تىلىدا
سۆزلىشىدىغان يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئۆزئارا نىكاھلىنىپ ئاسسىمىليات-
سىيىلىشىپ كەتكەن . شۇڭا ، مىلادى XI ئەسىرگە كەلگەندە
خارەزىملىكلەرنىڭ تەن تۈزۈلۈشىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تەن
قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرى ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى .
خارەزىملىكلەرمۇ سودا قىلىشقا ماھىر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئاياغ ئىزى
ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلاقلىرىنىڭ ھەممە جايلىرىغا ھەتتا جەنۇبىي رۇم ۋە
شەرقىي ياۋروپادىكى دوناي دەرياسى ۋادىلىرىغا قەدەر بېرىپ يەتكەنىدى .
يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ خىل ئەھۋاللار ئاستىدا غەربىي لياۋ
سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئىشلەتكەن تىل ئەلۋەتتە بىر خىل تىل بىلەنلا

چەكلىنىپ قالمايتتى . ئالىملار ئومۇمىيۈزلۈك هالدا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىشلەتكەن مەمۇرىي هۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان ، دەپ قارىماقتا . بارتولد « هۆكۈمەت تىلى قارىغاندا خەنزۇ تىلى ئىدى ».[1] دەيدۇ . ۋىتتىرىبېرگ بىلەن فېڭ جياشىڭ قاتارلىق ئىككىيلەن هۆكۈمەتنىڭ مۇھىم هۆججەتلىرىدە غەربىي لياۋ هۆكۈمىتى ھەقىقەتەن خەنزۇ يېزىقىنى ئىشلەتكەن . لېكىن غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بېقىندى ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا پارس يېزىقىنى قوللانغانىدى . ئوتتۇرا ۋە شەرقىي تەرەپتىكى بەزى جايلاردا ئېھتىمال ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن »[2] دەپ كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭدىن قالسا ، بىر پاكىت شۇكى ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى (مىس پۇللار ) پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى پۇللارنىڭ شەكلىگە ئوخشىتىپ قۇيۇلغانىدى . مەسىلەن ، غەربىي لياۋ خانى گەنتيەن خانىش تەختكە چىقىپ 5 - يىلى بىر خىل مىس پۇل قۇيدۇرغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدە « گەنتيەنيۈەنباۋ » دېگەن خەنزۇچە تۆت خەت بار ئىدى (لياڭ شىجېڭ « پۇل خاتىرىسى » ) . يەنە « سۇغدىيانا تۇڭباۋ » دەيدىغان بىر خىل پۇل بولۇپ ، ئۇنى يوللىغ تاشىنىنىڭ ياساتقانلىقى ئېنىق (لى زوشيەن « قەدىمكى مەنبەلەر توپلانمىسى » ) . ئەگەر غەربىي لياۋ سۇلالىسى خەنزۇ يېزىقىنى قوللانمىغان بولسا ، ئاۋام خەلق ھەر كۈنى چېلىقتۇرۇپ تۇرىدىغان پۇلنىڭ ئۈستىگە قانداقسىگە خەنزۇ يېزىقى ئويۇلىدۇ ؟ شۈبھىسىزكى ، بۇ ھەرگىزمۇ خەنزۇ يېزىقى بىردىنبىر ئىشلىتىلىدىغان يېزىق دېگەنلىك ئەمەس . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن يوللىغ چۇسەينىڭ لى شىچاڭدىن قىتان يېزىقى ئۆگىنىۋالغانلىقى ، غەربىي لياۋ هۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى يەنىلا ساقلاپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ئۇلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى

① «بارتولد ئەسەرلىرى » رۇسچە 5 - توم ، 544 - بەت .

② «لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگو جەمئىيىتى تارىخى » ئىنگلىزچە ، 670 - بەت .

چوقۇم ئۆگەنگەن ياكى شۇ ئورۇندىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق
زىيالىيلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ۋە ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەت ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلاش ئىشلىرىغا
ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلغان. سەمەرقەنتلىك نىزام ئىبنى ئاردى ئۆز-
نىڭ «تۆت قىسىملىق ئەسىرى» (Chahar Maqala) (چاھار ماقالە) دە
يولىغ تاشنىڭ بۇخارادا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ۋەكىلى ئالىپتېكىنگە خەت
يېزىپ ئۇنى ئەيىبلىگەنلىكىنى، بۇ خەتنىڭ پارس يېزىقىدا يېزىلغانلىقىنى
بايان قىلغان.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي
ئەھۋالى يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا كۆپ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.
مەسىلەن، تەرەققىي قىلغان سۇغىرىش سىستېمىسى بار ئىدى. بوستانلىق
رايونلاردا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى راۋاجلانغان بولۇپ،
بەش خىل زىرائەت تېرىلاتتى. ئۈزۈم قاتارلىق مېۋە - چېۋىلەر ئۆستۈرۈ-
لەتتى. مەسىلەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەلچىلىككە بارغان چاڭدې:
«ئىككى تاغ ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىكتە يەرلىك يۇقىرىلار كۆپ
ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەردە ئېرىق - ئۆستەڭ، ئۆي - ئىمارەت، سېپىللار-
نىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلار قىتانلارنىڭ ماكانى
ئىكەنلىكىنى» ① كۆرگەن. چيۇچۇجىمۇ: «بالاساغۇنىنىڭ تەبئىي
شارائىتى ۋە ئىقلىمى ئالتاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا ئوخشايدۇ.
تۈزلەڭلىك ناھايىتى كۆپ، دېھقانچىلىق ۋە پىلىچىلىك ئاساس قىلىنىدۇ.
ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. مېۋىلىرى جۇڭگونىڭكى بىلەن ئوخ-
شاش، پەقەت ياز ۋە كۈز پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يامغۇر -
يېغىن توختايدۇ. دەريا سۈيىدىن سۇغىرىش ئىشلىرىمۇ ئازلايدۇ. تۈرلۈك
مېۋىلەر پىشىدۇ» ② دەيدۇ. لېكىن ھەرقايسى شەھەر - بازارلاردا سود-

① «لىيۇيۈينىڭ غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، ۋاڭ گوۋېي تۈزەتكەن ۋە ئىزاھلىغان نۇسخا.

② «راھىب چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ۋاڭ گوۋېي تۈزەتكەن ۋە ئىزاھلىغان نۇسخا.

گەرلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ دۇكانلار ئاۋات ئىدى .
سودىگەرچىلىك قىلىدىغانلار ھەر قايسى مىللەت كىشىلىرىدىن ئىدى . قول
ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ سانى خېلى كۆپ ئىدى . جۇۋەينى
« تارىخى جاھان كۇشاي » دېگەن كىتابىدا تىلغا ئالغان غەربىي لياۋ
سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى مەھمۇد دېگەن كىشى دەل سودىگەر ئىدى . سالجۇ-
قىيلار ۋەزىرى نىزامۇلمۇلۇك قەشقەردىن ، سەمەرقەنتتە ئولتۇراقلىشىپ
قالغان نۇرغۇن سودىگەرنى تىلغا ئالىدۇ . بۇ سودىگەرلەر تۈرك قىزلىرىنى
قۇل قىلىپ ساتاتتى . ئەينى ۋاقىتتىكى سودا يولىنىڭ بىرى سەمەرقەنتتىن
باشلىنىپ ، بەلخ ئارقىلىق غەزنىۋى شەھىرىگە باراتتى . يەنە بىرى خو-
تەندىن باشلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا باراتتى . يەنە خوتەن ،
قەشقەردىن سەمەرقەنتكە تۇتىشىدىغان سودا يولى بار ئىدى . غەربىي شى-
مال تەرەپتە بۇخارادىن ۋە كاسپىي دېڭىزى ئارقىلىق جەنۇبىي روسىيىگە
تۇتىشىدىغان سودا يولىمۇ بار ئىدى . بەلختە قۇل بازىرى ، ھىراتتا خۇش
پۇراق بوياقلار بازىرى بار ئىدى . شەرق ۋە غەرب ئارىسىدا سودا ـ ئالاقە
قىلىدىغان بۇ سودىگەرلەرنىڭ ئاياغ ئىزى شەرقتە جۇڭگودىكى سۇڭ
سۇلالىسى زېمىنىغىچە ، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرى بىلەن شىمالىي
ئافرىقىدىكى مىسىرغا قەدەر يېتىپ بارغان .

قىتانلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ
كۆچۈپ يۈرسىمۇ (« لياۋچىنىڭ شىمالدىكى ئەلچىلىك خاتىرىسى ») ،
لېكىن ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەندىن كېيىن ، بىر قىسمى مۇقەررەر
ھالدا ئولتۇراق ھاياتقا كۆچكەن ھەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى .
يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قىتانلارنىڭ ئېمىلدا شەھەر قۇرغانلىقى ۋە دېھقان-
چىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . لېكىن چارۋىچى
خەلقلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە ئولتۇراق ھاياتقا كۆ-
چۈشى ناھايىتى چوڭ توسالغۇلارغا ئۇچرايتتى . شۇڭا بۇنداق ئىشنى
چارۋىچى خەلق ئەزەلدىن خالىمايتتى . ئىبن ئەل ئاشىر غەربىي لياۋ
گورخانىنىڭ قاراخانىيلارنىڭ ماۋرا ئۇننەھردىكى ئېلىكخانى قىلىچ
تابغاچخان مەنسۇردىن بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتتىكى قارلۇقلارنى قەشقەرگە

كۆچۈرۈپ كېتىشنى ھەمدە ئۇلارنىڭ قەشقەردە دېھقانچىلىق ۋە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېنىدا قايتا قورال - ياراغ ئېلىپ يۇرمەسلىككە بۇيرۇق بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئاقىۋەتتە بۇ ئىش قارلۇقلارنىڭ ئىسيانىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى(«بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» رۇسچە، 1 - توم، 397 — 398 - بەتلەر). بۇنىڭدىن قارا قىتانلارنىڭ يەنىلا ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. چارۋىچى خەلقنىڭ نەزەرىدە جاپالىق بولغان دېھقانچىلىق ئەمگىكى قۇللارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى چارۋىچىلىق قىلىشنى ھەمدە قولغا قورال ئېلىپ جەڭ قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلەتتى.

قارا قىتانلارنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى دەل ئۇلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇرراق ئۇچرىغانلىقىدا ئىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى خەنزۇلار رايونىنىڭ يىلنامىسىنى قوللانغان بولۇپ، يېگى خان تەختكە چىققاندا يېڭىدىن يىلنامە بېكىتەتتى. غەربىي لياۋ خانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئايرىم بۇتخانىلىرى بار ئىدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قوللانغان ھەر خىل تۈزۈملىرىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن لياۋ سۇلالىسى ۋە خەنزۇلار رايونىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. بارتولدمۇ: «قارا قىتانلار دۆلىتى نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزىگە ئوخشاش كۆچمەن ئىمپېرىيىلەر بىلەن ئوخشىمايتتى. قاراقىتانلار چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرغان. لېكىن باشقا كۆچمەن ئىستېلاچىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ناھايىتى زور دەرىجىدە خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە ئاساسەن خەنزۇلارنىڭ تۈتۈن بويىچە باج ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ھەر بىر تۈتۈندىن بىر دىنار باج ئېلىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۇنجى گورخان ھېچكىمگە سۇيۇرغاللىق بۆلۈپ بەرمىگەنىدى. كېيىن گورخاننىڭ دۆلىتىدە سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ ئىزنالىرىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئۇچراتمىدۇق. لېكىن، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈمىمۇ يوق ئىدى، گورخانغا قارام بولغان يەرلىك خاندانلىقلار يەنىلا ئۇزۇن ۋاقىت

مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى »① دەيدۇ . قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ هۆ-
كۇمرانلىرى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ، سۇيۇرغاللىق
تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ، يەرلەرنى خان جەمەتى كىشىلىرىگە ياكى سەر-
كەردىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئالدىنقى مەزمۇنلاردا سۆزلەپ
ئۆتكەنىدۇق . قارا قىتانلار ئوخشاشلا كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىدى .
لېكىن ئۇلار دۆلەت باشقۇرۇش جەھەتتە سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا
قويمىدى . نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئوخشىماسلىق بار ؟ بۇ مۇقەررەركى ، ئۇلار-
نىڭ خەنزۇلىشىش دەرىجىسىنىڭ كۈچلۈكرەك ئىكەنلىكىدىن بولغان .
چۈنكى ، جۇڭگودا چىن ، خەن سۇلالىسىدىن بېرى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمە-
نىڭ ئورنىنى ۋىلايەت ، ناهىيە تۈزۈمى ئىگىلىگەنىدى . بارتولد بۇ تەرەپنى
تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ جۇڭگو تارىخىنىڭ ئەنئەنىۋى نۇقتىسى-
دىن چىقىپ بۇنى ئېنىق چۈشەندۈرمىگەن .
غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا يولغا قويغان باج
تۈزۈمىدە بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان هەربىر تۈتۈن بىر دىنار تاپشۇرغاندىن
باشقا ، « جىننامە . نانگې خەنئۇ تەرجىمىهالى » غا ئاساسلانغاندا ، يەنە
ئۇنىڭدىن بىر ئۈلۈش باج تاپشۇرۇش يولغا قويۇلغان ، يەنى تېرىقچىلىق
قىلغۇچىلار ئالغان هوسۇلنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى باج ئورنىدا
تاپشۇراتتى . بۇ خىل ئوندىن بىر ئۆلۈش بېجى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان
تۈتۈن بېجى ئېھتىمال گورخاننىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى رايونلاردىن
ئېلىنىدىغان باجغا قارىتىلغان . قارام ئەللەرگە قارىتا باجگىر ئەۋەتىپ
بەلگىلەنگەن نورمىدا تارتۇق ۋە باج ئالاتتى . بۇنى نۇرغۇنلىغان تارىخىي
پاكىتلاردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .
مەيلى سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بولسۇن ، ياكى
باج ئېلىش ئىشلىرى ئۈچۈن بولسۇن ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىدە هامان پۇل
قۇيدۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانىدى . غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان « سۇغدىيانا تۇگباۋ » ۋە « گەنتيەن يۈەنباۋ » دىن
باشقا ، يەنە غەربىي لياۋنىڭ ئاخىرقى ئىمپېراتورى چۇرۇق قۇيدۇرغان « ت-

① «بارتولد ئەسەرلىرى » رۇسچە ، 2 - توم ، 1 - كىتاب ، 33 - بەت .

يەنشىتۇڭباۋ » دىن ئىبارەت ئىدى. خۇاڭ ۋېنبىنىڭ « تارىم ئويمانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى » دېگەن ئەسىرىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پۇلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پۇلىغا ئوخشىتىپ ياسالغانىدى. ھەتتا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى غەربىي لياۋ خاندانلىقى تەۋەسىگە ئېلىپ كىرىلگەنىدى. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدىن تېپىلغان ئون تالدىن ئارتۇق سۇڭ سۇلالىسى پۇلىنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېلىپ كىرىلگەنلىكى چوقۇم. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ باج ئالغاندا دىنار يىغقانلىقى سۇلالە ئۆزى قۇيدۇرغان پۇل ھەم سۇڭ سۇلالىسى پۇلىدىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەسلىدە بار بولغان پۇلنىمۇ ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يۇللىغ چۇساي ئۆزىنىڭ « غەربكە ساياھەت خاتىرىسى » دە: (سەمەرقەنتتە) « ئالتۇن، مىس پۇللار خەجلىنىدۇ، بۇ پۇللار تۆشۈكسىز ئىدى » دېگەن. « ليۇ چىنىڭ غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى » دە بولۇر شەھىرىنىڭ غەربىدىكى جايلاردا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن ياسالغان پۇل خەجلىنىدۇ. بۇ پۇلنىڭ ئۈستىگە يېزىق ئويۇلغان ھەم تۆشۈكسىز ئىدى، دېيىلگەن. « راھىب چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى » دېگەن كىتابتا: «شەھەرلەردە خەجلىنىدىغان ئالتۇن تەڭگىلەر تۆشۈكسىز بولۇپ ئىككى تەرىپىگە ئۇيغۇر يېزىقى ئويۇلغانىدى » دېيىلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرلىك پۇللىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قۇيدۇرغان پۇلىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكى، بازارلاردا ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇللارنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا بار پۇللار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بەزىلەر غەربىي لياۋ سۇلالىسى قەغەز پۇل تارقاتقانىدى دەپ قارايدۇ. لېكىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئاتالمىش غەربىي لياۋ سۇلالىسى قەغەز پۇلى پۈتۈنلەي ساختا بولۇپ ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

« لياۋ تارىخى، تيەنزۇ خاتىرىسى » دە يېزىلىشىچە، يۇللىغ تاشىنىنىڭ ئوغلى ئىلە رەسمىي تەختكە چىققان يىلى (جاۋشىڭيۈەن يىللىرى 1151 - يىلى) غەربىي لياۋ سۇلالىسى نوپۇس تەكشۈرۈپ

«تەۋەلىكتىكى خەلقنىڭ 18 ياشتىن يۇقىرىلىرى 84 مىڭ 500 تۈتۈن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان». بەزىلەر، بۇ پەقەت بالاساغۇن ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ تۈتۈن سانىغا قارىتىلغان، ئۇ قارام ئەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. چۈنكى سەمەرقەنتتىلا موڭغۇل ئىستېلاسىدىن ئىلگىرى 100 مىڭ تۈتۈن بولۇپ، يۇقىرىقى ساندىن زور دەرىجىدە كۆپ ئىدى دەپ قارايدۇ. غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئېلىپ بارغان بۇ خىل نوپۇس ئېنىقلاش چوقۇم باج يىغىش ۋە ئەسكەرلىككە ئېلىشنى ئاساس قىلغان. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈتۈن بېجى تاپشۇرۇش قاتارلىق تۈزۈملەرنىڭ پەقەت گورخاننىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى بالاساغۇن ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار بىلەنلا چەكلەنگەنلىكىنى، بېقىندى ئەللەردىن ئېلىنىدىغان بەلگىلىك مىقداردىكى تارتۇق ۋە باجلار بولسا، گورخان تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ۋەكىل ياكى باجگىر ئارقىلىق ئېلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەنزۇلىشىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ھەر خىل قانۇن - تۈزۈملىرى خەنزۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلغانىدى. ئۇنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى توغرىسىدا مۇئەللىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە، جەنۇبىي ۋە شىمالىي ۋازارەت، ئالتە ۋازارەت - مەھكىمىنىڭ بۈيۈك خانلىرى، جازا يۈرۈش قىلغۇچى مۇئاۋىن بەگ، ياردەمچى زوراغا بەگ، جازا بېگى، قوشۇن باش ئەمىر لەشكىرى، ياساۋۇل بەگ، مۇھاپىزەتچى، كوراگان قاتارلىقلارنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن. بۇلار ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا لياۋ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمى ئىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن بىرەر تەدبىر قوللانغان ياكى قوللانمىغانلىقى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا مەلۇمات كەمچىل بولغاچقا، بۇ توغرىدا ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن يۈللىغ چۇسايىنىڭ تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىرىدىن بىز ئەينى دەۋردىكى ئەھۋاللارنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

قۇرغانىدى غەربىي لياۋنى يۈللىغ تاشىن،
غەربتە بەگلىكلەرنى يېڭىپ زېمىن كېڭەيتىپ.

تەۋرىنىش پەيدا قىلغان بۇ كەڭ زېمىندا ،
ھەيۋەتلىك يىللار ھەم ئەسىردىن ھالقىپ .

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى يوللىغ تاشىن قۇرغان ، ئۇ غەربىي يۇرتتىكى نەچچە ئون بەگلىكنى بويسۇندۇرۇپ زېمىنىنى كېڭەيتكەن ، ئۇ-نىڭدىن كېيىن بىرنەچچە ئەۋلاد ھۆكۈمران 100 نەچچە يىل دەۋران سۈرگەن ، بۇ دەۋردە ئىسلام – ئىبرانى ، مەدەنىيەت يۈكسەلگەن ، غەربىي يۇرتلۇقلار خېلى ئۇزۇنغىچە شۇ دەۋرنى ياد ئەتكەن ①. تۈرلۈك مىللەت ، تۈرلۈك دىنغا مەنسۇپ بولغان بۇ سۇلالە ئاغدۇرۇلۇپ بىر ئەسىردىن كۆپ-رەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى يەنىلا بۇ سۇلالىنى ياد ئېتىپ تۇرغانلىقىنى ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا تۇتقان مۇھىم ئورنىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

## 6– بۆلۈم غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولۇشى

خۇددى يۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پائالىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىدا زور تەسىر پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاش ، X II ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن كېيىن موڭغۇل دالاسىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرمۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھالاكىتىنى ئىلگىرى سۈردى ، شۇنداقلا كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىياپىتىنى تامامەن ئۆزگەرتىپ ، بۇ يەردىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئۇزاق مۇددەت چىڭگىزخان ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويدى .

چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇلىيىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش جەريانى بۇ كىتابنىڭ بايان قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ، تەكرارلاش-نىڭ زۆرۈرىيىتى يوق . بۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ گۈللىنىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇش ۋەقەسى ئاساسلىق

① « راھىب ئۆلىما چۇسايىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى » ، 20 – جىلد .

باyan قىلىندۇ. تۆۋەندە ئىككى تەرەپتىن (يەنى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ
شەرقىي ۋە غەربىي قىسمى) جەھەتتىن توختىلىمىز.
غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە قوشنا ھەمدە ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ كېيىنكى تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان مىللەتلەر ئىچىدە موڭ-
غۇللاردىن باشقا، يەنە كېرەي، ئۇيرات، نايمان، قىرغىز قاتارلىقلار بار ئىدى.
كېرەي قەبىلىسى ھانگاي تېغى بىلەن كېنت تېغى ئوتتۇرىسىدىكى
ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن تا تۇغلا دەرياسى ۋە ئونگىن
دەرياسى ئېقىنىغا تارالغان بولۇپ، بۇ جاي موڭغۇل دالاسىنىڭ مەركىزىي
رايونى ئىدى. ئۇنىڭ شىمالىدا سېلىنگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى
بىلەن بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا مەركىت قەبىلىسى بولۇپ، شەرقىدە
موڭغۇل قەبىلىسى بار ئىدى. يېقىنقى زاماندا بەزى ئالىملار كېرەي
قەبىلىسى تۈركلەر ياكى موڭغۇللاشقان تۈركلەردۇر دېگەن قاراشتا بول-
دى. بۇ ھەقتىكى قاراشلار خىلمۇ خىل بولۇپ، بۈگۈنگە قەدەر ئېنىق
خۇلاسە چىقىرىلمىدى. ماتېرىياللارغا قارىغاندا، كېرەيلەر XI ئەسىرنىڭ
دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خرىستىئان دىنىنىڭ نېستۇرى مەزھىپىگە ئېتىقاد
قىلغان. سۇرىيە تارىخشۇناسى بارھېبرۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەرۋى دېگەن
يەردىكى نېستۇرى دىنىنىڭ چوڭ پوپى ئېبجىسۇ 1009 - يىلى باغدادتىكى
نېستۇرى دىنى پوپى يوھان VI گە خەت يېزىپ، 200 مىڭ كېرەي ۋە
ئۇلارنىڭ خانى بىرلىكتە پاكلاندۇرۇلغانلىقىنى دوكلات قىلغان، ئاندىن
كېرەيلەرنىڭ سەردارى ئۆزىگە نېستۇرى دىنى بويىچە ئىسىم قويغان. مە-
سىلەن، چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئىلگىرى ئىككى ئەۋلاد
كېرەي سەردارىنىڭ ئىسمى ماھ ئىدى. ماھنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بى-
رىنىڭ ئىسمى خۇرجا خۇسبۇرۇ (بۇمۇ خرىستىئان دىنىغا خاس ئىسىم)،
يەنە بىرىنىڭ ئىسمى گورخان ئىدى. خۇرجا خۇسبۇرۇ ئۆلگەندىن كېيىن
ئۇنىڭ ئوغلى تولى ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان (بۇ تۈركچە ئىسىم بولۇپ،
سالجۇقىيلار خانى توغرۇلنىڭكىگە ئوخشاش). ئۇ ئۆزىنىڭ تاغىسى گور-
خان بىلەن ئۇرۇشىدۇ. موڭغۇل ئاقساقاللىرىمۇ دەرھال تولىغا ياردەملىشىپ
گورخانىنى قوغلاپ ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكى خەلقنى ئۆز قولىغا كىرگۈزىدۇ.

1194 ـ يىلى نايمان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىنان تولىنىڭ ئىنىسى ئىلىك قارانى قوللاپ تولىغا ھۇجۇم قىلدۇردۇ. تولى غەربىي شيا سۇلالىسىگە ئۆزىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ ئۇيغۇرلار رايونى ئارقىلىق غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بېرىشقا يول بېرىشنى ئۆتۈندۇ. ئارقىدىن ئۇ يەنە غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ قايتىپ چىڭگىزخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ. تولى خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن ۋاڭلىققا ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى خەن ۋاڭ دەپ ئاتىلىدۇ.①

ئويرات قەبىلىسى. پارس تارىخشۇناسى راشىدىنىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق كىتابىدا، ئۇيرات قەبىلىسى سەككىز دەريا (سەككىز مۇرەن) بويلىرىدىكى كېم دەرياسىنىڭ بېشىدا ياشىغان دېيىلگەن. (« جامىئۇل تەۋارىخ » خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1 ـ قىسىم A، 1 ـ كىتاب، 193 ـ بەت). سەككىز دەريا ئەمەلىيەتتە يېنسەي دەرياسىنىڭ جەنۇبىي مەنبەسى خۇاكېم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولۇپ، سېلىنگا دەرياسى بويلىرىدىكى مەركىت قەبىلىسى زېمىنىنىڭ شىمالى، بايقال كۆلىنىڭ غەربىنى كۆرسىتىدۇ. ئويرات قەبىلىسىنىڭ تىلى بىلەن موڭغۇللارنىڭ تىلىدا بىر دەكىلىك كۆپ، پەرق ئاز. 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئويرات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى خۇدۇقىبېك بولۇپ، كېيىن موڭغۇللارغا تەسلىم بولغان.

قىرغىز قەبىلىسى كېم دەريا ۋادىسى (يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) غا تارالغان. «جامىئۇل تەۋارىخ» تا: « قىرغىزلار زېمىنى كېم ئايمىقى بىلەن تۇتاش، ئىككىسى بىر رايوننى تەشكىل قىلىدۇ » ②

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 1 ـ جىلدتا: «ۋاڭ خان خېشى، ئۇيغۇر، مۇسۇلمان (خۇيخۇي) ئېلىگە بېرىپ ئاندىن قىتانغا كەتتى»، «لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگو جەمئىيەت تارىخى» دا بۇ ئىش 1195 ـ يىلى بولغان، بۇ يەردىكى قىتان غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەن. ۋاڭ گوۋېي تەھرىرلىگەن « چىڭگىزخان زەپەرنامىسى» 18 ـ 19 ـ بەت، ۋۇگۇاڭچىڭ « تاڭغۇت كىتابلىرىدىكى ۋەقەلەر» 38 ـ جىلد.

② « جامىئۇل تەۋارىخ »، خەنزۇچە تەرجىمىسى 1 ـ توم، 1 ـ كىتاب، 245 ـ بەت.

دېيىلگەن . ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرقتە سېلىنگا دەرياسى بىلەن ، شەرقىي
شىمالى ئانگارا دەرياسىدىن ئۆتۈپ سىبىرىيىگە تۇتىشىدۇ . جەنۇبتا نايمان
زېمىنى بىلەن چېگرىداش ، غەربىي جەنۇبىي موغۇلىستانغا تۇتىشىدۇ (بېشبالىققا توغرا كېلىدۇ ، كېيىن يەنە توختىلىمىز) . قىرغىزلارنىڭ
كېيىم ئايمىقىدىكى ئىككى قەبىلىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا سەردارى بولۇپ ، ئۇلار
ئىنال دېيىلىدۇ ، كېيىن ئۇلار موڭغۇللارغا تەسلىم بولغان .

نايمان قەبىلىسى هانگاي تېغى بىلەن ئالتاي تېغى ئارىلىقىغا جايلاشقان ، كونكرېت ئېيتقاندا ، قۇبدۇ ئەتراپلىرىدىن ئۇبسانۇرغىچە جايلاشقان ، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونى قارا ئېرتىش دەرياسى ۋە زايسان كۆلى
بويلىرىغىچە كېڭەيگەن . غەربىي چېتى قۇملۇق ۋە ئۇيغۇر ئېلىگە
چېگرىداش . شەرقتە كېرەيلەر بىلەن قوشنا ، شىمالدا قىرغىزلارنىڭ كېيىم ئاي-
مىقى بىلەن چېگرىداش . نۇرغۇن كىشىلەر نايمانلارنى تۈركىي مىللەت دەپ
قارايدۇ . « جامىئۇل تەۋارىخ » تا نايمان قەبىلىسىنى « ھەممىسى چارۋىچى
قەبىلە ، بەزىلىرى تاغلىق رايونغا ، بەزىلىرى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان . ئۇلار
بىلەن كېرەيلەر ئارىسىدا دائىم توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ » دېيىلگەن .
ۋىلادىمىرسوۋ : «نايمانلار پۈتكۈل موڭغۇل قەبىلىلىرى ئىچىدە ئەڭ
مەدەنىيەتلىك قەبىلە ، چۈنكى ئۇلار بۇرۇن ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ كۈچ-
لۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان . ئۇلار بەلكىم ئەڭ بالدۇر ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن
ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەن ھەمدە ئۆز يېزىقىنى ئىجاد قىلغان . ئۇيغۇرلاردىن
باشقا ، ئۇلارنىڭ تۈركىستان ۋە يەتتىسۇ رايونى بىلەنمۇ ئالاقىسى بار .
مۇسۇلمان سودىگەرلىرى دائىم نايمان رايونىغا كېلىپ تۇرغاچقا ، نايمان
جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ھەمدە ئۇلار ئارقىلىق
پۈتكۈل نايمان قەبىلىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن . نايمانلاردىن نۇرغۇن كىشى
نېستورى مەزھىپىدىكى خرىستىئان دىنى مۇرىتى ئىدى » ① دەيدۇ . جۇۋەينى
ھەتتا « نايمانلارنىڭ كۆپىنچىسى خرىستىئان مۇرىتلىرى » ② دېگەن .

---

① ۋىلادىمىرسوۋ : « چىڭگىز خاننىڭ تەرجىمھالى » ، مىنورسكىي ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، 57 ـ بەت .

② « تارىخى جاھان كۇشاي » ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 64 ـ بەت .

موڭغۇللارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان تېمۇچىن با-
لىلىق چاغلىرىدا ئوڭۇشسىزلىق، قىيىنچىلىقتا ياشىغان. موڭغۇل
يايلىقىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەر ئۆزئارا توختىماي ئۇرۇشقاچقا، چارۋى-
چىلىق رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلق تۇرمۇشى ئىنتايىن زور زىيانغا
ئۇچرىغان. جىن سۇلالىسى ئۇلارنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى
ئۇرۇشۇشقا كۈشكۈرتۈپ ئاجىزلاشتۇرىدۇ. تېمۇچىننىڭ دادىسى تاتارلار
تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەچكە، كېرەيلەرنىڭ ئاقساقىلى ۋاڭخان
بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ تاتارلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. 1202- يىلى تاتار قەبىلىسى
مەغلۇپ بولۇپ تېمۇچىننىڭ كۈچ - قۇدرىتى زورىيىدۇ، ئەمما يەنىلا ۋاڭ-
خاننى ئىتتىپاقنىڭ رەئىسى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. موڭغۇل دالاسىدىكى
ھەرقايسى قەبىلىلەر بىرلىككە كېلىشنى تەلەپ قىلىشتەك بۇ يۈزلىنىش
تېمۇچىننى تارىخنىڭ سەھنىسىگە چىقىرىدۇ.

تېمۇچىن پەيدىنپەي قۇدرەت تاپقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ كېرەيلەرنىڭ
ۋاڭخانى بىلەن بولغان زىددىيىتىمۇ كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىدۇ. 1203 - يىلى
ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇشىدا ۋاڭخان زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ غەربكە
كېتىدۇ ۋە نايمان قەبىلىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى
شەنكۈن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا قېچىپ كەلگەندە، يەر-
لىك كىشىلەر تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. كېرەيلەرمۇ شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ.

نايمان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقالى كۈنخان كېرەيلەرنىڭ ھالاك بولۇش
ۋە تېمۇچىننىڭ قۇدرەت تېپىشىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ چوغاي
تاغلىرىنىڭ شىمالىنى ساقلاپ تۇرغان ئۇنغۇتلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ
بىلەن بىرلىشىپ تېمۇچىنغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلايدۇ. ئۇنغۇتلارنىڭ
ئاقساقىلى ئالاغۇز نايمانلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپلا قالماي، بەلكى بۇ
ئىشنى تېمۇچىنغا ئېيتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېمۇچىن 1204 -
يىلى باش باھاردا نايمان قەبىلىسىگە دەرھال ھۇجۇم قىلىدۇ. نايمان قەبى-
لىسى بىلەن بىرلىشىپ تېمۇچىنغا قارشى تۇرىدىغان قەبىلىلەر ناھايىتى
كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەركىت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقالى توتۇ، كې-

رەيلەرنىڭ ئاقساقىلى ئالانتاش، ئۇيرات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى خۇدۇقبېك ۋە تۇرۇبان، تاتار، خاداچىن، سانجۇر قاتارلىقلارنىڭ قوۋملىرىمۇ بار ئىدى. كۈنخان ئادىمىمىز كۆپ دەپ ئۆزىنى كۈچلۈك ساناپ يېڭىكلىك بىلەن جەڭگە كىرىدۇ. ئەمما ئىككى قوشۇن جەڭ قىلغاندا، نايمانلار قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ كۈنخان ئۆلتۈرۈلىدۇ. تۇرۇبان، تاتار، خاداچىن، سانجۇر تۆت قەبىلە تەسلىم بولىدۇ. تېمۇچىن مەركىت قەبىلىسىگە غەلىبىلىك ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭ باشلىقى توتۇ كۈنخاننىڭ قېرىندىشى بويلۇخاننىڭ يېنىغا قېچىپ كېتىدۇ.

1206 ـ يىلى تېمۇچىن ھەرقايسى قەبىلىلەرنى يىغىپ ئونان دەرياسى بويىدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ چىڭگىزخان دېگەن نامنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ موڭغۇللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشى ئاخىرلىشىدۇ.

چىڭگىزخان تەختكە چىققاندىن كېيىن نايمان قەبىلىسىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇرۇتا تېغىدا بويلۇخاننى تۇتىدۇ. توتۇ بىلەن كۈنخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك ئېرتىش دەرياسىغا قاچىدۇ. 1207 ـ يىلى چىڭگىزخان ئانچان، بۇئۇلا ئىككى ئادەمنى قىرغىز قەبىلىسىگە ئەۋەتىدۇ ھەم چوڭ ئوغلى جۇجىغا بۇيرۇق قىلىپ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئاتالمىش «ئورانغۇتلار (ئورمانلىقتىكى ئەل)» قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. «شىبىر قاتارلىق قوۋملار زېمىنىنىڭ جەنۇبى» دىكى قىرغىز، ئۇيرات، تۇمات، بۇرىيات، بارغۇن (بارخۇ)، تۇباس (توۋا) قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى موڭغۇللارغا بەيئەت قىلىپ، چىڭگىزخانغا شۇڭقار، ئاختائات، بۇلغۇن قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلىپ تۇرىدۇ. كېيىن موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بۇ قەبىلىلەردىن قەرەللىك ھالدا باج ـ سېلىق يىغىۋالىدۇ.

چىڭگىزخان جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن تەڭ يەنە بەيئەت قىلغان ئۇيرات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى خۇدۇقبېكنى يول باشلىغۇچى قىلىپ 1208 ـ يىلى ئېرتىش دەرياسى بويىغا قېچىپ كەتكەن توتۇ ۋە كۈچلۈككە داۋاملىق قوغلاپ ھۇجۇم قىلدى.

سوڭغۇل قوشۇنى ئېرتىش دەرياسىدا مەركىت قەبىلىسىنى تەلتۆكۈس يو-
قىتىدۇ، ئۇلارنىڭ سەردارى توتۇ دەريانىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا ئوقيا ئوقىدا
ئۆلىدۇ. توتۇنىڭ ئىنىسى ۋە ھەرقايىسى ئوغۇللىرى ئۇيغۇرلار ئېلىگە قې-
چىپ كېتىدۇ. كۈچلۈك بولسا غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە قېچىپ بارىدۇ.
1209 - يىلى قۇچۇدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارتتېكىن موڭغۇللارغا
ئەل بولىدۇ.

كۈچلۈكنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە قېچىپ بارغاندىن كېيىنكى
تارىخى مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە خېلى كۆپ خاتىرىلەن-
گەن. ئۇنىڭ ئىچىدە جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان كۇشاي»
(8 - 9 - بابلار) دېگەن كىتابى نوپۇزلۇق ئەسەردۇر. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، كۈچلۈك دەسلەپ ئېرتىش دەرياسى بويىدىن بېشبالىققا بارغان،
ئارقىدىن يەنە بېشبالىقتىن كۇچاغا كەلگەن. ئۇ كۇچانىڭ ھەيۋەتلىك
تاغلىرىدا ھەرتەرەپكە تېرىقتەك قېچىپ يۈرۈپ يېگۈدەك ئوزۇق - تۈلۈكى
يوق ئىنتايىن قىينالغان. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قاچقان قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى
ھەرتەرەپكە چېچىلىپ تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ كېتىشكەن. كۈچلۈك
نائىلاج غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ خانى گورخاننىڭ قېشىغا بېرىشقا
مەجبۇر بولغان. ئۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا ئې-
لىپ گورخاننىڭ قول ئاستىدا بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان. ئۇزاق
ئۆتمەي، ئۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە تەۋە جايلاردا غەليان كۆتۈرۈلگەنلى-
كىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش قارا نىيىتى پەيدا
بولغان. كۈچلۈك گورخانغا: «مېنىڭ ئادەملىرىم ناھايىتى
كۆپ، ئۇلار ئېمىل، قايالىق (كېيپارنىڭ غەربىگە يېقىن) ۋە بېشبالىق
قاتارلىق رايونلارغا تارالغان. ئىجازەت بەرسىڭىز، مەن بېرىپ ئۇلارنى
توپلاپ كېلەي، بۇ كۈچ بىلەن گورخاننى قوللايمەن ۋە سىزگە ياردەم
قىلىمەن. مەن گورخانغا سەممىي خىزمەت قىلىمەن. سىزنىڭ بۇيرۇقى-
ڭىزغا ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايمەن» دەيدۇ. ئۇ يۇقىرىقىدەك سۆزلەر
بىلەن گورخاننى ئالداپ قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە گور-
خانغا نۇرغۇن سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ. ئارقىدىن ئۆزىگە «كۈچلۈكخان»

نامىنى بىرىشنى ئۆتۈنىدۇ . ئۇ تەلىپى قانائەتلەندۈرۈلگەندىن كېيىن ، خۇددى ئوقيا ئوقىدەك تېز ئۆرلەيدۇ ، كۈچلۈكنىڭ قۇدرەت تاپقانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن ، غەربىي لياۋ قوشۇنىدىكى بۇرۇنقى ئادەملىرىمۇ قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بېقىنىدۇ . ئۇ ئېمىل ۋە قايالىق رايونىغا كەلگەندە چىڭگىزخاندىن پاناقاپ بۇ يەرگە كەلگەن ماخالىت قەبىلىسى ۋە ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن قەبىلىلەرمۇ ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈكنىڭ قوۋمىدىكىلەر ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كۈچ – قۇدرىتى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ .

يۇقىرىقىلار XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل دالاسى ۋە غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردۇر . ئەمدى دەل شۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋرائۇننەھر رايونى بىلەن خارەزىمنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىمىز .

ماۋرائۇننەھر رايونى 200 يىللىق قاراخانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن . بۇ مەزگىلنىڭ ۋەكىللىرى قىلىچ تابغاچ خان مەسئۇد II ئىدى . ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى خان ئىبراھىم ئەبۇھۇسەيىن ئىدى . 1200 ـ يىلى بۇخارادا ياسالغان ئىبراھىم پۇلىنىڭ تېپىلغانلىقىدىن ، ئۇ سەمەرقەنتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىپلا قالماي ، بەلكى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇخاراغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ . ئىبراھىمنىڭ ۋارىسى ئوغلى ئوسمانخان بولۇپ ، ئۇ ئاتىسىغا ئوخشاش « سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى » دەپ ئاتالدى . لېكىن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى بۇخاراغىچە كېڭەيمىگەن . قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۇ ھۆكۈمرانلىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بېقىنغان ئاساستا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان .

ماۋرا ئۇننەھر ، سەمەرقەنتتە تۇرۇشلۇق قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىدىن باشقا ، بۇخارادا ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر دىنىي ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بار ئىدى . بۇ دىنىي ھۆكۈمران سادىر دەپ ئاتىلىپ ، ( سۈننى مەزھىپىنىڭ بىر خىلى ) ھەنەفىيە مەزھىپىگە تەۋە بولغان . ئۇلار نۇرغۇن يەر ـ زېمىنغا ئىگە بولۇپ ، خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بەدە-

لىـگـه كـۆپ مـال ـ مۈلۈككه ئېرىشەتتى . سادىرنىڭ بايلىقىنى ھۆكۈمران بـەگ ـ تـۆرىلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولاتتى . ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە تايـ. نـىپ تـۈزمىۈش كـەچـۈرىـدىغان ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى 6000 دىن كۆپ ئـىدى . سـادىر گورخاننىڭ نامى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ھەم غەربىي لـىياۋ سـۇلالـىسى ئۈچۈن باج ـ سېلىق يىغاتتى . سادىرنىڭ ئېغىر زۇلۇمى خـەلـق قوزغىلىڭىغا سەۋەب بولدى . قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى قالقان ساتقۇـ. چـىنىـڭ ئوغلى بولۇپ ئىسمى سانجار ئىدى . سانجار قوزغىغان قوزغىلاڭ سادىرغا قارىتىلغانىدى . ئۇ بۇخارا شەھىرىنى كونترول قىلغاندىن كېيىن ، « مـالىك سانجار » نامىنى قوللىنىپ ، سادىرنى گورخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلىشقا مەجبۇر قىلدى .

غـەربـىي لـىياۋ سـۇلالـىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خەلق قوزغىلىڭى كـۆتـۈرۈلـگەن ، تاشقى جەھەتتە موڭغۇللارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ ۋەزىـ. يـەت مۇقـىم بـولـمىغان ئەھۋالدا بۇخارادىكى خارازىمشاھتا ماۋرا ئۇننەھر رايـونـىغا بېـسـىپ كىرىش ھەم ئۇنى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتى يەنە پەيدا بـولـدى . خـارەزىـمشاھ مۇھەممەدنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسـۋىتى توغـرىـسىدىكى ئـاسـاسـلىق تـارىـخىي مـاتېـرىيال جۇـ. ۋەيـنـىـنـىـڭ « تـارىـخى جـاھان كـۇشاي » ناملىق ئەسىرىدۇر . دەرۋەقە جۇۋەيـنـىـنـىـڭ ئۆزىـدىمۇ ئىككى خىل قـاراش بـار . بىرىنچى خـىـل قـاراش ، كـىـتابىنىڭ 7 ـ 8 ـ بابلىرى (خې گاۋجى خەنـزۇچـىغا تەرجىمە قـىلـغان نۇسخا 401 ــــ 414 ـ بەتلەر ) دا بايان قىلىنغان . ئىككىنچى خىل قـاراش ، 10 ـ بـاب (خې گاۋجى تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 416 ــــ 422 ـ بـەتـلەر )تا بايان قىلىنغان . بارتولد ۋە يېقىنقى يىللاردىكى چەت ئەل تەتـ. قىـقاتـچىـلـىرى بىردەك 2 ـ خىل قاراش ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر مۇۋاپىق كـېـلـىـدۇ دەپ قـارايـدۇ . جۇۋەينى كىتابىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى بولـ. غـاچـقـا ، كـىـتـابخانلار ئۆزلىرى كـۆرۈۋالسا بولىدۇ . تـۆۋەندە 2 ـ خىل قـاراشـنـىـڭ مـەزمۇنىنىلا تونۇشتۇرىمىز . ئۇنىڭدا مۇنداق بايان قىلىنغان : خـارەزىـمشاھنـىـڭ قـارا نـىـيـىتـى بـولـغانـلىقتىن ، گورخانـىغا سېلىق تـاپـشـۇرۇشـنـى نـومۇس بىلـدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ئىككى ـ ئۈچ يىل

باج ـ سىلىق تاپشۇرمىغان ھەم ئۆز مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئادا قىلمىغان . ئەڭ ئاخىر گورخان ۋەزىرى ماھمىتايىنى ئۇنىڭدىن قەرز قالغان باج ـ سىلىقنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتىدۇ . ئۇ خارەزىمگە بارغاندا ، خارەزىمشاھ دەل قىپچاققا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى . شۇڭا ئەلچىگە قوپال جاۋاب قايتۇرۇپ ، ئاتا بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشنى خالىمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خارەزىمدىن ئايرىلغاندا ئەگەر غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇن باشلاپ ھۇجۇم قىلىپ قالسا ئىش چاتاق بولاتتى . يەنە بىر جەھەتتىن ، خارەزىمشاھ يەنە باج ـ سىلىق تۆلەشنى نومۇس دەپ قارايتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ غەربىي لياۋ ئەلچىسىگە جاۋاب بەرگەندە ئاچچىقلانماي ، ئىشنى تۈركان خاتۇنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ ئۆزى يۈرۈشكە ئاتلاندى . تەخمىنەن ھىجرىيە 605 ــ 606 ـ يىللىرى (مىلادى 1209 ـ يىلى ) يازدا تۈركان خاتۇن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىپ ئۇنىڭغا سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلدى ھەمدە يىللىق باج ـ سىلىقنى تولۇق تاپشۇردى . ئۇ يەنە ئوردا ئىچىدىكى بەزى مۆتىۋەرلەرنى مەھمۇدقا قوشۇپ گورخانغا باج ـ سىلىقنى كىچىكتۈ-رۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە ئەۋەتتى . شۇنداقلا يەنە ، خارەزىمشاھنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە قارام پۇقرا بولۇش مەجبۇرىيە-تىنى ئېتىراپ قىلدى . ئەمما مەھمۇد خارەزىمشاھنىڭ يامان غەرىزىنى بىلىپ بولغاچقا ، بارلىق ئەھۋاللارنى گورخانغا مەلۇم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا : « خارەزىمشاھ تولىمۇ سەممىيەتسىز كىشى ئىكەن ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز باج ـ سىلىق تۆلىمەيدۇ » دېدى . خارەزىمشاھ قىپچاقتىكى ھەربىي يۈرۈشتىن غەلىبە بىلەن قايتقاندىن كېيىن ماۋرا ئۇننەھرنى ئىستېلا قىلىشنى پىلانلايدۇ . ئۇ ئەمدى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىنىڭ گور خاندانلىقى بىلەن بولغان كۈرىشىنى قوللىشىغا موھتاج بولمىغاچقا ، قوشۇن باشلاپ بۇخاراغا ئاتلاندى . ئۇ ، ھەر تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقىلىشىپ ، ھەر خىل توختامنامىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە قىزىق-تۇرىدۇ ، بولۇپمۇ سەمەرقەنتتىكى ئوسمانخاننى ئۆزىگە رام قىلىپ بىرلىكتە غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە قارشى چىقماقچى بولىدۇ . ئۇ ، بۇخارادا يەرلىك

خەلقلەر بىلەن كېلەر يىلى گورخانغا ھۇجۇم قىلىشنى كېلىشىپ قويۇپ، ئاندىن خارەزىمگە قايتىدۇ.

بۇ چاغدا شەرقىي قىسمدىكى ئەھۋال مۇنداق ئىدى: كۈچلۈك گورخاننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ قېچقالغان قوۋملىرىنى توپلاشقا كىرىشىدۇ. گورخان كېيىن پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يەنىلا ھەرقايسى جايلاردىكى بەبەتچى ئەمەلدارلارنى يىغىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوسمانخانمۇ بار ئىدى. ئوسمانخان ئىلگىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى تەلەپ قىلغاندا تەلىپى رەت قىلىنغاچقا، گورخانغا ئاداۋەت ساقلاپ چاقىرىققا ئاۋاز قوشمىدى. ئەكسىچە ئۇ خارەزىمشاھ مۇھەممەدكە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى ھەمدە غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ئوچۇق ــ ئاشكارا ئېلان قىلدى. گورخان بۇنى ئاڭلاپ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ ئوسمانخانغا جازا يۈرۈشى قىلىپ سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئىش تەخمىنەن ھىجرىيە 606 ـ يىلى (مىلادى 1209 ــ 1210 ـ يىلى) يۈز بەردى. ئوسمانخانغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن گورخان شۇ چاغدا غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەلىكىسىنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بولىدۇ. لېكىن كۈچلۈك شەرقتە مالىمانچىلىق تۇغدۇرغاچقا، قايتىپ بېرىپ باستۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

خارەزىمشاھ مۇھەممەد گورخاننىڭ قايتقانلىقىنى بىلىپلا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىدۇ. ئوسمانخان ئۇنىڭغا تەسلىم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى سەمەرقەنتتىن ئاتلىنىپ گورخانغا ھۇجۇم قىلىدۇ ئاخىر تالاسقا بارىدۇ، بۇ يەرنى قوغداۋاتقان غەربىي لياۋ سانغۇنى تايانغۇ زور قوشۇننى باشلاپ خارەزىم قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىدۇ. بىرلەشمە قوشۇننىڭ سول قانات قىسمى قارشى تەرەپنىڭ ئوڭ قانىتىنى چېكىندۈرىدۇ. يېڭىش ــ يېڭىلىش ئېنىق بولماي تۇرۇپلا ھەرقايسىسى ئارقىغا چېكىنىدۇ. تايانغۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شەھەر ــ يېزىلاردا بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىپ بالاساغۇن شەھىرىگە بارىدۇ. شەھەر ئاھالىلىرى دەرۋازىنى تاقىۋېلىپ

كىرگۈزمەيدۇ. غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئولجا ئالغان جەڭ پىل-
لىرى ئارقىلىق شەھەر دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ كىرىپ، شەھەردە ئۈچ كېچە-
كۈندۈز قىرغىنچىلىق قىلىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەنلەر 47 مىڭدىن كۆپرەك
كىشىگە يېتىدۇ. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت خەزىنىسى بۇلاڭچىلىق
ۋە چىقىم كۆپىيىپ كېتىش تۈپەيلىدىن قۇرۇقدىلىپ قالىدۇ. ماھىمتاي
پادىشاھقا سادىق بولغاچقا، مال-مۈلۈكلەرنىڭ ئېلىپ كېتىلىشىدىن قور-
قۇپ قوشۇندىكى ئەمر-لەشكەرلەردىن دۆلەت خەزىنىسىدىن ئېلىۋالغان
پۇل-پۇچەكلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇ تەكلىپ قو-
شۇندىكىلەرنىڭ يۈز ئۆرۈشىگە سەۋەب بولىدۇ (يۇقىرىقىلار «تارىخى
جاھان كۇشاي» دا بايان قىلىنغان ئاساسىي مەزمۇنلاردۇر). كۈچلۈك
گورخاننىڭ ئادەملىرىنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىك پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ،
ئۆزى يۈز ئۆرۈگەن قوشۇننىڭ سەردارى بولۇۋېلىپ چاقماق تېزلىكىدە
گورخانغا ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇ چاغدا، قۇبلاي باشچىلىقىدىكى موڭغۇل
قوشۇنلىرىمۇ قارلۇق قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بالقاش كۆلىنىڭ
جەنۇبىدىكى رايونلارغا بېسىپ كەلگەنىدى. («يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي
تارىخى» 10-جىلد) غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ گورخانى چۈرۈق
دۆلىتىنىڭ ھەممە يېرىدە مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، تاشقى جە-
ھەتتە قۇدرەتلىك قوشنىلىرى چېگرىغا بېسىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،
ئەمدى ياخشى ۋەزىيەت قولدىن كېتىپ ئىشنى ئوڭشىغىلى بولمايدىغان
دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇڭا كۈچلۈك تەرىپىدىن ئۇسال
ھالغا چۈشۈپ قالغان چاغدا دەرھال ھاكىمىيەتنى تولۇق تاپشۇرۇپ
بەردى. ‹بارتولد، گورخاننىڭ ھاكىمىيەتنى بېرىشى 1211-يىلىنىڭ
كېيىنكى يېرىمىدىن بۇرۇن دەيدۇ.› ئەمما كۈچلۈك كۆرۈنۈشتە يەنىلا
ئۇنى بەك ھۆرمەتلەيتتى. ئېيتىلىشچە، گورخان ئۆلۈشتىن بۇرۇن
كۈچلۈك پەقەتلا ئەمەلىي ھوقۇقنى ئىگىلەش بىلەن قانائەتلىنىپ، گور-
خاننى نام-ئاتاقتىكى پادىشاھ قىلىپ قويغان. مەسىلەن، پادىشاھلار
بىلەن كۆرۈشكەندە گورخان تەختتە ئولتۇرغان. كۈچلۈك ۋەزىرلەر قاتا-
رىدا تۇرغان. ئۇزاق ئۆتمەي گورخان ئالەمدىن ئۆتۈپ، كۈچلۈك غەربىي

لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى بولدى.

كۈچلۈك غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا تەسىرىنى كېڭەيتىشنى تېزلەتتى. قەشقەردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمدارىنىڭ ئوغلى ئىلگىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان بولۇپ، كۈچلۈك ئۇنى قويۇپ بېرىپ ئۆز يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويدى. لېكىن ئۇ يەرلىك ئەمىرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، كۈچلۈك ئۇدا ئۈچ — تۆت (1211 — 1214 — يىل) يىغىم پەسلىدە قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ ئۇ يەرنى بۇلاپ - تالاپ قۇرۇقداپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن قەھەتچىلىك يۈز بەرگەچكە، يەرلىك خەلق بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. قەشقەردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىمۇ كۈچلۈكنىڭ كېلىشى بىلەن گۇمران بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، كۈچلۈك بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قارلۇق قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئۇزارخاننى باستۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى جايلاردا بۇددا دىنىنى كۈچەپ تارقىتىپ ئىسلام دىنىنى توسىدۇ ۋە چەكلەيدۇ. بۇ ئىشلار خەلقنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن كۈچلۈكنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەنىلا ئالتە - يەتتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلدى.

# ئون تۆتىنچى باب

## موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىشى

### 1 ـ بۆلۈم كۈچلۈكنىڭ مەغلۇبىيىتى

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ كونا رەقىبى كۈچلۈكنىڭ غەربىي لياۋ زې-
مىنىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشىدىن تولىمۇ خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلغاچقا،
ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەييار تۇردى. قۇچۇدىكى
ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بىلەن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قارلۇق قەبىلە باش-
لىقىنىنىڭ بەيئەت قىلىشى ئۇنى كۈچلۈك قوللاشقا ئىگە قىلغانىدى.
جۇۋەيىنىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، غەربىي لياۋ سۇلالىسى قۇچۇغا ئە-
ۋەتكەن كەنجى باسقاق (شاۋكېم) زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغاچقا،
ئىدىقۇت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. كېيىن 1209 ـ يىلى چىڭگىزخانغا
ئەلچى ئەۋەتىپ تەسلىم بولۇپ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەنىدى. موڭغۇل
قوشۇنى كۈچلۈككە قارشى يۈرۈش قىلغان چاغدا، ئىدىقۇتمۇ ئۈچ يۈز
كىشىنى باشلاپ ياردەمگە بارغانىدى («تارىخىي جاھان كۇشاي»،
ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 45 ـــ 46 ـ بەتلەر).

بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قايالىق رايونىدا قارلۇق قەبىلىسىنىڭ
ئارسلانخان ئىسىملىك بىر سەردارى بار ئىدى. (« يۈەن سۇلالىسى تا-
رىخى » 1 ـ جىلد، « تارىخىي جاھان كۇشاي » 74 ـ بەت، 2 ـ ئىزاھ)
غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ كەنجى باسقاقىمۇ شۇ يەردە تۇراتتى. گورخان
ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى پىلانلىغانىدى. ئارسلانخان قېچىپ
كېتىشكە ئامالسىز قالغانلىقتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ ئوغلى غەر-
بىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ كەنجى باسقاقىنى ئۆلتۈرۈپ چىڭگىزخانغا تەسلىم
بولدى («تارىخىي جاھان كۇشاي» 75 ـ بەت).

ئالمىلىقتا قارلۇقلارنىڭ ئۇزار ئىسىملىك بىر قەبىلە باشلىقى بار ئىدى. ئۇ ئادەتتە سودا كارۋانلىرىنى بۇلاپ - تالاش، چارۋىلارنى ئوغرىلاش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئالمىلىقنى ئىگىلىۋېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە بورتالانىمۇ ئىگىلىۋالغانىدى. كۈچلۈك ئۇنىڭغا ئىلگىرى بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا مەغلۇپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇزار چىڭگىزخانغا ۋەكىل ئەۋەتىپ كۈچلۈكنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلغان. شۇنداقلا چىڭگىزخانغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. چىڭگىزخان جۇجىغا ئۇنىڭ بىلەن قودا بولۇشنى بۇيرۇدى. ئۇزار بۇيرۇققا بىنائەن قاراقۇرۇمغا سايلامغا كېلىدۇ. ئۇ قاراقۇرۇمدىن ئالمىلىققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر قېتىملىق ئوۋدا كۈچلۈكنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ ئالمىلىققا بىللە ئېلىپ كېلىنگەن. كۈچلۈكنىڭ قوشۇنى بۇ شەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان چاغدا موڭغۇل قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى تارقالغاچقا، كۈچلۈكنىڭ قوشۇنىدىكىلەر ئالدىراپ - تېنەپ قاچىدۇ. ئۇلار قاچقان چېغىدا ئۇزارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى سىغناق چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىس بولۇپ، ئالمىلىق شەھىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

كۈچلۈكمۇ چۇرۇققا ئوخشاش قوۋمىدىكىلەر بىلەن يۈز ئۆرۈگەن چاغدا چىڭگىزخان ئۇنى يوقىتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. 1216 - يىلى سۇبۇتاي بۇيرۇققا بىنائەن ئەسكەر باشلاپ مېركىتلارنىڭ قېپقالغان قوۋمىغا يۈرۈش قىلىدۇ. سۇبۇتاي ياردەمچى سەركەردە ئالچۇ باشچىلىقىدىكى يۈز ئادەمنى ئالدىدا ماڭغۇزۇپ، ئۆزى تۆمۈر ھارۋا بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇلار مېركىتلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى توتۇنىڭ ئوغلى قۇتۇ، ئىلاۋىن قاتارلىقلارنى چۇ دەرياسىنىڭ سىرتىغا قەدەر قوغلاپ بارىدۇ. «بىر قېتىملىق جەڭدە ئىككى سەركەردىنى تۇتتى، ئۇلارنىڭ قوۋمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى» قۇتۇ قىپچاق زېمىنىغا قاچتى. «سۇبۇتاي ئۇنى قوغلاپ قىپچاقلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ

قىلدى » ①. بۇنىڭدىن باشقا — مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ بايانىغا ئا-
سالانغاندا ، خارەزىمشاھ مۇھەممەد 1215 — 1216 - يىللىرى قىشتا
تۇرگاي رايونىغا يۈرۈش قىلغان . ئۇ 1216 - يىلى يازدا مېركىتلارغا ھۇجۇم
قىلىپ موڭغۇل قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشقان . بۇ ئۇنىڭ موڭغۇل قوشۇنى
بىلەن تۇنجى قېتىم توقۇنۇشىشى ئىدى . موڭغۇللار ئۇلارنىڭ كېلىشى
مېركىتلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ . ئەمما ، مۇسۇل-
مانلار يەنىلا ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىپ ، يېڭىش - يېڭىلىش ئېنىق
بولمايدۇ . ئوڭ قانات قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل بولغان خارە-
زىمشاھنىڭ چوڭ ئوغلى جالالىدىن ماھىرلىق بىلەن جەڭ قىلىپ مۇسۇلمان
قوشۇنىنى مەغلۇبىيەتتىن ساقلاپ قالدى (بارتولد « موڭغۇل ئىستىلاسىدىن
ئىلگىرىكى تۈركىستان » ئىنگلىزچە نۇسخا ، 369 — ، 371 — ، 372 —
بەتلەر ) .

1217 - يىلى چىڭگىزخان يەنە بۇرۇقۇل ، دوربودوخشىن قاتار-
لىقلارنى ئەۋەتىپ ئاسىيلىق قىلغان تۇمات قەبىلىسىگە جازا يۈرۈشى قىلدى
( « يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى » 10 - جىلد ) . بۇ قەبىلە
«ئورانغۇتلار » نىڭ بىر قوۋمى بولۇپ ، قىرغىز قەبىلىسى بىلەن قوشنا
ئىدى . ئۇلار بايقال كۆلىنىڭ غەربى ، جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە
جايلاشقانىدى . شۇنىڭدىن كېيىنلا چىڭگىزخان جەبە نويوننىڭ قوماندان-
لىقىدا كۈچلۈككە قارشى جازا يۈرۈشكە قوشۇن ماڭدۇردى .

جەبە نويون باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنى غەربىي لياۋ
سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كىرگەندە ئاسارنىڭ يەرلىك ئە-
مەلدارى (باسقاق بېگى ) ② ئىسمائىل ئالدىغا كېلىپ تەسلىم بولدى .

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ، سۇبۇتاي تەرجىمھالى »،«يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارى-
خى » 8 - جىلد ، فېڭ چىڭجۈن تەرجىمە قىلغان « دوسان موڭغۇل تارىخى » 1 - قىسىم ، 76 -
بەت .

② باسقاق (basqaq) تۈرك تىلىدىكى ئەمەل نامى . ئۇ موڭغۇل تىلىدىكى دارۇغاچ ياكى ئەرەب
- پارس تىللىرىدىكى شاھنا ( فېڭ چېڭجۈن ( شاۋ كېم ) دەپ تەرجىمە قىلغان ) بىلەن ئاسا-
سەن ئوخشاش مەنىدە بولۇپ ، ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ھۆكۈمران ئۆزى ئىگىلىگەن يەرگە
ئەۋەتكەن ئەمەلدار بولۇپ ، ئاساسلىقى باج - سېلىق يىغىدۇ . بارتولد باسقاق سۆزىنى بىر شەھەر-
نىڭ نامى ئورنىدا ئىشلەتكەن . بۇ ئۇنداق ئەمەس .

ئىسمائىل بالاساغۇن (قۇزئوردۇ) لۇق ئادەم بولۇپ، ئىلگىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسى گورخانىنىڭ ياساۋۇلى بولغان. ئۇ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلگەنلىكتىن، چىڭگىزخان ئۇنى جەبە نويون چوڭ قوشۇنىنىڭ ئاۋانگارتى قىلىپ تەيىنلىدى («يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئىسمائىل تەرجىمىھالى»). جۇۋەينىنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغدا كۈچلۈك قەشقەردە ئىكەن. قەشقەرلىكلەرنىڭ دېيىشىچە، موڭغۇللار يېتىپ كەلگەندە تېخى ئۇرۇش باشلانمايلا كۈچلۈك قېچىپ كەتكەن. ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن موڭغۇللار ھېچنېمىگە قارىماي كۈچلۈكنى ئىزدىگەن ھەمدە كىشىلەرگە ئۆز دىنىغا ئەركىن ئېتىقاد قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. موڭغۇل قوشۇنى كۈچلۈكنى داۋاملىق قوغلاپ بەدەخشان تېغىدىكى دارائى دراج جىلغىسىغا كېلىدۇ. كۈچلۈك سارىغ چوپانغا ① كەلگەندە يولدىن ئېزىپ، چىقىش ئېغىزى يوق بىر جىلغىغا كىرىپ قالىدۇ. بىر قىسىم بەدەخشانلىق ئوۋچىلار يېقىن يەردىكى تاغدا ئوۋ ئوۋلاۋاتاتتى. ئۇلار كۈچلۈك ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇلارغا يېقىنلىشىدۇ.

---

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا «سارىغ خۇن»؛ «چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي تۆھپىلىرى» دە «سارىغىن» دېيىلگەن، سارىغ چوپاننىڭ ئورنى ھەققىدە «تارىخىي رەشىدى» (ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا 354 ـ بەت) دە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «بەدەخشانلىقلار، بەدەخشان بىلەن ۋاخان ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا رايونىنى (Darazukhan) دەيدۇ. ئەمما قەشقەرلىكلەر بۇ جاينى sarigh chupan دەيدۇ». ئېلىئاس ئىزاھاتىدا: dara تاغ جىلغىسىنى كۆرسىتىدۇ. Darazwakhan بەلكىم Darazi — i — wakhan ياكى Daraz -- wakhan يەنى ۋاخان جىلغىسىنى، يەنى پەنجى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تار ئۇزۇن جىلغىنى كۆرسىتىدۇ. يېقىنقى دەۋرلەردە sarigh chupan ياكى sarhad (سارخاد ياكى شاخىدا دەپ تەرجىمە قىلىنغان) «تارىخىي جاھان كۈشاي» نىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمانى بوئىر سارىغ خونا «سېرىق قىيا» دېگەنلىك بولىدۇ دەيدۇ. «جامىئۇل تەۋارىخ» نىڭ رۇسچىسىنىڭ تەرجىمانى سىمىرنوۋا «سېرىق كۆل» بولۇشى كېرەك دەيدۇ. يېقىنقى دەۋردىكى قىرغىزلار پامىر تاغ جىلغىسىنى سارىقول تاغ جىلغىسى دەيدۇ، جۇۋەينى، راشىدىن ھەم مىرزا ھەيدەر ھەممىسى كۈچلۈك ئۆلتۈرۈلگەن جاي بەدەخشان چېگرىسىدا دەپ قارايدۇ. ئۇ قاچقان لىنىيە بىلەن چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ يىللىرىدا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار قاچقان، يوقىتىلغان لىنىيە ئوخشاش. ئۇ تۇتۇلغان جاي بۈگۈنكى شىنجاڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى پامىر دەرياسى بىلەن ۋاخان تېغى ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىدا.

موڭغۇللار باشقا بىر تەرەپتىن يېتىپ كېلىدۇ. بۇ جىلغا ئېگىز - پەس بو-
لۇپ مېڭىش قىيىن ئىدى. موڭغۇللار ئۇۋچىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ
مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىشىلەر كۈچلۈك ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەردۇر،
ئۇلار بىز تەرەپتىن قېچىپ كەلگەن. ئەگەر سىلەر كۈچلۈكنى تۇتۇپ ھەم
بىزگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭلار، بىز سىلەردىن باشقا ھېچقانداق نەرسە
تەلەپ قىلمايمىز». ئۇۋچىلار شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈكنى ھەم ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكىلەرنى قورشاپ تۇتۇپ موڭغۇللارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.
موڭغۇللار كۈچلۈكنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئېلىپ كېتىدۇ. بەدەخشان-
لىقلار ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتقا ئىگە بولۇپ قايتىدۇ
(تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 66 — 68 -
بەتلەر). كۈچلۈكنى قوغلاپ تۇتقان كىشى دەل ئىسمائىل باشلىغان قو-
شۇن ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئىسمائىل تەرجىمھالى» دا
: «جەبە نويون ئىسمائىلغا كۈچلۈكنىڭ بېشىنى ئۇنىڭ زېمىنلىرىدا سازايى
قىلىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، يەكەن، ئودۇن (خوتەن)
قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەيۋىدىن قورقۇپ بەيئەت قىلدى» دې-
يىلگەن. ئەسلىدە غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان بۈگۈنكى شىنجاڭ
رايونى شۇنداق قىلىپ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە قوشۇ-
ۋېلىندى.

## 2- بۆلۈم موڭغۇللار بىلەن خارەزىمشاھ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ سەۋەبى

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە خارەزىمشاھنىڭ
دۆلەتتى كۈنسېرى كۈچىيىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانى
ئاساسىي جەھەتتىن زېمىن دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى. خارەزىمشاھ
مۇھەممەد تالاستا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلىپ غەربىي لياۋ
سۇلالىسىنىڭ تەسىرىنى ماۋرا ئۇننەھردىن قوغلاپ چىقاردى. ئەمما
خارەزىمشاھنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى ھۆ-
كۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىشى يەرلىك ھۆكۈمرانلار ۋە خەلققە ھېچقانداق

ياخشىلىق ئېلىپ كەلمىدى، شۇڭا ماۋرا ئۈننەھردە خارەزىمشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلدى. مەسىلەن، ئوتراردا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى تاجىدىن بىلگە خان (بۇ كىشى ئېھتىمال ئوسمانخاننىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى بولۇشى مۇمكىن) ئىسيان كۆتۈرۈپ، خارەزىمشاھقا قارشى چىقتى. سەمەرقەنتتە قاراخان ئوسمانخان ئەسلىدە غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسى بىلەن خارەزىمشاھنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەنىدى. بۇ چاغدا ئۇ خارەزىمشاھ مەلىكىسىنى خورلىدى ھەمدە 1212 ـ يىلى سەمەرقەنت خەلقىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە بۇيرۇدى. سەمەرقەنت خەلقى ئوسمانخاننى قوللاپ خارەزىمشاھقا قارشى تۇرۇپ، سەمەرقەنتتىكى بارلىق خارەزىملىكلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار خارەزىملىكلەرنى قاق ئوتتۇرىدىن يېرىپ خۇددى گۆش دۇكانلىرىدا كانارغا گۆش ئاسقاندەك بازارلاردا ئېسىپ قويغان. بۇنىڭدىن، پۇقرالارنىڭ سىرتتىن كەلگەن ئىشغالىيەتچىلەر ھەم ئەزگۈچىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا خارەزىمشاھ مۇھەممەد قوشۇن باشلاپ كېلىپ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن دەھشەتلىك باستۇرۇش ئېلىپ باردى. قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ئۈچ كۈندىن ئارتۇق داۋام قىلدى. ئېبنى ئەلى ئاشىر 200 مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن دېسە، جۇۋەينى ھەممىسى بولۇپ جەمئىي 10 مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى دەيدۇ. ئوسمانخان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ماۋرا ئۈننەھردىكى ئەڭ ئاخىرقى خانى بولۇپ، بۇ سۇلالە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى (مىلادى 1212 ـ يىلى).

سەمەرقەنت خارەزىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى پايتەختى بولۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى زور قىرغىنچىلىق بۇ شەھەر ئاھالىسىنى زور دەرىجىدە ئازايتىۋەتكەنىدى. يوللىغ چۇسايىنىڭ ئېيتىشىچە، چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن بۇ شەھەر نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىلا قالغان (ئەسلىدە 100 مىڭ تۈتۈنى بار ئىدى)، قارىغاندا تۆتتىن ئۈچ قىسىم ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى موڭغۇللار ئۆلتۈرمىگەن.

جەنۇب تەرەپتە خارەزىمشاھ بەلخ بىلەن تېرمىزنى ئىگىلىۋالدى.

ئارقىدىن يەنە ھىراتنى كونترول قىلىپ ھىرىلود دەرياسى بويلىرىغا كىردى، ئاخىرىدا ھىجرىيە 612 ـ يىلى (مىلادى 1215 — 1216 ـ يىلى) غەزنىۋىنى ئالدى. شۇ يىلى بامىياندىكى گور ھۆكۈمرانىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدىكى گور خاندانلىقىنىڭ زېمىنىنى پۈتۈنلەي ئۆز دائىرىسىگە قوشۇۋېلىپ ئوغلى جالالىدىننى ئۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. مانا شۇنداق قىلىپ خارەزىمشاھ مۇھەممەد ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ شەرقىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك پادىشاھقا ئايلاندى. ئۇنىڭ قارا نىيىتىمۇ بارغانسېرى يوغىناپ باردى.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ كۈچلۈككە تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۇنچىۋالا ئىپادىلىمىدى. بالا ساغۇن شەھىرى ئاياغ ـ ئاستى قىلىنغان چاغدىلا خارەزىمشاھ ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. كۈچلۈك قەشقەر ھەم خوتەن قاتارلىق جايلاردا بۇددا دىنىنى تەرغىب قىلىپ يەرلىك خەلقلەرنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە قىستاپ موللا، ئۆلىمالارنى ئۆلتۈرگەندىمۇ مۇھەممەد شاھ يەنىلا ئۇ يەرگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمىگەن. ئۇ كۈچلۈكتىن گورخان بىلەن ئۇنىڭ مەلىكىسىنى ھەم غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ مال ـ دۇنيالىرىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. شۇنداق بولۇپلا قالماي، مۇھەممەد خان كۈچلۈكنىڭ ماۋرا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ، تاشكەنت، پەرغانە، قازان، ئىسپىجاپ شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرگە غەربىي جەنۇبقا كۆچۈش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ بۇ جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

چىڭگىزخان كۈچلۈكنى يوقاتقاندىن كېيىن، خارەزىمشاھنىڭ شەرقىي تەرەپتىكى يات دىنلىق دۈشمىنىدىن بىرى ئازايدىيۇ، ئەمما تېخىمۇ قۇدرەتلىك موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە دۇچ كېلىدۇ.

خارەزىم دۆلىتى بىلەن موڭغۇل دۆلىتىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرى گەرچە ئوخشىمايدىغان مىللەتكە ۋە

ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سودىگەرلەر، مەسىلەن، ئۇيغۇرلار، سوغدىلار، تۈركلەر ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سودىگەرلەر جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ھىندىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ماللارنى موڭغۇل دالاسى بىلەن ماۋرا ئۇننەھر ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمدىن بۇيانقى بار بولغان يىپەك يولى لىنىيىسىنى بويلاپ توشۇپ سېتىپ، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچى خەلقلىرىنى لازىملىق نەرسىلەرگە، مال ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، بۇ خىل ئالماشتۇرۇش ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئېھتىياجنى قاندۇرغان، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان موڭغۇللار، تۈركىي مىللەتلەر دېھ-قانچىلىق رايونلىرىدىكىلەر بىلەن سودا ئالماشتۇرۇشقا تايىنىپ، ئاشلىق، گەزلىمە ۋە ھەر خىل قول سانائەت بۇيۇملىرىغا ئېرىشكەن. شۇ چاغدا، مۇسۇلمان سودىگەرلىرى موڭغۇللار ئارىسىدا ئىنتايىن قارشى ئېلىناتتى. شۇنداق بولغاچقا، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرى بىلەنمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەنمۇ تىنچ سودا ئالماشتۇرۇش مۇناسى-ۋىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزمشاھ مۇھەممەد موڭغۇل ھۆكۈمرانلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ شەرقتە ماۋرا ئۇننەھرگىچە، غەربتە ئىراققىچە، شى-مالدا سىر دەرياسىغىچە، جەنۇبتا ھىندىستانغىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا چارۋىچىلىق رايونىمۇ، مەدەنىيەت راۋاجلانغان دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان بوستانلىق رايونىمۇ بولۇپ، مال ـ مۈلۈكلىرى مول، دۆلىتى قۇدرەت تاپقان بولغاچقا، كاللىسى قىزىپ نىيىتى بۇزۇلغانىدى. مۇھەممەد خەلى-پىگە تەھدىت سېلىپلا قالماي، پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ داھىيسى بولۇشنى ۋە جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشنى ئويلايتتى. چىڭگىزخان موڭ-غۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ سىرتقا كېڭىيىشكە باشلىغان چاغدا، مۇھەممەد خاتىرجەمسىزلىنىپ، موڭغۇللارنىڭ كۆچىيىشىدىن بۇرۇن

جۇڭگوغا بېسىپ كىرەلمىگىنىگە ئەپسۇسلاندى. كۈچلۈك يوقىتىلىشتىن بۇرۇنلا مۇھەممەد چىڭگىزخان بىلەن مۇئامىلە قىلغانىدى. جۇسجانى ئۇلار 1215-يىلى مۇئامىلە قىلىشقان دەيدۇ. مۇھەممەد چىڭگىزخان جىن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن مال-مۈلۈكلەرنى ئولجا ئاپتۇ دەپ ئاڭلىغاچقا، باھاۋۇددىن راجى ئىسىملىك بىر كىشىنى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ چىڭگىزخاننىڭ يېنىغا بېرىشقا ئەۋەتكەن. بۇنىڭدىن مەقسەت، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ھەم باشقا تەرەپلەردىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ئىدى. چىڭگىزخان بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قىزغىن، دوستانىلەرچە كۈتۈۋالغان. ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈشتە چىڭگىزخان ئەلچىلەرنىڭ قايتىپ بېرىپ خارەزىمشاھقا، خارەزىمشاھنىڭ غەربنىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزى بولسا شەرقنىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلىغان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر تىنچلىق دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالىنىشى، سودىگەرلەر ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئەركىن-ئازادە بېرىپ، كېلەلەيدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ گەپنىڭ سەمىمىيلىكىگە گۇمانلىنىدىغان ھېچقانداق ئاساس يوق. ئۇ چاغدا چىڭگىزخان پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىلا ئويلاتتى».① ۋلادىمىرسوۋ بۇ ئىش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «موڭغۇل پادىشاھى مۇسۇلمانلارنىڭ شەرقتىكى مەدەنىيەتلىك ئەللىرى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشتەك مۇنداق بىر پۇرسەتنىڭ بولغانلىقىدىن خۇشاللىنىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت پەقەت ناھايىتى ئازغىنا مەھسۇلاتى بولغان موڭغۇل چارۋىچىلىرىنى ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەيدىغان يېڭى مەنبەگە ئىگە قىلىدۇ. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ كونا دوستلىرى بولغان مۇسۇلمان سودىگەرلەردىن خارەزىمشاھ دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق ئىگىلىدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن دائىملىق سودا ئالاقىسى ئورنىتىشنىڭ قانداق مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. بۇ پايدا ئوخشاشلا مۇسۇلمان سودىگەرلەرگىمۇ چۈشىنىشلىك ئىدى. بۇ چاغدا ئۇلار چوڭقۇر

① «موڭغۇللار ئىستېلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» ئىنگلىزچە 384-بەت.

ئىشەندىكى، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى چىڭگىزخاننىڭ مەنپەئىتى بىلەن دەخلى - تەرۇز قىلىشمايتتى. چىڭگىزخان گەرچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ شۇبھىسىزكى، بىر قۇدرەتلىك، ئاقىلانە ھەمدە تۇرلۇك دىنىي ئېتىقادلارغا يول قويىدىغان ھۆكۈمران ئىدى».① جۇۋەينى موڭغۇل دالاسىغا بارىدىغان سودا يوللىرىنىڭ تىنچ، بىخەتەر، ئاۋات ئىكەنلىكىنى، موڭغۇللارنىڭ رەخت توقۇلمىلارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۈچ سودىگەر (خوجەندلىك ئەخمەد، ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ۋە ئەخمەد بارچۇق) نىڭ موڭغۇل دالاسىغا بارغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ («تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 77 - بەت). ئۇلار ئېھتىمال يۇقىرىدا بايان قىلىنغان باھاۋۇدۇن راجىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە بارغان ھەمدە چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن بولۇشى مۇمكىن.

خارەزمشاھنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىگە جاۋابەن چىڭگىزخانمۇ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ماۋرا ئۇننەھرگە ئەۋەتكەن. ئۇلار تەخمىنەن 1218 - يىلى باھاردا بۇخاراغا يېتىپ بارغان. بۇ ئۆمەك ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۈچ كىشى مۇسۇلمان بولۇپ، ئەسلى خارەزىمنىڭ پۇقرالىرى ئىدى. بىرى خارەزىملىك مەھمۇد② يەنە بىرى بۇخارالىق ئەلى خوجا، يەنە بىرى ئوترارلىق يۇسۇپ، ئۇلار تۇرلۇك سوۋغا - سالاملارنى، يەنى يىپەك توقۇلمىلارنى ئېلىپ بېرىپ خارەزمشاھ مۇھەممەدكە تەقدىم قىلغان. بۇ ئۆمەك مۇھەممەدكە يەتكۈزگەن چىڭگىزخاننىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن باھاۋۇدىن راجى ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ دېگىنىگە ئاساسەن ئوخشايتتى. لېكىن بۇ قېتىم چىڭگىزخان

---

① «چىڭگىزخاننىڭ تەرجىمىھالى» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 115 — 116 - بەتلەر.

② «تارىخىي جاھان كۇشاي» نى ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلغان بوئىر، بۇ كىشى دەل كېيىنكى چاغدىكى مەشھۇر مەھمۇد يالۋاچ دەپ قارايدۇ. ئەمما «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا يالۋاچ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد ئوتتۇرا ئاسىيا بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىنلا موڭغۇللار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن دېيىدۇ. «كامبرىج ئىران تارىخى» ئىنگلىزچە نەشرى، 5 - توم، 304 - بەت.

مۇھەممەدنى ئۆزىنىڭ ئوغلى دەپ ئاتىدى. خارەزىمشاھ بۇنى بىر خىل ھاقارەت دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇ مەھمۇد بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن چىڭگىزخاننىڭ ئەھۋالىنى ئايرىم سورىدى ھەمدە ئۇنىڭدىن خارەزىمنىڭ جاسۇسى سۈپىتىدە موڭغۇللار ئارىسىدا تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇد قورقۇپ ئىلاجسىز قوشۇلدى. ئاخىرىدا مۇھەممەدخان چىڭگىزخان بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە ماقۇل بولدى.

جۇۋەينىنىڭ دېيىشىچە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ سودىگەر ماۋرا ئۇننەھرگە قايتقاندا، چىڭگىزخان ئۆز ئوغۇللىرىنى، نويونلارنى ۋە ھەر قايسى قوۋم سەركەردىلىرىنى 20 ـ 30 دىن ئادەم باشلاپ، پۇل ـ پۇچەك، مال ـ مۈلۈكلەرنى ئېلىپ، خارەزىم سودىگەرلىرى بىلەن ماۋرا ـ ئۇننەھرگە بېرىپ سودا ـ تىجارەت قىلىشقا بۇيرۇغان. نەتىجىدە 450 كىشىلىك سودا كارۋىنى تەشكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئىدى. چىڭگىزخان ئۇلاردىن مۇھەممەدكە مۇنۇ سۆزنى يەتكۈزۈشنى تاپىلىغان: «دۆلىتىڭىزنىڭ سودىگەرلىرى بىزنىڭ ئەلگە كەلدى. مەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدۇم. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقايسىز. سىلەرنىڭ ئاجايىپ ماللىرىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بىزمۇ بىر تۈركۈم سودىگەرلەرنى ئۇلارغا ھەمراھ قىلىپ دۆلىتىڭلارغا ماڭدۇردۇق. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشى شۇنداقلا كېلىشىم تۈزۈلۈشى بىلەن يامان سۈپەتلىك يارىلارنى يوقىتىپ، مالىمانچىلىق پەيدا قىلىدىغان قان ـ زەردابلارنى تازىلىۋېتەيلى!»①

بارتولد بىلەن ۋىلادىمىرسوۋنىڭ ھەر ئىككىلىسى بۇ سودا كارۋىنى مەھمۇد قاتارلىق ئۈچ كىشىلىك ئۆمەك بىلەن بىللە ماڭدۇرۇلغان دەيدۇ. («موڭغۇل ئىستېلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 396 ـ بەت، «چىڭگىزخاننىڭ تەرجىمھالى» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 116 ـ 117 ـ بەتكە قارالسۇن) بۇ سودا كارۋىنى تەخمىنەن ئۆمەك بىلەن بىر ۋاقىتتا موڭغۇللار زېمىنىدىن يولغا چىققان. ئۆمەك ئوتراردىن ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، سودا كارۋىنىمۇ مۇھەممەدخاننىڭ چېگرا

---

① «تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 79 ـ بەت.

شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن. بۇ ۋاقىت 1218 ـ يىلى ئىدى. بۇ 450 كىشىلىك
ئۆمەككە تۆت سودىگەر: ئوترارلىق ئۆمەر خوجا، ماراغىلىق خامال، بۇ-
خارالىق فەخرىددىن، خاراۋىلىق ئەمىنەددىن باشچىلىق قىلغان. ئۇلاردا
تەخمىنەن 500 تۆگە بولۇپ، ئۇلارغا ئالتۇن، كۈمۈش، جۇڭگو يىپەكى،
قاما تېرىسى، بۇلغۇن تېرىسى قاتارلىق ھەر خىل ماللار ئارتىلغانىدى.
جۇۋەينىنىڭ قەيت قىلىشىچە، بۇ سودا كارۋىنى ئوترارغا بارغان چاغدا شۇ
يەرنىڭ ھاكىمى ئىنالچىق ئىدى. ئۇ مۇھەممەدخاننىڭ ئانىسى تۇركان
خاتۇننىڭ تۇغقىنى (ئېھتىمال بىر قەبىلىدىن بولسا كېرەك) بولۇپ،
ئىلگىرى قاھىرخان دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئىنالچىق بۇ سودا كارۋىنى
ئېلىپ ماڭغان مال ـ مۈلۈكلەرگە نىيىتىنى بۇزۇپ سودا كارۋىنى
ئىچىدىكى بىر ھىندى سودىگىرى مېنىڭ چىشىمغا تەگدى دەپ باھانە تې-
پىپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھەممە ئادەمنى تۇتۇپ قالدى، ئارقىدىن ئادەم
ئەۋەتىپ شۇ چاغدا ئىراقتا تۇرۇۋاتقان خارەزىمشاھ مۇھەممەدكە ئەھۋالنى
خەۋەر قىلىدۇ. مۇھەممەدخان ئىنالچىقنىڭ بۇ 450 ئادەمنىڭ ھەممىسىنى
ئۆلتۈرۈشنى ھەمدە مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىشنى تەستىقلىدى.
(«تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 79 ــ 367 ـ
بەت) مال ـ مۈلۈكلەر بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلىك سودىگەرلەرگە سېتىپ
بېرىلدى. سېتىلغان ماللارنىڭ پۇلىنى مۇھەممەدخان ئالىدۇ. بارتولدنىڭ
تەھلىلىگە قارىغاندا، مۇھەممەدنىڭ مۇنداق قارارنى چىقىرىشىنىڭ سەۋەبى
شۇكى، ئۇ گەرچە ئىلگىرى چىڭگىزخانغا ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللەپ
ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەھۋال ئىگىلەشنىلا مەقسەت قىلغان بولۇپ، موڭغۇل
رايونى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. تەبـ
ئىيكى، ئۇ موڭغۇللار ئەۋەتكەن سودا كارۋىنىنىمۇ مۇشۇ مۇددىئا ئۈچۈن
كەلگەن دەپ قارىغان. مۇھەممەد شۈبھىسىزكى، ئىنالچىق بىلەن ئول-
جىلارنى بۆلۈشۈۋالغان. بۇخارا سودىگەرلىرىنىڭ قولىدا ھەقىقەتەن
مۇھەممەد سېتىۋەتكەن ماللار بار ئىدى. («موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگى-
رىكى تۈركىستان» ئىنگلىزچە، 398 ــ 399 ـ بەت) ۋەھالەنكى،
مۇھەممەدنىڭ بۇ خىل ئاچكۆز ساختا قىلمىشى ئاقىۋەت موڭغۇللارنىڭ

ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىشى ۋە ئۇنى ھالاك قىلىشىغا سەۋەب بولدى.

بۇ سودا كارۋىنىدىكىلەرنىڭ بىرى قېچىشقا تەييارلىنىپ سۈيىقەستتىن ئامان قالدى. ئۇ دەرھال موڭغۇللار زېمىنىغا بېرىپ بۇ شۇم خەۋەرنى ھەم ئۆزى بىلگەن بارلىق ئەھۋاللارنى چىڭگىزخانغا مەلۇم قىلدى. چىڭگىزخاننىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىنكى روھىي ھالىتى چۈشىنىشلىك ئىدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، مەسىلىنى ئاخىرقى قېتىم دىپلوماتىيە ۋاستىسى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئۇ يەنە ئىلگىرى خارەزىمشاھى تاغاشىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن مۇسۇلمان بۇغراغا ئىككى موڭغۇلنى ھەمراھ قىلىپ ئۇلارنى مۇھەممەدنىڭ يېنىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىنالچىقنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مۇھەممەد چىڭگىزخاننىڭ نارازىلىقى ۋە تەلىپىنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، بەلكى بۇغرانىنمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىككى موڭغۇلنىڭ چاچ ۋە ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ دۆلىتىگە قايتۇردى (فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «دوسان موڭغۇل تارىخى» 1 ـ قىسىم، 94 ـ بەت). شۇنداق قىلىپ چىڭگىزخانغا باشقا تاللاش يولى قالمايدۇ. ئۇ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ خارەزىمشاھ مۇھەممەدكە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىدۇ.

## 3 ـ بۆلۈم موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش جەريانى

چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىياغا ھەربىي يۈرۈش قىلىشتىن بۇرۇن كېيىنكى ئاۋارىچىلىكلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جەبە نويون باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ كۈچلۈكنى تەلتۆكۈس يوقاتقانىدى. (جەريانى يۇقىرىدا سۆزلەندى) ئارقىدىن ئوغۇللىرى، نويونلىرى ۋە ئەمىر، مىڭبېشى، يۈز بېشى قاتارلىقلارنى قوشۇنى بىلەن جەم قىلىپ غەربكە يۈرۈش قىلىش ئىشىنى ئورتاق كېڭەشتى. 1219 ـ يىلى نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن غەربكە ئاتلاندى. چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ بىللە ئاتلانغانلار ئىچىدە شۇ چاغدىكى ئەڭ مەشھۇر سىياسىئون يوللىغ چۇسايمۇ بار ئىدى. شۇ يىلى 6 ـ ئايلاردا موڭغۇل قوشۇنى ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ ئېرتىش دەرياسىغىچە باردى ۋە

بۇ يەردە يازنى ئۆتكۈزۈپ ئات ـ ئۇلاغ ۋە ئەسكەرلەرنى ئارام ئالدۇردى. كۈزدە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ قايالىققا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا شۇ يەردىكى قارلۇق قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئارسلانخان، ئالمىلىقتىكى سىغناقتېكىن بىلەن قوچۇ، بېشبالىقنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىڭگىزخاننىڭ چوڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلدى. بارتولدنىڭ قىياسىچە، بۇ قوشۇندىكىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 150 مىڭدىن 200 مىڭغىچە ئىدى.

خارەزىمشاھ مۇھەممەد قوشۇندىكىلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 400 مىڭ كىشى بار ئىدى. (فېلىڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «دوسان موڭغۇل تارىخى» 1 ـ قىسىم 95 ـ بەت) لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى تىنچ ئەمەس ئىدى. مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئانىسى تۈركان خاتۇن ئەزەلدىن چىقىشالمايتتى. تۈركان خاتۇننىڭ قەبىلىسىدىكى سەركەردىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، مۇھەممەدنىڭ قوماندانلىقىغا ئانچە بويسۇنمايتتى. شۇڭا موڭغۇللارنىڭ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنى چېگرىغا بېسىپ كىرگەن قىيىن ئەھۋالدىمۇ، سەركەردە ـ ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا رايى يوق ئىدى. مۇھەممەد سەركەردىلەرنى يىغىپ يىغىن چاقىرىپ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، بەزىلەر ماۋرا ئۇننەھردىن ۋاز كېچىپ، چېكىنىپ خۇراسان بىلەن ئىراقنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلسا، بەزىلەر غەزنىۋىگە چېكىنىشنى، ئەگەر غەزنىۋىنىمۇ ساقلاپ قالالمىسا ھىندىستانغا چېكىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. مۇھەممەد ئاخىر كېيىنكى تەشەببۇسقا قوشۇلۇپ، قوشۇننى ماۋرا ئۇننەھردىكى ھەر قايسى شەھەرلەرگە تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى بەلخقە چېكىنمەكچى بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى جالالىدىنلا بارلىق قوشۇنلارنى توپلاپ موڭغۇل قوشۇنىغا دۆلەت چېگرىسى سىرتىدا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما قورقۇپ كەتكەن مۇھەممەد ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. («تارىخي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 376 ـــ 377 ـ بەت).

1219 ـ يىلى كۈزدە چىڭگىزخان قوشۇن باشلاپ سىر دەرياسىنىڭ

ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى ئوترار (سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى ئالپىس دەر-ياسىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا يېقىن يەردە) غا يېتىپ كەلدى. ئۇ مۇشۇ يەردە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش جېڭىنى باشلىدى. چىڭگىزخان نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنىنى بىر قانچە يۆنىلىش بويىچە ھەرقايسى جايلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بىر يۆنىلىش قوشۇنغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى جۇجى باشچىلىق قىلىپ سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى جەند (بۈگۈنكى پرووۋسىكىغا يېقىن جايدا) بىلەن بارغىلىق شەھىرى (بۈگۈنكى پرووۋسىكى بىلەن تۈركىستان ئوتتۇرىسىدا) گە ھۇجۇم قىلدى. 5000 كىشىلىك يەنە بىر قوشۇنغا ئاراق، سۇقتۇ، توقاي ئۈچ كىشى باشچىلىق قىلىپ ئوترارنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىناكەنت (جۇۋەينى فىناكەنت دەپ يازغان، بۈگۈنكى تاشكەنتنىڭ غەربى) بىلەن خوجەندكە ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا چاغاتاي بىلەن ئوگداينىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن ئوترارغا قورشاپ ھۇ-جۇم قىلدى. چىڭگىزخان ئۆزى كىچىك ئوغلى تولۇي بىلەن بىللە ئاساسىي قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ نىمە ئۈچۈن ئالدى بىلەن سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلماي، ئەكسىچە ئالدى بىلەن ئەڭ غەرب تەرەپتىكى بۇخارا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدۇ؟ بۇئىرنىڭ چۈشەندۈرۈشچە، چۈنكى ئۇ ئوتراردا تۇرغان چېغىدا سەمەرقەنت ئەڭ ياخشى مۇداپىئە تەدبىرى قوللانغانلىقىنى ئىگىلەپ بولغان. مۇھەممەد سەمەرقەنتتىن چېكى-نىشتىن بۇرۇن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇ شەھەرنىڭ پوتەي ـ ئىستىھكاملىرىنى پۇختىلىغان، شۇنداقلا بۇ شەھەرنى قوغدايدىغان ئەسكەرلەرمۇ خېلى كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان («كامبىرىج ئىران تارىخى» ئىنگلىزچە 5 ـ توم، 308 ـ بەت).

خارەزىمشاھ مۇھەممەد بەش تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى ئوترارنىڭ نائىبى قاھىرخان ئىنالچىغا يۆتكەپ بەردى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە قاراچا خاس ھاجىپنى 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇنىڭ شەھەرنى قوغدىشىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. قورغاننىڭ مۇداپىئە ئەسلىھەسى ۋە سېپىللىرى مۇستەھكەم ئىدى. شۇنداقلا نۇرغۇن قورال ـ ياراغ توپلىغانىدى. قاھىر-خان ئۆزىنى ئوترار ۋەقەسىنىڭ باش جاۋابكارى دەپ قارىغاچقا، شەھەرنى

جان تىكىپ قوغدىمىسا، ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، شەھەر بىلەن ھايات ـ ماماتتا بولۇشقا قەسەم ئىچكەنىدى. موڭغۇللارنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى تەخمىنەن 1219 ـ يىلى 9 ـ ئايدا باشلاندى. جۇۋەينى بۇ شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئاتلىق ئۇرۇش قىلىشقا بولىدۇ دەيدۇ. شەھەرنى قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر بەش ئايدىن ئارتۇق قارشىلىق بىلدۈردى. ئاخىر شەھەر قولدىن كېتىش ئالدىدا، قاراچا قاھىرخاندىن تەسلىم بولساق قانداق؟ دەپ سورايدۇ. قاھىرخان ئۆزلىرىنىڭ ھامان ئۆلىدىغانلىقىنى، شۇڭا شەھەرنى قەتئىي قوغداپ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قاراچا تۈن كېچىدە قوشۇنىنى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولدى. موڭغۇل قوشۇنى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن قاراچانى باغلاپ چاغاتاي بىلەن ئۆگدايخانغا ئەۋەتىپ بەردى. ئىككى خان: «سەن ئىلگىرى ئېرىشكەن شاپائەتكە قارىماي ئۆزۈڭنىڭ خوجايىنىڭغا ساتقىنلىق قىلدىڭ. بىز ساڭا قانداق ئىشىنىمىز» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قاراچا ھەم ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ. قاھىرخان بىلەن 2000 پىدائىي قوشۇن ئىچكى شەھەر ئىچىگە كىرىۋېلىپ داۋاملىق جان تىكىپ ئېلىشتى. ئۇلار موڭغۇللارنى نۇرغۇن زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراتتى. ئۇرۇش توپتوغرا بىر ئاي داۋاملاشتى. ئاخىرىدا قاھىرخان بىلەن باشقا ئىككى كىشىلا ھايات قالغان بولسىمۇ، يەنىلا باتۇرلارچە جەڭ قىلدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى بۇيرۇققا بىنائەن ئۇنى تىرىك تۇتماقچى بولۇپ، ئۇنى سېپىلنىڭ ئۈستىگىچە قىستاپ ئاپاردى. ئۇ ۋە ئىككى ھەمراھى يەنىلا تەسلىم بولمىدى. ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى جەڭدە ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ خىشنى قورال قىلىپ ئېلىشتى. ئاخىر خىشمۇ تۈگىدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى باغلىنىپ سەمەرقەنتكە ئەۋەتىلدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭ كۆزى ۋە قۇلىقىغا قوغۇشۇن ئېرىتمىسى قۇيۇپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى («تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 84 ـــ 85 ـ بەتلەر) ①

جۇجى باشچىلىقىدا سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ھۇجۇم

---

① «يۈەن تارىخى» 1 ـ تومىدا تىلغا ئېلىنغان ئوترار شەھىرى بىلەن ئوتلۇر شەھىرى بىر جاي. ئۇنىڭدا يەنە «ئۇلارنىڭ باشلىقى خاجىرجىرانتونى تۇتتى» دېگەن سۆز بار. بۇ ئۇ يەردە قاھىرخاننى كۆرسىتىدۇ. موڭغۇل تىلىدا Y = J.

قىلغان ئەسكەرلەر ئالدى بىلەن سىغناق شەھىرىگە (بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى سۇناق قورغان دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى قازاقىستان چۆمىن ئارىك پوچتا پونكىتىنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن ئالتە ـ يەتتە ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتا) يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ھەسەن ھاجى ئىسىملىك بىر كىشىنى (بارتولد بۇ كىشى بەلكىم «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»دا تىلغا ئېلىنغان سەرتاۋۇللۇق ھەسەن بولۇشى مۇمكىن دەيدۇ) ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئەمما ئۇ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن بۇ شەھەر ئاھالىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. جوجى بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ دەرغەزەپكە كېلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدى. موڭغۇل قوشۇنى يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ھۇجۇم قىلىپ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. ھەسەن ھاجىنىڭ ئوغلى بۇ يەرگە نائىب (ھاكىم) لىققا تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇل قوشۇنى ھەتتا ئۆزكەنت شەھىرى (ئېھتىمال قارا تاغدىكى بىر شەھەر بولۇشى مۇمكىن) بىلەن بارقىلىق شەھەرلىرىنى قارشىلىقسىزلا ئىشغال قىلدى. ئارقىدىن يەنە ئاشناس شەھىرى (سىر دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا، دەريادىن 17 ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىيىر — قازانغا 20 ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدۇ) گە بېسىپ كىردى. يەرلىك خەلقلەر قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، شەھەر ئاھالىلىرى قىرغىن قىلىندى.

جوجى قوشۇنىنىڭ بىرقانچە شەھەرنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى جەندكە تارقالغاندا، بۇ يەرنى قوغداۋاتقان سەركەردە قۇتلۇقخان تۈن يېرىمىدا قاچتى، ئۇ سىر دەرياسىدىن، قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ خارەزىمگە بېرىۋالدى. موڭغۇل قوشۇنى ئۇلارنىڭ چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلاپ چىن تۆمۈرنى خەلقلەرنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشكە ئەۋەتتى. قۇتلۇقخان قېچىپ كېتىپ شەھەر خەلقى سەردارسىز قالغاچقا، كىشىلەرنىڭ پىكرى بىردەك بولمىدى. بەزىلىرى چىن تۆمۈرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. چىن تۆمۈر ئۇلاردىن سىغناقتا ھەسەن ھاجىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىنىپ كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىدۇ ھەمدە موڭغۇل قوشۇنىنى جەند شەھىرىگە كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا ئەھدىنامە تۈزىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن جەند شەھىرىنىڭ خەلقى چىن تۆمۈرنى قويۇپ بېرىدۇ. ئۇ قايتىپ بېرىپ بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى جۇجىغا دوكلات قىلدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى ئەسلىدە جەندكە ھۇجۇم قىلماي (تۇزلۇقكۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى) قارا قۇم دېگەن جايدا ئارام ئالماقچىدى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ جەندكە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار 1220 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ياكى 20 ـ كۈنى جەند شەھىرىگە يېتىپ كەلدى ①ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن شەھەر ئىچىدىكى پۇقرالار موڭغۇللارنىڭ شەھەر سېپىلىغا چىقىشىغا ئىشەنمەي، تەييارلىقسىز ھالدا تاماشا كۆرۈپ تۇرغانىدى. نەتىجىدە موڭغۇل قوشۇنلىرى تۆت تەرەپتىن شەھەر سېپىلىغا يامىشىپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى. ئىككى تەرەپتىن بىرمۇ ئادەم چىقىم بولمىدى. پۇقرالار قارشىلىق قىلمىغاچقا، چىن ئىلگىرى تۆمۈرنى ھاقارەتلىگەنلەردىن باشقا ھېچكىم جازالانمىدى. جۇجى بۇخارالىق ئەلى خوجىنى جەندنىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىدى ھەمدە بىر تۈمەنبېگى باشچىلىقىدىكى قوشۇننى گەنت (يېڭى كەنتنى كۆرسىتىدۇ، يېڭى شەھەر مەنىسىدە، سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا، بۈگۈنكى كازارنىسكىغا 15 ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدۇ) نى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىدۇ، جەندنى قوغداشقا كەنجى باسقاقنى قالدۇرىدۇ. («تارىخىي جاھان كۈشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 88 ـ 90 ـ بەت) يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جۇجىنىڭ قوشۇنى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلاردا تۇرۇپ قالدى. بۇ يەردە ئۇ ئىستىپلاغا قاتناشقان ئۇيغۇر قوشۇندىكىلەرنىڭ بەشبالىقتا قايتىشىغا ئىجازەت بەردى.

بۇيرۇقتا بىناكەن سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا ھۇجۇم قىلغان تارماق قىسىم ئالدى بىلەن بىناكەنتكە بېسىپ كىردى. بۇ شەھەرنى

---

① جۇۋەينى «تارىخىي جاھان كۈشاي» نىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا ھىجرىيە 616 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 4 ـ كۈنى (يەنى 1219 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) دېيىلگەن. بارتولد بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، 616 ـ يىلى 617 ـ يىلى بولۇپ قالغان دەيدۇ. بارتولدنىڭ سۆزىدىن پايدىلاندۇق. «موڭغۇل ئىستىپلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» ئىنگلىزچە، 415 ـ بەتكە قاراڭ.

قوغداۋاتقان سەركەردە ئەلى تۇغامەلىك قاڭلى قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ
قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۈچ كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن قوغدىغۇچى قوشۇن
تەسلىم بولدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى بۇ شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن
خوجەندكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. خوجەند نائىبى تۆمۈر مەلىك تاللانغان
مىڭ ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ سىر دەرياسىنىڭ ئىككى تارماق
ئېقىنىنىڭ ئاچال رايونىدا قورغان قۇرۇپ قوغداندى. بۇ قورغان دەريا
قىرغىقىدىن يىراق بولغاچقا، تاش ئاتقۇ ئوقى يەتمەيتتى. موڭغۇل
قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىپ، قورغاننى دەرھال ئېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى
كۆرۈپ يەرلىك خەلقلەرنى سەپەر شاھىنىڭ سىرتىدىكى جايدىن تاش
توشۇپ دەريانى توسۇشقا مەجبۇرلىدى. تۆمۈر مەلىك ئۇرۇش كېمىسىدىن
ئون ئىككىنى ياساپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆل كىگىزنى يېپىپ كىگىز
ئۈستىگە ئاچچىقسۇ بىلەن يۇغۇرۇلغان لاينى سۇرتۇپ ھەمدە ئوقيا ئاتىدى-
غان تۆشۈك قالدۇردى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە مۇشۇنداق كېمىدىن
ئالتىنى ئەۋەتىپ ئىككى قىرغاقتىن موڭغۇل قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى.
كەچتە ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن ئاخىرىدا ئاشلىق، ئوقلىرى
تۈگەپ كەتكەچكە، تۆمۈر مەلىك بەرداشلىق بېرەلمەي كېمىگە چۈشۈپ
قاچتى. موڭغۇل قوشۇنلىرى دەريا قىرغىقىنى بويلاپ ئۇنى قوغلىدى.
تۆمۈر مەلىك كېمىنى ھەيدەپ بىناكەنتكە باردى. موڭغۇل قوشۇنلىرى بۇ
يەردىكى دەرياغا تۆمۈر زەنجىر تارتىپ ئۇنىڭ كېمىسىنى توستى. ئۇ
زەنجىرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. موڭغۇل قوشۇن-
لىرى ئىككى قىرغاقتىن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئۇلار ئۇنى جەند
بىلەن بارقىلىق رايونىغىچە قوغلاپ باردى. جۇجى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان-
دىن كېيىن، جەند ئەتراپىدىكى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئەسكەر
ئورۇنلاشتۇرۇپ كېمىلەردىن لەيلىمە كۆۋرۈك ياساپ، ئوق ئاتقۇ ئورنىتىپ
ئۇنى كۈتتى. تۆمۈر مەلىك بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بارقىلىققا يېقىن
جايدا كېمىنى تاشلاپ قىرغاققا چىقىپ ئاتلىق قاچتى. موڭغۇل
قوشۇنلىرى ئىز بېسىپ قوغلىدى. تۆمۈر مەلىك ھەربىي ئەشيالارنى ئالدىدا
ماڭدۇرۇپ ئۆزى ئارقىدا ئۇرۇشقاچ قاچتى. شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە

كۈنلۈك جەڭدە نۇرغۇنلىغان ئادىمى زەخىملەندى ياكى ئۆلدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۇرۇشقانسېرى كۆچىيىپ ھەربىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. تۆمۈر مەلىكنىڭ ھەمراھلىرى جان تىكىپ ئېلىشىپ ئاساسەن جەڭدە ئۆلدى. ئاخىر تۆمۈر مەلىكتە ئاران ئۈچ تال ئوقيا ئوقى قالدى. بىرىنىڭ تېخى ئۇچى يوق ئىدى. ئەمما ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئۈچ موڭغۇل ئەسكىرى تېخىچە ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. تۆمۈر مەلىك بىر تال ئوقيا بىلەن موڭغۇلدىن بىرىنى ئېتىپ يىقىتتى ھەم باشقا ئىككىسىگە: «مەندە يەنە ئىككى تال يا ئوقى بار، ئىككىڭنىڭ جېنىنى ئالالايمەن. سىلەر ئەڭ ياخشىسى مېنى قوغلىماي ئارقاڭلارغا يېنىپ جېنىڭلارنى ساقلاپ قېلىڭلار» دېدى. قوغلاۋاتقان موڭغۇل ئەسكەرلىرى ھەقىقەتەن چېكىنىپ كەتتى. تۆمۈر مەلىك خارەزىمگە كېلىپ قايتىدىن ئۇرۇشقا تەييارلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە بىر توپ ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ يېڭىكەنتنى ئىشغال قىلىپ موڭغۇللار تۇرغۇزغان كىچىك باسقاقنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كەتتى. ئارقىدىن خارەزىمدىن ئايرىلىپ جالالىدىننى ئىزدەپ ماڭدى («تارىخىي جاھان كۈشاي»، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 91 — 94 - بەت) ①

چىڭگىزخان ئۆزى نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ بىۋاستە بۇخارانى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانلاردىن كىچىك ئوغلى تۆلۇ ۋە بىر قىسىم ئاساسلىق سەركەردىلەر بار ئىدى. ئۇلار سىر دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مۇداپىئە ئەسلىھەسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان زىرنۇھ دېگەن شەھەر بازىرىغا باردى. شەھەر ئاھالىسى شەھەر يېنىدا موڭغۇل قوشۇنىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئالاقزادىلىكتە ھەممىسى قورغان ئىچىگە كىرىۋېلىپ، شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقاپ تاقابىل

① بارتولد تۆمۈر مەلىك دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا قوغدانغان قەلئە دەل خوجەندنىڭ تۆۋىنىدىن بىر چاقىرىم كېلىدىغان ھېلىقى ئارالدىن ئىبارەت. يېقىنقى دەۋرلەردە ئۇ يەردىن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، مىس پۇل، ھەر خىل رەڭلىك قاچا - قۇچا ۋە ئائىلە جابدۇقلىرى قاتارلىقلار تېپىلغان دەيدۇ. («موڭغۇل ئىستېلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» ئىنگلىزچە، 418 - بەت.)

تۇرۇشقا تەييارلاندى . چىڭگىزخان دانىشمەن ھاجىپنى ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشكە ئەۋەتتى . شەھەردىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى قەستلىمەكچى بولدى . دانىشمەن ۋارقىراپ : « مەن بىر مۇسۇلمان ، مەنمۇ مۇسۇلمان پەرزەنتىمەن ، مەن چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىلەرنى ئۆلۈم - ھالاكەت ، بالايىئاپەتتىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم . چىڭگىزخان ئۆزىمۇ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلدى . ئەگەر سىلەر تەسلىم بولساڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ، مال - مۈلكۈڭلارنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ » دېدى . شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئاھالىلىرى ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولدى . موڭغۇللار ئۇلارنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇۋېتىپ ئاھالىلەرنى ئۆلتۈرمىدى . شۇڭا ، كىشىلەر بۇ شەھەرنى « تەلەيلىك شەھەر » دەپ ئاتاشتى .

ئارقىدىن چىڭگىزخان بۇخاراغا قاراپ ئىلگىرىلىدى . ئۇلار ئادەتتىكى چوڭ يولدا ماڭماي ، بىر تۈركمەننىڭ يول باشلىشى بىلەن قىزىل چۆللۈكتىكى بىر چىغىر يول بىلەن بۇخارانىڭ نۇر دېگەن يېرىگە قاراپ ماڭدى . بۇ ، كىشىلەر ناھايىتى ئاز ماڭىدىغان ، ھېچكىم بىلمەيدىغان يول ئىدى . كېيىن بۇ يول « خان يولى » دەپ ئاتالدى . نۇر زېمىنىدىكى ئاھالىلەرمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەي ، موڭغۇل ئالدىنقى سەپ سەركەردىسى سۇبۇتايغا تەسلىم بولغانلىقتىن ، موڭغۇل قوشۇنىدىكىلەر نۇر ئاھالىسىنىمۇ قىرغىن قىلمىدى . نۇر شەھىرىنىڭ ئەمىرىنىڭ ئوغلى ئېلى خوجا 60 ئادەمنى باشلاپ دابىسىيە (بۇ بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاي ) گە بېرىپ موڭغۇل قوشۇنىغا ياردەم بەردى . چىڭگىزخان كەلگەندە نۇرلۇقلار ئالدىغا چىقىپ سوۋغا ھەدىيە قىلدى . خان ئۇلاردىن خارەزىمشاھنىڭ ئۆزلىرىدىن قانچىلىك مۇقىم باج ئالغانلىقىنى سورىدى . ئۇلار 1500 دىنار دەپ جاۋاب بېرىشتى . خانمۇ دەرھال ئۇلاردىن شۇنچىلىك نەق پۇل يىغىشنى ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق باج ئالماسلىقنى بۇيرۇق قىلدى .

موڭغۇل قوشۇنى 1226 - يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرىدا بۇخاراغا يېتىپ كەلدى . خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە

ئاساسلانغاندا ①، بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ تەسلىم بولغان. مەسىلەن، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، سەيدەنچى تەرجىمھالى» دا دېيىلىشىچە، «سەيدەنچى شەمسىدىن، يەنە بىر ئىسمى ئۆمەر بولۇپ، ئۇيغۇر، بانبېكىرنىڭ ئەۋلادى، ئۇنىڭ ئېلىدىكىلەر سەيدەنچى دەيدۇ، يۇقىرى تەبىقىدىن، پادىشاھ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا شەمسىدىن مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ بۇلغۇن، ئاق كەپتەر ھەدىيە قىلىپ ئالدىغا چىقىپ تەسلىم بولغان» راشىدىن «جامىئۇل تەۋارىخ» تا ئۇنى سەيدەنچى بۇخارى دەپ ئاتىغان. بۇ ئىسىمدىن ئۇنىڭ بۇخارالىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇ چاغدا بۇخارا شەھىرىدىكى ئەرەب پەيغەمبەر ئەۋلادى نەسەبىدىكى سەيدەنچى چىڭگىزخانغا تەسلىم بولسىمۇ، ئەمما بۇخارالىقلارنىڭ كۆپى يەنىلا قارشىلىق كۆرسەتكەن. موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۈچ كۈن قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن بۇخارانى قوغداۋاتقان ئەسكەرلەر شەھەرنى تاشلاپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ. نەتىجىدە پەقەت ئاز بىر قىسىم ئادەم ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ قېچىپ قۇتۇلىدۇ. شەھەردە قالغان پۇقرالار تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ موڭغۇل قوشۇنىنى شەھەرگە كىرگۈزىدۇ. قالدۇق خارەزىم ئەسكەرلىرى قورغان ئىچىگە كىرىۋېلىپ داۋاملىق قارشىلىشىپ ئون ئىككى كۈن بەرداشلىق بېرىپ ئاخىر مەغلۇپ بولىدۇ. بارلىق مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ. باي سودىگەرلەر ئوترار ۋەقەسىدىن كېيىن سېتىۋالغان بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ. ئاھالىلەرنىڭ كۆپى موڭغۇللار تەرىپىدىن سەمەرقەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغۇزۇشقا ئېلىپ مېڭىلىدۇ. قالغان بۇخارالىقلار پىتىراپ كېتىپ يېزا ـ سەھرالارغا كېتىدۇ.

چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنلىرى زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى بويلاپ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىپ 3 ـ ئايلاردا يېتىپ بارىدۇ.

---

① «تارىخىي جاھان كۇشاي» (ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 102 ـ بەت) ھىجرىيە 617 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ باشلىرى. (1220 ـ يىل 3 ـ ئاي). بۇ بارتولدنىڭ دەلىلىگە ئاساسلىنىلدى.

دەسلەپكى ئىككى كۈندە ئۇلار شەھەر سېپىللىرى ھەم قوغدىنىش قۇرۇ-
لۇشلىرىنى كۆزىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، چاغاتاي بىلەن ئۇگداي ئوترادىن
قوشۇن باشلاپ كېلىدۇ. چىڭگىزخان مۇھەممەدخاننىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ
جەنۇبىغا قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال سۇبۇتاي بىلەن جەبەنويوننى
ئەسكەر باشلاپ ئۇنى قوغلاپ تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۈچىنچى - تۆتىنچى
كۈنلىرى سەمەرقەنتنى قوغداۋاتقان ئەسكەرلەر ھۇجۇمغا ئۆتكەندە موڭغۇل
قوشۇنلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىلىدۇ. بەشىنچى كۈنى ئاھالىلەر
تەسلىم بولۇشنى قارار قىلىدۇ. پەقەت بىر تارماق ئەترات قەلئە ئىچىگە
كىرىۋېلىپ قارشىلىشىدۇ. موڭغۇل قوشۇنلىرى شەھەر سېپىلى ھەم
ئەسلىھەلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىپ شەھەرگە كىرىدۇ. قەلئەمۇ شىددەتلىك
ھۇجۇم ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. ئاھالىلەردىن ئۈچ تۇمەن قول ھۈنەرۋەن
موڭغۇللار ئېلىگە ئېلىپ كېتىلىدۇ، ياشلار پۈتەي - ئىستىھكام ياساشقا
تۇتۇلىدۇ. قالغان 50 مىڭ كىشى 200 مىڭ دىنار تۆلەم تۆلەيدۇ.
سەمەرقەنتنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ماۋرا ئۇننەھرنى ئىستېلا قىلىشنىڭ ئا-
خىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چىڭگىزخان كۈنگەي تاغقا بېرىپ ئەسكەر
ۋە ئاتلىرىنى دەم ئالدۇردى ①.

موڭغۇل قوشۇنى ماۋرا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا، ئامۇ
دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ كەتكەن خارەزمشاھ مۇھەممەد ئەسلىدە
خەزنىسىگە بېرىشقا تەييارلانغانىدى. بەلختە مۇھەممەد ئوغلى، ئىراقنىڭ
ھۆكۈمرانى رۇقنادىن ئەۋەتكەن ئەلچى ئىمادار مۇراق بىلەن ئۇچراشتى.
ئەلچى ئۇنى نىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىلىپ پېرسىيىگە بېرىشنى
تەۋسىيە قىلىدۇ. مۇھەممەد بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. بەلختىن كېتىشتىن
ئىلگىرى، ئۇ بىر ئايغاقچىنى پەنجاپ (ۋاخش دەرياسى ئېغىزىدىكى بىر

① «چىڭگىزخان زەپەرنامىسى» بىلەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇ تەزكى-
رىسى» دە غەربكە يۈرۈش ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىككى خىل
تارىخي ماتېرىيالدىن پايدىلانغان. ئۇنىڭ بىرى «چىڭگىزخان زەپەرنامىسى» بىلەن
ئوخشاش مەنبەلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ ئىش غەربكە يۈرۈشتىن دەل بىر يىل كېيىن
دېيىلگەن. بۇ پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس.

كېچىك ) قا ئەۋەتىپ ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ باقماقچى بولىدۇ . ئۇ ئامۇ دەرياسى بويىدىكى تېرمېزغا كەلگەندە ئايغاقچى ئۇنىڭغا بۇخارانىڭ موڭغۇللار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ، ئارقىدىن سەمەرقەنتنىڭمۇ قولدىن كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىدۇ . مۇھەممەد ئالدىراشلىق بىلەن نىشاپۇرغا قېچىپ تۇس رايونىدىكى كارات (بۈگۈنكى توربات‌قىدار ئارقىلىق 1220 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى نىشاپۇرغا يېتىپ بارىدۇ . («تارىخىي جاھان كۇشاي » ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 378 ـــ 379 ـ بەت ) ئۇ ئامۇ دەرياسى تەبىئىي توسۇق بولغاچقا ، موڭغۇللارنىڭ جەنۇبقا ئۆتۈشىنى توسىدۇ . قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايدۇ . شۇنداقلا ئوغلى جالالىدىننى بەلخقە قايتۇرىدۇ . جالالىدىن ئەمدىلا بىر ئۆتەڭ ماڭغاندا سۇبۇتاي بىلەن جەبە نويوننىڭ ئەسكەر باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ يېقىنلاپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ . ئۇ قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ . مۇھەممەد 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دەرھال نىشاپۇردىن قاچىدۇ . ئىككىنچى كۈنى موڭغۇل قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىدۇ ۋە مۇھەممەدنى داۋاملىق قوغلايدۇ .

مۇھەممەد نىشاپۇردىن كەتكەندىن كېيىن ، غەربىي شىمال تەرەپكە مېڭىپ ئىسپاھان (بۈگۈنكى شەھرى بىلقىس ) ئارقىلىق رەي (تېھراننىڭ جەنۇبىغا يېقىن ) گە كېلىدۇ . بۇ يەردىمۇ ئايغاقچىلار دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ناھايىتى يېقىنلا يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ . مۇھەممەد يەنە ئالاقىزادىلىكتە غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ فاراچىن قەلئەسى (بۈگۈنكى ئاشىققا يېقىن ، ھەمەداندىن ئىسپاھانغا بارىدىغان چوڭ يولدا ) ①گە كېلىدۇ . ئۇ بۇ يەردە تۇرۇپ قالماقچى بولغاندا موڭغۇللارنىڭ قوشۇنى يەنە يېتىشىۋالىدۇ .

ئۇلار مۇھەممەدنى قوغلاپ ئۇنىڭغا يا ئوقى ئاتىدۇ . لېكىن ئۇنى تۇتۇۋالالمايدۇ . مۇھەممەد يارىلىنىپ باغدادقا بارىدۇ . ئارقىدىن يەنە

---

① بارتولد : « مۇھەممەد رەيدىن كازۋىنغا قاچقان » دەيدۇ . ئۇنداق ئەمەس . « موڭغۇل ئىستېلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان » ئىنگلىزچە ، 422 ـ بەتكە قاراڭ .

قوغلاۋاتقان ئەسكەرلەردىن قۇتۇلۇپ ، باغدادتىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ شاھىنقارا بىلەن سۇلتانىيە ئوتتۇرىسىدىكى تاغدىكى سارچاغان قەلئەسىگە باردۇ . بۇ جايدا يەتتە كۈن تۇرۇپ ئاندىن كېيىن ئىربۇرىش تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ گىلان (ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدا ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ) غا كېلىدۇ . كاسپىي دېڭىزىنىڭ دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ شەرققە مېڭىپ ئەڭ ئاخىر ئامۇردىكى دابقا كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىمۇ خارەزىمدىن كېلىپ قوشۇلىدۇ . مازاندىراندىكى ئەمرلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن مۇھەممەد كاسپىي دېڭىزدىكى بىر ئارالغا قېچىپ كېلىپ پاناھلىنىدۇ ، (بۇ ئارال ئابىسكۇن شەھىرىگە يېقىن ، ئېھتىمال ھازىر ئاستىرابات قولتۇقى ئېغىزىدىكى ئاشۇراد ئارىلى بولۇشى مۇمكىن ) ئۇزاق ئۆتمەي ، ئۇ 1220 - يىلى 12 - ئايدا ياكى 1221 - يىلى 1 - ئايدا شۇ ئارالدا ئۆلدى ① .

مۇھەممەدنى قوغلاشقا مەسئۇل بولغان موڭغۇل قوشۇنى جەبە نويون ۋە سۇبۇتاي باشچىلىقىدا بىر قېتىم « مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئاخىرقى » (گىببىننىڭ سۆزى ) يىراققا يۈرۈش قىلدى . ئۇلار كاۋكاز تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي روسىيىگە كىرىپ كالكا (ئوكرا ئىنانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن تاگانروگ قولتۇقىغا قۇيۇلىدىغان بىر كىچىك دەريا ) دېگەن جايدا رۇس ئەسكەرلىرىنى يەڭدى . ئارقىدىن شەرققە بۇرۇلۇپ بۈگۈنكى ۋولگاگراد ئەتراپىدا ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ قازاقىستان ئارقىلىق قايتىپ چىڭگىزخان قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى («يۈەن سۇلالىسى تارىخى . سۇبۇتاينىڭ تەرجىمھالى») .

چىڭگىزخان 1220 - يىلى 3 - ئايلاردا سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تەقشەب (ھازىرقى قارشى) تە يازنى ئۆتكۈزدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى .

خارەزىمشاھ مۇھەممەد مازاندىرانغا قاچقان چاغدا ، ئۇنىڭ ئانىسى

① خەنزۇچە مەلۇماتلار بىلەن مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ قارىشى ئوخشاش ئەمەس . « يۈەن سۇلالىسى تارىخى . سۇبۇتاينىڭ تەرجىمھالى » غا قاراڭ .

تۇركان خاتۇنمۇ خارەزىمدىن ئۇ يەرگە بارغانىدى. سۇبۇتاي مۇھەممەدنى شۇ يەرگىچە قوغلاپ كېلىپ ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ موڭغۇلىستانغا ئېلىپ كېتىدۇ.

مۇھەممەدنىڭ ئوغلى جالالىدىن ھەم ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇزلاغ ۋە ئاقشاھ دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن كاسپىي دېڭىزىدىكى ئارالدىن مانغىشلاق يېرىم ئارىلى ئارقىلىق خارەزىمگە كېلىدۇ. بۇ يەردىكى تۈرك قەبىلىرىدىن بولغان ئەمىرلەر قەھرلىك جالالىدىنغا بويسۇنۇشنى خالىماي ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. جالالىدىن بۇ سۇيىقەستنى بىلگەندىن كېيىن خارەزىمدىن خۇراسانغا بارىدۇ. ئۇ مېڭىشتىن بۇرۇن چىڭگىزخان جۇجى، چاغاتاي، ئوگدايغا موڭغۇل قوشۇنلىرىنى باشلاپ خارەزىمگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. راشىدىن «جامىئۇل تەۋارىخ» تا: «ئۇلار بۇ شەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان چاغدا، جۇجى بىلەن چاغاتاينىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقماي نەتىجە قازىنالمىدى. چىڭگىزخان يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ ئوگداينى ئۇرۇش قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئاكا ـ ئۇكىلار ھەمكارلىشىپ (تەخمىنەن 1221 ـ يىلى 4 ـ ئايدا) خارەزىمنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىن چاغاتاي بىلەن ئوگداي بېرىپ دادىسى چىڭگىزخان بىلەن ئۇچرىشىپ تالىقاننىڭ ئالدىدا چىڭگىزخان قوشۇنىغا قوشۇلدى. جۇجى بولسا خارەزىمدىن ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى ئوردىسىغا كەلدى» ① دەيدۇ.

چىڭگىزخاننىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشى 1220 ـ يىلى كۈزدە باشلاندى. ئۇ ئالدى بىلەن تېرمىزغا ھۇجۇم قىلدى. تېرمىزلىقلار مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنىڭ پۇختىلىقىغا تايىنىپ قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمايدۇ. 11 كۈنلۈك ھۇجۇم ئارقىلىق تېرمىز قولدىن كېتىدۇ، ئاھالىلەر دەھشەتلىك قىرغىن قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ دائىرىسىدە قىشلايدۇ ( 1220 ـــ 1221 ـ يىلى ) ھەم ئۇ يەردە ئامۇ دەرياسى

① «جامىئۇل تەۋارىخ» 2 ـ توم ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 118 ـ بەت، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 1 ـ توم.

دىن ئۆتۈپ بەلخقە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ . 1221 ـ يىلى ئەتىيازدا چىڭگىزخان نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بەلخقە ھۇجۇم قىلىدۇ . شەھەر پۇقرالىرى تەسلىم بولىدۇ . موڭغۇل قوشۇنلىرى شەھەردە قىرغىنچىلىق قىلمايدۇ . ئەمما موڭغۇللار بۇ شەھەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن خەلق قوزغىلىڭى پارتلايدۇ ، موڭغۇللار قايتىپ كېلىپ ئۇلارنى دەھشەتلىك باستۇرىدۇ . بۇ چاغدا چىڭگىزخان يەنە كىچىك ئوغلى تۆلۈ باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ خۇراساننى ئىگىلىدى . ئۆزى بولسا ھازىرقى ئافغانىستاننى ئىگىلىۋالغان جالالىدىننىڭ قوۋمىنى يوقىتىشقا ئاتلاندى .

جالالىدىن خارەزىمدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى غەزنىۋىگە ماڭدى . ئۇ يەرگە بېرىشتا چوقۇم خۇراساندىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى . ئۇ يەردە موڭغۇل مۇھاپىزەتچى قىسمى بار ئىدى . جالالىدىن ۋە ئۇنىڭ 700 ئاتلىق ئادىمى قاراقۇمدىن ئۆتۈپ موڭغۇللار ئورۇنلاشتۇرغان قامالدىن بۆسۈپ چىقىپ نىشاپۇرغا باردى . ئۇ نىشاپۇردا بىر ـ ئىككى كۈنلا تۇرۇپ 1221 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۇ يەردىن كەتتى . ئۇ ماڭغان كۈنى موڭغۇل ئەسكەرلىرى قوغلاپ كەلدى . جالالىدىن موڭغۇل قوشۇنلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ بىر كۈندە 40 پەرسەخ (150 ئىنگلىز چاقىرىم ) مېڭىپ خۇراسان بىلەن كۇخىستان چېگرىسىدىكى زۇزەن (كىشىنگە ئۈچ كۈنلۈك يول ) گە كېلىدۇ . زۇزەنلىكلەر ئۇنى شەھەر ئىچىگە كىرگۈزمەيدۇ . ئۇ ۋاقىتىنچە شۇنىڭغا يېقىن يەردىكى كىچىك بازاردا يوشۇرۇنۇپ تۈن يېرىمىدا يولغا چىقىپ ھىرات ئارقىلىق بۇست (ھازىرقى قارايى . بۇست ) قا بارىدۇ . بۇ يەرگە كەلگەندە موڭغۇل قوشۇنى ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتەلمەيدۇ . جالالىدىن غەزنىۋىگە بارىدۇ . جۇۋەينى مۇنداق دەيدۇ : « شۇ چاغدا 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ شۇ جايدا تۇرۇۋاتقان ئەمىن مەلىك چىقىپ ئۇنى قارشى ئالىدۇ . ھەممە كىشى ، مەيلى ئەسكەر ياكى پۇقرا بولسۇن ، ھەممىسى ئۇنىڭ كەلگىنىدىن خۇشال بولۇشۇپ ھەرياقتىن كېلىپ بەيئەت قىلىدۇ ، ئۇ غەزنىۋىدە شۇ يىلى قىشنى ئۆتكۈزىدۇ . ئەتىياز

كىلىپ گۇل ـ چېچەكلەر ئېچىلغان چاغدا ئۇ يەنە غەزنىۋىدىن قوزغىلىپ پەرۋانغا①بېرىپ موڭغۇل قوشۇنىغا قارشى تۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ («تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 404 ـ 405 ـ بەت).

چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن خۇراساندىكى شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىشقا يۈرۈش قىلغان تولۇ ئاتىسىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ 10/1 قىسمىغا، يول بويىدا قالغان ئەسكەرلەرنى قوشقاندا تەخمىنەن 70 مىڭ قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، 1221 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا بەلختىن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئالدى بىلەن ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى مەرۋىچەك (تۈركىي تىلىدا كىچىك مەرۋى دېگەن مەنىدە، مورغاپ دەرياسىنىڭ ئافغانىستان بىلەن تۈركمەنىستاننىڭ چېگرىسى تۇتاشقان جايىدىكى ئافغانىستان چېگرىسى ئىچىدە) دېگەن جايغا بارىدۇ. ئارقىدىن مورغاپ دەرياسى بىلەن قوچقار دەرياسى (بۇ دەريا مورغاپ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىنىڭ تارماق ئېقىنى) دىن ئۆتۈپ يەنە شىمالغا ـ دەريا قىرغىقىنى بويلاپ مەرۋىگە يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ يەرنى تۈركمەنلەر قوغدايتتى. موڭغۇل قوشۇنلىرى كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ 1221 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مەرۋىگە يېقىنلىشىدۇ. شەھەرگە يەتتە كۈن قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تولۇ قوشۇنى غەرب ۋە جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ نىشاپۇرنى ئالىدۇ. بۇرۇن (1220 ـ يىلى 11 ـ ئايدا) چىڭگىزخاننىڭ كۈيئوغلى تۇغۇچار مۇشۇ يەردىكى جەڭدە ئۆلگەنىدى. تولۇ مۇشۇ ئىنتىقامنى ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. نىشاپۇرلۇقلار تەسلىم بولۇشنى ئۆتۈنسىمۇ رەت قىلىنىدۇ. 1221 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ

---

① مىنورىسكى: «parvan» گىربىنچ دەرياسى بىلەن پەنجى دەرياسىنىڭ قوشۇلغان جايى. ھازىرقى چارىقارنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. كابۇل ۋە تۇخارىستاننىڭ چېگرىسى شۇ يەردە. موڭغۇللار جالالىدىن بىلەن ئۇرۇشقان يەنە بىر يەر parvan، غەزنىۋى بىلەن باميان ئوتتۇرىسىدىكى لوگېر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جىلغا» دەيدۇ. («ھۇدۇدۇلئالەم» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 348 ـ بەتكە قاراڭ.)

كۈنى شەھەرگە ھۇجۇم باشلىنىپ، 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىشغال قىلد-
ىدۇ، شەھەر خەلقى قىرغىنچىلىققا ئۇچرايدۇ.
موڭغۇل قوشۇنلىرى مەرۋى ۋە نىشاپۇرنى ئىشغال قىلغاندىن
كېيىن خۇراساننىڭ يەنە بىر ئاساسلىق شەھەر بازىرى — ھىراتقا ھۇجۇم
قىلىدۇ. مۇشۇ ئەسىردە بايقىلىپ 1944 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بىر پارچە
تارىخي ئەسەرگە ئاساسلانغاندا، ھىراتلىق سەيپى بىننى مۇھەممەد بىننى
ياقۇپ (قىسقىچە ئاتىلىشى سەيپى) يازغان «ھىرات تارىخى» دا
خاتىرىلىنىشىچە، تۆلۇ ھىراتقا يېتىپ بارغاندا تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشكە
ئەلچى ئەۋەتكەن، لېكىن ئەلچى ھاكىم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. تۆلۇ
قاتتىق غەزەپكە كېلىپ شەھەرگە ئۇدا سەككىز كۈن توختىماي ھۇجۇم
قىلىدۇ. سېپىل ئۆرۈلگەندىن كېيىن ئۇ ئەبۇ بەكرى ئىسىملىك كىچىك
مەرۋىلىك كىشىنى ھىراتنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا،
يەنە بىر موڭغۇل كەنجى باسقاقنى ئۇ يەرنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. تۆلۇ
ئۆزى ھىراتتىن چىڭگىزخاننىڭ يېنىغا كۆرۈشۈشكە بارىدۇ.
تۆلۇ بۇ قېتىم خۇراسانغا ھۇجۇم قىلغاندا، مەرۋى رايونىدا كۆچ-
مەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئوغۇز قەبىلىسى كىچىك ئاسىياغا كۆچۈپ
كېتىدۇ. ئۇ يەردىكى سالجۇقىيلارنىڭ سەردارى ئۇلارغا زېمىن بۆلۈپ بې-
رىدۇ. كېيىن بۇ ئوغۇز قەبىلىسى تەدرىجي قۇدرەت تېپىپ زېمىننى
كېڭەيتىپ ئاخىر مەشھۇر ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى قۇرىدۇ (فېڭ چېڭجۈن
تەرجىمە قىلغان «دوسان موڭغۇل تارىخى» 1 ـ قىسىم، 121 ـ بەت).
چىڭگىزخان 1221 ـ يىلى ئەتىيازدا بەلخنى ئىگىلىگەندىن كېيىن،
تالقان ئەتراپىدىكى نۇسرەتكاھ قەلئەسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى
(«تارىخي جاھان كۈشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 132 ـ بەت).
موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ چېدىر بارگاھى تالىقان بىلەن بەلخ
ئوتتۇرىسىدىكى «تومان تېغى» ۋە «كابۇل يايلىقى» ئىدى (بار-
تولد «موڭغۇل ئىستېلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» ئىنگلىزچە 439 ـ
بەت). گەرچە تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىنغان بولسىمۇ، قەلئە ۋە تالى-
قاندىكى ئەسكەرلەر قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتكەچكە قورشاۋ ۋاقتىنى

ئۇزۇنغا سوزۇۋېتىدۇ. «چىڭگىزخان زەپەرنامىسى» دا: «چىڭگىزخان يازدا (1221 ـ يىلى يازدا) 4 ـ شاھزادىسى (تۆلۇي) نى تېز قايتۇرۇپ كەلدى» دېيىلگەن. تۆلۇي خۇراسانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن تالىقانغا كېلىپ «پادىشاھقا سالام قىلدى ھەمدە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ تالىقاننى ئالدى. قورغان ئېلىنغاندىن كېيىن ئىككىنچى شاھزادە (چاغاتاي)، ئۈچىنچى شاھزادىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سالامغا كەلدى، يازدا ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تالىقان ئېگىزلىكىدە تۇردى» ①. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تالىقان تۆلۇي 1221 ـ يىلى تومۇز پەسلىدە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشغال قىلىنغان ② يەنە بىر قىسىم موڭغۇل قوشۇنلىرى پالپامىس تېغى بىلەن ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان تاغلىق رايوندىكى قەلئە ـ قورغانلارغا ھۇجۇم قىلغان. تالىقان ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن چىڭگىزخان گۇزان (خۇشكەنت) دىكى تاغدا سالقىنلاپ يازنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ يەر تالىقاندىن يىراق ئەمەس ئىدى.

1221 ـ يىلى ئەتىيازدا غەزنىۋىدىن پەرۋانغا كەلگەن جالالىدىن بىر تارماق موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ۋارىئان قەلئەسى (ھازىرقى چارىكالنىڭ شىمالى) نى قورشىۋالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئېغىر لازىمەتلىكلەرنى تاشلاپ دەرھال قوشۇن باشلاپ موڭغۇللارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ موڭغۇللارنىڭ ئالدىنقى قىسىم ئەسكىرىدىن مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ موڭغۇللارنى دەريا (بەلكىم پەنجى دەرياسى) دىن ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇلار چېكىنگەن چاغدا دەريا كۆۋرۈكىنى بۇزۇۋېتىپ قارشى قىرغاقتا تۇرۇپ تىركىشىدۇ. ئىككى قوشۇن دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ تا كەچ كىرگۈچە ئوقيا ئېتىشىدۇ. تۈن نىسپى بولغاندا موڭغۇل

---

① «چىڭگىزخان زەپەرنامىسى»، ۋاڭ گوۋېي سېلىشتۇرۇپ شەرھلىگەن كىتاب، 76 ـ بەت.

② ئۈچ جاينىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى تالىقان. بىرى بەلخ بىلەن مەرۋى ئارىلىقىدا، بىرى بەدەخشاندا، يەنە بىرى كازۋىن ئەتراپىدا، بۇ يەردىكى تالىقان بىرىنچىسىنى كۆرسىتىدۇ.

قوشۇنلىرى چېكىنىدۇ. جالالىدىنمۇ پەرۋانغا قايتىدۇ. («تارىخىي جاھان
كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 405 ـ بەت)

چىڭگىزخان تالىقانغا يېقىن ئەتراپتا موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ۋارۋ-
ئان قەلئەسىنى ئېلىش جېڭىدە جالالىدىن تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغانلىقىنى
ئاڭلاپ شىكى قۇتقۇ نويون (بۇ ئادەم «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تا-
رىخى» نىڭ 135 ـ، 203 ـ جىلدلىرىدە تىلغا ئېلىنغان) نى 30 مىڭ
كىشىلىك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ جالالىدىنغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.
جالالىدىن بۇ موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ دەككىسىنى بېرىدۇ. جالالىدىن با-
رۋان (غەزنىۋىگە يېقىن جايدا) غا بېرىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن موڭغۇل
قوشۇنىمۇ ئەتىگەندە يېتىپ كېلىدۇ. جالالىدىن دەرھال ئاتقا مىنىپ موڭ-
غۇللاردىن بىر مەنزىل ئارىلىق قالدۇرۇپ بارگاھ قۇرىدۇ. ئەمىن مەلىك
ئوڭ قانات قوشۇنغا، سەيپىدىن مەلىك ئىگراخ سول قانات قوشۇنغا،
جالالىدىن ئۆزى بولسا ئوتتۇرا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدۇ. ئىككى
قوشۇن جەڭ قىلىپ موڭغۇل قوشۇنى مەغلۇپ بولىدۇ. ئەتىسى يەنە جەڭ
قىلىدۇ، موڭغۇل قوشۇنى يەنە مەغلۇپ بولىدۇ. موڭغۇل قوشۇنى
چېكىنگەندە، جالالىدىننىڭ قول ئاستىدىكىلەر نۇرغۇن ئولجا ئالىدۇ. ئە-
مىن مەلىك بىلەن سەيپىدىن مەلىك بىر ئاتنى تالىشىپ زىتلىشىپ قالىدۇ
ۋە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. جالالىدىن ئۇلارنى توسۇۋالالمايدۇ. («تارىخى جا-
ھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 406 ــ 407 ـ بەت)

ۋارىئان قەلئەسى ئۇرۇشىدىن كېيىن چىڭگىزخان شىكى قۇتقۇ
بىلەن قوشۇن باشلاپ جەنۇب تەرەپتىن كېلىدۇ. ئۇ ھازىرقى دورزاب ۋە
جىرچىۋەن رايونىدىن ئۆتكەندە، شۇ يەردىكى قەلئەدىكىلەر قارشىلىق
كۆرسەتكەچكە، سەپەر بىر ئاي كېچىكىدۇ. ئارقىدىن بامىيانغا كەلگەندە
يەنە قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. بامىيانغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا
چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ ئامراق نەۋرىسى (يەنى چاغاتاينىڭ 2 ـ ئوغلى) مۇ-
تۇگانغا يا ئوقى تېگىپ ئۆلىدۇ. («جامىئۇل تەۋارىخ» 2 ـ توم؛
ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 137 ـ بەت) چىڭگىزخان ئىنتايىن قاتتىق
ئازابلىنىپ بامىياننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۇ شەھەردە قىرغىنچىلىق

قىلىدۇ. قىرغىنچىلىق تۈگىگەندە شىكى قۇتقۇنىڭ پەرۋاندا مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ ھەمدە شىكى قۇتقۇنى جازالىمايدۇ، بەلكى شۇئان باميياندىن پەرۋانغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، پەرۋاندا ئۇ يەر شەكلىنى تەكشۈرۈپ ھەر قايسى سەركەردىلەرنىڭ ئۇرۇشتا پايدىلىق يەرلەرنى ئىگىلىمىگەنلىكىنى تەنقىدلەيدۇ. ئارقىدىن چىڭگىزخان غەزنىۋىگە كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ جالالىدىننىڭ ھىندى دەرياسى بويىغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ.

بۇ چاغدا جالالىدىن قول ئاستىدىكى سەركەردىلەرنىڭ ئىناقسىزلىقى، بولۇپمۇ تەۋەلىكىدىكى گورلار بىلەن تۈركلەرنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ خۇددى ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، قوشۇندىكىلەرنىڭ جەڭ قىلىش ئىرادىسى قالمىغان، جەڭ قىلىشقا ماجالى يوق ئىدى. جالالىدىن بۇ ئەھۋالنى ياخشى بىلگەچكە، چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا بولمايدۇ دەپ قاراپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ جەنۇبقا — ھىندىستانغا بېرىپ قايتا كۈچ تەشكىللەپ ئاندىن قەد كۆتۈرمەكچى بولدى. چىڭگىزخان ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ، ھىندى دەرياسى بويىدىكى دىڭكىت (ھازىرقى قاراباغ ئەتراپى) دېگەن جايدا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالىدۇ. گەرچە ئالدىدا دەريا، ئارقىسىدا قوغلاپ كەلگەن ئەسكەرلەر بولسىمۇ جالالىدىن يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ قانات قوشۇنى بەربات بولۇپ، قوماندانى ئەمىن مەلىك ئۆلىدۇ. سول قانات قوشۇندىكىلەرمۇ چېكىنىدۇ. جالالىدىننىڭ قوشۇنى ئاخىر تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ 1221-يىلى 11-ئايلار ئىدى. جالالىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئات بىلەن دەرياغا سەكرەپ دەريانىڭ جەنۇبىغا قاچىدۇ. چىڭگىزخان ئۇنى قوغلىمايدۇ. («چىڭگىزخان زەپەرنامىسى»، ۋاڭ گوۋېي ئىزاھلىغان نۇسخا، 77-بەت)

بۇ چاغدا چىڭگىزخان بېنگال، ئاسسام ۋە شىزاڭ ئارقىلىق موڭغۇلىستانغا قايتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يول ناچار بولغاچقا ئافغانىستانغا قايتىشقا مەجبۇر بولغان. يول بويىدا ئۇ ھەرقايسى قورغان -

شەھەرلەردىكى قارشىلىق قىلغۇچىلارنى داۋاملىق باستۇرىدۇ. 1222 ـ يىلى يازنى چىڭگىزخان پەرۋان ۋادىسىدا ئۆتكۈزىدۇ. « چىڭگىزخان زەپەرنا-مىسى » 78 ـ بەت )

## 4 ـ بۆلۈم يوللىغ چۇساي بىلەن راھىب چيۇچۇجى ئوتتۇرا ئاسىيادا

چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە شۇ چاغلاردىكى داڭلىق سىياسىئون يوللىغ چۇساي باشتىن ـ ئاياغ ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرگە بولدى. ئۇ 1219 ـ يىلى چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىپ تا 1224 ـ يىلى غەلىبە بىلەن شەرققە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالتە يىلچە تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئېرتىش دەرياسى بويىدا تۇرغان چاغدا (1219 ـ يىلى) ليۇ جۇڭلونى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىگە بېرىپ پىركامىل راھىب چيۇچۇجىنى تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن « ئۆلمەسلىكنىڭ سىرى » نى سورايدۇ. چيۇچۇجى موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە 1221 ـ يىلى قەمەرىيە 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يولغا چىقىپ موڭغۇل يايلاقلىرى، بەشبالىق ۋە ئىلى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا ماڭىدۇ. ئۇ تالاس دەرياسىدىن① ئۆتكەندىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ھۇزۇرىدىن قايت-قان شەرقىي تاڭغۇت ئەلچىسى② بىلەن ئۇچرىشىدۇ. چيۇچۇجى سەپىرىنى داۋام قىلىپ قىش كۈنلىرى (قىشنىڭ ئىككىنچى ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى، يەنى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى) دە سەمەرقەنتكە يېتىپ بارىدۇ.

چيۇچۇجى كېيىن سەمەرقەنتتە يوللىغ چۇساي بىلەن ئۇچرىشىدۇ. چېن يۈەننىڭ ئېيتىشىچە، ئىككىيلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن « ئۇلار ھەر كۈنى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، نۇرغۇن نەزىم، ئەسەر يازغان »

① شۈي شىڭ، ۋاڭ گوۋېي ۋە سىچۇلېر قاتارلىقلار ئىلى دەرياسى دەپ، لىيرىچ بولسا چۇ دەرياسى دەپ، براشنىدېر تالاس دەرياسى دەپ قارايدۇ.

② تۇجى جىن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ئۇگۇسۇن جۇڭدۈەن دەپ؛ ۋاڭ گوۋېي شەرقىي تاڭغۇت سۇلالىسى پۇشيەن ۋەنىۇنىڭ ئەلچىسى دەپ قارايدۇ، مەن ۋاڭ گو-ۋېينىڭ پىكرىنى توغرا كۆردۈم.

يۇللىغ چۇسايىنىڭ بۇ نەزمىلىرى ئۇنىڭ «راھىب ئۆلىما، چۇسايىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» غا، چيۇچۇجىنىڭ ئەسەرلىرى بولسا «راھىب چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن. يۇللىغ چۇساي بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، ئۇ چيۇچۇجىدىن ئىبارەت بۇ تويىن دىنىي ئۆلىماسىغا ناھايىتى ئۆچ بولۇپ، نەزمىلىرىدە چيۇچۇجىنىڭ نامىنى ئەسلا تىلغا ئالمايلا قالماستىن، بەلكى كېيىن يازغان «غەربكە سەپەر خا-تىرىسى» دە ئۇنى قارغىغان. لېكىن ھەر ئىككىسىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ، بىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا، يەنى موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىن ماۋرا ئۇننەھر رايونىنىڭ نوپۇسى كېمىيىپ كەتكەنىدى. خەلقنىڭ قارشىلىقى يەنىلا ھەممىلا جايدا مەۋجۇت ئىدى، «راھىب چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە يېزىلىشىچە، «يەرلىك قاراقچىلار» دەريا كۆۋرۈكىنى بۇزۇۋەتكەچكە، ئۇنىڭ سەپىرى توختاپ قالغان، چىڭگىزخان ئافغانىستاندا تۇرۇۋاتقاچقا، پەقەت كېلەر يىلى باھار كەلگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بولاتتى. چيۇچۇجى نائىلاج سەمەرقەنتتە قىشنى چىقارغان. «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «بۇ شەھەر جىلغا ياقىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ياز - كۈز كۈنلىرى يامغۇر ئاز ياغىدىكەن، شەھەر ئاھالىلىرى ئىككى دەريانىڭ سۈيىنى شەھەرگە باشلاپ كەپتۇ، ئېرىق - ئۆستەڭ سۇلىرى ھەممىلا كوچىلاردا بولغاچقا، ھەممە ئائىلىلەر پايدىلىنىدىكەن. سۇلتان جەمەتى خانىۋەيران بولمىغان چاغدا، شەھەر-نىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق مۇقىم تۈتۈنى بار ئىكەن. شەھەر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۆتتىن بىرى قاپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆپى ئۇي-غۇرلار ئىكەن. ئېتىزلىق، باغ - ۋارانلىرىنى ئۆزى باشقۇرالمىغاچقا، خەنزۇلار بىلەن قىتانلارغا، تاڭغىتلارغا تايىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەمەلدار-لىرى رەڭدار كۆزلۈكلەر ئىكەن. خەنزۇ ھۈنەرۋەنلەر شەھەر ئىچىدە ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانىكەن. ئون نەچچە گەز ئېگىزلىكتىكى تۆپىلىكتە سۇلتان جەمەتى يېڭى ئوردا - قەسر ياساتقانىكەن. ئۇستاز (يۇللىغ

ئاخەينى كۆرسىتىدۇ ) دەسلەپتە شۇ يەردە تۇرۇپتۇ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشلىقى قىس بولغاچقا ، ئوغرى - قاراقچىلار كۆپ ئىكەن . تاسادىپىي ئەھۋال يۈز بېرىشتىن ئەنسىرەپ دەريانىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇستازىم ئوردىغا كۆچۈپ ماكانلىشىپتۇ . » يوللىغ چۇسايىنىڭ « غەربكە ساياھەت خاتىرىسى » دە يەنى سەمەرقەنت ئۇستىدە توختىلىپ مۇنداق دېيىلگەن : « سەمەرقەنتنى غەربلىكلەر مۇنبەت زېمىن دەيدۇ ، ئۇ تۇپرىقىنىڭ مۇنبەتلىكلىكى بىلەن داڭلىق ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ شەھەر ماۋرا ئۇننەھر مەھكىمىسى دېيىلەتتى . سەمەرقەنت ناھايىتى باياشاد شەھەر ... شەھەر ئەتراپىدا نەچچە ئون چاقىرىم كېلىدىغان باغ - ۋاران بار ئىكەن . ھەممە ئۆيىنىڭ بېغى بولۇپ ، تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن ، ھەممە يەردە ئېرىق ، ئۆستەڭ ، بۇلاق سۇلىرى بار ئىكەن ، ئارچا ، سۆگەت ، شاپتۇل ، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىسىز - مېۋىلىك دەرەخلەر قاتار كەتكەن بولۇپ ، مەنزىرىسى گۈزەل ئىكەن » .

ئىككىنچى يىلى ( رېنۋۇ يىلى ، يەنى مىلادى 1222 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ) 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چيۇچۇجى چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئافغانىستانغا قاراپ يولغا چىقىپ كېش ئارقىلىق تۆمۈر قوۋۇقتىن ۋە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى (5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ) چىڭگىزخان ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بېرىۋالغان تاغ ئارىسىدىكى پەرۋان دېگەن جايغا يېتىپ باردى . چىڭگىزخان ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا « يىراقتىن كەلگەن ئەۋلىيا ، ماڭا ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى بارمۇ ؟ بۇنىڭغا قانچىلىك ھەق ئالىسەن ؟» دەپ سورىدى . چيۇچۇجى « ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەي دېسەڭ پاكىزلىق يولىنى تۇتقىن ، ئەمما ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى يوقتۇر » دەپ جاۋاب بەردى . چىڭگىزخان 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى (5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ) يەنە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدى . بىراق ، شۇ چاغدا تاغلىقلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، چىڭگىزخان ئۆزى بېرىپ ئۇلارنى باستۇرغاچقا ، سۆزلىشىش ۋاقتىنى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە ئۆزگەرتتى . ئارىلىقتا ۋاقىت خېلى ئۇزۇن بولغاچقا ، چيۇچۇجى سەمەرقەنتكە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى . شۇنىڭ بىلەن

چىڭگىزخان يەنئاگو باشچىلىقىدىكى مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى ئۇنى باشقا يول بىلەن سەمەرقەنتكە ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ يازنى مۇشۇ شەھەردە ئۆتكۈزدى. ئۇ چاغلاردا ماۋرا ئۇننەھردىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى 2000 تۇتۇنلۇك ئاسىيلار كېچە - كېچىلەپ ئوت قويۇپ كىشىلەرنى ئەنسىزچىلىككە سېلىۋەتكەن».

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى (9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى) چيۇچۇجى يەنە چىڭگىزخاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش ئۈچۈن كۆز پەسلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بەلخكە يېتىپ كېلىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ شەھەردە تېخى يېقىندىلا خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىكەن. بۇ چاغدا چىڭگىزخان ھىندىقۇش تېغىدىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ شىمالغا قايتىپ كەتكەنىدى. شۇڭا 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى (9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى) تيەن جېنخەي بۇيرۇقتا بىنائەن چىڭگىزخان قارارگاھىدىن ئۈچ كۈنلۈك يول كېلىدىغان ئامۇ دەرياسىغا بېرىپ راھىبنى كۈتۈۋالىدۇ. ئۇ بۇ جايدا بىرنەچچە كۈنمۇ تۇرماي چىڭگىزخان بىلەن بىللە 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى) شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى (10 - ئاينىڭ باشلىرىدا) سەمەرقەنتكە يېتىپ كېلىدۇ.

يوللىغ چۇسايىنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە يېزىلىشىچە، ئۇلار سەمەرقەنتكە يېتىپ بارغاندىن كېيىن چىڭگىزخان رېنۋۇ يىلى (1222 - يىلى) 10 - ئايدا چيۇچۇجىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن ئۆلمەسلىكنىڭ يولىنى سورىغان». چۇساي ئۇنىڭغا «ئادەتتىكى جەمئىيەتتىكى گەپ - سۆز ۋە روھىي - كەيپىيات بۇنىڭغا سەۋەبكاردۇر» دەپ پەرۋاسىز جاۋاب بەرگەن.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى (1222 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى) ئۇلار داۋاملىق شەرققە قايتىپ 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى (1223 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى) سىر دەرياسىدىن ئۆتتى. قەمەرىيە يىلى 1 - ئايدا (1223 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) چيۇچۇجى يەنە يولغا چىقىپ 21 - كۈنى (2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى) شەرقىي شىمالدا سايرامغىچە بولغان ئارى-

لىقى ئۈچ كۈنلۈك يول كېلىدىغان بىر دەريا ۋادىسىغا يېتىپ كەلدى . ئۇ يەردە سۇ ۋە ئوت ـ چۆپلەر مول بولۇپ ، ئات ـ كاللارنى تېز تويغۇزغىلى بولاتتى . شۇڭا ، ئۇلار بۇ جايدا بىر قانچە كۈن تۇردى . 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى (3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ) چىڭگىزخان چېدىردىن چىقىپ چىلچىق (تاشكەنت ) دەرياسى بويىدىكى دالانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تاغ ـ باغرىغا ئوۋ ئوۋلىغىلى باردى . ئۇ بىر ئەركەك تۇڭگۇزنى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى ، ياۋا توڭگۇز ئۇنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى . چيۇچۇجى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىڭگىزخانغا ئەمدى ئوۋغا چىقماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئىككى ئايغىچە ئوۋغا چىقمىدى .

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى (1223 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ) چيۇچۇجى چىڭگىزخان بىلەن خوشلىشىپ ئاۋۋال يولغا چىقىپ قايتىپ كەتتى .

ئۇنىڭدىن باشقا ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ، جىن سۇلالىسى ئوگۇنسۇن جۇڭدۇۋەننى 1220 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان چىڭگىزخاندىن سۇلھ تەلەپ قىلىپ 1221 ـ يىلى قايتىپ كەلگەن (جىن سۇلالىسى تارىخى 353 ـ ، 2701 ـ بەتلەر ) بۇ ئارىلىقتا چىڭگىزخان دەل ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان جالالىددىنغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى . شۇڭا چىڭگىزخان ئۇنىڭ بىلەن تۆمۈر قوۋۇقتا ئۇچراشتى . (« يۈەن سۇلالىسى تارىخى » 21 ـ بەت ) ليۇچى يازغان « يوشۇرۇن قايتىش تەزكىرىسى » ناملىق ئەسەردە ئۇگۇسۇنجۇڭدۇۋەننىڭ يول ئۈستىدە كۆرگەنلىرى خاتىرىلەنگەن قىسقىچە مەلۇمات ساقلىنىپ قالغان ، ئۇ مەلۇماتنىڭ ئاپتورى نامەلۇم ، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە ، ئۇ ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ھىرات شەھىرىگە بارغانمىش ، ئۇنىڭدا ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاتارلىق ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، ئۇ قىزىقارلىق ھەم ئەھمىيەتلىك تارىخىي ماتېرىيالدۇر .

راھىب چيۇچۇجى 1223 - يىلى قەمەرىيە 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چىڭگىزخاندىن قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، خان ئۇنىڭ ئۈچ - تۆت كۈن ساقلاپ تۇرۇشىنى جۇجى قاتارلىقلار يېتىپ كېلىشى لازىملىقىنى ئېيتىدۇ. جۇۋەيىنىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ چاغدا چىڭگىزخان سەمەرقەنتتىن جۇجىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەلچى ئەۋەتكەن ھەمدە قىپچاق دالاسىغا بېرىپ ياۋايى ھايۋانلاردىن (بولۇپمۇ ياۋا ئېشەكتىن) تۇتقاچ كېلىشنى تاپىلىغان. چاغاتاي بىلەن ئوگداي قارا كۆلگە ئاققۇ ئوۋلاپ كۆڭۈل ئېچىشقا كەتكەنىدى. ئۇلار ھەر ھەپتىدە چىڭگىزخانغا نۇرغۇن ئاققۇ ئەكىلىپ بېرەتتى. ئاخىر قىش كېتىپ باھار كەلگەن، گۈل - گىياھلار ئېچىلغان چاغدا چىڭگىزخان يەنە يولغا چىقىشنى قارار قىلدى. ھەممەيلەن بىنا كەنتتە ئاتىسىنىڭ قېشىغا يىغىلىپ چوڭ كېڭەش ئۆتكۈزدى. كېڭەشتىن كېيىن ئۇلار ئاتلىنىپ قۇلانباش (ئالس دەرياسى بىلەن تالاس دەرياسى ئوتتۇرىسىدا، بۇ جاي چىمكەنتتىن جامبۇلغا بارىدىغان يول ئۈستىدە بولۇپ ھاۋاسى سالقىن) قا باردى. جيۇچۇجىمۇ بۇ جايدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ كۆپلىگەن مال - دۇنيا بىلەن مىڭ تۇياق بوز ئات، يەنە ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن قىپچاق يايلىقىدىن بىر توپ ياۋا ئېشەكمۇ تۇتۇپ كەلگەنىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن قورشاپ ئوۋ ئوۋلاشتا پايدىلىناتتى. ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىپ ئۇلار 1223 - يىلىنىڭ باھار ۋە ياز پەسلىنى قۇلانباشتا ئۆتكۈزدى ①كېيىن چىڭگىزخان شەرققە قايتتى. 1224 - يىلى ئېرتىش دەرياسى بويىغا كېلىپ يازنى ئۆتكۈزۈپ، 1225 - يىلى موڭغۇلىستانغا قايتىپ كەلدى.

موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ئىستېلاسى مانا شۇنداق ئاياغلاشتى. تارىخىي كىتابلاردا چىڭگىزخان غەربىي يۇرتنى تىنجىتىپ،

---

① بۇ «تارىخى جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمىسى. 139 — 140 - بەتلەردىن ئېلىندى. راشىدىنىنىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» تىكى «جۇجى خان خاتىرىسى» دىكى بايان بۇنىڭغا ئوخشمايدۇ «جامىئۇل تەۋارىخ» تا جۇجى نەسھەتكە ئاساسەن پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلمەستىن، بەلكى چىڭگىزخان ئۇنى غەزەپ بىلەن چاقىرتقان، جۇجى سەپەر ئۈستىدە قازا تاپقان» دېيىلگەن. دوسان، گروسسېتلارمۇ شۇنداق دەپ قارايدۇ.

داروغاچ قويۇپ ھەر قايسى شەھەرلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى » دەپ خاتىرىلەنگەن . ① دېمەك ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا موڭغۇللار ئىگىلىك ھوقۇق تىكلىدى . بارتولد « چىڭگىزخان غەربىي يۇرتنى ئۆزىگە شەكسىز بويسۇندۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇ يەردىن كەتتى ، ئەمما 1223 ـ يىلىدىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ ماۋرا ئۇننەھر بىلەن خارەزىمدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھېچكىم باشقىچە پىكىردە بولمىدى ، ئىبن ئەل ئاشىر بىلەن جۇۋەينى ئىككىيلەن مۇنداق بىر ئىشنى ، يەنى موڭغۇللار ئىگىلىك ھوقۇق تىكلىگەنلىكتىن ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى شەھەرلەر خۇراسان ۋە ئىراقتىكى شەھەرلەرگە قارىغاندا ناھايىتى تېزلىك بىلەن ۋەيرانچىلىقتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى » ②.

1227 ـ يىلى چىڭگىزخان تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ئالەمدىن ئۆتتى . موڭغۇللارنىڭ سىرتقا قارىتا ئېستېلاچىلىق ئۇرۇشى تېخى ئاياغلاشمىدى . ئۇنىڭ ۋارىسلىرى (ئەۋلادلىرى ) خاننىڭ ئىشلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇردى .

## 5 ـ بۆلۈم چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغاللىق زېمىن بۆلۈپ بېرىشى

چىڭگىزخان قازا قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزى بويسۇندۇرغان جايلارنى ئوغۇللىرى ۋە تۇغقانلىرىغا بۆلۈپ بەرگەنىدى . ئۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ سەركەردىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختا ئۆتكەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەت سەركەردىلىرىگە ئوخشاشلا ئۆز ئېلىنى پۈتۈن ئۇرۇقداشلىرىنىڭ ئورتاق مۈلكى دەپ قارايتتى . ئۇ قەبىلە ياكى يايلاقلارنى ئوغۇللىرى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بۆلۈپ بېرىپ ئۇلاردىن باج ـ سېلىق يىغدى . خاندانلىقنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئۇرۇقداشلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىنى چاقىرىپ كېڭەشىش ئارقىلىق بېكىتەتتى . كۆچمەن چارۋى-

① « چىڭگىزخان زەپەرنامىسى » 78 ـ بەت .

② « موڭغۇللار ئىستېلاسىدىن بۇرۇنقى تۈركىستان » ئىنگلىزچە ، 456 ـ بەت .

چىلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئوغۇل ياش قۇرامغا يەتكەن ۋە ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا ئۆي تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ چىقىشى ئادەتتە يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك تەرتىپى بويىچە بولۇپ، چوڭ ئوغۇل ئاۋۋال ئۆي ئايرىپ چىقىدۇ. كەنجى ئوغۇل بولسا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا قالىدۇ. راشىدىن مۇنداق دەيدۇ: قەدىمدىن بۇيان موڭغۇللارنىڭ قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئاتىنىڭ تۇرار جايى كەنجى ئوغۇلنىڭ ۋارىسلىق قىلىپ باشقۇرۇشىغا قالىدۇ» ① شۇڭا چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجى ئەڭ بۇرۇن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەنىدى.

مىلادى 1218 ـ يىلى چىڭگىزخان جوجىنى ئىبىر ـ شىبىرنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتكەندە، جوجى شىبىرنىڭ جەنۇبىدىكى «ئورمانلىقتىكى ئەللەر» نىڭ ھۆكۈمرانى بولغانىدى. چىڭگىزخان بۇ يەردىكى قەبىلىلەرنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بەردى. ئىككىنچى، بۇنىڭ بىلەن يەنسەي دەرياسى ۋادىسى بىلەن ئوب دەرياسىنىڭ ۋادىسىمۇ جوجى ئۇلۇسىنىڭ زېمىنىغا تەۋە بولغانىدى. «ئورمانلىقتىكى ئەللەر» نىڭ ھەممىسى سېلىنگا دەرياسى بىلەن يەنسەي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسى ھەمدە يەنسەي دەرياسى ئويمانلىقىغا جايلاشقانىدى. ئىبىر ـ شىبىر ئوب دەرياسى بىلەن بىر سالاغا جايلاشقانىدى. جۇۋەينىنىڭ دېيىشىچە، جوجىغا بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەر قايالىق بىلەن خارەزىم رايونىدىن شاكشىن (ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا) بىلەن بۇلغارنىڭ ئەڭ چېتىگىچە بولۇپ، ھەتتا تاتارلارنىڭ زېمىنىغىچە باراتتى. ② ئۇنىڭ ئوردىسى ئېرتىش دەرياسى بويىدا ئىدى. چىڭگىزخان جوجىغا شىمالدىكى بارلىق قەبىلىلەرنى يەنى بۇلغار، باشقىرت، ئورۇس ۋە چېركەسلەرنى ھەمدە قىپچاق ياyلىقىنى بويسۇندۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. جوجى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماي چىڭگىزخاننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. (جامىئۇل تەۋارىخ» 2 ـ جىلد، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 118 ـ بەت) يەنە ئاڭلىشىمىزچە، خارە-

① «جامىئۇل تەۋارىخ» 2 ـ جىلد. ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا 1 ـ بەت.
② «تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا. 42 ـ بەت.

زىمگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان چاغدا جۇجى چاغاتاي بىلەن كېلىشەلمە-
گەنلىكتىن ، بۇ شەھەرنى ئۆزىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى قىلمۇقچى بولغان جۇجى كۆزلىگەن يېرى قىلىۋېلىپ ۋەيران
قىلىشنى خالىمىغان . جۇسجانى جۇجى قىپچاق يايلىقىنى ياقتۇرۇپ قالغان-
لىقتىن ئۇ شەھەرنى ۋەيران قىلىشنى خالىمىغان . بۇنىڭ بىلەن ،
چىڭگىزخان ئۇنىڭدىن ئاغرىنغان ، دەيدۇ . يۇقىرىقى ھەر تەرەپلىمە
ئەھۋاللار ۋە يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ،
جۇجى ئۇلۇسىنىڭ ئاساسلىق زېمىنى قىپچاق دالاسى ، جەنۇبتا سىر دەر-
ياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بىلەن خارەزىمنى ئۆز ئىچىگە ئالسا ، شەرقتە
ئېرتىش دەرياسىغىچە دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ . جۇجى چىڭگىزخان-
دىن ئالتە ئاي ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەچكە ، شۇ چاغلاردا ئۇرالنىڭ
غەربىدىن جەنۇبىي روسىيىگىچە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپانىڭ كۆپ قىسىم
يەرلىرى تېخى بويسۇندۇرۇلمىغانىدى ، شۇڭا ئۇ جايلار پەقەت « تاتار ئات-
لىرىنىڭ تۇيىقى يەتكەن جاي » دېگەن سۆز بىلەن ئاتاقتا جۇجىغا
بۆلۈپ بېرىلگەن . ( گىرىكوۋ بىلەن ياكوبوۋسكى بىرلىكتە يازغان « ئال-
تۇن ئوردا خانلىقى ۋە ئۇنىڭ يوقىلىشى » ، رۇسچە 5 ـ بەت )
ئاتلارنىڭ تۇيىقى نەلەرگە يېتىپ باردى ۋە يەنە نەلەرگە يېتىپ باردۇ
دېگەن مەسىلىگە چىڭگىزخاننىڭ ئۆزىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەسلىكى
مۇمكىن .
چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەر
جۇۋەينىنىڭ دېيىشىچە ، « ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىدىن سەمەرقەنت ۋە بۇ-
خاراغىچە بولۇپ ، ئۇ ئۆزى ئالمالىقنىڭ يېنىدىكى قۇياس (قاياس
قايالىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئالاتاۋغا يېقىن ) تا تۇرغان . قارىغاندا ،
ئۇ ئاساسەن ئىلگىرىكى قارا قىتانلارنىڭ يېرى بولسا كېرەك . راشىدىننىڭ
ئېيتىشىچە ، چىڭگىزخان چاغاتايغا بۆلۈپ بەرگەن قەبىلىلەر ئاساسەن
بارلاس ، جالايىر ، ئارۇلات ۋە سۇلدۇس قەبىلىلىرى ئىدى . X IV ئەسىردە
ئۆتكەن موغۇل مۇئەللىپ مىرزا ھەيدەر يازغان « تارىخىي رەشىدى »
ناملىق ئەسەردە يەنە بۇنىڭ ئىچىدە دوغلات قەبىلىسىنىڭمۇ بارلىقى خاتى-
رىلەنگەن . چاغاتاينىڭ ئىلكىدىكى يەر نايمانلارنىڭ ماكانى ئالتاي

تېغىدىن ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىغىچە ئىدى . (« جامىئۇل تەۋارىخ » 2 ـ جىلد ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 145 ـ بەت ) يېقىنقى زامان كىشىلىرى كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەرگە ئاساسلىنىپ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆپلىگەن يەرلەر ، يەنى بەدەخشان ، بەلخ ، غەزنىۋىنى قاتارلىق جايلارمۇ چاغاتايغا تەۋە ئىدى دەپ قارايدۇ . (سكىلان بىلەن روس بىرلىكتە تۈزگەن « ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزى » 160 ـ بەت ) لېكىن بۇخارا ـ سەمەرقەنتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ شەھەر يەنجىڭغا ئوخشاشلا ئەزەلدىن موڭغۇل خانلىقىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا ئىدى . (گروسىست « يايلاق ئىمپېرىيىسى » ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 255 ـ بەت ) بەزى مۇئەللىپلەر چاغاتاينىڭ زېمىنى ھازىرقى شىنجاڭ ، پەرغانە ۋە بەدەخشاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت ، يەنە جەنۇبتا قۇندۇز ۋە بەلخنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى ، دەسلەپتە يەنە تېخى خۇراساننى ، غەربىي جەنۇبتا ھىرات بىلەن غەزنىۋى ، جەنۇبتا يەنە موكرانغىچە بولغان جايلار ئىدى دەپ قارايدۇ . دېمەك ، موڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئىگىلىگەن خارەزىمدىن باشقا يەرلەرنىڭ ھەممىسى چاغاتايغا تەۋە بولغان . شۇڭا چاغاتاينىڭ زېمىنى چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ زېمىنى ئىچىدە خېلى كەڭ ئىدى . ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىدىكى مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەر كۆپ ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى خىلمۇ خىل ئىدى . (ئېلئارس « تارىخىي رەشىدى » ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، مۇقەددىمە 30 ـ بەت ) مەزكۇر كىتابتا بايان قىلىنغىنى ئاساسەن چاغاتاينىڭ ئىلكىدىكى يەرلەردۇر .

چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئوگداينىڭ قارارگاھى ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا تۇرغان ئېمىل بىلەن خۇبودا ئىدى . ئۇ ئۇلۇغ خاقاننىڭ ئورنىغا چىققاندىن كېيىن قارا قورۇمغا كۆچۈپ باردى . ئوگداي خان ئاساسەن تارباغاتاي رايونى ، ئالتايدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە ئۇلۇنگۇر دەريا ساھىللىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، ئوگداي خانمۇ ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا دەپنە قىلىنغانمىش . ئۇنىڭ شىمالدا جۇجى ئۇلۇسىغا ، غەربتە چاغاتاي ئۇلۇسىغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان بۇ زېمىن كېيىنچە ئاشۇ ئىككى نەسەبتىكى

شاھزادىلەر تالىشىدىغان سورۇن بولۇپ قالدى.

چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى تولۇي ئۆز ئىلكىدىكى يەرلەرنىڭ مىراسخورى بولۇپ، ئۇ، تولا دەرياسى، ئونان دەرياسى بىلەن قورۇلۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئارىلىقىدىكى يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلدى. چىڭگىزخان ئوگدايىنى ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىپ بېكىتكەندە «ئەلنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تولىمۇ مۇشكۈل، شۇڭا ئوگداي باشقۇرسۇن، پەقەت مېنىڭ قارارگاھىم، بايلىقىم، مال ـ مۈلكىم ۋە لەشكەرلىرىمنىلا تولۇي باشقۇرسۇن».① دېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندىمۇ يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلار يەنىلا تولۇينىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مەسىلەن، ئەلى بۇقىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان.

چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا ئاتاقتا زېمىن بۆلۈپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۆلۈپ بېرىلگەن بۇ يەرلەر يەنىلا ئۇلۇغ خاقان تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ھۆكۈمرانلارنىڭ قارىمىقىدا ئىدى. ئۇلار پەقەت مەلۇم مىقداردىكى باجغىلا ئىگە بولالايتتى. مەسىلەن، چاغاتاي خان ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى پەقەت ئىلى دەرياسى بويىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تۇراتتى. ماۋرا ئۇننەھر بولسا موڭغۇل ئوردىسىغا تەۋە بولۇپ، ئۇلۇغ خاقان شۇ يەرنىڭ باج ـ سېلىقلىرىدىن قىلغان كىرىمىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرەتتى («ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە ئۇنىڭ يوقىلىشى» رۇسچە، 53 ـ بەت).

«يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا: «ئالىيلىرى مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى ئالدى. ھەربىي كەنتلەرنى قوغداشقا ئادەم قويدى. قۇرۇمىش فامىلىلىك، يالۋاچ ئىسىملىك ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئورگەنچ (يەنى خارەزىمنىڭ مەركىزى) تىن پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ئۇلار شەھەر ئەھۋالىنى ياخشى بىلگەچكە، ئوغلى مەسئۇد بىلەن باسقاق بەگ بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەرنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇلدى. يالۋاچ بېيپىڭنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇلدى»② دېيىلگەن. بۇ موڭغۇل ئوردىسىنىڭ

---

① «جامىئۇل تەۋارىخ» ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 18 ـ بەت.

② «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» داۋامى، 1 ـ جىلد.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئەمەلدار (دارۇغاچ) يەنى ئاغلاقچى (باشبۇ) ئەۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ ئىككىلەن جۇۋەينىنىڭ ئەسىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان. («تارىخي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 9 ـ بەت) شۇڭا ۋىلادىمىرسوۋ «موڭغۇل خانلىرى قارىمىقىدىكى مەدەنىيەتلىك رايونلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاھالىلىرى ئەڭ دەسلەپتە ئۇلۇغ خاقانغا يەنى پادىشاھقا تەۋە ئىدى. ئۇلۇغ خاقان دارۇغاچىنى بۇ رايونلارغا كېلىپ مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. خانلار بولسا بۇ جايلارنىڭ بېجىنىڭ بىر قىسمىنىلا ئالاتتى. ئۇلار بىۋاستە باج يىغىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس ئىدى» دەيدۇ. بارتولد «تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل خانلار ئۇزۇندىن بۇيان كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ياشاپ كەلگەچكە، دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلمىغان، شۇڭا ئۇلاردا ھېچقانداق مەمۇرىي تۈزۈممۇ يوق ئىدى. ھەمدە ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن ئىلخانلار خانلىقىدەك پۇل قۇيدۇرمىغان، پەقەت يەرلىك ھۆكۈمران (MaliKs) مالىكىنىڭلا قۇيدۇرغان پۇلى بار ئىدى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىرلىككە كەلگەن دەۋردە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى خانلىقلار ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل ئەمەس ئىدى.

# ئون بەشىنچى باب

## چاغاتاي خاندانلىقى بىلەن موغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

موغۇل ئىمپېرىيىسى بىرلىككە كەلگەن ۋە گۈللەنگەن دەۋردە غەربىي يۇرتنى مۇستەقىل خاندانلىق دېگىلى بولمايتتى. چاغاتاي، باتۇخانغا ئوخشاش بۇنداق خانلار گەرچە كەڭ زېمىنغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەرلەر ئاتاقتا يەنىلا بىۋاستە موغۇل ئوردىسىغا تەۋە بولدى. خاندانلىقلارنىڭ تەكلىنىشى، كۈچىيىشى ۋە يوقىلىش جەريانىنىڭ ھەممىسى موغۇل ئوردىسىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا بۇ يەردە چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ تارىخىنى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى بويىچە بايان قىلمىساق بولمايدۇ.

### 1- بۆلۈم ئوگدايخان دەۋرى

چىڭگىزخان 1227 ـ يىلى لىۇپەنشەن تېغىدا قازا قىلىپ، قۇرۇلۇن دەرياسى بويىغا ئېلىپ بېرىلىپ دەپنە قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى تەخمىنەن ئىككى يىلچە ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئورنىغا خاقان تۇرغۇزۇلماي، تۆلۈ دۆلەتنى باشقۇرۇپ تۇردى. موغۇل ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىر مەزگىل پادىشاھسىز قېلىپ دۆلەت قالايمىقانلىشىپ خاقانىنىڭ ۋارىسىنى بېكىتىش مەسىلىسىنى جىددىي ھەل قىلىش لازىم بولۇپ قالدى. ئۇلار ھەر تەرەپكە بېرىپ قۇرۇلتاي چاقىرىش مەسىلىسىنى كېڭىشىش ئۈچۈن ۋەكىللەرنى ئەۋەتتى. تولۇ يەنە ئۆزى ئوگداي بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قۇرۇبان چۆبىجى دېگەن جايغا باردى. («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 2 ـ جىلد) قارا قىش كېتىپ، يەر ـ زېمىن ئىللىشقا باشلىغاندا ھەرقايسى سەپلەردىكى خانلار ۋە نويونلار ئۆزلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرىدىن موغۇل ئوردىسىغا

قاراپ يول ئالدى. 1229 ـ يىلى كۆزدە قۇرۇلۇن دەرياسى بويىدىكى چۇدىيالان دېگەن يەرگە بارلىق خان ـ ئەمەلدارلار يىغىلىپ چوڭ قۇرۇلتاي ئاچتى.① بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قىپچاق يايلىقىدىن جۇجىنىڭ ئوغۇللىرىدىن: ئوردا، باتۇ، شەيبان، تاڭقۇدىيا، بېركىي، بېرگىچار تۇقاتېمۇر؛ قايالىقتىن چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى؛ خۇبودىن ئوگدايخان ۋە بالا ـ چاقىلىرى ۋە شەرق تەرەپتىن ئوتچىگىن قاتارلىقلار قاتناشتى («جامىئۇل تەۋارىخ» 2 ـ جىلد. ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 30 ـ بەت). قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار بىر يەرگە يىغىلىپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بەزمە قىلىشىپ، ئاندىن چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئوگداينى ئۇلۇغ خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. ئوگداينىڭ ئاكىسى چاغاتايخانمۇ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ۋارىسى بولۇشنى قولىلىدى ھەمدە ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا رازى بولدى.

ئوگداي ئۇلۇغ خاقان بولغاندىن كېيىن قوللانغان بارلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى چاغاتاينىڭ سۇيۇرغاللىق يېرىدىمۇ يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جايلاردا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل باشقۇرۇش تۈزۈمى يەنى چاغاتاي خاننىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى بىلەن موڭغۇل ئوردىسىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى.

ئوگدايخان چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدىكى مۇلازىم يوللىغ چۇسايغا يەنىلا ئىشەنچ قىلىپ ئۇنى ھۆددەيچى قىلىپ تەيىنلىدى. بىراق موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىتىكچىسى (كاتىپى) بولغان يوللىغ چۇساينىڭ ئورنى خەنزۇ سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى بىلەن يەنىلا پەرقلىق ئىدى. دۆلەتنىڭ ھەقىقىي ھوقۇقى يەنىلا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا ئىدى.

ئوگدايخان دەۋردە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى يەنىلا خان جەمەتى ئورتاق ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرىدىغان پرىنسىپنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. مەيلى ئىچكى سىياسىي ئىشلاردا بولسۇن ياكى سىرت بىلەن جەڭ قىلىش ئىشلىرى جەھەتتە بولسۇن شۇنداق ئىدى. مانا شۇنداق پرىنسىپ داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىنگەچكە، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 2 ـ جىلد.

خېلىلا بىرلىككە كېلىپ، ئوردا چىقارغان ئەمىر - پەرمانلار ھەرقايسى ئۇلۇسلاردا ئەمەلىيلىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ئىچكى سىياسىي ئىشلار جەھەتتە جۇڭگونىڭ فېئودال پادىشاھلىق سۇلالىلىرىگە تەقلىد قىلىش باشلانغان بولۇپ، ساپ دىل، ئاددىي - ساددا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدە ياشايتتى. « ھەممەيلەن خان جەمەتىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تەزىم قىلاتتى » مەسىلەن، چاغاتاي خانمۇ ئىنىسى ئۆگدايخانغا تەزىم قىلاتتى. موڭغۇللار چىقارغان ياساق (ئەمىر - پەرمان) لارغا خەلق بويسۇناتتى. باج - سېلىق تۈرلىرىمۇ بېكىتىلگەن بولۇپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى موڭغۇللار ھەر يۈز تۇياق ئاتتىن بىر تۇياق بايتالنى، ھەر يۈز تۇياق كالىدىن بىر تۇياق سىيىرنى، ھەر يۈز تۇياق قويدىن بىر تۇياق ساغلىقنى تاپشۇراتتى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا خېبېيدىكى خەنزۇ ئاھالىلەردىن نوپۇس بويىچە ھېسابلاپ باج يىغىلاتتى. باج يىغىشقا يوللۇغ چۇساي مەسئۇل ئىدى. غەربىي يۇرتلۇقلاردىن ئەمگەك كۈچىگە قاراپ ھېسابلاپ باج يىغىلاتتى. بۇنىڭغا مەھمۇد خارەزىم مەسئۇل ئىدى » ①. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان مەھمۇد خارەزىم — خارەزىملىك مەھمۇد يالۋاچ بولۇپ موڭغۇل ئوردىسىدىن ماۋرائۇننەھر رايونىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن، بىراق ئۇ يەردىكى چاغاتاي خانغا ئىتائەت قىلمىغان. ئۇ يەردە يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئەمگەك كۈچىگە قاراپ باج يىغىشنى يولغا قويۇپ، يىغىلغان باج بىۋاسىتە موڭغۇل ئوردىسىغا تاپشۇرۇلاتتى. چاغاتاي خان ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقاچقا، موڭغۇل ئوردىسىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن بىر قىسىم باجنىلا ئالاتتى.

ئۇرۇش، قاتناش، ھەربىي ئاخباراتلارنى يەتكۈزۈش قاتارلىقلارنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ھەر قايسى جايلارغا ئۆتەڭلەر ياسالدى. ئۆگداي تەختكە چىقىپ دەسلەپىدىلا ئانجۇرغا « دۇنخۇاڭدىن قاش قوۋۇقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتەڭ تەسىس قىلىپ غەربىي يۇرت بىلەن تۇتاشتۇرۇش-

---

① « يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 2 - جىلد، « چىڭگىزخاننىڭ زەپەرنامىسى » دىمۇ ئوخشاش.

نى» بۇيرۇغان ① ھەمدە چاغاتاي خان بىلەن باتۇخاننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ئۆتەڭلەرنى ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۆپلەپ بىنا قىلدۇرغان ھەمدە قىپچاق بىلەن تۇتاشتۇرۇپ خانباللىقتىن قارا قۇرۇمغىچە، قارا قۇرۇم ئارقىلىق چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ زېمىنىدىن باتۇخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قىپچاق يايلىقىچە بولغان ھەممىلا جايغا ئۆتەڭ ياستىپ يوللارنى راۋانلاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ھەرقايسى جايلارغا قۇدۇقلار ياسىلىپ كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىلگەن (بۇ كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىسى ئىدى). يايلاقتىكى سۇسىز قۇرغاق جايلارغا قۇدۇق كولىنىپ چارۋىچىلار بۇ يەرلەردە مال باقالايدىغان، ئولتۇراقلىشالايدىغان بولغان («يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى داۋامى» 2 ـ جىلد). موڭغۇل خانلار، خانىشلار مەلىكىلەرگە يەنە نورمىلىق يەر بەلگىلەپ بېرىلگەن، يەنە يوللىغ چۇسايىنىڭ تەكلىپى بويىچە ھەر قايسىسىغا دارۇغاچ بېكىتىپ بېرىلىپ ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن يەر بېجى يىغىش، يارلىق چۈشۈرۈلمىسە ھەربىي ئالۋان سالماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 2 ـ جىلد). ئەينى چاغلاردا چاغاتايخاننىڭ ئىلكىدىكى زېمىندا بۇ بەلگىلىمە چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى، ئەلۋەتتە. بۇمۇ ئوگدايخان دەۋرىدە بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەتنىڭ ساقلاپ قېلىنغانلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تاشقى جەھەتتە ئوگدايخان چىڭگىزخان ئورۇنداپ بولالمىغان ئىستىلاچىلىق ھەرىكىتىنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ باردى. بۇ ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرى ئاساسەن جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا (جىن سۇلالىسى)، غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپادا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان ھەرقايسى يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ تەشكىللىنىشمۇ بۇ ھەرىكەتنى پۈتكۈل موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىكى ھەرقايسى ئۇلۇسلار بىرلىكتە ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

جىن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە ئوگدايخان ئۆزى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ئانجۇر ھەققىدە تەزكىرە.

قوماندانلىق قىلدى. بۇ ۋەقەنىڭ كىتابىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى يوق
دېيەرلىك بولغاچقا بۇ ھەقتە توختالمايمىز.
پېرسىيە، غەربىي ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ مەقسىتى ئالدى بىلەن
قېچىپ كەتكەن جالالىددىننى يوقىتىش ئىدى. يۇقىرىدا چىڭگىزخاننىڭ
غەربكە يۈرۈش قىلغانلىقىنى بايان قىلغاندا جالالىددىننىڭ موڭغۇل لەشكەر-
لىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى نەتىجىسىدە ئاتلىق ھىندى دەرياسىدىن ئۈ-
تۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلىگەنىدۇق. ئۇ دېھلىغا قېچىپ بېرىپ دېھلى سۇلتا-
نى تۇتمىشقا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلەپ باقتى. بىراق تەلىپى
رەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لاھور، مېرتانلاردا چۆگىلەپ يۈرۈپ،
ھىندى دەرياسىنى بويلاپ (Debul) دىبۇلغا كەلدى. ئۇ بۇ يەردە كاتۇ-
دىننىڭ ئىراقنى مۇستەقىل قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ جايدىكى لەشكەرلەرمۇ
ئۇنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىروز ۋە موكىلان ئار-
قىلىق پېرسىيىگە قاراپ ئاتلاندى. كېرمانغا كەلگەندە باراق بىلەن ئۇچ-
راشتى. ئۇ باراقنىڭ بۇ جاينى ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويۇپ، يەنە داۋاملىق
ئىلگىرىلەپ پارس، شىرازلاردىن ئۆتۈپ ئىسپاھانغا يېتىپ باردى. شۇ چاغ-
دىن باشلاپ جالالىددىن يەنە بىر مەھەل قۇدرەتلەندى. ئاندىن غەربتە خە-
لىپىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇرلىدى. شىمالدا ئەزەر-
بەيجان بىلەن گروزىيىگە ھەتتا تىبلىسقىمۇ ھۇجۇم قىلدى. 1228 ــ يىلى
جالالىددىن يەنە ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىن كەلگەن موڭغۇل لەشكەرلىرىنى
تارمار قىلدى. دەل شۇ چاغدا يېڭىدىن تەختكە چىققان ئوگدايخان جور-
ماخاننى ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن جالالىددىنغا ھۇجۇم قىلىشقا پېرسىيىنىڭ
ئوتتۇرا قىسمىغا ئەۋەتتى. جالالىددىن دەرھال كېچىلەپ قاۋان تېغى (ھا-
زىرقى روسىيىدىكى ئەرمىنىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) غا قېچىپ كەتتى.
1231 ـــ 1230 ـ يىللىرى ئۇ يەنە ئۇمىيا كۆلى تەرەپ بىلەن دىياربەكرى (ھا-
زىرقى تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا) گە بېرىپ يەرلىك ھاكىم
بىلەن بىرلىشىپ رۇم سۇلتانىغا ھۇجۇم قىلدى. 1231 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا جالالىددىن موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچ-
راپ ئازلا لەشكىرى بىلەن تاغقا قېچىپ كەتتى ۋە كوردلار تەرىپىدىن تۇ-

تۈپ ئۆلتۈرۈلدى. ئاخىرقى خارەزىمشاھنىڭ ئاقىۋىتى مانا شۇنداق بولدى. ئۇنىڭ يەرلىرىنىڭ ھەممىسى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېلىندى.

جالالىددىن يوقىتىلغاندىن كېيىن جورماخان داۋاملىق كاۋكاز، مېسسوپوتامىيە ھەتتا كىچىك ئاسىياغىچە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئاندىن غەلىبە بىلەن قايتتى. بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدە خۇراسان باشقىدىن قولغا ئېلىنىپ بۇ جايدا موڭغۇللارنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى تۇرغۇزۇلدى. مەسىلەن، موڭغۇللار خارەزىمنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن جۇجى چىن تۆمۈر ئىسىملىك قاراقىتاننى بۇ يەرگە باسقاق قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ چاغدا چىن تۆمۈر لەشكەرلىرىنى باشلاپ جورماخانغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئۈچۈن خۇراسانغا كەلگەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي چىن تۆمۈر خۇراسان بىلەن مازاندېرانغا باشلىق قىلىپ تەيىنلەندى. ھىجرىيە 633 ـ يىلى (مىلادى 1235 ــ 1236 ـ يىللىرى) ئۇنىڭ ئورنىغا موڭغۇللاردىن نوسار (ھىجرىيە 637 ـ يىلى يەنى مىلادى 1239 ــ 1240 ـ يىللىرى ئۆلگەن) دېگەن كىشى ۋارىسلىق قىلدى. بىراق نوسار پەقەت لەشكىرىي ئىشلارنى باشقۇردى. ئەينى چاغلاردىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۇيغۇرلاردىن كورجىس ئىسىملىك كىشى ئىدى («جامىئۇل تەۋارىخ» 2 ـ جىلد، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 51 ــ 72 ـ بەتلەر).

قىپچاق بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىش مەسىلىسى 1229 ـ يىلى ۋە 1235 ـ يىلى چاقىرىلغان ئىككى قېتىملىق قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن 1236 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشكە جۇجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى باتۇ قوماندانلىق قىلدى. يۈرۈشكە ھەر قايسى خانلاردىن: تولۇينىڭ نەسەبىدىن مۆڭكۇ، بۇجىكى؛ ئوگداي نەسەبىدىن كۆيۈك، قادان؛ جۇجى نەسەبىدىن ئوردا، شەيبان، تاڭغۇد ۋە مەشھۇر سەركەردە سۇبۇتاي قاتارلىقلار قاتناشتى. نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن 1236 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يولغا چىقىپ ئاۋۋال بۇلغار بىلەن باشقىرتنى، ئاندىن باشقا جايلارنى بويسۇندۇردى. 1237 ـ يىلى كۆكلەمدە مۆڭكۇ ۋولگا دەرياسىنى بويلاپ ھۇجۇم قىلىپ قىپچاق ئاقساقىلى خاچىر ئۇكورانى تۇتقۇن قىلدى.

ھىجرىيە 637 ـ يىلى ( مىلادى 1236 ـــ 1237 ـ يىللىرى ) ھەممە سەپتىكى
قوشۇن بىرلىكتە مولداۋا رايونىنى ئىشغال قىلدى . شۇ يىلى كۈزدە قۇرۇلتاي
ئۆتكۈزۈلۈپ ئورۇسلارغا ھۇجۇم قىلىش بېكىتىلدى . شۇنىڭ بىلەن موگـ
غۇل قوشۇنى كىلاگزان ، ئۇكا ، موسكۋا ، ۋىلادىمىر قاتارلىق شەھەرلەرنى
ئىشغال قىلدى . كېيىن يەنە جەنۇبتىكى كىيىۋقا ھۇجۇم قىلدى . ئارقىدىنلا
غەربتىكى ۋېنگرىيە ، پولشا ، چېخ ۋە بۇلغارىيىلەرگىچە بېسىپ بېرىپ ، 1242 ـ
يىلى ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قايتىپ كەلدى . باتۇنىڭ
مەملىكىتى ( جۇجى ئۇلۇسى ) روسىيىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئالتۇن
ئوردا خاندانلىقى دەپ ئاتالدى .

ئوگدايخان ھەرقايسى تەرەپلەرگە قوشۇن ئەۋەتىپ ئىستىلاچىلىق
ئۇرۇشى قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىنچ ـ مۇقىم ۋەزىيىتى
بۇزۇلدى . ئۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا موگغۇل ئوردىسى بىلەن چاغاتاي
خاندىن ئىبارەت ئىككى خىل ھۆكۈمرانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى . موگـ
غۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي
ئاسىياغا ئىككى چوڭ ۋازارەت تىكلەندى . بىرى تۈركىستان ماۋرا ئۇننەھر
ۋازارىتى بولۇپ ، شەرقتە ھانگاي تاغلىرىدىن باشلىنىپ غەربتە ئامۇ
دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ، يەنە بىرى ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىدىكى
ۋازارەت بولۇپ ، شەرقتە ئامۇ دەرياسىدىن باشلىنىپ غەربتە دىيار بەكرى ،
روم چېگرىسىغىچە بولغان جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى . ئوگدايخان
تەختكە چىقىشىنىڭ ئالدىدا تۈركىستان ماۋرا ئۇننەھر ۋازارىتىنىڭ
باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن كىشى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خارەزىملىك مەھـ
مۇد يالۋاچ ئىدى . يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان « يۈەن سۇلالىسى تارىخى » 2 ـ
جىلدتىكى يوللىغ چۇساي بىلەن مەھمۇدنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خىبىي
بىلەن غەربىي يۇرتقا باج ئېشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىلگەنلىكىمۇ بۇ
نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . موگغۇل ئوردىسىدىن ئەۋەتىلگەن بارلىق
ئەمەلدارلارنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىن يىغىلغان باج ـ سېلىقلار موگغۇل ئوردىسىغا تاپشۇرۇلۇپ ئۇ-
نىڭ بىر قىسمى خانلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن .

موڭغۇل ئوردىسىنىڭ بىۋاستە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بىلەن چاغاتاي خانمۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈش سىستېمىسىنى يولغا قويدى. چاغاتاي خان ئۆزى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا تۇرۇپ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئادىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆز ھوقۇقىنى قول ئاستىدىكى ۋەزىرلىرى ئارقىلىق يۈرگۈزەتتى. ئۇ ئۇلۇغ خاقان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ماۋرا ئۇننەھر رايونىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشاتتى، ھەتتا بەزىدە ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزۈپمۇ قوياتتى. چاغاتاي خانىنىڭ قول ئاستىدا ۋەزىر بولغانلار ئىچىدە خەنزۇلارمۇ، ئۇيغۇرلارمۇ، موڭغۇللارمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىق ۋەزىر — خەنزۇ ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەسلىدە چاغاتاي خانىنىڭ بىر خەنزۇ تېۋىپىنىڭ مالىيى بولۇپ، بۇ ياللانما تېۋىپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ خۇشۇك نويونىنىڭ پادىچىسى بولغان. ئۇ خەت - يېزىققا ئۇستا بولغانلىقى، چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى پىششىق بىلگەنلىكى تۈپەيلىدىن چاغاتاي خانغا ياراپ قېلىپ كېيىن مەرتىۋىسى ئۆسۈپ ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن. («جامىئۇل تەۋارىخ» 2 - جىلد، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 154 — 155 - بەتلەر) بۇ ۋەزىرنىڭ ھەقىقىي ئىسمى نامەلۇم.

چاغاتاي خانىنىڭ يەنە بىر ۋەزىرىنىڭ ئىسمى قاباش ھامىد بولۇپ، ئۇ ئوترارلىق مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ موڭغۇللار ماۋرائۇننەھر رايونىنى بويسۇندۇرغان چاغدىن باشلاپلا ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ چاغاتاي خانغا خىزمەت قىلىپ كەلگەن. خارەزىمشاھى مۇھەممەدنىڭ ئىككى قىزى تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن چاغاتاي خان بىرىنى ئۆزى ئېلىپ يەنە بىرىنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەرگەن. كېرماندىكى قۇتبىدىن شاھمۇ ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلاشقان. بۇنىڭدىن قاباش ھامىدنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چاغاتاي خانىنىڭ يەنە بىر ۋەزىرى ساكاج ئىدى. ئۇ ئۆلىما بولۇپ «ئىستىلىستىكا ۋە مۇنازىرە سەنئىتىنىڭ ئاچقۇچى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىملىرى ۋە قاباش ھامىد قاتارلىقلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن چاتاغاي خانغا ئىلىم ئۆگەتكەن.

چاغاتاي خانىنىڭ قول ئاستىدىكى چوڭ سەركەردىلەر ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى بارلاس قەبىلىسىنىڭ سەردارى تېمۇرنىڭ ئەجدادى قاراچار بولۇپ، چاغاتاي خانلىقىدا ئۇنىڭ ھوقۇقى ۋە تەسىرى ناھايىتى زور ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئاگلاشلارغا قارىغاندا، يەنە ئوگدايخان دەۋرىدە ماۋرا ئۇننەھردە ئەمەل تۇتقانلار ئىچىدە خازار بۇقا ئىسىملىك بىر موڭغۇل بولۇپ، ئۇ نەخشەب (ھازىرقى قارشى) تە تۇرغان؛ يەنە بىر خەنزۇ ۋەزىر ئەركانبەگ ۋە بۇقا نوھشاھ ئىسىملىك كىشىلەر سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغا ھاكىم بولغان («بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى» رۇسچە، 543 — 544 ـ بەتلەر).

چاغاتاي ئۇلۇسى گەرچە مۇستەقىل خانلىقتەك مەھكىمە تەسىس قىلىپ ئەمەلدار تەيىنلىگەن، ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن نامدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ماۋرا ئۇننەھر قاتارلىق جايلارنى موڭغۇل ئوردىسى بىۋاستە ئەمەلدار ئەۋەتىپ باشقۇراتتى. شۇڭا چاغاتاي خان بىلەن موڭغۇل ئوردىسىنىڭ ھوقۇق يۇرگۈزۈش سىستېمىسىدا زىددىيەت بار ئىدى: «جامئۇل تەۋارىخ» نىڭ 2 ـ جىلدى (ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 156 ـ بەت) دا مۇنداق بىر ۋەقە سۆزلەنگەن: ئوگدايخان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە چاغاتاي خان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ (بۈيۈك خاقان ۋە يالۋاچ باشقۇرۇۋاتقان) ماۋرا ئۇننەھردىكى بەزى جايلارنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەن. يالۋاچ بۇ ئىشنى بۈيۈك خاقانغا مەلۇم قىلدى. خاقان بۇ ئىشنى جىددىي سۈرۈشتە قىلىپ چاغاتاي خانىنى ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. چاغاتاي خان نامەلۇم ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن، خاقان ئۇنى ئەپۇ قىلىپ ھېلىقى جايلارنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىۋەتتى. خوجەنتتە تۇرغان يالۋاچ چاغاتاي خانىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ ۋەزىرىگە بۇ ئىشنى ئوبدان بىر ياقلىق قىلىشنى بۇيرۇدى. يۇقىرىقى ۋەقە چاغاتايخانىنىڭ موڭغۇل ئوردىسى بىۋاستە باشقۇرىدىغان يەرلەرنى كۆپ ئىگىلىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى

چۈشەندۈرۈپ، چاغاتاي خان بىلەن موڭغۇل ئوردىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

جۇۋەينىي «تارىخىي جاھان كۇشاي» دېگەن كىتابىدا يالۋاچنى كۆپ مەدھىيىلىگەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ماۋرا ئۇننەھر يالۋاچنىڭ باشچىلىقىدا تەرتىپكە سېلىنىپ باشقىدىن قۇرۇلدى. ھىجرىيە 656 ـ يىلى (مىلادى 1259 ـــ 1260 ـ يىللار) غىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ يەردىكى ۋەيرانچىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ھەممىلا جاي ئەسلىدىكى گۈللەنگەن ھالىتىگە يەتتى. بەزى جايلار ئەسلىدىكى سەۋىيىگە يەتكۈزۈلدى» («تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 96 ـ بەت). يالۋاچنىڭ شەھەرلەرنى گۈللەندۈرۈشى نەتىجىسىدە ھەر تەرەپكە تارقاپ كەتكەن ئاھالىلەر بارا ـ بارا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشتى. كىشىلەر ھەر يەر ھەر جايلاردىن ماۋرا ئۇننەھرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقاچقا، بۇ شەھەرلەر ئىپسىلزادە مۆتىۋەرلەر توپلاشقان جايلارغا ئايلاندى (يۇقىرىقى كىتاب 107 ـــ 108 ـ بەتلەر).

يالۋاچ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد مۇسۇلمان بولغاچقا، مۇسۇلمان مۇئەللىپلەرنىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان چاغاتاي خانغا نىسبەتەن ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. مۇسۇلمان ئەدىب جۇزبجانى چاغاتاي ھەققىدە توختىلىپ: «قەبىھ چاغاتاي مۇستەبىت، رەھىمسىز، ياۋۇز، ئەخلاقسىز، يامان ئىش قىلىدىغان ئادەم» دېگەن. چاغاتاي خان شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان مۇئەللىپلەرنىڭ لەنىتىگە قالغانكى، ئۇ چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ جاساق (موڭغۇل قانۇنى) بويىچە مەملىكەت باشقۇرغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار موڭغۇل قانۇنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئەلۋەتتە بېسىمغا ئۇچرىغان. جۇۋەينىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، (موڭغۇل قانۇنى) ئەرەب قاتارلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن چىداش قىيىن بولغان ئېغىر يۈك ئىدى. چۈنكى. بۇ قانۇندا مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى بويىچە مال بوغۇزلىسا، كۈندۈزى ئېقىن سۇغا چۈشۈپ يۇيۇنسا ... بولمايتتى. شۇڭا خۇراساندا كىشىلەر بىر مەھەل ئاشكارا قوي بوغۇزلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. مۇسۇلمانلار پۇراپ

قالغان گۆشىنى يېيىشكە مەجبۇرلاندى. («تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 272 ــ بەت). چاغاتاي خان بۇ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنى مەلۇم بىر دىنغا يان باسقان دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئۇ چىڭگىزخان بىلەن ئوگدايخانغا ئوخشاش باشقا دىنلارغا شۇبھىسىز كەڭ قورساقلىق بىلەن يول قويدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ماۋرا ئۇننەھردە يەنىلا كۆپلىگەن مەسچىت ۋە مەدرىسىلەر بىنا قىلىندى.

## 2- بۆلۈم مەھمۇد تارابى قوزغىلىڭى

مىلادى 1238 ــ يىلى چاغاتاي خان ۋە يالۋاچ ماۋرا ئۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە بۇخارا رايونىدا چوڭ كۆلەملىك خەلق قوزغىلىڭى ــــ مەھمۇد تارابى قوزغىلىڭى پارتلىدى.

تارابى ــــ بۇخارادىن ئۈچ پەرسەخ يىراقلىقتىكى بىر قەدىمكى كەنت بولۇپ، خۇراسانغا بارىدىغان چوڭ يول ئۈستىگە جايلاشقانىدى. بۇ كەنتتە مەھمۇد ئىسىملىك بىر ئۆتكەمە (غەلۋىر، ئەلگەك) چى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي ئەمگەكچى دېھقان ئىدى. ئۇ ھەم ساۋاتسىز ئىدى. فېئوداللارنىڭ زۇلمىغا (يەنى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى، بۇخارانىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلىرى ۋە يۇقىرى تەبىقە دىندارلىرىغا) قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ تارىختىكى خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئوخشاشلا دىنىي چاقىرىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن سەپەرۋەرلىك قىلىپ ئاممىنى تەشكىللەش ئۇسۇلىنى قوللاندى، بىراق ئۇ شۇ چاغلاردا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئىسلام دىنى ئەنئەنىچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇراپاتلىق ۋە سېھىرگەرلىكنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ قوزغىلاڭنى ئېلىپ باردى.

ئەينى چاغلاردا ماۋرا ئۇننەھر بىلەن تۈركىستاندا، بولۇپمۇ ئاشۇنداق پېرىخون، ئۆزىنى جادۇگەر ھېسابلايدىغان، پېرى ئويناش قاتارلىق سېھىرلەر بىلەن كېسەل داۋالىيالايدىغان ئېتىقادچىلار كۆپ ئىدى. مەھمۇدنىڭ ئاچىسى دەل شۇنداق پېرىخون بولۇپ، ئۇ بۇ ھۈنىرىنى مەھمۇدقىمۇ ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەھمۇدقا كېسەل كۆرسەتىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ئۇنداقلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ساقىيىپ قالغاچقا، مەھمۇدنىڭ

نامى يىراققا تارقىلىشقا باشلاپ، يىراق ـ يېقىندىكى ھەممە كىشىلەر ئۇنى تونۇپ كەتتى. بۇخارادا يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان يەنە بىر ئۆلىما كىشى بولۇپ، ئىسمى شەمسىددىن مەھبۇبى ئىدى. ئۇ بۇخارانىڭ شەيخۇلئىسلامى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغانلىقتىن، مەھمۇدقا قوشۇلغان. ئۇ مەھمۇدقا ئاتىسىنىڭ بىر ئەسىردە بۇخارادىكى تارابى كەنتىدىن دۇنيانى بويسۇندۇرىدىغان بىر پادىشاھ چىقىدۇ دېيىلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە مەھمۇدنىڭ چىراي ـ شەكلى ۋە بوي ـ تۇرقىدىن ئەنە شۇنداق بىر پادىشاھنىڭ ئالامىتى چىقىپ تۇرىدۇ دېگەن. مانا شۇنداق يالغان سۆزلەردىن مەھمۇد خۇدىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويغان. مۇنەججىمنىڭ يۇلتۇزغا قاراپ ھېسابلاپ چىقىشىچىمۇ بۇ خىل كارامەتتىن شەپە كەلگەچكە، مەھمۇدقا ئەگەشكۈچىلەر بارا ـ بارا كۆپىيىپ، پۈتكۈل شەھەر، پۈتكۈل رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدىغان بولۇشتى.

بۇ ئىشلار بۇخارادىكى ئەمىرلەر ۋە باسقاقلارنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. ئۇلار بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى باستۇرۇۋېتىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئىزدەشتى ھەمدە خوجەندكە ئادەم ئەۋەتىپ بارلىق ئەھۋاللارنى يالۋاچقا مەلۇم قىلدى. يالۋاچنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلار مەھمۇدنى شەھەر ئىچىگە باشلاپ كىرىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا يېرىم يولدا ئۇنى ئۆلتۈرۈش پىلانلاندى. مەھمۇد تەكلىپكە بىنائەن تارابى كەنتىدىن قوزغالغاندا بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغان سالپۇر (كۆۋرۈك بېشى دېگەن مەنىدە) غا يېقىنلاشقاندا موڭغۇل باسقىقى تانشاغا: «سەن ھىيلە ـ مىكىرلىرىڭنى ئىشقا ئاشۇرىمەن دېمە، بولمىسا كۆزۈڭنى كور قىلىپ قويىمەن» دەيدۇ. موڭغۇللار ئۇنىڭ بۇنداق دېگىنىنى ئاڭلاپ ئۇنى ھەقىقەتەن ئالدىن بىلىۋالالايدىغان ئەۋلىيا ئىكەن دەپ قاراپ ئۆلتۈرۈشكە پېتىنالماي، ئۇنى بۇخاراغا ـــ مالىك سانجار قەسرىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

بۇخارانىڭ ئەمىر ـ تۆرىلىرى گەرچە ئۇنى كۈتۈۋالغان بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پۇرسەت تېپىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ ئېپىنى قىلىدۇ. ئۇ تۇرغان جاينىڭ ئەتراپى ۋە يېقىنلا جايدىكى بازارغا ئاۋام خەلق

تۇپلاشقان بولۇپ، ئادەملەر مىغ - مىغ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى
ئۇنىڭغا موڭغۇللارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ
قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەرھال تۇيدۇرماي بىر مەخپىي ئىشىك ئارقىلىق
قەسىردىن چىقىپ ئاتقا مىنىپ ئابى قافۇس تېغىغا قېچىپ كېلىۋالىدۇ. بۇ
پەردىمۇ يەنە بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. موڭغۇللار ئۇنى
تاپالماي ھەر تەرەپكە ئاتلىق چېرىكلەرنى ئەۋەتىپ ئىزدەپ ئاخىر مۇشۇ
جايدىن ئۇنى تاپىدۇ ۋە قايتىپ كېتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. مەھمۇدنى
ئورىۋالغان كىشىلەر، «ئۇ قانىتىنى بىر قېقىپلا ئابى قافۇس تېغىغا ئۇچۇپ
كەلدى» دەپ ۋارقىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر يەنە ئۇنى ھىمات قى-
لىپ ئۇنىڭ قېشىغا توپلىشىدۇ. مەھمۇد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى
قولىغا قورال ئېلىپ بىدئەتلەرنى يوقىتىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. ئۇ كۆنى جۈمە
ئىدى. مەھمۇد كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىدە بۇخاراغا كىرىپ راجى مالىك
قەسىرىگە چۈشىدۇ. شۇ كۈنكى نامازنىڭ قۇتبىسى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئوقۇ-
لىدۇ ھەمدە ئۇ بۇخاراغا سۇلتان بولىدۇ.
مەھمۇد شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن شەھەردىكى بارلىق سادىرىلار
ۋە داڭدار كىشىلەرنى چاقىرىپ، سادىرىلارنىڭ رەھبىرى بۇرھانىددىننى ۋە-
زىپىسىدىن قالدۇرۇپ ئۇنىڭ مۇرىتى شەمسىدىن مەھبۇبىنى ئۇنىڭ ئورنىغا
چىقىرىدۇ. ئۇ يەنە ئېسىلزادىلەرنى قاتتىق ھاقارەتلەيدۇ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈ-
رىدۇ. يەنە بەزىلىرىنى سۈرگۈن قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە «مېنىڭ
لەشكەرلىرىمنىڭ بىر قىسمى ئاسماندا ئۇچىدىغان ئىلاھ ۋە يەردە ماڭىدىغان
جىن - شەيتانلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، بۇلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ.
يەنە بىر قىسمى ئاددىي ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنى كۆرگىلى
بولىدۇ، سىلەرگە ھازىر ئۇلارنى كۆرسىتىپ قوياي، ھەممىڭلار ئاسمانغا بې-
قىڭلار ۋە يەرگە قاراڭلار، مېنىڭ سۆزۈمگە ئاندىن ئىشىنىسىلەر» دەيدۇ.
مەھمۇدنىڭ مۇرىتلىرى ئۇنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشى
بويىچە ھەممىسى بىردەكلا «شۇنداقكەن» دېيىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ،
ئاۋام خەلق ئۇنىڭ دېگىنىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ قالىدۇ. ئۇ يەنە:
«قۇدرەتلىك ئاللا بىزگە ھازىر قورال بېرىدۇ» دەيدۇ. دەل شۇ چاغدا شىراز-

دىن كەلگەن بىر سودىگەر تۆت دانە خەنجەر ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ كىگىز ئۆي، گىلەم قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ئىشلىتىدۇ. كىشىلەر توپ - توپ بولۇشۇپ بەزىلىرى بايلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ تەپتارتماستىن بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ. كەچ كىرگەندىن كېيىن مەھمۇد خانىسىغا كىرىپ گۈزەل قىزلار بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىدۇ. ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇلار بۇلاپ كەلگەن نەرسىلەرنى يا مۇكاپات قىلىپ تارقىتىپ بېرىدۇ يا چېرىكلەر بىلەن بىر مەزھەپتىكىلەرگە بۆلۈپ بېرىدۇ. مەھمۇدنىڭ ئاچىسى ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ «مەن ئۇنىڭغا بىرەر ئىش قىلالامدىكىن دەپ ياردەم بەرگەنىدىم. ئەمما ئۇ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالىدۇ.

شۇ چاغدا بارلىق ئەمىر ۋە سادىرلار كېرمىناغا يىغىلىپ ئۇ جايدىكى موڭغۇل لەشكەرلىرىنى توپلاپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. مەھمۇدمۇ ئادەملىرىنى يىغىپ ئۇرۇشقا ھازىرلىنىدۇ. ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى جەڭ مەيدانىغا كىرگەندە مەھمۇد بىلەن مەھبۇبى ئىككىيلەن قورالانماي ھەم ساۋۇتمۇ كىيمەي سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كىمكى مەھمۇدقا قول تەگكۈزسە، پالەچ بولۇپ قالغۇدەكمىش. شۇڭا ئۇنىڭغا ھېچكىم ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىغان. ئاخىر بىر كىشى مەھمۇدنىڭ ئەجەللىك يېرىگە ئوقيا ئاتقان. يەنە بىر تال ئوق مەھبۇبىغا تەگكەن. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت شىددەتلىك بوران چىقىپ، قۇم - شېغىللار ئۇچۇپ يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماي قالغان. موڭغۇل لەشكەرلىرى مەھمۇد سېھىرگەرلىك قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېچىشقا باشلىغان. تارابىنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بەرگەن. بۇخارا رايونىدىكى ئاھالىلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن كەنتلەردىن چىقىشىپ پالتا - ئوتىغۇچلار بىلەن قاچقۇنلارغا زەربە بەرگەن. ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ، بولۇپمۇ باجگىر ۋە پومېشچىكلارنىڭ كاللىسى ئېلىنغان. ئۇلار موڭغۇللارنى كېرمىناغىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ بىر تۈمەنگە يېقىن ئا-

دىمىنى چېپىپ ئۆلتۈرگەن. ئۇلار موڭغۇل لەشكەرلىرىگە قوغلاپ زەربە بېرىپ قايتىپ كېلىپ مەھمۇدنى تاپالمىغان. ئەمەلىيەتتە مەھمۇد بىلەن مەھبۇبى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەھمۇدنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد بىلەن ئەلى ئىككىيلەننى ئۆزلىرىگە سەردار قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن موڭغۇللار يەنە يۇلتۇز نويون بىلەن ئىچكىن خۇركى ئىككىيلەننى نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاشلا جەڭگە كىرىدۇ. ئېلىشىش باشلىنىشى بىلەنلا مۇھەممەد بىلەن ئەلىگە ئوقيا ئوقى تېگىپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن تەخمىنەن ئىككى تۈمەن ئادەم ئۆلىدۇ. موڭغۇل لەشكەرلىرى بۇخارالىقلارنىڭ ھەممىسىنى كەڭ بىر مەيدانغا يىغىپ ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپ بۇ شەھەرنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىشكە تەييارلىنىدۇ. بۇ چاغدا يالۋاچ: «بىز شۇنچە كۆپ ۋاقىت تىرىشىش ئارقىلىق بۇخارانى گۈللەندۈرگەن. بىر قانچە ئادەمنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا شەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتسەك بولماس» دېگەنلىكى ئۈچۈن، بىر مەيدان قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ («تارىخي جاهان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 109 ـــ 115 ـ بەتلەر) يالۋاچ ئۆز ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى، جۈملىدىن شەھەردىن باج ـ سېلىق يىغىپ دۆلەت مالىيىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بۇ قىرغىنچىلىقنى چەكلەپ قويىدى، ئەلۋەتتە.

ماۋرا ئۇننەھرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن مەھمۇد تارابى قوزغىلىڭى مانا شۇنداق باستۇرۇلدى. خۇددى جۇۋەينى ئېيتقاندەك، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بۇخارانىڭ دىنىي ۋە دەھرىي (بىدئەتچى) فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قوزغالغان. مەھمۇد ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن قوزغىلاڭچى قالقان ساتقۇچىنىڭ ئوغلى سانجار مالىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كەمبەغەل دېھقانلار بولۇپ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىغا كۆپ ئۇچرىغان، تۇرمۇشى جاپالىق دېھقان ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. «راھىب چيۇچۇجىنىڭ غەربكە سەپەر خاتىرىسى» دىمۇ

دېھقانلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىر قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىدەك ۋەقەلەر تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ماۋرائۇننەھردىكى ۋەيرانچىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن دەۋرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن توغرا ئىدىيىگە ئىگە بولمىغان قوزغىلاڭچىلار پەقەت دىن، خۇراپاتلىق ۋە سېھىرگەرلىك قاتارلىقلارغا تايانغان. مەھمۇد ئۆزىمۇ پادىشاھ بولۇش كويىدا يۈرگەن، نادان، خۇراپىي تۇرمۇشتا چۈشكۈنلەشكەن ئادەم ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ باشچىلىق قىلغان قوزغىلاڭ ئاخىر مەغلۇپ بولۇشتىن خالىي بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

موڭغۇل ئوردىسىدىن ماۋرائۇننەھرگە ئەۋەتىلگەن يالۋاچ چاغاتايخان بىلەن ئەزەلدىن چىقىشالمايتتى. ئۇنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ مەھمۇد قوزغىلىڭىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنالمىدى. خەلق قوزغىلىڭى موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىۋەتتى. قوزغىلاڭنىڭ نەتىجىسى ئاخىر يالۋاچنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا يۆتكىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلار زېمىنىدىن خارەزىمگىچە (قەشقەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كەڭ جايلار يالۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇدنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى. بۇ چاغدا ئوگداي يەنە رۇقنادىننى كېرمانغا سۇلتان قىلىپ تەيىنلەپ قۇتلۇق سۇلتان دەپ نام بەردى ھەمدە قۇتبىددىننى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى. قۇتبىددىن كەلگەندىن كېيىن ئۇلۇغ خاقان ئۇنى يالۋاچ بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا بېرىپ خىزمەت كۆتۈشكە ئەۋەتتى (« تارىخىي جاھان كۇشاي » ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 480 ـ بەت). خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئوگدايخان تەختتە ئولتۇرغان دەۋرنىڭ ئاخىرىدا (1241 ـ يىلى) « قىش، 10 ـ ئايدا يالۋاچنى خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا بۇيرۇق بەرگەن » ①.

## 3 ـ بۆلۈم كۆيۈكخان دەۋرى

ئوگدايخان كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلگەنلىكتىن سالامەتلىكى ناچارلىشىپ

① « يۈەن سۇلالىسى تارىخى »، 2 ـ جىلد.

1241 - يىلى قىشتا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئاكىسى چاغاتايخانمۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالەمدىن ئۆتتى. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىككى نەپەر سەركەردىسى — چىڭگىزخاننىڭ ئىككى ئوغلى ئۆلىدۇ. بۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە نىسبەتەن زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىمنى خاننىڭ ئورنىغا دەسسىتىش مەسىلىسىدە بىر قاتار ئىچكى ئۇرۇشلار يۈز بەردى.

ئوگدايخاننىڭ خوتۇن - توقاللىرى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرى: بۇراخاچىن خانىش ئوردا بېشى ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا تۇركان (تۇرگىنا) نايماچىن ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئالتىنچى خانىش ئىدى. ئۇ ئوگداينىڭ دەسلەپكى بەش بالىسىنى شۇ خوتۇنى تۇغقان. يەنە توقال يەرچىنامۇ بولۇپ، ئۇ مەلىكىنى تۇغقان. باشقىلىرى ئانچە ئاتاقلىق ئەمەس ئىدى. ئوگدايخان ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ئورنىغا ئۈچىنچى ئوغلى كوچۇنىڭ بالىسى شىرامۇننى تەخت ۋارىسى قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئەمما ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تۇركان خاتۇن ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئىش تۇتمايدۇ. ئۇ دەسلەپتە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بەش يىلغىچە ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى خاننىڭ ئورنىغا شىرامۇننى ئەمەس، ئۆز ئوغلى كۈيۈكنى ئولتۇرغۇزۇش ئىدى. ئۇنى چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خانلار قوللايتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا؛ ئۇنىڭغا سىياسىي ئىشلارنى باشقۇرغۇزۇش چاغاتايخاننىڭ مۇددىئاسى ئىكەن. گەرچە چاغاتاي ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەنىلا ئوگداينىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن بىر تەرەپتە ئىدى. تۇركان خاتۇنغا قارشى تۇرىدىغانلار بولسا باتۇخان باشچىلىقىدىكى جۇجى ئەۋلادلىرى ۋە تولۇي ئەۋلادلىرى ھەمدە چىڭگىزخاننىڭ ئىنىسى ئوتچىگىن قاتارلىقلار ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچىدىكى بۇ ئىككى چوڭ مەزھەپ (ئوگداي بىلەن چاغاتاي ئەۋلادلىرى بىر تەرەپدار، جۇجى بىلەن تولۇي ئەۋلادلىرى بىر تەرەپدار) ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش باشلىنىدۇ.

تۇركان خاتۇن ھوقۇق يۈرگۈزگەندىن كېيىن، چىڭگىزخان ۋە ئوگدايخان دەۋرىدىن بۇيانقى كونا ئەمەلدارلارغا ئىشەنچ قىلمىدى.

مەسىلەن، ئوگدايخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ مۇسۇلمان سودىگەر، چوڭ
جازانىخور ئابدۇللا قامانغا ئىشىنىپ كېتىدۇ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»
(1- جىلد) تا: ئۇ «مەككار مۇسۇلمانلارغا ئىشىنىپ كەتكەچكە، ھاكىمىيەت
ئىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى شۇلار بېجىرىدۇ. ئابدۇللا قامان پۇل- پۇچەككە
تايىنىپ ھوقۇقنى ئېرىشىدۇ. ئوردىدا ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى.
(يولىلىغ) چۇسايلا ئۇنىڭدىن ھېيىقماي، گەپ بولسا يۈزتۇرا دەۋېرەتتى» دې-
يىلگەن. يولىلىغ چۇسايىنىڭ تەكلىپلىرى راۋا كۆرۈلمىگەچكە، ئۇ ئاخىر
ھەسرەت ۋە نەپرەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. خۇراساننىڭ ھاكىمى كۇر-
جىس 1241 — 1262- يىلى قىشتا ئوردىغا سالامغا كېلىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە
ئوگدايخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. ئۇ چاغاتاي خان-
نىڭ تەۋەلىكىدىكى يەرلەردىن ئۆتىۋاتقاندا (چاغاتاي يېقىندىلا ئالەمدىن
ئۆتكەنىدى)، بۇ جايدىكى بىر ئەمەلدار بىلەن جېدەللىشىپ قالىدۇ ۋە سۆز
ئارىلىقىدا ئۇ چاغاتايخاننىڭ تۇل قالغان خوتۇنىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپنى
قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۇركان خاتۇن كۇرجىسنى چاغاتاي ئوردى-
سىغا تاپشۇرۇپ سوت قىلدۇرۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەمىر
ئارغۇننى خۇراسانغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىدۇ. مانا شۇنداق ئەھۋاللار تەكرار-
لىنىۋەرگەچكە، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خېيىم- خەتىرى تېخىمۇ
ئۇلغىيىدۇ.

كۆيۈكخان ئوگدايخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ تۇركان خاتۇندىن
تۇغۇلغان. ئوگدايخان ئالدەمدىن ئۆتكەندە، كۆيۈك باتۇغا ئەگىشىپ
قىپچاققا ھەربىي يۈرۈشكە كەتكەن بولۇپ قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئۇ چاغدا
چىڭگىزخاننىڭ ئىنىسى ئوتچىگىن قورال كۈچى بىلەن سىياسىي ھوقۇقنى
قولغا كىرگۈزۈۋېلىش مەقسىتىدە نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنغا باشچىلىق قى-
لىپ قاراقورۇمغا ئاتلانغانىدى. ئۇ بۇ چاغدا كۆيۈك ئېمىلدىكى ئوردىسىغا
قايتىپ كەپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لەشكەرلىرىنى
باشلاپ قايتىپ كېتىدۇ.

كۆيۈك قىپچاققا ھەربىي يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىدا باش قوماندان
باتۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي ئىككىيلەن ئارازلىشىپ قالىدۇ. تۇركان خا-

تۇن قۇرۇلتاي چاقىرىپ كۆيۈكنى خانلىق تەختىكە ئولتۇرغۇزۇشقا تەييارلىق
قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما باتۇ ھەر تەرەپتىن تۇسالغۇ پەيدا قىلىپ
قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىنى كەينىگە سۈردۇ. 1246 ـ يىلى ياز پەسلى كەلگەن-
دىلا ئاندىن قۇرۇلتاي قارا قۇرۇمغا يېقىن جايدا ئېچىلدۇ. ئەمما باتۇ مىجەزىم
يوق دەپ باھانە كۆرسىتىپ قاتناشمايدۇ. ئۇ چاغدا قۇرۇلتايغا كېلىپ قاتناش-
قانلار تۆلۈنىڭ ئايالى سۇر قۇقتان خاتۇن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، ئوتچىگىن
ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى چاغاتايدىن كېيىنكى خان قاراھىلاكۇ، ئىسۇن تۇۋا ۋە
چاغاتاينىڭ باشقا نەۋرىلىرى، جوجى ئەۋلادىدىن بولغان خانلاردىن ئوردا،
شەيبان، بېركېي، تاڭغىد ۋە توقاتېمۇر، قۇرۇلتايغا يەرلىك ئەمىر ۋە ئە-
مەلدارلاردىن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئەمەلدارى،
تۈركىستان بىلەن ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ھاكىمى مەسئۇد، خۇراساننىڭ ئەمىرى
ئارغۇن، ئىراق، لور، ئەزەربەيجان ۋە شىرىۋان قاتارلىق جايلارنىڭ
ئەمىرلىرى، رۇم سۇلتانى رۇقنادىن، گروزىيىنىڭ ئىككى كىنەزى داۋىي
نارىن بىلەن داۋىي راشا، ئورۇس كىنەزى ياروسلاۋ، ئەرمىنىيىنىڭ پادىشاھى
ھايتۇن I نىڭ ئىنىسى سىنپاد، موسۇلنىڭ سۇلتانى بادىرادىن، رۇمنىڭ
ئەلچىسى، باغداد خەلىپىسى ئەۋەتكەن چوڭ قازى فەخرىدىن، پارس بىلەن
كىرمانىنىڭ ئەلچى ـ ۋەزىرلىرى، ئاراموت ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئىمامى
ئالاۋىدىن ۋە كوھىستاندىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ھەتتا يەنە فرانكىلارنىڭ
ئەلچىلىرىمۇ قاتناشتى («تارىخىي جاھان كۇشاي»، ئىنگلىزچە تەرجىمە
نۇسخا، 2 ـ جىلد 181 ـ بەت). قۇرۇلتايدا بارلىق خان، ئەمىرلەر ئەمەلىي
ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان تۇركان خانىشنىڭ پىكرى بويىچە كۆيۈك خاننى (
گەرچە ئۇ كېسەل بولسىمۇ) ئۇلۇغ خاقاننىڭ تەخت ۋارىسى قىلىپ تىك-
لەشتى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن يەنە خانلىقنى
مەڭگۈ ئوگداي ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا ساقلاپ قېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان-
كەن.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا ئىتالىيىلىك بورا نۇكېنمۇ قاتناشتى. ئۇ پاپا
ئېننوس N نىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن موڭغۇللاردىن ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىشنى
ئەمدى توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ ھەمدە موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ خىرىس-

تىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى 1245 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى لىئودىن يولغا چىقىپ گېرمانىيە، پولشالار ئارقىلىق روسىيىگە بارغان. 1246 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يەنە كىيېۋدىن يولغا چىقىپ 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خاقانى — باتۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. باتۇ ئۇلارنى قارا قىتانلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىغا بارىدىغان يول بىلەن قاراقۇرۇم تەرەپكە ئاپىرىپ قويغان. ئۇلارنىڭ مېڭىش لىنىيىسى مۇنداق: ئوترادىن يولغا چىقىپ بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، ئېمىل دەرياسى ھەمدە نايمانلار زېمىنى ئارقىلىق 1246 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۇلۇغ خاقاننىڭ ئوردىسىغا بارغان، بۇ جاينىڭ قارا قۇرۇم بىلەن بولغان ئارىلىقى يېرىم كۈنلۈك يول ئىدى. سەپەرداشلار ئىچىدە پولشىلىق بىندومۇ بار ئىدى. بۇ چاغدا موڭغۇللار قۇرۇلتاي ئېچىۋاتاتتى. ئۇ كۈيۈكخاننىڭ تەختكە چىققانلىق ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ساياھەت خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «كۈيۈكخان تەخمىنەن 40 — 45 ياشلاردا بولۇپ، ئوتتۇرا بوي، ناھايىتى ئەقىللىق، چېچەن كىشى ئىكەن. ئۆزىنى ناھايىتى سالماق تۇتىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەزەلدىن قاقاقلاپ كۈلمەيدىكەن ياكى يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا يول قويمايدىكەن» (موڭغۇلىستانغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى، 68 ـ بەت).

يەنە ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، كۈيۈكخان نېستورى دىنىنى ياقتۇرىدىكەن. بورانوكېين نېستورى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئوردا ئالدىغا توپلىشىپ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. نېستورى مۇرىتى، ئوڭ قول ۋەزىر — چىنقاينىڭ ياردىمىدە ئۇ ئاندىن كۈيۈكخان بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتقان. كۈيۈكخاننىڭ پاپا ئىننوس Ⅳ كە بەرگەن مەكتۇپىنى پروفېسسور پېللىئون ۋاتىكاندىكى ئارخىپلار ئىچىدىن تاپقان. مەكتۇپتا تەھدىت تەلەپپۇزى بىلەن پاپا ۋە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان پادىشاھتىن ئالدىغا كېلىپ موڭغۇللارغا خىزمەت ۋە بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلىنغان (يۇقىرىقى كىتاب 85 ـ بەت). بورانوكېين مەكتۇپنى ئېلىپ 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خان ئوردىسىدىن يولغا چىقىپ كەلگەن يولىنى

بويلاپ ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بىلەن مېڭىپ، 1247 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى باتۇخاننىڭ قارارگاھىغا يېتىپ كېلىپ ئاندىن كېيىنۇ ئارقـ لىق قايتىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسى ياۋروپا ـ ئاسىيا دالاسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەرمىنىيە شاھى ھايتۇن I نىڭ ئىنىسى سىنپادمۇ كۆيۈكخاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. ئۇنىڭ دۆلىتى موڭغۇللار بىلەن دوستانە ئۆتكەن ۋە ئۇلار تەرىپىدىن قوغدالغان. سىنپاد 1250 ـ يىلى قايتىپ كەتكەن. ئۇ سىگىلىسنىڭ ئېرى سىپرۇس پادىشاھى ھېنرى I گە ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا: «شەرق تەرەپتىكى خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى خاقاننىڭ ھىمايىسى ۋە ئەتىۋارلىشىغا سازاۋەر بوپتۇ» دەپ يازغان. بۇلارمۇ كۆيۈكخانـ نىڭ خرىستىئان دىنى تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئوگدايخان بىلەن چاغاتايخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. ئەينى چاغلاردا چاغاـ تايخاننىڭ ئەۋلادلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق بىرنەچچە ئوغلىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۇنجى خوتۇنى ئىسۇلۇندىن تۇغۇلغانىدى. بۇلاردىن مۇتۇگانغا چىڭگىزخان بىلەن چاغاتاي ئىككىسىلا ئامراق بولۇپ، ۋەلىئەھدلىككە بېكىتىلگەنىدى. ئەمما، بۇ بالا چىڭگىزخان بىلەن باميانغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئوقيا ئوقى تېگىپ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇتۇگاننىڭ ئوغلى قاراھىلاكۇ ۋەلىئەھدلىككە بېكىتىلگەن ( بۇنىڭدىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋردە چاغاتايخاننىڭ تەخت ۋارىسىمۇ ئۇلۇغ خاقان تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ). چاغاـ تايخان ئۆلگەندىن كېيىن ئىسۇلۇن بىلەن ۋەزىر قاباش ھامىد بۇ نەۋرىنىڭ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىشىنى قوللايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئىسۇلۇن ھاكىمىيەت باشقۇراتتى. خۇراساننىڭ ئۇيغۇر ھاكىمى كۇرجىس ئىسۇلۇن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەۋردە ئۆلتۈرۈلدى. قارا ھىلاكۇ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىت (1242 ـــ 1246 ـ يىللار) تۇركان خاتۇن دۆلەتنى ئىدارە قىلغان ۋاقىت ئىدى.

1246 ـ يىلى كۆيۈكخان تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دەرھال چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەخت ۋارىسىنى تەيىنلەش مەسىلىسىگە قول تىقىدۇ. ئەينى چاغلاردا چاغاتاي خانلىقى بىلەن باشقا خانلارنىڭ يېرى گەرچە مۇستەقىل ھوقۇققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىمپېرىيىنىڭ بىر قىسمىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى تەيىنلەش ۋە ئېلىۋېتىش ئىشىنى ئىمپېرىيىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى بىۋاسىتە بېكىتەتتى. يېڭى تەختكە چىققان كۆيۈكخان چاغاتايخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى يېسۇمۆڭكۈ بىلەن ناھايىتى ياخشى دوستلاردىن ئىدى. چۈنكى يېسۇ مۆڭكۈ ئۆزىنىڭ سىياسىي دۈشمىنى تۆلۈنىڭ ئوغلى مۆڭكۈ خانغا قارشى ئىدى. شۇڭا كۆيۈكخان ئۇنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى قىلىپ بېكىتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «چاغاتايخاننىڭ ئوغلى بار تۇرسا، ئۇنىڭ نەۋرىسى قانداق قىلىپ تەخت ۋارىسى بولالىسۇن؟» شۇنداق قىلىپ، قارا ھىلاكۇنىڭ ئورنىنى يېسۇ مۆڭكۈ ئىگىلەيدۇ.

يېسۇ مۆڭكۈ مەيخۇمار ئەيش ـ ئىشرەتكە ئامراق كىشى ئىدى. ئۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ بارلىق مەمۇرىي ئىشلىرىنى خوجا باھاۋىددىن ئىسىملىك باش يارdەمچىسىگە تاپشۇرىدۇ. بۇ كىشى مۇسۇلمان بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ دادىسى پەرغانىنىڭ شاھى بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئانىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققانىكەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغاچقا، قاباش ھامىد ئۇنى بېقىۋالغان. باھاۋىددىن بىلىملىك بولغاچقا، چاغاتايخان تەرىپىدىن يېسۇ مۆڭكۈنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتىلگەن. يېسۇ مۆڭكۈ ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپلا قاباش ھامىدنى ئەمەلىدىن ئېلىپ تاشلىغان. باھاۋىددىننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن جۇۋەينى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، دىنىي ئىلىم ۋە باشقا ئىلىم ـ ھېكمەتلەر جەھەتتىمۇ كامالەتكە يەتكەن. ئۇنىڭ ئۆيى شۇ چاغلاردىكى ئالىملار بىلەن سادىرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايدا ئىدى» («تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 275 ـ 276 ـ بەتلەر). باھاۋىددىننىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن قاباش ھامىد يېسۇمۆڭكۈ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلمىگەنىدى.

يېسۇمۆڭكۈنىڭ تايشى ئىسىملىك بىر خوتۇنى بار ئىدى. يېسۇ

مۆڭكۈ دائىم كەيپ - ساپا بىلەن يۈرگەچكە تايشى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن پەرمان چىقىرىپ ئىش باشقۇراتتى. شۇڭا چاغاتاي خانلىقىدا ئۇنىڭ ھوقۇق كۈچى خېلى زور ئىدى.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوردىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتكەن مەمۇرىي ئەمەلدار يالۋاچ شىمالىي جۇڭگوغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئىمپېرىيە ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇدنى ئوتتۇرا ئاسىياغا مەمۇرىي باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئوگدايخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ خانلىقنىڭ بۇرۇنقى ئەمەلدارى يالۋاچ قاتارلىقلار تۇركان خاتۇننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. جۇۋەينىنىڭ دېيىشىچە، «مەسئۇد ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ» ئۆز يېرىدە تۇرۇۋېرىشكە ئىلاج يوق دەپ قاراپ، باتۇخاندىن پاناھلىق تىلەپ بارغان». مەسئۇدنىڭ راستىنلا ئالتۇن ئوردا خاقانلىقىغا بارغان - بارمىغانلىقى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنمىگەن. ئەمما كۆيۈكخان ئۇلۇغ خاقانلىققا سايلانغاندا ئۇ غەربىي يۇرتنىڭ مەمۇرىي باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن كېلىپ قۇرۇلتايغا قاتناشقان. بۇ شۇ چاغدا ئۇنىڭ يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسئۇد مۇسۇلمان بولغاچقا، جۇۋەينى ئۇنى مەدھىيىلىگەن. جۇۋەينى يەنە بۇخارا شەھىرىنىڭ مەيدانىغا يېقىن جايغا چوڭ كۆلەملىك ئىككى مەدرىس ياسالغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىرىنىڭ نامى «مەدرىسەئى خان» دەپ، يەنە بىرىنىڭ «مەدرىسەئى مەسئۇد» (مەسئۇدنىڭ مەدرىسى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، ھەربىر مەدرىستە ھەر كۈنى مىڭ تالىپ (ئوقۇغۇچى) نىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغانلىقى، بۇ مەدرىسلەردىكى مۇدەررىسلەرنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئۇلۇغ ئۆلىمالار ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىككى مەدرىس بىناسىنىڭ پېشايۋان، تۈۋرۈكلىرىنىڭ كاتتىلىقى، ھويلىسىنىڭ پاكىز ھەم رەتلىكلىكى بىلەن بۇخارا شەھىرىنىڭ جامالىغا ھۆسن قوشۇپ ئىسلام دىنىنىڭ نۇرىنى تارقىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان («تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 108 — 109 - بەتلەر). قەشقەردىمۇ «مەسئۇدىيە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەدرىس بولۇپ، قارىغاندا بۇ مەدرىسىمۇ ئۇ بىنا قىلدۇرغان بولسا كېرەك.

كۆيۈكخان ۋە ئۇنىڭ باش ۋەزىرى چىنقاي، مۇراسىم بېگى قادالار خرىستىئان دىنىنىڭ مۇرىتلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇسۇلمانلار ئىگىلەيدىغان چاغاتاي خانلىقىغا نىسبەتەن خېلى تەسىرى بار ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى ياكى دىن تارقاتقۇچىلىرىنى جەلپ قىلغاچقا، ئۇلار ئاستا- ئاستا بۇ زېمىنغا كېلىشكە باشلىدى. جۇۋەينى «نەتىجىدە خرىستىئان دىنى ئەقىدىسى ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە كەڭ ئەۋج ئالغاچقا، ئۇلار بىلەن تاكاللىششقا جۈرئەت قىلالايدىغان مۇسۇلمان قالمىدى» دەپ يازغان. شۇ ۋەجىدىن مۇسۇلمانلار كۆيۈكخاندىن رازى ئەمەس ئىدى.

كۆيۈكخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا موڭغۇل يايلاقلىرىدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، ھەرمىللەت خەلقىگە ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 2- جىلدتا: «شۇ كۈنلەردە دەريالار قۇرۇپ، ياۋا ئوت- چۆپلەر يوقاپ، ئات- كالىلارنىڭ ئوندىن سەككىز- توققۇزى ئۆلۈپ كەتتى. خەلق ئېغىر كۈنگە قالدى» دېيىلگەن. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى، خانلار، ئەمىرلەر مال- مۈلۈك بۇلىدى، ئۇلار ياكى «يەنجىڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەبىلىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ پۇل- پۈچەك، ئوقيا، ئېگەر- جابدۇقلارنى يىغىۋالغان ياكى غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلاردىن ئۈنچە- مەرۋايىت، خەيدۇڭدىن (كۆلنىڭ شەرقىدىن) لاچىن يىغقان. خەلقنى كېچە- كۈندۈز تۈگىمەس ئەمگەككە سېلىپ نۇرغۇن ئۆتەڭلەرنى ياساتقان» نەتىجىدە كۆيۈكخان ھۆكۈمرانلىقى ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلدى.

كۆيۈكخان بىلەن ئالتۇن ئوردا خاقانى باتۇخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ چېكىگە يەتتى. مىلادى 1248- يىلى كۆكلەمدە كۆيۈكخان ئېمىلىنىڭ ھاۋاسى ۋە سۈيى داۋالىنىشىم ۋە دەم ئېلىشىمغا پايدىلىق دەپ يالغان ئېيتىپ ئۇ جايغا يولغا چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا لەشكەر تارتىپ باتۇخانغا ھۇجۇم قىلماقچىدى. بۇ چاغدا تۆلۈينىڭ ئايالى سۇرقۇقتان خاتۇن كۆيۈكخاننىڭ بۇ غەرىزىنى بىلىپ قېلىپ، باتۇخانغا مەخپىي خەت ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا: «پۇختا تەييارلىنىپ تۇرۇڭ، كۆيۈكخان نۇرغۇن كىشىلىك

قوشۇننى باشلاپ سىز تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى» دەپ مەلۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، باتۇخانمۇ لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ تەييارلىق قىلىدۇ. ئەمما، كۆيۈكخان بېشبالىققا بىر ھەپتىلىك يول كېلىدىغان قۇنشانكىر (ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا) دېگەن يەرگە كەلگەندە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇ پەقەت ئۈچ يىللا تەختتە ئولتۇرىدۇ. بۇ ئۈچ يىل بىلەن تۇركان خاتۇن ھوقۇق تۇتقان ئاشۇ بىرقانچە يىل موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زەئىپلەشكەن يىللىرى بولدى. خۇددى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا باھا بېرىلگەندەك «يولۋاس يىلىدىن (قەدىمدىن) بۇيان بۇ خانلىقتا مۇقىم قانۇن تۈزۈلمىدى. ئوردا ئىچى – سىرتىدىكىلەرنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. شۇنداق قىلىپ پادىشاھنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلاپ كەتتى».

كۆيۈكخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر مەزگىل ۋەلىئەھد بېكىتىلمەي، ئۇنىڭ خوتۇنى ئوغۇل قايمىش ۋاقىتىنچە ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ. بۇ ۋاقىت تارىختا «شىرامۇن پەردە ئارقىسىدىكى خانىشنىڭ يولىيورۇقىدا ھاكىمىيەت باشقۇرغان ئالتە ئاي» دەپ ئاتالدى. شۇ يىلى خۇراسان ۋە غەربنىڭ ھاكىمى ئارغۇن ئوردىغا سالام بېرىشكە كەلدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگۈچىلەر ئىچىدە تارىخچى جۇۋەينىمۇ بار ئىدى. ئۇلار تالاسقا كەلگەندە كۆيۈكخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىلجىتاينىڭ لەشكەر تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئارغۇن بۇيرۇققا بىنائەن خۇراسانغا قايتىپ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننىڭ قورال – ياراغ ۋە ئوزۇق – تۈلۈك تەييارلىقىنى قىلىدۇ. 1249 – يىلىغا كەلگەندىلا ئارغۇن ئاندىن يەنە بىر قېتىم موڭغۇلىستانغا كېلىپ ئوغۇل قايمىشقا غەربنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ قايتىپ كېلىدۇ. سەپەر ئۈستىدە ئۇلار (جۇۋەينىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) چاغاتاي خانلىقىدىكى يىسۇمۆڭكۈنىڭ قارارگاھىغا چۈشۈپ بىر – ئىككى ئاي تۇرۇپ، 1250 – يىلى ياز بىلەن كۈز ئوتتۇرىسىدا ئالمىلىققا يېتىپ بارىدۇ. شۇ يىلى قىشتا يەنە ئاتلىنىپ خۇراسانغا قايتىپ كېلىدۇ. كېيىن جۇۋەينى ئۆزىنىڭ كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرىنى «تارىخى جاھان كۇشاي» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىگە پۈتۈپ چىقتى.

ئوغۇل قايمىش ھاكىمىيەت باشقۇرغان مەزگىلدە 1250 ـ يىلى يەنە ئېمىل بىلەن خوبۇ ئارىلىقىدىكى جايدا فرانسىيە پادىشاھى لۇئى Ⅸ نىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە پادىشاھ ئەۋەتكەن بۇيۇملارنى تاپشۇرۇۋالىدۇ . ئۇ فرانسىيە پادىشاھىنىڭ موڭغۇللارغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ ئەلچىلەر 1251 ـ يىلى قايتىپ كېتىدۇ (« دۇسان موڭغۇل تارىخى» ، خەنزۇچە تەرجىمىسى ، 1 ـ قىسىم 248 ـ بەت ) .

ئوغۇل قايمىش ئوغلى خوجا ئوغۇل ، ناخۇ بىلەن ھاكىمىيەتنى بىللە باشقۇرۇپ ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدۇ . ئوغۇل قايمىش يەنە سېھىرگەرلىككە قارىغۇلارچە ئىشىنىپ ئەتىدىن ـ كەچكىچە شامانلار ، باخشىلار بىلەن بىرگە بولۇۋېلىپ سۇيىقەست پىلانلاپ ، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ھاكىمىيەتنى قالايمىقان باشقۇرۇپ كىشىلەرنى ئەنسىزلىككە سالىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ . ئوگداي ئەۋلادلىرىنىڭ ھوقۇقى شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ قولىدىن تولۇي ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ .

## 4 ـ بۆلۈم مۆڭكۆخان دەۋرى

ئوغۇل قايمىش ۋاقىتىنچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ، موڭغۇل شاھزادىلىرى خانلىق تەخت ۋارىسى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى . ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇل شاھزادىلىرى ئىچىدە يېشى ئەڭ چوڭ ، تۆھپىسى ئەڭ زور ، ئەڭ ئابرۇيلۇقى ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى باتۇخان ئىدى . كۆيۈكخان ئالەمدىن ئۆتكەندە باتۇخان قايالىققا يەتتە كۈنلۈك يول كېلىدىغان ئالا قاماققا يېتىپ كەلگەن . (بەزىلەر بۇ يەر « يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا تىلغا ئېلىنغان « ئالا تۇغلا ئۇر » بولۇپ ، ئىسسىقكۆل بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاتاۋ تېغى دەيدۇ ) ئۇ بۇ يەردىن ئوغۇل قايمىشقا كىشى ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ تەزىيىسىنى بىلدۈرگەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭى ھۆكۈمران تۇرغۇزۇشقا تەييارلىق قىلغان .

« يۈەن سۇلالىسى تارىخى » دا مۇنداق دېيىلىدۇ : « خان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئوردىدا ئۇزۇنغىچە ھۆكۈمران تۇرغۇزۇلمىغان بولۇپ ،

خانلىقنىڭ ئىچى ۋە سىرتى تەشۋىشكە چۈشكەن، كۆپچىلىكنىڭ مۆڭكۈنى خان قىلىپ تۇرغۇزۇش نىيىتى بار ئىدى. خانلىق تەمەسىدە يۈرگەنلەرمۇ نۇرغۇن ئىدى». بۇ خىل ئەھۋالدا باتۇخان پىشقەدەم سۇپىتىدە ھەرقايسى تەرەپتىكى شاھزادىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۆزى تۇرغان جاي ئالا كاماكقا يىغىنغا چاقىرغان. بىراق، يىغىنغا كەلگەنلەر ئاساسلىقى جۇجى قوۋمى ۋە تۆلۈخان قوۋمىدىكى شاھزادىلەر ئىدى. ئوگداي قوۋمى ۋە چاغاتاي قوۋمىدىكى شىرامۇن، قادان، قارا ھىلاكۇ قاتارلىقلاردىن باشقا نۇرغۇنلىرى يىغىنغا كەلمىگەن ياكى ۋەكىللا ئەۋەتىپ قويغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» (3 ـ جىلد) دا ئېيتىلىشىچە: «خانلاردىن باتۇخان، مۇگې، ئارگ بۇقا، سۇرئىگتو، تاچار، باش سانغۇن ئورانقاتاي، سۇنداي، تېمۇشىر، ئىسۇبۇقا قاتارلىقلار ئالا تۇغلا ئۇرغا يىغىلغان» بۇ شاھزادە ۋە نويونلار باتۇخاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان نامزات ئۈستىدە كېڭەشكەن. يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى باتۇخاننىڭ قارار چىقىرىشىغا قوشۇلغان. باتۇخان تۆلۈخاننىڭ چوڭ ئوغلى مۆڭكۈخاننىڭ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئوغۇل قايمىشنىڭ ئەلچىسى باراق يىغىندا باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا، مۇگېنىڭ دەككىسىگە ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن، يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى خۇددى چىڭگىز خاننى قوللىغانغا ئوخشاش باتۇخاننىڭ قارارىنى قوللىغان ھەمدە كېلەر يىلى قارا قۇرۇمدا قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ مۆڭكۈخاننى رەسمىي تۇردە خان قىلىپ تىكلەشنى بېكىتكەن.

ئارقىدىنلا باتۇخان دەرھال قېرىنداشلىرىدىن بېركې بىلەن توقا تېمۇرنى نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ مۆڭكۈخانغا ھەمراھ بولۇپ قۇرۇلتاي دەرياسىغا بېرىپ، قۇرۇلتاي چاقىرىپ بارلىق موڭغۇل شاھزادىلىرىنىڭ قۇرۇلتايغا قاتنىشىشىنى ئۇقتۇرۇپ، مۆڭكۈخاننى رەسمىي خان قىلىپ تىكلەشكە ئەۋەتكەن. ئوگداي ـ كۆيۈكخان جەمەتىدىكىلەر ۋە چاغاتاينىڭ ئاخىرقى خانى بۇنىڭغا قارشى تۇرغان. شۇنداقلا بىر تەرەپتىن، ئادەم ئەۋەتىپ باتۇخانغا قارشى پىكىرنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، يىغىنغا قاتنىششىنى قەتئىي رەت قىلغان. بىر يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار

تولۇق يىغىلمىغان. بىر كىشى ئەۋەتىپ باتۇخانغا «مۆڭكۈنى خان قىلىپ تىكلەش ئۈچۈن بىز ئىككى يىل ساقلىغان بولساقمۇ، ئوگدايخان ۋە كۆيۈكخاننىڭ شاھزادىلىرى ھەم چاغاتايخان شاھزادىسى يىسۇ مۆڭكۈ تېخىچە قۇرۇلتايغا كەلمىدى» دەپ دوكلات قىلغان. باتۇخان «مۆڭكۈخان خان قىلىپ تىكلەنسۇن، جاسافقا قارشىلىق قىلىشقا پېتىنغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن» ① دەپ جاۋاب قايتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن، 1251 ـ يىلى كونا كالېندار بويىچە 6 ـ ئايدا «غەرب شاھزادىلىرىدىن بىركىي، توقا تېمۇر؛ شەرق شاھزادىلىرىدىن يىقۇ، توقۇ، ئىسۇنگى، ئانجىتاي، تاچار، بېكقۇداي؛ غەربنىڭ باش سانغۇنى بانرىچ، شەرقنىڭ باش سانغۇنى ئېسۇ بۇقا قاتارلىقلار كۆكتېئۇرئالانغا يىغىلىپ، ئونان دەرياسى بويىدا خاننى تەختكە چىقارغان» ②. مۆڭكۈخاننىڭ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى مۇشۇنداق قىلىپ قارار قىلىنغان ۋە ئەمەلگە ئاشقان.

مۆڭكۈخاننىڭ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىشىغا ئوگداي قوۋمى ۋە چاغاتاي قوۋمىدىكى شاھزادىلەر كۆڭلىدە يەنىلا تەن بەرمىگەن ھەمدە داۋاملىق قارشى تۇرغان. مۆڭكۈخان تەختكە چىققان قۇتلۇق مۇراسىم مەزگىلىدە شىرامۇن، ناخۇ، قۇتۇقۇ قاتارلىق ئۈچ خان يىغىنغا قاتنىشىش نامىدا ھەربىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغان. بىراق، ئەھۋال پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن باستۇرۇلغان. مۆڭكۈخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوگداي قوۋمى ۋە چاغاتاي قوۋمىدىكى شاھزادىلەرگە باستۇرۇش، كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللانغان. مەسىلەن، ئوگداي قوۋمىنىڭ ئەزالىرى، خانىش ئوغۇل قايمىش، شىرامۇننىڭ ئانىسى ھەمدە قادا، چىنقاي ئىككى ۋەزىر ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ھەربىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقان سەركەردىلەرنىڭ كۆپى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئوگدايخاننىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ زېمىنىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. ئوگدايخاننىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان چوڭ ئوغلى قادان بېشبالىققا، كىچىك خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى مەلىك ئىر-

① «جامىئۇل تەۋارىخ» 2 ـ جىلد، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 204 ـ بەت.
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 3 ـ جىلد.

تىش دەرياسى بويىغا، نەۋرىسى قايدۇ (قاشىنىڭ ئوغلى) قايالىققا، توتو ئېمىلغا، مۆڭكۈدۇ ۋە ئوگدايىنىڭ خانىشى قۇتىنى يۇڭچاڭغا كەتكۈزۈۋېتىلگەن («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 3 ـ جىلد).

بۇ قېتىملىق ھەربىي ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسلىق قوزغىغۇچىسى بولغان چاغاتاي قوۋمىدىكى شاھزادىلەر تېخىمۇ ئېغىر جازاغا ئۇچرىغان. مۆڭكۈخان قارا ھىلائۇر بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئورگاناغا يېسۇ مۆڭكۈنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا چاغاتاي خانلىقىغا ھۆكۈمران بولۇشنى بۇيرۇغان. بىراق قارا ھىلائۇر بېرىپ ھوقۇققا ئولتۇرۇش يولىدا ئالتاي ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتۈپ پەقەت ئورگانالا يېتىپ بارغان. ئۇ بارغاندىن كېيىن دەرھال يېسۇ مۆڭكۈ بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرى باھاۋۇددىننى ئۆلتۈرگەن (بەزىلەر يېسۇ مۆڭكۈنى تۇتقاندىن كېيىن باتۇخاننىڭ ئۆلتۈرۈشىگە ئەۋەتىپ بەرگەن دەيدۇ). ئۇ ئايال ھۆكۈمران سۈپىتىدە چاغاتاي خانلىقىغا ئون يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان («جامىئۇل تەۋارىخ» 2 ـ جىلد، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 143 ـ بەت).

چاغاتاينىڭ نەۋرىسى بۇرى (مۇتۇگاننىڭ كىچىك ئوغلى) ماڭگۇسار تەرىپىدىن باتۇخاننىڭ ئۆلتۈرۈشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. چاغاتاينىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەرنىڭ گۇمانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەن.

مۆڭكۈخاننىڭ تەختكە چىقىش مەسىلىسىدىكى كۈرەش، ئەمەلىيەتتە جوجى قوۋمى بىلەن تولۇي قوۋمىنىڭ بىرلىشىپ ئوگداي قوۋمى بىلەن چاغاتاي قوۋمىغا قارشى تۇرۇشى ئىدى. ئالدىنقىلارنىڭ غەلىبىسى سەۋەبىدىن باتۇخاننىڭ زېمىنى پەيدىنپەي كېڭىيىپ، چۇ دەرياسىغا يېقىن جايلارغىچە يېتىپ بارغان، ئۇنىڭ كۈچى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرائۇننەھرگىچە زورايغان ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، باتۇخان ماۋرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان («ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھالاكىتى» رۇسچە 71 ـ بەت)، چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى پارچىلىنىپ تارايغان.

مۆڭكۈخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئوگداي خانلىقى دەۋرىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنى تەسىس قىلغان:

يەنجىنىڭ قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىگە يالۋاچ، بۇچىر، ئۇرۇبۇ، تۇدار قاتارلىقلار دىۋانبېگى؛ سەيدەنچى، نەجمىدىن مۇئاۋىن دىۋانبېگى بولدى.

بېشبالىق قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىگە ناقۇي، تاراغاي، مەسئۇد قاتارلىقلار دىۋانبېگى؛ ئاندۇلا ئۇزۇن، ئەھمەد، ئەدشاھ مۇئاۋىن دىۋانبېگى بولدى.

ئامۇ دەرياسى قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىگە ئارغۇن دىۋانبېگى، فەخرىدىن، نەجمىدىن مۇئاۋىن دىۋانبېگى بولدى («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 3 ـ جىلد).

بۇ يەردە ئېيتىلغان ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى كېيىن قىسقارتىپ ۋاقىتلىق ۋازارەت ياكى ۋازارەت دەپ ئېلىنغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ بىر خىل يەرلىك مەمۇرىي تەشكىلى ئورنى.

مۆڭكۆخاننىڭ ئون قېرىندىشى بولۇپ، ئاساسلىقى بىر ئانىدىن بولغان ئىنىلىرى قۇبلاي، ھىلاكۇ، ئارىگبۇقا ئىدى. چىڭگىز خاننىڭ ھەربىي قوشۇنىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئاساسەن تۆلۈخان ۋارىسلىق قىلغانىدى، كۆچلۈكنىڭ بۇ بىر نەچچە ئوغلىمۇ قوشۇنغا قوماندان بولدى. شۇ ۋەجىدىن چىڭگىز خان ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ كۈچى ئەڭ زور ئىدى. مۆڭكۆخان تەختكە چىققاندىن كېيىن قۇبلاي بۇيرۇققا بىنائەن «موڭغۇللارنىڭ خەنزۇ زېمىندىكى پۇقرالىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان»، ئارىگبۇقا بولسا ئانىسى سولو خاتۇنىنىڭ قىرغىز ئېلىدىكى كەمچىك ئايمىقىدىكى يەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئالتاي تاغلىرىنى يازلىق يايلاق، ئورانقات ۋە قىرغىز يۇرتىنى قىشلىق تۇرالغۇ جاي قىلغان. ئوگداي قوۋمى ۋە چاغاتاي قوۋمىدىن ئىبارەت ئىككى ئۇلۇسنىڭ كۈچىنى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىش ھەمدە خاننىڭ زېمىنىنى جوجى ئۇلۇسىنىڭ زېمىنى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۆڭكۆخان بىر تارماق قوشۇننى قارا قۇرۇم بىلەن بېشبالىق ئوتتۇرىسىدىكى جايلارنى ئىگىلەپ قايالىق ۋە ئوترارلاردا تۇرۇۋاتقان باتۇخاننىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىشكە ئەۋەتكەن. يەنە بىر تارماق قوشۇننى قىرغىز يۇرتىدىكى كەمچىك ئايمىقىغا ئەۋەتكەن. بۇ ۋاقىتتا قىرغىز يۇرتىدىكى كەمچىك ئايمىقى (بۈگۈنكى تاڭنو ـ

ئۇرانقاي بويلىرى ) روشەنكى بىۋاستە موڭغۇل مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تارمىقىدىكى زېمىنغا ئايلانغان (« بارتولد ئەسەرلىرى » رۇسچە، 1 ـ توم 560 ـ بەت).

مۆڭكۈخان ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدىكى چوڭ ۋەقە يەنىلا چىڭگىزخاندىن تارتىپ كېلىۋاتقان، سىرتقا بولغان بويسۇندۇرۇش ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى داۋاملاشتۇرۇش بولدى. بۇ خىل بويسۇندۇرۇش ئاساسەن ئىككى تەرەپتىن ئېلىپ بېرىلغان: بىرى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى بويسۇندۇرۇش؛ يەنە بىرى، غەرب تەرەپتىن پېرسىيە ۋە غەربىي ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش.

1251 ـ يىلدىكى قۇرۇلتاي مەزگىلىدىلا، مۆڭكۈخان ئىنىسى قۇبلاي بىلەن ھىلاكۇنى ئايرىم ـ ئايرىم جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ۋە غەربىي ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلغان ھەمدە كەلگۈسىدە ھىلاكۇنى ئىرانغا ھۆكۈمران قىلىپ ئەۋەتىشنى ئويلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ھىلاكۇغا مۇھىم ئىككى ۋەزىپە تاپشۇرغان. ئۇنىڭ بىرى مازاندېراندىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكى شەيخۇلئىسلام دۆلىتى ۋە باغدادتىكى ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسىنى يوقىتىش ئىدى. يەنە بىرى بولسا سۈرىيىنى بويسۇندۇرۇش ئىدى.

ھىلاكۇنىڭ غەربكە قىلغان جازا يۈرۈشىگە خۇددى موڭغۇللار ئېلىپ بارغان باشقا ھەرقانداق زور كۆلەمدىكى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا ئوخشاش ھەرقايسى شاھزادىلەر قوشۇن ئەۋەتىپ قاتناشتۇرغان. مەسىلەن، جۇجى قوۋمىدىكى ئوردا، ئوغلى قۇلىنى 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ خارەزىم، داغىستان ئارقىلىق مازاندېرانغا بېرىپ ھىلاكۇ بىلەن قوشۇلۇشقا ئەۋەتكەن، جۇجى قوۋمىنىڭ يەنە بىر شاھزادىسى شەيبان ئەۋەتكەن قوشۇنمۇ كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي قىرغىقى ئارقىلىق داغىستانغا قاراپ ئاتلانغان. چاغاتاي ئۇلۇسى شاھزادە نىقۇدارنى قوشۇن باشلاپ جازا يۈرۈشىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتكەن. ھىلاكۇنىڭ چوڭ قوشۇنى ئۆتكەنلىكى جايلارنىڭ ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش، يايلاقلارنى ياخشى ئاسراش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا چوڭ قوشۇننىڭ چېگرىدىن

ئۆتۈشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان. مەسىلەن، كىشىلەر يوللاردىكى چوڭ تاشلارنى ۋە تىكەنلىك بارئوت - چۆپلەرنى ئادالىغان، كۆۋرۈكلەرنى ئوڭشىغان، كېچىكلەرنى تۈزىگەن. ھانگاي تاغلىرىدىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يايلاقلارنىڭ ھەممىسى چوڭ قوشۇننىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن قوغدالغان. ھۈلاكۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى كۆپ، يۈرۈش قىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، قوشۇن ئىچىدە موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن باشقا، خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان كامالەكچىلەر (كۆيدۈرگۈچ توپ، ئوقيا، تاش ۋە كۆيدۈرگۈچ ئوقلارنى ئاتىدىغانلار) مۇ بولغان.

ھۈلاكۇنىڭ قوشۇنى 1253 - يىلى 10 - ئايدا ئوردو كەنتتىن يولغا چىقىپ ئالدى بىلەن چاغاتاي خانلىقىدىن ئۆتكەن. ئەينى ۋاقىتتا چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇرگانا بولۇپ، ئۇ (بۈگۈنكى غۇلجىنىڭ ئەتراپىدىكى ئوردو) ئۇلۇغ. ئىۋ (مەنىسى چوڭ چېدىر) دا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ ھۈلاكۇنى كۈتۈۋالغان. ئۇ بۇ يەردىن كېتىدىغان ۋاقىتتا ماۋرائۇننەھرنىڭ ھاكىمى مەسئۇد بىلەن ئەمىرلەر يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلغان. 1254 - يىلى ياز پەسلىنى ئۇلار ماۋرا ئۇننەھرنىڭ شەرقىي چېگرىسىدىكى تاغ ئۈستى يايلاقتا ئۆتكۈزگەن. تومۇز ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قوشۇن داۋاملىق ئىلگىرىلىگەن. 1255 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ھۈلاكۇ سەمەرقەنتنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى كانىگۇل يايلىقىغا ئورۇنلاشقان. مەسئۇد ئۇنى ئاق رەڭلىك كىگىز ئۆيدە قوندۇرۇپ كۈتكەن، ئۇلار بۇ يەردە بەزمە ۋە دەم ئېلىش بىلەن 40 كۈندىن ئارتۇق تۇرغان («تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 612 - بەت). ھۈلاكۇ مۇشۇ يەردە ھېرات رايونىدىكى كارت سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى شەمسىدىن مۇھەممەدنى قوبۇل قىلغان، بۇ ئادەم موڭغۇل ھۆكۈمرانىغا ناھايىتى ساداقەتمەن ئىدى.

11 - ئاينىڭ بېشىدا ھۈلاكۇ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ كېشقا يېتىپ بارغان. ئامۇ قاتارلىق جايلارنىڭ ھاكىمى ئارغۇن ۋە خۇراساننىڭ تۆرە ئېسىلزادىلىرى بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان. ئۇلار كېشتا بىر ئاي تۇرغان، ئاندىن ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ شىبۇرخان (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ

غەربىي شىمالىدىكى رۇبارغان) غا ئورۇنلاشقان. قىلىن قار ۋە سوغۇق ھىلاكۇنى قىشنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان. ئارغۇنمۇ ھىلاكۇغا ھەمراھ بولۇپ شىبۇرخانغا بېرىپ بۇ يەردە ئۇنى گۈللۈك كىگىز ئۆيدە كۈتكەن، ئاندىن يەنە موڭغۇلىستانغا بېرىپ مۆڭكۈخان ھۇزۇرىغا سالامغا بارغان.

ھىلاكۇنىڭ قوشۇنى بۇ جايدىن يولغا چىقىپ، پېرسىيىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەرگە ھۇجۇم قىلغان. بۇ دىنىي مەزھەپ سالجۇقىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىن باشلاپلا پېرسىيىدە ناھايىتى زور كۈچكە ئىگە بولۇپ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئەنئەنىچىلەر گۇرۇھىغا تەۋە ئىدى. ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ئورتودوكسال مۇسۇلمانلارنى بىزار قىلغاچقا، ئۇلار مۇلاخىدا (ئەرەبچە «يولدىن ئاداشقان» ياكى «بىدئەتلىك» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان. ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەر يوشۇرۇن قەتل قىلىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە ئۆزىنى قوللىمايدىغان بىدئەتچى ھۆكۈمرانلارغا تەھدىت سېلىشنى ئادەت قىلغان بولۇپ، يىراق - يېقىندا چوڭقۇر ۋەھىمە پەيدا قىلغان، شۇڭا يەنە ئاساسىن مەزھىپى دەپمۇ ئاتالغان. پېرسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇلارنىڭ ساناقسىز قەلئەلىرى خەتەرلىك بولۇپ، قەلئەلەر چوڭقۇر خەندەك، ئېگىز قورغانلار بىلەن قورشالغان. بۇ قەلئەلەر جايىدا بولۇپ، مۇداپىئەلىنىشكە ئەپلىك، ھۇجۇم قىلىش قىيىن ئىدى. مەسىلەن، ئالامۇت قەلئەسىنى ئالساق، بۇ قەلئە 860 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، موڭغۇللار دەۋرىگە كەلگەندە 400 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالغان. بۇ قەلئە ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ قوماندانلىق شتابى بولۇپ، ئۆي - ئىمارىتى ئىنتايىن پۇختا، تاغقا يۆلەپ سېلىنغان، ئۆيلەر قورام تاشلاردىن قوپۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئاشلىق ۋە ئىچىملىك، مەسىلەن، ئۈزۈم ھارىقى، سىركە، ھەسەل قاتارلىقلار ساقلىناتتى، ھەتتا 170 يىل يەتكۈدەك زاپاس ئاشلىق بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلئە ئىچىدە يەنە سان - ساناقسىز رەسىم، قەدىمكى كىتابلار، مەدەنىي يادىكارلىقلار ئارخىپلىرى قاتارلىقلار بولۇپ، ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە ئىدى. قەلئەنىڭ ئەتراپىغا قىيا تاشلىقنى ئويۇپ خەندەك ياساپ بەشىر دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلىغانىدى.

ئاشلىق، ئوت - چۆپ ۋە ئىچىدىغان سۈيىنى ئۈزۈپ قويغان ھالەتتىمۇ يەنىلا ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالايتتى. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ سەردارلىق ئورنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان بولۇپ، سەردار خۇددى فېئودال پادىشاھقا ئوخشايتتى. XI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ مەزھەپنىڭ سەردارى ھەسەن ساباھ ئالامۇت قەلئەسىگە كىرگەن. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۆزىنى شەيخۇلئىسلام دەپ ئاتىغان. 1171 - يىلى مىسىر پاتىمە خانلىقى ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، ئالامۇت خانى بارلىق ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ دىنىي خوجىسى بولۇپ قالغان. ھىلاكۇ غەربكە يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە ئۇنىڭ سەردارى رۇقنادىن ئىدى. ئۇ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ئەنگلىيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ دوستلاشماقچى بولغاندا تەكلىپى رەت قىلىنغانىدى. موڭغۇللار ھۇجۇم قىلغاندا رۇقنادىن شاھىنشاھ ئەۋەتىپ سۈلھ تەلەپ قىلغان، ھىلاكۇ نامە ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كېلىپ تەسلىم بولۇشىنى بۇيرۇغان. رۇقنادىن ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈپ، ئالدى بىلەن ئالامۇت، رامباسار، لال ئۈچ قەلئەنى ئۆزىگە قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، ئاندىن «قىشتا قار ياغسا تاغ يولىدا يول يۈرۈش تەس بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن موڭغۇل قوشۇنى چېكىنىپ قايتىپ كېتىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىغان. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن شۇ يىلى ھاۋا ئىللىق بولۇپ، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن. رۇقنادىن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ تەسلىم بولغاندىن كېيىن موڭغۇل قوشۇنلىرىنى باشلاپ ھەرقايسى قەلئەدىكىلەرنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەن، جەمئىي 40 نەچچە قەلئەگە باشلاپ بارغان، پەقەت ئالامۇت قەلئەسىدىكىلەر تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمىغان. ھىلاكۇ ئۆزى بېرىپ قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن ئاندىن تەسلىم بولغان. 1256 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى موڭغۇل قوشۇنى ئالامۇت قەلئەسىنى ئالغان، ئۇنىڭدىكى سان - ساناقسىز قىممەتلىك بۇيۇملار، مەشھۇر رەسىم ۋە كىتابلارنى قولغا چۈشۈرگەن. شۇنداق قىلىپ ھىلاكۇ ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەرنى ئاسانلا تارمار قىلغان.

ھىلاكۇ ھەمەدانىنى موڭغۇل قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق شتابى قىلىپ، مۇشۇ يەردىن خەلىپە مۇستاسىنغا ئادەم ئەۋەتىپ تەسلىم بولۇشقا كېلىشنى ئۈندىگەن. ئۇ ئۇزۇنغىچە كەينىگە سۈرۈپ كەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ھىلاكۇ

1258 ـ يىلى باغدادقا ھۇجۇم قىلغان، مۇستاسىن قابىلىيەتسىزلىكى ھەم گاللىۋاڭلىقىدىن قوشۇن توپلاپ مۇداپىئەلىنىش تەدبىرىنى قوللانمىغان، بۇ موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ توختىماي ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولغان، مۇستاسىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئەرەب ئاببااسىيلار خاندانلىقى شۇنىڭ بىلەن يوقالغان.

شۇنىڭدىن باشلاپ ھىلاكۇ ئامۇ دەرياسىدىن مىسوپوتامىيىغىچە بولغان بىپايان رايوندا مەشھۇر ئىلخانىلار خاندانلىقىنى قۇرغان ( 1258 ـ يىلىدىن 1388 ـ يىلىغىچە ).

خەلىپە يوقىلىپ 2 ـ يىلى ( 1259 ـ يىلى ) مۆڭكۈخان چاڭدېنى ئىرانغا ھىلاكۇنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا ئەۋەتكەن. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لىيۇيۇي بۇ ئىشلارنى خاتىرىلەپ، بۇ خاتىرىنى « غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى » دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، چاڭدې خۇنمۇنيەن (قارا ئېرتىش دەرياسى)، لۇڭگۇ دەرياسى (ئۇلۇنگۇر دەرياسى) قىزىل باش، ئىمەن (ئېمىل)، پولار قاتارلىق جايلاردىن ئۆتكەن. ئۇ، بۇ جەرياندا نۇرغۇن خەنزۇ پۇقرالارنى ئۇچراتقان. تۆمۈر چەنزىلەردىن ئۆتكەندە چېگرا قوغدىغۇچىلارمۇ خەنزۇلار ئىكەن. « چېگرىدىن چىقىپ ئالمىلىق شەھىرىگىچە بازارلاردا سودا ـ سېتىق بولۇپ تۇرىدىكەن، ھەر خىل مېۋىلەر بار ئىكەن، قوغۇن، ئۈزۈم ۋە ئانار ئەڭ ياخشى ئىكەن. ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، جۇڭگونىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. تېخىمۇ جەنۇبتا چىمۇر شەھىرى بولۇپ پۇقراسىنىڭ كۆپى خەنزۇلار ئىكەن ». يەنە مۇنداق دېيىلگەن: « پولار شەھىرى ئالتۇن، كۈمۈش، مىسنى پۇل قىلىپ ئىشلىتىدىكەن، پۇلنىڭ خېتى بار، بىراق چاسا تۆشۈكى يوق ئىكەن » يەنە ماڭسا ماۋرائۇننەھر (مائئا) غا بارىدۇ. ئۇ يەنە غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى بولغان جايدىنمۇ ئۆتكەن، بۇ يەر تەكشى، ئاھالىسى كۆپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى تۇتاشقانىدى. يەنە تالاس، سايرام، بىشران ( تاشكەنت بولۇشى مۇمكىن ) خوجان دەرياسى ( سىر دەرياسى ) دىن ئۆتكەن. ماۋرائۇننەھر رايونىدا « پوچتا راباتلىرى، ساراي، قۇدۇق، مۇنچىلارغا خىش

ئىشلىتىلگەن، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى سىرلاپ بېزەلگەن. يۇقرالارنىڭ يىلدا
تاپشۇرىدىغان بېجى ئون يارماق ئالتۇن پۇل بولسىمۇ، باي بىلەن
كەمبەغەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ». سەمەرقەنت شەھىرى توغ-
رىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «شەھەر چوڭ، ئاھالىسى كۆپ، دائىم گۈللەر
ئېچىلىپ تۇرىدۇ. گۈللەرنىڭ ئىچىدە پەقەت لىخۇا، ئەتىرگۈل، قىزىل گۈل-
لەرلا جۇڭگونىڭكى بىلەن ئوخشاش، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىرىنىڭ نامى
نامەلۇم». ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە رىچۇ، ماران (مەرۋى بو-
لۇشى مۇمكىن) ناشان (نىشاپۇر بولۇشى مۇمكىن)، سەبزىۋار (Sabzivar?)
قاتارلىق شەھەرلەردىن ئۆتكەن ۋە خۇراساندىن ئۆتۈپ ئۇدۇل يول بىلەن
ھىلاكۇنىڭ بارگاھى تابىرىسقا بارغان (يۇقىرىقىلار ۋاڭ گوۋېينىڭ
«قەدىمكى ساياھەتنامىلەرگە ئىزاھ» تىن ئېلىندى).

«غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دىكى مەلۇماتلاردىن بىز
مۆڭكۈخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى چاغاتاي خانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئا-
سىياغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھۋاللارنى چۈشىنەلەيمىز. بىراق،
براشىنىدېرنىڭ قارىشىچە، بۇ خاتىرىنىڭ قىممىتى «راھىب چيۇچۇجىنىڭ
غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» گە يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، «راھىب
چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن جۇغراپىيە-
لىك ئەھۋاللار جايلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ۋە يۆنىلىشى، ئاتىلىشى ئىنتايىن
توغرا بولۇپ، شۇ دەۋردە ياشىغان ياۋروپا ساياھەتچىلىرى بىلەن ئەرەب
جۇغراپىيە ئالىملىرىنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. «غەربكە
ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە بولسا، ئېيتىلغان يەر ـ جايلارنىڭ ئورنى
توغرا ئەمەس، يەر ناملىرى خاتا، ئاساسلىق پاكىتلار قىسقار تىۋېتىلگەن.
بولۇپمۇ ئامۇ دەرياسىدىن كېيىنكى يەر نامىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېنىق ئەمەس.
ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆزلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىمەنە خۇراپىي
ھېكايىلەر (براشىنىدېرنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى» ئىنگلىزچە، 1 توم 109
ـــ 156 ـ بەت). شۇنداقتىمۇ لىيۇيۇنىڭ «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتى-
رىسى» يەنىلا مۇشۇ دەۋرگە ئائىت ئەھمىيەتلىك بىر تارىخىي ماتېرىيال
ھېسابلىنىدۇ.

مۆڭكۈخان تەختتە ئولتۇرغان 4 - يىلى يەنە فرانسىيە خانى ئەۋەتكەن رۇبرۇكمۇ موڭغۇلىستانغا كەلگەن. رۇبرۇك بولسا بىر فرانسىس مەزھىپىنىڭ مۇرىتى بولۇپ، فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى فراندىسلىق ئىدى. ئۇ 1253 - يىلى فرانسىيە پادىشاھى لۇئى Ⅸ تەرىپىدىن تاتارلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن، بىراق سىرتقا قارىتا ئۇنى شەخسىي دىن تارقىتىش پائالىيىتى دېگەن. رۇبرۇك شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كونستانتىنوپولدىن يولغا چىقىپ، قارا دېڭىزدىن ئۆتۈپ 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قىرىمنىڭ سۇداق دېگەن يېرىگە كەلگەن. ئاندىن جەنۇبىي روسىيە دالاسىدىكى قىپچاق خانلىقىغا كىرگەن. 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سۇلداياغا كەلگەن، 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى باتۇخاننىڭ ئوغلى سارىدانىڭ قېشىغا بارغان، سارىدا ئۇنى ۋولگا دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى باتۇخان تۇرۇشلۇق جايغا ئاپىرىپ قويغان. باتۇخان ئۇنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئادەم بۇيرۇپ «ئۇنىڭ بۇ دۆلەتتە تۇرۇپ قېلىش تەلىپىگە ئۆزىنىڭ بىر نېمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى، چوقۇم مۆڭكۈخاندىن رۇخسەت ئېلىشى كېرەكلىكىنى» يەتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن، رۇبرۇكنىڭ ئۆزى موڭغۇلىستانغا بېرىپ مۆڭكۈخاننىڭ قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى دەۋردىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىككە كېلىش دەرىجىسىنى بۇرۇنقى تۈرك خانلىقى بىلەن ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. خاننىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن چوڭ، ھەتتا مۇستەقىل بىر تەرەپتە تۇرۇۋاتقان باتۇخانمۇ غەربىي تۈرك خانلىقىغا ئوخشاش چەت دۆلەتنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولماستىن، بەلكى چوقۇم ئۇنى موڭغۇل مەركىزىي خانلىقىغا ئەۋەتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

رۇبرۇك باتۇخان بۇيرۇغان مىڭبېگىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، ئۇرال دەرياسىدىن ئۆتۈپ قاڭلى، قاراقىتان، ئۇيغۇر، نايمانلارنىڭ بۇرۇنقى ماكانلىرى ئارقىلىق، يەنى چۇ دەرياسىنى بويلاپ تالاس دەرياسى، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ قايالىق ئارقىلىق شەرققە قاراپ ماڭغان. قايالىق بىر نېستورى دىنىنىڭ مۇھىم مەركىزى شۇنداقلا بۇددا دىنى گۈللەنگەن جاي ئىدى. رۇبرۇك مۇشۇ يەردە كىشىلەرنىڭ «ئەنمانى باموخۇك» دېگەن ئالتە خەتلىك

بۇددا ھېكمىتىنى ئېيتىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە تاتارلار (موڭغۇللار) نىڭ يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرپىنى قوللانغان، دەپ يازغان. مۆڭكۇخان لۇئى IX ئالىيلىرىغا يازغان جاۋاب خېتىدە ئىشلەتكەن موڭغۇل يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرپى ئارقىلىق يېزىلغان.

رۇبرۇك 1253 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قايالىقتىن يولغا چىقىپ بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي تەرىپىنى ئايلىنىپ، ئېمىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ نايمانىنىڭ كونا چېگرىسى ياقىسىدىكى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇگداينىڭ زېمىنىنى ئارقىلىق مېڭىپ، ئاخىرىدا موڭغۇل خان ئوردىسىغا يېتىپ بارغان. مۆڭكۇخان ئۇنى 1254 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مۆڭكۇخان ئوتتۇرا بوي، ئەينى ۋاقىتتىكى يېشى تەخمىنەن 45 ياش بولۇپ، بىر نېستورى دىنى مۇرىتىنى تەرجىمان قىلغانىدى. رۇبرۇك قاراقۇرۇمدا باكتى ئىسىملىك ۋېنگرىيىدىن كەلگەن فرانسىيىلىك بىر ئايالنى، بىر روسىيە قۇرۇلۇش ئىنژېنېرىنى، ۋىلھېلىم بۇشى ئىسىملىك پارىژلىق بىر زەرگەرنى ئۇچراتقان. بۇشېنىڭ ئايالى بىر ساراسېنلىقنىڭ قىزى بولۇپ فرانسۇزچىنى ناھايىتى ياخشى سۆزلەيدىكەن. يەنە بىر ئەنگلىيىلىكنىڭ ئىسمى باشىر بولۇپ، ئۇمۇ ۋېنگرىيىدە تۇغۇلغانىكەن. بۇ موڭغۇللار ۋېنگرىيىگە بېسىپ كىرگەندە، نۇرغۇنلىغان ياۋروپالىق ھۈنەرۋەنلەرنىڭ موڭغۇلستانغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. رۇبرۇك يەنە ئارگبۇقىنىڭ ئاكتىپ خرىستىئان مۇرىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بىراق قاراقۇرۇمدا بولسا ھەر خىل دىنلار مەسىلەن، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى ھەتتا تويىن دىنى، شامان دىنىمۇ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت ئىدى.

رۇبرۇك 1254 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قاراقۇرۇمدىن يولغا چىقىپ قايتىشىدا مۆڭكۇخانىنىڭ لۇئى IX غا يېزىپ بەرگەن خېتىنى ئېلىپ ماڭغان. ئۇ قاراقۇرۇمدىن ۋولگا دەرياسىغا بارغۇچە ئىككى ئاي ئالتە كۈن ۋاقىت كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ 9 ـ ئايدا باتۇخانىنىڭ ئوردىسىغا قايتا بارغان. ئاندىن كاۋكاز تېغىدىن جەنۇبقا مېڭىپ، مۇگان تۈزلەڭلىكىدە پېرسىيىدە تۇرۇشلۇق موڭغۇل باش قوماندانى بايچۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن.

ئاندىن ناشچىپان ئارقىلىق كىچىك ئەرمىنىيە (سىتسىلىيە) گە بېرىپ، راتاكىيىدىن كېمىگە چىقىپ سىپرۇسقا بارغان.

شۇ ۋاقىتتا ئەرمىنىيىنىڭ پادىشاھى ھايتۇن I شەخسەن ئۆزى موڭغۇلىستانغا كېلىپ مۆڭكۈ خاننىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى قۇتلۇقلىغان. ئۇ 1253-يىلى ئالدى بىلەن بايچۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى كارىسقا بېرىپ رۇبرۇك قايتقان يۆنىلىش بويىچە ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى باتۇخاننىڭ ئوردا بارگاھىغا بارغان، ئاندىن قاراقورۇمغا بېرىپ 1254-يىلى 9-ئاينىڭ 13-كۈنى مۆڭكۈ خاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. موڭغۇل خاقانى بۇ سادىق بېقىندى پادىشاھقا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلىدە بولغان، ھەم ئۆزىنىڭ ئۇنى ھىمايىسىگە ئېلىپ قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ھايتۇن 11-ئاينىڭ 1-كۈنى مەمنۇنلۇق بىلەن موڭغۇلىستاندىن ئايرىلىپ بېشبالىق، ئالمىلىقتىن يول ئېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، 1255-يىلى 7-ئايدا پېرسىيە ئارقىلىق سىتسىلىيەگە قايتقان.

مۆڭكۈ خان ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ھەر خىل دىنلارغا يول قويۇش سىياسىتىنى قوللانغان. يېقىنقى زاماندىكى تەتقىقاتچىلارمۇ نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىپ، ئەينى دەۋردىكى موڭغۇلىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا خرىستىئان دىنىنىڭ ناھايىتى روناق تاپقانلىقىنى ئىسپاتلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇسۇلمان تارىخچىلىرى، مەسىلەن، جۇۋەينى، راشىددىن ۋە باشقىلارمۇ مۆڭكۈ خانغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇغان. راشىددىن يەنە «باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ئىچىدە مۆڭكۈ خان مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى» دەپ قارىغان («جامىئۇل تەۋارىخ» 2-جىلد ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 219 — 220-بەت). جۇۋەينىمۇ شۇنداق دەپ قارىغان.

مۆڭكۈ خان تەختكە چىققاندىن كېيىن نۇرغۇن ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىكى ۋە مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتكەن، يەرلىك خانلارنىڭ ھوقۇقىنى چەكلىگەن ۋە ئۇلارغا زەربە بەرگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، مۆڭكۈ خان تەختكە چىققاندىن كېيىن دۆلەت ئىچىدە مۇنداق پەرمان چىقارغان: «

ئوردا ۋە ھەر قايسى خانلار كەلسە ـ كەلمەس تارقاتقان دەستىگاھ، پەرمان، بۇيرۇقلارنىڭ ھەممىسى يىغىۋېلىنىدۇ، خانلار سىرتقا چىقسا چوقۇم ئۇچلا
ئات بىلەن چىقىشى كېرەك، يول يىراق بولسا تۆتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى
كېرەك؛ خانلارنىڭ پۇقرالارغا ئۆز ئىختىيارىچە چېقىلىشىغا قەتئىي رۇخسەت
قىلىنمايدۇ؛ ئەمەلدارلارنىڭ خاننىڭ نامىدا پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىنى
ئىگىلىۋېلىشىغا قەتئىي رۇخسەت يوق؛ پۇقرالارنىڭ ئاشلىقىنى يىراققا تو-
شۇغۇچىلار ئامبارغا يېقىن يول بىلەن توشۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ»①،
راشىددىن «جەمئۇل تەۋارىخ» 2 ـ جىلدتىمۇ مۇشۇ ئەمەلىيەتلەرنى سۆز-
لىگەن ھەمدە يول ياقىسىدىكى ئاۋامنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىشنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ئۈچۈن، سودىگەرلەرنىڭ قونالغۇنىڭ ئومۇم ئىشلىتىدىغان ئاتلىرىنى
ئىشلىتىشىنى چەكلىگەنلىكىنى يازغان. ئۆتتۈشۈپ تۇرغان ئەلچىلەرنىڭ
شەھەر ـ بازار، سودا كەنتلىرىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىغان. ئاۋامدىن ئا-
لىدىغان باج ـ سېلىقنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىنى توسقان. مۆڭكۈخان يەنە
بەلگىلىمە چىقىرىپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە ئوتتۇرا ئا-
سىيانىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى بايلار ھەر يىلى 11 دىنار تاپشۇرۇشنى،
كەمبەغەللەرنىڭ پەقەت بىر دىنارلا تاپشۇرۇشنى بېكىتكەن. مەنسەپدارلار،
كاتىپلارنىڭ يۈز ـ خاتىر قىلىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشىنى، پارا قوبۇل
قىلىشىنى چەكلىگەن. مال ـ چارۋا بېجىغا يۈز مالدىن بىرنى ئېلىش، مىلى
يۈز تۇياققا يەتمىگەنلەردىن باج ئالماسلىقنى بېكىتكەن.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى شەرق ۋە غەربتىكى
بىپايان رايوندا ئىككى مەدەنىيەت مەركىزى بار بولۇپ، بۇنىڭ بىرى جۇڭگو
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى خۇاگشيا ئېقىنىدىكى خەنزۇ مەدەنىيەت
مەركىزى. يەنە بىرى بولسا ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋارائۇننەھر ۋە پېرسىيىنىڭ قە-
دىمكى ئىران مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزى
ئىدى. موڭغۇللار بۇ رايونغا كىرگەندىن كېيىن، يەرلىكنىڭ تەسىرىگە
ئۇچراپ ئۇلارغا نىسبەتەن ئىخلاسمەنلىك تۇغۇلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ
مەدەنىيىتىنى تەدرىجىي قوبۇل قىلغان ياكى ئۇلار تەرىپىدىن ئاسسىملياتـ

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ئۆلچەملىك نۇسخا.

سىيە قىلىنغان. بىراق چاغاتاي ۋە ئوگداي كەنجى خانلىرى ئۆز دۆلىتىنى
ھەر قانداق بىر خىل دېھقانچىلىق فېئودال ھاكىمىيىتىنى ئۆلگە قىلىپ
قۇرۇشنى خالىمىغان، ئۇلار ئۆزىنى «خەنزۇ مەدەنىيىتىدىن يىراق» تۇتۇپلا
قالماستىن، بەلكى مۇسۇلمان پۇقرالارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشىنىمۇ
خالىمىغان. موڭغۇللار ۋە بۇرۇنقى قارا قىتانلار ھەممىسى كۆچمەن چارۋىچىلار بولىسىمۇ، بىراق موڭغۇللار دۆلەتنى قارا قىتانلارغا ئوخشاش قۇرمىغان.
ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا غەربىي تۈركلەرگە ئوخشاشمۇ ھۆكۈمرانلىق
قىلمىغان. ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلار مەنزىلى ئۆزگىرىشچان تۇراقلىق ئەمەس ئىدى. ئۇلار يا تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا
ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى خالىمىغان ياكى بولمىسا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرا-
ئۇننەھردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنىمۇ خالىمىغان. ئۇلار شەھەر ۋە كەنتلەرنى
ئوتلاق قىلىۋېتىشنى خالىغانكى، ئەكسىچە قىشلىق، يازلىق تۇرۇشلۇق ئور-
نىنى پايتەخت قىلىشنى خالىمىغان. مەسىلەن، چاغاتايخان ئىلى دەريا
ئېقىنىدىكى ئالمىلىق ئەتراپىدىكى نۇرغۇن يەرلەرنى چۆرىدەپ ئوتلاق قىل-
غان، ئۇنىڭ نەۋرە كېلىنى ئورگانامۇ مۇشۇنداق قىلغان. ئورگانا تەڭرى
تېغىنىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى جايلاردا زور تۈركۈمدىكى چارۋا ئاتلارنى
توپلاپ ھىلاكۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ بازىسى
قىلغان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخ-
شاش ئىگىلىك سىستېمىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. خۇددى
ماركسنىڭ ئېيتقىنىدەك: «(موڭغۇللارنىڭ) بۇنداق قىلىشى ئۇلارنىڭ ئىش-
لەپچىقىرىش، چارۋىچىلىقىغا ماس كېلىدۇ، كەڭ كۆلەمدىكى ئادەم
ئولتۇراقلاشمىغان زېمىنلار چارۋىچىلىقنىڭ مۇھىم شەرتى» ①. شۇڭا موڭ-
غۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىساد،
مەدەنىيىتىنىڭ خارابلىشىپ «بىر پارچە قاقاسلىق» مەنزىرىسىنىڭ پەيدا
بولۇشىنىڭ سەۋەبى، كۆپ تەرەپتىن موڭغۇل كۆچمەن چاۋىچىلىق ئىگىلىك
شەكلىنىڭ ئاقىۋىتى بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەس.
مۆڭكۈنى خاقان قىلىپ تىكلىگەن ۋاقىتتا، باتۇخان ئوغلى سارتانى

① «سىياسىي ـ ئىقتىساد نەزەرىيىسىگە تەنقىد» كىرىش سۆز، سۆز بېشى.

قـۇرۇلـتايغا قاتنىششقا موڭغۇلستانغا ئەۋەتكەن. 1255 -يىلى باتۇخان ۋولگا دەريـاسـىنىڭ شەرقىي قىرغاق تارماق ئېقىنى ئاقتۆپە دەرياسى بويىدىكى كونا سـارايدا ئالەمدىن ئۆتكەن (بۇ جاي ئاستىراخاننىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 65 چاقىرىم يىراقلىقتا). سارتا قارا قۇرۇمغا كېتىۋاتقان يولدا باتۇخاننىڭ ئالەمـدىن ئۆتـكـەنـلـىـك خـەۋىرىنى ئاڭلىغان، ئۇ بۇ سەۋەبتىن ئارقىغا قايتماي، ئەكـسـىچە موڭغۇلستانغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىگەن. مۆڭكۈخان بۇنىڭـدىـن نـاھايـىـتـى رازى بـولـۇپ، ئۇنـى بـاتـۇخـانـنـىڭ ئورنىغا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ تىكلىگەن ھەمدە باتۇخاننىڭ بارلىق قوشۇنى ۋە يـەرلـىـرىـنـى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شـۇڭـا ئۇنـىڭ زېمىنى ھەتتا باتۇخاننىڭكىدىنمۇ كۆپ بولغان. سارتا موڭغۇ-لـىـستاندىن ۋولگا دەرياسىغا قايتىش يولىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. يەنە بىر خىل قـاراشـتـا ئېيتىلىشىچە، قىپچاققا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆت-كـەن، دېـيـىـلـگـەن. مـۆڭـكـۈخان ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئوغلى ئولاغچىنى ئالـتـۇن ئوردا خانى قىلىپ بېكىتكەن. ئولاغچىمۇ شۇ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن (جـۇۋەيـنـى «تـارىخىي جاھان كۈشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 268 ـ بـەت). ئۇنـىـڭـدىـن كـېيىن باتۇخاننىڭ ئىنىسى بېركېي ئالتۇن ئوردا خانى بولغان.

بېركېي خان دەۋرىدە، ئالتۇن ئوردا خانلىقى داۋاملىق تۈردە موڭغۇل خـاقانى بىلەن نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. خۇددى ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتـكەندەك، مۆڭكۈخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋرا ئۇننـەھر رايـونى باتۇخاننىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولۇپ، مەسئۇد مۆڭكۈخان ۋە باتۇخاننىڭ نامىدا بۇ يەرلەرنى بىۋاسىتە باشقۇراتتى. بېركېي ئالتۇن ئوردا خـانـى بـولـغـانـدىـن كـېـيـىـن ئۇنىڭ تەسىرى ماۋرا ئۇننەھرگە ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن. بېركېي بىر مۇسۇلمان ئىدى، ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن بۇ-خـارانـى زىـيارەت قىلغان. ئۇ سەمەرقەنت شەھـىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ شەھەردىكى خىرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى بىلەن بولغان كۈرىشىنى قوللىغان («بـارتـولـد ئەسـەرلـىـرى» رۇسچە، 1 ـ توم 568 ـــ 569 ـ بەت). بىراق، چۇ دەريـاسـى، تـالاس دەريـا ئېـقـىـنـى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە ئىلى دەريا

قاتارلىق جايلار ئېقىنى، بۇگۇنكى (شىنجاڭنىڭ) تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى
بولسا بىۋاستە مۆڭكۇخانغا قارايتتى.

مۆڭكۇخان ھۆكۇمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قارىماققا بىر پۈتۈنلۈك ۋەزىيەتنى ساقلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، بىراق ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى ئەمەلىيەتتە پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتاتتى. ئوگداي قوۋمى ۋە چاغاتاي قوۋمىنىڭ باستۇرۇلۇشى، كۆڭۈلدىكى نارازىلىق ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشلەر بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئاساسلىق سەۋەب ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىدە جاھىللارچە چىڭ تۇرۇۋېلىشى، مەدەنىيەتلىك رايونلارغا كىرىشكە قارشى تۇرۇشى بولسا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي يىلتىز ئىدى.

مۆڭكۇخان تەختكە ئولتۇرغان مەزگىلدە ھەر قايسى موڭغۇل خان – شاھزادىلىرىنىڭ غەيرىي نىيەت – مەقسەتلىرى ئىپادىلىنىشكە باشلىغانىدى. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە: «شاھزادىلەر غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلغاندا (مۆڭكۇخان) (شى) تيەنلىننى زالىم ھەكەم قىلىپ بېكىتكەن. شۇەنزۇڭنىڭ 6 -يىلى (1256 -يىلى) تەنلىننى قايدۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەندە ئۇزۇنغىچە قاماپ قويۇلغان». ياپونىيىلىك مۇئەللىپ ماينو ئوچىنىڭ ئېيتىشىچە: «قايدۇنىڭ توپىلاڭ قىلىش نىيىتىنىڭ بولغىنىغا ئۇزۇن بولغان. ئەملى چۇشۇرۇلگەندىن كېيىن بۇ نىيىتى تېخىمۇ كۈچەيگەن. ئۇنىڭ توپىلاڭ قىلىش نىيىتى شى تيەنلىننى قاماپ قويغىنىدىن ئاشكارىلانغان، بىراق دۈشمەنگە ئوچۇق – ئاشكارا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمىغان.» بۇ ئىشتىن ئۈچ يىل كېيىن مۆڭكۇخان ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىگە ئەگىشىپ بۆلۈنۈشكە باشلىغان. ئوتتۇرا ئاسىيامۇ بۇ ھوقۇق تالىشىش ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

# ئون ئالتىنچى باب

## يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

### 1- بۆلۈم قۇبلايخاننىڭ يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇشى

مىلادى 1254 - يىلى مۆڭكۈخان كۆكنۇرنىڭ غەربىدىكى تۇرۇشلۇق جايىدا، شەخسەن ئۆزى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە يۈرۈش قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ۋەزىپىگە ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئىنىسى قۇبلاي مەسئۇل بولغان. مۆڭكۈخان يولغا چىقىش ئالدىدا گۆدەك ئىنىسى ئارىغ بۇقىغا قىپچاقالغان ئوردا ۋە موڭغۇل قوشۇنىنى باشقۇرۇشنى بۇيرۇغان. ئۇ ھەتتا ئۆلۈمىنى ئارىغ بۇقىغا تاپشۇرغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ئوغلى ئورۇنتاشىنىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا قالدۇرغان (« جامىئۇل تەۋارىخ » ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - جىلد 224 - بەت).

1259 - يىلى 7 - ئايدا مۆڭكۈخان سىچۈەننىڭ خېجۇ ئوبلاستىدىكى دياۋيۈيشەن تېغىنى قورشاشتا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ تاۋۇتىنى 2 - ئوغلى ئاسۇداي موڭغۇلستانغا ئاپىرىپ، چىڭگىزخان ۋە تولۇيخاننىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلغان. مۆڭكۈخاننىڭ ۋاپاتى قۇبلايخان بىلەن ئارىغ بۇقا ئوتتۇرىسىدىكى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش كۈرىشىنى قوزغىغان. بۇ كۈرەش گەرچە قۇبلايخاننىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، بىراق مۆڭكۈخاندىن بۇرۇنقى دەۋردىكى ئۇنداق بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەت كەلمەسكە كەتكەنىدى.

مۆڭكۈخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇبلايخان چوڭ ئوغۇل بولۇش سالاھىيىتى بىلەن 1260 - يىلى 3 - ئايدا كەيپىڭدە خانلىق تەختكە ئولتۇرغان. ئۇنى قوللايدىغان موڭغۇل شاھزادىلىرىدىن قادان، ئاچىگى، ئىبسەنكى، قۇلاقۇر، يادۇ قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى

ئارگ بۇقا سولۇخاتۇننىڭ قىرغىز ، كەمچىك ئايمىقىدىكى يەرلەرگە
ۋارىسلىق قىلغانلىقى ھەمدە مۆڭكۈخان جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش ۋاقتىدا
ئۇنى موڭغۇلىستاندىكى بۆرۈنقى زېمىنلارنى باشقۇرۇشقا قويغانلىقى
ئۈچۈن ، ئۆزىنى خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق دەپ
قاراپ ، 1260 - يىلى 4 - ئايدا « قارا قورۇم شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئەندان
دەرياسى » ( « يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ئۆلچەملىك نۇسخا 65 - بەت )
بويىدا خانلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى جاكارلىغان . ئۇنى قوللايدىغان
موڭغۇل بەگ شاھزادىلىرىدىن قارا ھىلاكۇنىڭ ئايالى ئورگانا ، ئاسۇتاي ،
ئۈرۈنتاش ، قايدۇ ، چاغاتاينىڭ نەۋرىسى ئارۇقۇ ، تۇغاچارنىڭ نەۋرىسى
نايماتاي ، يېسۇ ، تورىچى قاتارلىقلار ئىدى . ئارگ بۇقا يەنە ئالاندارنى
قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ گۇەندۇڭ - لۇڭشى رايونىنى تارتىۋېلىپ ، ئۇ
يەرنى ئاشلىق ، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش بازىسى قىلىشقا ، بۇ
ئارقىلىق قۇبلاي بىلەن قارشىلىشىشقا بۇيرۇق قىلغان .
قۇبلايخاننىڭ بازىسى ئىقتىساد ، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ رايونىدا بولۇپ ، ئارگ بۇقىنىڭ بازىسى قۇملۇقنىڭ
شىمالىدا ئىدى . كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار ئىدى .
( خەن رۇلىن « يۈەن سۇلالىسىدىكى قىرغىزلار ۋە ئۇلارغا قوشنا -
قوۋملار » « جۇڭگو تارىخ تەتقىقاتى » 1979 -يىل 1 -سان ) مانا بۇ
ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەنىدى .
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ رايونى بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى
موڭغۇللارنىڭ قارشىلىشىشى جەريانىدا ، غەربىي يۇرتتىكى چاغاتاي خان-
لىقىنىڭ ھىمايە قىلىشى ياكى قارشى تۇرۇشى مۇقەررەركى ناھايىتى مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى . شۇڭا قۇبلايخان تەختكە چىققاندىن تارتىپلا
غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىغا دىققەت قىلىپ كەلگەنىدى . ئۇ ئالدىنقى خان-
نىڭ چاغاتاي خانلىقىنىڭ سەردارىنى تەيىنلەش ھوقۇقىغا ۋارىسلىق
قىلغان بولۇپ ، ئابىشقا ( مۇتۇگاننىڭ نەۋرىسى بورىنىڭ ئوغلى ) نى دەر-
ھال چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن ھەمدە ئۇنىڭ
ئىنىسى نارىن قادانىنى بىللە بېرىشقا بۇيرۇغان . ئۇلار تاڭغۇتنىڭ چېگرى-

سىغا بارغاندا ئارگ بۇقىنىڭ شېرىكلىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان، ئارگ بۇقا ئۇلارنى قاماپ قويغان (شاۋ دۇنجىڭ: «جامىئۇل تەۋارىخ»، «قۇبلايخان ھەققىدە خاتىرىگە ئىزاھ»).

مۆڭكۈخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى باش سانغۇن قارا بۇقا بىلەن قۇنرۇقاي مۆڭكۈنىڭ بۇرۇنقى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، ليۇپەنشەن ئارقىلىق خېشى كارىدورىنى بويلاپ غەربكە قاراپ مېڭىپ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا چېكىنىشكە تەييارلانغان، يولدا ئارگ بۇقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوشۇن باشلاپ جەنۇبقا ماڭغان ئالاندار بىلەن ئۇچرىشىپ، جەنۇب ئارقىلىق گۇەنجۇڭغا كىرىش غەرىزىدە بولغان، بىراق، قۇبلاي قوشۇنىنىڭ قادان، ۋاڭ لياڭچېن قاتارلىق قىسىملىرى تەرىپىدىن شەندەندە مەغلۇپ قىلىنغان. ئالاندار قاتارلىقلار تارمار بولۇپ چېكىنىپ غەربكە قاراپ ماڭغان، يوللىغ چۇسايىنىڭ ئوغلى يوللىغ جۇ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى تاشلاپ قۇبلايغا قارام بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى يوللىغ شىلياڭ قوندۇقاي تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ غەربكە ئېلىپ كېتىلگەن (ۋېيسۇنىڭ «يوللىغ شىلياڭ قەبرە تېشى ھاققىدە»گە قاراڭ).

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇبلايخان شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ ئارگ بۇقىغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلغان («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 4-جىلد)، ئارگ بۇقا ھىلاكۇنىڭ چوڭ ئوغلى چومۇقارنى قاراچار ۋە باشقا بىر قىسىم شاھزادىلەر بىلەن قوشۇن باشلاپ جەنۇبقا كېلىپ، قۇبلاي بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇغان، ئۇلار قۇبلايىنىڭ يېسۇگى باشچىلىقىدىكى ئالدىنقى سەپ قىسمى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان. ئارگ بۇقا بۇ خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن ناھايىتى ھودۇققان ھەمدە ئابىشقا قاتارلىق ئىككى شاھزادىنى ۋە قۇبلايىنىڭ يۈزدەك ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەن، ئاندىن قىرغىز زېمىنىغا قېچىپ كەتكەن. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ 1-قېتىملىق جېڭى بولۇپ، ئارگ بۇقا مەغلۇپ بولغان. ئۇنىڭ كۈچى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغان.

«جامىئۇل تەۋارىخ»تا خاتىرىلىنىشىچە، موڭغۇل، قارا قورۇم

قاتارلىق جايلار بۇرۇن ئۆزىگە زورۇر بولغان ئاشلىق، هاراق قاتارلىق نەرسىلەردە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ تەمىنلىشىگە تايىنىپ ئادەتلەنگەنىدى. ئەمدىلىكتە قۇبلاي ئارىگ بۇقىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى جايلارغا بۇ تۈردىكى ماددىي بۇيۇملارنى يۆتكەشنى چەكلىدى، نەتىجىدە بۇ رايوندا بارا ـ بارا ئاشلىق كەمچىلىكى تۈپەيلىدىن ئاچارچىلىق يۈز بەردى. ئارىگ بۇقا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قىلىپ ئامالسىز قالدى ـ دە، «ئەڭ ياخشىسى ئارۇقۇ (بايدارنىڭ ئوغلى، چاغاتاينىڭ نەۋرىسى) نى تېپىپ، چاغاتاي ئولۇسىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرايلى، مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇ بىزگە ياردەم قىلىپ، بىزنى ئاشلىق، يەم ـ خەشەك ۋە قورال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئامۇ دەرياسى لىنىيىسىدىكى چېگرىنى قوغدايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھىلاكۇ ۋە بېركېنىڭ قوشۇنى قۇبلايغا ياردەم بېرىشكە كېلەلمەيدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارۇقۇنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى («جامىئۇل تەۋارىخ» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 253 ـ 254 ـ بەت). ئۇنىڭ ئەكسىچە بارتولدنىڭ ئېيتىشىچە، ئارىگ بۇقا ئورگاناغا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئارۇقۇنى ئەۋەتكەن («بارتولد ئەسەرلىرى» رۇسچە، 1 ـ توم 573 ـ بەت).

ئارغۇن خۇددى ساداقىتىن ئېيتىلغان ئوققا ئوخشاش سەپەرگە ئاتلانغان. ئۇ قەشقەرگە كېلىپ چاغاتاي جەمەتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئۇلارنى قوللىغۇچىلارنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىپ، 15 تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر توپلىغان. ئۇ ئورگانانى قوغلاپ چىقارغان. ئورگانا ئالمىلىقتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇپ، مەسئۇد بىلەن بىرلىكتە ئارىگ بۇقىنىڭ يېنىغا يول ئالغان. ئارغۇن يەنە نىقوبېكنى 5000 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ ئۈچار ۋە قاباش ھامىدنىڭ ئوغلى سۇلايمان قاتارلىق بىرنەچچە مۇسۇلمان ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە سەمەرقەنت، بۇخارا ۋە ماۋرا ئۇننەھرنىڭ باشقا جايلىرىغا بېرىشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئالتۇن ئوردا خانلىقى بېركېي خانغا بېقىندىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇلار بۇ كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەن. ماۋرا ئۇننەھرنى

ئىگىلىگەن . جۇجى قوۋمىنىڭ شاھزادىلىرىنىڭ ماۋرا ئۇننەھردىكى كۆچلىرى شۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىلغان .

ئارغۇن ماۋرا ئۇننەھرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن يەنە رازى بولمىغان ، ئۇ يەنە ئۇچاچارنى خارەزىمگە ، سادىي ئىلچىنى ئافغانىستانغا ئەۋەتىپ ، بۇ ئىككى رايوندا ئارۇقۇ ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن (« جامىئۇل تەۋارىخ » 2 - جىلد ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 257 ــ 258 ـ بەت . «بارتولد ئەسەرلىرى » رۇسچە ، 1 ـ توم 574 ـ بەت ).

قۇبلايخان ئارىگ بۇقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن ، قارا قۇرۇمدىن قايتىپ ، يەنجىڭغا يېقىن جايدا توختاپ قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن . ئەينى ۋاقىتتا ئارىگ بۇقا كەمچىك ئايمىقىنىڭ چېگرىسىدىكى يۈس دەرياسى بويىدا بولۇپ ، ئەسكەرلىرى ۋە ئاتلار ئاچلىق ۋە ھېرىپ - چارچاپ ھالدىن كېتىپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە تۇرغانىدى . ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ قۇبلايخاندىن كەچۈرۈم سورىدى ھەمدە ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ، پېرسىيىدىكى ھىلاكۇخان ۋە يېقىندا ماۋرا - ئۇننەھرنى ئىگىلىگەن ھەم ھوقۇقتا (كۆچكە) ئىگە بولغان ئارغۇن ھەممىسى قۇبلايخاننى قوللىدى . ھىلاكۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ئارىگ بۇقىنىڭ ھەرىكىتىنى ئەيىبلىدى . ئارغۇن نەچچە قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ ، ئارىگ بۇقىنى قوللىغان قايدۇغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى قوغلاپ چىقاردى . قۇبلايخان ھىلاكۇ بىلەن ئارغۇنغا ئەلچى ئارقىلىق مەكتۇپ ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكىدەك مەقسىتىنى يەتكۈزدى : « جايلار توپىلاڭ قىلماقتا ، ھازىر ئامۇ دەريا ساھىللىرىدىن مىسىرغىچە بولغان كەڭ جايلارنى ھىلاكۇ باشقۇرىدۇ ۋە قوغدايدۇ . ئالتاي تېغىدىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى زېمىنلار ۋە ئۇلۇسنى ئارغۇن باشقۇرىدۇ ۋە ساقلايدۇ ، ئالتاي تېغىدىن ئۇلۇغ دېڭىزغىچە بولغان بارلىق جايلارغا مەن مەسئۇل . » ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى بېركېي خان ئىككى تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنى كېلىشتۈرمەكچى بولدى .

1261 ـ يىلىدىكى يازلىق ۋە كۈزلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن ، ئارىگ

بۇقىنىڭ ئەسكەر ۋە ئاتلىرى كۆچلەندى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ۋەدىسىدە تۇرماي توختامنى بۇزۇپ قۇبلايخانغا يەنە ھۇجۇم قىلدى . ئۇ ئىپسۇنگىنىڭ تۇرىدىغان يېرىگە ئاز قالغاندا ، ئالدى بىلەن تەسلىم بولغىلى كەلگەن دەپ يالغاندىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى مۇداپىئەسىز قالدۇرۇپ ، ئاندىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تارمار قىلدى . ئىپسۇنگى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى قۇبلايخانغا مەلۇم قىلدى . قۇبلايخان قايتىدىن قوشۇن تولپلاپ يۈرۈش قىلىپ ، ئارگ بۇقا بىلەن قۇملۇقنىڭ چېتىدە ئۇچرىشىپ ، خازا بولداق تېغى بىلەن شىمورىتونائۇر (شىمۇتۇنائۇر ، پاشا كۆپ كۆل دېگەن مەنىدە ) نىڭ ئالدىدىكى ئابۇزىيا كۆكتىنگىرىدە جەڭ قىلدى . قۇبلاي قوشۇنىدا « شاھزادە قادان ، كوراگان لاچىن ۋە ئۇلۇغ ، موئۇر قاتارلىقلار ئوڭ تەرەپ قوشۇن ، شاھزادە تاچار ۋە نايچۇتاي سول تەرەپ قوشۇن ، قابچى سانغۇن ئوتتۇرا قوشۇن » ئىدى . ئارگ بۇقا تەرەپتە موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن باشقا ئۇيرات قوشۇنلىرىمۇ بار ئىدى . كونا كالېندار بويىچە 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى (11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ) ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى ئۇتتۇشتى ، شاھزادە قادان قاتارلىقلار سانغۇن قادان قورچى ۋە ئۇنىڭ 3000 ئەسكىرىنىڭ كاللىسىنى ئالدى ، تاچار ۋە قانچى قاتارلىقلار قايتا - قايتا بۆلۈنۈپ زەربە بېرىپ ئۇلارنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى . ( « يۈەن سۇلالىسى تارىخى » شىزۇ ھەققىدە خاتىرە ، شى تېيەنزى تەرجىمىھالى ، كانقۇس تەرجىمھالى ، تەشۇچان تەرجىمھالى ) شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيرات قوشۇنىمۇ يېڭىلدى («يۈەن سۇلالىسى تارىخى ، سۇجىتاينىڭ تەرجىمھالى ») . ئارگ بۇقا قېچىپ كەتتى ، قۇبلايخان قوغلاپ زەربە بەرمەسلىك بۇيرۇقىنى چۈشۈردى .

بۇ ئىش بولۇپ ئون كۈندىن كېيىن ئارگ بۇقا بىلەن ئاسۇتاي يەنە ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قۇبلاي قوشۇنى بىلەن شىرگانائۇر بىلەن شىروگلىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېلاتتا ئۇرۇش قىلدى . قۇبلايخان ئارگ بۇقا قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانات قوشۇنىنى تارمار قىلدى . بىراق ئارگ بۇقا قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا قوشۇنى بىلەن سول قانات قوشۇنى باتۇرلارچە قارشىلىق كۆرسىتىپ كەچ كىرگۈچە بەرداشلىق بەردى . ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ

قوشۇنلىرىنى يىغىپ چىكىندى . تا 1262 ـ يىلى يازغىچە قايتا ئۇرۇش بولمىدى . بۇ ۋاقىتتا ئارىگ بۇقا يەنە ئالدىراشلىق بىلەن غەرب تەرەپتىكى دۈشمىنى ئارىغۇننى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ماڭدى .

قۇبلايخان بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مەزگىلدە ، ئارىگ بۇقا ئىككى ئەلچى ئەۋەتىپ ئارىغۇنغا قاراشلىق چىگرىدىن ماددىي ئەشيا ، ئات ۋە قورال‌لارنى يىغىپ كېلىشكە بۇيرۇغانىدى . ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار زور مىقداردىكى مال ـ دۇنيانى يىغىۋالدى . ئارىغۇن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ رازى بولمىدى ۋە ئارىگ بۇقىنىڭ ئەلچىلىرىنى قوغلاپ تۇتۇپ ، ئۇلار يىغقان مال ـ دۇنيانى تارتىۋېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى . ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر « بۇنداق قىلغاندا ئارىگ بۇقىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويىمىز ، بىز ئۆزىمىز ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشالمايمىز ، شۇڭا ئوچۇق ـ ئاشكارا خاقاننى قوللىغىنىمىز ياخشى » دېيىشتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلار ئارىگ بۇقىنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى ۋە قوشۇنىنى بۆلۈشتى . ئارىگ بۇقا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ ، دەرھال ئارىغۇنغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى . ئۇلار كەتكەندىن كېيىن قۇبلايخان زور قوشۇننى باشلاپ قارا قورۇمغا باردى . ئۇ ئەسلىدە ئارىگ بۇقىغا توختىماي قوغلاپ زەربە بېرىشنى ئويلىغانىدى ، بىراق شەندۇڭدا لى يۈن توپىلىڭى تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلۈپ ، تۇزلەڭلىك خەنزۇ رايونىنىڭ ۋەزىيىتى تۇراقسىز بولغانلىقى ئۈچۈن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى .

ئارىگ بۇقىنىڭ قوشۇنى غەربكە ئىلگىرىلەپ ئارىغۇننى 1500 چاقىرىمچە قوغلاپ ، 1262 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يەتتىسۇ رايونىدىكى بوئىبسارغا يېتىپ باردى . بىراق ، ئارىغۇن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە قوشۇن توپلاپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى . شۇ يىلى قىشتا ئىلى دەرياسى ئېقىنىدا ئارىگ بۇقىنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى . ئارىگ بۇقىنىڭ قوشۇنىدىكى سەركەردىلەردىن قارا بۇقا ۋە ئۇنىڭ جەمەتداش ئىنىسى تورۇغوچارغا ئوقيا تېگىپ ئۆلدى ، ئۇنىڭ ئۇلۇسىدىكىلەرنىڭ كۆپى ئارىغۇن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . ئارىغۇن ئۇنىڭ كاللىسىنى قۇبلايخانغا ئەۋەتىپ خۇش خەۋەر

يەتكۈزدى .

«جامىئۇل تەۋارىخ» تا خاتىرىلىنىشىچە ، ئارغۇن مۇشۇ قېتىملىق غەلىبىدىن كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقىتىپ قويدى . ئۇ ئىلى دەرياسىنى بويلاپ ئۆزىنىڭ ئوردىسىغا قايتتى . ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ ھېچقانداق ئېھتىيات تەدبىرى قوللانمىدى . بۇ ۋاقىتتا ئارىگ بۇقىنىڭ قوشۇنى ئاسۇتاينىڭ رەھبەرلىكىدە تەلكە تېغى ئېغىزىدىن ئۆتۈپ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ، ئىلى دەرياسى ۋە ئالمىلىققا ھۇجۇم قىلىپ ئارۇغۇنىڭ ئۇلۇسىنى تارتىۋالدى .

ئارغۇن قوشۇنى تاراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتەلمەي ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ئوڭ قانات قوشۇنىنى باشلاپ جەنۇبقا قاراپ ماڭدى . 10 ـ ئايدا ئىسسىقكۆلگە يېتىپ باردى . ئىككىنچى يىلى (1263 ـ يىلى ) قەشقەرگە چېكىندى . 4 ـ ئايدا ئارىگ بۇقىنىڭ قوشۇنى يەنە كېلىپ ئارغۇنغا ھۇجۇم قىلدى ، ئارغۇن قەشقەردىن چىقىپ دۈشمەنىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئارىگ بۇقىنىڭ قوشۇنى بىلەن ھازىرقى ئاقسۇ ئەتراپىدىكى قۇمباشتا جەڭ قىلىپ يەنە بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى . شۇنىڭ بىلەن ، خوتەنگە چېكىندى . بۇ ۋاقىتتا قۇبلايخان بۇقاچۇنى ئارغۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنىدى . ئاساسلىق مەقسىتى ئۇنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ بۇ ئارقىلىق غەرب تەرەپتىن ئارىگ بۇقىغا قارشى تۇرۇش ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇبلايخان ئارۇغۇدىن ئەينى ۋاقىتتا شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان يوللىغ شىلياگنى ئىچكى رايونغا ئەكىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى .

ئارىگ بۇقا ئارغۇننى تارمار قىلىپ قوغلىۋەتكەندىن كېيىن ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى ئالمىلىقتا قىشنى ئۆتكۈزدى . ئۇ بۇ يەردە ئارغۇننىڭ ئۇلۇسىدىكىلەرنى ، سەركەردە ـ ئەسكەرلەرنى ، پۇقرالارنى ئاق ـ قارىنى ئايرىماي خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ ، باشقا سەركەردىلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى . 1263 ــ 1264 ـ يىلى قىشتا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يۈز ئۆرۈپ كېتىپ قېلىشتى . « يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، ( 96 ـ بەت ) دىمۇ مۇنداق دېيىلگەن « غەربتىكى شاھزادىلەر ئۇلۇس ، پۇقرالىرىنى باشلاپ كېتىش-

تى» . ھىلاكۇنىڭ ئوغلى چومۇقارمۇ سەمەرقەنتكە بېرىپ داۋالىنىپ كېلىشىنى ئۆتۈندى . ئارىگ بۇقا ھەممىسى بىزار بولغان ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى .

1263 ـ يىلى قىش ئۆتۈپ كەتتى . 1264 ـ يىلى باھار يېتىپ كېلىپ ئالمىلىقتا ئاچارچىلىق يۈز بەردى . ئەسكەرلەر ۋە ئات ـ ئۇلاغلار تۈركۈملەپ قىرىلىشقا باشلىدى . ئارىگ بۇقا ۋە ئاسۇتاينىڭ يېنىدا ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرلا قالدى . ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتا زابكەن دەرياسىدا تۇرۇۋاتقان ئۇرۇنتاشتىن پاناھ ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قۇبلايخانغا تەسلىم بولدى .

بۇ ۋاقىتتا ئارغۇن خوتەندىن يەنە سەمەرقەنتكە كەلدى . ئۇ بۇ يەردە قوۋمى ـ يۇقرالىرىنى يىغىپ ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئارىگ بۇقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى . ئارىگ بۇقا ئورگانا بىلەن مەسئۇدنى ئارغۇننىڭ يېنىغا مۇرەسسە تەلەپ قىلىپ ئەۋەتتى . ئارغۇن ئورگانانى خوتۇنلۇققا ئېلىپ ، مەسئۇدنى ماۋرائۇننەھرنىڭ سەمەرقەنت ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى . مەسئۇد ئارغۇن ئۈچۈن باج يىغىپ ، پۇل توپلاپ يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈردى ، بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ كۈچ تەسىرى قايتىدىن زورايدى . ئارغۇن تەدرىجىي ئالتۇن ئوردا خانى بېركېي خانىنى مەغلۇپ قىلدى . ئۇنىڭ زېمىنى ئوتىرارغىچە كېڭەيدى (« جامىئۇل تەۋارىخ » 2 ـ توم ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 257 ـ 261 ـ بەت) .

1264 ـ يىلى كۈزدە ئارىگ بۇقا ئاخىر قۇبلايخانغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى . بىر مەيدان خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىشنى تالىشىش ئۇرۇشى مانا شۇنداق ئاخىرلاشتى . قۇبلايخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى .

قۇبلايخان پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ، 1271 ـ يىلى يەنە دۆلەت نامىنى يۈەن دەپ بېكىتتى . پايتەختنى خانبالىق ( ھازىرقى بېيجىڭ ) قا يۆتكىدى . شۇنىڭ بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي مەركىزى جۇڭگونىڭ خەنزۇلار رايونىغا يۆتكەلدى . شۇنىڭدىن باشلاپ قۇبلايخان

ھەم موڭغۇللارنىڭ خاقانى، شۇنداقلا ھەم جۇڭگونىڭ پادىشاھى — يۈەنشىزۇ بولدى.

قۇبلايخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي سەردارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقى، چاغاتاي خانلىقى، پېرسىيە ئىلخانىلار خانلىقى ۋە ئوگداي قوۋمىدىكى موڭغۇل شاھزادىلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخچى راشىددىن ۋە ئىتالىيىلىك ماركوپولو قاتارلىقلارمۇ بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە قۇبلايخاننى بىردەك خاقان دەپ ئاتىغان. موڭغۇللارنىڭ خاقانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ھەر قايسى خانلىقلارغا بولغان پاترىئارخاللىق ھوقۇقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زېمىنىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى جاساق ئارقىلىق بېكىتىلدى. بۇنى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ جۇڭگونىڭ بىر ۋاقىتلىق ۋازارىتى سۈپىتىدىكى ئورنى، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق جايلارغا بولغان بىۋاسىتە ھوقۇقى، يۈەن سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن باج ـ سېلىق يىغىشى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ باجنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشى، غەربىي يۇرت، قىپچاق، پېرسىيە قاتارلىق جايلاردىكى موڭغۇل شاھزادىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە «بۆلۈپ بېرىلگەن تەممات يېرى» بولۇشى ھەمدە يىللىق ئىنئام قوبۇل قىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى كونا قائىدىلەر قۇبلايخان يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىنمۇ ئۆزگەرمىگەن.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسى گەرچە مەلۇم مەزگىل ئىچىدە يەنىلا قۇبلايخاننى خاقان دەپ ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئىمپېرىيە زېمىنىنىڭ ئىنتايىن كەڭ بولغانلىقى، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئۆرپ ـ ئادىتى ئوخشىمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ھەر قايسى خانلىقلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەرەققىيات يولىغا مېڭىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. خۇددى «ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھالاكىتى» دېگەن كىتابتا (رۇسچە 75 ـ بەت) ئېيتىلغاندەك: «ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى قارا

قۇرۇمدىن بېيجىڭغا يۆتكەلگەنلىكى سەۋەبىدىن بېيجىڭدىكى خاقان ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ بارلىق موڭغۇللارنىڭ خاقانىدىن بىر جۇڭگونىڭ پادىشاھىغا ئايلىنىپ قالدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقى گەرچە باتۇخان ۋە بېركېنىڭ دەۋرىدىلا ئەمەلىيەتتىكى مۇستەقىللىقنى كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق پەقەت 1260 ـ يىلىدىكى ۋەقەدىن كېيىن ئالتۇن ئوردا خانلىقى ئاندىن ھەقىقىي تۈردە بىر مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندى دېيىشكە بولىدۇ.

ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە پېرسىيىنىڭ ئېلخانىلار خانلىقى مۇشۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەرەققىيات يولىغا ماڭدى. بىراق ئاسىيا رايونى بولسا ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشنى باشتىن كۆچۈردى.

## 2 ـ بۆلۈم قايدۇ، دۇۋا توپىلىڭى

موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە قۇبلايخان تەرەپدارلىرى ــ خەنزۇ مەدەنىيىتىگە مايىل بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا يۈزلىنىش ۋە يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك ۋەكىلى ئىدى. ئەمما يەنە بىر قىسىم موڭغۇل شاھزادىلىرى «خەنزۇلىشىشنى ياتلىشىش» دەپ قاراپ، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ۋە يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا قارشى تۇردى. بۇ ئىككى خىل خاھىشچىلەرنىڭ ئىختىلاپى ۋە كۈرىشى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چاغاتاي قوۋمى بىلەن ئوگداي قوۋمىدىكى شاھزادىلەر ئارىسىدىمۇ ئىپادىلەندى. بىر قىسىم موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ماۋرا ئۇننەھر رايونىغا بارغاندىن كېيىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر يەنىلا يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇردى. چاغاتاي خانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرا ئۇننەھرگە كىرگەن موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن جالايىر قەبىلىسى ئانگىرېن دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان (خوجەندكە يېقىن)؛ بارلاس قەبىلىسى، قاشقا دەرياسى بويىغا جايلاشقان؛ سۇلدۇس قەبىلىسى بۇخارانىڭ شەرقى، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان ئادۇلاتلار

بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بۇ قەبىلىلەر ئىچىدە بىر قىسمى پەيدىنپەي مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ھەمدە شۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇلار سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئوتلاق رايونىدىكى كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇل قەبىلىلىرى بىلەن بىر - بىرىنى ئۆزئارا كەمسىتىشتى، بەزىدە دۈشمەنلەشتى. بۇمۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى ئىچكى ئۇرۇش پەيدا بولۇش ۋە پارچىلىنىشقا يۈزلىنىشكە يېتەكلەشتىكى مۇھىم ئامىلدۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى قايدۇ دوقاشىنىڭ ئوغلى، ئوگدايخاننىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بولغان نەۋرىسى. ئارىگ بۇقا قۇبلايخان بىلەن تالاشقاندا قايدۇ قەتئىي ھالدا ئارىگ بۇقىنى قوللىغان. ئارىگ بۇقا قۇبلايخانغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئارغۇن ھۆكۈمرانلىقىدىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زورايدى. بۇ ھال ئارغۇن بىلەن ئالتۇن ئوردا خاندانلىقىنىڭ خانى بېركېخان ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت پەيدا قىلدى. ھالبۇكى قايدۇ ئارغۇننىڭ بېركېخانغا تاقابىل تۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۈچىنى زورايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قايدۇ بېركېخاننىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ ئارغۇن بىلەن ئۇرۇش قىلغان.

مىلادى 1265 - يىلىدىن كېيىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۈچ چوڭ بۆلىكىنىڭ باشلىقلىرى يەنى پېرسىيىدىكى ھىلاكۇخان، قىپچاقتىكى بېركېخان ۋە چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئارغۇنلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. چوڭ خان قۇبلاي ھىلاكۇنىڭ ئوغلى ئاباقانى ئېلخانلىققا تەيىنلىدى. (نامدا شۇ يەرنىڭ شاھزادە ئەمىرلىرى سايلايدۇ، ئەمما چوڭ خاننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت) بېركېنىڭ تەخت ۋارىسى مانگى تېمۇر (1266 ـــ 1280 - يىللار) بولدى. ئارغۇن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئورگانا ئۆزىنىڭ ئالدىنقى ئېرى قاراھىلاكۇنىڭ ئوغلى مۇبارەكشاھنى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ خانى قىلىپ تىكلىدى. ئەمما ئەسلىدىكى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ مەركىزى ئالمىلىق ئۇ ۋاقىتتا قايدۇ تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغانىدى. قايدۇ باشچىلىقىدىكى ئوگداي خانلىقى بۇ

چاغدا قايتىدىن گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش باسقۇچىغا كىردى .

قۇبلايخان تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ ئارىگ بۇقىنى تىنچىتقاندىن كېيىن ، دەرھال ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ كېڭىيىپ ، چوڭ خاقانىنىڭ ئۇ يەرلەرگە بولغان ئىگىلىك هوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئويىدا بولدى . مەسىلەن ، پېرسىيىدىكى ئېلخانىلار خانلىقى بىلەن بولغان قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە توپىلاڭ قىلماقچى بولغان قايدۇغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، قۇبلايخان ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا قوشۇن ئەۋەتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، مۇتۇگاننىڭ نەۋرىسى باراقنى چاغاتاي خانلىقىغا هاكىمىيەت تارتىۋېلىشقا ئەۋەتىپ ، چاغاتاي خانلىقىنى چوڭ خاقانىنىڭ قايدۇغا تاقابىل تۇرۇشنى قوللاشقا قىستىدى . چوڭ خاقانىنىڭ باراققا ھەدىيە قىلغان تەستىقنامىسىدە ئۇنى مۇبارەكشاھ بىلەن چاغاتاي ئۇلۇسىنى ئورتاق باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى . باراق ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ، مۇبارەكشاھنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچلۈك ، مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئېلىپ بارغان تەستىقنامىنى كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالماي ، قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى يۇلتۇزلاردەك تارىلىپ كەتكەن ئادەملىرىنى يىغىشقا كەلگەن دەپ يالغان ئېيتتى . باراق خېلىلا كۆپ كىشىلىك قوشۇن توپلىدى ھەمدە مۇبارەكشاھ بىلەن چىقىشالمايدىغان بىر ئەمىر ۋە بەزى سەركەردىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ، تۇيۇقسىز مۇبارەكشاھنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ، ئۆزى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ خانى بولدى («جامىئۇل تەۋارىخ » 2 ـ توم ، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 151 ـ بەت) .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، مۇبارەكشاھ چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھۆكۈمران ئىكەن . ئۇنىڭ ئىسمىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىپادىلەيدۇ . ئۇنىڭ تۇرىدىغان جايى ئىلى دەرياسى ۋادىسى بولماستىن ، بەلكى ئانگىران دەرياسى ۋادىسى ئىكەن . جامال قارشىنىڭ تەرىپىچە ، مۇبارەكشاھ 1266 ـ يىلى 3 ـ ئايلاردا ئۇ جايلارغا ئورۇنلاشقان . ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا ، موڭغۇل سەركەردىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى بۇخارا ،

سەمەرقەنت قاتارلىق مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان شەھەر - بازارلارغا كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا قارشى تۇردى. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىمۇ چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمان پۇقرالار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىش باسقۇچىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇلار موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، بۇمۇ ئۇنىڭ باراق تەرىپىدىن ناھايىتى ئاسانلا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش سەۋەبلىرىنىڭ بىرى.

باراق چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، دەرھال قۇبلايخانغا تەۋە بولغان خوتەن رايونىغا بېسىپ كىرىپ، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى موڭگۇتاي بىلەن قۇنچىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا قۇبلايخان ئۇچۇن ئاساسلىق ئاپەت بولۇۋاتقىنى قايدۇ بولغاچقا، باراقنىڭ ھەرىكىتىگە سەۋر قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قايدۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۇچۇن قۇبلايخان تەلاننى ئېمىل بىلەن قىپچاققا ئەۋەتتى. تەلان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن: «قايدۇنىڭ ئەسكىرى كۆپ، سەر خىل ئىكەن، قارىغاندا تېز ئۇرۇشساق بولمىغۇدەك، ھۇجۇم قىلسا ئىستىھكامنى چىڭ ساقلايدىكەن، چېكىنسە قوغلىمايدىكەن. ئۆزىگە پۇختا ئىكەن. ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدىكەن»① دەپ دوكلات قىلدى. شۇڭا قۇبلايخان يەنىلا باراقنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى قايدۇ بىلەن ئۇرۇشقا سالماقچى بولدى. باراقتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئۇنىڭ قايدۇ بىلەن زىددىيىتى بار ئىدى. ئاساسلىقى، قايدۇ باراق بىلەن مۇبارەكشاھ تەخت تالاشقان ۋاقىتتا ئالمىلىق، تالاس، ئوترار قاتارلىق ئەسلىدە چاغاتاي خاندانلىقىغا تەۋە رايونلارنى بېسىۋالغانىدى. بۇ يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇچۇن باراق قايدۇغا ھۇجۇم قىلىپ سىر دەرياسى بويىدا ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. قايدۇ قىپچاق خاندانلىقىدىن ياردەم سورىدى. قىپچاقلاردىن مانگى تېمۇر خان بەش تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ قايدۇغا ياردەم بېرىپ باراقنى مەغلۇپ قىلدى. باراق ماۋرا ئۇننەھرگە چېكىندى.

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، تەلاننىڭ تەرجىمھالى».

باراق ماۋرا ئۇننەھرگە چېكىنگەندىن كېيىن، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتتىكى پۇقرالارنى شەھەردىن چېكىنىشكە، بارلىق بايلىقلارنى ئەسكەرلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە قويۇپ قويۇشقا مەجبۇرلىدى. ئىككى شەھەردىكى پۇقرالار دىنىي ئۆلىمالار ئارقىلىق رەھىم - شەپقەت تىلىدى. باراق گەرچە ئەسلىدىكى تەلىپىدىن يانغان بولسىمۇ، شەھەر - بازاردىكى قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئۇستىلارغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ھەربىي قورال - ياراغ ياساشقا بۇيرۇپ، قايتا جەڭگە تەييارلىق قىلدى. بۇ ۋاقىتتا قايدۇ باراقنىڭ دوستى قىپچاق (ئوگدەينىڭ نەۋرىسى قادانىڭ ئوغلى) نى سەمەرقەنتكە ياراشتۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ قايىل قىلىشى ئارقىلىق باراق بىلەن قايدۇ ئاخىر كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئۆزئارا ۋاقىتلىق «ئاندا» (موڭغۇلچە قول بېرىپ ئاكا - ئۇكا بولۇشماق دېگەن مەنىدە) بولۇشتى ھەمدە ھىجرىيە 667 - يىلى (مىلادى 1269 - يىلى) باھاردا ئورتاق ھالدا بىر قېتىم قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ، ماۋرا ئۇننەھر ۋە تۈركىستاننى بۆلۈشۈۋېلىش مەسىلىسىنى مەسلىھەتلىشىشكە كېلىشتى.

مىلادى 1269 - يىلى باھاردا قايدۇنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشىدا تالاستا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل شاھزادىلىرى قاتناشقان قۇرۇلتاي ئېچىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قىپچاقتىكى جۇجى نەسەبىدىكى شاھزادىلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قۇرۇلتايغا قاتناشقان. ناھايىتى روشەنكى، قۇرۇلتاينىڭ مەقسىتى قايدۇنىڭ باشچىلىقىدىكى يۆەن سۇلالىسىدىكى قۇبلايخانغا ۋە پېرسىيىدىكى ئېلخانغا قارشى تۇرىدىغان ئىتتىپاق تۈزۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرۇش، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي مەزگىلىدە، ئىتتىپاققا قاتناشقان بارلىق موڭغۇل شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسى «ئاندا» بولۇشتى، شۇنداقلا ھەممەيلەن قايدۇنىڭ باش سەردار بولۇشىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇلارنىڭ كېلىشىمگە ئاساسەن ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمى باراققا بۆلۈپ بېرىلدى. $\frac{1}{3}$

قسمىنى قايدۇ بىلەن مانگى تېمۇر ئىگىلىدى. شاھزادىلەر يايلاقتا ۋە تاغلىق رايونلاردىكى كۆچمەن چارۋىچىلىقتا باب جايلاردا ياشاشقا، شەھەر ـ بازار ۋە يېزىلارغا كىرمەسلىكنى قارار قىلىشتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا يەنىلا مەسئۇدنىڭ ئۈزۈن ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلىشى بەلگىلىنىپ باج ـ سېلىق يىغىشقا مەسئۇل بولدى. شاھزادىلەر تېرىلغۇ يەر-لەردە مال ـ چارۋا باقماسلىققا ۋەدە بەردى. بەلگىلەنگەن باج ـ سېلىقتىن باشقا، پۇقرالارنى تالان ـ تاراج قىلىشقا بولمايدۇ. شەھەر ـ بازار بايلىقلىرى ۋە يېزىلاردىكى پۇقرالار قوغدىلىشى كېرەك دەپ بەلگىلەندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىن قايدۇ بىر قېتىم باراقنىڭ بەلگىلىگەن باج ـ سېلىقنى تاپشۇرمىغانلىقنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ باجگىرىنى ئۇرغان. بارتولد بۇ پاكىتقا ئاساسەن قايدۇ قۇرۇلتايغا قاتناشقان شاھزادىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەردىن باج يىغىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي قايدۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇبلايخانغا قارشى بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرغانغا باراۋەر دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاجىز ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت، خالاس.

قۇرۇلتاي مەزگىلىدە، باراق ئۆزىگە بۆلۈنگەن زېمىننىڭ بەك ئاز-لىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېلەر يىلى باراقنىڭ قوشۇن تارتىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خۇراسان زېمىنىنى تارتىۋېلىشنى قارار قىلدى.

1269 ـ يىلى باھاردىكى قۇرۇلتايدىن كېيىنكى مۇھىم چوڭ ئىش باراقنىڭ پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلىشى ۋە قۇبلايخاننىڭ قايدۇغا جازا يۈرۈشى قىلىشى بولدى. ئەمدى مۇشۇ ئەھۋاللارنى بايان قىلىمىز.

باراق قوشۇنىنى قوراللاندۇرۇش، ئاشلىق، يەم ـ خەشەك تەييارلاش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئىككى شەھەر-دىكى پۇقرالارنى ھېچنېمىسىنى قويمىغۇدەك دەرىجىدە تالان ـ تاراج قىلدى. ھەددىدىن ئاشقان ئېغىر باج ـ سېلىق خەلقنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىدىغان ئەھۋال ئىدى. پەقەت مەسئۇدنىڭ چىن دىلىدىن قىلغان تەلپى بىلەنلا، بۇ خىل كۆلنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتۇشتەك ئاماللى بولدى قىلدى.

باراق باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنى 1279 ـ يىلى ئەتىيازدا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىردى. بۇ قېتىمقى قوشۇنغا قاتناشقان موڭغۇل شاھزادىلىرىدىن بورى، نىقۇبېك، مۇبارەكشاھ قاتارلىقلار بار ئىدى. قايدۇ ياردەمگە ئەۋەتكەن شاھزادىلەردىن قىپچاق، چاپۇتلار بار ئىدى. باراق بۇۋىسى مۇتۇگاننىڭ ئافغانىستاننى ھۇجۇم قىلىپ ئالغان ھەمدە 1221 ـ يىلى بامىياننى قورشاشتا قۇربان بولغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى. شۇڭا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن ھىندى دەرياسىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنىڭ ھەممىسى چاغاتاي جەمەتىنىڭ مىراسخور زېمىنى بولدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئېلخانىلار خاندانلىقىنىڭ خۇراساندىكى ھاكىمى دىشىن 〈 迪歆 〉 (ئاباقانىڭ ئىنىسى) دىن ئالدى بىلەن بادغىس يايلىقىنى تاشلاپ، ئاشۇ رايونلارنى ئىشغال قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

باراقنىڭ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن دىشىن تۇرۇۋاتقان جاي ماروچايىققا يۈرۈش قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا قايدۇ باراقنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىماي، قىپچاق بىلەن چاپۇت ئىككى خاننىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتتە جەڭدىن قېچىپ كېتىشىنى يوشۇرۇن بۇيرۇدى. ئۇلار ئىككىسى راستتىنلا شۇنداق قىلدى. بۇ باراققا ناھايىتى زور قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. شۇنداق بولسىمۇ، دىشىن بىلەن ئارغۇن باشچىلىقىدىكى ئېلخانىلار خانلىقى قوشۇنى يەنىلا تاقابىل تۇرالماي مازاندېرانغا چېكىنىپ، ئاكىسى ئاباقانىڭ ئاساسىي كۈچنى باشلاپ كېلىپ ياردەم بېرىشىنى كۈتتى. باراق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خۇراساننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى بېسىۋالدى (تەخمىنەن 1270 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا) ھەمدە 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى نىشاپۇرنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ھىراتنىڭ ھاكىمى شەمسىددىن مۇھەممەد كەرتنى تەسلىم بولۇشقا ۋە خىراج تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى.

ئاباقا 1270 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەزەربەيجاننىڭ مىئانى (ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمالى) دېگەن يېردىن قوشۇن باشلاپ شەرققە كەلدى. ئۇ خۇنكور ئۇلۇن چوڭ تۈزلەڭلىكىدىن ئۆتۈپ (مەنىسى بېغىررەڭ 〈 قوڭغۇر 〉 يايلاق بولۇپ، ئابغار بىلەن زانشان 〈 赞婁 〉 نىڭ

ئوتتۇرىسىدا) قۇبلايخان ئەۋەتكەن ئەلچى (تېكەچۇق) بىلەن ئۇچرىشىدۇ . بۇ كىشى كېلىشۋاتقاندا باراق تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلغان . ئۇ باراق قوشۇنىدىكى كۆرگەن ـ ئاڭلىغان بارلىق ئەھۋاللارنى ئاباقاغا ئېيتىپ قويىدى . ئاباقا تېزلىكتە شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ ، رەيدىن ئۆتۈپ ، قۇمىس دېگەن جايدا دىشىن بىلەن ئارغۇننىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشىپ ، بىرلىكتە رازكەد (تۇس چېگرىسى ئىچىدە) كە قاراپ ماڭدى . ئاندىن رازكەدتىن ئۆتۈپ باخارزى 〈巴哈尔兹〉 (ھازىرقى تۇرباتجامىنىڭ جەنۇبى ) ئارقىلىق بادغىسقا كىردى . ئاباقا بۇ يەردىن باراققا ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئېلخانىلار خانلىقى بادغىسنىڭ جەنۇبىدىن ھىندى دەرياسىغىچە بولغان كەڭ رايونلىرىنى چاغاتاي خانلىقىغا بېرىشكە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلدى . باراقنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمىرلەردىن بىرى بۇ پايدىلىق شەرتنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلغاندىن باشقا ، قالغانلىرى ئاچچىقلاپ ، سۈلھنى رەت قىلىپ ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى .

باراق ۋە سەركەردىلەر ھەتتا ئاباقانىڭ خۇراسانغا كەلگەنلىكىدىن گۇمانلاندى . ئۇلار ئۈچ كىشىنى پايلاقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتتى . بۇ ئۈچ كىشى بارىسلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن ، ئۇلار كېلىش مەقسىتىنى ئىقرار قىلدى . ئاباقا ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنى بابلاپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىككى كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن زور قوشۇن كېلىپ ئېلخانىلار خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلماقچى دەپ ئىغۋا تارقاتتى . ئاباقا قايتىپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كەتتى ، ساق قالغان ھېلىقى چاغاتاي پايلاقچىسى قايتىپ بېرىپ بۇ يالغان ئەھۋالنى باراققا دوكلات قىلدى . ئاباقانىڭ زور قوشۇنى يالغاندىن چېكىنىپ ، ھىراتنىڭ ھاكىمىنى دەرۋازىنى تاقىۋېلىپ باراقنى شەھەرگە كىرگۈزمەسلىككە بۇيرۇق قىلدى . ئېلخانىلار خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى دەشتى چىنا (Dasht Qina) يايلىقىدا ئىستىھكام قۇرۇپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى .

باراق ۋە قوشۇنى دېگەندەك ھىرات رايونىغا قىزىقىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى . ھىراتلىقلار بۇيرۇققا بىنائەن دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ

كىرگۈزمىدى . باراق قوشۇنى ھىررود دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، خۇشال - خۇرام ھالدا ئاباقا مەقسەتلىك ھالدا تاشلاپ قويغان چېدىرلارنى بۇلاپ - تالاپ ، ھىراتنىڭ جەنۇبىغا ئىچكىرىلەپ كىردى . ئىككىنچى كۈنى دەريانى بويلاپ غەربكە قاراپ مېڭىپ ، بىر چوڭ تۈزلەڭلىككە يېتىپ كەلدى . ئۇ يەرنى ئېلىخانىلار خاندانلىقىنىڭ سانسىز ئەسكىرى قاپلاپ كەتكەنىدى . ئىككى قوشۇن 1270 - يىلى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بۇ يەردە ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى . باراقنىڭ قوشۇنى تارمار قىلىنىپ چېكىندۈرۈلدى ، باراقنىڭ ئېتىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلدى . ئۇ ئۆزىمۇ ئات ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ، پۇتى يارىلىنىپ ئاقساپ قالدى . ئۇ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرنىڭ ئېتىغا مىنىپ 5000 چە ئاقساق - چولاق ئادىمىنى باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇخاراغا قاراپ قاچتى . مانا بۇ مەشھۇر ھىرات ئۇرۇشىدۇر . باراق بۇخاراغا قايتىپ قىشنى ئۆتكۈزدى ھەم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى . ئۆزىنى سۇلتان گاتۇدىن دەپ ئاتىدى .

باراق ھىراتتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئابرۇيى چۈشۈپ كەتتى . ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەن موڭغۇل شاھزادىلىرى شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى قوللىماي ، بىر - بىرلەپ ئۇنىڭدىن ئايرىلدى . باراق قايدۇغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى قىپچاق بىلەن چاپۇت ئىككىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتتە قېچىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى دېدى . قايدۇنىڭ جاۋابى ئەكسىچە ۋىجدانسىزلىقتا ئۇنى ئەيىبلىمەك بولدى . باراق ھىرات ئۇرۇشىدىن بۇرۇن قايدۇ بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇراتتى . ئۆزئارا بىر بىرىنى «ئاندا» دېيىشەتتى . ئەمدىلىكتە كۈچىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى ، ھەممىنى بىزار قىلغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى ئېغىر كېسەل بولغانلىقى ، خەلقنى ئىدارە قىلىشى چەككە يەتكەنلىكى ئۈچۈن قايدۇغا بېقىندى بولدى . لېكىن قايدۇ بولسا بۇ ئاجىزلىق كىرىزىسىغا دۇچ كەلگۈچىنى يوقىتىۋېتىشنى ئويلايتتى . شۇڭا ئۇ ئۈچ تۈمەن كىشىلىك قوشۇنىنى توپلاپ باراق تۇرۇشلۇق جاي (چاش ئەتراپى) غا يۈرۈش قىلدۇرۇپ كېچىسى باراقنىڭ بارگاھىنى قورشىۋالدى . باراق بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ ئۆلۈپ قالدى ياكى قايدۇ ئەۋەتكەن ئادەم ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى (بۇ

مىلادى 1271 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىدى).

ئاباقا باراقنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، دىششىنى خۇراسان بىلەن مازاندېراننى باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ ئۆزى ئەزەربەيجانغا قايتتى. شۇ يىلى قىشتا قۇبلايخان ئەۋەتكەن ئەلچى ئۇنىڭغا ئىلخانىلار خانىنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈپ، قايتىدىن تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

باراق ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتا ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باش سەردارى قايدۇ 1271 ـ يىلى چاغاتاي خانلىقىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى باشقا بىر چاغاتاي شاھزادىسى نىقۇبېك (ساربانىنىڭ ئوغلى، چاغاتاينىڭ نەۋرىسى) گە بەردى. بۇنىڭغا باراقنىڭ تۆت ئوغلى قايىل بولماي، ئارغۇنىنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن بىرلىشىپ قايدۇغا ھۇجۇم قىلىپ، قايدۇنىڭ تەسىر كۈچىنى ماۋرائۇننەھردىن سىقىپ چىقارماقچى بولدى. ئەمما ئۇلار قايدۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. كېيىن نىقۇبېكمۇ قايدۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلماقچى بولدى، ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ 3 ـ يىلى (1274 ـ يىلى) قايدۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تەختكە توقابۇر ۋارىسلىق قىلدى. ئەمما، بۇ خاقان تەختكە ۋارىسلىق قىلغان شۇ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ پادىشاھلىق ئورنى باراقنىڭ ئوغلى دۇۋانىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

باراق ئالەمدىن ئۆتكەن (1271 ـ يىلى) دىن تارتىپ، دۇۋا تەختكە ئولتۇرغان مۇشۇ باسقۇچتا ماۋرائۇننەھر رايونىدا كۈچلۈكرەك بىرەر پادىشاھ بولمىدى. پېرسىيىدىكى ئىلخانىلار خانى ئاباقا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باراقنىڭ خۇراسانغا ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولدى. مىلادى 1272 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاباقا قوشۇن ئەۋەتىپ خارەزىم ۋە ماۋرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىپ، ئۈرگەنچ بىلەن خىۋانى تالان ـ تاراج قىلدى ھەمدە 1273 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. بۇخارادىكى بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە ئوت قويۇش بىر ھەپتىدىن كۆپرەك داۋاملاشتى. پۇقرالارنىڭ قېچىپ كېتەلمىگەنلىرىنىڭ كۆپى قىرغىن قىلىندى. ئىلخانىلار خانىنىڭ قوشۇنى پېرسىيىگە ئېلىپ كەتكەن ئەسىرلەر بەش تۈمەندىن كۆپرەككە يەتتى.

دۇۋا ئالدىنقى بىر نەچچە چاغاتاي شاھزادىلىرىنىڭ تەقدىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، تاشقى جەھەتتىن ئېلخانىلار خانلىقىدىن ئىبارەت دۈشمەنىنىڭ بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قايدۇغا بېقىنىپ، قايدۇ ۋە قۇبلايخانلار بىلەن جاھىل گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشتى.

قايدۇنىڭ يۈەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىنىڭ ۋاقتى خېلى ئۇزاققا داۋاملاشتى. ئۇنىڭ قۇبلاي ۋە كېيىنكى ۋارىسلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشى ئاساسەن شەرقتە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ يەردە پەقەت بىر ئاز قىسقارتىپلا بايان قىلىمىز.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇبلايخاننىڭ ئەلچىسى تەلان قايدۇغا ئەلچىلىككە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇستەھكەم قوغدىنىشنى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ۋاقتىنچە ئۇنىڭغا يۈرۈش قىلماسلىقىنى تەكلىپ قىلدى. مىلادى 1268 ـ يىلى قۇبلايخان بېشبالىقتا قايدۇنى مەغلۇپ قىلغان بولۇپ، قايدۇنىڭ كۈچلىرىنى ماۋرا ئۇننەھر ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىغا چېكىندۈرگەن. قۇبلايخان مىلادى 1271 ـ يىلى تۆتىنچى ئوغلى نامۇقاننى قوشۇن باشلاپ ئالمىلىقتىن چىقىپ، قايدۇدىن مۇداپىئەلىنىشكە ئەۋەتتى. نامۇقاننىڭ ئىنىسى كۆكۈچۇ مۆڭكۈخاننىڭ ئوغۇللىرى شىركى، يۇمۇغۇر، توقاتېمۇر، قۇرۇداي قاتارلىقلار يولغا چىقتى. مىلادى 1275 ـ يىلى يەنە بىر ئۇلۇغ قول ۋەزىرى ئەنتۇڭنى نامۇقانغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. توقا تېمۇر قۇبلايخانغا نارازى بولۇپ، شىراكىنى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشكە قۇتراتتى. ئۇلار نامۇقان ئاكا ـ ئۇكىلارنى ۋە ئەنتۇڭنى باغلاپ نامۇقاننى قىپچاقتىكى مانگى تېمۇرنىڭ يېنىغا، ئەنتۇڭنى قايدۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ ۋاقىتتا قايدۇنىڭ تەسىرى كۈچەيگەن، دۇۋا قۇجۇنى قورشىۋالغانىدى. قۇبلايخان سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، غەربكە نەزەرىنى سېلىشقا چولىسى تەگمەي، ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇداپىئەلىنىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتاتتى. شۇڭا قايدۇ 1277 ـ يىلى ئالمىلىقتىن چىقىپ قارا قۇرۇمغا ھۇجۇم قىلدى. قۇبلايخان بۇياننى قوشۇن باشلاپ يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇيان ئورقۇن دەرياسى بويىدا شىراكىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئېرتىش دەرياسى تەرەپكە قوغلىۋەتتى. توقا

تېمۇر تاڭنۇر تاغلىرىدىكى قىرغىز رايونلىرىغا قېچىپ كەتتى . كېيىن يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇنى بۇ يەردىنمۇ قوغلىۋەتتى (يۇقىرىدىكىلەر « جامىئۇل تەۋارىخ » نىڭ II توم ، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 266 ـ بەت «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» شىزۇ خاتىرىلىرى ، بويانىنىڭ تەرجىمىھالى ، ياختۇنىڭ تەرجىمىھالى ، «داۋيۈەن يادنامىلىرى » 23 ـ جىلد ، «جۇرۇڭ ئوبلاستى خانىنىڭ تۆھپە تېشى» ، «يايلاق ئىمپېرىيىسى» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 292 ـ بەتكە ئاساسلاندى ).

ئاسىي خانلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ھەر تەرەپكە قېچىشتى . توقا تېمۇرنى شىراكى ئۆلتۈرۈۋەتتى . شىراكى سارامان تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قۇبلايخانغا ئەۋەتىپ بېرىلدى . يولدا نايانىنىڭ توسۇپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ ، سارامان ئۆزىلا قۇبلايىنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتەلىدى .

قىپچاقتىكى مانگى تېمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ۋارىسى توتۇمۆڭكۆخان 1284 ـ يىلى نامۇقانىنى يۈەن سۇلالىسگە قايتۇرۇپ بەردى . قايدۇمۇ ئەنتۇڭنى قايتۇرۇپ بەردى («يۈەن سۇلالىسى تارىخى»13-جىلد) . كېيىن قايدۇ 1287 ـ يىلى يەنە نايان قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈردى . قۇبلايخان شەرقىي شىمالدىكى نايانغا قارشى ئۆزى ئاتلىنىپ ، بويانغا قارا قۇرۇمنى ساقلاپ ، قايدۇغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى . ئەمما ئاخىر قۇبلايخان زامانىسىدا قايدۇ تىنچىتىلمىدى .

ئەينى ۋاقىتتا قايدۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرلا مۇستەقىل پادىشاھەك ئىدى . ئىتالىيىلىك ئاتاقلىق سەيياھ پولو ئاكا ـ ئۇكىلار ۋە ماركوپولو قايدۇنىڭ زامانداشلىرى . ئۇلار ۋە ئەينى دەۋردىكى نېستۇرىيانلارنىڭ بۇ پادىشاھ ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى بار . بولۇپمۇ «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دىكى بايانلار ناھايىتى ئېنىق . ئەمدى ئالدى بىلەن ئىككى ئونغۇت ـ نېستۇرىيان دىنى مۇرتى ئۈستىدە توختىلىمىز .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئونغۇتلاردا دۇنياغا كەلگەن راببان سائۇما بىلە سەنشى خۇسەنلىك مار . ياباللاخ ئىككىلىسى نېستۇرىيان مەزھىپىنىڭ

نېستورىيانلىرى. ئۇلار 1275 — 1276 - يىللاردا ئېروسالىمغا بېرىشنى قارار قىلدى. مېڭىشتىن بۇرۇن ئونغۇتلار باشلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇلار غەربكە قىلغان سەپىرىدە ھازىرقى نىڭشىيا ئارقىلىق گەنسۇدىن چىقىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلار لوپنور، خوتەن ۋە دۇۋانىڭ ئىگىدار چىلىقىدىكى يەرلەردىن ئۆتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل شاھزادىلىرى ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قەشقەر ئارقىلىق پېرسىيىگە بېرىشىغا ئۇنىمىدى. ئۇلار يەنە شۇ ۋاقىتتا خوتەننىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئاچارچىلىق يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى، قەشقەردە ئۇرۇش تۈپەيلىدىن نوپۇس ئازايغان، غەربكە بارىدىغان يولنى ساياھەتچىلەر قورقۇنچلۇق دەپ قاراپ مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇڭا ئۇلار شىمالدىكى تالاس (ھازىرقى جامبۇل) قا — قايدۇ تۇرۇشلۇق جايغا قاراپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى، ئۇلار بۇ موڭغۇل پادىشاھىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن قايدۇنىڭ نېستورى دىنىغا مايىللىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ بۇ ئىككى دىندار راھىبقا يول خېتى قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاخىر پېرسىيىگە يېتىپ باردى. ئۇلار خۇراسانغا بارغاندا، تۇس دېگەن جايدا موناستىر بارلىقىنى كۆردى. ئەزەربەيجاننىڭ مالىك شەھىرىدە (ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان) باش ئېپىسكوپ ماتۇنخا بىلەن ئۇچراشتى. يەنە ئۇ يەردىن باغداد ۋە سۈرىيىگە قاراپ مېڭىپ 〈努赛宾〉 نۇسەيبىن (تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي) نىڭ يېنىدىكى تاللېر دېگەن يەرنىڭ سېمخەيىر موناستىرىدا تۇردى. ئۇ ۋاقىتتا مانۇنخا ئۇلارنى چاقىرىپ ئېلخانىلار خاندانلىقىنىڭ بىر ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى تاپشۇردى. ئاباقاخانمۇ ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەم ئۇلارغا پادىشاھ پەرمانىنى تەقدىم قىلىپ، ئېروسالىمغا بېرىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەنىدى. ئەمما ئېلخانىلار خاندانلىقى بىلەن مىسىرنىڭ مالمۇك خاندانلىقىنىڭ ئۇرۇشى يولنى توسۇپ قويغاچقا، ئۇلار ئۇ يەرگە بارالمىدى. ساتۇنخا 1281 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24-كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. كېيىن مار ئېپىسكوپلۇققا سايلىنىپ، مار. يابالا

دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ غەربتىكى كېيىنكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە يەنە توختالمايمىز. (ھىندى. يۇلى: «قەدىمكى جۇڭگودا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم» ئىنگلىزچە I توم، 119 — 121 - بەت، رابان سائۇما بىلەن ماركوسنىڭ تەرجىمھالى 1928 - يىل لوندون نەشرى. مۇل: «1550 - يىلىدىن بۇرۇنقى جۇڭگودىكى نېستورىيان دىنى تارىخى» 1930 - يىلى لوندون نەشرى).

قۇبلايخان دەۋرىدە جۇڭگوغا كەلگەن ماركوپولو ئىتالىيىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى نىكولوپولو بىلەن مافېئو ئاكا - ئۇكىلار كونىستانتىنوپولدا ۋاقىتلىق تۇرغان ۋېنىتسىيىلىك سودىگەرلەر ئىدى. مىلادى 1260 - يىلى ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قىپچاقلار يېرىگە سودا بىلەن بېرىپ، ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا جۇجى نەسەبىدىكى كەنجى خان بېرىكىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇلار ئۇ يەردىن خارەزىم ئارقىلىق چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خانى ئەگىدارچىلىقىدىكى بۇخاراغا بېرىپ ئۈچ يىلدىن كۆپرەك تۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا ھىلاكۇنىڭ ئەلچىسى بىلەن يۇەن سۇلالىسىگە بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇلار ئادەتتىكى ساياھەتچىلەرگە ئوخشاش سىر دەرياسىدىكى ئوترار، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالمىلىق ئۇيغۇرىيە، قۇمۇل، دۇنخۇاڭلار ئارقىلىق بېيجىڭغا باردى. پولو ئاكا - ئۇكىلار يۇەن سۇلالىسىدە قۇبلايخان بىلەن كۆرۈشۈپ 1266 - يىلى يولغا چىقىپ رىمغا قايتتى. ئۇلار كېيىن 1271 - يىلى يەنە بىر قېتىم جۇڭگوغا كەلدى. بۇ قېتىم ئۇلار ماركوپولونى بىرگە ئېلىپ كەلگەنىدى.

ماركوپولو جۇڭگوغا كېلىشتە ئاۋۋال پېرسىيىگە باردى. ئۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خانى بىلەن ئاباغا خاقان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇۋاتقاچقا يوللار خەتەرلىك ئىدى. ئۇلار پېرسىيىگە بېرىپ ئاندىن دېڭىز ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلمەكچى بولدى. ئەمما جۇڭگونىڭ جەنۇبىنى سۇڭ سۇلالىسى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، يۇەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە قىلىشمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار يەنە خۇراسانغا باردى. ئۇلار نىشاپۇر، سەمەرقەنت، بەلخ ئارقىلىق، ماۋرا ئۇننەھرنى

يـانـداپ ئۆتۈپ بەدەخشانغا بېرىپ ، ئاندىن ۋاخان بىلەن پامىردىن ئۆتۈپ قـەدىمكى يىپەك يولىدىكى تاش قەلئە (تاشقۇرغان) ئارقىلىق قەشقەرگە بې- رىـپ ، تـارىـم ئويـمانـلـىقـنـىڭ شەرقىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتۈپ يۈەن سۇلالىسىگە باردى.

مـاركـوپـولـو جۇڭگوغا كېلىشتە ماۋرا ئۈننەھردىن ئۆتمىدى . شۇڭا ئۇنـىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە پەقەت سـەمـەرقـەنـت ھـەققىدىكى رىۋايەت ۋە يـۈەن سۇلالىسىدىكى قايدۇ توپىلىڭى ھەققىدىكى ئەھۋاللار بار . ئۇنىڭغا ئاسـاسلانـغـانـدا ، سـەمـەرقـەنـت ئەينى ۋاقىتتا قايدۇغا قارايتتى . ئاھالىسى نېـسـتۇرى دىنى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى (فېڭ چېڭجۈن تەر- جىمە قىلغان «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» گە قاراڭ 149 ـ بەت ) بـەلـخ پـېرسىيىنىڭ شەرق چېگرىسى ۋە شەرقىي شىمال چېگرىسى ئىچىگە جـايلاشـقـان . شـەرقـىي تـاتـارلار پـادىـشاھـىغـا قـاراشلىق جايلار ئىدى (يـۇقـىرىدىكى بىلەن ئوخشاش ، 122 ـ بەت) . قايدۇ كەڭ تۈرك رايونىنىڭ پـادىـشـاھى ئـىدى . ئۇلـۇغ خـان قـايـدۇنـىـڭ ئۆز زېـمـىـنىغا قايتا ـ قايتا پـاراكـەنـدىـچىلىك سېلىپ خەلققە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىدىن قاتتىق غە- زەپـلـەنـدى . ئۇ ، قـايـدۇ ئەگـەر مـېنىڭ جىيەن ئوغلۇم بولمىغان بولسا ، ئۆلـۈكىنى دەپنە قىلدۇرۇشقا يەر تاپالمىغۇدەك ھالغا چۈشەرگەن بولاتتىم . ئەمـمـا ئۇنـىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشتىن ئۆكۈنمەيمەن . دېگەنىدى . ئۇلۇغ خـان ئۇنـىڭغا يول قويغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئۇنىڭ ئالقىنىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى . شۇڭا ئۇلۇغ خان ئۇنىڭ نەسەبىنى سۈرۈشتۈرمەيتتى . قايدۇ شـۇنـداق قـىـلـىپ ئۇلۇغ خاننىڭ قولىدىن كېلىدىغان بالايىئاپەتتىن ئەمىن قالدى (يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش ، 783 ـ بەت ) .

كـېـيـىـن قۇبلايخان پېرسىيىدىكى ئېلخانىلار خانى ئارغۇن ئەۋەت- كـەن ۋەزىـر بـاشـلـىـق ئۈچ كـىـشـىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكى ئېلىپ كەلگەن تـەكـلـىپكە ئاساسەن كۆكۈ مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى . ئۈچ پېرسى- يـىـلـىك ئەلـچـى دۆلىتىگە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا ، ماركوپولو ئائىلىسى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سەپەر قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى . ماركوپولو ئائىلىسى ئۇلار بـىـلـەن بىرلىكتە كۆكۈ مەلىكىنى ھىمايە قىلىپ دېڭىز ئارقىلىق پېر-

سىيىگە قاراپ ماڭدى . ماركوپولو مىلادى 1291 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا
جۇڭگودىن ئايرىلدى . ئىككى يىل ئۆتۈپ ، يەنى 1293 ـ يىلى 2 ـ
ئايدا پېرسىيىگە يېتىپ كەلدى . («ياڭ چىجۇ ـ ماركوپولو ھەققىدە
تەتقىقات » ۋە « ماركوپولونىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىشىغا ئائىت بىر قىسىم
خەنزۇچە خاتىرىلەر » ، « نەنكەي داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى » پەلسەپە ـ
ئىجتىمائىي پەن قىسمى 1979 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا قاراڭ) . ماركوپولو ۋەزىـ
پىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن 1295 ـ يىلى ۋېنىتسىيىگە قايتتى . 1294 ـ
يىلى قۇبلايخان ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ نەۋرىسى تېمۇر تەختكە ئولتۇردى . ئەمما
يۈەن سۇلالىسى بىلەن قايدۇنىڭ كۈرىشى تېخىچە تۈگىمىگەنىدى .
قۇبلايخان تەختتىكى ۋاقتىدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونىڭ
غەربىي شىمالىي چېگرا رايونىنىڭ تەۋەلىكى ھەققىدە ئالاھىدە كۆرستىپ
ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى ، ئۇ قىرغىز قاتارلىق بەش قەبىلىگە
ھۆكۈمرانلىق قىلدى . قىرغىزلارنىڭ كەمچىلىك ئايمىقىدىكى يېرى ئەسـ
لىدە ئارىگ بۇقىنىڭ ئاساسىي بازىسى ئىدى . ئارىگ بۇقا قۇبلايخانغا تەسلىم
بولغاندىن كېيىن بۇ رايون يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قايدۇدىن مۇداـ
پىئەلىنىدىغان مۇھىم تايانچ نۇقتىسى بولدى . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى
جۇغراپىيە تەزكىرىسى . غەربىي شىمال قوشۇمچىسى » دا خاتىرىلىنىشىچە :
«مىلادى 1270 ـ يىلى (جىيۈەنىنىڭ 7 ـ يىلى) ليۇخاۋلي پەرمان بىلەن
قىرغىز رايونى ، گانخانا ، كەمچىك ئايمىقى ، يىجۇ ئايمىقىغا ھۆكۈمدارلىققا
ئەۋەتىلدى . بۇ ئايماقلاردا ئامبار ، ئۆتەڭ ـ راباتلارنى بىنا قىلىپ باشـ
قۇردى . بەش جايدىن بۇ يەردە دېيىلگەن تۆتىدىن باشقا ئۇس
قەبىلىسىنىڭ يېرىمۇ بار . مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، ئۇس بۈگۈنكى يېنـ
سەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى تارمىقىدىكى ئۇس دەرياسى رايونلىرىنى
كۆرسىتىدۇ (چېن دېجى :«يۈەن دەۋرىدە شىمالىي ئۆلكىلەردىكى ئۆتەڭـ
لەر ») . بەش جايدىكى ھۆكۈمدار تۇرۇشلۇق ئورۇن «چوڭ بارگاھ» دەپ
ئاتالدى . ھازىرقى ئوروكىم دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى ئېرگېس دەرـ
ياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا ئۇنىڭ ئېگىلىگەن دائىرىسى ھازىرقى پۈتۈن
يېنسەي دەرياسى ۋادىسى (خەن رۇلىن «يۈەن دەۋرىدىكى قىرغىزلار ۋە

ئۇلارغا قوشنا قوۋملار») ئىلگىرى چىڭگىزخان دەۋرىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن. يۈەن سۇلالىسى تەزكىرىسىدە بۇ يەرنى، «ھۈنەرۋەنلەرنى باشقۇرىدىغان مۇئەسسەسەلەر كۆپ، دۆلەت ئەمدىلا قۇرۇلغان چاغدا خەنزۇلار كۆچۈپ كەلگەن» ... دېيىلگەن. لىيۇ خاۋلې كەلگەندىن كېيىن يەنە ھۈنەرۋەنلەرنى، جۈملىدىن كۇلالچىلار، مەدەنچىلەر، كېمە - قولۋاق ئۇستىلىرىنى ئەۋەتىپ يەرلىكلەرگە قولايلىق يارىتىپ بەرگەن («يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»). كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلار يەنە سۇ ئىنشائاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەرلىكنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرغان. لىيۇخاۋلې ئوردۇبالىققا قايتىپ ئەمەلدارلار ۋازارىتىنىڭ دىۋانبېگى بولغاندىن كېيىن قىرغىزلار رايونىنىڭ «ئۆرپ - ئادىتى» نى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلغان («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 12 - جىلد).

موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە قىرغىزلارنىڭ كەمچىك ئايمىقى رايونى قاتناش لىنىيىسىگە جايلاشقانىدى. جەنۇبقا ماڭسا موڭغۇل دالاسى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان جايغا بارغىلى بولاتتى. شىمالغا ماڭسا يېنسەي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنى بويلاپ، سايان چوققىسىدىن ئۆتۈپ سىبىرىيىگە بارغىلى بولاتتى. غەربكە ماڭسا ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغىلى بولاتتى. XI ئەسىرنىڭ جۇغراپىيە ئالىمى گەردىزى توققۇز ئوغۇز زېمىنىدىن قىرغىز زېمىنىغا بارىدىغان يول تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلىكى «كۆكمۇم (KoKmom) تېغىدىن ئۆتۈپ قىرغىزلار قارارگاھىغا بارىدۇ، بۇ يەتتە كۈنلۈك يول، يول بويى تاغ جىلغىلار، قېلىن ئورمان ۋە ئوتلاقلار، سۈزۈك ئېقىنلار بار. بۇلغۇن، تۈلكىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ»①. ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، خىلۋەت مۇھىتى كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا مىلادى 1291 - يىلى «قىرغىزلار زېمىنىدىن ئۇيرات

① «ھۇدۇدۇلئالەم» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، ئىزاھى، 282 - بەت.

زېمىنىغىچە ئالتە ئۆتەڭ بولغان»①. بۇ يولدا ئاساسلىقى خۇاكىمۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن غەربىي شىمالغا قاراپ بىكىمۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا بېرىپ ۋە ئۇس دەرياسى ۋادىسى ئارقىلىق ئاباكىن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى ۋە مىنۇچىنسكى ئويمانلىقىغا بارغىلى بولىدۇ.

قايدۇ دەۋران سۈرگەن مەزگىلدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنى مەسئۇد باشقۇراتتى. ئۇ شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ۋە موڭغۇل خان شاھزادىلىرىنىڭ يېغىلىقلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان جاراھەتلىرىنى ساقايتىشقا ئىنتايىن زور تۆھپە قوشتى. ئۇ 1289 - يىلى 10 - ئايلاردا (ياكى 11 - ئايلاردا) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى نۆۋەت بىلەن بۇخارا ۋە سەمەرقەنتنى باشقۇردى. بۇ ئۈچ ئوغۇل ئابابەكرى، ساتىرمىش بەگ، سۈيىنچتىن ئىبارەت («بارتولد ئەسەرلىرى» رۇسچە، 2 - توم 2 - قىسىم 541 - بەت). بۇ ئۈچ كىشى قايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى چاپارغا بېقىنغان.

## 3 - بۆلۈم ئوگداي خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى چاغاتاي خاندانلىقى

مىلادى 1294 - يىلى يۈەن سۇلالىسىنىڭ بۇزرۇكۋارى (يۈەن شىزۇ) قۇبلايخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ نەۋرىسى تېمۇر تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى يۈەن چېڭزۇڭ دەپ ئاتىدى. يۈەن چېڭزۇڭ تەختتىكى ۋاقىتتا قايدۇ بىلەن ئاساسلىق ئىتتىپاقچىسى دۇۋا داۋاملىق يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇشتى. ھەر ئىككى تەرەپتە يېڭىش - يېڭىلىش بولۇپ تۇردى. مىلادى 1298 - يىلى قىشتا دۇۋا نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ چېگرىنى قوغداۋاتقان يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. دەسلەپتە يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۈچ قېتىملىق جەڭدە ئۈچ قېتىم يەڭدى. يۈەن قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى كۆرجىس دۈشمەننى قوغلاپ خەتەرلىك جايلارغا كىرىپ قالدى، كېيىنكى ئاتلىقلار يېتىشىپ كېلەلمىدى. كۆرجىسنىڭ ئېتى دۈشمەننىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 16 - جىلد.

قالغاچقا، كۈرجىس دۇۋا تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىندى («يۈەن سۇلالىسى تارىخى. كۈرجىسنىڭ تەرجىمىھالى»)، شۇنىڭدىن كېيىن دۇۋا قىساس ئېلىش مەقسىتىدە كۈرجىسقا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

مىلادى 1299 - يىلىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن يۈەن جىڭزۇڭ قەيسەنگە كۆكۆگە ۋەكالىتەن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى قوشۇنغا باش قوماندان بولۇشنى بۇيرۇدى. ئىككىنچى يىلى (1300 - يىلى) قەيسەنىڭ قوشۇنى كۆبىل دېگەن يەردە قايدۇنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربتە ئالتاي تېغىغا يېتىپ باردى («يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ۋۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە») 1301 - يىلى قايدۇ بىلەن دۇۋا مەسلىھەتلىشىپ ئالتاي تېغىدىكى يۈەن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ يىلى كۈزدە ئىككى تەرەپ خاراخاتا دېگەن يەردە جەڭ قىلدى. قەيسەن جەڭگە كىرىپ قايدۇنىڭ قوشۇنىنى تىرە - پىرەن قىلىۋەتتى («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 22 - جىلد). قايدۇ ئېغىر يارىلىنىپ، تەخمىنەن ئىككىنچى يىلى (1302 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى. دۇۋامۇ ئېغىر يارىلىنىپ مېيىپ بولدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. خۇلىيەنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «ئاششى دۇۋانىڭ تىزىغا يا ئوقى ئاتتى. دۇۋانىڭ ئادەملىرىدىن تۇتۇلغانلار، ئۆلگەنلەر ناھايىتى كۆپ، دۇۋا ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە قاچتى» دېيىلگەن.

دۇۋانىڭ ھۆكۈمرانلىقى تەخمىنەن 32 يىل داۋاملاشتى. بۇ ئۇزۇن مەزگىلدە ئۇ قايدۇغا مەدەت بېرىپ ھەممە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىپلا قالماي، بەلكى جەنۇبقا — ئافغانىستان، ھىندىستانلارغىمۇ ھۇجۇم قىلدى. ئۇ غەزنىۋىنى ئىگىلەپ بۇ يەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ بىرنەچچە قېتىم ھىندىستانغا يۇرۇش قىلىپ، پەنجاپ ۋە سىندنى دەپسەندە قىلدى. 1296 - يىلى بىلەن 1301 - يىلىنىڭ ئارىلىقىدا دۇۋا كۆپ قېتىم پىشاۋۇر، مولتان، لاھۇر ۋە دېھلىنى تالان - تاراج قىلدى (ماركس «ھىندىستان تارىخى يىلنامىسى» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 14 — 15 - بەتلەر. «تارىخى رەشىدى» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، كىرىش سۆز 36 - بەت). 1301 - يىلى دۇۋا ھىندىستانغا قىلغان يۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قايدۇ بىلەن بىرلىشىپ يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش

قىلدى . كېيىنكى چاغاتاي خانى
قايدۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ، ئېلىنىپ قالدى . قايدۇ
ئەمەلىيەتتە ئوگداي خاندانلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئورۇندىن قوتۇل-
ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، دۇۋا بۇ خىل بېقىندىلىق كەلتۈرمەكچى
ماقچى بولۇپ ، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ زېمىنىنى ئەسلىگە قايدۇنىڭ ۋا-
بولدى . شۇڭا دۇۋا شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ چىقاردى .
رىسلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قابىلىيەتسىز چاپارنى تەختكە يۆلەپ ئولتۇ-
1303 ـ يىلى 5 ـــ 6 ـ ئاي ئوتتۇرىسىدا ئېمىلدا چاپارنىڭ تەختكە چاپاردىن
رۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى . يەنە بىر جەھەتتىن ، دۇۋا چاپارغا
يوشۇرۇنچە ئەلچى ئەۋەتىپ يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ يۈەن
ئىككى تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىش مەسلىھەتىنى بەردى . كۆڭلىدە چا-
چىڭگىزنىڭ قوماندان دۇۋانىڭ تەدبىرىنى ماختىغان بولسىمۇ ، 32 ـ توم)
پاردىن ئەندىشە قىلىپ تۇرۇپ (تۇجى «موڭغۇللار تارىخى» قاتارلىق
دۇۋانىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلدى ھەم ماۋرا ئۇننەھر ، تۈركىستان زېمىنى
جايلارنىڭ ھەممىسىنى قايدۇغا بېرىپ چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ
قىلىشنى مەسلىھەتلەشتى .
دۇۋا يۈەن سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپلا ، چاپارغا تۈركىستان
ۋە خۇراسان زېمىنىنى باشقۇرۇش تەلىپىنى قويدى .
ئەمما بۇ ۋاقىتتا غەربىي شىمال رايونىدىكى ھەرقايسى موڭغۇل
شاھزادىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشتىن بىزار بولغانىدى . ئۇلارنىڭ يۈەن
سۇلالىسى بىلەن قىلغان ئىچكى ئۇرۇشى خەلققە پۈتمەس ـ تۈگىمەس
بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىپلا قالماي ، بەلكى ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ ئېغىر بۇز-
غۇنچىلىققا ئۇچراتتى . سودا ، قاتناش توسۇلۇپ قېلىپ ، موڭغۇل
فېئوداللىق ھاكىمىيىتى كرىزىسقا دۇچ كەلدى . شۇڭا ، بۇ ئىچكى ئۇرۇشنى
تۈگىتىش موڭغۇل قوۋملىرىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ئىدى . خەنزۇچە تارى-
خىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ، 1305 ـ يىلى دۇۋا ، چاپار ، مەڭلىتېمۇر
قاتارلىق ئاقساقاللار ئۆزئارا يىغىلىپ مۇنداق مەسلىھەتلەشتى : « بۇرۇن
بۇزرۇكۋارىمىز (پادىشاھىمىز ـــ تەيزۇ ) مىڭبىر رىيازەت چېكىپ تەختكە

چىقىپ ئالەمنى ئىلكىگە ئالغانىدى . بىز ئۇلارنىڭ جەددى ـ جەمەتلىرى ئۇنىڭ شاپائىتىدىن بەھر ئالدۇق . مانا ئەمدىلىكتە ئۇدا جەڭ قىلىشىپ بىر ـ بىرىمىزنى قىرىپ ، بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا نۇقسان يەتكۈزدۇق . ھازىر سەركەردە بولۇپ چېگرىنى قوغداۋاتقانلارمۇ بۇز-رۇكۋارىمىزنىڭ جەددى ـ جەمەتلىرى ، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئارازلىششىنىڭ نېمە ھاجىتى ! بۇرۇن تۇتۇقا بىلەن ئۇرۇشتۇق . كۆپ قې-تىم ئۇرۇشۇپمۇ يېڭەلمىدۇق . ھازىر ئۇنىڭ ئوغلى چوڭۇر بىلەن ئۇرۇشۇپمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدۇق . بۇنداق بولۇشنى بۇزرۇكۋارىمىز ئويلاپ باقمىغان بولغىيتتى . شۇڭا ئەلچى ئەۋەتىپ ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىپ بىر ئائىلىدەك ئىناق ئۆتۈش تەكلىپىنى بەرگىنىمىز تۈزۈك . شۇنداق قىلساق پۇقرالارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىغا ، كىچىكلەرنىڭ چوڭ بولۇشىغا ، مېيىپ ـ ئاجىزلارنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارى-تىلىدۇ ھەمدە بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ بىز ـــ ئەۋلادلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويمىغان بولىمىز . ئەلچىلىرىمىز بارغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ پىكرىمىزنى راۋا كۆردى . شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈتېمۇر قاتارلىقلار ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىپ ئوردىغا سالامغا كەلدى . شۇنىڭدىن كېيىن باردى ـ كەلدىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن پوچتا راباتلىرى تەسىس قىلىندى »①، («يۈەن سۇلالىسى تارىخى » 21 ـ جىلد) تا مۇنداق دېيىلگەن : دادې 7 ـ يىلى (1303 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا «دۇۋا ، چاپار ، مەڭلتېمۇر قاتارلىقلار ئەلچى ئەۋەتىپ ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىشنى ئۆتۈندى ، پادىشاھ ئەنشى خانىغا ھەربىي توفۇنۇشتىن ساقلىنىشنى ، ئۇلارنىڭ كېلىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆتەڭ ـ راباتلارنى ياساشنى بۇيرۇدى .» 1304 ـ يىلى «9 ـ ئايدا كۈيجيۇ (癸酉)كۈنى چاپار ، دۇۋا قاتارلىق خانلار ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئۇلارغا 600 توپ گەزلىمە ھەدىيە قىلىندى ». (ئالدىنقى بىلەن ئوخشاش ) .

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ، دۇۋانىڭ ئۆز ئالدىغا يۈەن

① يۈي جى «داۋ يۈەن ئۆزۈندىلىرى » 23 ـ جىلد «جۈيرۇڭ جۈنۋاڭ ئابىدىسى » . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . چوڭۇرنىڭ تەرجىمھالى ».

سۇلالىسى بىلەن ئالاقىلەشكەنلىكىگە دائىر بىر قىسىم پاكىتلار تىلغا ئېلىنىدىغان. مەسىلەن، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى 21 ـ جىلدتا، 1306 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى دۇۋا ئەۋەتكەن ئەلچى يۈەن سۇلالىسىگە كەلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇ يىلى «9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى روژدېستۋا بايرىمىدا دۇۋا كەنجى قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى». بۇلار بەلكىم يۇقىرىدا ئېيتىلغان تىل بىرىكتۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. دۇۋانىڭ ئىلتىماسى ئەلۋەتتە تېمۇر خاننىڭ قوللىشى ۋە قوشۇلۇشىغا ئېرىشتى. دەل مۇشۇنداق شارائىتتا دۇۋا چاپار بىلەن كېلىشىمنى بۇزۇپ، ئۇرۇش قوزغىدى.

مىلادى 1306 ـ يىلى چاغاتاي خاندانلىقى بىلەن ئۇگداي خاندانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى خوجەنت بىلەن سەمەرقەنت ئارىلىقىدىكى رايونلاردا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلدى. چاپار دەسلەپتە يېڭىلگەنىدى. ئەمما ئىككىنچى قېتىملىق جەڭدە دۇۋا چاپارنىڭ ئىنىسى شاھ ئوغۇلنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن دۇۋا سۈلھى تەلەپ قىلدى. چاپار بۇنىڭغا قوشۇلدى. دۇۋا بىلەن شاھ ئوغۇل ئىككىسى تاشكەنتتە مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشمەكچى بولدى. شاھ ئوغۇل يېڭىلىك قىلىپ ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى تارقىتىۋېتىپ، ھوشيارلىقنى يوقىتىپ قويدى. دۇۋا بولسا قوشۇنىنى باشلاپ تاشكەنتكە كەلدى ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شاھ ئوغۇلغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. دۇۋا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تالاس بىلەن بىناكەنت شەھىرىنى بېسىۋالدى (فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «دوسان موڭغۇل تارىخى» ئىككىنچى قىسىم 389 — 390 ـ بەتلەر. ۋاشافنىڭ كىتابىدىن نەقىل ئېلىندى).

بۇ ۋاقىتتا چاپار قارا ئېرتىش دەرياسى بىلەن يۇلتۇز دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى جايدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ دۇۋاغا ماسلىشىپ ئۇنىڭغا قىستاپ ھۇجۇم قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شۇ يىلى (1306 ـ يىلى) قىشتا، پەزىلەتلىك خان قەيسەن قوماندانلىقىدىكى يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ چاپارغا ھۇجۇم قىلدى.

موڭغۇل شاھزادىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭغا تەسلىم بولدى. چاپار نائىلاج دۇۋا تەرەپكە قېچىپ كەتتى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ۋۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە: (دادېنىڭ) 10 ـ يىلى 7 ـ ئايدا (قەيسەن) خۇسجان دېگەن جايدىن يولغا چىقىپ ئانتاي تېغىدىن ئۆتۈپ خائىن ئۇلۇس. خان (چاپارنىڭ ئىنىسى) نى قوغلاپ، ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئەسىر ئالدى، يۈك ـ تاقلىرىنى ئولجا ئالدى. خائىن ئىسۇتۇئا ۋە كوراگان بوئىلارنىي تىرىك تۇتتى. 8 ـ ئايدا ئېرتىشقا بارغاندا تۇمان، مەڭلىتېمۇر، ئارغۇن قاتارلىقلار تەسلىم بولدى. قايدۇنىڭ ئوغلى چاپار دۇۋا قوۋمى تۇرۇشلۇق جايغا قېچىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئەسىر ئېلىندى، چېدىرگاھلىرى ئولجا ئېلىندى. قەسەن ئانتاي تېغىدا قىشلىدى. تەسلىم بولغان خان تۇمان قايتا ئىسيان كۆتۈردى. قەيسەن ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، شىمالنى تىنچلاندۇردى» دەپ خاتىرىلەنگەن («يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بورقۇنىڭ تەرجىمىھالى») دۇۋا گەرچە چاپارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بارلىق زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى. ئىلگىرى قايدۇ ئىگىلىۋالغان چاغاتاي خاندانلىقىغا تەۋە زېمىنلارنىڭ ھەممىسى ئەمدى ئەسلى ئىگىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. ئوگداي ئۇلۇسىنىڭ خانلىرى بۇ ۋاقىتتا ئېمىل بويلىرىدا قاپسىلىپ قالدى.

مۇشۇنداق بولۇپلا قالماي، دۇۋا ئالمىلىق ئەتراپىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى موڭغۇل شاھزادىلىرىنى يىغىپ قۇرۇلتاي ئېچىپ، چاپارنىڭ ئەمىلىدىن قالغانلىقىنى جاكارلىدى. ۋەھالەنكى، دۇۋاخان 1306 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى كەندۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، تەخمىنەن بىر يېرىم يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ 1308 ـ يىلى ئۆلدى. خانلىق تەخت چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خانى بۇرىنىڭ نەۋرىسى تارىقۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ كىشى جەڭگاھتا تاۋلانغان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن موڭغۇللار ئارىسىدا دىننى كۆچەپ تەرغىب قىلدى. بۇ چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋاقىتتا چاغاتاينىڭ ئۇرۇق ـ

ئەۋلادىدىن ئىككى كىشى قوشۇن توپلاپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، دۇۋانىڭ ئوغلىنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى قىلماقچى بولدى. ئۇلار تارىققۇ تەرەپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە باشقا شاھزادىلەر قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرى ھىجرىيە 702 ـ يىلى (مىلادى 1308 ــ 1309 ـ يىللىرى) بىر قېتىملىق زىياپەتتە تارىققۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار باشقىدىن دۇۋانىڭ ئوغلى كوبېكنى خان دەپ جاكارلىدى (فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «دوسان موڭغۇل تارىخى» ئالدىنقى قىسىم 340 ـ بەت).

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى چاپارنىڭ تىرىلدۈرۈش ئارزۇسىنى يەنە ئۇرغۇتتى. ئۇ شاھزادىلەردىن تۇمان، تانغاچار ۋە ئۈرۈسنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىشىپ كوبېككە ھۇجۇم قىلدى. ئەمما ئۇلار كوبېك تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. چاپار قىيىنچىلىق دەستىدىن نائىلاج يۈەن سۇلالىسىدىن پاناھ تىلىدى («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 525 ـ بەت). شۇ ۋاقىتتا چاپار «بارىدىغان ـ تۇرىدىغان يېرى بولمىغاچقا، قوۋمنى باشلاپ تەسلىم بولدى، شۇنىڭ بىلەن شىمالىي تەرەپلەر تىنچلاندى»①. چاپارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قىسىم يەرلەرنى شۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي خاندانلىقى تارتىۋالدى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمى چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرىنىڭ يۇقرالىرىغا، يەنە بىر قىسمى قىپچاق خانلىقىنىڭ يۇقرالىرىغا ئايلاندى. ئەينى ۋاقىتتا بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي شىمالى ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىدىكى بۈگۈنكى قازاقىستان ئەتراپلىرىغا جۇجىنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ جايلار «ئاق ئوردا خانلىقى» دەپ ئاتالدى. ئولىف مۇنداق دېگەن: «چاپارنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ئەگىشىپ، ئوگداي جەمەتى يوقالدى» شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى مەيلى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بولسۇن ياكى

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئېرقۇنىڭ تەرجىمىھالى».

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موغۇل شاھزادىلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ XIII ئەسىردىن بۇيانقى يېرىم ئەسىرلىك ماجىراسى بىر قېتىملىق پايدىسىز ئىچكى ئۇرۇشتىن ئىبارەت، خالاس. بۇ ئىچكى ئۇرۇش تىنچىغاندىن كېيىن، ھەرقايسى نەسەبتىكى شاھزادىلەر يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى باشچىلىقىدىكى بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ تەركىبىگە كىردى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق رايونلارغا بولغان ئىگىدارچىلىقى يەنە ئەسلىگە كەلدى. سىياسىي جەھەتتىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يەنە كۆچەيدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 22 ـ جىلدتا خاتىرىلىنىشىچە، 1308 ـ يىلى كۈز، 7 ـ ئايدا يۈەن سۇلالىسى «تاچار قاتارلىق توققۇز ئەلچىنى پادىشاھ كەندۇ ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەن». 9 ـ ئايدا «تۆمەنبېگى ئىرامۇن ھەسەن سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردىن كېلىپ، تەيزۇ پادىشاھىمىز ۋاقتىدا تۈزۈلگەن نوپۇس رويخېتىنى ھەدىيە قىلىپ، پۇل ـ پۈچەك، گەزلىمە ئىنئام ئالدى ... قارا دىۋانبېگى: سەمەرقەنت، تالاس، شىيەنشۈەن (塔先玄) قاتارلىق شەھەرلەردىكى يۇقىرىلاردىن يىغىلغان ئۈچ يىللىق باج ناھىيە ئامباللىرىغا بېرىلسۇن، ئەمدى سۇنتاي تېمۇرچا بۇ يەرگە كەپتۇ. ئىككى يىللىق باج كۆكچىنىگە بېرىلسۇن، قالغان بىر يىللىق باجنى يۇقىرىغا تاپشۇرسۇن» دېدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كوبېكخان چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ تەختىگە چىققان ۋاقىتتا تېخى ياش ئىدى. كوبېكنىڭ چوڭ ئاكىسى قۇتلۇق خوجا غەزنىۋىدە ئەمەلدارلىق قىلىۋېتىپ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. يەنە بىر ئاكىسى ئېسەن بۇقا قۇتلۇق خوجىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ غەزنىۋىنى باشقۇرغان بولۇپ، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ مەركىزى ئالمىلىقتا ئەمەس ئىدى. چوڭلارنى ھۆرمەتلەش تۈپەيلىدىن كوبېك غەزنىنىۋىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئېسەن بۇقىنى قايتۇرۇپ كېلىپ خانلىق تەختىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەردى. ئېسەن بۇقا كوبېكنى ماۋەرا ئۇننەھردىكى پەرغانە، كىش ۋە نەقشەب قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. كېيىن كوبېك ماۋەرا ئۇننەھردىكى ئەنگىندە مۇقىم ئولتۇراقلىششنى يولغا قويدى

ھەم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.

خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئېسەن بۇقا بىلەن يۈەن سۇلالىسى خۇاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1312 ـ يىلى) دىن باشلاپ قويۇق مۇناسىۋەت قىلغان بولۇپ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا ئېسەن بۇقىنىڭ پادىشاھقا ئارقا ـ ئارقىدىن تارتۇق تەقدىم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، (خۇاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى 1312 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى غەربىي شىمال خانى ئېسەن بۇقا ئەلچى ئەۋەتىپ پادىشاھقا ئۈنچە ـ مارجان، قاشتېشى، ئېرە پۇل، ئات ـ تۆگە قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلغان.»① «3 ـ ئايدا غەربىي شىمالنىڭ خانلىرىدىن ئېسەن بۇقا قاتارلىقلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئېسىل تۆگە، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئوردىغا سوۋغا قىلغان»②. (ئىككىنچى يىلى، 1313 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى غەربىي شىمال خانى ئېسەن بۇقا ئات ـ تۆگە، قاشتېشى قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلغان» ③ ۋە باشقىلار. مانا بۇ مۇشۇ ۋاقىتتا چاغاتاي خاندانلىقى بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ۋاقىتلىق تىنچ مۇناسىۋەتنى ساقلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەمما، بۇ خىل تىنچ ۋەزىيەت ئۇزۇنغا بارمىدى. ئېسەن بۇقا يۈەن سۇلالىسى بىلەن پېرسىيە ئېلخانىلار خانلىقىنىڭ قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن قورۇنۇپ ھەم ئۆزى بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ يايلاق تالىشىش ماجىراسى بولغاچقا، 1314 ـ يىلى (يەنيۇ تۇنجى يىلى) دىن باشلاپ ئېسەن بۇقاخان ئاسىيلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىردى. يۈەن سۇلالىسى چوكۈرنى قوشۇن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتى. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، چوكۈر 1315 ـ يىلى «ئېسەن بۇقىنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەردىن ئىبۇگان، قۇتلۇق تېمۇر بىلەن چىمكەنتتە ئۇدا جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى چېگرىدىكى تۆمۈر قوۋۇقتىن قوغلاپ چىقار-

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 550 ـ بەت.

② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 551 ـ بەت.

③ « يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 555 ـ بەت.

دى، كۈزدە ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى زاھىر دېگەن يەردە يەنە مەغلۇپ قىلدى»①. شۇ ۋاقىتتا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى پېرسىيىدىن قايتىپ كېلىشىدە، ئېسەن بۇقىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتمەكچى بولغاندا، بۇ ئەلچى ۋە ئۇنىڭ 70 ھەمراھى ئېسەن بۇقا تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىندى. (فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «دوسان موڭغۇل تارىخى» 2 ـ قىسىم، 392 ـ بەت). مۇسۇلمان تارىخى ماتېرىياللىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، شۇ چاغدا توغاچ قوماندانلىقىدىكى يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى كۈچا بىلەن ئىسسىقكۆل ئارىلىقىدىكى تەڭرىتاغلىرىغا يۈرۈش قىلغان بولۇپ، ئېسەن بۇقا ئەلچىلەرنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئېسەن بۇقىنىڭ ئىسسىقكۆلدىكى قىشلىق يايلىقىنى ۋە تالاستىكى يازلىق يايلىقىنى دەپسەندە قىلغان («بارتولد ئەسەرلىرى» رۇسچە، 2 ـ توم 2 ـ قىسىم 543 ـ بەت).

ئېسەن بۇقا شەرق تەرەپتە يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، غەربتە ئېلخانىلار خاندانلىقىغا تەۋە خۇراسان رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ زېمىننى تولدۇرۇۋالدى. ئەسلىدە ئېسەن بۇقا غەزنىۋىدىن قايتىپ كېلىپ خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاكىسى قۇتلۇق خوجىنىڭ ئوغلى داۋۇد خوجا ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئافغانىستاننىڭ شەرقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. بۇنى ئېلخانىلار خاندانلىقى بىر خىل تاجاۋۇزچىلىق دەپ قارىدى. 1313 ـ يىلى ئېلخانىلار خانى ئۇلجايتۇ باش سانغۇن داۋۇد خوجىنى ماۋرا ئۇننەھرگە قايتۇرغاندىن كېيىن، داۋۇد خوجا ئېسەن بۇقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. (گرۇسىس «يايلاق ئىمپېرىيىسى» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 339 ـ 340 ـ بەت).

شۇ يىلى ئۇلجايتۇ ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىدىكى چاغاتاي جەمەتىدىكى خان نىئۇدارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى. شۇڭا ئېسەن بۇقا كوبېك، داۋۇد خوجا قاتارلىقلارنى قوشۇن باشلاپ خۇراسانغا بېسىپ كىرىشكە ئەۋەتتى. چاغاتاي خاندانلىقى قوشۇنلىرى 1314 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مورغاب دەرياسى ئەتراپىدا خۇراسان قوشۇنلىرىنى

① يۈجى «جۈيرۇڭ جۇنۋاڭنىڭ ئابىدىسى».

مەغلۇپ قىلىپ، دۈشمەننى ھىراتقىچە قوغلاپ باردى. لېكىن بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئارقا سەپ قىسىملىرى يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاچقا، ئىسەن بۇقا نائىلاج كوبېكنى چاقىرتىپ كەلدى. ئېلخانىلار خانى ئۆلجايتۇ خۇراساندىكى مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن 1314 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سۇلتانىيىدىن تېز ياردەمگە كەلدى. كوبېك قاتارلىقلار چېكىندى، كوبېك ئوغلى ئەبۇسىيد خاننى خۇراساننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەبۇسىيدخان تېخى ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن ۋەلىئەھد ئىدى. ئەمەلىيەتتە مەمۇرىي ئىشلارغا ئاساسلىقى ۋەلىئەھد ئەمىر سەۋىنچ مەسئۇل ئىدى. («كامبىرىج ئىران تارىخى» 5 ـ توم 405 ـ بەت).

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 31 ـ جىلد تا يەنە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «خېشىلا ۋۇزۇڭ پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى... ۋۇزۇڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن رېنزۇڭ تەختكە چىقتى. 1314 ـ يىلى (يەنيۇنىڭ 3 ـ يىلى) كۈزدە قىشلىق قەسىر سېلىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. شۇ چاغدا ۋەزىر تىمۇش ئورنىنى مۇستەھكەملەپ ئەتىۋارلىنىشنى كۆزلەپ يىگىرمۇگنى شاھزادە قىلىش تەكلىپىنى بەردى. كېيىن ئۇ خانىشنىڭ يېقىنى شىرامۇن بىلەن بىللە ئىككى قەسىردە خېشىلانىڭ يامان گېپىنى قىلىپ يۈردى. ئۇ ئۇزاق مۇددەت غەربنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۆچىدى. ئۇ ئاخىر جۇۋاڭ مەرتىۋىسىنى ئېلىپ يۈننەنگە باردى... شۇ يىلى قىش 11 ـ ئايدا پادىشاھ يەنئەنگە كەلدى... داۋاملىق غەربكە يۈرۈپ شىمالدا ئالتۇنتاغقا كەلگەندە، غەربىي شىمالدىكى چاغاتاي (چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ شۇ چاغدىكى خانى) قاتارلىقلار پادىشاھنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، قوۋمنى باشلاپ بەيئەت قىلدى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ قوۋمى تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ، قىشتا جايەندە تۇرۇش يازدا ئۆرۈئۈچا تېغىدا تۇرۇش ئەتىيازدا ئىتائەتمەنلەر تېرىقچىلىق قىلىش توغرىسىدا ئەھدىنامە تۈزۈلدى. ئون نەچچە يىل ئەتراپىدا چېگرا ئەمىن تاپتى.» كېيىن، مىلادى 1329 ـ يىلىغا كەلگەندىلا خېشىلا پادىشاھلىق تەختكە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى يۈەن مىڭزۇڭ دەپ ئاتىدى. بۇ ماتېرىيال گەرچە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمران گۇ-

روھلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەخت تالىشىش كۈرىشىنى بايان قىلغان بولىسىمۇ، ئەمما يۈەن سۇلالىسى بىلەن چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بىرىپ تاقىلىدۇ. خىشىلا غەربكە قاچقاندا چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ خانى ئىبسەن بۇقا ئىدى. ئۇ شۇ ۋاقىتتا يۈەن سۇلالىسى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان بولىسىمۇ، ئەمما يۈەن سۇلالىسىدە سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەن چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى خىشىلانى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەم ئۇنى پاناھلىق زېمىن بىلەن تەمىن ئەتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردىكى بايانلاردىن بۇ ۋەقە غەربىي شىمالنىڭ تىنىچلىنىشىدا ياخشى رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. كېيىن خىشىلا يۈەن سۇلالىسىگە قايتىپ تەختكە ئولتۇرىدىغان ۋاقىتتا چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ خانلىرى قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئاپىرىپ قويغانلىقى، چاغاتاي خاندانلىقى بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئادەتتىكى دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۆزئارا دۈشمەنلەشكەندىمۇ، يۈەن سۇلالىسىنى يەنىلا ئۆزىنىڭ شاھىنشاھى دەپ قارىغان.

ئىبسەن بۇقا چاغاتاي خاندانلىقىغا خان بولغان ۋاقىتتا ماۋرا ئۇننەھردە چاغاتاي جەمەتىدىكى بىر شاھزادە بولۇپ ئىسمى ياساۋۇل ئىدى. بۇ كىشى توقاتېمۇرنىڭ نەۋرىسى ئىدى. توقا تېمۇر ئىلگىرى بىر مەزگىل چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ خاقانى بولغان. ياساۋۇلنىڭ سەمەرقەنتتە ئۆز يېرى بار ئىدى. ئۇ ماۋرا ئۇننەھردە ئۇزاق ۋاقىت تۇرغاچقا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، تەقۋادار مۇسۇلمان بولغانىدى. ئىبسەن بۇقا ماۋرا ئۇننەھردىكى نەقشەب، پەرغانە، كېش قاتارلىق جايلارنى كوبېككە ئىنئام قىلىپ بۆلۈپ بەرگەندىن كېيىن كوبېكنىڭ ماۋرا ئۇننەھردىكى تەسىرى كۈچىيىپ كەتتى. بۇ كوبېك بىلەن ياساۋۇل ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر زىددىيەت پەيدا قىلدى. ئىبسەن بۇقا بۇ ئىككىسىنى قوشۇن تارتىپ ئېلخانىلار خاندانلىقىغا تەۋە خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇغاندا ياساۋۇل بىلەن كوبېكنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقماي، ياساۋۇل ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەسلىكنى تەشەببۇس قىلدى. ياساۋۇل ئەمەلىيەتتە

ئېلخانلار خاندانلىقىنىڭ مىڭبېگى ئالا تېمۇرنى بالا قىلىۋالماقچىدى . شۇڭا كوبېك غەربكە يۈرۈش قىلىشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ياساۋۇلغا ئارتتى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، كوبېك ئېسەن بۇقىغا ياساۋۇلنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى ، پارسلار ئوردىسى بىلەن يوشۇرۇن ھەمنەپەس بولغانلىقىنى دوكلات قىلغان . ياساۋۇلمۇ ماۋرا ئۇننەھردە تۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى ئۆزى بىلەتتى . شۇڭا 1316 ـ يىلى قوشۇنىنى باشلاپ ئېلخانلار خانلىقىغا پاناھ ئىزدەپ باردۇ . ئېلخانلار خاندانلىقىنىڭ ئۆلجايتۇ خانى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ، خاندانلىقىنىڭ شەرقىي چېگرىسىنى قوغداشنى ئويلاپ «ئامۇ دەرياسىدىن مازاندېران چېگرىسىغىچە بولغان يەرنى خان ياساۋۇلغا ئىنئام قىلىش » پەرمانىنى چۈشۈردى . ياساۋۇل بەلخ ، بەدەخشان ، كابۇل ، قەندىھار قاتارلىق ئەسلى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ سۇيۇرغال قىلىنغان يەرلىرىگە ئىگە بولىدۇ . ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ياساۋۇل خۇراساندا يەنە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ پۈتۈن ئىرانىنى بېسىۋېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ . ئېلخانلار خاندانلىقى چاغاتاي خانلىقى بىلەن كېلىشىپ ئۇنى ئىككى تەرەپتىن قىستاپ مەغلۇپ قىلماقچى بولىدۇ . ياساۋۇل مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندا 1320 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ .

ئېسەن بۇقىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن يىلى ئېنىق ئەمەس . ئادەتتە 1318 ـ يىلى دەپ قارالماقتا . ئۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي خانلىقىغا كوبېك خان ۋارىسلىق قىلدى. يۈەن جياۋنىڭ «چىڭرۇڭ جۈيشى توپلىمى » غا كىرگۈزۈلگەن «سەركەردە بايجۇنىڭ ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىلىرى » دا ئۇ 1320 ـ يىلىنىڭ بېشى ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تەختكە چىققان بولۇشى مۇمكىن دېيىلگەن .

ئۇنىڭ ئاكىسى ئېسەن بۇقا پۈتۈنلەي كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كۆچۈرگەن بولۇپ ، كوبېكقا ئوخشمايتتى . كوبېك ئۆزىنىڭ دىققىتىنى ماۋرا ئۇننەھر ۋە ئافغانىستانغا قاراتتى . ئۇ پايتەختنى قاشقا دەرياسى ۋادىسىدىكى نەقشەبكە يۆتكەيدۇ ھەم بۇ يەردە ئوردا سالدۇرىدۇ . يەزدىلىك شەرىپىدىن يازغان «تېمۇرنىڭ زەپەرنامىسى » دە مۇنداق دې-

يىلگەن : كوبېك نەقشەبتىن 2.5 پەرسەخ يىراقلىقتىكى يەردە بىر ئوردا سالدۇردى . موغۇل تىلىدا ئوردىنى قارشى دەيدۇ ، شۇڭا نەقشەبنىڭ نامى قارشى دەپ ئاتالدى » . بابۇر مۇنداق دېگەن «قارشى يەنە نەقشەب ۋە نەسەب دېيىلىدۇ ، (ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچى بېفولىگىنىڭ ئىلاۋىسى : ئەبۇل فىدانىڭ دېيىشىچە ، نەسەب ئەرەبچە سۆز . نەقشەب بولسا يەرلىكلەرنىڭ تەلەپپۇز قىلىشى) قارشى موغۇلچە ئىسىم . موغۇلچىدا بىر قۇرخانا قارشى دېيىلىدۇ (بېفولىگىنىڭ ئىلاۋىسى : بۇ خەت ئىلگىرى گۆرلۈك (قەبرىستانلىق) دەپ تەرجىمە قىلىنغانىدى . ئەمما قارشىنىڭ مەنىسى (قورغان) ياكى (تۇرىدىغان جاي) ، بۇ ئىسىم چىڭگىزخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن بار ئىدى »① . X IV ئەسىردىكى قارشى شەھىرى ھازىرقى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى خاكى موران خارابىسىدۇر . موڭغۇللارنىڭ بۇرۇنقى نەقشەب شەھىرى ھازىرقى قارشىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى شورۇقتۆپە خارابىسىدۇر («بارتولد ئەسەرلىرى » 2 - توم ، 1 - قىسىم 263 - بەت) .

كوبېك ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى قېتىم پۇل قۇيدۇرغان موڭغۇل خانى بولۇپ ، ئۇنىڭ قۇيدۇرغان پۇلى كۈمۈش پۇل ئىدى . ئوتتۇرا ئاسىيادا مىس پۇلنىڭ ئورنىغا كۈمۈش پۇلنىڭ قۇيۇلۇشى X III ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ . كوبېك قۇيدۇرغان كۈمۈش پۇل ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ . بىرى دەرھەم بولۇپ كىچىك كۈمۈش پۇل (تەڭگە) ، ئېغىرلىقى 1.422 گرام ، يەنە بىرى دىنار بولۇپ ، چوڭ كۈمۈش پۇل ، ئېغىرلىقى 8.532 گرام بولۇپ ، ئالتە دەرھەمگە تەڭ كېلىدۇ . ئىلگىرى دىنار ئالتۇن پۇل ئىدى . ھازىر بۇ خىل چوڭ كۈمۈش پۇلنى شۇنداق ئاتايدىغان بولدى . بۇ خىل كۈمۈش پۇل ئېلىخانىلار خاندانلىقى ۋە ئالتۇن ئوردا خاندانلىقىنىڭ پۇل تۈزۈمىگە تەقلىد قىلىنىپ ياسالغان بولۇپ ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان . بۇ ۋاقىتتا ئالتۇن ئوردا خاندانلىقىنىڭ دىنارىمۇ كۈمۈش پۇل بولۇپ ، بىر دىنار ئالتە دەرھەمگە تەڭ كېلەتتى («ئالتۇن ئوردا خاندانلىقى ۋە ئۇنىڭ يوقىلىشى » رۇسچە ، 92 - بەت ، 3 -

---

① «بابۇرنامە» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 1 - توم 84 - بەت .

ئىزاھ). بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا كوبېك يولغا قويغان ھوقۇق بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن مەمۇرىيەت تۈزۈمى ئىلگىرىكى يەرلىكلەر ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان تۈزۈمنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئالدىنقى بايانلاردىن بىز ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھەرقايسى رايونلاردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى پۇل قۇيدۇرغانلىقى، ئەمدىلىكتە بولسا خاننىڭ نامى بىلەن پۇل قۇيدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ پۇل كوبېك پۇلى دەپ ئاتىلىپ تاكى تېمۇرىلەر دەۋرىگىچە ئىشلىتىلىپ كەلدى.

باج يىغىش ۋە باشقۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، كوبېك ئۆزىنىڭ ئىگىلىگەن يەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى مەمۇرىي ئورگانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى ھەم بۇ يەرلەرنى «تۈمەن» دەپ ئاتىدى. بۇ خىل تەقسىملەش پېرسىيىنىڭ تۈزۈمى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما پەرغانە بىلەن قەشقەردىكى يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلار بۇنى «ئورقىن» دەپ ئاتىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قەبىلە باشلىقلىرى (بىر قىسىم تۈركلەشكەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى) بىلەن ھۆكۈمرانلىق مەنپەئەتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، كوبېك يەنە فېئوداللىق سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى. قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن يەرلىك مىراسخور ھۆكۈمرانلار يەنىلا ھەرقايسى جايلاردا فېئوداللىق ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى.

كوبېك چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ خانى بولغاندىن كېيىن پېرسىيىدىكى ئېلخانىلار خاندانلىقى بىلەنمۇ ياكى جۇڭگودىكى يۈەن سۇلالىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىدى. بۇ چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق ئىدى. كوبېك ئىلگىرى ئېلخانىلار خاندانلىقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ياساۋۇل توپىلىڭىنى تىنچىتقاندى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىدا ياخشى رول ئوينىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، كوبېك يۈەن سۇلالىسىدىن ئۇرۇشنى توختىتىپ، تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆتۈندى. يۈەن يىڭزۇڭ كوبېكنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. كوبېك ھەر يىلى ئۈدا يۈەن سۇلالىسىگە سوۋغا بېرىپ تۇردى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا خاتىرىلىنىشىچە: جىجىنىڭ 2 ـ يىلى (1322 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ رېنزى

(壬子) كۇنى كوبېكخان ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا يىلپىز تەقدىم قىلغان؛ رېنشۇي كۇنى كوبېكخان ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا دېڭىز لاچىنى تەقدىم قىلغان («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 620 ـ بەت). جىجىنىڭ 3 ـ يىلى (1322 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا كوبېكخان ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئۈزۈم ھارىقى تارتۇق قىلغان («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 629 ـ بەت). 6 ـ ئايدا كوبېكخان چېگرىغا بىرنەچچە قېتىم بېسىپ كىرگەن. كېيىن ئەلچى ئەۋەتىپ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 632 ـ بەت). 11 ـ ئاينىڭ رېنسەن كۈنى كوبېكخان ئەۋەتكەن ئەلچى ئوردىغا كەلگەن، جيايەن كۈنى كوبېكخان ئەۋەتكەن ئەلچى ئوردىغا كەلگەن («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 640 ـ بەت). تەيدىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1324 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا كوبېكخان، پولاد ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئوردىغا تارتۇق تەقدىم قىلىشقا كەلگەن («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 644 ـ بەت). 6 ـ ئاينىڭ جىماۋ كۈنى كوبېكخان قاتارلىقلار تېمۇر بۇقا قاتارلىق تۇغقانلىرىنى ئەۋەتىپ ئوردىغا كۆندۈرۈلگەن يىلپىز، غەرب ئېتى تارتۇق قىلغان («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 648 ـ بەت). تەيدىڭنىڭ 2 ـ يىلى (1325 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا كوبېكخان ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرلۇك بۇيۇملارنى تەقدىم قىلغان. ئۇلارغا 40 مىڭ نۆكچە پۇل ـ پېچەك ئىنئام بېرىلگەن («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 653 ـ بەت). تەيدىڭنىڭ 3 ـ يىلى (1326 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ جياچېن كۈنى بېقىندى خان كوبېك ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا يىلپىز تەقدىم قىلغان («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 669 ـ بەت). 9 ـ ئاينىڭ ۋۇچېن كۈنى خۇەنچى قاتارلىقلارغا كوبېك، يۇسۇپ، ھۇسەيىن ئۈچ خاننىڭ زېمىنىغا ئەلچىلىككە بېرىش بۇيرۇق قىلىندى («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 670 ـ بەت).

يۇقىرىدىكى ماتېرىياللار ئەينى ۋاقىتتا يۈەن سۇلالىسى بىلەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئۆزئارا داۋاملىق ئەلچى ئەۋەتىشىپ باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا شۇنداقلا ئىران ۋە قىپچاققىچە يىپەك يولى بويلىرىدىكى سودىنىڭ ھەقىقەتەن جانلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولغان.

كوبېك مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام دىنىنى بىرقەدەر ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يېزا ئىگىلىكىگە كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئۇنى قوغدايتتى. ئۇ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىپ، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە تىنچلىقىنى ساقلىدى. شۇڭا مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە كوبېك مەدھىيىلەنگەن. 1333 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتكەن ئەرەب سەيياھى ئىبنى باتۇتەمۇ كوبېك ھەققىدىكى ھېكايەتلەرنى ئاڭلىغان. كوبېك گەرچە ئۆزى ئىسلام دىنىغا ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئىسلام ئۇسلۇبىدا ياساپ چىققان.

كوبېك ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقىت ئادەتتە مىلادى 1326 ـ يىلى دېيىلىدۇ. خانلىق تەختكە ئۇنىڭ ئىنىسى يانجىداي ۋارىسلىق قىلدى. («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 680 ـ بەت) دا خاتىرىلىنىشىچە، 1327 ـ يىلى «كۈز 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خان يانجىداي تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن يۈەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى». بۇ ئەمەلىيەتتە يۈەن سۇلالىسىگە ئۆزىنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى دوكلات قىلغانلىقتۇر. يانجىداي يۈەن سۇلالىسى بىلەن بولغان قويۇق باردى ـ كەلدى، تىنچلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە، 1329 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى غەربىي يۇرت خانى يانجىداي ئەلچى ئەۋەتىپ ئىككى بۈركۈت سوۋغا قىلغان (699 ـ بەت)، 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يانجىداي خانغا 200 نۆكچە ئالتۇن، 2000 توپ گەزلىمە ئىنئام قىلغان (699 ـ بەت)، 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى غەربىي يۇرت خانى يانجىدايغا 2500 سەر ئالتۇن، 15 مىڭ سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىنغان (740 ـ بەت)، يەنە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. نايمانتاينىڭ تەرجىمھالى» دا (3352 ـ بەت) خاتىرىلىنىشىچە، تيەنلىنىڭ 2 ـ يىلى (1329 ـ يىلى) (نايمانتاي) بۇيرۇققا بىنائەن پادىشاھنىڭ تاغىسىنىڭ تەيزۇ پادىشاھ ۋاقتىدا قويدۇرغان گۆھىرىنى كېيىنكى خان يانجىدايغا ئاپىرىپ بەرگەن.» بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، يانجىداي بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يې-

قىن بولغان .

يۈەن ۋېنزۇڭنىڭ جى شۈنيۈەن يىلى (1330 ـ يىلى) غا كەلگەندە تارىخىي ماتېرىياللاردا چاغاتاي خانلىقىنىڭ يەنە بىر كېيىنكى خانى دۆلە تېمۇر ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » 34 ـ جىلدتا (762 ـ بەت) خاتىرىلىنىشىچە ، جى شۈنيۈەن يىلى (1330 ـ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پادىشاھ دۇلان ، قۇنتۇ ، پولاد قاتارلىقلارنى مىڭ سەر كۈمۈش ، 200 توپ گەزلىمە بىلەن ئەۋەتىپ ، خان دۆلە تېمۇرغا ھەدىيە قىلغان . بۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئەگەر 1330 ـ يىلى تەختكە ئولتۇرغان بولسا ، يانجىدايىنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى تەخمىنەن ئۈچ يىل بولىدۇ . ئۇ تەختتە ئولتۇرغان يىلى يۈەن سۇلالىسى جاۋشىيەن ، جاۋشىئەنلەرگە « بۈيۈك جۇڭشى قامۇسى » تۈزۈشنى يارلىق قىلغان . بۇ كىتاب تۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا غەربىي شىمالدىكى ئۈچ قارام جاينىڭ خەرىتىسى قوشۇمچە قىلىنغان ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى « دۆلەتېمۇر سۇيۇرغال يېرى » دەپ ئاتالغان . « يۈەن سۇلالىسى تارىخى . جۇغراپىيە تەزكىرىسى ، غەربىي شىمال توغرىسىدا قوشۇمچە » دىمۇ « دۆلەتېمۇر » چاغاتاي خانلىقىغا ۋەكىللىك قىلغان . بۇ خىل ئىككىنچى قول ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، بىز دۆلەتېمۇر دەۋرىدە چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى شەرقتە ئۇيغۇر يېرىگىچە ، غەربتە ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى ۋە ئافغانىستاندىكى غەزنە ۋە كابۇلغىچە ، شىمالدا بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغىچە ، جەنۇبتا خوتەن ، قەشقەرگىچە تۇتاشقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز . بۇنىڭدىن چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ يەنىلا بۇرۇنقى زېمىنى ۋە بىرلىككە كېلىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

« يۈەن سۇلالىسى تارىخى . ۋېنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە » دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، جىشۇننىڭ 2 ـ يىلى ( 1331 ـ يىلى ) 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى غەربىي يۇرت خانى تارما ( شىرى ) دۆلەتېمۇرنىڭ تەخت ۋارىسى بولدى ، ئۇ بورجىداي قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ ، يۈەن سۇلالىسىگە سوۋغا تەقدىم قىلدى » دۆلەتېمۇرنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىل-

غان تارماشىرى مۇشۇ يىلى خانلىق تەختىگە چىققان. بۇ خاننىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىمۇ ماۋرا ئۇننەھردىكى قارشى ئىدى. ئەمما ئۇمۇ يۈەن سۇلالىسى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا مۇنداق دېيىلگەن: 1332 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خان تارماشىرى، قارمانلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئۈزۈم هارىقى، ئالتۇن ئۆردەك، كەپتەر قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلدى (800 ــ 801 ـ بەتلەر)، 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خان تارماشىرى ئەلچى ئەۋەتىپ يولۋاس، يىلپىز قاتارلىقلارنى تارتۇق قىلدى (805 ـ بەت). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جىشۇننىڭ 3 ـ يىلى (1332 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خان زانگى (يەنى چىنكىش) 70 ئادەم (ئۇرۇس)، 72 يامبۇ، 5000 نۆكچە پۇل ھەدىيە قىلدى، توڭگۇز يىلى رۇسلاردىن 1000 كىشىگە كىيىم ۋە ئاشلىق بەردى (800 ـ بەت)، چىنكىش ئەينى ۋاقىتتا چاغاتاي خانلىقىنىڭ شاهزادىسى ئىدى. ئى. براشىنىدىرنىڭ ئىزاھاتىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا چاغاتاي خانلىقىنىڭ موڭغۇل شاهزادىلىرى قىپچاق خاندانلىقى بىلەن دائىم جەڭ قىلىپ تۇرغان. شۇڭا ئۇ رۇس ئەسكەرلىرىنى ئەسىر ئالاتتى. بۇ ئۇرۇسلار يۈەن سۇلالىسىگە ھەدىيە قىلىنغان («ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ئىنلگىزچە، 2 ـ توم، 81 ـ بەت، 841 ـ ئىزاھ).

تارماشىرى بۇددىستچە ئىسىم بولۇپ، سانسكرىتچە (Dharmasri) دېيىلىدۇ. مەنىسى «خەيرلىك، قۇتلۇق» دېگەنلىكتۇر. ئەمما ئۆمەرنىڭ گېپىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ بىرىنچى قېتىم ماۋرا ئۇننەھردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان چاغاتاي خانى بولۇپ، ئىسمىنى ئالاۋۇدۇن دەپ ئاتىغان. بۇ تارماشىرىنىڭ بۇددىستتىن مۇسۇلمانغا ئۆزگەرگەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. بارتولد مۇنداق دەپ قارايدۇ: تارماشىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى تاشلاپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش يولىغا ماڭدى. ئۇ موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھەر يىلى يىغىلىپ قۇرۇلتاي ئاچمىدى. كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى تاشلىغانلىقتىن، ئۇ چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى زېمىنلىرىغا سەل قارىدى. ئېيتىشلارغا

قارىغاندا ، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاخىرقى تۆت يىلدا ئالمىلىققا بېرىپ باقمىغان . ئەمما ئۇ ئافغانىستان بىلەن ئۇرۇش قىلغان ھەمدە ھىندىستانغا قوشۇن تارتىپ كىرگەن (« بارتولد ئەسەرلىرى » رۇسچە ، 2 ـ توم ، بىرىنچى بۆلۈم ، 76 ـ بەت ) .

## 4- بۆلۈم ئىبنى باتۇتە ۋە ئالمىلىقتىكى خرىستىئان دىنى مۇرتلىرى

چاغاتايدىن كېيىنكى خانلاردىن تارماشىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ، ئەرەبىستانلىق مەشھۇر ساياھەتچى ئىبنى باتۇتە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن . ئىبنى باتۇتە ماراكەشلىك بولۇپ ، ئۆزىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا ، ئىبنى باتۇتە ئۇنىڭ جەمەت نامى ئىدى . بۇ جەمەتتىكىلەر بۇرۇندىن قازى بولۇپ كېلىۋاتقان جەمەت بولۇپ ، ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا مەنسۇپ ئىدى . ئىبنى باتۇتە 1304 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ماراكەشنىڭ دەنجىر دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ ، ناھايىتى ياخشى دىنىي تەربىيە ئالغان ، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىدى . ئۇ 21 يېشىدا يۇرتىدىن ئايرىلىپ مەككىگە ھەج قىلغىلى بېرىپ ، ئۇ يەردە ئىسلام دىنىنى تەھسىل قىلىدۇ . بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ساياھەت قىلىشقا بەل باغلايدۇ . ئۇ ئاۋۋال دېڭىز يولى ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، كېمە بولمىغانلىقتىن ، ئايلىنىپ شىمالغا بېرىپ ساياھەت قىلىدۇ . ئۇ كىچىك ئاسىيادىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئايلىنىپ، يەنە قارا دېڭىزدىن ئۆتۈپ ، 1333 ـ يىلى قىپچاقتىكى ئالتۇن ئوردا خاندانلىقىغا بارىدۇ ، ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقى ۋە خۇراساندىن ئۆتۈپ ، غەربىي شىمال بىلەن ھىندىستانغا كىرىدۇ .

ئىبنى باتۇتە ئاستراخاندىن ئۆتكەندە ئالتۇن ئوردىدىكى ئۆزبېك خانى بىلەن كۆرۈشىدۇ . ئۇ ئالتۇن ئوردىنىڭ پايتەختى يېڭى ساراي ( ھازىرقى ئاستراخاننىڭ يۇقىرىسىدىكى 225 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايغا جايلاشقان زارپ ) دىن يولغا چىقىپ ، خارەزمگە قاراپ يولغا

چىقىدۇ . يېڭى ساراي بىلەن خارەزىمنى قۇملۇق ئايرىپ تۇراتتى . ئارىلىقى 40 كۈنلۈك يول بولۇپ پەقەت تۆگىلىكلا ماڭغىلى بولاتتى . ئۇ مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئاندىن خارەزىمگە يېتىپ بارىدۇ . ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا : « بۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ، ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇھىم بىر شەھىرى ئىكەن » . بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى زىچ ، بازارلار قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ ، قاتنىماق ناھايىتى تەس ئىكەن . ئەينى ۋاقىتتا خارەزىم ئۆزبېكلەرنىڭ زېمىنىغا تەۋە بولۇپ ، ئۆزبېكلەر قۇتلۇق تۆمۈرنى شۇ يەرنىڭ نائىبى قىلىپ ئەۋەتكەن . خارەزىملىكلەر ناھايىتى ئىنسانپەرۋەر دوستانە بولۇپ ، باشقىلارغا ئۆزگىچە كۆرۈنىدۇ . شەھەر سىرتىدىن ئامۇ دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ . بۇ دەريا ۋولگا دەرياسىغا ئوخشاش ھەر يىلى بەش ئاي مۇز تۇتىدۇ . يازدا كېمە بىلەن تېرمېزغا بارغىلى بولىدۇ . خارەزىملىكلەر ئىسلام دىنىغا ئىخلاس قىلىدۇ . ئىبنى باتۇتە ئەمىر قۇتلۇق تۆمۈرنى زىيارەت قىلىدۇ . ئۇ كېسەل بولۇپ ، يىپەك گىلەم ئۈستىدە ياتاتتى . ئەمىر ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ، زىياپەتتە ھەر خىل تاماقلار كەلتۈرۈلىدۇ . مەسىلەن ، تۇرنا كاۋىپى ، باچكا ، قايماقلىق توقاچ ، پېچىنە ، تاتلىق يېمەكلىكلەر ، ئارقىدىن مېۋە ـ چېۋە كەلتۈرۈلىدۇ . تاماق ئېلىپ كەلگەن قاچا ـ قۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ، كۈمۈش ياكى ئەينەكتىن ياسالغان ، قوشۇقلىرىمۇ ئالتۇن ئىدى . ئۇ خوشلىشىدىغان چاغدا ، ئەمىر يەنە ئۇنىڭغا گۈرۈچ ، ئۇن ، قوي ، قايماق ، خۇش پۇراقلىق بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىدۇ . يەنە 500 دەرھەم پۇل سوۋغا قىلىدۇ . ئەينى چاغدا غەربىي ئاسىيادىن جۇڭگوغا بارىدىغان كارۋانلار ناھايىتى روناق تاپقانىدى . ئىبنى باتۇتە خارەزىمدە جۇڭگوغا بارىدىغان ئىراق كاربالىق بىر كارۋان بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ . ئۇلار ئالمىلىقتىن ئۆتەتتى .

ئىبنى باتۇتە خارەزىمدىن ئايرىلىپ بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقىدۇ . خارەزىم بىلەن بۇخارا قۇملۇق ئارقىلىق ئايرىلغاچقا ، 18 كۈن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . ئۇلار كات ، ۋابقانلاردىن ئۆتۈپ ئاندىن بۇخارا شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ . خارەزىمگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ، بۇخارا خېلى ئېغىر ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغان . ئۇ بۇخارادىن تارماشىرىننى زىيا-

رىت قىلىش ئۇچۇن نەقشەب (قارشى ) دىن ئۆتتى. بۇ ھەممە يەردە سۇ
ئېقىپ تۇرىدىغان باغۇ ـ بوستانلىق كىچىك شەھەر ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا،
تارماشىرى شىكارغا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋەكالىتەن قارا بۇقا
ئۇنى كۈتۈۋېلىپ ئۇنىڭغا مەسچىت يېنىغا بىر كىگىز ئۆي تىكىپ بېرىدۇ.
ئىبنى باتۇتەنىڭ ئېيتىشىچە، تارماشىرى زېمىنى كەڭ، ھەربىي قوشۇنى
كۆپ قۇدرەتلىك پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ زېمىنى جۇڭگو، ھىندىستان،
ئىراق ۋە ئۆزبېك قاتارلىق تۆت چوڭ دۆلەت بىلەن قوشنا ئىدى. تارما-
شىرىدىن ئىلگىرى چاغاتاي خاندانلىقىغا پادىشاھ بولغانلار ئۇنىڭ ئىككى
قېرىندىشى بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايتتى. تارماشىرى قاي-
تىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىبنى باتۇتە بىر قېتىملىق ناماز ۋاقتىدا ئۇنىڭ
بىلەن كۆرۈشتى. پادىشاھ تۈركچە سۆزلەپ، ئۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى
بىلدۈردى. ئارقىدىنلا يىراقتىن كەلگەن مېھماننى ئوردىدا كۈتۈۋالدى.
ئوردا جاھازلىرى ھەشەمەتلىك، ئىلگىرىكى خاقانلار دەۋرىدىكىگە ئوخ-
شاش ئىدى. تارماشىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ ئىسلام دىنىغا ناھايىتى
ئىخلاسمەن بولۇپ، ھەر قېتىملىق نامازغا تولۇق بارىدىكەن. ئىبنى باتۇتە
تارماشىرى بىلەن 54 كۈن بىللە تۇرۇپ ئاندىن ئايرىلىدۇ. خان ئۇنىڭغا
700 دىنار پۇل، بىر بۇلغۇن جۇۋا، ئىككى ئات ۋە ئىككى تۆگە سوۋغا قى-
لىدۇ.

ئىبنى باتۇتە بۇخارادىن ئايرىلىپ سەمەرقەنتكە بارىدۇ. ئۇنىڭ
دېيىشىچە، بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ گۈزەل شەھەرلەرنىڭ بىرى
ئىكەن. ئۇ شەھەر دەريا بويىغا قۇرۇلغان، ئىلگىرى دەريا ياقىسىدا بىر
قەسىر بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا خارابىگە ئايلانغانىكەن، باتۇتە يەنە داۋاملىق
ئىلگىرىلەپ تېرمىزغا كېلىدۇ، بۇمۇ چوڭ شەھەر بولۇپ، كۆركەم ئىمارەت
ۋە بازارلىرى بار، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر كېسىپ ئۆتىدىكەن. ئۇ يەردىن
ئۈزۈم ۋە تاتلىق بېھى كۆپ چىقىدىكەن، گۆش تۇرىدىكى مەھسۇلاتلار ۋە
سۈتمۇ چىقىدىكەن. ئاھالىسى كالا سۈتى بىلەن بېشىنى يۇيۇپ، چېچىنى
نەمخۇش ۋە پارقىراق قىلىدىكەن. تېرمىزنىڭ كونا قەلئەسى ئامۇ دەرياسى
بويىغا قۇرۇلغان بولۇپ، چىڭگىزخان تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغاندىن

كېيىن ، يېڭى قۇرۇلغان تېرمىز بىلەن دەريانىڭ ئارىلىقى ئىككى ئىنگلىز مىلى كېلىدىكەن .

باتۇتە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ خۇراسانغا كىرىدۇ ، چۆل - جەزىرىدە بىر يېرىم كۈن مېڭىپ بەلخكە يېتىپ بارىدۇ . ئۇ چاغدا شەھەرنىڭ ۋەيران بولغان خارابىلىرى يەنىلا روشەن چېلىقىپ تۇراتتى ، بەلختىن ئايرىلىپ ، كۇھىستان تېغىدا يەتتە كۈن يۇرۇپ ، هىراتقا يېتىپ كېلىدۇ . خۇراساننىڭ تۆت چوڭ شەھىرى بار ، مەسىلەن ، هىرات ، نىشاپۇر ، بەلخ ۋە مەرۋى . ئالدىنقى ئىككىسى گۈللەنگەن شەھەرلەر ، كېيىنكى ئىككىسى تاشلىنىپ قالغان شەھەرلەر . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئىبنى باتۇتە يەنە تۇس ، مەشھەد ، نىشاپۇر ، قۇندۇس ، بەخران قاتارلىق يەرلەرگە بارىدۇ ، هىندىقۇش تېغىدىن ، كابۇلدىن ئۆتۈپ هىندىستانغا بارىدۇ . ( جەبجەرنىڭ تەرجىمە ئەسىرى « ئىبنى باتۇتەنىڭ ئاسىيا - ئافرىقىدىكى ساياھەت خاتىرىسى » 5 - باب ، 1967 - يىل ، نيۇ - يورك نەشرى . )

چاغاتاي خاندانلىقى دەۋرىدە ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرائۇننەھر ئىسلام دىنى كەڭ ئومۇملاشقان رايون ئىدى ، ىىراق ئەسلىدىكى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ پايتەختى ئالمىلىق رايونى يەنىلا بىر خرىستىئان دىنى مەركىزى ئىدى .

مىلادى 1289 - يىلىدىن ئىلگىرى ، پاپا نىكولاي IV يۇهان . مىندېگو ۋېننۇنى پېرسىيە ۋە هىندىستان ئارقىلىق جۇڭگوغا ئەۋەتىدۇ . 1307 - يىلى پاپا كېلمېنت V بېيجىڭدا باش ئېپىسكوپ تەسىس قىلىپ ، مىندېگو ۋېننۇنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ . ئۇنىڭدىن قالسا ، شەرقتىن كەلگەن ئەڭ مەشھۇر دىن تارقاتقۇچى ۋە ساياھەتچى ئېدولىك ئىدى ، ئېدولىك تەخمىنەن 1314 - يىللىرى ۋېنتسىيىنىڭ شەرقىدىن يولغا چىقىپ ، ئالدى بىلەن پېرسىيىگە كېلىدۇ . يېزىدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ . 1313 - 1315 - يىللىرى ئارىلىقىدا ، شەرقىي ئىران رايونىدا ئېلخانلاردىن ئۆلجايتۇنىڭ ، چاغاتاي خاندانلىقىدىكى ئېسەن بۇقا ھەمدە داۋۇد خوجىلارنىڭ ئۇرۇشى

بولۇۋاتاتتى، شەرقىي ئىراندىن ھىندىستانغا بارىدىغان يولنىمۇ چاغاتايىنىڭ ئادەملىرى پەنجاپقا بېسىپ كىرىپ توسۇۋالغاچقا، قاتناش تەس ئىدى، ئېدولىك پەقەت دېڭىز يولى ئارقىلىق خورمۇزدىن ئۆتۈپ جۇڭگوغا كەلگەن. ئېدولىك بىلەن ماركوپولو، ئىبنى باتۇتە ۋە نىكولوكانت ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربلىك تۆت چوڭ سەيياھ دەپ ئاتالدى.

ئېدولىك بېيجىڭدا ئىككى - ئۈچ يىل تۇرۇپ، تەخمىنەن 1328 - يىلى ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ياۋروپاغا قايتىپ كېلىدۇ، يولدا چۆللۈك ۋە تارىم ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ 1330 - يىلى 5 - ئايدا ۋېنتسىيىنىڭ پادوۋا دېگەن يېرىگە كېلىدۇ. ئېدولىك جۇڭگودىن ئايرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بېيجىڭدىكى ئارخىئېپىسكوپ مىندېگو ۋېننو 1328 - يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. رۇمنىيە پاپىسى 1333 - يىلى، يەنى ئىبنى باتۇتە ئوتتۇرا ئاسىيانى ساياھەت قىلغان يىلى، نىكۇلاينى جۇڭگوغا كېلىپ ئارخىئېپىسكوپلۇق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتىدۇ. نىكۇلاي قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىگە كەلگەنىدى، 1338 - يىلى رۇمنىيە چېركاۋىدىكىلەر ئۇنىڭ ئالمىلىققا يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نىكۇلاي چىنكىش ئوردىسىدا قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا ئېرىشكەنىكەن. چىنكىش قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلاردىن خارلىسمان ۋە يۇخانانلار نېستۇرى دىنىدىكىلەردەك قىلاتتى. ئۇلار ئالمىلىقنىڭ يېنىدىكى كەڭ بىر پارچە يەرنى بۇ ئارخىئېپىسكوپقا ھەدىيە قىلىدۇ ھەمدە ئۇ يەرگە ناھايىتى ياخشى بىر چېركاۋ سېلىپ بېرىدۇ. نىكۇلاي داۋاملىق شەرقكە ئىلگىرىلەپ بېيجىڭغا يېتىپ كېلەلمەي يولدا قازا قىلىدۇ.

ئەينى چاغدا، ئالمىلىقتا بىر ئېپىسكوپ بولۇپ، ئىسمى رىكارد ئىدى. يەنە ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن فرانسىسكو مەزھىپىدىكى بىر مۇنچە روھانىيلار، مەسىلەن، ئالېكساندرىيىلىك فرانسىس، ئىسپانىيىلىك باسكال، بورروۋېنسلىق رايموندلار بار ئىدى. يەنە روھانىي لوۋېنسى ۋە پېترلارمۇ بار ئىدى. ئۇ 1338 - يىلى ۋىكتورىيە شەھىرىدىكى دوستلىرىغا خەت ئەۋەتكەن. بۇ خەت كېيىن ۋادىننىڭ «فرانسىسكو مۇناستىرلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 7 -

قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن . باسكال ئالمىلىق شەھىرىدىكى چېركاۋ جۇڭگو-
نىڭ باش باستېرىنىڭ باشقۇرۇش قارىمىقىدا بولىدۇ ، ئالمىلىق
شەھىرىدىكى مىسسىئونېرلارمۇ بېيجىڭدىكى باش ئېپىسكوپىنىڭ قوماندانلى-
قىدا بولىدۇ دەيدۇ . بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئالمىلىقنىڭ جۇڭگوغا قاراشلىق
ئىكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن بىردەك ئىدى .

باسكال 1338 - يىلى ئالمىلىققا دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگە-
نىدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ خارەزىمنىڭ ئۈرگەنچ دېگەن يېرىدىن
ئالمىلىققا بەش ئايدا بارغان . سەۋەبى ئۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىچكى
ئۇرۇش بولۇۋاتقاچقا ، يولدا داۋاملىق توختاپ تۇرۇشقا توغرا كەلگەن .
ئىچكى ئۇرۇشتا چىنكىش قېرىندىشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ . بۇنىڭ ئۇ-
لۇغبەگ ئەسىرىدە ئىسپاتى بار . ئۇلۇغبەگ چىنكىشنى ئۇنىڭ قېرىندىشى
يېسۇتېمۇر ئۆلتۈرگەن دەيدۇ .

1339 - يىلى ، پاپا بېنېدىكتوس VII يەنە مارىگنوللىنى جۇڭگوغا
ئەۋەتىدۇ . ئۇمۇ قۇرۇقلۇقتا مېڭىپ شۇ يىلىنىڭ 5 - ئېيىدا
كونستانتىنوپولغا يېتىپ كېلىدۇ . ئاندىن قىرىمدىن قىپچاققا كېلىپ ،
ئۆزبېك خاننى زىيارەت قىلىدۇ . 1340 - يىلى قىپچاقتىن ئالمىلىققا بارىدۇ .
ئۇ بۇ يەردە باسكال قاتارلىقلارنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن يەرلىك
مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىدۇ . ئۇنىڭ « ئەلچىلىككە
بېرىش خاتىرىسى » دە ئېيتىلىشىچە ، ئەلى سۇلتان تەختنى تارتىۋالغاندىن
كېيىن ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ، تەختكە چىقىپلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ
دۆلەتتىكى پاكلانغان خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ ھەممىسى ئېتىقادىنى
ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇرىدۇ .
بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى كەچۈرۈم قىلماي ئۆلتۈرىدۇ . باسكال قا-
تارلىق ياۋروپادىن كەلگەن خرىستىئان روھانىيلىرى بۇ بۇيرۇققا
بويسۇنمىغانلىقتىن ، ھەممىسى ئارغامچا بىلەن باغلىنىپ ئاممىغا سازايى
قىلدۇرۇلىدۇ . يەنە مۇسۇلمانلار ئۇرۇپ تىللاپ ، يۈزىگە تۈكۈرۈپ
ھاقارەتلەيدۇ . ئۇرۇپ ، تېپىپ قۇلاق - بۇرۇنلىرىنى كېسىپ ، قول -
پۇتلىرىنى چېپىپ ، ئاخىرىدا كاللىسىنى ئالىدۇ . ( جاڭ

شىگلاك . « جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخى ماتېرىياللىرى » ، 1 ـ قىسىم ، 281 ـ بەت ، « باسكال مەكتۇبلىرى » نىڭ 283 ـــ 290 ـ بەتلىرى ) مارىگنۇللى ئالمىلىقتا يېڭىۋاشتىن خرىستىئان دىنى جەمئىيىتىنى تەشكىللەپ ، 1342 ـ يىلى بېيجىڭغا يېتىپ كېلىدۇ . بەش يىلدىن كېيىن ، دېڭىز يولى بىلەن ياۋروپاغا قايتىپ كېتىدۇ . بىراق گ . مارىگنۇللى كەتكەندىن كېيىن ئالمىلىقتىمۇ خرىستىئان دىنى زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ . ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى بۇ قەدىمكى دىنىي مەركەز تېمۇرىلەر دەۋرىگە كەلگەندە يوقىلىپ ئىزىمۇ قالمايدۇ .

## 5- بۆلۈم چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى

ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى X V ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن كېيىنكى ۋاقىتقا كەلگەندە ئەڭ مۇرەككەپ بىر دەۋرگە قەدەم قويىدى . بۇ ۋاقىتتا پارسىنىكى مەشھۇر تارىخشۇناس جۇۋەينى ۋە راشىدىنلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى . تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن بىرگە يۈەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرى يەنى قايدۇ ، چاپارلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى ئەھۋاللاردىن ناھايىتى ئاز مەلۇمات قالدۇرۇلدى . شۇ سەۋەبلىك ھازىرغىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ دەۋردىكى تارىخى بايان قىلىنغان ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك ، بارلىرى قالايمىقان ھەم ئېنىق ئەمەس . بۇ ، تارىخشۇناسلىرىمىزنىڭ تەتقىق قىلىشى ۋە ئىزدىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا .

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بىز تارىخىي ماتېرىياللارنى ۋاراقلىغىنىمىزدا شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى ، مىلادى X Ⅳ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ، ئەسلىدىكى چاغاتاي خاندانلىقى مەيلى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن ، پۈتۈنلەي ئوخشاشمىغان ئىككى ئەمەلىي گەۋدىگە بۆلۈنۈشكە باشلىغان . نېمىشقا بۆلۈنۈش بولىدۇ ؟ بۇنىڭدا ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي سەۋەبمۇ ، سىياسىي سەۋەبمۇ بار .

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ پارچىلىنىشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەب شۇكى ، X Ⅲ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قايدۇ باشچىلىقىدىكى موڭغۇل

كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ توپىلىڭىدىن كېيىن، ئوگداي جەمەتىدىكى ۋە چاغاتاي جەمەتىدىكى نۇرغۇن موڭغۇل شاھزادىلىرى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىماي يايلاقتا ياشاشنى داۋاملاشتۇردى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقىمۇ ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن مۇددەت ئىچكى ئۇرۇش توختىماي، تۈركىستان (ماۋرا ئۇننەھردىن باشقا يەتتىسۇ ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلغان شەھەر - بازارلىرى چۆلدەرەپ قېلىشتەك ئەھۋال يۈز بەردى. بىراق يەنە شۇ چاغدا ماۋرا ئۇننەھردىكى دېھقانچىلىق رايونىغا كىرگەن بىر قىسىم موڭغۇل قەبىلىلىرى يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشقا باشلىغانىدى.

ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات ۋە ساياھەت خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، موڭغۇللار بېسىپ كىرىشتىن بۇرۇن ۋە موڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، بالاساغۇن، تالاس، ئالمىلىق، قايالىق قاتارلىق شەھەر - بازارلار ئاۋات رايونلار شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ جايلاردا دېھقانچىلىق راۋاجلىنىپلا قالماي، سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. لېكىن بىز مۇشۇ دەۋر ئۈستىدە توختىلىۋاتقىنىمىزدا ئاشۇ گۈللەنگەن، قايناق مەنزىرە ئاللىقاچان تاشلاندۇق تاش - توپا دۆۋىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. IV
X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مىسىرلىق ئەرەب تارىخچىسى ئەلى ئۆمەرنىڭ بۇ توغرىدا يازغان بىر ئابزاس تەسۋىرى ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇ: «بۇ رايونلار تاتار قوشۇنلىرىنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن بۇيان ئادەم شالاڭلاشقا باشلىغان. ئۇ مەزگىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر ئادەم ماڭا تۈركىستاندا خارابىلىققا ۋە توپا دۆۋىلىرىگە ئايلانغان يادىكارلىقلاردىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى، يىراقتىن قارىغاندا ئەتراپى ياپيېشىل بىر گۈزەل كەنتنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشتە ناھايىتى كۆركەم كۆرۈنىسىمۇ، يېقىن بېرىپ قارىسا ئادەمزاتسىز، تاشلاندۇق ئۆيلەرنى ئۇچرىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسى پۈتۈنلەي كۆچمەن چارۋىچى، دېھقانچىلىق بىلەن ئەسلا

شۇغۇللىنىپ باقمىغان چارۋىچىلار ئىدى. ئۇ يەردە يايلاقتا ئۆسىدىغان ئوت - چۆپتىن باشقا ھېچقانداق ئۆسۈملۈك يوق ئىدى»① دەپ يازغان. بۇ ئەھۋالنى ۋاسسافمۇ تىلغا ئالغان. 200 يىلدىن كېيىنكى يەنى XIV ئەسىردىكى تارىخچى مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ شەھەر - بازارلارنىڭ خارابىسى تېخىمۇ كونكرېت تەسۋىرلەنگەن. بۇ خارابە ۋە يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېقىنقى زاماندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە بايقىلىپ يۇقىرىقى بايانلار ئىسپاتلاندى.

قايدۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. يۇقىرىدا چاغاتاينىڭ كېيىنكى پادىشاھى مۇبارەكشاھ ۋە باراقنىڭ ماۋرا ئۇننەھرنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ماكانى قىلغانلىقى سۆزلەنگەنىدى. بىراق 1269 - يىلى تالاس قۇرۇلتىيىدىن كېيىن موڭغۇل خان جەمەتى يەنە دالادا ياشاپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. بىزگە مەلۇمكى، بۇنداق قىلىشنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قەبىلە تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىشى، موڭغۇللارنىڭ ئولتۇراق رايونلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتىن مەھرۇم قېلىشى ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئەھمىيىتى زور. سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەنىدى.

XIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا موڭغۇللار ماۋرا ئۇننەھرگە كىرىپ ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەمدە ئاستا - ئاستا يەرلىك تۈركىي مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ كەتكەن موڭغۇللار بىلەن دۈشمەنلىشىشكە باشلىدى ھەمدە بىر - بىرىنى كەمسىتىشتى. ئۇلار ئۆ... رىنى ھەقىقىي موڭغۇللار (پارسچە Moghul دەپ يېزىلىدۇ، ئادەتتە موغۇل دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەزكۇر كىتابتا موغۇللار Mengwur دەپ يېزىلدى) دەپ ئاتىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرا

① كاتىلمىر: «ئىزاھ ۋە ئۈزۈندىلەر» نىڭ 8 - جىلدىغا كىرگۈزۈلگەن شاھابىددىننىڭ «بارچە ئەللەرگە ساياھەت خاتىرىسى».

ئۇنـنـەھر رايونىدا تۈركلىشىپ كەتكەن موگغۇللارنى بولسا «قارا ئۇناس» («ھارامزادە»، «شالغۇت» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ كىشىنى ھاقارەتلەيدىغان سۆز) دەپ ئاتىدى.

ماۋرا ئۇننەھر رايونىغا بېرىپ تۈركلىشىپ كەتكەن موگغۇل قەبىلىسى ئۆزلىرىنى «چاغاتايلار» دەپ ئاتىدى. ئۇلار شەرق تەرەپتىكى يايلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچى موگغۇللارنى «چاتاي» («باندىت»، «قاراقچى»، «بۇلاڭچى» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ بۇمۇ كىشىنى كەمسىتىدىغان سۆز) ①دەپ ئاتىدى. بۇ چاغاتايلار بىلەن چاتايلار ناملىرىنىڭ پەرقى، كېيىنكى قىپچاق يايلىقىدىكى «ئۆزبېك» ۋە «قازاقلار» ناملىرىنىڭ قارىمۇ قارشى خاراكتېرى بىلەن ئوخشاش.

---

① چاتاي، جاڭ شېڭلاڭ بۇنى (哲太) دەپ تەرجىمە قىلغان. ئۇ تەرجىمە قىلغان «ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» گە قوشۇمچە قىلىنغان «يۈەن دەۋرىدە غەربىي شىمالدا ياشىغان ئۈچ قارام قوۋملارنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا» غا قاراڭ. فېڭ چېڭجۈن ئۇنى (者台) دەپ تەرجىمە قىلغان، ئۇ تەرجىمە قىلغان بۇۋانىڭ «تېمۇر ئىمپېرىيىسى» گە قاراڭ. بۇ يەردە «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» دە قىلىنغان تەرجىمىسى ئاساس قىلىندى. مەسىلەن، «جياچىڭ زامانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 63 ـ جىلدىدا: «جياچىڭنىڭ 5 ـ يىلى، 3 ـ ئاينىڭ (丙申) بىڭچېڭ كۈنى، دەسلەپتە گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى، باش باقاۋۇل چېن جيۇچۇ، لەشكىرىي پىرقەدىۋان بېگى جىن شيەنمىنلار: قۇمۇلدىكى ئىككى قوۋم ئۆچمەنلىك تۈپەيلىدىن ئىچكىرىگە كۆچتى، ئۇلارنىڭ بىرى، سۇجۇ ئوبلاستىدىكى دۇڭگۇەن قوۋۇقىدا، يەنە بىرى جىنتاشى (ئالتۇن مۇنار ئىبادەتخانىسى) قاتارلىق جايلاردا ماكانلاشتى. ئۇ يەردە ھەر خىل تائىپىلەر ئارىلاش ياشاۋاتقان بولغاچقا، ئۇلار ھامان ئىناق ئۆتەلمەيدۇ، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەك چاتاق چىقىرىدۇ. شۇڭا گەنسۇنىڭ شىمالىدىكى تاشلىۋېتىلگەن جايلار ۋە بۇرۇن جەسۇر قوشۇن بارگاھ قىلغان جايلارنى ئۆلچەپ، ئۇ جايلارغا ئۆي ـ ئىمارەت سېلىپ ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرساق، شۇنداقتا ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز، دەپ تەكلىپ سۇندى. كېيىن باشبۇغ ياڭ يىچىڭ: يات تائىپىلەر بىزگە بەيئەت قىلغاندىن بۇيان چاتاق چىقىرىپ باقمىدى، ئەمدىلىكتە ئۇلاردىن ئارتۇقچە گۇمانلانساق، ئۇلار باشقا جايلارغا كېتىدۇ، شىمالدا ئويراتلار بىلەن بىرلەشمىسە، غەربتە چاتايلار بىلەن بىرلىشىدۇ، بۇ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئاۋارىچىلىق تاپقانلىق بولۇپ، بۇنىڭ زىيىنىلا باركى، پايدىسى يوق، دەپ تەكلىپ بەردى.

يۇقىرىقى پەرق چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنىشىگە سەۋەب بولغان ئىجتىمائىي ئاساستۇر.

لېكىن بۇ خىل بۆلۈنۈشتىكى سىياسىي سەۋەب ئاساسلىقى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادىنىڭ خانلىق هوقۇقى تۈگەشكەنلىكتىن بولغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا هوقۇق تالىشىش، تەخت تالىشىش هەمدە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان موڭغۇل خان جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر هوقۇق تۇتقان چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى. ئاخىرىدا هوقۇق پۈتۈنلەي چىڭگىزخان مىللىتىدىن بولمىغان تۈركلىشىپ كەتكەن موڭغۇل قەبىلە باشلىقىنىڭ قولىغا ئۆتتى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكىلەرگە بارلاس قەبىلىسى، هازىرقى شىنجاڭدىكى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردىكىلەرگە دوغلات قەبىلىسى پادىشاھ بولدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ خانى تارماشىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ھەمدە بۇ دىنىنى موڭغۇللار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇشى موڭغۇللارنىڭ تۈركلىشىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللارنى كۈچەيتتى. ئىبنى باتۇتە، تارماشىرى ھەتتا ھەر يىلى شەرقنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنىمۇ ئۆزگەرتتى دەيدۇ. بۇ تەبىئىي ھالدا قەدىمكى ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. بىراق تارماشىرىنىڭ چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ شەرق تەرىپىدە يۈرگۈزۈۋاتقان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاجىزلىشىشى ئاشۇ قارشى كۈچلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولدى. ئىبنى باتۇتە ماۋرا ئۇننەھردىن ئايرىلىپ ئىككىنچى يىلى (1334 ـ يىلى) ھىندىستاندا ئىلى دەريا ۋادىسىدا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان. سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچى تېمۇر مەلىكنىڭ ئوغلى بوزان ئىدى. ئۇلار تارماشىرى چىڭگىزخاننىڭ جاساقلىرىغا خىلاپلىق قىلدى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە

ئالـمـلىقنى ئىگىلىۋالدى ، ئارقىدىنلا ماۋرا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلدى . تار-
ماشىرى 50 نەپەر خاس چاكىرى بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ غەزنىۋىگە
ئوغـرىلـىقچە قاچتى . يولدا ئۇنى بەلخنىڭ ھۆكۈمرانى (كېبىكنىڭ ئوغلى)
يـاگجى تۇتۇۋېلىپ بوزاننىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى . بىراق ، ئىبنى
بـاتۇتـەنـىـڭ دېـيـىـشـىـچە ، بـۇ قـېتىمقى توپىلاڭدىن كېيىن بىر كىشى
ھـىـنـدىـسـتانغا كېلىپ ئۆزىنى «مەن تارماشىرى بولىمەن » دېگەنمىش . بۇ
ئادەم پـاكـىـت كـۆرسـىـتىپ ئۆز سالاھىيىتىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ ، ئەمما
ھىندىستاننىڭ سۇلتانى سىياسىينى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى قوغلاپ چىقارغان .
ئۇ ئاخـىـر ئىراننىڭ شىراز دېگەن جايىدىن پاناھلىق تاپىدۇ ، ئىبنى باتۇتە
كېيىن 1347 ـ يىلى بۇ جايدىن ئۆتكەندە ئۇ كىشىنى يەنە ئۇچراتقان .

ئەھۋالـنـىـڭ قـانـداق بـولـۇشـىـدىن قەتئىينەزەر ، 1334 ـ يىلىدىكى
تـوپـىلاڭ تـارماشىرىنىڭ بەربات بولۇشىغا سەۋەب بولدى . بۇنىڭ سەۋەبى
دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىختىلاپ بولۇپلا قالماستىن ، يەنە يۇقىرىدا
ئېـيـتـقـىـنىمىزدەك ئىككى خىل ئىقتىساد (دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق)
كـۆرىشىدىن ئىبارەت بولغان ، تارماشىرىنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ئۇچ
يـىـلـغـىـمـۇ يـەتمىدى . (1331 ــ 1334) . چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ تەختىگە
بـوزان ۋارىـسـلىق قىلدى . ئىبنى باتۇتە ، بوزان مۇسۇلمانلارنى ياقتۇرمايت-
تـى ، خـرىستىئان مۇرىتلىرى بىلەن يەھۇدىي مۇرىتلىرىنىڭ دىن تارقىتىش
پـائالـيىتىگە روخسەت قىلىپ ، ئۇلارنىڭ چېركاۋ ، بۇتخانىلىرىنى ئەسلىگە
كەلتۈردى ، دەيدۇ.

مـۇسـۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ بايانىغا قارىغاندا ، بوزان تارماشىرىنى
ئۆلـتـۈرگـەنـدىـن كـېيىن ، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن موڭغۇل
شـاھزادە ، ئاقـسـۆڭـەك ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى ئۆلتۈرگەن . بۇ خىل قەبىھ
قـىـلـمـىـش چىڭگىزخاننىڭ نۇرغۇن ئەۋلادلىرى ۋە خان جەمەتىدىن بول-
غـانلارنـى يـوقـىـتـىـپ ئۇلارنىڭ ھوقۇق ، ئىمتىيازلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپلا
قـالـمـاي ، بـەلكى بوزان ئۆزىنىڭمۇ ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى بوشاشتۇرۇپ ،
ئاقـىـۋەت ئۇنـىـڭ گۇمران بولۇشىغا سەۋەب بولدى . شۇڭا بوزان تەختكە
چـىـقىپ بىر يىل ئۆتمەيلا ئەمىرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . دۇۋانىڭ نەۋ-

رىسى چىنكىش (يېبگەنىنىڭ ئوغلى) ئۇنىڭ ئورنىدا خان بولدى .

چىنكىش (1334 — 1338)مۇ بوزان خانغا ئوخشاش ئىسلام دىنىنى چەتكە قاقتى . ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ۋە ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى ئالمىلىققا يۆتكەپ كەلدى ھەمدە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلىمۇ چوقۇنۇش مۇراسىمىنى قوبۇل قىلىپ يوھان دەپ ئىسىم قويۇۋالغان . شۇنىڭ بىلەن ئالمىلىقمۇ خرىستىئان دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ چىركاۋ ۋە ئېپىسكوپ رايونلىرى قۇرۇلدۇ.

چىنكىشنىڭ يېسۇتېمۇر ئىسىملىك بىر ئىنىسى بار ئىدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىكى بار بولۇپ ، يېسۇتېمۇر چىنكىشنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ، ئۇنىڭ سۇيىقەستىدىن ئانىسى خەۋەر تېپىپ چىنكىشقا ئېيتىپ قويىدۇ . لېكىن ئاخىرقى كۈرەشلەردە چىنكىش مەغلۇپ بولۇپ ، يېسۇتېمۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ . يېسۇتېمۇر ئاپىسىنىڭ ئىككى كۆكسىنى كېسىۋېتىپ ئۆچىنى ئالىدۇ . ( ئوبۇلغازىنىڭ دېمسۇن تەرجىمە قىلغان « شەجەرەئى تۈرك » ناملىق ئەسىرىنىڭ فرانسۇزچە نۇسخىسىغا ئاساسلاندى ) .

بارتولد چىنكىش يوقىتىلغاندىن كېيىن تەختتە ئولتۇرغان چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ خانى گ . مارىگنوللى «ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى » دە تىلغا ئالغان ئەلى سۇلتاندۇر دەيدۇ («بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى » روسچە، 2 ـ توم ، 1 ـ قىسىم 77 ـ بەت) . ئەلى سۇلتان يېسۇتېمۇرنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە خرىستىئان مۇرىتلىرىغا قانلىق زىيانكەشلىك قىلىنىۋاتاتتى .

بەزى تارىخچىلار ، ئەلى سۇلتان ئوگدايخان ئەۋلادى دەپ قارايدۇ . (كېراكىنىڭ : «يېسۇتېمۇر 1339 ـ يىلى جاكارلىغان موڭغۇل پەرمانى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى . «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى» 1975 ـ يىل ) بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئوگداي نەسەبىنىڭ كۈچى قايدۇ ، چاپارلارنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئاجىزلاپ قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتا چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ تۈگىشىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئەلى سۇلتان زامانىدا ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ روناق تېپىۋاتقان بارلاس قەبىلىسى بىلەن چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلۇشقا باشلىدى. ئەلى سۇلتان بۇ قەبىلىنىڭ چاغاتاي خاندىن قالغان ھوقۇق - ئىمتىيازلارنى بىكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى قىسىمدا كۈچلۈك قارشىلىق پەيدا بولدى. ئاخىر ماۋرا ئۇننەھردە بارلاس قەبىلىسىنىڭ سەردارلىرى چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

ئەلى سۇلتاننىڭ ئورنىغا كۆكچىنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد بولو ۋارىسلىق قىلىپ چاغاتاي خانى بولدى. دوسان «موڭغۇل تارىخى» دا چاغاتاي جەمەتىدىكى بولو بىلەن مۇھەممەدنى ئىككى ئادەم دەپ يازغان.

مۇھەممەد بولودىن كېيىن غازان پادىشاھ بولدى. غازانخان يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ياساۋۇلنىڭ ئوغلى. «يايلاق ئىمپېرىيىسى» ناملىق ئەسەر (ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 342 - بەت) دە غازانخاننىڭ ماۋرا ئۇننەھردىكى ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 1343 — 1346 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ، دېيىلگەن. ئىبنى باتۇتە بۇ خانلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان. بىراق، ياساۋۇلنىڭ ئوغلى خېلىل بىر قېتىم ماۋرا ئۇننەھرنى بېسىۋالغان دەيدۇ. بارتولد خېلىل بىلەن غازان بىر ئادەم ئەمەس دەپ قارايدۇ. («بارتولد ئەسەرلىرى» رۇسچە، 2 - توم، 1 - قىسىم، 78 - بەت) خېلىل تارىخي ماتېرىياللاردا كۆرۈلمەيدۇ. بىراق ھىجرىيە 743 - يىلى ۋە 744 - يىللىرى قۇيۇلغان پۇللاردا خېلىلنىڭ ئىسمى بارلىقى بايقالدى.

چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغاندىن تارتىپ، غازانخاننىڭ دەۋرىگىچە 120 يىل ئۆتتى. بۇ 120 يىل جەريانىدا چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن تۆت چوڭ قەبىلە يەنى جالايىر، بارلاس، سۇلدوس، ئارۇلات قەبىلىلىرى ياكى تۈركلىشىپ كەتكەن، ياكى ئەسلىدىنلا تۈرك قەبىلىلىرى ئىدى. بۇ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ سەردارلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەلۇم رايونلارنى ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرى قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ ھوقۇقى كۈنسېرى كۈچەيدى. ھەتتا چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرىدىن

ئۈستۈن تۇردى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرەشلىرى ئۈزۈنغىچە داۋاملىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مالىمانچىلىق تىنچىمىدى. چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرىنىڭ خانلىق ھوقۇقى كۈنسېرى ئاجىزلاپ ھەتتا ئۇلارنىڭ قورالى ۋە قورچىقىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا موڭغۇللار بويسۇندۇرغان باشقا رايونلارغا ئوخشاش پەقەت چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش سالاھىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قىلچىمۇ ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەكسىچە بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ سەردارى پادىشاھنىڭ (خاننىڭ) ئورنىدا بەگ ـ غوجىلارنى باشقۇرۇپ، ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بېجىرسىمۇ خان دەپ ئاتالمايتتى. ئۇلار پەقەت ئەمىر ياكى ئۇلۇغ ئەمىر دەپ ئاتىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇنداق ئەمىرلەر كۆپ ئىدى. ئۇلار خاندانلىقنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى كۆزگە ئىلماي، ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىپ خاننىڭ نوپۇزىنى دەپسەندە قىلاتتى.

غازانخان ئۆزىنى تەختتىن غۇلىمايمەن دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خاننىڭ نوپۇزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قارشىغا يېقىن بىر جايدا ئىدى. ئۇ بۇ شەھەرنىڭ شەرقىدىن ئىككى كۈن يىراقلىقتىكى جايغا ئوردا ياسىتىپ «زەڭگەر ساراي» دەپ ئاتىدى. ئۇ ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تۈرك ئەمىرلىرىنى باش كۆتۈرگۈزمىدى. ئېھتىمال مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، تېمۇرنىڭ خۇسۇسىي تارىخچىسى شەرىپىدىن «تېمۇرنىڭ زەپەرنامىسى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى «بىر زالىم پادىشاھ» قىلىپ تەسۋىرلىگەن، غازانخاننىڭ قىلمىشى ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن تۈرك ئەمىرلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلارنىڭ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك ئەمىرلىرىنىڭ سەردارى بارلاس قەبىلىسىدىكى غازىخان ئىدى. غازىخاننىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى سارىغ ساراي ئىدى. بۇ جاي ئۇ-

نىڭ قىشلىق تۇرالغۇسى بولۇپ (ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ كاپۇرنگان دەريا ۋادىسىدىكى مىكۇيانئابادنىڭ شەرقىي شىمالىغا جىپلى يېقىن جاي . قۇندۇزنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ) ، يازلىق تۇرالغۇسى گولاپ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىزىلسۇ ۋادىسىدىكى مۆڭكە (بارچۇغان) نىڭ يېنىدا ئىدى . غازىخان غازانخاندىن يۈز ئۆرۈپ ئىسيان كۆتۈرگەچكە ، ئىككى تەرەپ توقۇنۇشتى . دەسلەپتە غازانخان تۆمۈر قوۋۇقنىڭ جەنۇبىدىكى شىمالىي تېرمىز بىلەن قارشى ئارىلىقىدىكى رايونلاردا غازىخانىنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئۇنىڭ كۆزىنى يا ئوقى ئېتىپ قۇيۇۋەتتى . بىراق داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەرمەي قارشىدا قېلىپ قىشنى چىقاردى . ھوشيار تۇرمىغاننىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم لەشكەرلەرنى تارقىتىۋەتتى . مانا شۇنداق ئەھۋالدا غازىخان قايتا ھۇجۇم قىلدى . 1346 ـ يىلى غازانخان مەغلۇپ بولۇپ جەڭدە ئۆلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ماۋرا ئۇننەھرنىڭ سىياسىي ھوقۇقى غازىخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى .

غازىخان باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن دانىشمەن شاھ ( تۈجى : دانىش نەيىس دەپ يازغان ) ئىسىملىك ئوگداي نەسەبىدىن بولغان بىر كىشىنى ماۋرا ئۇننەھرگە خان قىلىپ تەيىنلىدى (1346 — 1347 ) ماۋرا ئۇننەھردە غازىخاننىڭ كۈچى ۋە ھۆكۈمرانلىقى بولغانلىقتىن ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى ھىمايە قىلىدىغان قورچاق خانلار ئەسلىدىكى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى ( ھازىرقى شىنجاڭ ) نى باشقۇرالمىدى . بۇ چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ھەقىقەتەن پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ، خالاس . ئوبۇلغازىنىڭ « شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىگە قارىغاندا ، دانىشمەن شاھ قايدۇنىڭ ئوغلى ئىمىش . باشقا بىر كىشى يەنە چاغاتاي خاننىڭ ئەۋلادى ( دۇۋانىڭ نەۋرىسى ) بايان قالىنى خان قىلىپ تىكلەش ئۈچۈن غازىخان ئىككى يىل خان بولغان دانىشمەن شاھنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن . لېكىن بايان قالى خان (1348 — 1358) بىر قورچاق — غازىخاننىڭ قولىدىكى قورالى ئىدى . شۇڭا « تېمۇرنىڭ زەپەرنامىسى » دە ئۇ مەدھىيىلەنگەن بەزى جۈملىلەر بار .

غازىخان ئۆزىگە قوشنا ئەل ھىرات بىلەن خارەزم رايونىغا بىر- نەچچە قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بىر قېتىم غازىخان ھىراتتىكى مەلىكنى ئەسىر ئېلىپ سارىغ سارايغا قايتۇرۇپ كې- لىدۇ. غازىخاننىڭ قول ئاستىدىكى ئەمىرلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ھەمدە شەخسىي مۈلكىنى ئۆلەشتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. غازىخان مەلىكنى يوشۇرۇنچە قويۇۋېتىپ ھىراتقا يولغا سېلىپ قويىدۇ. بۇ ئىشتىن ئەمىرلەر قاتتىق نارازى بولىدۇ.

مىلادى 1357 - يىلى غازىخان ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا شىكار قىلىپ كۆكچۆل ئېچىشقا چىقتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئادەم ۋە قورال ئاز ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇ، تۇيۇقسىز قەبىلە باشلىقى قۇتلۇق تېمۇرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ يا ئوقى تېگىپ قازا قىلدى. جەسىتى سارىغ (سېرىق ساراي بولۇشى مۇمكىن) سارايغا قايتۇرۇپ كېلىندى. غازىخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى مىرزا ئابدۇللاھ خان بولدى.

ئابدۇللاھ ئىقتىدارسىز ۋە مەككار ئەبلەغ ئىدى. ئۇ بايان قالىنىڭ تۇقىلىنى كۆزلەپ، 1358 - يىلى سەمەرقەنتتە ئۇنى (بايان قالىنى) ئۆلتۈ- رۈۋېتىپ ئورنىغا تېمۇر شاھنى تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. بۇ ئىش ماۋرا ئۇننەھردىكى ئەمىرلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ. بارلاس قەبىلىسى- نىڭ ئەمىرى ھاجى (تېمۇرنىڭ تاغىسى)، سۇلدوس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بايان بىلەن بىرلىشىپ 1358 -يىلى ئابدۇللاھنى قوغلاپ چىقىرى- دۇ. ئابدۇللاھ ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ھىندىقۇش تېغىدىكى ئەندارابىقا قېچىپ بېرىپ شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. كېيىن غازىخاننىڭ نەۋرىسى مىرھۇسەيىن ئافغانىستاندا ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، كابۇل، بەلخ، قۇندۇز ھەم بەدەخشاننىڭ كەڭ رايونلىرىنى ئىگىلىۋالدى.

ماۋرا ئۇننەھردىكى ئەمىرلەر ئۆز ئالدىغا زېمىن ئايرىپ، قالايمىقان ئۇرۇشۇپ چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ شەرقىدىكى خاننىڭ كېلىپ ئەھۋالنى كۆرۈشىگە توغرا كەلدى. تۆۋەندە ئالدى بىلەن چاغاتاي خاندانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى شەرقىي تەرەپتىكى جايلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىمىز.

خۇددى پارچىلانغاندىن كېيىنكى غەربىي قىسىم ماۋرا ئۇننەھر را-
يونىدا بارلاس قەبىلىسىنىڭ سەردارى ھوقۇق تۇتقانغا ئوخشاش، چاغاتاي
خاندانلىقىنىڭ شەرقىي رايونلىرىدا دوغلات قەبىلىسى ھۆكۈمران ئورۇنغا
ئۆتتى. شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقىغا ئائىت بىردىنبىر تارىخىي ماتېرىيال
XVI ئەسىردىكى دوغلات قەبىلىسىدىن بولغان ئاقسۆڭەك مىرزا
ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدۇر. بۇ كىتابتا چاغاتاي
خانى «ماڭلايسۆيەر» دېگەن جاينى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمرى
ئۆرتۆپەگە بۆلۈپ بەرگەنىدى، دېيىلگەن. بۇ يەرنىڭ شەرقىي كۇ-
سەن (كۇچا) ۋە تاربۇغ؛ غەربىي پەرغانە چېگرىسىدىكى سامغازى ۋە
چاقشمان قاتارلىق جايلار؛ شىمالى ئىسسىقكۆل؛ جەنۇبى چەرچەن بىلەن
سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى (خوتەن بىلەن لوپنۇرنىڭ ئارىلىقى) بىلەن
تۇتىشىدۇ..«ماڭلايسۆيەر» «Aftabru» بىلەن ئوخشاش مەنىدە بولۇپ
«كۈنگەي» دېگەنلىكتۇر. («تارىخىي رەشىدى» ئىنگلىزچە تەرجىمە
نۇسخىسى، 7 ـ بەت) يۇقىرىقى ئەھۋال خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا
چېلىقمايدۇ. پارسچە تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. بۇمەن
دەۋرىدىكى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغىمۇ ئۇيغۇن
كەلمەيدۇ. ئېھتىمال، بۇ مۇئەللىپنىڭ ئۆز قەبىلىسى ۋە ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ
ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇغان مەدھىيىسى بولۇشى مۇمكىن.

«تارىخىي رەشىدى» دە چاغاتاي خاندانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىن
شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقى «موغۇلىستان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى تېمۇر-
نىڭ تارىخچىسىنىڭ «چاتاي» دەپ ئاتايدىغانلىقى ئىزاھلانغان. كېيىنكىلەر
«تارىخىي رەشىدى» دە بايان قىلىنغان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان
رايونلارغا ئاساسەن موغۇلىستاننىڭ دائىرىسى جەنۇبتا ھازىرقى شىنجاڭنىڭ
قارا شەھەر رايونىنىڭ غەربىدىكى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى؛ غەربتە
پەرغانە ئويمانلىقى؛ شىمالدا ئېرتىش دەرياسى بىلەن ئېمىل دەرياسىغىچە
بولۇپ، بالقاش كۆلى ھەم ئۇنىڭ شەرق ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قارايدۇ. («بارتولد ئەسەرلىرى» رۇسچە 2 ـ
توم، 1 ـ قىسىم، 80 ـ بەت) بالقاش كۆلى «كۆكچى توڭگۇس» دەپ

ئاتىلىدۇ. ئۇ «موغۇلىستان» بىلەن «ئۆزبېكىستان» (ھازىرقى قازاقىستان) چېگرىسىغا جايلاشقان. موغۇلىستانىنىڭ جەنۇبى «ماڭلايسۇيەر» بولۇپ، دوغلات قەبىلىسىگە تەۋە. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جايلار بېشبالىق دەپ ئاتالغان.

شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقىغا تۇنجى تەسىر كۆرسەتكەن خان تۇغلۇق تېمۇردۇر، ئۇنى دوغلات قەبىلىسىنىڭ سەردارى بولاچى يۆلەپ تەختكە چىقارغان. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ بۇرۇنقى تارىخى ۋە نەسەبىنى تۈزۈپ يېزىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا ئىشىنىش تەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ خان ئېسەن بۇقا خاننىڭ ئوغلى، دۇۋاخاننىڭ نەۋرىسى ئىمىش. ئېسەن بۇقاخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن موغۇل قەبىلىلىرى سەردارسىز قېلىپ خەۋپكە دۇچ كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بولاچى بىر كىشىنى خان قىلىپ دۆلەتنىڭ تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇ ئاخىر قىپچاق رايونىدىن تۇغلۇق تېمۇرنى تاپىدۇ. شۇ چاغدا بۇ شاھزادە 16 ياشتا ئىدى. ئەمىر تۇغلۇق تېمۇرنى ئۇ يەردىن مۇزات تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ئۆز يۇرتى ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئېسەن بۇقىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، خان بولۇپ تەختكە چىقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ 1346 ـ يىلى ئىدى. (بىراق بارتولد ئۇنى «ئىلىدىن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن» دەيدۇ) موغۇللار ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە «ئۇنىڭ ئاپىسى ئېسەن بۇقىنىڭ كىچىك خوتۇنى مەڭلىك» دېيىلىدۇ. مەڭلىك ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن ئېسەن بۇقا تەرىپىدىن خورلىنىپ ئۇلۇغ ئەمىر دوقتاي شىراۋۇلغا بېرىۋېتىلىدۇ. ئېسەن بۇقا ئۆلگەندىن كېيىن، مەڭلىك بۇ ئەمىرنىڭ قولىدا تۇغلۇقنى تۇغىدۇ، ئەمدىلىكتە ئۇنى بۇلاچى قايتۇرۇپ كەتتى، بۇلاچى يېڭى خاننى ھىمايە قىلىپ قوشقان تۆھپىسى ئۈچۈن ھەر خىل ئىمتىيازلار بىلەن ئالاھىدە مۇكاپاتلاندى ھەمدە بۇ خىل ئىمتىيازلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇلدى. 1347 ـ يىلدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي خۇدايدات ئاتىسى بۇلاچىنىڭ ئورنىدا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغ ئەمىرى بولدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇ

كىشى توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

تۇغلۇق تېمۇر 18 يېشىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان تۇنجى موغۇل خانى ئىكەن. ئۇ غەربىي ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمرىنى يۆلەپ قوللىغان چاغاتاي خانلىرىغا ئوخشىمايتتى. نوپۇزلۇق ھەم ياش ئىدى. ئۇ بارلىق چاغاتاي ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش ماۋرا ئۇننەھرنى چاغاتاي جەمەتىنىڭ ئاتا مىراسى دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراشتا ئىدى. شۇڭا موغۇلىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇ، 1360 ـ يىلى ( يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى 20 يىلى ) ماۋرا ئۇننەھردە يۈز بەرگەن توپىلاڭدىن پايدىلىنىپ لەشكەر چىقىرىپ بۇ رايوننى بويسۇندۇردى ۋە بىرلىككە كەلتۈردى.

يۇقىرىقىلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىلى چاغاتاي خاندانلىقى پارچىلىنىپ، شەرق ۋە غەرب ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللار. بىراق، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يەنىلا دېگەندەك تولۇق بولمىدى. بۇ دەۋر يەنە يۈەن سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋر بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى تارىختىكى جۇڭگو سۇلالىلىرىنىڭ سۇلالە ئالماشقان مەزگىلدە چېگرا جايلارنى باشقۇرۇشقا كۆچى يەتمىگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولالمىغىنىدەك، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ دەۋردىكى تارىخىي ئەھۋالى ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

# ئون يەتتىنچى باب

# تېمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى

## 1- بۆلۈم  تېمۇرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى تۈركلەشكەن موڭغۇللارنىڭ بارلاس قەبىلىسى مىلادى XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چاغاتاي خانلىقى زەئىپلەشكەن ۋە پارچىلانغان چاغدا تەرەققىي قىلدى ۋە زورايدى. ئۇلارنىڭ ئەمىرى ماۋرا ئۇننەھرنى كونترول قىلدى ھەمدە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز ئىختىيارىچە بىكار قىلىپ، شاھزادىنى قىستاپ ئەمىرلەرگە بويرۇق چۈشۈرگۈزدى. ھالبۇكى، ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ ئاما چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىغا چوقۇنۇپ، غەيرىي ئاق سۆڭەك ئائىلىسىدە مەيدانغا كەلگەن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا ئىشەنمىگەچكە، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەر قايسى ئەمىرلەرنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلىرى ئىچىدە قالدى. پەقەت XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بارلاس قەبىلىسىدىن تېمۇر ماۋرا ئۇننەھر رايونىنى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈردى.

تېمۇر مىلادى 1336 - يىلى سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 40 ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان كېش (بۈگۈنكى شەھرىسەبىز) نىڭ سەبۇزار كەنتىدە تۇغۇلدى. تېمۇر كېيىن بىر چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغاچقا، كېيىنكى زاماندىكى تارىخچىلار ئۇنىڭ پارلاق ئۆمۈر تارىخىنى يازدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بارلاس قەبىلىسى چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن. تېمۇرنىڭ بوۋىسى، بارلاس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى قاراچار چاغاتاي خانىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قوشۇننىڭ قوماندانى ئىدى. يەنە بەزى رىۋايەتلەرگە

قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى چىڭگىزخان جەمەتى بىلەن نەچچە ئەۋلاد قۇدا ـ باجا بولۇشۇپ كەلگەنىكەن. ئەگەر بارلاسلار موڭغۇللاردىن كەلگەن دېيىلسە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغىنىغا يۈزنەچچە يىل بولغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قەبىلە ئاللىقاچان تۈركلىشىپ بولغان. بەزى ئاپتورلار مۇنداق دەيدۇ: تېمۇرنىڭ ئەجدادى چارۋىچى بولۇپلا قالـ ماي، قوشۇمچە قاراقچىلىقمۇ قىلاتتى. تېمۇرنىڭ ئاتىسى تاراقاي بارلاس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. تېمۇرنىڭ ئۆزى قانداشلىق، تىل، ئېتىقاد، ئادەت ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە تامامەن بىر تۈرك ئىدى. بىراق ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىغىلا ئېتىقاد قىلغاچقا، ھۆ- كۈمرانلار ئۆزىنىڭ چىڭگىزخان جەمەتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىن شەرەپ ھېس قىلاتتى. چىڭگىزخان جەمەتىگە مەنسۇپ بولمىغان ھۆكۈمرانلار چىڭگىزخان جەمەتىدىكىلەر بىلەن قۇدا ـ باجا بولۇپ، يېقىنچىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ۋەھالەنكى، تېمۇرنىڭ تارىخچىلىرىنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، موڭغۇللار تېمۇرنى ئاق- سۆڭەك دەپ قارىمايتتى، بەلكى خائىن ۋەزىر دەپ قارايتتى.

تېمۇر ياش ۋاقتىدا غازىخاننىڭ قول ئاستىدا خىزمەتتە بولۇپ، مىڭبېشى بولغان، غازىخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئۆلگەندىن كېيىن يۇلدۇز قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بايان ئۆز ئالدىغا خانلىق جاكارلىدى. بىراق، باشقا ئەمىرلەر بويسۇنمىدى، ھەرقايسى جايلاردىكى قەبىلە باشلىقلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇش قوزغاپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى، قالايمىقان ئۇرۇش توختىمىدى. تاراقاينىڭ ئوغلى تېمۇر ئادەم توپلاپ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاشۇردى.

شەرەفىدىن يازغان «تېمۇرنىڭ زەپەرنامىسى» (1722 ـ يىلى پا- رىژدا نەشر قىلىنغان د.ر.كرانىنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى» گە ئاساسلانغاندا، ماۋرا ئۇننەھر رايونى يۇقىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن كېيىن بۆلۈنۈپ قالايمىقانلاشقان، شەرقىي خاندانلىقتىكى تۇغلۇق تېمۇرخان ۋارىسلىق ھوقۇقىغا ئاساسەن بۇ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولغان. شۇڭا ئۇ 1360 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەسكەر توپلاپ ماۋرا ئۇن-

نەھر رايونىغا ھۇجۇم قوزغىدى .
تۇغلۇق تېمۇر ئەسكەر باشلاپ سىر دەرياسىدىكى تاشكەنت
تۇزلەڭلىكىگە كەلگەندە ، دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە ئادەم ئەۋەتتى .
ئۇلار سىر دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن جالايىر قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى
بەياجىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېشكە ھۇجۇم قىلدى . كېشتە
تۇرۇۋاتقان بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ھاجى ( تېمۇرنىڭ تاغىسى ) بۇ
خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇراسانغا چېكىندى ، ئۇ چۆلدىن ئۆتۈپ ئامۇ دەرياسى
بويىغا كەلدى . تېمۇر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى كېشكە قايتۇرۇشنى پۇقرالارنى
ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن موغۇللار قوشۇنىغا قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتىشنى
ئىلتىماس قىلدى . تېمۇر كېشكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن موغۇللارغا
ئۆزىنىڭ تۇغلۇق تېمۇرگە بەيئەت قىلىشقا كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى . شۇ-
نىڭ بىلەن موغۇللار ئۇنى كېش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ
نازارەتچىلىكىگە قويدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي موغۇل خانلىرى ئارىسىدا ماجىرا يۈز بەردى . ئۇلار
ماۋرا ئۇننەھردىن چېقىپ كەتتى . ھاجى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ،
خۇراساندىن قايتىپ كېلىپ تېمۇرنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئۇنى كېشنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىنى قايتۇرۇشقا قىستىدى . تۇغلۇق تېمۇرخان بۇ خەۋەرنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن 1361 يىلى تېمۇرنى قايتىدىن يۆلەش ئۈچۈن ماۋرا
ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلدى . موغۇل قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە ماۋرا
ئۇننەھردىكى ئەمىرلەر تۇشمۇ تۇشتىن تەسلىم بولدى ، تۇغلۇق تېمۇر
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەياجىنى قەتل قىلدى . ھاجى قورقۇپ كېتىپ كېشكە
چېكىندى ۋە ئۇ يەردە ئادەملىرىنى توپلاپ قارشىلىق قىلىشقا تەييارلاندى .
بىراق ، يەنە ئۈمىد قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ خۇراسانغا قاراپ قاچتى .
ھاجى سابزىۋارغا قاراشلىق بۇلۇچىشۋىننىڭ خۇراسان كەنتىگە كەلگەندە
ئىنىسى ئىدىقۇ بىلەن بىرلىكتە قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆل-
تۈرۈلدى . ھاجىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن تېمۇر بارلاس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى
بولۇپ قالدى .

موغۇللار ھۇجۇم قىلغاندا ئەمىرلەر قاچماي تەسلىم بولدى . شەھەر

قەلئەلەردىكى خەلق ئازراق قارشىلىق كۆرسەتتى. ھەتتا بەزى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، قوزغىلاڭچىلار ئاخىر يەنە موغۇللار تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. تۇغلۇق تىمۇر ماۋرا ئۇننەھردىكى شەھەرلەرنى تىنچىتقاندىن كېيىن، شۇ يىلى قىشتا ئافغانىستاننى ئىگىلەپ تۇرغان ئەمىر قۇشىننى جازالاش ئۈچۈن قوشۇن تارتتى. قۇشىن موغۇللار قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ۋاقشى دەرياسىنىڭ بويىغا بارگاھ قۇردى. تۇغلۇق تىمۇرنىڭ قوشۇنى تۆمۈر قوۋۇقتىن ئۆتۈپ قۇشىن تۇرۇۋاتقان يەرگە يېقىنلاپ كەلدى. ئىككى تەرەپ تىركىشىش ھالىتىگە كەلگەندە قۇشىننىڭ ئادەملىرى تۇيۇقسىز موغۇللار قوشۇنىغا تەسلىم بولدى. قۇشىن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ قېچىپ كەتتى. تۇغلۇق تىمۇر قوغلاپ زەربە بېرىپ ھەتتا قۇندۇزغىچە باردى. ئۇمۇ چىڭگىزخانغا ئوخشاش ھىندىقۇش تېغىدا باھار ۋە يازنى ئۆتكۈزدى.

ئىككىنچى يىلى كۈز كەلگەندە، تۇغلۇق تىمۇر سەمەرقەنتكە قاراپ ئاتلاندى. بۇ چاغدا ئۇ پۈتكۈل ماۋرا ئۇننەھرنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزگەندى. تۇغلۇق تىمۇر بويسۇندۇرۇلغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى ئۆز ئوغلى ئىلياس خوجىغا تاپشۇرۇپ بەردى ھەم ئەمىر بېجىك قوماندانلىقىدىكى بىر قىسىم قوشۇننى ئۇنىڭغا ئايرىپ بەردى ھەم تىمۇرنى ئىلياس خوجىنىڭ مۇشاۋۇرلىقىغا تەيىنلەپ، ماۋرا ئۇننەھرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. ئۆزى بولسا شەرقىي قىسىمدىكى موغۇلستانغا قايتىپ كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا خارەزىم رايونى يەنىلا مۇستەقىل ئىدى. موڭغۇل خاندانلىقلىرىدىن قىپچاقلارنىڭ ئالتۇن ئوردا خاندانلىقى، ئىراندىكى ئېلخانىلار خاندانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغاتاي خاندانلىقى بۇ دەۋردە (XIV ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا) ئىلگىرى ـ كېيىن پارچىلىنىپ خارەزىم رايونىدا تۈركلەشكەن موڭغۇل ئۇرۇقى — قوڭغىرات قەبىلىسى بەرپا قىلغان ئىسلام خاندانلىقى پەيدا بولدى. بۇ خاندانلىق قۇيدۇرغان پۇللاردا ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىسمى يوق بولۇپ، «ھاكىمىيەت ئاللاغا مەن-

سۇپ » دېگەن بىر جۈملە دىنىي شوئار بار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەقىقىي مۇسۇلمان دەپ ھېسابلاپ ( ماۋرا ئۇننەھردىكى ) چاغاتايلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. چاغاتايلار بولسا ئۇلارنىڭ شەرقىدىكى موغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. خارەزىم چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىگە بەيئەت قىلىشنى رەت قىلدى.

موغۇللارنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، تۇغلۇق تېمۇر 34 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى قورغاس ئەتراپىدىكى ئالمىلىقتا. ( شۈيسوگىنىڭ « غەربىي يۇرتتىكى دەريا - ئېقىنلار ھەققىدە خاتىرە » نىڭ 4 - جىلدىگە قاراڭ ) ئۇنىڭ ئوغلى ئىلياسنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولۇپ، تىلغا ئالغۇدەك ئىش - ئىزلىرىمۇ يوق.

## 2- بۆلۈم تېمۇرنىڭ ماۋرا ئۇننەھرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

تېمۇرنىڭ ئاتىسى تاراقاي تۇغلۇق تېمۇرنىڭ بىرىنچى قېتىم ماۋرا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. شۇڭا تېمۇر ئاساسەن مۇستەقىل ئۆسۈپ يېتىلگەن، تەرەققىي قىلغان. ئىلياس خوجىنىڭ مۇشاۋۇرى سالاھىيىتى بىلەن مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇردى. ئۇنىڭ ئورنى قوشۇن ئىچىدە بىجىكتىن كېيىنلا تۇراتتى. بىجىكنىڭ سەمەرقەنتتىكى بۇلاڭ - تالاڭلىرى، ئىلياس خوجىنىڭ خەلقنىڭ نالە - زارلىرىغا قۇلاق سالماسلىقى خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. تېمۇر بىر قېتىم سەمەرقەنتلىك قىزلارنىڭ موغۇللارغا قۇللۇققا تۇتۇپ بېرىلگەنلىكىنى، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن دىنىي داھى سەيد ( مۇھەممەدنىڭ ئەۋلادى دېگەن مەنىدە ) لەرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىدى. تېمۇر تۇغلۇق تېمۇرنىڭ ھۇزۇرىغا ئادەم ئەۋەتىپ دەردىنى تۆككەن بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. بۇنىڭ بىلەن تېمۇر ئادەملىرىنى باشلاپ بېرىپ زىندانغا تاشلانغانلارنى مەجبۇرىي قويغۇزۇۋەتتى. موغۇللار خانغا تېمۇر ئاسىيلىق قىلدى دەپ ئەرز قىلىشتى. خان

غەزەپكە كېلىپ، تېمۇرنى قولغا ئېلىپ قەتل قىلىشنى بۇيرۇدى. تېمۇر قورقۇپ كەتكەنلىكتىن دەرھال قېچىپ كەتتى. ( خالورد .رام: « تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى » ، 49 ـ بەت ) بەزىلەر ئۇنىڭ ئورنى بېجىكتىن تۆۋەن بولغانلىقتىن نوموس قىلىپ قېچىپ كەتتى دەيدۇ ( گېرىسىس :« يايلاق ئىمپېرىيىسى » ، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ، 411 ـ بەت ) .

تېمۇر ماۋرا ئۇننەھردىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئافغانىستانغا بېرىپ قۇشىننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى . قۇشىن غازىخاننىڭ نەۋرىسى ئىدى . ئۇنىڭ سىڭلىسى ئارسىي تېمۇرگە تەگكەچكە بۇ ئىككىيلەن قۇدىلاشقان`قېرىنداشلار ئىدى . قۇشىن ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئافغانىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى . ئۇ تۇغلۇق تېمۇرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاچقا ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى . بۇ چاغدا جاپا ـ مۇشەققەتتىمۇ ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولغان بۇ ئىككى قېرىنداش بىرلىشىپ موغۇل خانىغا قارشى كۈرەش قىلدى .

ئۇلار ئالدى بىلەن بەلخىتىن خىۋا ( خارەزىم ) غا بېرىپ بۇ سودا يولىنىڭ بوغۇزىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇندى . بىراق ئۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلار ئۇلارنى تونۇپ قېلىپ ، موغۇل خانىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدى . تېمۇر ۋەزىيەتنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ جەنۇب تەرەپكە قېچىپ كەتتى . بىرنەچچە قېتىملىق جاپالىق جەڭلەر ئارقىلىق قوغلاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ، چۆل ـ جەزىرىلەردە چۆرگىلەپ يۈردى . كېيىن ئۇلار تۆركمەنلەرگە يولۇقۇپ قېلىپ ، ئۇلارنىڭ باشلىقىنىڭ ياردىمىدە چوڭ قۇملۇقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ خۇراسانغا بارىدىغان يولغا چىقىۋالدى .

تېمۇر قۇشىن بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئۇچرىشىشقا پۈتۈشكەنىدى . بىراق ، ئۆزى سەمەرقەنتكە بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى . ئۇ ئاخىر بۇ شەھەرگە يوشۇرۇن كىرىپ ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلدى . ئەمما ئۇ ۋاقىتتا موغۇل خانى سەمەرقەنتنى قاتتىق كونترول قىلغاچقا ، كىشىلەر قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئۈمىد يوق

دەپ قاراپ تېمۇرنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تېمۇر يېڭىدىن توپلىغان ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جەنۇبتىكى ئافغانىستانغا قېچىپ كەتتى.

تېمۇر قاتارلىقلار ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كابۇل جىلغىسىغا كىرىپ، قەندەھار ئارقىلىق قوشىن بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار شىستان ھاكىمىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئۇ يەرگە بېرىپ خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇردى. كېيىن شىستان ھاكىمى ئۇلارنى خەتەرلىك دەپ تونۇپ يېتىپ، قوزغىلاڭچى خەلق بىلەن بىرلىشىپ تېمۇرگە ھۇجۇم قىلدى. تېمۇر گەرچە شىستانلىقلارنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق بىر قېتىملىق كېچىلىك جەڭدە ئوق ئۇنىڭ سول قولى ۋە سول پۇتىنى تېشىپ ئۆتۈپ ئۆمۈرلۈك مېيىپ قىلىپ قويدى. شۇڭا تېمۇر ئاقساق تېمۇر ( temerlane) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كېيىن، تېمۇر قوشىن بىلەن قۇندۇز ئەتراپىغا كېلىپ بولتاي قەبىلىلىرىدىن ئات ۋە ئادەم ئېلىپ بەدەخشانغا يۈرۈش قىلدى. تارقانغا كەلگەندە بەدەخشان خانلىرى بىلەن ياخشىلىشىپ ئاندىن ئارخان ئېغىزىغا بۇرۇلدى. ئۇلار بۇ يەردە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سارىغ ساراي تەرەپتىن قىرغاققا چىقىپ ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلىدى. ئۇلار ئارقىدىنلا چۆل - جەزىرىلەردىن ئۆتۈپ گوراك دېگەن جايغا كېلىپ بارگاھ تىكتى.

موغۇل قوشۇنى «تاش كۆۋرۈك» ئەتراپىدا ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسىدىغانلىقچى بولدى. تېمۇر 2000 ئادەمنى باشلاپ دۈشمەنگە قارشى ئاتلاندى. ئۇلار موغۇل قوشۇنى بىلەن تاشكۆۋرۈكتە ئۇچراشتى. ئىككى قوشۇن قاتتىق ئېلىشتى. موغۇل قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. تېمۇر دۈشمەننى گۇجراتقىچە قوغلاپ باردى. موغۇللاردىن سان - ساناقسىز ئادەم ئۆلدى، جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ، يول توسۇلۇپ قالدى. تېمۇر گۇجراتتا بارگاھ قۇردى، قوشىن ئەسكەر باشلاپ داۋاملىق قوغلىدى.

تېمۇر تاشكۆۋرۈكتە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئابرۇيى ئېشىپ، روھى كۆتۈرۈلدى. ئۇ 2000 ئادەمنى باشلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، تۆمۈر

قوۋۇققا كەلگەندە، كېش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پۇقرالار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ قوشۇلدى. ماڭغاندا چاڭ ـ توزان چىقىرىش ئۈچۈن تېمۇر 200 ئادەمنى تۆت يولغا ئايرىپ ئاتلىقلارنىڭ ئىككى يېنىدىن دەرەخ شاخلىرىنى سۆرىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېش تۈزلەڭلىكىگە كەلگەندە، ئۇ يەردىكى نازارەتچى ئەمەلدارلار، تېمۇر قوشۇنى چاڭ ـ توزانلارنى پەلەككە يەتكۈزۈپ بېسىپ كېلىۋېتىپتۇ، ئادىمى ناھايىتى كۆپ ئىكەن دەپ ھېسابلاپ قورقىنىدىن قېچىپ كەتتى. تېمۇر ئەۋەتكەن بۇ ئادەملەر كېشنى ئاسانلا ئىگىلىدى.

بۇ چاغدا ئىلياس خوجاخان تاشئارىشقا بارگاھ قۇرغان بولۇپ، كېش شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تۆت پەرسەخ كېلەتتى. ئۇ تېمۇر بىلەن قايتا ئۇرۇشۇشقا تەييارلاندى.

تېمۇر خىللانغان 100 ئادەمنى باشلاپ كېچىلەپ خۇزارغا كىردى. شەھەر ئاھالىسى ئۇنىڭغا تەسلىم بولدى. تېمۇر خۇزار ۋە كېشتىكى قوشۇنلىرىنى توپلاپ، ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ (چىكاداركقا) يۈرۈش قىلىپ ئۇ يەردە بارگاھ قۇردى. بۇ چاغدا قۇشىن ئىلياس خوجا بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ كېلىپ تېمۇرگە قوشۇلدى. ئۇلار قوشۇننى ئىككى قىسىمغا بۆلدى. قۇشىن ئوڭ قاناتقا، تېمۇر سول قاناتقا قوماندانلىق قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى.

تاشئارىشتا تۇرۇشلۇق موغۇل قوشۇنىمۇ ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى، ئىلياس خوجا بىلەن ئەمىر خەمىد سول قاناتقا، ئەمىر توقا تېمۇر بىلەن ئەمىر بېجىك ئوڭ قاناتقا قوماندانلىق قىلدى.

ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى قاپاماتاندا ئۇچراشتى (بۇ يەر كېش ۋە سەمەرقەنتكە يېقىن). تېمۇر ئاز كۈچ بىلەن كۆپنى يېڭىپ موغۇل قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. موغۇللاردىن نۇرغۇن سەركەردىلەر ئۆلدى، ئىلياس خوجىنىڭ ئۆزى ۋە ئەمىر بېجىك، ئىسكەندەر ئوغلان، ئەمىر خەمىد ۋە ئەمىر يۇسۇپلەر ئەسىرگە چۈشتى. ئۇلارنى تۇتۇۋالغان ئەسكەرلەر ئىلياس خوجىنى تونۇيتتى، شۇڭا باشلىقلىرىغا مەلۇم قىلماي ئۇنى ۋە بېجىكنى قويۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئىلياس خوجا قېچىپ

قۇتۇلدى .

شۇ ئاخشىمى تېمۇر موغۇل قوشۇنىنىڭ ئارقا يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، تېخىمۇ كۆپ ئولجىغا ئېرىشىش ئۈچۈن داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ دازان دەرياسىغا كەلدى . ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمىر زاقۇ بىلەن سەيپىدىن بۇيرۇق بويىچە سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىپ 1363 - يىلى بۇ شەھەرنى ئىگىلىدى .

تېمۇر بىلەن قۇشىن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بەردى . ئۇلار خوجەنتتە دەريادىن ئۆتۈپ تاشكەنتكىچە قوغلاپ باردى . شۇ يىلى ( 1363 - يىلى ) موغۇل ھۆكۈمرانلىرى ماۋرائۇننەھردىن قوغلاپ چىقىرىلدى .

ئىلىياس خوجا تاشكۆۋرۈك ئۇرۇشى ۋە قاپاماتان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئاتىسى تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مەغلۇبىيەت بىلەن ئالمىلىققا قايتىپ خانلىققا ۋارىسلىق قىلدى .

تېمۇر گەرچە موغۇل خاننى قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى خان جەمەتىدىن بولمىغاچقا، تۈرك ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايتتى . ھەرقايسى خان - خوجىلار، ئەمىرلەر ئۆزئارا نوچىلىق تالاشقاچقا، تېمۇر ۋە قۇشىندىن ئىبارەت ئىككى ئاسىي ۋە يات جەمەتتىكىلەرگە بويسۇنۇشنى خالىمايتتى . بۇ خىل ئەھۋالدا تېمۇر ۋە قۇشىن 1363 - يىلى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە خان - غوجىلارنى يىغىپ قۇرۇلتاي ئېچىپ قابىل شاھنى خان قىلىپ تىكلىدى . بۇ كىشى دۇۋانىڭ ئەۋرىسى ( يانچى قىتاي ) نىڭ نەۋرىسى ئىدى، بۇ چاغدا ئۇ بىر قەلەندەر دەرۋىشكە ئايلىنىپ قالغانىدى . تېمۇر ئۇنى ماۋرائۇننەھرنىڭ خانى قىلىپ تىكلىگەندىن كېيىن خاننىڭ نامىدا ھۆكۈمرانلىق قىلدى . ھەقىقەتەنمۇ شاھزادىنى قىستاپ ئەمىرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرگەندەك ئىش بولدى . ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى غازىخانغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ . بۇ ئارقىلىق موغۇل خانلىرىنى ماۋرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلالماس قىلىپ قويغىلىمۇ بولاتتى .

بىراق ئىلىياس خوجا يەنە 1364 - يىلى ماۋرائۇننەھرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاتلاندى . شۇ يىلى قىشتا مو-

غۇللارنىڭ زور قوشۇنى ماۋرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلدى، تېمۇر بىلەن قۇشىنىنىڭ قوشۇنى بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى ئاتلاندى. تېمۇر بارگاھنى چىناز بىلەن تاشكەنت ئارىلىقىدىكى دەريا بويىغا يۆتكىدى. قۇشۇن دەريادىن ئۆتۈپ ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان بارگاھقا ئورۇنلاشتى. موغۇل قوشۇنى تاڭ ئاتقاندا يېتىپ كېلىپ، سىر دەرياسىنىڭ يەنە بىر قېشىغا بارگاھ قۇردى. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. زور قوشۇن دەرھال سەپ تۈزۈپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى. قۇشۇن ئوڭ قاناتقا قوماندانلىق قىلدى، تېمۇر باش قوماندان سۈپىتىدە سول قاناتقا قوماندانلىق قىلدى. موغۇل قوشۇنىغا ھۇجۇم باشلاندى. ئالدىنقى قېتىمدا تېمۇر ئاز كۈچ بىلەن كۆپنى يېڭىپ موغۇل قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان بولسا، بۇ قېتىم موغۇل قوشۇنىدىن مەغلۇپ بولدى. جەڭ بولغان كۈنى قاتتىق بوران چىقتى، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، چاقماق چېقىپ يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇۋەتتى، جەڭگاھتىكى چارۋا - ماللار بېلىقتەك لەيلەپ، ئاتلار پاتقاقتا پېتىپ قالدى. «تېمۇرنىڭ زەپەرنامىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى بۇنى موغۇللار يادا تاش ① ئۇسۇلىدىن پايدىلانغانلىقىدىن بولغان دەپ يازىدۇ.

يامغۇر كۆپ ياغقاچقا تېمۇر قوشۇنىنىڭ ئاتلىرى نەم ھاۋادا تەرلەپ ئاستېرخا (asterkha) كېسىلى بولۇپ تېخىمۇ ئورۇقلاپ كەتتى. قوشۇننىڭ ھارۋا جابدۇقلىرى ھۆلدە ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كەتتى. پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ قەدىمىمۇ ئېغىرلاشتى. شۇڭا قوشۇن ئومۇميۈزلۈك ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ جەڭگىۋارلىقى بوشاشتى.

موغۇل قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئوتلاقتا تۇرۇپ ئۇرۇشنى كۈتەتتى. يامغۇر ياغقاندا كىيىم - كېچەك ۋە ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ يامغۇردا قالماسلىقى ئۈچۈن كىگىز بىلەن يېپىپ قويدى. تېمۇرنىڭ قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە ئۇلار كىگىزلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئويناقلاپ تۇرغان ئات ۋە پېچىتى بۇزۇلمىغان قوراللار بىلەن ئۇرۇشقا

---

① يادا تاش — يادا تاش شامال چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرالايدۇ، دېگەن گەپ-سۆزلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ھېلىمۇ مەۋجۇت.

ئاتلاندى .

دەسلەپتە ، تېمۇر قوماندانلىق قىلغان سول قانات موغۇللارنىڭ ئوڭ قانىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى . موغۇللارنىڭ سول قانىتى قۇشىن قوماندانلىق قىلغان ئوڭ قاناتنى مەغلۇپ قىلدى . قۇشىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى . تېمۇر ياۋنى بار كۈچى بىلەن ئۆلتۈردى . قۇشىن قوشۇننى قايتىدىن توپلاپ سەپنى مۇقىملاشتۇردى . بىراق بۇ چاغدا ئۇلار ئىككىسى ئايرىلىپ كېتىپ ئۆزئارا ماسلىشالماي قالدى . ئىككىنچى كۈنى جەڭ قىلغاندا تېمۇر تەرەپتىن يەنە ھېسامىدىن باشچىلىق قىلغان قوشۇن قېچىپ كەتكەچكە موغۇللاردىن مەغلۇپ بولدى . تېمۇر قوشۇنى پاتىپاراق بولۇپ قېچىش جەريانىدا نۇرغۇن ئەسكەرلەر سۇغا چۈشۈپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلدى . جەڭگاھتا ئۆلگەن ئەسكەرلەر نەچچە تۈمەنگە يەتتى . بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھىجرىيە 766 ـ يىلى ( مىلادى 1365 ـ يىلى ) رامىزان ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى بولغاچقا ، سازلىق ئۇرۇشى دەپ ئاتالدى . ئورنى سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى چىناز بىلەن تاشكەنت قەدىمكى شەھىرى ئوتتۇرىسى ئىدى .

تېمۇر بىلەن قۇشىن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېشكە چېكىندى . باشقا قەبىلىنىڭ باشلىقلىرى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتتى . قۇشىن تېمۇرنى دەريادىن ئۆتۈشكە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ ، تېمۇر ئۆزىنىڭ يۇرتىدا تۇرۇپ قالدىغانلىقىنى بىلدۈردى . شۇنىڭ بىلەن قۇشىن سارىغ سارايغا چېكىندى ، ئاندىن پۇقرالىرىنى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ پىنھان بىر يولنى بويلاپ مېڭىپ سىبوت تاغ ئېغىزى ( بۇ ھىندىقۇش تېغىدىكى بىر تاغ ئېغىزى بولۇپ ، باميان قورۇلىنىڭ شەرق تەرىپىدە ) غا يېتىپ كەلدى . ئۇ موغۇل قوشۇنى قوغلاپ كەلگەندە ، دەرھال ھىندىستانغا قېچىپ كېتىش ئۈچۈن بۇ يەردىن ئادەم ئەۋەتىپ ھەرۋاقىت تىڭ ـ تىڭلاپ تۇردى .

قۇشىن كېشتىن ئايرىلغاندىن كېيىن تېمۇر قوشۇننى قايتىدىن رەتلەپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى . ئۇ 12 خۇشۇن ئەسكەرنى بىرلەشتۈرۈپ تېمۇر خوجا ، چارۇخ ، ئابباس باتۇرلارنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى سەككىز خۇشۇن ئەسكەرگە يېتەكچى قىلىپ سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ

ئەھۋالىنى چارلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بىراق چارۇخ مەست بولۇپ قېلىپ گېپىدە تۇرمىغاچقا، قول ئاستىدىكى داۋۇت خوجا ۋە سىندۇشاھلار دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ موغۇل قوشۇنىنى باشلاپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئەمىر ۋە ئۇنىڭ قىسمىلىرى قېچىپ كەتتى. تېمۇر جەنۇبقا قېچىپ ئەمۇدەريادىن ئۆتۈپ بەلختە بارگاھ تىكىپ قايتا ھەرىكەت قىلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇردى.

موغۇل قوشۇنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ سەمەرقەنتكە كەلدى. بۇ چاغدا سەمەرقەنتنىڭ ھۆكۈمرانى ۋە شەھەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇن قېچىپ كەتكەنىدى. يەنە كېلىپ چىڭگىزخاندىن كېيىن سوقۇلغان شەھەر سېپىلى ۋە قورغانلار بۇزۇپ تاشلانغاچقا، شەھەرنى قوغداشقا ئامال بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ مۇشۇنداق جاپالىق شارائىتتا سەمەرقەنت ئاھالىسى شەھەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ساقلىدى. سەمەرقەنتنى ساقلاشقا قاتناشقان ئادەملەر سەربادور دەپ ئاتالدى①بارتولد بۇنى «خەلق ھەرىكىتى» دەپ ئاتىدى. «بارتولد ئەسەرلىرى»، رۇسچە، 2-توم، 2-قىسىم، 379 — 362-بەتلەر).

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، موغۇل قوشۇنى سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلغاندا بىر چوڭ مەسچىتكە يىغىلغان. بۇ چاغدا داموللازادە مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلەپ، خەلقنى قوزغىلىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ شەھەرنى قوغداشقا چاقىردى، بۇنىڭغا ئاقسۆڭەكلەر سۈكۈت قىلىپ تۇردى. بۇ خىل ئەھۋالدا دامولاززادە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ خەلقنىڭ ئۆزىنى قوغدىشىغا رەھبەرلىك قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خەلقنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان خارداھ ئىسىملىك دىنىي زىيالىي ۋە ئەبۇناسىر

① 1337-يىلى پىر سىيىدىكى موڭغۇل خاندانلىقىنىڭ ھالاكىتى خۇراساندىكى شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە سەۋەب بولدى، بۇ ھەرىكەت سەربادور دەپ ئاتالدى. 1365-يىلى سەمەرقەنتتىكى خەلق ھەرىكىتىمۇ شۇنداق دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەرىكەتنىڭ قوزغىلىش سەۋەبى ۋە نەتىجىسى خۇراساندىكى شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشىمايدۇ.

قۇلۇخاداپ ( ياكى ئەبۇبەكرى قىلۋى ئىسمىلىك پاختا تازىلىغۇچى ئىشچى ) ئىسمىلىك قول سانائەتچىلەرمۇ بار ئىدى.

شەھەرنى قوغداش خىزمىتى ناھايىتى ياخشى تەشكىللىنىپ، ھەر-قايسى ئېغىزلارغا توسۇق قويۇلدى. پۈتكۈل شەھەر كىچىك رايونلارغا بۆلۈندى. ئاساسىي چوڭ كوچىلاردىن باشقا ھەممە يوللارغا توسۇق قو-يۇلدى. قورال - ياراغلارنى تۇتقان چېرىكلەر توسۇقلارنىڭ ئارقىسىدا تۇردى. داموللازادە ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردىن 100نى تاللاپ كوچىنىڭ بېشىغا تۇرغۇزدى. پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى تولۇق قوراللىنىپ موغۇل قوشۇنىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى.

موغۇللار قوشىنى ۋە تېمۇرنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلار شەھەر ئىچىدە قوغدىغۇچى قوشۇن يوق دەپ ئويلاپ شەھەرگە بېسىپ كىردى. دەسلەپتە ھېچقانداق تەييارلىق شەپىسىنى ئاڭلىمىدى. بىراق، ئۇلار شەھەرگە ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ئاھالىلەرنىڭ ئۈچ تەرەپتىن قىلغان تاش بوران ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ھەتتا خىش ۋە تاش پارچىلىرى مىلتىق ئوقىدەك ئۇچۇپ يۈردى. موغۇللاردىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلگەچكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلاردىن يۈزى ئەسىرگە چۈشتى. ئابدۇرازاقنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، موغۇللاردىن 1000 ئادەم ئۆلگەن، مۇساۋىي بولسا 2000 ئادەم ئۆلگەن دەيدۇ،

ئىككىنچى كۈنى موغۇللار شەھەرگە يەنە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار تېز چېكىنىپ تۈيۈقسىز زەربە بېرىشتەك كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللانغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىدى. ئاخىر سەمەر-قەنتنى ئېلىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۇلاردىن سوۋغا ئېلىش ھېسابىغا شەھەردىن چېكىنىپ كېتىشكە ماقۇل بولدى. ئەمما بۇ تەلەپمۇ رەت قىلىنى-غاچقا موغۇللار شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلارنى بۇلاپ - تالىدى ( بارتولد: «1365 - يىلى سەمەرقەنتتىكى خەلق ھەرىكىتى»، «بارتولد ئەسەرلىرى»، رۇسچە، 2 - توم، 2 - قىسىم، 372 - بەتكە قاراڭ ).

موغۇللارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا، سەمەرقەنت شەھەر ئاھالىسىنىڭ قىيىنچىلىقى بارغانسېرى زورايدى.

ئاھالىلەر ھېرىپ ـ ئېچىپ مادارى قالمىغاندا ، موغۇل ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ ئاتلىرى ئارىسىدا ۋابا يۇز بېرىپ ئاتلارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى ئۆلۈپ تۈگىدى . شۇنىڭ بىلەن قورشاپ ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈردى . كۆپلىگەن لەشكەرلەر ئوقدانىنى دۇمبىسىگە ئارتقىنىچە ئاستا ـ ئاستا چېكىنىپ كەتتى .

بۇ ئىشتىن كېيىن سەمەرقەنت شەھىرىدە نامراتلارنىڭ بايلارغا قارشى كۈرىشى يۈز بەردى . ئەمگەكچى ئاما جازانىخورلارنى ۋە باشقا ئەزگۈچىلەرنى جازالىدى . ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى سەرباتۇر ھەرىكىتى دەپ ئاتالدى . ئەينى ۋاقىتتا سەمەرقەنتتىكى جاپاكەش ئەمگەكچى خەلق بۇ شەھەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ھەقىقەتەن ئىگىلىدى .

سەمەرقەنتتە سەرباتۇر ھەرىكىتى پارتلىغاندا تېمۇر بەلختە تۇرۇۋاتاتتى . ئۇ ئالدى بىلەن بۇ ھەرىكەتكە ئائىت ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى . « تېمۇرنىڭ زەپەرنامىسى » غا ئاساسلانغاندا ، تېمۇر ئادەم ئەۋەتىپ كۆزىتىپ ، موغۇللارنىڭ چېكىنگەنلىكىگە ئائىت خەۋەرنى ئاڭلىغان . مۇساۋىينىڭ دېيىشىچە ، داموللازادە بۇ خەۋەرنى تېمۇرگە يەتكۈزگەنىكەن . تېمۇر بۇ ئەھۋالنى يەنە سىبوتتىكى قۇشىنغا ئۇقتۇرغان . قۇشىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ دەرھال سىبوتتىن سارىغ سارايغا قايتقان . تېمۇر ئالدىغا چىقىپ قۇشىن بىلەن ئۇچراشقان ، ئىككىيلەن مەسلەھەتلىشىپ كېلەر يىلى باھاردا سەمەرقەنتكە بىللە بېرىشقا قارار قىلغان .

1366 ـ يىلى باھاردا تېمۇر بىلەن قۇشىن ئەسكەر باشلاپ سەمەرقەنتكە يېتىپ كېلىپ ، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كەينى جىل تۈزلەڭلىكىگە ئەسكەر تۇرغۇزدى . قۇشىن شەھەر ئىچىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرىگە خەت يېزىپ ئۇلارغا تامامەن ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . بۇنىڭغا ئالدانغان قوزغىلاڭچىلار سوۋغىلارنى ئېلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى . قۇشىن ساختا قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن قايتۇرۇۋەتتى . ھالبۇكى ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى ئىككىنچى كۈنى يەنە سوۋغىلارنى ئېلىپ كەلدى ، لېكىن ئۇلار يولدا قولغا ئېلىنىپ قەتل قىلىندى ( ياكى

دارغا ئاستى، ياكى باستۇرۇپ ئۆلتۈردى . ) پەقەت داموللازادە ئۆلۈش ئالدىدا تېمۇرنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ئاساسەن كەچۈرۈلۈشكە ئېرىشتى . مانا مۇشۇنداق قىلىپ سەمەرقەنتتىكى خەلق ھەرىكىتى ئاقسۆڭەك كۆچلەرنىڭ ۋەكىللىرى قۇشىن ۋە تېمۇرنىڭ ئىنتايىن پەسكەش ئالدامچىلىق ۋاستىسى بىلەن رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇۋېتىلدى .

قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن قۇشىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ سەمەرقەنتتە تۇردى . تېمۇر ئىككىنچى ھۆكۈمرانغا ئايلىنىپ كېش ۋە قارشىدا تۇردى . بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ ئىككىيلەننىڭ ئىتتىپاقى قۇدا ــ باجىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن باغلىنىپ تۇرغانىدى . بىراق بۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشنى يوقىتىۋېتەلمىدى . قۇشىن بوۋىسى غازىخانغا ئوخشاش بىر قورچاق ھاكىمىيەت تىكلەپ ئۇنىڭ نامىدا ھىندىستاندىن ئارال دېڭىزىغىچە بىپايان زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى . تېمۇر قوشۇنغا قوماندانلىق قىلدى . ئۇنىڭ ئادىمى كۆپ، ئەمەلىي ھوقۇقى قولىدا بولغاچقا، قۇشىندىن تۆۋەن تۇرۇشقا تەن بەرمىدى . قۇشىننىڭ ئەمەلدار قويۇش، باج ئېلىش، يەر تەقسىملەش قاتارلىق ھوقۇقى بار ئىدى . تېمۇر كېشتىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئۆزىنىڭ ئاتا مىراس يېرى قىلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . قۇشىن بارلاس قەبىلىسىدىن كىشى بېشىدىن ئېغىر باج ئالدى . تېمۇر ئۆز قەبىلىسىنى ئۇرۇشتا كۆپ قىسىم مالدىن ئايرىلدى دەپ قارشىلىق كۆرسەتتى . تېمۇر قۇشىنغا تۆلىگەن باج ئىچىدە ھەتتا ئايالى ئارساينىڭ زىبۇ زىننەتلىرى يەنى تويدا تاقىغان ھالقا ۋە ياقۇت زەنجىرلىرى بار ئىدى .( « تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى » 76 ــ بەت ) قۇشىن گەرچە بۇ نەرسىلەرنى تونۇسىمۇ، لېكىن تېمۇرگە قايتۇرۇپ بەرمىدى . بۇ بىر قاتار زىددىيەتلەر ۋە ئارساينىڭ ئۆلۈشى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى تەستە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىتتىپاق مۇناسىۋىتىنى تەدرىجىي بۇزۇۋەتتى . بۇنىڭغا ئۇلىشىپ كەلگەن ئىچكى ئۇرۇش ئۇنىڭغا يەنە بىر سەۋەب بولۇپ قالدى ( بۇ موغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئەمەس ) .

قۇشىن بىلەن تېمۇرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ بازىلىرى بار ئىدى . قۇشىن بۇ ۋاقىتتا ماۋرا ئۇننەھرگە كۆز تىكىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئافغانىستان ۋە ئۇنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بەلخ ، قۇندۇز ، قۇرۇم ۋە كابۇل قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئاتا مىراس يېرى ئىدى . تېمۇر ئاساسلىقى كېش ۋە قارشىنى ئىگىلەپ تۇردى . بۇ رايونلار سەمەرقەنتكە بارىدىغان يولنىڭ ئۇستىدە ئىدى . قۇشىن تېمۇرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئەمىر مۇسا باشچىلىقىدىكى 300 ــ 4000 ئادەمنى ئەۋەتىپ قارشىنى ئىگىلىدى . تېمۇر ھىراتقا بېرىپ مۇسانىڭ ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ ، تۇيۇقسىز قايتىپ قارشىنى قايتۇرۇۋالدى . بەزى ئەمىرلەر قۇشىندىن نارازى بولغاچقا ، ئارقا ــ ئارقىدىن تېمۇرگە بەيئەت قىلدى . تېمۇر ئارقىدىن بۇخارانى كونترول قىلدى . قۇشىن سارىغ سارايدىن زور قوشۇن بىلەن كېلىپ بۇخارانى قايتۇرۇۋالدى . تېمۇر يەنە خۇراسانغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى .

قۇشىننىڭ يەنە بىر دۈشمىنى جالايىر قەبىلىسىدىكى كەيخۇسراۋ ئىدى . بۇ ئادەم ئىلگىرى قۇتلۇق ( ۋاقشى دەرياسى بىلەن پەنج دەرياسى ئارىلىقى ) دېگەن جاينىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى . 1361 ــ يىلى موغۇللار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا قۇشىن كەيخۇسراۋنىڭ ئىنىسى كەيقۇبادنى قەتل قىلغانىدى . كەيخۇسراۋ موغۇلخانغا بويسۇناتتى ھەم موغۇل مەلىكىسىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولغانىدى . 1366 ــ يىلى كەيخۇسراۋ تاشكەنتكە كەلدى . ئەينى ۋاقىتتا تېمۇرمۇ خۇراساندىن بۇ يەرگە كەلگەنىدى . ئۇ كەيخۇسراۋ بىلەن قۇدا ــ باج بولۇپ ئىتتىپاق تۈزدى . تېمۇرنىڭ ئوغلى جاھانگىر كەيخۇسراۋنىڭ قىزىنى ئالدى . تېمۇر يەنە ئىلى رايونىدىكى موغۇللار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ كېلەر يىلى باھاردا كەيخۇسراۋ بىلەن بىرلىكتە موغۇللارنى باشلاپ كېلىپ قۇشىنغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى . قۇشىن كۈچلۈك دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىدىن مەغلۇپ بولۇپ قاچتى ۋە تېمۇر بىلەن يارىشىشنى ئىلتىماس قىلدى . ئۇنىڭ باھانىسى شۇكى ، تېمۇر بىلەن بىرلىكتە موغۇللارنىڭ ماۋرا ئۇننەھرنى بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىشىنى توسۇشنى ئۈمىد قىلىش . تېمۇر تىنچلىق شەرتنامىسىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆزىنىڭ يېرى كېشنىمۇ قايتۇرۇۋالدى .

كېيىن تېمۇر قوشىنغا ياردەملىشىپ كابۇل ۋە بەدەخشاندىكى ئىسيانچىلارنى باستۇردى . قوشىن تېمۇردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن بەلختە قورغان ۋە ئىستىھكاملارنى قايتىدىن قۇردى . بۇ تېمۇرنى ناھايىتى بىئارام قىلدى . تېمۇر بەدەخشاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىر دەرياسىغا بېرىپ ئۇ يەردىكى موغۇل قوشۇنىنى ئەسلى جايىغا قايتۇردى . ئۇ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن قوشىن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش سۇيىقەستىنى پىلانلىدى . بۇ قېتىم تېمۇر بارلىق ئەمىرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى . ئۇلار بىرلىشىپ قوشىنغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى . تېمۇر كېشتىن ئاتلىنىپ تېرمىزدا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ قوشىننىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى باكتېرىيىگە ھۇجۇم قىلدى . قوشىننىڭ قوندۇزدا تۇرۇشلۇق قىسملىرى تويۇقسىز زەربىگە ئۇچرىغاچقا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى . تېمۇر ئەسكەر باشلاپ بېرىپ بەلخنى قورشىۋالدى . بۇ شەھەردە تۇرۇۋاتقان قوشىن ياردەمسىز قېلىپ تېمۇرغا تەسلىم بولدى . ئۇ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى . تېمۇر يالغاندىن رۇخسەت قىلغان بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە كەيخۇسراۋنىڭ ئۆچ ئېلىشىغا يول قويۇپ ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى .

بارتولد مۇنداق دەيدۇ : « ئاغدۇرۇۋېتىلگەن قوشىننى ئۆلتۈرۈشكە قانۇنلۇق خاراكتېر بېرىلدى . ئەمىر كەيخۇسراۋ قۇرئاندا ئېتىراپ قىلىنغان قانداشلارنىڭ ئۆچ ئېلىش ھوقۇقى بويىچە ئىش قىلدى . چۈنكى ئۇنىڭ ئىنىسى ئون يىل ئىلگىرى قوشىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى . ئىككى يىلدىن كېيىن قانداشلارنىڭ ئۆچ ئېلىش ھوقۇقى كەيخۇسراۋغا تەتبىقلاندى . چۈنكى ئۇ تېمۇرگە ئاسىيلىق قىلغانىدى »① ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەمىرلەر مانا مۇشۇنداق تۇراقسىز بولۇپ ، ئۆزئارا ئۇرۇشاتتى ۋە ئۆچ ئېلىشاتتى .

قوشىن يوقىتىلدى ( 1370 ـ يىلى ) . تېمۇر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولدى . ئۇ سەمەرقەنتتە ئۆزىنى چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسى دەپ جاكارلىدى . بىراق ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش

---

① « بارتولدى ئەسەرلىرى » رۇسچە ، 2 ـ توم ، 1 ـ قىسىم ، 157 ــ 158 ـ بەتلەر .

چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى سۇيۇرغادمىشنى خان قىلىپ تىكلەپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. بارلىق ئەمىر ـ پەرمانلارمۇ شۇ خاننىڭ نامى بىلەن ئېلان قىلىندى. بىراق تېمۇر ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ چەكلىمىلەرنى قويدى. تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمرانلار بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ خانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقىدىن باشتىن ـ ئاخىر ئەپسۇسلاندى.

تېمۇر قوشنىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىنى ئالدى. بۇ ئايال چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خانى غازانخاننىڭ قىزى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن موغۇلىستاندىكى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خانى خىزىر خوجا يەنى مەلىكە تاۋاقۇلنى تېمورغا ياتلىق قىلدى. شۇڭا، تېمۇر « كوراگان » دەپ ئاتالغان ( موڭغۇلچە كۈيئوغۇل دېگەن مەنىدە ). جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرىدا پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى دەپ ئاتالدى. شۇڭا، « مىڭ سۇلالىسى تارىخى » دا: «( سەمەرقەنتتە) تەيۇەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا خانلىق تىكلەندى، پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى تېمۇردۇر » دېيىلگەن. ئىبن ئەرەبشاھ مۇنداق دەپ قارايدۇ: « بۇ ئاتاق تېمۇرنىڭ پوقرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. » (بۇۋانىڭ ‹تېمۇر ئىمپېرىيىسى» ناملىق ئەسىرى، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان. 13 ـ بەت ).

## 3 ـ بۆلۈم تېمۇرنىڭ « چاتاي » غا قارشى ھەربىي يۈرۈشلىرى

تېمۇر ئۆز رەقىبى قوشنىنى يوقىتىپ ماۋرا ئۇننەھرنى مۇستەقىل قىلغاندىن كېيىن ، چىڭگىزخانغا ئوخشاش بىر چوڭ ئىمپېرىيە قۇرۇش ئۈچۈن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلدى. ئۇ ھۇجۇم قىلغان بىرىنچى نىشان موغۇلىستان بولدى. بۇ موغۇلىستاندىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرى ماۋرا ئۇننەھرنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان سۇيۇرغال يەر دەپ داۋاملىق ھۇجۇم قىلغاچقا، تېمۇرنىڭ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش مۇناسىۋىتىنى يوقىتىش ئۈچۈنلا بولۇپ قالماي، بەلكى كېيىنكى غەملىرىنى تۈگىتىش ھەم سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

موغۇلستاندىكى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خانى تۇغلۇق تېمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانى ئىلياس خوجا قايتىپ بېرىپ خانلىققا ۋارىسلىق قىلدى، تېمۇر بىلەن قۇشىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇرۇش قىلىپ موغۇلستانغا بېقىنىشتىن قۇتۇلدى. ئىلياس خوجا سەمەرقەنتتە سەرباتۇر خەلق ھەرىكىتىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچراپ قايتىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى. بىراق بەزىلەر ئۇنى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى قەمەرىدىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى دەيدۇ (« بارتولد ئەسەرلىرى » رۇسچە، 5 ـ توم، 530 ـ بەت).

دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بۇلاجى تۇغلۇق تېمۇرنى خان قىلىپ تىكلەشكە زور تۆھپە قوشقانىدى. موغۇل رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، بۇلاجىنىڭ بەش قېرىندىشى بار ئىكەن. ئۇلار: تۇلەك، بۇلاجى، ھېسامەدىن (سازلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان)، قەمەرىدىن ۋە شاھ دۆلەت. ① بۇلاجى تۇلەك ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇس بېگى بولدى. بۇلاجى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تۇغلۇق تېمۇر بۇلاجىنىڭ ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلى خۇدايدانى ئەمىرلىككە تەيىنلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تۇغلۇق تېمۇر ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئوغلى ئىلياس خوجا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. قەمەرىدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ 18 ئوغلىنى قەتل قىلىپ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن موغۇلستان قالايمىقانچىلىقتا قالدى. بۇ دەل تېمۇرنىڭ قۇشىنى يوقىتىپ ماۋرائۇننەھرنى ئىگىلىگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ.

تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ خىزىر خوجا ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلى بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا تېخى قۇچاقتا ئىدى. خۇدايدا ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنى يوشۇرۇپ قويغاچقا ئامان قالدى. ئۇلار بۇ بالىنى قەشقەر بىلەن بەدەخشان ئوتتۇرىسىدىكى تاغقا ئاپىرىۋەتتى. قەمەرىدىن بۇ بالىنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدىگەن بولسىمۇ ھېچيەردىن تاپالمىدى.

قەمەرىدىن موغۇلستاننىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، غەيرەتكە كېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە ۋە ئۆزىنىڭ ئورنىنى

مۇستەھكەملەشكە تىرىشتى. بىراق ئۆزىنىڭ ئۆزى چىڭگىزخان ئەۋلادىدىن بولمىغاچقا، ئۇ تايانغان ۋە ئىشلەتكەن ئادەملەر پۇقرالاردىن كېلىپ چىققان بولغاچقا ئەمىرلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. دۆلەت ئىچىدىكى جېدەل - ماجىرالار بېسىقمىدى. مۇشۇ خىل ئەھۋالدا تېمۇر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلدى.

بارتولد مۇنداق دەيدۇ: « تېمۇر ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاشتىن ئىككى يىل بۇرۇن يەنى 1368 - يىلى جۇڭگودا سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشى بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا كارۋان سودىسى مەۋجۇت ئىدى؛ شەرىپىدىن جۇڭگوغا بارىدىغان سودا يولىنى تەپسىلىي بايان قىلغانىدى. تېمۇر بىلەن مىڭ تەيزۇنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتى ھەققىدە تېمۇر تارىخى ۋە « مىڭ سۇلالىسى تارىخى »دا خاتىرىلەر يېزىلغان. بەلكى، « مىڭ سۇلالىسى تارىخى » دا تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان. » ① بۇ خىل ئەھۋالدىن قارىغاندا، مېنىڭچە، تېمۇرنىڭ موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلىشىدا سودا جەھەتتىكى سەۋەبمۇ بار. چۈنكى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا قەمەرىدىن بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان بىر تەپرىقچى ھاكىمىيەت مەۋجۇت ئىدى ياكى قالايمىقان، خەتەرلىك، سودىغا پايدىسىز بىر خىل ۋەزىيەت ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شۇنداقلا شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا مەنپەئىتى بىلەن پەقەت سىغىشالمايتتى.

قەمەرىدىن ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى تارتىۋالغان دەسلەپكى ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قۇمزا ۋە ئۆزبېك تېمۇر ئىسىملىك ئىككى ئەمىر تېمۇرگە تەسلىم بولدى. تېمۇر ئەمىرلىرىدىن بەھرام، قىتان باھادۇر ۋە شاھ ئەلى قاتارلىقلار باشچىلىقىدا ئەسكەر ئەۋەتىپ چاتايغا ھۇجۇم قىلىپ ئالما - ئاتا تەۋەسىگە كىردى. بىراق بۇ بىرنەچچە ئەمىر قەمەرىدىننى ئۆزۈل - كېسىل يوقاتماي، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزدى.

تېمۇر ئۇلار تۈزگەن بۇ تىنچلىق كېلىشىمگە قوشۇلماي ئۆزى قوشۇن باشلاپ موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ سايىران ( ھازىرقى چىمكەنت ) ۋە ياكى ( ھازىرقى تالاس ) تىن غەلىبىلىك ئۆتكەندە، دۈش-

---

① « بارتولد ئەسەرلىرى » رۇسچە، 2 - توم، 2 - قىسىم، 67 - بەت.

مەن ئۇلارنىڭ شەپىسىنى سىزىپلا قاچتى. تېمۇر قوشۇنى ئارقىدىنلا سان-
گارىغاچ ( sangarighaj) قا بېرىپ نۇرغۇن ئەسىر ۋە غەنىيمەتكە
ئېرىشتى.

مىلادى 1357 ـ يىلى تېمۇر موغۇلىستانغا قايتا ھۇجۇم قىلدى.
سايراندىن ئۆتۈپ جالىنغىچە باردى. قەمەرىددىننىڭ چوقتۆپىدە
ئىكەنلىكىنى تىڭ ـ تىڭلاپ بىلدى. تېمۇر تېز يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق
چۈشۈرۈپ، تالاس دەرياسىدىن ئۆتۈپ توقماققا باردى. قەمەرىددىن
كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ بىرقاقۇران ( يەنى
قۇران كۆلى ) نىڭ خەتەرلىك يېرىگە چېكىندى ①. تېمۇرنىڭ چوڭ
ئوغلى جاھانگىر خىللانغان قىسمنى باشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ ئۇنىڭغا
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. موغۇل قوشۇنى ئىلىغا چېكىندى. تېمور ئىلى
دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. تېمۇرنىڭ ئۆزى بەيتا
‹ ئەنجان › غا قوغلاپ كېلىپ، قەمەرىددىننى قوغلاشقا ئەسكەر ئەۋەتتى
ۋە ئۇنى قوغلاپ دۆلەت سىرتىغا چىقىرىۋېتىپ ئۇنىڭ خوتۇنى تۇمەن ئاغا
ۋە قىزى دىلشاھ ئاغانى تىرىك تۇتۇپ كەلدى. تېمۇر بەيتادىن ئاتىبېشى
ئارقىلىق ئارپا دەرياسىغا كېلىپ ئۇ يەردە دىلشاھ ئاغانى خوتۇنلۇققا ئالدى.
ئارقىدىن خوجىكەنت ئارقىلىق سەمەرقەنتكە قايتتى.

تېمۇر سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خارەزىمگە جازا
يۈرۈشى قىلىشنى قارار قىلدى. ( بۇ ئۇرۇش كېيىنكى بۆلۈمدە سۆزلىنى-
دۇ ) ئۇ ئاقىۋۇقانى سەمەرقەنتنىڭ مۇپەتتىشلىكىگە بەلگىلىدى. جالايىر
قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئادىلشاھنى 30 مىڭ ئادەمگە قوماندان قىلىپ قە-
مەرىددىننى تۇتۇپ كېلىشكە موغۇلىستانغا ئەۋەتتى. تېمۇر ئۆزى خارەزىمگە
ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى.

---

① « تارىخى رەشىدى » نىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى، بىر قاقۇران
ئېھتىمال ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئوتار بولۇشى، يەنى ئالاتاۋ تېغىنىڭ
شىمالىي تارمىقىدا بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. گېرۇسس بۇ يەرنى ئىسسىقكۆلنىڭ
غەربىي شىمالىدىكى تاغنىڭ ئىچىدە دەيدۇ ( « يايلاق ئىمپېرىيىسى » ئىنگلىزچە تەر-
جىمە نۇسخا، 423 ـ بەت ).

ئادىلشاھ قاتارلىقلار چۆل - چەزىرىلەرنى ئاختۇرۇپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، توپىلاڭ كۆتۈردى. تېمۇر ئەۋەتكەن ئەنجان مۇپەتتىشى خامادىمۇ بۇ ئىشقا ئىشتىراك قىلدى. ئۇلار سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلدى. شەھەر ئاھالىلىرى قارشىلىق كۆرسەتتى. ئاق بۇقا تېزدىن ئەلچى ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى تېمۇرغا دوكلات قىلدى. تېمۇر دەرھال خارەزىمدىن قايتىپ كەلدى. ھۇجۇمچىلارنىڭ قوماندانى جاھانگىر سەمەرقەنتكە يىراق بولمىغان بىرماندا توپىلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلدى. توپىلاڭچىلار قىپچاقلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى، شۇڭا تېمۇر شۇ يىلى ( 1376 - يىلى ) بۇيرۇق چۈشۈرۈپ جالايىر قەبىلىسىنى تارقىتىۋېتىپ ئەمىرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. يەنە ئۆزىنىڭ ئوغلى ئۆمەرشاھنى ئەۋەتىپ خامادىنىڭ ئورنىغا ئەنجاننىڭ مۇپەتتىشى قىلدى.

كېيىن ئادىلشاھ قىپچاقلاردىن جۇجىنىڭ كېيىنكى خانى ئۇلۇسخان توپىلاڭ قوزغىغاچقا، موغۇلىستانغا قېچىپ كەلدى ۋە قەمەرىدىننى 1376 - يىلى ئەنجان رايونىغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. شۇڭا تېمۇر 4 - قېتىم چاتايغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ قوشۇن باشلاپ پەرغانىگە ئۇچقاندەك كەلدى. قەمەرىدىن تېمۇرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بارگاھ تىككەن جايدىن چېكىنىپ چىقتى. تېمۇر خوجىكەنت ۋە ياش تاغدىن ئۆتۈپ ئاتباش دەرياسى بويىغىچە ( نارىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى جەنۇبىي تەرەپتىكى دەريا ) قوغلاپ كەلدى. قەمەرىدىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ۋە قەبىلىلىرىنى ئات بېشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى 4000 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ بىر جايغا مۆكۈندى.

تېمۇر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى تەگرى تېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ قەمەرىدىننىڭ بۆكتۈرمىسى بارلىقىنى ئويلىمىدى. شۇڭا قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى دۈشمەننى قوغلاشقا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆز يېنىدا 200 چە ئادەمنى قالدۇردى. شۇڭا قەمەرىدىن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، 4000 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ مۆكۈنۈپ ياتقان يەردىن ئېتىلىپ چىقىپ تېمۇرنى قورشىۋالدى. تېمۇر باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ ئاخىر قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، كۈچلۈك دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلار بۇ

يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سانگىجىغاچتا يەنە قەمەرىددىنگە يولۇقۇپ قېلىپ ئۇنى ئىككىنچى قېتىم چېكىندۈردى. تېمۇرنىڭ قوشۇنى قوغلاپ بېرىپ قەمەرىددىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن سەككىز كىشىنى قورشىۋالدى. قەمەرىددىن مىنگەن ئاتقا ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلدى، ئۇنىڭ ئۆزى نەچچە يېرى يارىلىنىپ، قېچىپ كېتىپ ئامان قالدى.

تېمۇر دەرھال ئاتاقۇمدىن ئايرىلىپ سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پايتەختى سەمەرقەنتكە قايتتى. بۇ چاغدا پۈتۈن شەھەر بايىلا ئۆلۈپ كەتكەن جاھانگىرغا قارىلىق تۇتۇۋاتاتتى ( 1375 - يىلى ياكى 1376 - يىلى ئۆلگەن ). بۇ شاھزادە ( تېمۇرنىڭ چوڭ ئوغلى ) ئۆلگەندە ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن بولۇپ جەستى كېشكە قويۇلدى. ئۇنىڭدىن ئىككى بالا قالدى. بىرىنىڭ ئىسمى مەھمۇدسۇلتان، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى پىر مەھمۇد ئىدى. پىر مەھمۇد ئاتىسى ئۆلۈپ 40 كۈندىن كېيىن تۇغۇلغان.

بۇ ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تېمۇر 1377 - يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلدى ①، تېمۇرنىڭ قوشۇنى قۇلاتۇ چۆلىدە قەمەرىددىنگە ئۇچراپ ئۇنى تارمار قىلدى. قەمەرىددىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ قوشۇن ئۇرۇش ئولجىلىرىنى ئېلىپ قايتتى.

بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئەمدىلا ئاخىرلىششى بىلەن، تېمۇر يەنە شۇ يىلى موغۇلىستانغا زور كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇ مۇسانىڭ ئوغلى مەھمۇدبېك، ئەمىر ئابباس ۋە ھانگى تېمۇر قاتارلىقلارنى تۇرشاۋۇل قىلىپ كېچىلەپ يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىسسىقكۆلنىڭ بويىدىكى بۇقام دېگەن جايدا قەمەرىددىن بىلەن ئۇچراشتى. كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق قەمەرىددىن قاچتى. تېمۇر قوغلاپ قوچقار ( بۇ چۇ دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ) ئاندىن ئىناغۇدىن ( خوجىكەنت ) ئارقىلىق ئۆتۈپ سەمەرقەنتكە قايتتى.

« تېمۇرنىڭ زەپەرنامىسى » دىكى بايانلارغا قارىغاندا، تېمۇر

---

① « تارىخى رەشىدى » دە تېمۇر موغۇلىستانغا جەمئىي بەش قېتىم ھۇجۇم قىلغان دېيىلگەن. بۇ قېتىمقىسى ھېساب ئەمەس. « تېمۇرنىڭ زەپەرنامىسى » دە ئالتە قېتىم دېيىلگەن.

1383 ـ يىلى موغۇلىستانغا قايتا ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇ بىرىنچى قىسمىنى ئىسسىقكۆل رايونىغا ئەۋەتتى، يەنە بىرىنچى قىسىم ئاتاقۇمغا باردى. ئۇلار گەرچە موغۇللارنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قەمەرىددىننى تاپالمىدى.

تېمۇر بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇم بىلەن قەمەرىددىننى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. بىراق قەمەرىددىن ئۆلگەن ياكى ئۆلمىگەن بولسۇن، ئۇ موغۇلىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى. بۇ ئەھۋالدا خۇدايداد 1389 ـ يىلى ئۆزى يوشۇرۇپ قوغداپ قالغان قىدىر خوجىنى خان قىلىپ تىكلىدى ①.

قىدىر خوجا خانلىق ئورنىغا ئولتۇرغان يىلى (1383 ـ يىلى) تېمۇر موغۇللارنىڭ ماۋرائۇننەھرگە قىلىدىغان دائىمىي ھۇجۇمىدىن قۇتۇ-

---

① قىدىر خوجا تۇغلۇق تېمورنىڭ كىچىك ئوغلى. ئادەتتە ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى 1383 ـ 1399 ـ يىللىرى دېيىلىدۇ. ئىسكىن يازغان «ھىندىستان تارىخى» بىلەن بارتولد يازغان «يەتتىسۇ تارىخىدىن ئوچېرك» تا ئۇنىڭ تەختكە چىققان ۋاقتىنى ھىجرىيە 791 ـ يىلى (مىلادى 1388 ـ 1389) دېيىلگەن. قىدىر خوجا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە نامى تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان موغۇلىستان خانى ھېسابلىنىدۇ. («مىڭ سۇلالىسى تارىخى، بەشبالىق تەزكىرىسى» گە قاراڭ). ئۇ خۇڭۋۇنىڭ 24 ـ يىلى (1391 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا مىڭ سۇلالىسىگە تۇنجى قېتىم تارتۇق تەقدىم قىلىشقا كەلگەن. («مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 210 ـ جىلد). مىڭ سۇلالىسى ئۇ تارتۇق تەقدىم قىلىشقا كەلگەن يىلى (خۇڭۋۇ-نىڭ 24 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا («خۇڭۋۇ يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 210 ـ جىلدقا قاراڭ) ۋە خۇڭۋۇنىڭ 30 ـ يىلى (1379 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا («خۇڭۋۇ يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 249 ـ جىلدقا قاراڭ) ئىككى قېتىم ئۇنىڭغا يارلىق چۈشۈرگەن. خۇدايداد ئۇنى تەختكە چىقارغانلىقى توغرىسىدا «يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» (100 ـ جىلد) تە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «بەشبالىقنىڭ سەردارى خۇدايداد تۆت ئەۋلادنى خانلىققا كۆتۈرۈپتۇ. ئەلدىكىلەر ئۇنىڭغا قايىل ئىكەن، ھازىر نەخشى جاھاننىڭ ئىشلىرىغا يار ـ يۆلەك بولۇۋېتىپتۇ. شۇڭا، مۆھۈر، پۇل ـ پۈچەك ئىنئام ئاپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق.» «ئوردا خاتىرىلىرى» گە ئاساسلانغاندا، قىدىر خوجىدىن شەمئى جاھان، مۇھەممەد، نەخشى جاھانغىچە تۆت ئەۋلاد خان ئۆتكەن. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى بەشبالىقتىكى چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ شەجەرىسى توغرىسىدىكى مەلۇمات بىلەن «تارىخى رەشىدى» دىكى مەلۇمات بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن خۇدايداد قىدىر خوجىدىن باشلاپ خانغا يار ـ يۆلەك بولغان دېگەن مەلۇمات ئوخشايدۇ.

لۇش ئۈچۈن ئەسكەر باشلاپ ئۇلارنى جازالاشقا ئاتلاندى. ئۇنىڭ قوشۇنى
بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىدىكى ئىلى، دۆربىلجىنلەردىن ھالقىپ
ئۆتۈپ ئالا كۆل بويىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنى ھەتتا ئالتاي
تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا ئېرتىش دەرياسىغىچە باردى، تېمۇرنىڭ قو-
شۇنى بۇ جەرياندا قىدىر خوجىنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە ئەنچاتىيول
باشچىلىقىدىكى موغۇل ئاتلىق قىسمىنى مەغلۇپ قىلدى. ئۈچىنچى كۈنى
ئاياغۇز دەرياسىغا كەلدى. تېمۇر يەنە قوشۇنىنى ئىككى سەپكە بۆلۈپ،
ئۆزى سازلىقتىن ئۆتۈپ تارباغاتاي تېغىنىڭ غەربىگە باردى. ئوغلى ئۆمەر
شاھ يەنە بىر تارماق قىسمىنى باشلاپ خۇب دەرياسى بويىغا بېرىپ،
ئەنچاتىيولنى قوغلاپ تارمار قىلدى. ئىككى قوشۇن دۆربىلجىندە ئۇچرى-
شىپ ئەسىرلەرنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كەتتى. تېمۇر بۇ يەردە تەڭرى
تېغىنىڭ جەنۇبىغا ھۇجۇم قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بارلىق قىسىملارنى
يۇلتۇز دەرياسى بويىغا يىغىشقا تەييارلىق قىلىپ، ئۇ يەردىن يولغا
چىقماقچى بولدى. تېمۇرنىڭ قوشۇنى جەنۇبقا — يۇلتۇزغا بېرىش يولىدا
قىدىر خوجىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىككى كۈن ئۇرۇش قىلىش
ئارقىلىق ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. تېمۇر كۈنگىس دەرياسىدىن ئۆتۈپ
يۇلتۇزغا باردى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قىدىرخوجىنى قوغلاپ
ماڭغان ئالدىن يۈرەر قوشۇنى قاراغوجىغا بارغان.

تېمۇر قىدىر خوجىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن چالىش (قارا
شەھەر) دە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئولجىلارنى تەقسىم قىلدى ھەمدە قو-
شۇنىنى تەرتىپكە سېلىشقا تەييارلاندى. ئۇ ئۆمەر شاھنى ئالدىن يۈرۈپ
ئۈچتۇرپان بىلەن قايتىشقا ئەۋەتتى. ئۆزى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاساسىي
قوشۇننى باشلاپ يۇلتۇزدىن يولغا چىقىپ ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن 8 ـ
ئاينىڭ 30 — كۈنى سەمەرقەنتكە قايتتى. بۇ يولدا ئادەتتىكى كارۋانلار
ماڭسا ئىككى ئاي كېتەتتى.

تېمۇر گەرچە غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئاساسىي دۈشمىنى
قەمەرىددىن يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇ قوشۇنىنى ئەمدىلا ماۋرائۇننەھرگە
قايتۇرۇپ كېلىشكە قەمەرىددىن ئىلى دەرياسى جىلغىسىدا يەنە پەيدا بولۇپ

قالدى. شۇڭا تېمۇر 1390 ـ يىلى يەنە ئەسكەر ئەۋەتىپ قەمەرىددىنگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ قوشۇنى تاشكەنتتىن يولغا چىقىپ ئىسسىقكۆل ئارقىلىق ئالمىلىقتا ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ قارا تالغا كەلدى. قارا ئېرتىش دەرياسىغىچە قوغلاپ كەلسىمۇ قەمەرىددىننىڭ قارىسى كۆرۈنمەدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قەمەرىددىن چۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ تۇرالار تەرەپكە (شىمالغا) قاراپ قېچىپ كەتكەن. بۇ يەردىكى تۇرالار قويۇق ئورمان قاپلىغان ئالتاي تېغىنى كۆرسىتىدۇ. «ئۇ يەردە قارا بولغۇن بىلەن ئاق سۆسەر كۆپ چىقىدۇ» ①، كېيىن قەمەرىددىن مەڭگۈ يوقالدى ②. تېمۇرنىڭ قوشۇنى غەلىبىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تېمۇرنىڭ ئىسمىنى ئالتاي تېغىدىكى قارىغايلارغا يېزىپ قويدى. ئاندىن بالقاش كۆلىنى بويلاپ ماۋرائۇننەھرگە قايتتى.

قەمەرىددىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، تېمۇر موغۇلىستاندىكى (بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى) چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرى بىلەن بىرقەدەر تىنچ ۋە دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. قىدىرخوجا ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشتى. (مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئۇ ئۇچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغان.) ئۇ بەلكىم موغۇللارنىڭ ماۋرا ئۇننەھردىكى مۇسۇلمانلار رايونىغا ھۇجۇم قىلىشىنى چەكلىگەن بولسا كېرەك. «تارىخىي رەشىدى» دىكى بايانلارغا قارىغاندا، 1397 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇخان تېمۇر بىلەن يارىشىپ خان جەمەتى قىزى (خان قىزى) مەلىكە تەۋەككۈلنى تېمۇرغا ياتلىق قىلدى («تارىخىي رەشىدى» ئىنگلىزچە نەشرى، 52 ـ بەت).

---

① تېمۇرنىڭ زەپەرنامىسى»، «بارتولد ئەسەرلىرى» ، ۋسچە، 2 ـ توم، 1 ـ قىسىم، 83 ـ بەتكە قارالسۇن.

② قەمەرىددىننىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتى توغرىسىدا «تارىخىي رەشىدى» دە، ئۇ كېسەل بولۇپ قېلىپ ئاتقا مىنەلمەس بولۇپ قالغاندا، قەبىلىسى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن، ئاقىۋىتى ئېنىق ئەمەس، دېيىلگەن.

قىدىر خوجىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن يىلى تارىخىي خاتىرىلەردە ئوخشاش ئەمەس. ( « تىمۇرنىڭ زەپەرنامىسى » دە 1399 ـ يىلى، « راھەتباغ » ۋە « تارىخى رەشىدى » دە 1420 ـ يىلى دېيىلگەن ) . ئادەتتە 1399 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. بىراق، خەنزۇچە مەنبەلەرگە قارىغاندا، 1403 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك.① ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن شاھزادىلەر تەخت تالىشىپ ئۇرۇشتى. تىمۇر مۇشۇ قالايمىقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر ئەۋەتىپ موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ قوشۇننىڭ قوماندانى تىمۇرنىڭ نەۋرىسى ئۆمەر شاھنىڭ ئوغلى پەرغانىنىڭ مۇپەتتىشى ئىسكەندەر ئىدى. ئۇ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر رايونىغىچە ھۇجۇم قىلىپ يەركەننى ئالدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ئاقسۇ شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، شەھەر ئاھالىسى شەھەر ئىچىدە سودا قىلىۋاتقان خەنزۇ سودىگەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى ئېلىپ چىقىپ ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا تاپشۇرغان، ھەمدە ئۇلاردىن شەھەردە بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلماسلىقنى ئۆتۈنگەن. كېيىن ئىسكەندەر بىر تارماق قىسىمنى ئەۋەتىپ كۇچا ۋە باينى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. ئۆزى بولسا قوشۇننى باشلاپ خوتەنگە بېرىپ ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندىن كېيىن ئەنجان ئارقىلىق سەمەرقەنتكە قايتتى. بارتولد مۇنداق دەيدۇ: « بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پاراكەندىچىلىك باسقان دەۋردىمۇ شەرق بىلەن بولغان سودا ئۈزۈلۈپ قالمىغان.②

---

① « مىڭ سۇلالىسى تارىخى. بەشبالىق تەزكىرىسى » دە: « چىڭزۇ تەختكە چىققان يىلى قىشتا 1402 ـ يىلى ) موغۇلىستان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئەۋەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي قىدىر خوجا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئوغلى شەمئى جاھان ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان » دېيىلگەن. 1404 ـ يىلى شەمئى جاھان تەختتە ئىدى. قىدىر خوجا مىلادى 1403 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى ئېھتىمال.

② « بارتولد ئەسەرلىرى » رۇسچە، 2 ـ توم، 1 ـ قىسىم، 84 ـ بەت، گېرۇسس « يايلاق ئىمپېرىيىسى » ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 426 ـ بەت.

## 4 - بۆلۈم خارەزىم ۋە باشقا جايلارنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە كېيىنكى ئەھۋال

تېمۇر ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ شەرقتىكى موغۇلىستان ( شىنجاڭ ) غا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن يەنە غەرب ، شىمال ، جەنۇب تەرەپلەرگە ئىستېلا ئۇرۇشى قوزغىدى . بۇ ئۇرۇشلار شەرقتىكى چاتايلارغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن شۇنداقلا بېسىپ كىرىش بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلدى . بايان قىلىشقا قولايلىق ، كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن رايونلار بويىچە بايان قىلىمىز .

### 1 . خارەزىمنى ئىستېلا قىلىش

باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ، XIII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى خارەزىمدە تۇركلەشكەن قوڭغىرات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھۈسەيىن سوپى قىپچاقلارنىڭ ئالتۇن ئوردا خاندانلىقى ۋە ئىراندىكى ئېلخانىلار خاندانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ پارچىلانغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىل خانلىق تىكلىدى . بۇ سوپىلار خاندانلىقى دەپ ئاتالدى . بۇ بىر ئىسلام خاندانلىقى ئىدى . ماۋرائۇننەھردە ئىچكى قالايمىقانچىلىق ئۇزۇلمەي بولۇۋاتقان چاغدا خارەزىم كەت ۋە خىۋا قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى . تېمۇر باش كۆتۈرگەندىن كېيىن 1371 - يىلى بۇ ئىككى جاينى قايتىدىن قايتۇرۇۋېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ھۈسەيىن سوپى قارشى تۇرغان ئەھۋالدا تېمۇر كەتنى تارتىۋالدى ھەم ئۈزگەنجكە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى . ھۈسەيىن سوپى قورشاۋدا ئۆلۈپ كەتتى ، ئۇنىڭ ئىنىسى يۈسۈپ سوپى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ تېمۇردىن سۈلھى تەلەپ قىلدى . خارەزىم خىۋا رايونىنى ئۆتۈنۈپ بېرىپ تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى . يۈسۈپ سوپى پۇشايمان قىلىپ كەتكە قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى . بۇ ئۇنىڭ 1373 - يىلى تېمۇر بىلەن ئۇرۇش قىلىشىغا سەۋەب بولدى . نەتىجىدە ئۇ مەغلۇپ بولۇپ ، ئۆزىنىڭ قىزى خانزادىنى تېمۇرنىڭ نەۋرىسى جاھانگىرغا ياتلىق قىلدى . بۇ مەلىكە كېيىن مەھمۇد سۇلتاننى تۇغدى .

مىلادى 1375 ـ يىلى تىمۇر يەنە خارەزىمگە ھۇجۇم قىلدى . ئۇ ئامۇ دەرياسى بويىدىكى سىپايار دېگەن يەرگە كەلگەندە دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى تۇرخان ئارلاتىنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ چېكىنىۋاتقانلىقىنى بايقاپ بولو (بولاد )نى ئەسكەر باشلاپ قوغلاشقا بۇيرۇدى . ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈش قىلىپ ، ئاندىنقۇيدىن ئۆتۈپ فاراب دېگەن يەردە دۈشمەننى قوغلاپ يېتىشتى ۋە ئارلاتىنىڭ كاللىسىنى ئالدى . شۇنىڭ بىلەن تىمۇر يەنە كەتتىن ئۆتۈپ خاسقا كەلدى . بۇ يەردە ئۇ ئۆز قەبىلىسىدىكى ئەمىر ئادىلشاھ قاتارلىقلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا يولدا قايتىشقا مەجبۇر بولدى . ( « تارىخىي رەشىدى » ئىنگلىزچە ، 44 ـ بەت ) .

1377 ـ يىلى تىمۇر ( سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىن رايونىدىكى ) ئاق ئوردا خانلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلدى . يۇسۇپ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلدى . شۇڭا تىمۇر 1370 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم خارەزىمگە ھۇجۇم قىلىپ ئۈرگەنچ شەھىرىگە قىستاپ كەلدى . تىمۇر يۇسۇپكە ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولسىمۇ يۇسۇپ ئۇندىمىدى . ئۈرگەنچ شەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۈچ ئاي داۋاملاشتى . يۇسۇپ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى . شەھەر قولدىن كەتتى ، قىرغىنچىلىق باشلاندى . ئەسىرگە چۈشكەن زىيالىيلار ، ئالىملار ، سەنئەتكارلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر كېشىكە پالاندى . ئۇلار ئۇ يەردە ئىككىنچى يىلى تىمۇرگە ياردەملىشىپ ئاق سارايىنى قۇردى .

1377 ـ يىلى قىپچاقلاردىن توتومىش خان ماۋرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلدى . خارەزىملىكلەر ئۇنى قوللىدى . بۇ چاغدا تىمۇر ئىراندا بولۇپ دەرھال قايتتى . توتۇمىش چېكىنگەندە جۇجىنىڭ ئەۋلادى ئەل ئىگىمىش بىلەن بۇ يەرنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان سۇلايمان سوپى ئىككىسىنى خارەزىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا بۇيرۇدى .

تىمۇر 1388 ـ يىلى قوشۇن باشلاپ خارەزىمگە يۈرۈش قىلدى . ئۇ ئىككىيلەن بولسا قىپچاقلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى . تىمۇر ئۈرگەنجنى ئىگىلەپ شەھەر ئاھالىسىنى سەمەرقەنتكە كۆچۈشكە بۇيرۇدى . ئاندىن بۇ

شەھەرنى ۋەيران قىلىپ خارابىسىگە ئارپا تەرگۈزدى، پەقەت 1399 ـ يىلى تېمۇر توختۇمىشقا قارشى يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا بۇ شەھەرنى قايتا قۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. لېكىن قايتا قۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل ئەمەلدار مۇساھ ئەسلىدىكى ئۈرگەنچ شەھرىنىڭ پەقەت $\frac{1}{4}$ قىسمىنىلا ئەسلىگە كەلتۈرەلىدى. بارتولد مۇنداق دەيدۇ: « مۇشۇنداق بىر شەھەرنى مەقسەتلىك ھالدا تامامەن ۋەيران قىلىش ۋە قايتا قۇرۇش تېمۇرنىڭ ئىستېلاچىلىق تارىخىدىكى بىردىنبىر مىسال. بۇ خارەزىملىكلەرنىڭ توتومىشنى باشتىن ـ ئاخىر قوللىشى ۋە تېمۇرغا مۇشۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن بولغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۈرگەنچ غايەت زور سودا شەھىرى ئىدى ( « بارتولد ئەسەرلىرى » 2 ـ توم، 1 ـ قىسىم، 375 ـ بەت، 3 ـ توم 62 ـــ 63 بەتلەر ) .

خارەزىمنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرائۇننەھرنىڭ پۈتۈنلەي تېمۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى.

## 2. ئىراننى ئىستېلا قىلىش

ئىراندىكى موڭغۇل ئىلخان خاندانلىقى ئەبۇسەيىد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن گەرچە ئۇنىڭ بىرنەچچە ئەۋلادلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەمەلىيەتتە يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قالدى. پۈتكۈل ئىران ۋە ئافغانىستان رايونى بىرنەچچە يەرلىك خانلىققا پارچىلىنىپ، ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، بىرلىككە كېلەلمەي، ئاخىر تېمۇر تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىندى.

تېمۇر 1380 ـ يىلىدىن باشلاپ پارسلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى نىشانى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى ھىرات رايونى بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كىرت خانلىقىنىڭ پادىشاھى غىياسىدىن پىرئەلى ئىدى. تېمۇر ئۇنىڭغا ماڭا پۇقرا بول دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. غىياسىدىن پىرئەلى ئۇنىڭغا دەرھال ئاۋاز قوشمىدى.

1381 ـ يىلى تىمۇر كىرت خانلىقىنىڭ پايتەختى ھىراتقا يۈرۈش قىلدى. غىياسىددىن پىرئەلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا شىرازنى ساقلاۋاتقان ئىنىسى تىمۇرگە تەسلىم بولدى. تىمۇر ئالغا ئىلگىرىلەپ ھىراتنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بۇسۇق قەلئەسىنى قولغا ئالدى. غىياسىددىن پىرئەلى ھىرات شەھىرىنى ساقلاپ تۇردى. قوشۇنى گور رايونىدىكى ئافغانلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ياۋۇز ۋە ئۇرۇشقاق ئىدى. ئۇلار تىمۇرگە قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىشنى تەرغىب قىلاتتى. بىراق شەھەر ئاھالىسى خالىمىغاچقا غىياسىددىن پىرئەلى ئامالسىز تەسلىم بولدى. تىمۇر ئۇنىڭ ھىراتقا داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئۇنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپ، سەمەرقەنتكە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر قىلدى.

1382 ـ يىلى گور رايونىدىن كەلگەن ئافغانلار ھىراتلىقلارنىڭ ياردىمىدە ھىرات شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى، بىراق دەرھال تىمۇرنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مىرات شاھ تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ نۇرغۇنى قىرىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن مۇنار ياسىلىپ، جازا ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. بۇ ئىشتىن كېيىن غىياسىددىن پىرئەلى ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسى بىرلىشىپ سۇيىقەست پىلانلىدى دەپ گۇمان قوزغاپ قويغاچقا، ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئافغانىستاندىكى كىرت خانلىقى يوقالدى.

تىمۇر ھىراتنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن شۇ يىلى (1381 ـ يىلى) خۇراسانغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ يەردە بىرقانچە تەرىقچى ھاكىمىيەت مەۋجۇت ئىدى. بىرى سەر باتۇرنىڭ شىئەلەر ھاكىمىيىتى بولۇپ (بۇنى 1365 ـ يىلىدىكى سەمەرقەنت سەرباتۇر خەلق ھەرىكىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ). سەبۇزارنى پايتەخت قىلغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى مۇئەييەد ئىدى. (1364 ـ 1381) يەنە بىرى مازاندىراندا بولۇپ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر ۋەلى ئىدى. يەنە بىرى كىلات (kelat) ۋە تۇشتا بولۇپ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى ئەلى بەگ ئىدى. تىمۇر كەلگەندە ئەلى بەگ بىلەن مۇئەييەد ئۇرۇش قىلمايلا تەسلىم بولدى. ئەمىر ۋەلىگە قاراشلىق ئىسپارائىنمۇ قىسقا ۋاقىتلىق قورشاۋ ئارقىلىق قولدىن كەتتى. تىمۇر

بۇ شەھەرنى ۋەيران قىلغاندىن كېيىن سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلدى.

1383 - يىلى تېمۇر ئەسكەر باشلاپ كېلىپ يۇقىرىقى شەھەرلەردە يۈز بەرگەن ئىسيانلارنى باستۇردى. سەبۇزار ۋە شىرىستاننىڭ پايتەختى قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. تېمۇر شىرىستاندىن ئافغانىستاننىڭ قەندەھار رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يەردىن سەمەرقەنتكە قايتىپ ئۈچ ئاي دەم ئېلىپ كېيىن، مازاندېراننى تۇپتۇز قىلىۋەتتى. 1384 - يىلى مازاندېراننىڭ پايتەختى قولدىن كەتتى. ۋەلى ئەزەربەيجانغا قېچىپ كەتتى. تېمۇر ئىراققا بېسىپ كىردى.

ئىراق ۋە ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلارغا ئاتالمىش جالايىر سۇلالىسى( 1356 - 1411) ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. سۇلالە ھۆكۈمرانى سۇلتان ئەھمەد ئىدى. تېمۇر ئىراننىڭ شىمالىدىكى مازاندېرانغا ھۇجۇم قىلىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەزەربەيجانغا ھۇجۇم قىلىپ گىرۇزىيىنى ئاياغ ئاستى قىلدى. ئەھمەد باغدادقا قېچىپ كەتتى، گىرۇزىيە پادىشاھى ئەسىرگە چۈشتى. شىرۋان، گىلان قاتارلىق جايلاردىكى ئەمىرلەرمۇ تەسلىم بولدى. تېمۇر ئارقىدىنلا ئەرمىنىيەدىكى قارا قوي خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ خانلىقنىڭ خانى قېچىپ كەتتى. تېمۇر غەربىي ئىراندىكى ئىستېلاغا ئىككى يىل ( 1384 — 1386 ) سەرپ قىلدى.

تېمۇر غەربىي ئىراننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن جەنۇبىي ئىراننى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلاندى. بۇ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مۇزەپپەر خانلىقى ( 1313 — 1393 ) بولۇپ قۇرغۇچىسى شەرىفىدىن مۇزەپپەر ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئەسىد شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى كىچىك بازارنىڭ ئەمەلدارى ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەسىد ۋە پارس رايونىنىڭ ئەمەلدارى بولغان كېيىن ئىسپاھاننى قوشۇۋالغان. بۇ خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانى شاھ شۇقا تېمۇرگە ئەل بولغاندى. بىراق ئۇنىڭ ئوغلى زەينۇل ئابىدىن ئاتىسىغا ئەگىشىپ تېمۇرگە بويسۇنۇشنى خالىمىدى. ئۇ تېمۇرنىڭ ئەلچىسىنى تۇتۇپ قالدى. تېمۇر ( 1387 - يىلى قىشتا شۇقا ئالەمدىن ئۆتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەمەدان ئارقىلىق ئىسپاھانغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى بۇ

شەھەر خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تىمۇر ۋەزىپىگە قويغان باجگىر ۋە
ماۋرائۇننەھردىن كەلگەن 3000 ئەسكەرنى ئۆلتۈردى . تىمۇرنىڭ غەزىپى
تېشىپ پۈتۈن شەھەردىكىلەرنى قىرىپ تاشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى .
قىرغىن قىلىنغان ئاھالە 70 مىڭغا يەتتى . ئادەم كاللىسى تاغدەك
دۆۋىلىنىپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن تىمۇر ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ
قىپچاق خانى توقتومىش بىلەن ئۇرۇشۇشقا باردى . 1392 ـ
1393 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىرازغا ھۇجۇم قىلىپ مۇزەپپەر خانلىقىنى يوقاتتى .
يىلىغا كەلگەندە ئۇ يەنە پارس بىلەن ئىراققا ھۇجۇم قىلدى .
بۇ شەھەردىكى ئۆلىما ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلەر سەمەرقەنتكە كۆچۈرۈلدى .
1393 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تىمۇر ئىسپاھانغا قايتىپ ئۇ يەردىن غەربكە
يۈرۈش قىلدى . 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا باغدادقا قىستاپ كەلگەندە ، سۇلتان
ئەھمەد مىسىرغا قېچىپ كەتتى . تىمۇر باغدادنى ئىگىلىدى . ئۇ بۇ يەردە
ئۈچ ئاي دەم ئېلىپ يەنە شىمالغا يۈرۈش قىلىپ تىگرىت قەلئەسىنى تىنى
چىتتى .

1394 ـ يىلى تىمۇر بۈيۈك ئەرمىنىيىگە ھۇجۇم قىلدى .

## 3 . قىپچاقلارغا قارشى ئۇرۇش

تىمۇرنىڭ قىپچاق خانلىقىغا قارشى ئۇرۇشىنى دەسلەپكى چاغاتاي
خانلىقىنىڭ قىپچاقلار بىلەن قارشىلىشىشى ۋە ئۇرۇشىنىڭ داۋامى دېيىشكە
بولىدۇ .

چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجى خاننىڭ ئەۋلادلىرى
ھۆكۈمرانلىقىدىكى قىپچاق خانلىقى X IV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەدرىجىي
ھالدا ئىككى دۆلەتكە يەنى غەربتىكى كۆك ئوردا ۋە شەرقتىكى ئاق
ئوردىغا بۆلۈنۈپ كەتتى . بۇنىڭدىن ئىلگىرى پۈتكۈل جۇجى ئۇلۇسى
(قىپچاق خانلىقى ) ئالتۇن ئوردا خاندانلىقى دەپ ئاتىلاتتى . ئەمدى
«ئالتۇن ئوردا » دېگەن سۆز « كۆك ئوردا » دېگەننى ئىپادىلەيدىغان
بولدى . ئاق ئوردىنىڭ زېمىنى ئاساسەن ھازىرقى قازاقىستان يەنى سىر

دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىنىڭ شىمالى، ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئوتلاقلارنى، ئەشىم دەرياسىدىن سارىسۇ دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ يەر يەنە غەربىي سىبىرىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ («قىپچاق خانلىقى ۋە ئۇنىڭ بەربات بولۇشى» رۇسچە، 261 – بەت).

شەرق تەرىپىدىكى ئاق ئوردا رايونى ئەسلىدە جۇجىنىڭ چوڭ ئوغلى ئوردونىڭ سۇيۇرغال يېرى بولۇپ، ئۇنىڭ موڭغۇل ئارمىيىسىدىكى ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇجىنىڭ سول قانات قوشۇنى ئىدى. بىراق XIV ئەسىردىن ئىلگىرى باتۇخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى پۈتكۈل جۇجى ئۇلۇسىدا ئاساسلىق ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇرغاچقا، ئوردو ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بويسۇنغۇچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. تەخمىنەن ساشىبۇقىدىن باشلاپ (1390 - يىلى تەختتە ئولتۇرغان) ئاق ئوردا ئالتۇن ئوردىدىن قۇتۇلۇشقا باشلىدى. بىراق نامدا يەنىلا ئالتۇن ئوردىغا قارام بولدى. ئاق ئوردا خانلىقىنىڭ ۋارىسلىرى ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلەندى. ئاق ئوردا خانلىقىنىڭ پايتەختى سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى سىغناق ئىدى.

ساشىبۇقىدىن ئۇلۇسخانغىچە بولغان ئارىلىقتا (1361 – 1380) ئاق ئوردا خانلىقى تازا كۈچەيدى. ئۇلۇسخاندىن ئىلگىرىكى ئاق ئوردا خانلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز. ئۇلارنىڭ تەختتە ئولتۇرۇش ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ يەردە پەقەت ئۇلۇسخاندىن كېيىنكى تارىخنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتسەكلا كۇپايە.

ئۇلۇسخان چىمتاينىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى بېسىۋېلىشقا دەۋەت قىلغانىدى. لېكىن چىمتاي ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ ئۇلۇسخاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىپ، قۇرۇلتايدا ئالتۇن ئوردىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا چاقىردى. ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئالتۇن ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ ئاستىراخاننى ئىگىلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋولگا دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرىغا

يۇرۇش قىلىپ سارايغا كىرىپ جىرخاننى قوغلاپ چىقاردى. ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ پۇلىنى قۇيدۇردى. ئۇلۇسخاننىڭ مەقسىتى ئالتۇن ئوردىنىڭ زېمىنىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ ئەسلىدىكى جۇجى ئۇلۇسىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدى.

ئۇلۇسخان پۈتۈن كۈچى بىلەن غەربكە قاراپ كېڭىيىپ ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغاندا، شەرقتىن بىر دۈشمەن پەيدا بولدى. مانا بۇ تولى خوجىنىڭ ئوغلى توتومىش ئىدى. تولى خوجا ئۇلۇسخاننىڭ قېرىندىشى بولۇپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا غەربتىن ھۇجۇم قىلىش پىلانىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ئۇ ماڭغىشلاقنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى. توتومىش ئاتىسىدەك قىسمەتكە قالماسلىقى ئۈچۈن 1376 ـ يىلى سەمەرقەنتكە قېچىپ بېرىپ ئۆزىنى تېمۇرنىڭ قوينىغا ئاتتى. توتومىش كېلىپ تەسلىم بولغاندا تېمۇر موغۇلىستاندىكى قەمەردىننى قوغلاپ قوشقارغا كەلگەنىدى. تېمۇر قىپچاقلار ئارىسىدا ئىچكى نىزا تۇغدۇرۇپ ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەم ئۆزىنىڭ ئاق ئوردا ئىچىدىكى تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن توتومىشنى كۈچىنىڭ بارىچە يۆلەشنى قارار قىلدى. خادارا ئارقىلىق سەمەرقەنتكە كەلگەندىن كېيىن بۇ شاھزادىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. كۆپلىگەن ئالتۇن، بايلىق، كىگىز ئۆي، قورال ـ ياراغ، قوي، ئات، كالا، قېچىر، قوشۇن تارتۇق قىلدى ھەمدە ئوترار، سابران (sabran)① ۋە سىغناق قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنى ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشتۇرۇپ ئۇلۇسخانغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلاندى.

توتومىش ئۇلۇسخان ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى قۇتلۇق بۇقا، تۇتۇ بۇقا، تېمۇرمەلىك بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. قۇتلۇق بۇقا گەرچە ئۇرۇشتا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۇتۇ بۇ-

---

① سابران، بىراشىدېر سابران ياكى سائۇران، ئۇ جاي تۈركىستان شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 50 رۇس چاقىرىمى يىراقلىقتىكى پىروۋىسكىغا بارىدىغان رابات يولى ئۈستىدە دەپ قارايدۇ (« ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى » ئىنگلىزچە، 1 ـ توم، 170 ـ بەتتىكى 486 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).

قا، قىپچاق دالىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ تېمۇرنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ ئۇنىڭدىن پاناھ تىلىدى. ئۇلۇسخان تېمۇردىن تۇتۇ بۇقىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تېمۇر بۇنى رەت قىلدى. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. ئۇلۇسخان سىغناقتا تېمۇردىن مەغلۇپ بولۇپ ئوتلاققا قايتىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ خانلىق ئورنىغا توختاقايا ۋە تېمۇر مەلىك ئىلگىرى - كېيىن ۋارىسلىق قىلدى.

تېمۇر مەلىك ناھايىتى ئىقتىدارسىز بولغاچقا، تېمۇر توتومىشنىڭ ئاق ئوردىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشنى قوللىدى. توتومىش بۇ قېتىم غەلىبە قىلدى. ئۇ سىغناق، سابران ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئىگەلەپ ئۆزىنى ئاق ئوردا خانى دەپ جاكارلىدى.

توتومىش ئاق ئوردىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چىققاندا، ئۇنىڭ غەربىدىكى ئالتۇن ئوردىنىڭ ھۆكۈمرانى ماۋانخان رۇسلارنىڭ قارشىلىقىنى بېسىقتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. توتومىش پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 1378 ـ يىلى باھاردا قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئالتۇن ئوردىنى بويسۇندۇرۇشقا باردى. 1380 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ماۋانخان كۇرىكوۋ تۈزلەڭلىكىدە دىمىترى دۇسكوي تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبتىن ھۇجۇم قىلىپ، ھازىرقى ئۇكرائىنانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كىرىمۇس دەرياسىدا ماۋانخاننى مەغلۇپ قىلدى. ماۋانخان قېچىپ قىرىمغا بارغاندا يەرلىكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن بېرى توتومىش ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ زېمىنى ئاق ئوردىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە ئەسلىدىكى جۇجى ئۇلۇسىنىڭ زېمىنىنى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈردى. بۇ زېمىن شەرقتە سىر دەرياسىدىن تارتىپ غەربتە دىنىست دەرياسىغىچە بولغان جاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاستراخان، بۇلغار، شىمالىي كافكاز ۋە قىرىم ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىردى. بۇ ۋاقىتتا پەقەت خارەزىملا تېمۇرگە قارايتتى.

توتومىش ماۋاننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، 1381 ـ يىلى ھەر-

قايسى ئورۇس كىنەزلىرىدىن بېيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى . كۇرىكوۋدىكى غەلىبىدىن ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان ئورۇسلار بۇ تەلەپنى رەت قىلدى . توختومىش ئەسكەر باشلاپ ئورۇسلارنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە جازا يۈرۈشى قىلدى . 1382 ـ يىلى موسكۋانى مۇ- ھاسىرىگە ئېلىپ بۇ شەھەرنى ۋەيران قىلدى . دىمىترى دوسكوي تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى . ئۇ يەنە بۇرتوۋدا لىتۋىيىلىكلەرنى مەغلۇپ قىل- دى . شۇنىڭدىن بېرى ئورۇسلار بىر ئەسىر موغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى .

توتومىش ئەسلىدىكى جۇجى ئۇلۇسىنىڭ بىپايان زېمىنىنى تامامەن بويسۇندۇرۇپ ئىككىنچى باتۇخانغا ئوخشاپ قالدى . شۇڭا ئۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ شەپقەتچىسى تېمۇرگە بويسۇنمىدى . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، بۇ موڭغۇل خانىنىڭ كۈچى زورىيىپلا قالماي ، بەلكى (ئاساسلىقى ) ئۇ ئۆزى چىڭگىزخانىنىڭ ئەۋلادى سۈپىتىدە تۆۋەن تەبىقە- دىن كېلىپ چىققان ئاسىي تېمۇرنى چىن كۆڭلىدىن كۆزگە ئىلمايتتى ، تېمۇرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ساختىلىقىنى موڭغۇل ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ھاقارەتلىگەنلىك دەپ قارىدى . شۇڭا ئۇنى كۆپ قېتىم قوللىغان ، قوغدىغان شەپقەتچى تېمۇر بىردىنلا رەقىبىگە ئايلىنىپ قالدى . ئۇنىڭ ماۋرائۇننەھر، خارەزىم ، ئىراق قاتارلىق جايلارغا قىلغان بىرقانچە قېتىملىق يۈرۈشلىرى تېمۇرگە قاتتىق تەھدىت بولدى .

توتومىشنىڭ تېمۇرگە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئۇرۇش ئېلان قىلىشى — ئۇنىڭ ماۋانىنى قوغلاپ چىقىرىپ ۋە موسكۋانى ۋەيران قىلغاندىن كېيىن 1383 ـ يىلى خارەزىمدە ئۆزىنىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرغانلىقى بولدى . يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى ، 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تېمۇر خارەزىمنى بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇنىڭ بىرنەچچە قېتىم ئۇ يەردىكى سوپىلار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشى ، ئىلگىرى ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا تەۋە بولغان بۇ رايوننى ئۆزىگە قوشۇۋې- لىش ئىدى . ھازىر بولسا توتومىش خارەزىمنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتىنى قوللاندى . تېمۇر ئەلۋەتتە بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايتتى . بىراق ئۇ شۇ چاغدا

ئىراندىكى ئۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا دەرھال ئىنكاس قايتۇرمىدى.

يەنە بىر توقۇنۇش پارتلايدىغان جاي ئەزەربەيجان ئىدى. خۇددى XIII ئەسىردە بۇ رايون ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن ئىلىك خانلىقىنىڭ تالىشىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشلار پەيدا بولغىنىدەك، ئەمدىلىكتە بۇ رايون تېمۇر بىلەن توتومىش تالىشىدىغان جاي بولۇپ قالدى. توتومىشتىن ئىلگىرى ئالتۇن ئوردا خانى جانىبەكخان (1340 — 1357) 1355 - يىلى قوشۇن باشلاپ ئەزەربەيجانغا بېسىپ كىرگەنىدى. ئۇنىڭ خانى ئەشرەپنى ئۆلتۈرۈپ بۇ يەرنى يۇتۇۋالماقچى بولغان. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. بۇ چاغدا باغدادتىكى جالايىرلارنىڭ ھۆكۈمرانى ھەسەننىڭ ئوغلى ئۇۋەيس پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرققە بېسىپ كىرىپ ئەزەربەيجاننى ئىگىلەپ، غەربىي ئىراندىكى جالايىر خانلىقىنى تىكلەپ تەبرىزنى پايتەخت قىلدى. 1385 - يىلى جالايىر خانلىقى تېمۇر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. بىراق توتومىش شۇ ۋاقىتتا تەبرىزگە بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. تېمۇر بىلەن توتومىش ئەزەربەيجاننى تالىشىش ئۈچۈن ئۆزئارا يول قويۇشمىدى. توتومىش مىسىردىن ياردەم سورىدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئاخىر ئۇرۇش پارتلىدى. توتومىش تېمۇرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مىران شاھ تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، دارباندىن جەنۇبىي روسىيە ياپيلىقىغا چېكىندى.

شۇ يىلى (1387 - يىلى) توتومىش تېمۇرنىڭ ئىراندا ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقى، ماۋرائۇننەھرنىڭ بوش قالغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ سىغناق ئارقىلىق تېمۇرنىڭ چېگرا قەلئەسى سابرانغا ھۇجۇم قىلدى. تېمۇرنىڭ ئوغلى ئۆمەر شاھ ئەنجاندىن ئوترارغا ھۇجۇمغا ئاتلاندى ۋە مەغلۇپ بولدى. توتومىش ئۇدۇل بېسىپ كىرىپ يول بويى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئامۇ دەرياسىغىچە باردى. بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىقتا خارەزىم سوپى خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى سۇلايمان توتومىشنى قوللىدى. بۇ چاغدا ئىراندىكى شىرازدا تۇرۇۋاتقان تېمۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تېزدىن قايتىپ بېرىپ خارەزىمگە ھۇجۇم قىلىپ (1388 - يىلى 2 - ئاي)، باشقا

جايلارنى بېسقتۇردى. بۇ چاغدا توختامىش تېمۇرنى ساقلىماي ئاق ئوردا يايلىقىغا كەتتى.

1388 – يىلىنىڭ ئاخىرى توختامىش تۈرك، موڭغۇل، رۇسلار، بۇلغارلار، چىركەسلەر، ئالانلار، باشقىرتلار ھەتتا قىرىملىقلاردىن تەشكىللەنگەن زور قوشۇن تۈپلاپ ماۋرائۇننەھرگە قايتا ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىم ئۇ ئەگىپ ئۆتۈپ شەرقتىكى خوجەنتكە كەلدى. تېمۇر قىشنىڭ قاتتىق قار – بورانلىرىغا قارىماي قوشۇن باشلاپ چىقتى. 1389 – يىلى 1 – ئايدا دۈشمەننى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغا قوغلىۋەتتى. ھالبۇكى توختامىش سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ شىمالىنى بازا قىلىپ سابىران، ياش (تۈركىستان) قاتارلىق شەھەرلەرنى بۇلاڭ – تالاڭ قىلدى. تېمۇر دەريادىن ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلار يايلاققا چېكىنىپ بولغانىدى. ماۋرائۇننەھردىكى ئاپەتنى يوقىتىش، غەربىي ئاسىياغا ھۇجۇم قىلغاندا خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن تېمۇر ئاق ئوردا يايلىقىنى بېسقتۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە 1390 – يىلى تەييارلىققا كىرىشتى.

تېمۇرنىڭ قوشۇنى 1390 – 1391 يىلى قىشتا توختامىشقا قارشى يۈرۈش قىلدى. ئۇ سەمەرقەنتتىن يولغا چىقىپ، سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ تاشكەنتكە كېلىپ قىشلىدى. 1391 – يىلى 1 – ئاينىڭ 22 – كۈنى تېمۇر تاشكەنتتىن ئايرىلىپ ئوترارغا بېسىپ كىردى. خاراسمەن دېگەن يەردە توختامىشنىڭ تۇۋا قىلىپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. توختامىش ئۇنىڭغا ئارغىماق ۋە بۈركۈت سوۋغا قىلدى. تېمۇر توختامىشقا ئىشەنمىدى. ئۇ جاۋاب خېتىدە توختامىشنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ تىنچلىق سۈلھىسىنى رەت قىلدى.

2 – ئاينىڭ ئاخىرىدا تېمۇرنىڭ قوشۇنى ياشتىن يولغا چىقىپ غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. سارىسۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، ئۇلۇغ تاغ (بۇ تاغ سارىسۇ ئويمانلىقى بىلەن تورغاي ئويمانلىقىنى ئىككىگە ئايرىيدۇ) ئارقىلىق 4 – ئاينىڭ ئاخىرىدا چېچەكتاغقا يېتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا يەنە ئۇلۇغتاغقا باردى. بۇ چاغ دەل باھار پەسلى بولۇپ پۈتۈن تەبىئەت يېشىللانغان، تاغقا چىقىپ نەزەر سالسا پايانسىز

كەتكەن ئوتلاق، چەكسىز ئاسمان كۆرۈنەتتى. دۈشمەننىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. نىزامىددىن سامىنىڭ «زەپەرنامىسى» دە ئېيتىلىشىچە، ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ۋە قوشۇنىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش داۋامىدا بېسىپ ئۆتكەن جايلاردىكى ئىش - ئىزلىرىنى چوڭ تاشلارغا ئويدۇردى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە قازاقىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئالتۇن چوقا تېغىدىكى قارساق كان مەيدانىدا مۇشۇ خاتىرە يېزىلغان تاشلار تېپىلىپ يۇقىرىقى مەلۇماتنى ئىسپاتلىدى. ئابىدىگە ئىككى خىل يېزىقتا خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۈستىدە ئۈچ قۇر ئەرەبچە خەت، تۆۋەندە سەككىز قۇر چاغاتاي يېزىقى بار. ئۇنىڭدا 1391 - يىلىدىكى توتومىشقا قارشى يۈرۈش سۆزلەنگەن، ئۇ خەتتە تېمۇر ئۆزىنى تۇران سۇلتانى دەپ ئاتىغان. ئۇ خەتتە يەنە تېمۇرنىڭ 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بارلىقى، يىراققا يۈرۈش قىلىشتىكى مەقسەت توتومىشنى جازالاش ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئۇلار تاشقا خەت ئويۇپ بولغاندىن كېيىن ئالغا ئىلگىرىلەپ، جىلانجۇق دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئاناقاراقۇيۇن (ھازىرقى قازاقىستان تەۋەسىدە) غا باردى. بۇ يەردە ئاشلىق كەمچىل، مال قىممەت ئىدى. تېمۇرنىڭ قوشۇنى بۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ئوزۇقلاندى. 1391-يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئالدىن يۈرەر قىسىملار غەربىي سىبىرىيەدىكى توبۇل دەرياسىغا بېرىپمۇ دۈشمەننىڭ قارىسىنى كۆرەلمىدى. تېمۇر توبۇل دەرياسىدىن ئۆتۈپ شىمالغا يۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى، يەنىلا دۈشمەننىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. كېيىن توتومىشنىڭ ئورال تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىك خەۋىرى كەلدى. تېمۇر قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. ئورسكىيدا ئورال دەرياسىدىن ئۆتۈپ ساكماراغا يېتىپ باردى. توتومىشنىڭ قوشۇنى ئورنبورگ قەلئەسىنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. 1391 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېمۇر ئۇنىڭ بىلەن قۇندۇرچاق دەرياسى جىلغىسىدا (ھازىرقى كۇيبىشېۋ رايونى) جەڭ قىلدى. توتومىش ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. تېمۇر كۆپ مىقداردا ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئاندىن ئورال دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئاقتىكبىنسكى رايونى ئارقىلىق سابران، ئورگەنچلەردىن ئۆتۈپ سەمەر-

قەنتكە قايتتى . بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشكە جەمئىي 11 ئاي سەرپ قىلىندى . تېمۇرنىڭ قوشۇنى ئىچىدە توختامىشنىڭ بىرقانچە دۈشمەنلىرى بار ئىدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلۇسخانىنىڭ نەۋرىسى تېمۇر قۇتلۇق ، خان جەمەتىدىن كۆنچى ئوغلان ۋە ئەمىر ئىدىقۇت قاتارلىقلار بار ئىدى . ئۇلار ئەسلىدە توختامىشنىڭ دۈشمىنى بولغاچقا تېمۇرگە يۆلەنگەنىدى . تېمۇر زەپەر قۇچۇپ قايتقاندا ئالتۇن ئوردا رايونىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى . بىراق ، تېمۇر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن توختامىش ئالتۇن ئوردىدىكى ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى . ئۇ 1393 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تانا ( ئازوف ) پولشا پادىشاھى ياگېروغا يازغان خېتىنى دۆلەت پادىشاھى سالاھىيىتى ۋە تەلەپپۇزى بىلەن يازغانىدى . ياگېرو لىتۋاكىنەزى ۋىتوردىنىڭ ئىنىسى بولۇپ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا زېمىن تالىشىش تۈگىمىگەنىدى . توختامىش پولشىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ھەم ئۇنى ئۆزىگە قاراشلىق دەپ قاراپ ئۇنىڭغا تارتۇق بەردى .

توختامىش تېمۇر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشۇش ئۈچۈن 1394 ـ ۋە 1395 ـ يىللىرى يەنە مىسىردىكى مامۇلۇك سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى بارقۇق بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى . دەم ئېلىپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ، دەريانىڭ جەنۇبىدىكى شىرۋان ئۆلكىسى ( كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا ، كاۋكاز تېغىنىڭ شەرقىي ئۇچىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ، ھازىرقى ئەزەربەيجاننىڭ شەرقىي شىمالىدا ) گە ھۇجۇم باشلىدى . شۇ چاغدا بۇ ئۆلكە تېمۇرگە قارايتتى .

تېمۇر توختامىشنىڭ ھەرىكىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن 1395 ـ يىلى 2 ـ ئايدا داربانغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى . مەزكۇر تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چېلەك دەرياسى جىلغىسىدا جەڭگە چۈشتى . توختامىش مەغلۇپ بولۇپ قازان رايونىدىكى بۇلغارغا قېچىپ باردى . تېمۇر غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ دوناي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى يېرىز شەھىرىگە ( ئومۇرنىڭ شەرقىدىن 100 ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى سوسنا دەريا ۋادىسىدا ) باردى . ئاندىن قايرىلىپ جەنۇبقا مېڭىپ ، ئەينى چاغدىكى سودا مەركىزى تانا ( ئازوف ) غا

كىردى. 1395 ــ 1396 ـ يىلى قىشتا تىمۇر ۋولگا دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا هۇجۇم قىلىپ ئاستراخان ۋە ئالتۇن ئوردا خاندانلىقىنىڭ پايتەختى سارايىنى ۋەيران قىلدى. 1396 ـ يىلى باهاردا يەنە دارباندىن ئۆتۈپ ئىرانغا قايتتى. بۇ قېتىم تىمۇر قىپچاقلارغا يۈرۈش قىلىپ توتومىشقا ئېغىر زەربە بېرىپلا قالماي، ئۇنى بىر هۇجۇم بىلەنلا تۈگەشتۈرۈۋەتتى هەمدە تانا، ساراي، ئاستراخان قاتارلىق ياۋروپا بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى باغلاپ تۇرىدىغان سودا بازارلىرىنى ۋەيران قىلىپ خەلقئارا سودا يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

توتومىش كېيىن تىمۇر قۇتلۇق قاتارلىقلار بىلەن خانلىق ئورنىنى تالىشىش كۈرىشىگە قاتنىشىپ بىرنەچچە قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىر سەرگەردان بولۇپ كەتتى. 1405 ـ يىلى 1 ـ ئايدا توتومىشنىڭ ئەلچىسى ئۆزگەنچكە كېلىپ تىمۇردىن توتومىشنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى. تىمۇر جۇڭگوغا يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئويلىشىپ بېقىشقا ماقۇل بولدى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي توتومىش ئالەمدىن ئۆتتى. روسىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇ 1406 ـ يىلى چۇمىن ئەتراپىدا سادىق خان (1400 ــ 1407) بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ئالەمدىن ئۆتكەن دەپ يېزىلغان. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇ قېرىپ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى دېيىلگەن.

## 4. هىندىستانغا بېسىپ كىرىش

تىمۇر ئىراننى ئىستىلا قىلىپ ۋە توتومىشنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، چىڭگىزخاندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن موڭغۇل خانلىرىغا ئوخشاش جەنۇبتىكى هىندىستانغا بېسىپ كىردى. بۇ چاغدا پۈتكۈل هىندىستانغا هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دېھلى سۇلتانلىقى پارچىلىنىشقا باشلىغان، هەرقايسى ئۆلكىلەردىكى كىنەزلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سۇلتاندىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇپ، باهمان، بېنگال، گوجرات قاتارلىق دۆلەتلەر پەيدا بولغانىدى. هەتتا دېھلىدىمۇ دائىم تالاش ـ تارتىش ۋە هەرقايسى گۇرۇهلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشلار بولۇپ تۇردى. دېھلىدىكى

مامۇت شاھ II ( 1392 — 1412 ) ناھايىتى ئىقتىدارسىز پادىشاھ بولۇپ، ۋەزىرى مارۇ ئىقبالنىڭ كۆرسەتمىسىسىز ھېچ ئىش قىلالمايتتى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا تېمۇر نەۋرىسى پىرمەھمۇد باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلدى، ھىندى دەرياسىدىن ئۆتۈپ مۇلتانغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېمۇر ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ ھىندى دەرياسىدىن ئۆتتى. ئىككى قوشۇن سۇتىرىج دەرياسى بويىدا ئۇچرىشىپ دېھلىغا يۈرۈش قىلدى. يول بويى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېمۇر دېھلى سۇلتانى مەھمۇد شاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرى مارۇ ئىقبال قوماندانلىقىدىكى قوشۇن بىلەن جۇمنا دەرياسى بويىدا جەڭ قىلدى. تېمۇرنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى ھىندىستاننىڭ جەڭ پىللىرىنى مەغلۇپ قىلدى. مەھمۇد شاھ گۇجراتقا قېچىپ كەتتى. دېھلى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىپ، ئاھالە قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. تارىختىكى دېھلى سۇلتانلىرى 200 يىلدىن بېرى توپلىغان زور مىقداردىكى بايلىق، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار تېمۇرنىڭ قولىغا چۈشۈپ ماۋرائۇننەھرگە ئۈزلۈكسىز توشۇلدى. نۇرغۇن خەلق ئۆلتۈرۈلدى. شەھەرنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئادەم كاللىسىدىن تۆت مۇنار ياسالدى. پەقەت ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرلا قالدۇرۇلۇپ سەمەرقەنتكە ئەۋەتىلدى.

1399 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېمۇر دېھلىدىن قايتىشىدا يول ئۈستىدە كەشمىرنىڭ ئىسلام پادىشاھى ئىسكەندەر شاھنىڭ تەسلىمنامىسىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلمىدى. شىمالدا كابۇل جىلغىسىغا كىردى. ھىندىقۇش تېغىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا — ماۋرائۇننەھرگە قايتتى. مەھمۇد شاھ دېھلىغا قايتىپ 1414 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. تېمۇر تەرىپىدىن دېھلىنىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەنگەن خىزىرخان ئۆزىنى مۇستەقىل خان دەپ ئاتىدى.

### 5 . غەربىي ئاسىيادىكى غەلبە

غەربىي ئاسىيادا ئىككى كۈچلۈك دۆلەت بار بولۇپ، بىرى، شىما-

لىي ئافرىقىدىكى مىسىرنى مەركەز قىلغان ماملۇك ئىمپېرىيىسى، يەنە بىرى كىچىك ئاسىيانى مەركەز قىلغان ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىدى. ماملۇك ئىمپېرىيىسىنى جەنۇبىي روسىيە، كافكاز قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن تۈرك قۇللار قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى شىمالىي ئافرىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، سۈرىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. IV ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، بۇ خاندانلىق ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتقان X ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ زەربىسىدە مۇقىم بولماي قالدى. ماملۇك سۇلتانى بارقۇق (1382 ـــ 1399) 1393 ـ يىلى تېمۇرنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ باغداد سۇلتانى ئەخمەد جالايىرنى ئۆزىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە پاناھلىنىشقا نەچچە قېتىم يول قويدى. بارقۇق بىرنەچچە قېتىم توتومىش بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇنىڭ ئوغلى پاراج (1399 ـــ 1412) سۇلتان تەختىنە ئولتۇرغان چاغدا تېمۇرنى خوجايىن دەپ ئاتاشنى رەت قىلدى. بۇ بىر قاتار تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تېمۇر ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماملۇكقا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. بۇ چاغدا تېمۇر ئەخمەد جالايىرنىڭ مىسىردا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاراقوي خانلىقىنىڭ ياردىمى بىلەن قايتىدىن باغدادقا كىردى ۋە مىران شاھنىڭ بىخودلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئەزەربەيجانغا بېسىپ كىردى. تېمۇر سەمەر-قەنتتىن مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى. ئەخمەد باغداد شەھەر ئاھالىسىدىكى تېمورنى قوغدىغۇچىلارنى كۆپلەپ ئۆلتۈردى. شۇ-نىڭ بىلەن شەھەردىكىلەرنىڭ قوزغىلىڭى پارتلاپ، ئەخمەد قوغلاپ چىقىرىلدى، ئۇ قارا قوي خانلىقىنىڭ سەردارى خەللا يۈسۈپكە تەسلىم بولدى. كېيىن يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئوسمان سۇلتانى بەيياز I نىڭ ھۇزۇرىغا قېچىپ باردى. تېمۇر قوشۇن باشلاپ ئۇلارنى جازالاشقا ئاتلاندى. ئاۋۋال شىۋاسنى ئېلىپ، ئاندىن 1400 ـ يىلى 10 ـ ئايدا غازاتتىپ ئارقىلىق جەنۇبتا سۈرىيىگە ھۇجۇم قىلدى. ئالېپپو، خاما، ھو-مۇس، بالبىق ھەتتا دەمەشققىچە ھۇجۇم باشلىدى. شۇ چاغدا دەمەشقتىكى سۇلتان پاراج 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېمۇر قوشۇنىغا ھۇ-جۇم قىلىپ مەغلۇپ بولدى ۋە مىسىرغا چېكىنىپ كەتتى. تېمۇر دەمەشقنى

ئىگىلىدى. 1401 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېمۇر دەمەشقتىن ئايرىلغاندا، بۇ شەھەردىكى قول ھۈنەرۋەن ئىشچىلىرىنى مەسىلەن، توقۇمىچىلار،قورال ۋە ساۋۇت ياسىغۇچى ئىشچىلار، ئەينەك ياسىغۇچى ئىشچىلار، چىنە ياسىغۇچى ئىشچىلار ھەممە نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالار، ئالىملار (ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر تارىخشۇناس ئىبن ئەرەبشاھ قاتارلىقلار بار) نى ئېلىپ قايتتى. تېمۇر شەرققە قايتىش سەپىرىدە باغداد، تەبرىزلەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە شامدا دەم ئالدى.

ئەمدى تېمۇرگە نىسبەتەن بىردىنبىر ئېشىپ قالغان رەقىبى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى بەيياز بولۇپ قالدى. بۇ خاندانلىق ئوسمان ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلىغاندىن باشلاپ (1282 ـــ 1326) رۇم سۇلتانىغا بېقىنماي مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىغان 100 يىل ئىچىدە كىچىك ئاسىيانى ئىگىلەپلا قالماي، بەلكى بالقان رايونىغىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. بەيياز دەۋرىگە كەلگەندە بۇ خاندانلىقنىڭ كۈچى زورىيىپ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بەيياز ھەتتا تېمۇرگە قاراشلىق ئەجنچەن ۋە ئېرزۇلۇمنى تارتىۋالماقچى بولدى. ئۇ يەنە تېمۇرنىڭ قاچاق دۈشمىنى خەلىلا يۇسۇپنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىككى جايدىكى ئەمىرلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشىنى قوللىدى. تېمۇر سۇرىيىگە ھۇجۇم قىلغاندا شۇ سىنى ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن دەرھال بەيياز بىلەن تۇتۇشمىدى. تېمۇر دەمەشقتىن قايتىپ كېلىپ باغدادنى ئالغاندىن كېيىن، 1402 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. ئۇ كىسىل ئارقىلىق بەييازنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئەنقەرەگە باردى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى 1402 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەنقەرەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جۇبۇق (يىسپقاد دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تا تۇتۇشتى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكىرى 1 مىليون ئەتراپىدا ئىكەن. جەڭ ئىنتايىن كەسكىن ئېلىپ بېرىلىپ، ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە داۋاملاشقان. بەيياز پۈتۈن كۈن قاتتىق جەڭ قىلىپ، كەچ كىرگەندە مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ چېكىنىش قارارىغا كەلگەن. بىراق، ئاتلىرى ھېرىپ كەتكەچكە ئوغلى بىلەن بىرلىكتە ئەسىرگە چۈشكەن. تېمۇر بۇ

ئوسمان پادىشاھىغا ناھايىتى ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، بەيياز. قىيچىپ كېتەلمىگەنلىكىدىن قاتتىق ئۆيىلىپ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قال. غان. ئۇ 1403 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاقشەھەردە ئالەمدىن ئۆتتى. كىچىك ئاسىيانىڭ بىپايان زېمىنى شۇنىڭدىن كېيىن تېمۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى.

## 5 ـ بۆلۈم تېمۇرنىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشىنىڭ تەسىرى ۋە كىراۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىشى

تېمۇر ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇنى چاك ـ چېكىدىن غۇلىتىۋەتتى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئالدى بىلەن ئۇ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنى تۈركلەر تەرىپىدىن دەرھال يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن خەتەرلىك تەقدىردىن ساقلاپ قالدى ھەمدە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ياۋروپاغا بولغان ئېغىر تەھدىتىنى ۋاقىتنچە توخ. تاتتى. شۇڭا ياۋروپالىقلار، تېمۇر بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن غەيرىي ئىسلام مۇرتىلىرىغا قارشى غازات ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقان بول. سىمۇ، ئۇنىڭ غەلىبىسىنى ناھايىتى قىزغىن تەبرىكلىگەنىدى. ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆزئۆزىدىن بېرى تېمۇرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەنىدى. تېمۇرمۇ غەرب دۆلەتلىرى بىلەن سودا ئالاقىسىنى يولغا قويۇشقانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. تېمۇرنىڭ كىچىك ئاسىيانى ئىگىلىشى، ئۇنى ياۋروپا ۋە ئافرىقا بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش ۋە ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. مەسىلەن، تېمۇر ئىزمىرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن قارشى تە. رەپتىكى كېيىس ئاربىلىدىكى گېنويا سودىگەرلىرى ئۇنىڭغا ئەل بولۇپ، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شەرقىي رىمنىڭ نائىب خانى يوھان VII مۇ ئەلچى ئەۋەتىپ مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئۆتۈن. گەن. شۇ ۋاقىتتا تېمۇر ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى IV كە مەكتۇپ يوللاپ ئەركىن سودىغا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. بۇ مەكتۇپلار-

نىڭ ھەممىسى ساقلىنىپ قالغان. تېمۇرنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتتە ھەتتا گېرمانىيىلىك يوھان فىرتوباخ مۇھىم خىزمەتكە قويۇلغانىدى. (ھېنرى يۇلى «قەدىمكى جۇڭگو ھەققىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم»، ئىنگلىزچە 174 ـ بەت) دا: مىسىر سۇلتانىمۇ تېمۇرنىڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق ھەدىيە قىلغانىدى، دەپ يازغان.

ئۇ چاغدا ئىسپانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان كاستىر خانلىقىنىڭ خانى ھېنرى Ⅲ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ئىسپانىيىنىڭ شۆھرىتىنى كېڭەيتىش ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئىتتىپاقچى تېپىش ئۈچۈن شەرققە ئەلچى ئەۋەتكەن. 1402 ـ يىلىدىكى ئەنقەرە ئۇرۇشىدا ھېنرى Ⅲ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پېتا شتېموير (佩兑·绪托莫约) بىلەن ھايمان سېتۇئان پونۇرۇس (海曼·三色都·佩罗宾陆斯) ئىسىملىك ئىككى ئەلچى تېمۇرنىڭ قارارگاھىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن. تېمۇر ئۇلارغا نۇرغۇن سوۋغا ئىنئام قىلىپ ياخشى كۈتكەن. بۇ ئىككى ئەلچى دۆلىتىگە قايتقاندا، ئىسپانىيە بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئۈچۈن پادىشاھ ھېنرى Ⅲ گە ھەدىيە قىلىنغان تۈرلۈك سوۋ-غىلارنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ قايتقان. ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئەنقەرەدىن غەلىبە بىلەن قايتىشتىن ئىلگىرى تېمۇر يەنە ھاجى مۇھەممەتنى مەخسۇس ئەلچى قىلىپ تەيىنلەپ، دۆلەت مەكتۇپى ۋە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئىسپانىيىگە ئەۋەتكەن. سوۋغىلار ئىچىدە ھەرخىل ئۈنچە ـ مەرۋايىتتىن سىرت يەنە ئەنقەرە ئۇرۇشىدا تۈركىيە تەرەپتىن قولغا چۈش-كەن ساھىبجامال ئىككى قىز بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى، ۋېنگرىيە خان جەمەتىدىن بولغان مارىيا، يەنە بىرى، گرېتسىيىلىك قىز ئانگىلىينا ئىدى. ھېنرى Ⅲ بۇ قىممەتلىك سوۋغىلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ ناھايىتى خۇشال بولغان ھەمدە ئۇمۇ 1403 ـ يىلى بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تېمۇرنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، دىپلوماتىك ئالاقىنى كۈچەيتىپ دوستلۇقنى مۇستەھكەملىگەن.

بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى لۇ .گافزىلمېزدا كىراۋىيو، مىسسىيونېرئاروفان

پىس ۋە ياساۋۇل گېموس ساروز قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار تېمۇرنىڭ ئەلچىسى ھاجى مۇھەممەت بىلەن بىرلىكتە يولغا چىققان. ئۇلار ئەسلىدە قارا باختنا تېمۇر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن كونىستانتىنوپولدا بەش ئايدىن ئارتۇقراق تۇرۇپ قالغاچقا، ترابىنسۇنغا قايتىپ كەلگەندە تېمۇرنىڭ ئالىلقاچان ئۆز پايتەختىگە قايتىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان. كىراۋىيو قاتارلىقلار يەنىلا سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇرمىيە كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن ئىران چېگرىسى ئىچىگە كىرگەن. ئۇلار سەپەر جەريانىدا مىسىر سۇلتانىنىڭ تېمۇرنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەن مەخسۇس ئەلچىسى بىلەن ئۇچراشقان. ئىككى دۆلەتنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى بىرلىكتە سەمەرقەنتكە يېتىپ كەلگەن.

كىراۋىيو ئۆزىنىڭ ئەلچىلىككە بېرىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ھەم تېمۇرنىڭ پايتەختى سەمەرقەنت ھەققىدە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «كىراۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسەر بۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم تېمۇر ئىمپېرىيىسى ھەققىدىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 6- بۆلۈم تېمۇرنىڭ جۇڭگودىكى مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

تېمۇر جۇڭگودىكى يۈەن سۇلالىسى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئورنىن ئالمىشىۋاتقان ۋاقىتتا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ چاغدا جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرى ۋە چېگرا رايونلار ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادا يەرلىك مۇشتۇمزورلار بۆلۈنمىچىلىك قىلىپ توختىماي ئۇرۇشۇۋەرگەچكە، خەلق ناھايىتى ئېغىر كۈنگە قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىياسىي، مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە سودا مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پادىشاھى بولغان تېمۇر ھەرجەھەتتىن ئىستېلا ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتىمۇ جۇڭگودىكى مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە قىلىپ

تۇرغان . بۇنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ـ سودا مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا ئايرىپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ .

سىياسىي مۇناسىۋەت جەھەتتە : تېمۇر ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرىنى نۇرغۇن قېتىم مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتتى . خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە بولسا بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى تارتۇق بېگى دەپ ئاتالغان . « مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى » ( خۇڭۋۇنىڭ ئوردا خاتىرىسى ) دە خاتىرىلىنىشىچە ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تارتۇق تاپشۇرغىلى كەلگەن تېمۇرنىڭ ئەلچىلىرى : خۇڭۋۇنىڭ20 ـ يىلى ( 1387 ـ يىلى ۋە 22 ـ يىلىدىكى ( 1389 ـ يىلى ) ھاپىز ، 21 ـ يىلىدىكى ( 1388 ـ يىلى ) دا مۇددىن ، 24 ـ يىلىدىكى ( 1391 ـ يىلى ) شىقال ، 25 ـ يىلىدىكى ( 1392 ـ يىلى ) نەجمىدىن ، 27 ـ يىلىدىكى ( 1394 ـ يىلى ) ۋە 28 ـ يىلىدىكى (1395 ـ يىلى ) شىلمىش ، 29 ـ يىلىدىكى ( 1296 ـ يىلى ) ھېسامىدىن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى . بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى مىڭ سۇلالىسىگە ئات ۋە تۆگە سوۋغا قىلغان بولسا ، مىڭ سۇلالىسى ئۇلارغا كۈمۈش ، گۈللۈك دارايى ۋە يامبۇ سوۋغا قىلغانىدى . بۇ ئەلچىلەرنىڭ ئىچىدە خۇڭۋۇنىڭ 27 ـ يىلى ئوردىغا كەلگەن شىلمىش تېمۇرنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن بىر پارچە مەكتۇپىنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا : « بۈگۈنكى مىڭ ( مىڭ سۇلالىسى )يىراقتىكى بىر دۆلەت ، سودىگەرلەر جۇڭگوغا بېرىپ تۇرىدۇ . ئەلچىلەر شەھىرىڭىزلەرنى ساياھەت قىلىدۇ . . . ھەممە مەكتۇپىمىز بىلەن سىلەردىن ھال سورايمىز . ئەلچىلەرنى ئۆزئارا ئەۋەتىشىپ تۇرايلى ، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇپ ، يىراقتىكى دۆلەتلەر ئارا بېرىش ـ كېلىشنى قويۇقلاشتۇرايلى » ① دېيىلگەنىدى . بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، ئەينى ۋاقىتتا تېمۇرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ۋە خۇشاللىق ھېس قىلىدىغىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغىچە سوزۇلغان يول بويىدىكى بېكەت ـ ئۆتەڭلەرنى ، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇپ سودىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىش ئىدى . چۈنكى تېمۇرنىڭ دۆلىتىمۇ شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل سودىدىن پايدىغا ئېرىشەتتى .

① « مىڭ تەيزۇنىڭ خۇڭۋۇ يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » 234 ـ جىلد .

خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ نۇرغۇن سودىگەرلەرنىڭ پائالىيىتى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ سودىگەرلەر يالغاندىن تارتۇق بېگى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى. مەسىلەن، «خۇڭۋۇنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «خۇڭۋۇنىڭ 23 ـ يىلى ( 1390 ـ يىلى ) باھاردا، بىرىنچى ئايدا سەمەرقەنتلىك ئۇيغۇر شۇكۇرئەلى قاتارلىقلار 670 ئاتنى جىگجۇ شەھىرىگە ئەكىلىپ ساتقان. تۇرغاق سانغۇن بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، شۇكۇرئەلى قاتارلىقلارنى پايتەختكە چاقىرتىپ كېلىپ بازار ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن» (199 ـ جىلد). مىڭ سۇلالىسى شىمال تەرەپتە تاتارلارغا يۈرۈش قىلغاندا، بورقايغىچە بېرىپ، ئۇ يەردىن بىرنەچچە يۈز سەمەرقەنتلىك سودىگەرنى ئەسىر ئېلىپ قايتقانىدى. بۇنىڭدىنمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگودىكى سودا قىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا، بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدىكى بەشبالىق دۆلىتى ( شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقى ) بەزىدە شەرق بىلەن غەرب سودىسىدا بىرخىل توسقۇنلۇق رول ئوينىغانىدى. «مىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىسى»: خۇڭۋۇ 30 ـ يىلى ( يەنى مىلادى 1397-يىلى ) «ئەتىياز، 1 ـ ئاينىڭ دىڭچيۇ كۈنى بەشبالىق خانى قېدىر خوجىنىڭ قېشىغا ئەلچى ئەۋەتىلدى. ئىلگىرى ئاساسلىق ئىش بېجىرگۈچى كۇەن چىيې قاتارلىقلار قومۇل، بېشبالىق ۋە سەمەرقەنتكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەنىدى. كۇەن چىيې بېشبالىققا بارغاندا ئۇنى قېدىر خوجا تۇتۇپ قېلىپ، مۇئاۋىن ئەلچى ئىككى ئادەمنى قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دەستىگاھ تۇتقۇزۇپ ئەلچى ماگدۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەن تەختكە چىققىلى 30 يىل بولدى، غەربتىكى ھەرقايسى ئەل سودىگەرلىرى ئېلىمىزگە سودا قىلغىلى كەلسە چېگرىدىكى ئەمەلدارلار زادىلا توسقۇنلۇق قىلمىدى. مەن ئەمەلدار ـ پۇقرالىرىمغا باشقا يەرلىك سودىگەرلەرگە زورلۇق قىلماسلىقنى، ئۇلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلماسلىقنى قايتا ـ قايتا جېكىلەپ تۇردۇم. شۇڭا ھەرقايسى ئەل سودىگەرلىرى نۇرغۇن نەپكە ئېرىشتى، ئېلىمىز دائىرىسىدە دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمىدى، ئېلىمىز

ئۇلارغا نۇرغۇن ئېتىبار قىلدى. بۇرۇن سەمەرقەنتلىك سودىگەرلەر موڭ-
غۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى چاغدا بىز شىمال تەرەپلەرگە جازا يۈرۈشى
قىلىپ پايتەختكە قايتىپ كەلگەنىدۇق، مەن ئۇلارغا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە
ئولتۇراقلىشىپ سودا قىلىشنى بۇيرۇغانىدىم. كېيىن سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ
ئۆز ئېلىگە قايتۇرۇلغانلىقىنى بىلدىم. ئۇلارنىڭ خانى ئوردىمىزنىڭ ئۇلارغا
شاپائەت قىلغانلىقىنى بىلىپ ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىمىزغا ئولپان تاپشۇردى.
ئوردىمىزمۇ قائىدە - يوسۇن يۈزىسىدىن كۆپ چېچى قاتارلىقلارنى
دۆلەتلەرگە ئەۋەتىپ، باردى - كەلدىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۆزئارا ئى-
شەنچنى تۇرغۇزۇپ ھال سوراشقا ئەۋەتكەنىدى. ئەمما سىلەر ئەلچىنى
تۇتۇۋېلىپ قايتۇرمىدىڭلار. ئېلىمىز ھەرقايسى ئەل ئەلچىلىرىدىن بىر كى-
شىنىمۇ تۇتۇپ قالمىغان، لېكىن سىلەر ئەلچىمىزنى تۇتۇپ قالدىڭلار، بۇ
ئەدەپ - قائىدىگە ئۇيغۇنمۇ؟ يېقىنقى يىللاردىن بېرى چېگرىدىن كىرىپ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قېپقىلىپ سودا قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى كۆپ چېچى
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قايتۇرماقچى بولغانىدۇق. مۇسۇلمانلار يۇرتىغا
قايتالمىغاچقا، ئاتا - ئانىمىز، خوتۇن - بالىلىرىمىز بار ئىدى دېيىشتى.
مەن ئاتا - ئانا، خوتۇن - بالىلىرىنى ئەسلەش ئادەمدە بولىدىغان
ھېسسىيات، ۋاپاسىز ئادەملا بۇ ھېسسىياتنى بىلمەيدۇ، ۋاپالىق كىشى
بۇنى چۈشىنىدۇ دەپ قاراپ، كۆپ چېچى كەلمىسىمۇ ئۇلارنى قايتۇردۇم.
ئوردىمىزنىڭ ياخشى نىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يەنە مەكتۇپ بىلەن
ئەلچى ئەۋەتتىم. ئۇلارنى يولدا توسۇۋالماسلىقىڭلارنى، قورال كۈچى
ئىشلىتىپ توقۇنۇشۇپ قالماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.» ①

بۇ خاتىرىلەردىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگو-
نىڭ ئىچكى جايلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئەھۋالى ۋە سودىگەرلەرنىڭ
پائالىيىتىنى چۈشىنىۋېلىپلا قالماي، بەلكى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭمۇ
بۇ خىل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە سودا يولىنىڭ بىخەتەر، راۋان
قاتنىشىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن ئەينى ۋا-
قىتتا بەشبالىقتىكى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان خانلارنىڭ

---

① «مىڭ تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» 234 - جىلد.

بۆلۈنمىچىلىكى بۇ خىل سودا، ئالاقە ئىشلىرىغا ھەقىقەتەن تەسىر كۆرسەتكەنىدى. تىمۇرنىڭ نەچچە قېتىم چاتايلارغا ھۇجۇم قىلىشى ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

تىمۇر دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقىلىرى « كىراۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى » دىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ كىتابتا دېيىلىشىچە، سەمەرقەنتتىن جۇڭگو پايتەختىگىچە بولغان ئارىلىق ئالتە ئايلىق مۇساپە بولۇپ، جۇڭگو پايتەختى خانبالىق دەپ ئاتالغان. بۇ جۇڭگودىكى شەھەرلەر ئىچىدە ئەڭ چوڭى ئىدى. سەمەرقەنتتىن يولغا چىقىپ خانبالىققا يېتىپ بارغۇچە ئادىمزات يوق چوڭ دەشتى ـ چۆللەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. كىراۋىيو سەمەرقەنتكە يېتىپ كېلىشتىن بىرقانچە ئاي بۇرۇن چوڭ بىر سودا ئەترىتى جۇڭگودىن بۇ شەھەرگە كەلگەن بولۇپ، سودىگەرلەر 800 تۆگىگە مال ئارتىپ كەلگەنىدى. تىمۇر يىراققا يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۇ تاۋار ـماللارنى جۇڭگو تەگرىقۇتى زېمىنىدىن ئېلىپ كېلىنگەن دەپ قاراپ، ئادەم ۋە تاۋار ـ ماللارنى بىراقلا تۇتۇپ قېلىپ، بىرمۇ ئادەمنىڭ قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلمىغان. (ياڭ جاۋجۈن تەرجىمە قىلغان « كىراۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى » 1957 ـ يىل شاڭۋۇ كىتابخانىسى، كۆپەيتىلگەن 1 ـ نەشرى، 159 ـ بەت ) ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگودىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلتۈرۈلگەن تاۋار-

ماللار ئىچىدىكى يىپەك رەختلەر دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق يىپەك رەختلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرخىل ساپ يىپەك رەختنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. يەنە جۇڭگونىڭ خوتەن شەھىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن قاشتېشى، ھېقىق، ئۈنچە ـ مارجان ھەم ھەرخىل قىممەتلىك زىننەت بۇيۇملىرى بار ئىدى. خوتەندە ئىشلەپچىقىرىلغان ماللار تېخىمۇ قىممەتلىك بولۇپ، سەمەرقەنت بازارلىرىدا ئەتىۋارلىق ئىدى. قاشتېشىدىن تۈرلۈك بۇيۇملارنى ياسىغۇچى خوتەنلىك ئۇستىكارلارنىڭ قولى گۈل بولۇپ، دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدە ئۇلارغا يېتىدىغانلار يوق ئىدى. ( يۇقىرىقى

كىتاب. 157 ـ بەت).

تېمۇرنىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشكەنلىكى ھەققىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن گېرمانىيىلىك يوھان شىرتوبېگ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە توختىلىپ: قىتانلارنىڭ ئۇلۇغ خانى ئەۋەتكەن ئەلچىسى 400 ئاتنى ئېلىپ تېمۇرنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ تارتۇق تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى تېمۇرنىڭ تارتۇق تاپشۇرمىغىنىغا بەش يىلدىن ئېشىپ كەتكەنىدى دەپ يازغان. (ھېنرى يۇلى: «قەدىمكى جۇڭگو ھەققىدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم» 1 ـ توم، 174 ـ بەت، 2 ـ ئىزاھ). كىراۋىيومۇ جۇڭگو خانىنىڭ ئىسمى توققۇز شەھەرلىك خان دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى توققۇز ئىتتىپاققا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى خان دېگەنلىكتۇر. لېكىن چاغاتايلار (تېمۇرنىڭ خەلقىنى كۆرسىتىدۇ) بولسا توڭگۇسخان دەپ ئاتىلىدۇ، دەيدۇ. ① كىراۋىيو قاتارلىقلار سەمەرقەنتتىكى مەزگىلدە جۇڭگو خانىنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسىمۇ بۇ شەھەردە بار ئىدى. جۇڭگو خانىنىڭ ئەلچى ئەۋەتىشتىكى مەقسىتى تېمۇرنىڭ جۇڭگونىڭ كۆپ جايلىرىنى بېسىۋالغانلىقى، يىللىق تارتۇقنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشى، يېقىنقى يەتتە يىل مابەينىدە تېمۇرنىڭ تارتۇق تاپشۇرمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. تېمۇر جۇڭگو ئەلچىسىگە: «جۇڭگو تەڭرىقۇتىنىڭ يىللىق تارتۇقنى سۈرۈشتۈرۈشى ئەلۋەتتە يوللۇق. يەتتە يىللىق تارتۇق يىغىلىپ قالدى. ھامان بىر كۈنى ھەممىسىنى تولۇقلاپ تاپشۇرىمەن. ھازىر قىيىنچىلىقلار كۆپ. مەن تارتۇقلارنى تەييار قىلىۋېلىپ ئاندىن تاپشۇرسام» ② دېگەن. كىراۋىيو بىلەن يوھان شىرتوبېگ قاتارلىقلارمۇ بۇ ئىش ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تېمۇرنىڭ يېنىغا ئەلچىلىككە بارغانلاردىن بىرىگە ئىسمى ئەڭ تونۇش بولغىنى ۋە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگىنى فۇئەن بىلەن گوجى قاتارلىقلار ئى-

① توڭگۇز ــ چوشقا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
② «كىراۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» 158 ـ بەت.

دى . « مىڭ سۇلالىسى تارىخى » دا خاتىرىلىنىشىچە، خۇڭۋۇنىڭ 28 - يىلى ( 1395 - يىلى ) باش غوجىدار فۇئەن قاتارلىقلار دۆلەت مەكتۇپى ئاقچا ۋە يىپەك توقۇلمىلارنى ئېلىپ ئەلچىلىككە چىققان . ئۇلارنىڭ يىللىق تارتۇق ئېتىنىڭ سانى تېخىمۇ ئۇستۇرۇلۇپ 1000 غا يەتكۈزۈلگەن ھەمدە يەنە ئۈنچە - مارجان تارتۇقمۇ بار ئىدى ( 8598 - بەت ) . فۇئەن قاتارلىقلار يەنە ھىراتقا بارماقچى بولغان . لېكىن ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، شۇ يىلى فۇئەن ، گوجى قاتارلىقلار 1500 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ھىراتقا قاراپ يولغا چىقىپ ، سەمەرقەنتكە كەلگەندە بۇ شەھەردە تۇرۇپ قېلىپ ، ھىراتقا يېتىپ بارالمىغان . خۇڭۋۇنىڭ 30 - يىلى ( 1397 - يىلى ) مىڭ سۇلالىسى يەنە شىمالنى تىنچىتقۇچى تەپتىش بېگى چېن دېۋىن قاتارلىقلارنى تېمۇرنىڭ يېنىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن بولسىمۇ ، بۇلارمۇ ئۇزۇنغىچە قايتىپ كېتەلمىگەن ( 8609 - بەت ) . پەقەت يۇڭلېنىڭ 5 - يىلى ( 1407 - يىلى ) تېمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن فۇئەن ، گوجى قاتارلىقلار ئاندىن دۆلىتىگە قايتىپ كېتەلىگەن . بۇ ھەقتە « مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى » دە : « ( يۇڭلېنىڭ 5 - يىلى 6 - ئايدا ) باش غوجىدار فۇئەن ، گوجى قاتارلىقلار سەمەرقەنتتىن قايتىپ كەلدى . ئەندىڭ قاتارلىقلار خۇڭۋۇنىڭ 28 - يىلى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىپ سەمەرقەنتتە 13 يىل تۇرۇپ قالدى . پەقەت خېلىلنىڭ تەختكە چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، ئاندىن ۋەزىر خۇدايداد ئەندىڭ قاتارلىقلارنى قايتۇرغان ھەم يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق يوللىغان » دېيىلگەن ①.

تېمۇرنىڭ ھەر جەھەتتىن ئېلىپ بارغان بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرى غەلىبىگە ئېرىشكەچكە ، دۆلىتى ناھايىتى كۈچىيىپ كەتكەنىدى . شۇڭا تېمۇر مىڭ سۇلالىسىگە بويسۇنۇشنى ۋە جۇڭگوغا تارتۇق تاپشۇرۇشنى خالىمىغان ھەمدە جۇڭگو ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ قايتۇرمىغان . تېمۇر جۇڭگوغا بولغان ئەنئەنىۋى بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا

---

① « يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » 50 - جىلد .

جوڭگونى بويسوندۇرۇشنمۇ ئويلىغانىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارى بىلەن جوڭگونىڭ تەبىئىي شارائىتى ، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ، جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە ۋەزىيىتى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە جوڭگونىڭ نوپۇسى ، بايلىقى ، ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلغان . ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن تېمۇر تەرىپىدىن مەخسۇس تەيىنلەنگەن چاغاتاي خانلىقىدىن بولغان بىر ئادەم جوڭگو پايتەختىدە ئالتە ئاي تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى . (« كىراۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى » 159 ـ بەت . ) بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا ، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن تېمۇرنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ بەزىلىرى تارتۇق تاپشۇرۇش ۋە سودا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولسا ، يەنە بەزىلىرى ئاخبارات ئىگىلەش ۋە خەۋەر ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەن . تېمۇر كىچىك ئاسىيادىن ماۋرا ئۇننەھرگە غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جوڭگونى بويسۇندۇرۇش تەييارلىق خىزمىتىنى ۋە ھەربىي يۈرۈش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەنىدى .

« تېمۇرنىڭ زەپەرنامىسى » دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە ، تېمۇر جوڭگونى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن 800 مىڭ كىشىلىك ( يەنە بەزى مەنبەلەردە پەقەت 200 مىڭ كىشىلىك دېيىلگەن . ) قوشۇن توپلىغان بولۇپ ، ئەسكەرلىرىگە پارس ۋە تۈرك قوشۇنىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يەتتە يىل يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلاپ بەرگەن . جوڭگونىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرا ئۇننەھر ئارىلىقىدا تېرىلغۇ يەرلەر ناھايىتى ئاز . ئادەملەر شالاڭ ئولتۇراقلاشقاچقا ، تېمور ھەربىر ئادەمگە ئۆزىگە تېگىشلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك بەرگەندىن سىرت يەنە ئېكىكىدىن سېغىن كالا ۋە بىردىن ئۆچكە بەرگەن ھەمدە ئۇلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك تۈگىگەن چاغدا سۈتىنى سېغىپ ئىچىشنى ، سۈتى توختىغاندا سويۇپ يېيىشنى ئېيتقان .

تەييارلىقلار تاماملانغاندىن كېيىن ، تېمۇر مىلادى 1404 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سەمەرقەنتتىن سەپەرگە ئاتلانغان . بۇ ۋاقىت قىش پەسلى بولۇپ ، شىمالدىن ئىزغىرىن سوغۇق شامال چىقىپ

ئۇراتتى. دەريا ـ ئېقىنلاردا مۇز توڭلاپ، يوللار تېيىلغاقلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تېمۇر ئارقىغا چېكىنمەستىن يۈرۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ( خالورد. رام « تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى » 248 ـ بەت ). شۇ ۋاقىتتا تېمۇر يەنە يەرلىك كىشىلەردىن بىرنى موغۇلىستان خانلىقىغا ئەۋەتىپ، موغۇلىستان خانلىقى تەۋەسىدە تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ بېرەلەيدىغان ـ بېرەلمەيدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەنىدى.

تېمۇرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى مىڭ سۇلالىسىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن دۆشمەنگە قارشى تۇرۇش تەييارلىقى ئىشلەنگەن. بۇ ھەقتە « مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى » دە: « مىڭ چېڭزۇ يۇڭلېنىڭ 3 ـ يىلى ( تېمۇر سەپەرگە ئاتلىنىپ ئىككىنچى يىلى )« 2 ـ ئايدا گەنسۇ باشبۇغى، سولقانات تۇتۇق سۇڭ شېڭ مۇنداق دېدى: مۇسۇلمان لائۇرنىڭ دېيىشىچە، سەمەرقەنت مۇسۇلمانلىرى بەشبالىقتىكى شەمئى جاھاننىڭ زېمىنىدىن يول ئېلىپ، قوشۇن باشلاپ شەرققە كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار بەك قارامىلىق قىلىشقا پېتىنالماسلىقى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ چېگرا مۇداپىئەسىدە بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بۇرۇن تاڭ تەيزۇڭنىڭ ھەربىي كۈچى ئەمدىلا قۇدرەت تاپقاندا، تۈركلەر ئۇدۇل ۋېيچياۋغا قىستاپ كەلگەنىدى، بۇنى ساۋاق قىلىش لازىم، ئەسكەرلەرنى پۇختا مەشىق قىلدۇرۇش، ئەھۋالنى كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئاشلىق جۇغلاپ ياخشى تەييارلىق قىلىش كېرەك. » ①

تېمۇر داۋاملىق ئىلگىرىلەپ جۇڭگوغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولغان ئۇتىرارغا كەلگەندە، توتومىشنىڭ ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا جۇڭگوغا قىلغان يۈرۈشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىپچاق خانلىقىدىكى ئورنىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئويلىشىپ باقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن تېمۇر ئۇتىرار شەھىرىدە تويۇقسىز ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان. ئۇ ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرنى يېنىغا چاقىرىپ كېيىنكى

① « يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » 33 ـ جىلد.

ئىشلارنى ئۇلارغا ھاۋالە قىلىپ، ئۆز ئورنىغا پىر مۇھەممەدخاننى تەخت ۋارىسى قىلىپ بېكىتكەن. تېمۇر 1405 ــ يىلى 2 ــ ئاينىڭ 18 ــ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ 71 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 36 يىل تەختتە ئولتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوزغىغان شەرققە يۈرۈش قىلىش ھەرىكىتى يېرىم يولدا توختاپ قالغان.

تېمۇرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ناھايىتى تېزلا موغۇلىستان خانلىقىغا يېتىپ كېلىش بىلەن بۇيەردىكى خەلقلەر بايرام شادلىقىغا چۆمدى. موغۇلىستاندىكى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرى ئۆزلىرىنى چاغاتاينىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغاچقا، تېمۇر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىگىلىۋالغان ھەرقايسى جايلارنى ئۆزلىرىنىڭ سۇيۇرغال زېمىنى دەپ بىلەتتى. يېرىم ئەسىر مابەينىدە، تېمۇرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن موغۇلىستان ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتۈشنى بىرقانچە قېتىم ئويلىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشقا قارىتا موغۇل خانلىرى ئوچۇق ــ ئاشكارا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. ئەمدىلىكتە تېمۇردىن ئىبارەت بۇ زومىگەر ئالەمدىن ئۆتكەچكە، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭچىلىك چوڭ كۈچ ــ ئابرۇيغا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئىچكى جەھەتتىمۇ موقىمسىزلىق ئىپادىلىرى بار ئىدى. شۇڭا موغۇل خانلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ماۋرا ئۇننەھردىكى زېمىننى قايتۇرۇۋېلىشقا كىرىشتى. مىڭ چىڭگىزۇ يوگلېنىڭ 5 ــ يىلى (1407 ــ يىلى) يەنى تېمۇر ئالەمدىن ئۆتۈپ ئىككىنچى يىلى بەشبالىقنىڭ خانى شەمئى جاھان تويىن بۇقىنى مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئولپان (تارتۇق) تاپشۇردى ھەمدە مىڭ سۇلالىسىدىن: «سەمەرقەنت ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان يەر، ئۇ يەرنى ئەسكەر چىقىرىپ بىزگە قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرگەن بولسىڭىز، دەپ ئۆتۈنگەن. خان شىغاۋۇل پىرقىسىگە تويىن بۇقا قاتارلىقلارنى كۈتۈشنى بۇيرۇدى ۋە ئىچكى ئەمەلدارلار باچىن، لى دا، مۇراسىم مەھكىمىسى ۋەزىرى لىيۇ تېمۇر قاتارلىقلارنى شەمئى جاھانغا مۆھۈرلۈك خەت ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىپ، ئۇلارغا: 〈خەۋپ ۋە ئار ــ نومۇسنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىشنى ئەستايىدىل ئويلىشىش لازىم، يەڭگىللىك قىلىشقا بولمايدۇ. رەڭدار پۇللارنى ئىنئام قىلىش

كېرەك ، باچىن قاتارلىقلار تويىن بۇقا بىلەن بىللە ماڭسۇن .» ① دېدى . شەمئى جاھاننىڭ تەلپىگە مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوشۇلمىغاچقا ، موغۇل خانلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرا ئۇننەھر رايونىنى قايتۇرۇۋېلىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى .

## 7 - بۆلۈم تېمۇر دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

تېمۇر چىڭگىزخاندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ئىستىلاچى . ئۇ تارىخ سەھنىسىگە چىققان چاغدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بۆلۈنۈش ۋە يوقىلىشقا يۈزلەنگەنىدى . ھەممە يەرنى تەرىقچىلىك ۋە بېغىلىق قاپلاپ كەتكەن بولۇپ ، خەلق ئېغىر كۈنگە قالغانىدى . تېمۇر ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان بولۇپ ، نەچچە ئون يىل ئىچىدىلا ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ كىچىك ئاسىياغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزدى . ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىشىشى ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇردى . گەرچە تېمۇرنىڭ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى جەريانىدا ھەرقايسى جايلاردىكى بۇزغۇنچىلىقى ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك قەبىھ ھەرىكەتلىرى موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدىكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئىلياس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك : « موڭغۇللارنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ ، مۇسۇلمانلار باش كۆتۈرۈپ چىققان چاغدا ، غەرب تەرەپنىڭ پۈتكۈل سىياسىي ۋەزىيىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى . جۇڭگودا موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدىغان خانلىق ( مىڭ سۇلالىسى ) ئىگىلىدى ، ئۇنىڭ چېگرا رايونلارغا نىسبەتەن كۈچى يەتمىگەچكە ، ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى كەڭرى رايونلاردا ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدىغان زوراۋان قەبىلىلەرنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى تىكلەندى . بۇ قەبىلىلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىر تەرەپتىن ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالمىغان ، يەنە بىر تەرەپتىن مەدەنىيەتلىك ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالىمىغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خەلقى كۈندىن-

① « يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » 49 - جىلد .

كۆنگە بەدەۋىيلىككە قاراپ يۈزلەنگەن. XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر مەزگىل تېمۇر ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە ئەۋلاد ۋارىسلىرىنىڭ ئۈستۈن ئورۇنغا ئېرىششى بىلەن، ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە يېڭى تەرتىپنى قوغداپ قالدى ھەمدە ئاشۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ كۆچىنى چەكلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ گۈزەل جايلىرىنى ئۇلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىغا كىرگۈزمىدى. ئەگەر تېمۇرنىڭ چەكلەش ھەرىكىتى بولمىغان بولسا، بەدەۋىيلىك ھالىتىدىكى كۈنلەر تېخىمۇ ئۇزاق داۋاملاشقان بولاتتى.»①

تېمۇر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم غەربىي ئاسىيانىڭ بىرلىككە كەلگەن تىنچ ۋەزىيىتىنى ئەينى ۋاقىتتا تەسىس قىلىنغان ئۆتەڭلەرنىڭ ئەھۋالىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە كىراۋىيو بىزگە ناھايىتىمۇ قىممەتلىك مەلۇمات قالدۇرغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، تېمۇر ئۆز خاندانلىقىنىڭ تەۋەسىدە يولغا قويغان ئۆتەڭ تۈزۈمى بويىچە، ھەرقايسى جايلاردىن سەمەرقەنتكە كېلىدىغان يوللار ئۈستىدە بىرقانچە ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلغان. ھەربىر ئۆتەڭدە تەييار ئات بار ئىدى. شۇڭا تېمۇرنىڭ ئەلچىلىرى ياكى پوچتالىيونلىرى كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئۆتەڭلەردە ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرغاچقا يېرىم يولدا توختاپ قالمايتتى. ھەرقايسى ئۆتەڭلەر بىر كۈنلۈك ياكى يېرىم كۈنلۈك مۇساپە ئارىلىقىدا قۇرۇلغانىدى. چوڭراق ئۆتەڭلەردە دائىملىق تەييار ئاتلار يۈزدىن ئاشاتتى. شۇڭا سەمەرقەنتتىن ھەرقايسى جايلارغا ناھايىتى تېز يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ئېلىپ ئېيتساق، تەبرىزدىن قاھىرەگىچە بولغان ئۆتەڭ يولى ئون كۈنلۈك مۇساپە بولۇپ، تېخىمۇ مۇھىمى، تېمۇرنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى نوپۇزى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. مەسىلەن، ئۆتەڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، تېمۇرنىڭ ئەلچىسى يول ئۈستىدە ئاتقا ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇچرىغان يولۇچى مەيلى ئورنى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسۇن، خان، ئاقسۆڭەك، كەمبەغەل ياكى سودىگەر بولسۇن، پەقەتلا ئارىيەت ئېلىش تەلىپىنى قويسىلا قارشى تەرەپمۇ ئاتتىن

① «تارىخىي رەشىدى» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 155 ــ 116 ـ بەت.

چۈشۈپ ئارىيەتكە بېرەتتى. مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خىل مەجبۇرىيەتتىن باش تارتىشقا ھەددى يوق ئىدى. ئارىسالدى بولۇپ قالسا ياكى رەت قىلىپ قالسا كاللىسى ئېلىناتتى. ھەرقايسى ئۆتەڭلەردە مېھمانخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەلچى ھەربىر ئۆتەڭگە يېتىپ كەلگەندە ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئېتىنى ئۆتەڭنىڭ ئېتىغا ئالماشتۇرۇپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۆتەڭ خىزمەتچىسى قوشنا ئۆتەڭگە بېرىپ ئېتىنى قايتۇرۇپ كېلەتتى. تېمۇر جىددىي ئىش بىلەن سەپەرگە چىققان ئەلچىلەرنىڭ كۈنىگە 500 چاقىرىم يول يۈرۈشىنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەلچىلىرى ھەمىشە بۇ چەكلىمىدىن ھالقىپ، كېچە - كۈندۈز مېڭىپ بەزىدە 600 — 700 چاقىرىم يول يۈرەتتى. بۇ بەلگىلىمە بويىچە تېمۇرنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى خەت - ئالاقە ھۆججەتلىرى ناھايىتى تېزلا جاي - جايلارغا يەتكۈزۈلۈپ، خەلق تېز خەۋەرلەندۈرۈلەتتى. ئەلچىلەر بېسىپ ئۆتىدىغان جايلاردىكى لازىمەتلىك نەرسىلەرنى شۇ ئورۇن ھازىرلاپ بېرەتتى. بۇنىڭغا ھېچقانداق ھەق ئېلىنمايتتى. ئەلچى بېسىپ ئۆتكەن يەرلەردە كېچە ياكى كۈندۈز دېمەستىن، ئەلچىنىڭ غىزالىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئوزۇق - تۈلۈك ھەم ئېتىدىن چۈشۈپ دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن پالاز تەييارلاپ بېرىلەتتى. كىراۋىيو قاتارلىقلار ھەرقايسى يېزىلاردىن ئۆتكەندە كەنت ئاقساقىلى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغان، ھەمسەپەر بولغان. تېمۇرنىڭ مەخسۇس ئەلچىلىرى ھەممە يەردە شۇ ئورۇندىكى كىشىلەرنى يېمەك - ئىچمەك تەييار قىلىشقا، ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇغان. بۇنىڭغا قارشى چىقىدىغان بىرمۇ كىشى بولمىغان. ناۋادا بۇيرۇققا قارشى چىققۇچىلار بولسا، قامچا بىلەن قاتتىق ئۇرۇلاتتى. شۇڭا ھەرقايسى جايلاردىكى خەلقلەر چاغاتايلاردىن بولغان تېمۇرنىڭ ئەلچىسىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرسە قېچىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قاتناشنىڭ راۋانلىقى ۋە بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى سودا-سېتىق ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ، سودىگەرلەر ۋە يولۇچىلارنى غەم -

ئەندىشىدىن خالاس قىلغان. بۇ ئارقىلىق ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىلغان. ئالدىنقى بۆلۈمدىكى بايانلاردىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى جانلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل جانلىنىشنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى دەل تېمۇرنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە يازغان مەكتۇپىدا «ئۆتەڭلەر قولايلىق، يوللارمۇ راۋان. جاھانكەشتىلەر يۇرۇشەر يىراق ئەل تامان.» ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربنىڭ سودىسىمۇ ناھايىتى راۋاجلانغانىدى. خارەزمدىن شىمالدا قىپچاق خانلىقىغا بارغىلى، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىران، ئىراق ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزغا بارغىلى بولاتتى. تىرابىزون قاتناش يولى ئۈستىدىكى مۇھىم سودا شەھىرى ئىدى. تەبرىز شەرق تەرەپتىكى تۈرلۈك تاۋار ـ ماللار توپلىنىدىغان جاي ئىدى. قارا دېڭىز بويى گىنويا سودىگەرلىرى يىغىلىدىغان سورۇن ئىدى. شۇڭا بۇۋا، تېمۇرنىڭ ئىستېلا ئۇرۇشى ھىندىستان بىلەن ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدا بەزى يېڭى قۇرۇقلۇق سودا يولىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىدى دەيدۇ.

تەبرىز ئەينى ۋاقىتتا خەلقئارالىق چوڭ سودا شەھىرى ئىدى. كىراۋىيو تەبرىزنىڭ ھەممە كوچىلىرىدا سودا دۇكانلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، تۈرلۈك تاۋار ـ ماللارنىڭ ئارىلاش تىزىپ قويۇلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. سودا دۇكانلىرىنىڭ سىرتىدىكى بازارلاردا ھەرقايسى جايلارنىڭ تاۋار ـ ماللىرى توپلانغان بولۇپ، تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. يىپەك تۈرىدىكى رەختلەردىن يىپەك، شايى ـ ئەتلەس، پاختا رەختلەردىن گەزمال قاتارلىقلار بار ئىدى. سودا ـ سېتىق ئىشلىرىمۇ ناھايىتى راۋاجلانغانىدى. سۇلتانىيە شەھىرىمۇ چوڭ سودا مەركىزى بولۇپ، ھەريىلى ياز پەسلىدە 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە نۇرغۇنلىغان كارۋانلار ئەترىتى بۇ شەھەرگە چۈشەتتى. يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ سودا كارۋانلىرىنىڭ مالىلىرىدىن ئالىدىغان بېجىمۇ ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ھىندىستاندىن كەلگەن چوڭ سودا كارۋانلار ئەترىتى ھەرخىل تاۋار ـ ماللارنى ئېلىپ كېلەتتى. شىراز ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرلۈك

گەزمال، رەخت، يىپەك، تاۋار، بەلباغ، شايى ـ ئەتلەس قاتارلىق ماللار سۇلتانىيە شەھرىگە ئېلىپ بېرىلىپ تۆكمە قىلىپ سېتىلاتتى. ھورمۇزدىن سۇلتانىيەگە كەلتۈرۈلىدىغان سودا بۇيۇملىرى ئاساسەن، كەھرىۋا ۋە ياقۇتتىن ئىبارەت ئىدى. ھەر يىلى ياز پەسلىدە خرىستىئان ئەللىرىدىن تىرابىسون، جەپەر، ئىسلام ئەللىرىدىن تۈركىيە، سۈرىيە ۋە باغدادتىن كەلگەن سودىگەرلەر بۇ شەھەرگە توپلىنىپ قايناق سودا ـ سېتىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەھەرلەر گەرچە ئىران ياكى تۈركىيە چېگرىسى ئىچىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلەرنىڭ سودا ـ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. چۈنكى بۇ شەھەرلەردىكى سودىگەرلەر تېمۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى بىلەن بىللە شەرق ـ غەرب ئارىسىدا توختىماي قاتناپ تۇراتتى.

تېمۇر سىرتقا قارىتا بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، قەيەرگە يېتىپ بارسا شۇ ئورۇندىكى قول ھۈنەرۋەن ۋە ئۇستىكارلارنى ئۆزىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتكە ۋە كېش (تاشكەنت) قاتارلىق جايلارغا كۆچۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۇ سەمەرقەنتنى پۈتكۈل ئاسىيا بويىچە ئەڭ گۈللەنگەن پايتەخت شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، بۇ ئارقىلىق سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلىماقچى بولغانىدى. كىراۋىيونىڭ دېيىشىچە، سەمەرقەنتتىكى شەھەر قورغىنىنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 1000 دەك ئەسىر ئېلىنغان ئۇستىكارلار يىل بويى ئۇنىڭ ئۈچۈن ساۋۇت ـ دۇبۇلغا، ئوقيا ياساش بىلەن شۇغۇللىناتتى. توي ـ تۆكۈن قاتارلىق كاتتا مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلگەندە، تېمۇر پۈتۈن شەھەردىكى سودىگەرلەر ۋە قول ـ ھۈنەرۋەن، ئۇستىكارلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارغا چېدىر تىكتۈرەتتى. ھەرخىل كەسىپتىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئىش مەيدانى، دۇكانلارنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى كۆرسىتەتتى. پۈتۈن شەھەردىكى قوشۇن ۋە خەلقلەر بۇ قىسقا مەزگىللىك يەرمەنكىنى تاماشا قىلىپ چەكسىز شادلىققا

چۈمەتتى.

ھەرقايسى جايلاردىكى قول ھۈنەرۋەن، ئۇستىكارلارنىڭ ماۋرائۇننەھرگە كۆپلەپ ئېقىپ كېلىشى شۈبھىسىزكى، شۇ جاينىڭ قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. لېكىن بۇ ئۇستىكارلار ئادەتتە فېئوداللىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغۇچىلار بولۇپ، يېرىم قۇللۇق ھالەتتە ياشايتتى. قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ئۇچرايتتى. فېئودال بەگ – غوجىلارنىڭ قول سانائەت ئىشخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئۇستىكارلار تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

تېمۇر فېئوداللىق سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئۇ بويسۇندۇرغان كەڭرى رايونلارنى ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا (شاھزادە، نەۋرىلەرگە)، قوماندانلىرىغا، ئەمىرلىرىگە ۋە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. ھەرقايسى فېئودال ھۆكۈمرانلار ئۆز سۇيۇرغاللىق يېرىدە خەلقتىن باج – سېلىق يىغاتتى. بۇ خىل فېئوداللىق سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى يەرلىك فېئوداللارنىڭ كۈچىنى زورايتىپ، تېمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ تېزلىكتە بۆلۈنۈشكە قاراپ يۈزلىنىشىدىكى سەۋەبكە ئايلاندى. فېئودال سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىدە دېھقانلار يەرگە باغلانغانىدى. تېمۇر ۋە ئۇنىڭ فېئودال خانلىرى ئىراندىكى موڭغۇل ئىلىكخانلار خانلىقىنىڭ باج تۈزۈمىنى قوللانغان بولۇپ، دېھقانلاردىن يەر بېجى، ئادەم بېجى ۋە چارۋا – مال بېجى قاتارلىق ھەرخىل باج – سېلىق يىغاتتى ھەم ئۇلارنى مەجبۇريي ھەرخىل ئەمگەكلەرگە سالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆتەڭلەر ئۈچۈن ئۆتەيدىغان ھەرخىل ۋەزىپىلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنى قاتتىق زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىتاتتى.

تېمۇرگە مەنسۇپ قوۋم «چاغاتايلار» دەپ ئاتىلاتتى. چاغاتايلار يەنىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىشتەك تۇرمۇش ئادىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئىمپېرىيىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. كىراۋىيو، ئۇلار خالىغان يېرىدە چارۋا – مال باقاتتى، خالىغان يېرىدە يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلاتتى. قىش – ياز دېمەستىن خالىغانچە كۆچۈپ

يۇرەتتى . ئۇلار ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى . ئۇلار باج ـ سېلىقتىن خالىي بولسىمۇ ، لېكىن ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش بۇرچى بار ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تېمۇرنىڭ ياساۋۇللۇق خىزمىتىنى ئۆتەيدىغانلار بولۇپ ، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ ، سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇراتتى . بۇ قوۋمدە يەنە شۇنداق بىر ئالاھىدىلىك باركى ، ئەرلەر ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان چاغلاردىمۇ ، يەنىلا ئائىلىسىنى بىللە كۆچۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنى قوغداپ يېنىدىن ئايرىمايتتى . ئۇرۇش بولغاندا ئاياللار ، قىز ـ ئوغۇللار چوڭ قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بىللە ماڭاتتى ( « كىراۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى » 110 ـ بەت ) .

تېمۇرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باشقۇرۇشى نەتىجىسىدە ، سەمەرقەنت قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ ئالاھىدە گۈللەنگەنىدى . تېمۇر سىرتقى جايلاردىن زىيالىيلار ، قول ھۈنەرۋەنلەرنى سەمەرقەنتكە كۆچۈرۈپ كېلىش بىلەن بىرگە ، يەنە نۇرغۇنلىغان ئەسىرلەرنى ۋە بويسۇندۇرۇلغان ھەرقايسى جايلاردىكى ئاھالىلەرنىمۇ كۆچۈرۈپ كەلگەچكە ، سەمەرقەنتنىڭ ئاھالىسى كۆپىيىپ 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى . كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئاھالىلەرنىڭ يوشۇرۇن قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئامۇ دەرياسى بويىدا قوماندان ۋە ئەسكەرلەرنىڭ مۇداپىئە ئورنى قۇرۇلغان بولۇپ ، دەريادىكى كېمىلەردە تەكشۈرۈلەتتى ھەمدە يەنە ھەرقايسى جايلارغا نازارەتچى ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ قېچىپ كەتكەن كىشىلەرنى تۇتۇپ كېلەتتى .

كىراۋىيونىڭ بايان قىلىشىچە ، سەمەرقەنت تۈزلەڭلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان . شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى ئولتۇراق ئۆي ۋە باغلار بىلەن قورشالغان بولۇپ 20 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا ئىدى . باغلار ھەم مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدا مەيدان ـ سەينالار ۋە ئۆتۈشمە چوڭ يوللار ئېچىلغانىدى . ھەممە يەرلەردە سودا دۇكانلىرى بار بولۇپ ، بارلىق لازىمەتلىك بۇيۇملار سېتىلاتتى . شەھەر سىرتىدىكى ئاھالىلەر شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلەرگە

قارىغاندا كۆپ بولۇپ، ئەڭ گۈزەل ۋە كۆركەم قەۋەتلىك ئۆيلەر بىنا قىلىنغان، داچىلار شەھەر سىرتىغا سېلىنغانىدى. تېمۇرنىڭ سالدۇرغان سارايلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شەھەر سىرتىدا ئىدى. كىشىلەر سەيلە قىلىپ تاماشا قىلىدىغان بارلىق شىپاڭ، باغچا، راۋاقلارمۇ شەھەر سىرتىدىكى باغۇ - بوستانلىقلار ئىچىدە ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا سوزۇلغان ئېرىق - ئۆستەڭلەردە بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇراتتى. ئۈزۈم، قوغۇن قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، مىقدارى كۆپ بولۇپ، يېڭى يىل مەزگىلىگىچە ساقلىناتتى. سەمەرقەنتنىڭ تۈپرىقى مۇنبەت بولۇپ بۇغداي تېرىلاتتى ۋە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلەتتى. ھەرخىل ئۆي ھايۋانلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ، سورتى خىل بولۇپ، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوينىڭ جۈغى ئالاھىدە چوڭ ئىدى. قوي پادىلىرى كۆپ، گۆش باھاسى ئەرزان ئىدى. بۇ شەھەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاۋاتلىقى بىلەن مەشھۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھۈنەر - سەنئىتىمۇ دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. شەھەر ئىچىدە بىرقانچە يەردە يىپەك ئىگىرىش زاۋۇتى بار ئىدى. خۇش پۇراق بۇيۇملار سودىسىمۇ ناھايىتى راۋاج تاپقانىدى. تېمۇر سەمەرقەنتنى دۇنيادا ئەڭ ئاۋات، ئەڭ مۇھىم پايتەخت شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللانغاندىن سىرت يەنە ھەرقايسى جايلاردىكى سودىگەرلەرگە خەت ئەۋەتىپ ئۇلارنى بۇ شەھەرگە كېلىپ سودا قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. سەمەرقەنت ئەتراپىدا ئاۋات يېزىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تېمۇر بويسۇندۇرغان ھەرقايسى جايلاردىكى كىشىلەرنى شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرغانىدى. ئىبنى ئەرەبشاھ مۇنداق دەيدۇ: تېمۇر سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بەزى يېزىلارنى بەرپا قىلىپ، ئۇ يېزىلارغا دۇنيادىكى ئۆزى بىلىدىغان نۇرغۇنلىغان چوڭ شەھەرنىڭ ئىسمىنى قويغانىدى. مەسىلەن، سۇلتانىيە يېزىسى، شىراز يېزىسى، باغداد يېزىسى، دەمەشىق يېزىسى، مىسىر (قاھىرە) يېزىسى قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. سەمەرقەنت ئاھالىسى ئىچىدە تۈركلەر، ئەرەبلەر ۋە پارسلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. يەنە غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن بولغان

ئەرمېنىيىلىكلەر، رىملىقلار (گرېكلار) ياۋروپالىقلار، ھىندىستانلىقلارمۇ بار ئىدى. ھەرقايسى جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن ھۈنەرۋەن ـ ئۇستىكارلارنىڭ كۆپچىلىكى شۇ جايلاردىكى ئەڭ ماھىر تېخنىكلاردىن ئىدى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەيزە ياسىغۇچى ئۇستىلار، زەرگەرلەر، مىمارلار، ھەربىي قورال ـ ياراغ ياسىغۇچى ئۇستىلار، كۇلالچىلار، ئەينەكچىلەر، توقۇمىچىلار، رەسسام قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار تېمۇر ئۈچۈن ئوردا ـ ساراي، قەبرە، مەسچىت، مەكتەپ ۋە سېپىل سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى يەنە تام رەسىمى سىزاتتى ۋە مىلتىق، نەيزە، ئوقيا ۋە ساۋۇت ـ دۇبۇلغا قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرىنى ياسايتتى. دېمەك، بۇ شەھەردە تۈرلۈك كەسىپلەر ناھايىتى گۈللەنگەن بولۇپ، ھەرقايسى كەسىپتىكى تېخنىك ئۇستىلار تولۇق ئىدى. كىراۋىيو، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن تېخنىك ئۇستىكارلارنىڭ سانى 150 مىڭدىن (بۇ مۇبالىغە بولسىمۇ، لېكىن سانى ئاز ئەمەس ئىدى.) ئېشىپ كەتكەنىدى دېسە، بۇۋا، بۇ يەردىكى ئۇستىكارلار ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر شەھەرلىرىدىكى قول ھۈنەرۋەنلەرگە ئوخشاش ھەمكارلىق ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇ قىيىنچىلىق مەزگىلىدە خەلق تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايتتى. ياۋروپادىكى ھەرقايسى جايلار ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى، دەيدۇ (بۇۋا «تېمۇر ئىمپېرىيىسى» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 69 ـ بەت).

بۇخارانىڭ تارىختىكى مەشھۇر پايتەختلىك ئورنىنى بۇ ۋاقىتتا سەمەرقەنت ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇخارا يەنىلا ئاۋات ئىدى. كىراۋىيو قايتىش ۋاقتىدا بۇ شەھەردىن ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ شەھەر كەڭرى كەتكەن تۈزلەڭلىككە قۇرۇلغان بولۇپ، سېپىل تېمى خىشتىن قوپۇرۇلغان. شەھەر قورغىنىنىڭ ئالدىدىن دەريا سۈيى ئېقىپ ئۆتەتتى. شەھەر سىرتىنىڭ نۇرغۇن يېرىدە گۈزەل داچىلار سېلىنغانىدى. بۇخارانىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى جايلاردا قوي، كالا كۆپ بېقىلاتتى. شال، بۇغداي، داڭلىق ھاراق قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى كۆپ ئىدى. باي كىشىلەرمۇ نۇرغۇن ئىدى. بۇخاراغا بارىدىغان يول بويىدىكى

ھەرقايسى جايلاردا ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئاھالىلەر ناھايىتى زىچ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، تۇپرىقى مۇنبەت ئىدى. مانا بۇ ئەھۋاللار ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ۋە تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تېمۇر تۈرك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى يەنىلا موڭغۇل ئەنئەنىسىنىڭ ۋارىسى دەپ قارايتتى. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرىدىن بىرىنى خان قىلىپ تىكلىگەن ھەمدە ئۆزىنى چىڭگىزخان بىلەن بىر مىللەت دەپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىم بار دەپ قارىغاچقا، «كوراگان» دېگەن شەرەپ نامىغا ئېرىشكەنىدى. تېمۇر 1370 ـ يىلى سۈيۇر قادمىشنى خان قىلىپ تىكلىگەن. بۇ خان 1388 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تېمۇر ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدنى خان قىلىپ تىكلىگەن. سۈيۇرقادمىش ھايات ۋاقتىدا سەمەرقەنتتىكى بىر مۇستەھكەم قورغانغا نەزەربەند قىلىنغانىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى زىندان بېگى دەپ قارىغان. تېمۇرنىڭ تارقاتقان بۇيرۇقلىرىغا خاننىڭ ئىمزاسى قويۇلاتتى. كېيىنكى خان ئالدىنقىسىغا ئوخشىمايتتى. سۇلتان مەھمۇد تېمۇر تەرىپىدىن يىراققا يۈرۈش قىلىش ئۈرۈشىغا قاتناشتۇرۇلغانىدى. ئۇ 1402 ـ يىلى تۈركىيە سۇلتانى باياجىتقا قارشى ئېلىپ بارغان ئەنقەرە ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تېمۇرنىڭ تارقاتقان تەڭگە پۇللىرى ئۈستىگىمۇ سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ ئىسمى ئويۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە تېمۇر كېيىككان دەۋرىدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادا داۋاملىشىپ كەلگەن مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە يەرلىكلەرنى «تۇمەن» گە ئايرىپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغانىدى. تۇمەن (10 مىڭ ئاھالە) دىن كۆپ نوپۇزلۇق يەرلەرنى ۋىلايەت (路 Vilayat) قىلىپ تەسىس قىلدى.

تېمۇر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن سەيىدزادىلەرگە (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى. شىنجاڭدا «خوجا» دەپ ئاتىلىدۇ) ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسەتكەنىدى. تېمۇر جەمئىيەتنى 12 قاتلامغا ئايرىغان بولۇپ، سەئىد، شەيخ، ئۆلىما قاتارلىق دىنىي رەھبەرلەر بىرىنچى قاتلامغا

ئايرىلغان. تىمۇر دىنىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ھەتتا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ باغداد، تەبرىز، سۇلتانىيە، شىراز، كېرمان ۋە خارەزىم قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىغان. لېكىن تىمۇرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرنېمە دېيىش تەس. مەسىلەن، تىمۇر سۈرىيىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى قوغداش نامىدا ئۇرۇش قىلغانىدى. شۇڭا سۈرىيىلىكلەر ئۇنى شىئە مەزھىپىنىڭ تەلۋە مۇرىتى دەپ قارىغان. لېكىن خۇراساندا ئۇ ئەنئەنىۋى سۈننىي مەزھىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. مازاندىراندا بولسا تىمۇر شىئە مەزھىپىنىڭ دەرۋىشلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن تىمۇرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەزى دىنىي داھىيلار مەسىلەن، سەئىد بىلىك، تېرمىزدىكى سەئىد ئابدۇل مالىك بىلەن ئەلى ئەكبەر قاتارلىقلار تىمۇر ئىمپېرىيىسىدە ناھايىتى يۇقىرى تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئۇلارمۇ تىمۇر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلاتتى. ئاندىخۇي شەھىرىنى بىلىككە سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. تىمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا سەئىدلەرنىڭ دىنىي كۈچى، سىياسىي تەسىرى ۋە يەر، مال ـ مۈلكى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئېشىپ بارغان. كېيىنچە ئۇلارنىڭ كۈچى ھەتتا ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

كىراۋىيو ساياھەت خاتىرىسىدە سەمەرقەنتتە «موڭغۇللار ئارىسىدا ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇ ۋە تىللار ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تىللار بىلەن ئوخشاپ كەتمەيتتى. ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كىشىلەر پارس تىلىنى قوللىناتتى. بۇ يەردە موڭغۇل تىلىنى ئىشلىتىدىغان يەنى ئىككى خىل تىلنى بىلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. سەمەرقەنتتە موڭغۇل يېزىقى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كىشىلەر بۇ يېزىقنى تونۇمايتتى، ①دەيدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا ماۋرا ئۇننەھردىكى ئاھالىلەر ئاساسەن تۈركىي خەلقلەر ۋە قەدىمدىن بۇيان بۇ

① «كىراۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» 118 ـ بەت.

يەردە ياشاپ كېلىۋاتقان ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئىدى . چىڭگىزخاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇپ قالغان موڭغۇل ئىستېلاچىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تۈركلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇلار موڭغۇل تىلىنى قىسمەن ساقلاپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن كۆپ بىلمەيتتى . سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئىران تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ پارس تىلىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس . يەنە ئۇلار ئۇزۇن مەزگىل تۈركىي مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ياشاپ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ تۇرۇقلۇق تۈركىي تىلنى چۈشەنمەسلىكىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . كىسراۋىيونىڭ ئۇچراتقىنى ئاساسەن چاغاتايلار بولسا كېرەك . چاغاتايلارنىڭ تىلى شۈبھىسىزكى تۈركىي تىل بولۇپ ، بۇ ئەلچى تۈركىي تىلنى خاتا ھالدا موڭغۇل تىلى دەپ چۈشىنىپ قالغان .

ھازىرقى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ، تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن تۈرك ئەدەبىي تىلى « چاغاتاي تىلى » دەپ ئاتالغانىدى . چاغاتاي تىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە خارەزىم شاھلار دۆلىتى مەزگىلىدىكى تۈركىي تىلنىڭ داۋامى ئىدى . بۇ تىل XIII – XIV ئەسىرلەردە چاغاتاي خاندانلىقىدا تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ XV ئەسىرگە كەلگەندە كلاسسىك دەۋرى شەكىللەنگەن ھەم بۇ تىلدا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن . چاغاتاي يېزىقى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا پەيدا بولۇپ ، ئەرەب ۋە پارس تىلىدىكى نۇرغۇن ئىبارىلەر ئۇنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى . 1391 – يىلى باھاردا تېمۇر توتومىشقا ھۇجۇم قىلغاندا قازاقىستاندا ئويدۇرغان خاتىرە تېشى دەل مۇشۇ چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان ( ئېكمان « چاغاتاي يېزىقى قوللانمىسى » ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى ئورال – ئالتاي مەجمۇئەسى 60 – جىلد ) .

تېمۇر تۈرك بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئىران مەدەنىيىتى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگىمۇ مايىل ئىدى . بارتولد مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى : XI تېمۇردە گەرچە كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتلەرنىڭ ئىدىيىسى بار بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ پۈتۈن كۆچى بىلەن مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ

بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ يۇقىرى تەبىقە ۋە دىنىي قاتلاملىرىدىكى ۋەكىللىك كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتقانىدى. تېمۇرنىڭ بارلىق تاجاۋۇزچىلىق نىشانى غەربىي ئاسىياغا قارىتىلغان بولۇپ، پەقەت ئۇ غەربىي ئاسىيادىلا تەدبىر، ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە ئۇنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەردى. ئۇنىڭ يايلاق رايونلىرىغا ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشلىرى تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدە ئىدى. پەقەت ئۇ ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزگەندە، موغۇلىستاندا مۇشۇنداق بىر فېئوداللىق سۇيۇرغاللىق زېمىن بەرپا قىلماقچىدى » ①. تېمۇر ئىران مەدەنىيىتىگە مايىل بولغاچقا ھەم ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ غەربىي ئاسىياغىچە بولغان بارلىق رايونلار تېمۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغاچقا، تېمۇرنىڭ دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ھەققىدە توختالغان ئەسەرلەردە پارس مەدەنىيىتىمۇ سۆزلىنىدۇ. بۇراننىڭ مەشھۇر ئەسىرى « پارس ئەدەبىيات تارىخى » دا بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇتۇقلار ھەققىدە ناھايىتى ياخشى مەلۇمات بېرىلگەن.

تېمۇر كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا تۈرك ۋە پارس تىلىنى بىلەتتى. كېيىن ئۇزۇن مەزگىللىك سەرگەردانلىق ھاياتى ۋە ھەربىي پائالىيەتلەر جەريانىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن، يەنە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىلەن كۆپ ئۇچرىشىش ئارقىلىق مول بىلىمگە ئىگە بولغان. شۇڭا ئۇ تەربىيە كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن باشقىلارغا بىر خىل تەربىيە كۆرگەن ئادەمدەك ياخشى تەسىرات قالدۇراتتى. ھاپىز ئەبۇلنىڭ دېيىشىچە، تېمۇر تۈركلەر، ئەرەبلەر ۋە پارسلارنىڭ تارىخى ھەققىدە مول بىلىمگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىقمۇ نۇرغۇن پەننىي بىلىملەرگە ئىگە بولغان. ئۇ تىبابەتچىلىك ۋە ئاسترونومىيە ھەققىدىمۇ بەزى بىلىملەرگە ئىگە ئىدى. تېمۇر تەرىپىدىن سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېلىنگەن ئالىملار ئىچىدە ھىسامىدىن ئىبراھىم شاد كېرمانى ئىسىملىك بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ « شۇ دەۋرنىڭ ھېراكلىتى »

① « بارتولد ئەسەرلىرى » رۇسچە 2 ـ توم 1 ـ كىتاب. 266 ـ بەت.

دېگەن شەرەپكە مۇيەسسەر بولغانىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، دوختۇر ۋە ئاسترونوم موللا ئەھمەدنىڭ ئاسترونومىيىلىك ھېسابلاش ئۇسۇلى 200 يىلغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن . لېكىن بارلىق بىلىملەر ئىچىدە تېمۇرنىڭ تارىخ ھەققىدىكى بىلىمى ئەڭ گەۋدىلىك ئىدى . بۇ جەھەتتە ئۇ ھەتتا ئۆزى بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۆرگەن تارىخچى ئىبنى خالدۇننى ھەيران قالدۇرغانىدى . تېمۇرنىڭ شاھمات ئويناشتىكى ماھارىتىمۇ ئۆز ۋاقتىدىكى ماھىر شاھماتچىلار بىلەن تىركىشەلىگۈدەك دەرىجىدە ئىدى .

تېمۇر چالا ساۋات ھۆكۈمران بولسىمۇ ، ئەكسىچە ئۇ بىلىمى ۋە ماھارىتى بار كىشىلەرنى ناھايىتى ئەتىۋارلايتتى . بۇ جەھەتتە ئۇ تارىختىكى بەزى مەدەنىيەتلىك ۋە بىلىملىك ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەمىشە ئۆلىمالارغا ۋە ئالىملارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىغا ئوخشىمايتتى . تېمۇر بويسۇندۇرغان بارلىق جايلاردا ھەمىشە شائىرلار ، ئالىملار ، سەنئەتكارلار ، تېخنىكلارنى ئۆلتۈرمەي قوغداپ ساقلاپ قالاتتى ھەمدە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېلىپ ، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان ھەم ئىلىم ـ پەن ، سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان . شۇڭا تېمۇر دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيىتىنى بايان قىلغاندا ، بۇ كىشىلەرنىڭ تۆھپىسىنى قايرىپ قويۇشقا بولمايدۇ . تۆۋەندە بىز بۇ ساھەدىكى بىرقانچە ئاساسلىق كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز .

ئىبنى ئەرەبشاھ ( 1392 ــ 1450 ـ يىللار ) تارىخچى . ئۇ دەمەشقتە تۇغۇلغان . تېمۇر سۇرىيىگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا ئۇ ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەنىدى . ئۇ نۇرغۇنلىغان سەنئەتكارلار ، ھۈنەرۋەنلەر ، شائىرلار ، ئا-لىملار بىلەن بىرلىكتە ماۋرا ئۇننەھرگە ئېلىپ كېلىنگەن . ئىبنى ئەرەبشاھ سەمەرقەنتتە ئۆسۈپ چوڭ بولغان . تېمۇرگە نىسبەتەن باشتىن ـ ئاخىر دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلگەن . ئىبنى ئەرەبشاھ كېيىن ئۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىپ چىققان تارىخىي ئەسىرىدە بۇ ئىستېلاچىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن تەنقىد قىلغان . لېكىن ئۇنىڭ كىتابىدا تېمۇرگە دائىر نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار بار .

تېمۇرنىڭ ئوردا تارىخچىسى شەرىپىدىن ئەلى يەزدى ۋە نىزامىدىن

شامى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن پارس تىلىدا ئەسەر يازاتتى. نىزامىددىن شامى باغدادتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان سۈرىيىلىك بولۇپ، تېمۇر باغدادقا ھۇجۇم قىلغاندا ئەسىرگە چۈشكەن. كېيىن ئۇ تېمۇرگە ئەگىشىپ ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، تېمۇرنىڭ بارلىق ھەربىي پائالىيەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. 1402 ـ يىلى تېمۇر ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ زەپەرلىرىنى بايان قىلىدىغان بىر ئەسەر يېزىپ چىقىشنى ھاۋالە قىلغان. نىزامىددىن شامى 1403 ـــ 1404 ـ يىللاردا بۇ ئەسەرنى يېزىپ تاماملىغان بولۇپ، كىتابىنىڭ ئىسمى «تېمۇرنىڭ زەپەرنامىسى» ئىدى. كېيىن شەرىپىددىن ئەلى يەزدىمۇ 1425 ـ يىلى يۇقىرىقىغا ئوخشاش تېمىدا، تېمۇرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن بىر ئەسەر يېزىپ چىقتى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ «زەپەرنامە» دېگەن ئىسمىنى تېمۇر ئۆزى ئويلاپ چىققانىكەن. شەرىپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ بۇ ئەسىرى بۈرۈنمۇ ۋە ھازىرمۇ تېمۇرنىڭ تارىخى ھەققىدىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىماقتا.

تېمۇر دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم سائادىدىن مەسئۇدى ئىبنى ئۆمەر (1322 ـــ 1395) مول بىلىملىك ئالىم دەپ ئاتالغانىدى. ئۇنىڭ ئىلاھىيەت ۋە گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا توغرىسىدا يازغان نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئەينى ۋاقىتتا دەرسلىك قىلىنغان.

تېمۇرنىڭ ئوردىسىدا ئىلىپ بېرىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئىبنى ئۆمەرمۇ كۆپ قېتىم ئىشتىراك قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆمرى ئاساسەن سەمەرقەنت، شىراز، ھىرات، خارەزىم قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن ئۆتكەن.

ئاتاقلىق شائىر ھاپىز شىرازلىق ئىدى. ئۇ كىچىك چېغىدىلا دادىسىدىن يېتىم قالغاچقا، ھاپىزنى بېقىشقا ئامالسىز قالغان ئانىسى ئۇنى باشقا بىر ئائىلىگە بېرىۋەتكەنىدى. لېكىن ھاپىز ناھايىتى تېزلا ئۇ ئائىلىدىن قېچىپ چىقىپ، بىر ناۋايخانىغا بېرىپ شاگىرت بولغان. كې-يىن ئۇ دەرۋىشكە ۋە شائىرغا ئايلانغان. ئىككى پادىشاھ ئۇنى ھىندىستانغا بېرىشقا تەكلىپ قىلغان. لېكىن سەپەرنى داۋاملاشتۇرالمىغاچقا، ئۇ يەرگە

يېتىپ بارالمىغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى شۇ دەۋردە كىشلەر ئارىسىدا ناھايىتى كەڭرى تارقالغان . ھەتتا بەزىلىرى خەلق ناخشىلىرىغا ئايلانغانىدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بەزىلەر ئۇنى ئىتالىيىلىك شائىر دانتى بىلەن سېلىشتۇرغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەپتۇن قىلىش كۈچى يۇقىرى بولۇپ ، ئىلگىرى بۇنداق شېئىرلار ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا دەلىل ـ ئىسپاتلار جايىدا ، مۇھەببەت ـ نەپرەت ئېنىق بولغاندىن سىرت ، ئىشقى ـ مۇھەببەت شېئىرلىرى ناھايىتىمۇ مۇكەممەل ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلغان . قىسقىسى ، ھاپىزنىڭ پارس ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى .

يەنە كامال خوجەند ئىسىملىك بىر شائىر بار ئىدى . ئۇ بالىلىق مەزگىلىنى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكۈزگەن . كېيىن سەمەرقەنتكە ئوقۇشقا بارغان . ئۇنىڭدىن كېيىن تەبرىزگە بارغان . توتومىشخان بۇ شەھەرنى قورشاۋغا ئالغاندا ئۇ ئەسىرگە چۈشۈپ ، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ پايتەختى سارايغا ئېلىپ كېلىنگەن . كامال داڭلىق شائىر بولۇپ ، ئۇ ھاپىز بىلەن يېقىن دوست ئىدى . ئۇنىڭ غەزەللىرى ھاپىز شىرازنىڭكى بىلەن شەكىلداش بولمىسىمۇ ، ئوتتۇرىغا قويغان مۇددىئاسى ئوخشاپ كېتەتتى . بۇ ئىككى شائىردىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان يەنە بىر شائىر ــ بۇخارالىق نوشىر ئىدى . ئۇمۇ غەزەل يازاتتى . X Ⅳ ئەسىردە ئۆتكەن بۇ شائىرلارنىڭ يازغان شېئىرلىرىدا لىرىكا ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھال ـ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەتتى . بۇ شېئىرلار ئوردا شائىرلىرى يازغان قەسىدىلەرگە ئوخشىمايتتى .

تېمۇر دەۋرىدىكى ئەدىب ، ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئىرانلىقلار ئىدى . شائىرلار كۆپىنچە پارس تىلىدا شېئىر يازاتتى . نەسرىي ھەم ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىدا يازاتتى . تۈرك يېزىقىنى ئىشلىتىدىغانلار ئازراق ئىدى .

تېمۇر دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ھەرمىللەت ئۇستىكارلىرىنىڭ ،

مىمارلىرىنىڭ ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەسەرلىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەنە تېمۇرنىڭ ئۆز پايتەختىنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە سەنئەتكە بولغان ئىشتىياقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىمارلار شەھەر قۇرۇلۇشىنى تېمۇرنىڭ پۈتۈنلەي سەنئەت چۈشەنچىسى بويىچە لايىھىلەيتتى. بەزى قۇرۇلۇشلار بولسا تېمۇرنىڭ ئېلىپ بارغان ھەرقېتىملىق ئۇرۇشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مەسىلەن، تاشكەنت (كېش) تىكى ئاق ساراي ئوردىسى مىلادى 1380 ـ يىلى خارەزىمدىن ئەسىرگە ئېلىنغان ئۇستىكارلارنىڭ قولىدا ياسالغانىدى. سەمەرقەنتتىكى بىبىخان مەسچىتى تېمۇر ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇرۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تېمۇرنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى جۇڭگونىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇۋاڭنىڭ دېيىشىچە، تېمۇر سەمەرقەنت ۋە تەبرىز ئىككى شەھەرنى قۇرغاندا جۇڭگو ئۇستىكارلىرىنى كۆپ ئىشلەتكەن. شۇڭا جۇڭگو سەنئىتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى روشەن. قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلگەن خىشلاردىن تارتىپ گۈمبەزسىمان تورۇسلارغىچە جۇڭگو ئۇسلۇبىدا بېزەلگەن (بۇۋاڭ: «تېمۇر ئىمپېرىيىسى» 67 ـ بەت فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى). كىراۋىيونىڭ بايان قىلىشىچە، تېمۇرنىڭ سەمەرقەنتتىكى ئوردىسىنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ھەم ھەشەمەتلىك بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ئوردىنىڭ ئىچكى تاملىرى ساپلا ئالتۇن رەڭلىك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان رەڭلىك ئەينەكتىن ياسالغانىدى. تېمۇر ئەلچىلەرنى ئوردا ئالدىدا قوبۇل قىلاتتى. بۇ يەردە فونتانلىق كۆل بار بولۇپ، كۆل ئىچىدە ئالتۇن بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. كۆل ئىچىدە فونتان سۈيى يۇقىرىغا ئېتىلىپ تۇراتتى. ئوردىنىڭ ئىچىدىكى چاھار باغ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، باغقا تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلگەنىدى. دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدىن كەڭرى يوللار ئېلىنغان ھەم يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىم ياتقۇزۇلغانىدى. باغقا كۆزنى چاقنىتىدىغان ئوتقاشتەك پاياندازلار سېلىنغانىدى. پاياندازلارغا ھەرخىل كەشتىلەر چۈشۈرۈلگەنىدى. چاھار باغنىڭ ئىچىدە يەنە كرىست شەكىللىك خان ئوردىسى بار ئىدى. ئوردا ئىچىمۇ ناھايىتى ھەشەمەتلىك

بىزەلگەن بولۇپ، تامغا زىلچا ـ گىلەم، ئىشىككە گۈل كەشتىلەنگەن پەردىلەر تارتىلغانىدى. ئوردىنىڭ ئىچىدىكى تۆت تامغا ئەتىرگۈل رەڭگىدىكى سەرناق ئېسىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېسىل گۆھەر ـ ياقۇتلار ئورنىتىلغانىدى. تورۇسقا يېشىل رەڭلىك لېنتىلار ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆي ئىچىگە كىرگەن مەيىن شامالدا تەۋرىنىپ تۇرۇشى ئوردا ئىچىنى ئىنتايىن گۈزەللەشتۈرۈۋېتەتتى («كىراۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» 129 ـ بەت). مانا بۇلارنى بىر كۆچمەن چارۋىچى مىللەت پادىشاھىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن كەلگەن دېيىش ھەقىقەتەن تەس. جۇڭگو ۋە ئىراننىڭ تەسىرى بۇ يەردە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.

تېمۇر دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ رەسساملىق سەنئىتى جۇڭگو سەنئىتىنىڭ ناھايىتى زور تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئەنگلىيىلىك ئىرانشۇناس د. روس (D. ross) مۇنداق دەيدۇ. X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (943 ـ يىلى) جۇڭگونىڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخاراغا كەلگەن. ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىچىدە جۇڭگولۇق سەنئەتكارلار بار ئىدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ رەسساملىق ئۇسلۇبىنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رەسساملىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى ئۇزۇن يىللار داۋاملاشقانىدى. ھەتتا 500 يىلدىن كېيىن (1437 ـ يىلى) بىر پارس رەسسامى سەمەرقەنتتە جۇڭگوچە قىستۇرما رەسىملىرى كىرگۈزۈلگەن بىر كىتابنى كۆچۈرۈپ سىزغانىدى. بۇ رەسىملەرنى تېمۇرنىڭ يېنىغا ئەلچىلىككە كەلگەن جۇڭگو ئەلچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ كەلگەنىدى. سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە رەسساملىقنى Kar – i Chini: «كارى ـ چىن» (مەنىسى «جۇڭگوچە ئىش» دېگەنلىك بولىدۇ) دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، بۇ كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە قوللىنىلىپ كېلىنگەنىدى. تېمۇر دەۋرىدە پارس رەسساملىقىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ يۈكسەك پەللىگە يەتكەنىدى. مىلادى 1365 ـ يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى رەسساملىق بارلىققا كېلىپ «جۇڭگو ـ ئىران رەسساملىق ئۇسلۇبى ئېقىمى)» دەپ ئاتالغانىدى. بۇ

خىل رەسساملىقتىن جۇڭگونىڭ بىر خىل نەپىس رەسساملىقىنىڭ ئىزناسى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. (ئى. بلوكفت: « X Ⅱ ئەسىردىن X Ⅶ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى مۇسۇلمان رەسسامچىلىقى » (Xvllcentury – Xllth – E. BoChet. Musulman Painting دېگەن كىتابقا يېزىلغان كىرىش سۆز)

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا قويۇق ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بار ئىدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

## تېمۇرنىڭ ۋارىسلىرى (1)

تېمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قۇرغان كاتتا ئىمپېرىيەمۇ پارچىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھەرقايسى جايلاردا ئۆزئارا بېقىنمايدىغان خانلىقلارنى قۇردى. شۇڭا ئۇلارنى تېمۇر ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. ئادەتتىكى ئەسەرلەردە تېمۇر سۇلالىسى (Timurid) دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

### 1- بۆلۈم تېمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى تەخت تالىشىش كۈرىشى

تېمۇرنىڭ تۆت مەشھۇر ئوغلى بولغان. چوڭ ئوغلى جاھانگىر تېمۇردىن ئىلگىرى ھىجرىيە 777 - يىلى (مىلادى 1375 — 1376 - يىللىرى) ئالەمدىن ئۆتتى. جاھانگىردىن ئىككى ئوغۇل قالدى. چوڭ ئوغلى مۇھەممەد سۇلتان تېمۇرنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئاستانە پەرغانىنى سورىدى. كىچىك ئوغلى پىرمۇھەممەد ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ كابۇل، قەندەھار، بەلخ قاتارلىق جايلىرىغا ھۆكۈمدار بولدى.

تېمۇرنىڭ 2 - ئوغلى ئۆمەرشاھ ئاۋۋال ئەنجانغا نائىپ بولدى، كېيىن 1939 - يىلى دىياربېكىردە جەڭدە قازا قىلدى. ئۇنىڭ پىرمۇھەممەت، رۇستەم، ئىسكەندەر، مەنسۇر دېگەن ئوغۇللىرى شىراز، ھەمەدان، سىماخان قاتارلىق جايلارغا ۋارىسلىق قىلدى.

3 - ئوغلى مىرەنشاھ ئەزەربەيجان (تەبرىز) قاتارلىق جايلارنى سورىدى. كېيىن ئاتتىن يىقىلىپ مېڭىسى زەخىملىنىپ ئېلىشىپ قالدى.

يۇرتىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئابابەكرى ، ئۆمەر دېگەن ئوغۇللىرى سورىدى . مىرەنشاھنىڭ يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئېتى خېلىل ئىدى .

تېمۇرنىڭ كەنجى ئوغلى شاھرۇخ دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە ھىراتنى ئاستانە قىلىپ خۇراسانىي سورايتتى . تېمۇر ھايات ۋاقتىدا جاھانگىرنىڭ ئوغلى پىرمۇھەممەدنى ئۆزىگە تەخت ۋارىسى قىلىپ كۆرسەتكەنىدى . لېكىن ، 1405 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، سولقول ، ئوڭ قول سەركەردىلىرى مىرەنشاھنىڭ ئوغلى خېلىلنى قوللىدى . ئوتتۇرا قوشۇن لەشكەر بېشى شاھ مىلىك بىلەن شاھ نۇرىدىن پىرمۇھەممەد ۋە ھىراتتىكى شاھرۇخ بىلەن ئالاقە باغلاپ ، شۇ يەرنى بېسىپ يېتىش ئۈچۈن ئۇلۇغبەگ ( شاھرۇخنىڭ ئوغلى ) ، ئىبراھىم قاتارلىق خانزادىلەرنى ئېلىپ بۇخاراغا باردى . خېلىل لەشكەر تارتىپ پايتەخت سەمەرقەنتكە بارغۇچە يول بويى ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى ، تېخى پايتەختتىكى قوشۇن تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى . تېمۇر ئالەمدىن ئۆتۈپ بىر ئاي بولغاندا ( 1045 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ) داغدۇغىلىق شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ھەم تېمۇرنىڭ ئۇمىدىگە ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن پىرمۇھەممەدكە « خان » لىق ئۇنۋانىنى بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى . چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى ئەمەس تۇرۇپ ئۆزىنى خان دەپ ئاتاشقا تېمۇرنىڭ ئۆزىمۇ پېتىنالمىغانىدى .

خېلىل يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىگەن بىلەن ، تېخى ئافغانىستاندىكى پىرمۇھەممەد ۋە باشقا بەگلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغانىدى . لېكىن دۆلەت سىرتىدىكىلەر خېلىل تېمۇرگە ۋارىسلىق قىلغان ، دېيىشىدۇ . مەسىلەن ، مىلىك سۇلالىسى تەرەپنىڭ ئېيتىشىچە شۇنداق . « مىلىك سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى » دە : « ( يۇڭلېنىڭ 5 ـ يىلى ، يەنى مىلادى 1407 ـ يىلى ) 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ھەربىي مۇشەررەپ جۇڭ فۇئەن ، گوجى قاتارلىق كىشىلەر سەمەرقەنتتىن قايتىپ كەلدى . ئۇلار خۇڭۋۇنىڭ 28 ـ يىلى ( مىلادى 1395 ـ يىلى ) غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلغان بولۇپ ، سەمەرقەنتتە 13 يىل تۇرۇپ قالغانىدى . ئەمدى خېلىل تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ۋەزىر خۇدايدادنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇلارنى قايتۇردى

ھەم تارتۇق ئەۋەتتى. جۇڭ فۇئەننىڭ ئېيتىشىچە، تېمۇر كورگان ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا نەۋرىسى خېلىل ئولتۇرغان» دېيىلىدۇ. بۇ خاتىرىدىن قارىغاندا، خېلىل بوۋىسى تېمۇرگە ئوخشىمايدىكەن. ئۇ جۇڭگوغا دوستانە پوزىتسىيە تۇتقان، ئۇزاق ۋاقىت تۇتۇپ تۇرغان ئەلچىلەرنى قايتۇرۇپ بەرگەن.

تېمۇرنىڭ ئارزۇسىدىن ئېيتقاندا، خېلىلنىڭ تەختنى تارتىۋېلىشى قانۇنغا مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن تەخت تالىشىدىغانلار ئاز ئەمەس ئىدى. ئالدى بىلەن تېمۇر ھايات ۋاقتىدا كۆرسەتكەن ۋارىس پىرمۇھەممەدنى ئالساق، تېمۇر ھايات چاغدا ئۇ قەندەھاردا ئىدى. ئۇ ماۋرا ئۇننەھردىن يىراقتا بولغانلىقتىن، خېلىل چاققان كېلىپ پايتەخت سەمەرقەنتنى تارتىۋالدى. 1405 ـ يىلى ياز بىلەن كۈز ئارىلىقىدا، ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى. پىرمۇھەممەد بەلخنى بېسىۋالدى ھەم ماۋرا ئۇننەھرگە بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا ھىراتتىكى شاھرۇخ بىلەن مەسلىھەتلەشتى. 1406 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇلار ماۋرا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلدى. بىرنەچچە ئەمىر يۈز ئۆرۈگەنلىكتىن، پىرمۇھەممەد مەغلۇپ بولۇپ بەلختىن قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا شاھرۇخ سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلاي دەپ تۇرۇۋىدى، خېلىل ياراشساق دەپ ئادەم ئەۋەتتى، شاھرۇخ مۇرغاپ دەرياسى بويىدىن ھىراتقا قايتىپ كەلدى.

پىرمۇھەممەد ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن چېكىنگەندە، خېلىل شىمال تەرەپنىڭ تەھدىتىدىن ئەنسىرەپ ئارقىسىدىن قوغلىمىغانىدى. لېكىن پىرمۇھەممەد ئافغانىستانغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، 1407 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ ۋەزىرى پىرئەلى تاز تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تېمۇرنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى بولۇشى مۇمكىن بولغان كىشىلەر مۇشۇنداق يوقالدى. ماۋرا ئۇننەھردىكى جېدەل تېخىمۇ كەسكىنلەشتى.

خېلىل سەمەرقەنتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، تەخت تالاشقۇچىلار بىلەن كۆرەش قىلىپلا قالماستىن، يەنە تېخى شىمالدىن كېلىدىغان تەھدىت ۋە ئىچكى قىسىمدىكى توپىلاڭغا دۇچ كەلدى. ئالتۇن ئوردىنىڭ

تاتارلىرى 1405 ــ 1406 ـ يىللىرى خارەزىمنى بىسۋالدى ۋە ئاياغ ـ ئاستى قىلدى ، شۇڭا خىلىل چېكىنگەن پىرمۇھەممەدنى ئارقىسىدىن قوغلىيالىمىدى . يەنە خىلىلنىڭ تەۋەسىدىكى نۇرغۇن جايلاردا ئاقسۆڭەكلەر ، ئەمىرلەر ئۇنىڭغا قارشى چىقتى . مەسىلەن ، ئۇ قۇللۇقتىن كېلىپ چىققان شاد مەلىكىنى ئالغانىدى . بۇ ئايال ھۆكۈمەت ئىشىغا ۋە دۆلەتنىڭ مالىيە باشقۇرۇشىغا زىيادە ئارىلىشىۋالدى . ئۇنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەن كۆپلىگەن تۇۋەن قاتلام كىشىلىرى ھۆكۈمەتتە ۋەزىپىگە قويۇلۇپ ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتتى . شاد مەلىكە بۇزۇپ ـ چېچىپ ، دۆلەت خەزىنىسىنى ئىسراپ قىلدى ، بىر تۈركۈم ئەسكەرنى بىكار بېقىپ ، دۆلەت خەزىنىسىنى تېخىمۇ قۇرۇتۇۋەتتى . ئاچارچىلىق بولۇپ تۇردى ، ئاپەت ئەدەپ كەتتى . بىر قىسىم ئاقسۆڭەك ، ئەمىرلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ كۆتۈردى . توپىلاڭنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى خۇدايداد ، ئاراختا ۋە شاھ نۇردىنلار ئىدى .

خۇدايداد سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى كەڭ زېمىننى ( خوجەنت بىلەن پەرغانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) بېسىپ ياتاتتى . ئۇ خىلىلغا قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپلا قالماستىن ، يەنە موغۇللار بىلەن بىرلىشىپ خىلىلغا ھۇجۇم قىلدى . ئاللاھىدا ئاسبارانىڭ باقاۋۇلى ئىدى . تېمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئاللاھىدا ئاسبارانى تاشلاپ ، خۇدايداد بىلەن بىرلىشىپ جەنۇبقا يۈرۈپ جىزاققا ھۇجۇم قىلدى . خىلىل پىرمۇھەممەدنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن ، ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ، سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى توپىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، خوجەنت ، شاھرۇقەيا ۋە تاشكەنتلەرنى ئالدى . لېكىن شاراپخان دېگەن يەردە خۇدايداد بىلەن شاھ نۇردىننىڭ كېچىلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ، ئېغىر چىقىم تارتىپ نائىلاج چېكىندى .

شاھرۇخمۇ ماۋرا ئۇننەھرنى ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى . ئۇ ماۋرا ئۇننەھردىكى ئەمىرلەرنى ۋە بۇخارادىكى دىنىي رەھبەرلەرنى ئۆزىگە رام قىلىپ ، خىلىلنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاپ تۇردى . پىرمۇھەممەد ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئۇ

ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەمياد قىلدى ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بەلخنى ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردىكى قەلئەنى ئەسلىگە كەلتۈردى ( بەلختىكى قەلئەنى 1370 - يىلى تېمۇر ۋەيران قىلغانىدى ). خېلىل بۇنىڭدىن خاۋاتىرلىنىپ شىمالدىن قايتىپ كېلىپ تېرمېزنى مەھكەم ساقلىدى. ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، سوۋغا تەقدىم قىلىشىپ، ئۆز ئاستانىلىرىگە قايتىپ كېتىشتى.

1409 - يىلى ئەتىيازدا خۇدايداد يەنە قوزغىلىپ، ئۆرە تۆپىنى بېسىۋالدى. خېلىل جەنۇب تەرەپتە شاھرۇختىن مۇداپىئە كۆرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئاران 3000 كىشىلىك بىر قوشۇننى ئەۋەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن خېلىل يەنە 4000 ئەسكەرنى باشلاپ ئۆزى ياردەمگە باردى. لېكىن خۇدايداد ئاللاھدا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خېلىلغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، 1409 - يىلى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ نەزەربەند قىلىپ قويدى. ئۇلار شۇ ھامان سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ ئاستانىنى قارشىلىقسىزلا بېسىۋالدى.

شاھرۇخ يۇقىرىقى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ماۋرا ئۇننەھرگە لەشكەر تارتىپ، 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئامۇ دەرياسى بويىغا يېتىپ باردى.

خۇدايداد بۇنى ئاڭلاپ، خېلىلنى ئېلىپ سەمەرقەنتتىن پەرغانىگە قېچىپ كەتتى ۋە موغۇللاردىن ياردەم سورىدى. موغۇللار خېلىلغا سوۋغا تەقدىم قىلدى، خۇدايداد موغۇللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، كاللىسى شاھرۇخقا ئاپىرىپ بېرىلدى. شاھرۇخ سەمەرقەنتنى قىلىچىغا قان تەگكۈزمەيلا ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، داۋاملىق شىمالغا يۈرۈپ خېلىل بىلەن ئۇچراشتى. شاھرۇخ خېلىلغا مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى، لېكىن ئۇنى قايتىدىن سەمەرقەنتكە خان قىلماي، ئۇنىڭغا رېينى سويۇرغال قىلىپ بەردى. خېلىل ئۆزىنىڭ يېڭى سويۇرغالىغا بارغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، 1411 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. خوتۇنى شاد مەلىكىمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. شاھرۇخ بىلەن خېلىل ئوتتۇرىسىدىكى ماجرا «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە» دە تىلغا

ئېلىنغان.

شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈن ماۋرا ئۇننەھر شاھرۇخنىڭ زېمىنىغا ئايلاندى. غەرب تەرەپتە ئىران، ئىراق ۋە سۈرىيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇرۇنقى تېمۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىنى شاھرۇخ بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇ ھىراتنى پايتەخت قىلىپ، خۇراسان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافغانىستاندىن ئىبارەت كەڭ زېمىننى سوردى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگولۇقلار ئۇنى ھىرات ئېلى دەپ ئاتىغان.

## 2- بۆلۈم ھىرات دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

شاھرۇخ تېمۇرنىڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، باشتا خۇراسان (ھازىرقى ئافغانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غا ھۆكۈمدار بولدى. ئۇ خانلىق ئورنىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن زېمىننى جىيەن ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. مەسىلەن، ئىبراھىم سۇلتاننى بەلخكە ھۆكۈمدار قىلدى. مۇھەممەد جاھانگىرنىڭ ئوغلىنى ھىسار ۋە ئامۇ دەرياسى بويىدىكى سارىزارا رايونىغا ھۆكۈمدار قىلدى. ئۆمەرشاھنىڭ ئوغلى ئەخمەدنى پەرغانىگە ھۆكۈمران قىلدى. شارىغ ساراي تامىشنى بۇرۇن پىرمۇھەممەد سورىغان كابۇل، غەزنىۋى ۋە قەندەھار قاتارلىق جايلارنى سوراشقا ئەۋەتتى. ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئۇلۇغ بەگنى 1409 ـ يىلى سەمەرقەنتتە تۇرۇپ، ماۋرا ئۇننەھرنى سوراشقا ئەۋەتتى. شاھرۇخ كېيىن زېمىننى كېڭەيتىپ مازاندا (1406 ــ 1407 ـ يىللىرى)، پارس (1414 ــ 1415 ـ يىللىرى)، كىرمان (1416 ــ 1417 ـ يىللىرى) ئەزەربەيجان (1420 ـ يىلى) غىچە باردى. شاھرۇخ ئەمەلىيەتتە ئىران (ئۆز ۋاقتىدا ئافغانىستاننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) نىڭلا شاھى ئىدى. ئۇ زېمىننى كېڭەيتىپ، تېمۇرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچىدى، لېكىن ئەمەلگە ئاشمىدى. 1408 ـ يىلى قارا قوي خانلىقى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەزەربەيجاننى تارتىۋالدى، 1410 ـ يىلى يەنە باغدادنى تارتىۋالدى. كېيىن

ئىسپاھان قاتارلىق جايلارنى كونترول قىلدى ① شاھرۇخ ئىراننىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

ھىرات دۆلىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بەگلەر، ئەمىرلەر ئاتاقتا شاھرۇخنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەربىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل خانغا ئوخشايتتى. مەسىلەن، ئۇلۇغ بەگ سورىغان ماۋرا ئۇننەھر خۇددى بىر مۇستەقىل دۆلەتكە ئوخشايتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى مۇسۇلمان تارىخچىلار ئۇنى شاھرۇخقا قارايدىغان يەرلىك ئەمەلدار دەپ قارىماي، «ئۇلۇغ سۇلتان» دېپ ئاتىغان.

شاھرۇخ ئۆز زامانىدىكى ۋە كېيىنكى تارىخچىلار تەرىپىدىن ئىران تارىخىدىكى ئەڭ بىلىملىك شاھ دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇ زېمىننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، توپىلاڭنى تىنچىتىپ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرغان، ئىلىم ـ مەرىپەتنى گۈللەندۈرگەن، شۇ زاماندا ئىران ئىلىم ـ ئېرپان جەم بولغان، مەدەنىيەت گۈللەنگەن ئاۋات ـ پاراۋان دىيارغا ئايلىنىپ، يىراق ـ يېقىنغا داڭقى كەتكەن. شاھرۇخنىڭ خوتۇنى گۆھەرشاھ ئۇنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشتىكى كۈچلۈك ياردەمچىسى ئىدى. بۇ خانىشمۇ ئىلىم سۆيەر ئايال بولۇپ، مەدەنىيەتنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيتتى. ئالىم، سەنئەتكارلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى. بەزىلەر ھەتتا ئۇنى شاھرۇخنىڭ دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمرانى دەپ قارايتتى. (بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ئۈستىدىكى تۆت خىل تەتقىقات»، 2 ـ توم، «ئۇلۇغ بەگنىڭ تەرجىمھالى»، مىنورسكى تەرجىمىسى، 1958 ـ يىلى، لېيدىن نەشرى، 84 ـ بەت).

شاھرۇخ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھىرات دۆلىتىنىڭ قىلغان ئەڭ مۇھىم ئىشى جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسـ

---

① قاراقوي خانلىقىنى تۈركمەن قەبىلىسى قۇرغان. بۇ قەبىلە XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋان كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا باش كۆتۈرگەن. جالايىرلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئەرمېنىيە ۋە ئەزەربەيجاننى بېسىۋالغان، ئاخىر بېرىپ جالايىر خانلىقىنىڭ ئورنىنى باسقان. قارا قول خانلىقىنىڭ رەھبىرى قارا يۈسۈپ تېمۇر تەرىپىدىن بىرنەچچە قېتىم سۈرگۈن قىلىنغان.

ۋەتنى ياخشىلىغانلىقى بولدى.

تېمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شاھرۇخ جۇڭگوغا يۇرۇش قىلىش ئۇرۇشىنى توختىتىپ، جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى دوستلۇق سىياسىتىگە ئۆزگەرتتى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، ھىرات بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشكەن، سودا ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرغان بولۇپ، جۇڭگو بىلەن ئىراننىڭ مۇناسىۋەت تارىخىدا ياخشى بىر دەۋر ئىدى. جۇڭگو ۋە غەربنىڭ تارىخي ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، مىڭ سۇلالىسىنىڭ تېمۇر دەۋرىدە تۇتۇپ قالغان فۇئەن قاتارلىق ئەلچىلىرىنى ھىرات دۆلىتى 1407 ـ يىلى قايتۇرۇپ بەرگەن. (« مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى ») شۇڭا ئىككىنچي يىلى ( 1408 ـ يىلى ) مىڭ سۇلالىسى يەنە فۇئەندىن « ھىراتقا كىتاب، پۇل قاتارلىق سوۋغا ئەۋەتكەن، ھۆكۈمران شاھرۇخ باتۇر فۇئەنگە قوشۇپ مىڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەن. » يەنە « مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى » دە يېزىلىشىچە، يۇڭلېنىڭ 8 ـ يىلى ( 1410 ـ يىلى ) 2 ـ ئاي شاھرۇخ باتۇر ئاتامان مىرزىلار قاتارلىق كىشىلەرنى ئولپان بىلەن ئەۋەتكەن. ئۇلار ئىنئامغا ئېرىشكەن. («يۇڭلې ھەققىدە خاتىرىلەر »، 68 ـ جىلد ) شۇ يىلى مىڭ سۇلالىسى ئاستانە ئامانلىق بېگى (بەي) ئارشىنتايىنى ھىراتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. بارتولد، 1410 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ شاھرۇخقا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى 1412 ـ يىلى ھىراتقا يېتىپ بارغان ئەلچىلەر ئۆمىكى بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى بەك تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىنغان، ئەلچىلەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئاھالىلەر ئۆيلىرىنى تاۋار ـ دۇردۇن، زىلچا ـ گىلەملەر بىلەن بېزىگەن، دەيدۇ. ئېيتىلىشىچە، مەزكۇر ئۆمەك ھىراتقا ئېلىپ بېرىپ شاھرۇخقا كۆرسەتكەن مىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ يارلىقى پارسچە يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇنى پۈتۈنلەي جۇڭگوچە ( خەنزۇچە ) ئىدى. بۇ خەت ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇلوشىر فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. يۇڭلې خان بۇ يارلىقتا ئۆزىنى تېمۇر خاندانلىقىنىڭ خوجىسى قىلىپ كۆرسەتكەن. شاھرۇخنىڭ مىڭ

سۇلالىسىگە يازغان جاۋاب خېتىمۇ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بىر نۇسخىسى ئەرەبچە، بىر نۇسخىسى پارسچە قىسقىچە مەزمۇنى مىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. كاتلامىر ئۇنى فرانسۇزچىگە تەرجىمە قىلىپ، «ئىزاھ ۋە ئۇزۇندىلەر» نىڭ 14 ـ تومىدا ئېلان قىلغان. (بۇۋانىڭ فېڭ چېڭجۇن تەرجىمە قىلغان «تېمۇر ئىمپېرىيىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 78 ـ بېتىگە قاراڭ.)

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ـ ئۈچ يىلدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر ـ قايسى جايلىرىدىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا سالامغا كېلىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» («8610 ـ بەت») دا:

«غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى 11 ـ يىلى (1413 ـ يىلى) ئاستانىگە كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەممە دۆلەتتىن ئەلچى كېلىدى، باشلامچىسى ھىرات بولدى» دېيىلىدۇ. كونكرېت ئەھۋال مۇنداق: 1413 ـ يىلى 6 ـ ئاي، گۇيىيۇ يىلى، غەربىي يۇرتنىڭ ھىرات، سەمەرقەنت، شىراز، ئەنجان، ئاندىقۇي، تۇرپان، قوجۇ. لۇكچۇن، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدىن كەلگەن ئەلچىلەر باي ئارشىنتاي بىلەن بىللە ئات، شىر، يىلپىز قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ ئوردىغا كەلگەن، ئۇلارغا ئىنئام بېرىلگەن. («يۇڭلې ھەققىدە خاتىرىلەر»، 88 ـ جىلد)

باي ئارشىنتايدىن باشقا، ئۆز ۋاقتىدا ھىراتقا ئەۋەتىلگەن ئاتاقلىق ئەلچىلەردىن لى دا، چېن چېڭ، لى شيەنلەر بار. يۇڭلېنىڭ 11 ـ يىلى (1413 ـ يىلى) 9 ـ ئاي، جياۋۇ يىلى، مىڭ سۇلالىسى ئىچكى ئەمەلدار لى دا، مەنسەپ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ ئەمەلدارى چېن چېڭ، نوپۇس پىرقىسىنىڭ ئەمەلدارى لى شيەن، چىنقىرانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەلچىلەرنى ھىراتقا ئاپىرىپ قويدى. («يۇڭلې ھەققىدە خاتىرىلەر»، 89 ـ جىلد) چېن چېڭ قاتارلىق كىشىلەر يۇڭلېنىڭ 12 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سۇجۇدىن يولغا چىقىپ، شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق كەبىسە 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ھىراتقا يېتىپ باردى. يۇڭلېنىڭ 13 ـ يىلى چېن چېڭلار قايتىپ كېلىپ، يول ئۈستىدە كۆرگەنلىرىنى «غەربىي يۇرتقا قىلغان سەپەرنىڭ خاتىرىسى» ۋە «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر

تەزكىرىسى » دېگەن ئىككى كىتاب قىلىپ يېزىپ مىڭ ئوردىسىغا تاپ-
شۇرغان . كېيىن ، « مىڭ سۇلالىسى تارىخى غەربىي يۇرت تەزكىرىسى »
نى يېزىشتا ئاساسەن مۇشۇ ئىككى كىتابتا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللار ئا-
ساس قىلىنغان .

يەنە « مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى » دە يېزىلىشىچە ، يۇڭلېنىڭ 14 ـ يىلى ( 1416 ـ يىلى ) ، « 6 ـ ئاي ، جىماۋ يىلى ، ھىرات ، سەمەرقەنت ، شىراز ، ئاندىقۇي قاتارلىق جايلاردىن ئوردىغا سالامغا كەلگەن ئەلچىلەر قايتتى . يەنە ئوردا ئەمەلدارى لۇئەن ، كاتاۋۇل چېن قا- تارلىق كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىنئام بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇلدى . ھىراتنىڭ پادىشاھى شاھرۇخ ، سەمەرقەنتنىڭ شاھى ئۇلۇغ بەگ ، شىراز- نىڭ شاھى ئىبراھىم ، ئاندخۇينىڭ شاھى سەيد ئەھمەد دارخان قاتارلىق كىشىلەرگە ئاق ئالتۇن ، تاۋار ـ دۇردۇن ئىنئام قىلىندى . يەنە ئۆتەر يول- دىكى ئەنجان ، ئىسپاھان قاتارلىق جايلارنىڭ كاتتىلىرىغا گۈللۈك دۇردۇن ئىنئام قىلىندى »① بارتولد ھاپىز ئەبۇل بىلەن ئابدۇرازاقنىڭ ئەسىرىگە ئاساسەن ، جۇڭگونىڭ يۇقىرىقى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى 1417 ـ يىلى 4 ـ ۋە 5 ـ ئايلاردا ھىراتتا ئىدى ، ئۇلار 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كۆرۈشۈش ـ خوشلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن ، شۇ چاغ دەل ئەنئە- نىۋى بايرام كۈنلىرى ئىدى . بۇ قېتىمقى كۈتۈۋېلىشنى تەشكىللەش خىزمىتىگە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ، 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ھىراتقا كەلگەن ئۇلۇغبەگمۇ قاتناشقان . ( بارتولد : « ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ئۈستىدە تۆت خىل تەتقىقات » ، ئىنگلىزچە ، 2 ـ توم ، 110 ـ بەت ) بۇ قېتىم شاھرۇخ ، ئۇلۇغ بەگ ۋە غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر لۇئەن ، چېن چېڭلارغا قوشۇپ مىڭ سۇلالىسىگە يەنە ئەلچى ۋە ئولپان ئەۋەتتى . ئەلچىلەر 1417 ـ يىلى كونىچە كالېندار ھېسابىدا 12 ـ ئايدا بېيجىڭغا يېتىپ بارغان ( يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىسى 108 ـ جىلد ) .

يۇڭلېنىڭ 16 ـ يىلى ( 1418 ـ يىلى ) ، « 8 ـ ئاي ، دىڭيۇ يىلى ، ھىراتنىڭ پادىشاھى شاھرۇخ ، سەمەرقەنتنىڭ پادىشاھى ئۇلۇغ بەگلەر

① « يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » 11 ـ جىلد .

ئاردۇشاھ قاتارلىق كىشىلەرنى ئوردىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ، داڭلىق ئات ، چىپار يىلپىزلارنى ئولپان قىلدى » ( يۇڭلې ھەققىدە خاتىرىلەر » ، 111 ـ جىلد ). مۇسۇلمانچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ، ئاردۇشاھ باشقا بىر جۇڭگو ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن 1419 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ھىراتقا قايتىپ كەلگەن دېيىلىدۇ . بۇ قېتىمقى جۇڭگو ئەلچىلەر ئۆمىكى يەنىلا لى دا قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان . يۇقىرىقىغا ئوخشاش خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ، يۇڭلېنىڭ 16 ـ يىلى « 9 ـ ئاي ، ۋۇشېن يىلى ، 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ، ھىراتنىڭ پادىشاھى شاھرۇخ ، سەمەرقەندنىڭ پادىشاھى ئۇلۇغ بەگنىڭ ئەلچىسى ئاردۇ شاھ قاتارلىق كىشىلەر قايتتى . ئىچكى ئەمەلدار لى دا قاتارلىق كىشىلەر شاھرۇخ ، ئۇلۇغ بەگلەرگە ئەۋەتىلگەن يارلىق ۋە تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ ، ئۇلار بىلەن بىللە يۇرۇپ كەتتى . » دېيىلىدۇ ① ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، 1418 ـ يىلىدىكى مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ قورۇقچىلىرى 300 ئاتلىققا يېتىدىكەن . ئۇلار كۆپ پۇل ، ئۆزئارا ئوبدان ئۆتۈش ، سودا ئالاقىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ھەرئىككى تەرەپ تەييارلىق قىلىش توغرىسىدىكى مەكتۇپنى ئېلىپ بارغانمىش . 1419 ـ يىلى جۇڭگو ھىراتقا يەنە ئەلچى ئەۋەتكەن . ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ يەنىلا پارسچە ، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئۈچ خىل يېزىقتا يېزىلغان . شاھرۇخقا ۋاڭلىق مەرتىۋە بەرگەن . بۇۋا : « بۇنىڭدىن قارىغاندا ، مىڭ سۇلالىسى تېمۇر سۇلالىسىنى يېقىن قوشنا دەپ بىلگەن » دەيدۇ . ( تېمۇر ئىمپېرىيىسى » ، 78 ـ 79 ـ بەتلەر ) جۇڭگو بىلەن ھىرات ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنى ئېلىپ تۇرغان ئەلچىلەرنىڭ نەقەدەر كۆپلۈكىنى يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىنمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن .

ھىرات دۆلىتىنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى 1419 ـ يىلىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىدۇر . بۇ قېتىمقى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ رەسمىي ئەزالىرى ئىچىدە شاھرۇخنىڭ ئىككى ۋەكىلى ، چوڭ ئوغلى ئۇلۇغ بەگنىڭ ئىككى ۋەكىلى ، يەنە ئىككىنچى ئوغلى

---

① « يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » ، 110 ـ جىلد .

ئىبراھىم ، ئۈچىنچى ئوغلى بىشىر ، تۆتىنچى ئوغلى شارىخ تامىش ، بە-
شىنچى ئوغلى مەھمۇد يۇگىنىڭ ۋەكىلى بار . بۇ شاھزادىلەر ھەممىسى
شاھرۇخ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرى . يۇرتلىرىنىڭ ھۆكۈمدار-
لىرى ئىدى . شاھرۇخنىڭ ۋەكىلى شادخوجا بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىگە باشلىق
قىلىپ تەيىنلەندى ( يەنە بىر ۋەكىلنىڭ ئىسمى خوجا ) . بىشىرنىڭ
ۋەكىلى خوجا غىياسىددىن بىر رەسسام ئىدى . ئۇ بۇ ئۆمەك بىلەن جۇڭ-
گوغا كەلگۈچە يول ئۈستىدە كۆرگەن ، ئاڭلىغان سىياسىي ، ئىقتىسادىي
ئەھۋاللارنى ئادەمزات ، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلارنى كۈنلۈكىنى كۈنلۈك
خاتىرىلەپ ماڭغان . « شاھرۇخنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ
خاتىرىسى » ماۋزۇلۇق بۇ خاتىرە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى . ( خې
گاۋجى تەرجىمە قىلغان « شاھرۇخنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ
خاتىرىسى » گە قاراڭ . جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى ، 1981 - يىل نەشرى ) .
بۇنىڭدىن باشقا ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا يەنە يۇڭلېنىڭ
17 - ( 1419 - ) ، 18 - ( 1420 - ) يىللىرى شىراز ، ئىسپاھان ، بەدەخشان
قاتارلىق جايلارنىڭمۇ مىڭ ئوردىسىغا ئولپان ئەۋەتكەنلىكى ، مىڭ سۇلالى-
سىنىڭ 1420 - يىلى چېن چېڭنى ھىرات دۆلىتىگە ئەلچىلىككە
ئەۋەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان . ئوردا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بۇ ئەلچىلەر-
دىن باشقا ، يەنە ئۆزىنى ئولپان ئېلىپ كەلگەن ئەلچى دەۋالغان كۆپلىگەن
سودىگەرلەر جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا كەلگەن . يۇڭلېنىڭ 3 - يىلى
(1405 - يىلى ) تېمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، شاھرۇخ جۇڭگوغا
دوستانە مۇئامىلە قىلغانلىقتىن ، مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى
تەسىس قىلغان . بۇنىڭ بىلەن سودا يولى ئېچىلىپ ئولپانچى ئەلچىلەر بارا-
بارا كۆپەيگەن . چاغاتاينىڭ ئەۋلادى شەمئى جاھان قاتارلىقلار ئولپان
ئەۋەتكەندىن كېيىن ، سەمەرقەنتنىڭ نادىنى خېلىل خۇدايدادنى ئەلچى قى-
لىپ ئوردىغا ئەۋەتكەن . يۇڭلېنىڭ 6 - يىلى ( 1408 - يىلى ) 7 - ئايدا
مىڭ سۇلالىسى ئىچكى ئەمەلدار باتاي ، لى دالارنى يارلىق بىلەن بەدەخ-
شان ، كاتتايلاق ، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ يول ئاچقۇزۇپ ،
ئۆتكەن - كەچكەن ئەلچى ، ساياھەتچى ، سودىگەرلەرگە ئاسانلىق

تۇغدۇرۇپ بەرگەن . » ( « يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » 57 ـ جىلد ) .

ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولى ئېچىلىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئەلچىلەر ۋە سودىگەرلەرگە كۆپ ئاسانلىق تۇغۇلدى . تۆۋەندىكىلەر تارىخىي ماتېرىياللاردىكى بۇ خىل ئەلچىلەرنىڭ كەلدى ـ باردىسى، سودا ئالاقىسىگە ئائىت خاتىرىلەر . بۇ ئەلۋەتتە، تولۇق ئەمەس .

( بەدەخشاننى ) بۇرۇن شاھرۇخنىڭ ئوغلى سورايىتتى . يۇڭلېنىڭ 6 ـ يىلى ئىچكى ئەمەلدار باتاي، لى دالاردىن ئۇلارنىڭ خانىغا مەكتۇپ، سوۋغات ئەۋەتىلدى ھەم قەشقەر، كاتتايلاقلارغا كەلدى ـ باردى قىلىش تەلىپى ئۇقتۇرۇلدى . ئۇلار قوبۇل كۆردى . شۇنىڭدىن باشلاپ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇساپىلىك يول راۋانلاشتى . » ① يەنە تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، يۇڭلېنىڭ 7 ـ يىلى ( 1409 ـ يىلى ) 4 ـ ئاي، « دىڭخەي يىلى، سەمەرقەنت قاتارلىق مۇسۇلمان ئەللىرىدىن روھانىي مۇھەممەد دىلمىش قاتارلىق كىشىلەر ملىڭ سۇلالىسىگە سوۋغات ئۈچۈن ئات ئېلىپ كەلدى » . كەبىسە 4 ـ ئايى، « خوجەنتتىن مۇسۇلمان قاما موللا مىڭ سۇلالىسىگە سوۋغات ئۈچۈن ئات ئېلىپ كەلدى، بەدىلىگە پۇل ئىنئام قىلىندى . » ② 6 ـ ئاي، « جىيى يىلى، تۆرە بەگ فۇئەن قاتارلىق كىشىلەر ھىرات، سەمەرقەنتتىن قايتىپ كەلدى . ھىرات قاتارلىق جايلار موراي قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن، يەنە ئۆتەر يولدىكى قارا غوجا قاتارلىق جايلار ئەلچىلەردىن ئولپان قىلىپ ئەۋەتكەن غەربىي رايون ئاتلىرى 550 كە يەتكەن . » ③ شۇ چاغدا سەمەرقەنتنىڭ پادىشاھى فۇئەنگە قوشۇپ ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتكەن . » ④ . شۇ يىلى 10 ـ ئاي، « ۋۇ ۋۇ يىلى، سەمەرقەنت

---

① « ملىڭ سۇلالىسى تارىخى » ، 8613 ـ بەت .
② « يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » ، 62 ـ بەت .
③ يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » . 64 ـ جىلد .
④ « ملىڭ سۇلالىسى تارىخى » ، 8599 ـ بەت .

قاتارلىق جايلاردىن سەككىز نەپەر مۇسۇلمان زەڭگە ئۇلپان ئېلىپ ئوردىغا كەلدى . ①.
يۇڭلېنىڭ 8 ـ يىلى ( 1410 ـ يىلى ) مىلك سۇلالىسى بۇيۇرغا بەگ باي ئارشىنتاينى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتتى . « باي ئارشىنتاي يارلىققا بىنائەن سەمەرقەنت ، شىراز ، ئەنجان ، ئاندىقۇي . . . قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئىنئام قىلىنغان مەشۇت ، گەزلىمە ، ئوردىغا بېرىش توغرىسىدىكى يارلىقنى ئېلىپ باردى . ئەل باشلىقلىرى خۇش بولۇپ ، ئەلچىلىرىنى ھىراتنىڭ ئەلچىسىگە قوشۇپ ، ئارسلان ، غەربىي يۇرت ئىتى ، چىپار يىلپىز قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئەۋەتتى . » ② شۇ يىلى ، « 12 ـ ئاي ، يىماۋ يىلى ، سەمەرقەنت ، قوجۇ قاتارلىق جايلاردىن غوجا مائار قاتارلىقلار قاشتېشى ، دانىكا ئېلىپ كەلدى . » ③
يۇڭلېنىڭ 9 ـ يىلى ( 1411 ـ يىلى ) 6 ـ ئاي ، يىجى يىلى ، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلاردىن كوندۇ قاتارلىق كىشىلەر يەرلىك نەرسىلەردىن ئولپان ئېلىپ ئوردىغا كەلدى . (« يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » ، 77 ـ جىلد . )
يۇڭلېنىڭ 13 ـ يىلى ( مىلادى 1415 ـ يىلى ) 3 ـ ئاي ، جىيايىن يىلى ، سەمەرقەنتكە قاراشلىق شىرۋادىدىن مۇسۇلمان جامالدىن دارخان ئات ئېلىپ ئوردىغا كەلدى . ( « يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » ، 96 ـ جىلد ) شۇ يىلى ( سەمەرقەنت لى دا ، چېن چىڭلارغا قوشۇپ ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتتى . ئۇلار خوشلىشىپ قايتقاندا ، چېن چېڭ ۋە ئوردا ئەمەلدارى ھەمراھ بولۇپ باردى ، ئۇلۇغ بەگ قاتارلىق ئەل باشلىقلىرىغا كۆمۈش سوۋغا ئېلىپ باردى . ئۇ دۆلەتلەر چېن چېڭغا قوشۇپ ئەلچى ئەۋەتتى . ( « مىلك سۇلالىسى تارىخى » ، 8599 ـ بەت ) بۇ بىر يىلدا مىلك سۇلالىسى ئوردىسىغا ھىرات ، سەمەرقەنت ، ئاندىقۇي ، شىراز قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئەلچى كەلدى . ( « مىلك سۇلالىسى تارىخى » 95 ـ بەت )

① . « يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » ، 66 ـ جىلد .
② « مىلك سۇلالىسى تارىخى » 8610 ـ بەت .
③ « يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » 73 ـ جىلد .

يۇگىلىپنىڭ 14 ـ يىلى ( مىلادى 1416 ـ يىلى ) ، قىش 10 ـ ئاي ، بىگىزى يىلى ، سەمەرقەنت ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن مۇسۇلمان پەخىردىن قاتارلىقلار ئوردىغا 77 ئات ئېلىپ سالامغا كەلدى . ( « يۇگىلى يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » 103 ـ جىلد ) .

يۇقىرىقى ئوردا زىيارەتلىرى ، ماھىيەتتە ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنىلا كۆرسىتىدۇ . بۇنداق بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سودا ئالاقىسى يۈەن ، مىڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان . يۇگىلى يىللىرىغا كەلگەندە يەنە ئالاھىدە جانلىنىپ كەتكەن . تېمۇردىن كېيىنكى خانلارمۇ ، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىمۇ ئۆز ئارا سودا ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە پايدا يەتكۈزگەن . شۇ چاغلاردا ھۆكۈمەت ئارا مال ئالماشتۇرۇش يولغا قويۇلۇپلا قالماستىن ، بەلكى خەلقلەر ئارا مال ئالماشتۇرۇشمۇ بولۇپ تۇرغان . ئۆزىنى ئولپان ئېلىپ ماڭغۇچى ئەلچى دەۋالغان ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى ئامانلىقنى كۆزدە تۇتۇپ ، كۆپ ھاللاردا ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى بىلەن بىللە ماڭاتتى . شاھرۇخنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 1419 ـ يىلىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى سۇجۇغا يېتىپ بېرىش ئالدىدا ئادەم سانىنى تىزىمغا ئالدۇرغاندا ، نۇرغۇن سودىگەرلەر ئۆزلىرىنى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئادىمى دەپ تىزىملاتقان ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆمەك نامىدا تىزىمغا ئالدۇرغان ئادەم 510 غا يەتكەن . ( مېترا تەرجىمە قىلغان « بىر پارس ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ جۇڭگوغا بېرىش خاتىرىسى » ، ئىنگلىزچە ، 1970 ـ يىلى نيۇيورك نەشرى ، 17 ـ 18 ـ بەتلەر . بۇ كىتاب « شاھرۇخنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ خاتىرىسى » نى كۆرسىتىدۇ ) . خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا مۇنداق دېيىلىدۇ : « يۇگىلى دەۋرىدە . . . قارام ئەللەر جۇڭگونىڭ بايلىقىنى ، بازاردىن ئالىدىغان پايدىنى كۆزلەپ ئايىغى ئۈزۈلمەي كەلدى . سودىگەرلەر ئۆزلىرىنى يالغاندىن ئوردىغا بارىدىغان ئەلچى دەيدۇ . كۆپىنچىسى ئات ، تۆگە ، قاشتېشىنى ئوردىغا ئېلىپ كەلگەن ئولپان دەپ ئېلىپ كېلىدۇ . قوۋۇقتىن كىرگەندىن كېيىن ، هارۋا ، كېمە كىراسى ، يېتىپ ـ قوپۇش ، ئاش ـ تا-

ماق چىقىملىرىنى مەھكىمىدىن ئالىدۇ. پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەربىلەر بىلەن ئاھالىنىڭ توشۇغۇدەك ھالى قالمىدى. غەربكە قايتىدىغانلاردىن كەتمەي تۇرۇۋالىدىغانلار كۆپ، ئۇلار بازارلاردىكى مالنى كۆزلەيدۇ. كېلىپ - كېتىش ئاۋارىچىلىك بولىدىغان يۇقىرى - تۆۋەن ھەممە ئادەم بىزار.»[1]

يۇڭلېنىڭ 22 - يىلى (1424 - يىلى) شىغاۋۇل خۇاڭ جىمۇ خانغا سۇنغان مەلۇماتىدا مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئېيتقان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «غەربىي يۇرتتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ تولىسى غوز سودىگەرلەر، ئۇلار ئەلچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئەمەلدارنىڭ ھىمايىسىدە خۇسۇسىي سودىگەرچىلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقىلارغا ياللىنىپ (يۇقىرىدا «شاھرۇخنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ خاتىرىسى» دىن نەقىل ئېلىنغانلارغا ئوخشاش) ياكى باشقىلارنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كەلگەن پاناھسىز كەمبەغەللەرمۇ بار. ئېلىپ كەلگەن ئولپانلىرى كىشىگە توشۇتۇلىدۇ. گەنسۇدىن ئاستانىگە يېتىپ كەلگۈچە ھەربىر ئۆتەڭگە كېتىدىغان يېمەك - ئىچمەك خىراجىتى ئاز ئەمەس. ئاستانىگە كەلگەندىن كېيىن يەنە ئىنئام ۋە نەرسە - كېرەكلەر بېرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار نەچچە ھەسسىلەپ پايدا ئالىدۇ. شۇڭا غوزلار پايدىغا قىزىقىپ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىدۇ. يول بويى ئۇلارنى ئەسكەر ۋە خەلقلەر ئۆتەڭمۇ ئۆتەڭ قوغداپ ماڭىدۇ. بىر چاقىرىم يولغا كېتىدىغان ئادەم 30 - 40 تىن كەم بولمايدۇ. پۇقرا ۋە ئەمەلدارلار مۇشۇ ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، دېھقانچىلىق ئاقساپ قېلىۋاتىدۇ. ئەلچى ئالماشتۇرغۇچە مالغا مال قايتۇرغانمۇ ياخشى. يول بويى ھۆكۈمەت ھارۋا چىقىرىپ توشۇيدۇ. بەزىدە بۇنداق ھارۋا يۈزدىن ئاشىدۇ. ئەرلەر يېتىشمەي، ئاياللارمۇ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. بارغانلا يەردە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، لەڭگەرچى بەگلەرنى بوزەك ئەتكەن، پۇقرالارنى ئۇرغان. ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار ئوردىنىڭ يىراقتىكى كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلىپ، باش - پاناھ بولۇشىنى تىلەيدۇ.»[2] بۇ

---

[1] «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 8614 - بەت.

[2] «خۇاڭ شى ھەققىدە خاتىرە»، 5 - جىلد، 1 - قىسىم.

ئەھۋاللاردىن ئۆز ۋاقتىدىكى ئاتالمىش پادىشاھقا سوۋغا تەقدىم قىلىشنىڭ ماھىيىتى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق سودىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ناھايىتى كۆپ پايدا ئالغان.

لېكىن XV ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلار بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلەر باردى ـ كەلدىسى بۇرۇنقىدىن جىق ئازىيىپ كەتكەن. شۇەندېنىڭ 7 ـ يىلى (1432 ـ يىلى) ئىچكى ئەمەلدار لى گوي ئېلىپ بارغان مىڭ شۇەنزۇڭنىڭ شاھرۇخقا يازغان خېتىدە، بۇنى «يولنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقى» غا باھانە قىلغان. («مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 8611 ـ بەت) ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان يولنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويغان سەۋەب زادى نىمە؟ ئىككى سەۋەب بار: بىرى، مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاپ ئويراتلار قۇدرەت تېپىپ، غەربكە كېڭىيىپ موغۇلىستانغا كىردى. قۇمۇلنىڭ شىمالىدا «تاتار قاراقچىلىرى» دەپ ئاتالغان ئويرات قەبىلىسى ئۆتكەن ـ كەچكەن سودا كارۋانلىرىنى بۇلاپ تۇردى. ئىككىنچىسى موغۇلىستان ئۆزىمۇ مالىمانچىلىق ئىچىدە تۇردى. چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئۆزئارا جېدەل ـ ماجىرا قىلىشىپ ھازىرقى شىنجاڭ تەرەپلەرنى ئارام تاپقۇزمىدى. 1419 ـ يىلى شاھرۇخنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى كەلگۈچە ـ كەتكۈچە يولنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ياكى باشقا ئەلچىلەردىن ئاڭلىدى. بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە قاتناشقا پايدىسىز ئىدى. بۇنى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب دېيىش مۇمكىن. تۆۋەندە ئاساسەن موغۇلىستان (بەشبالىق) نىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 3 ـ بۆلۈم XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى موغۇلىستاننىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلۇغبەگنىڭ بېسىپ كىرىشى

موغۇلىستان مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا «بەشبالىق» دېيىلىدۇ. بەشبالىقنىڭ ھۆكۈمرانى چاغاتاي ئەۋلادى

ئىدى ، لېكىن ئەمەلىيەتتىكى ھوقۇق تۇتقان ھۆكۈمدارى بولسا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ئىدى . بەشبالىغ دۆلىتى توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئاساسەن « مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى » ، « مىڭ سۇلالىسى تارىخى . بەشبالىق تەزكىرىسى » ۋە دوغلات ئاقسۆڭەكلىرىدىن مىرزا ھەيدەر يازغان « تارىخىي رەشىدى » لەر بار . ھىراتلىق تارىخشۇناس ۋە كېيىن بابۇر يازغان تەرجىمىھالى ( ئەسلىمە ) دىمۇ موغۇلىستانغا ئائىت بەزى پاكىتلار تىلغا ئېلىنغان .

« مىڭ سۇلالىسى تارىخى ، بەشبالىق تەزكىرىسى » دە قىدىر خوجىدىن كېيىنكى چاغاتاي خانلىرىغا ئائىت پاكىتلار خاتىرىلەنگەن ھەم ئۇۋەيىسخانغا كەلگەندە ، « ئۇ قەبىلىسىنى باشلاپ غەربكە كەتتى ، دۆلىتىنىڭ نامىنى ئىلبالىققا ئۆزگەرتتى » دېيىلگەن . بۇ پاكىتلار « تارىخىي رەشىدى » نى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ . لېكىن پەرقلىنىدىغان يېرىمۇ بار . بۇ يەردە ئاساسلىقلىرىنى ، بولۇپمۇ ھەرقايسى تەرەپنىڭ خاتىرىسىدە بىردەك بولغانلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىمەن .

« مىڭ سۇلالىسى تارىخى ، بەشبالىق تەزكىرىسى » دە مۇنداق دېيىلىدۇ : « چىڭزۇ تەختكە چىققان قىشتا ( 1402 – يىلى ) ، ئۇ دۆلەتكە مەنسەپدارىدىن مەكتۇپ ۋە سوۋغات ئەۋەتتى . ئۇزۇن ئۆتمەي قىدىر خوجا ئالەمدىن ئۆتتى ، ئوغلى شەمئى جاھان ۋارىسلىق قىلدى . » بۇنىڭدىن قارىغاندا ، قىدىر خوجا 1403 – يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن ، چۈنكى 1404 – يىلى شەمئى جاھان تەختكە ئولتۇرۇپ بولغانىدى . « مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى » دە مۇنداق دەپ يېزىلغان : يۇڭلېنىڭ 2 – يىلى ( 1404 – يىلى ) ، « 8 – ئاي ، جىياۋۇ يىلى ، بەشبالىقنىڭ خانى شەمئى جاھان ئەۋەتكەن ئەلچى مۇزەپپەر قاتارلىق كىشىلەر قاشتېشى ، داڭلىق ئاتلارنى سوۋغات قىلىپ ئوردىغا كەلدى . مۇزەپپەر قاتارلىقلارغا كۈمۈش ، تاۋار – دۇردۇن ئىنئام قىلىندى . شەمئى جاھان — ۋاپات بولغان قىدىر خوجىنىڭ شاھزادىسى . » ① .

① « يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » 30 – جىلد .

مىڭ سۇلالىسىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا ، شەمئى جاھاننىڭ ۋارىسى مۇھەممەدخان دەپ يېزىلغان . « يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى » نىڭ 100 ـ جىلدىدا بۇ خان 1416 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇردى دېيىلگەن. ئېھتىمال شۇ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك . مىرزا ھەيدەر « تارىخىي رەشىدى » دېگەن كىتابىدا ، ئۇلۇغبەگ ئاتىسى تەرىپىدىن ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەنگەندە ، موغۇلىستاننىڭ خانى مۇھەممەد ئىدى دەيدۇ . ( « تارىخىي رەشىدى » نىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسى ، 59 ـ بەت ) رىۋايەتكە قارىغاندا ، مۇھەممەدخان بىر دۆلەتمەن شاھزادە ۋە تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى . ئۇ ئىسلام دىنىغا موڭغۇللارنى رەھىمسىز ۋاسىتىلەر بىلەن مەجبۇرىي ئېتىقاد قىلدۇرغان . مەسىلەن ، سەللە يۆگىمىگەن موڭغۇللارنىڭ بېشىغا تاقا مىخنى قاققان . مۇھەممەدخان سەتىر كۆلىدىكى جىلغىنىڭ شىمال تەرىپىگە رابات ياساتقان . چېن چېڭنىڭ « غەربىي يۇرتقا قىلغان ئەلچىلىك سەپىرىدىن خاتىرە »سىدە تىلغا ئېلىنغان مەھمۇد مۇشۇ خاننىڭ ئۆزىدۇر .

« تارىخىي رەشىدى » دە ، مۇھەممەدخاننىڭ بىرنەچچە ئوغلى بار ئىدى دېيىلگەن . شىرمۇھەممەد بىلەن شىرئەلى ئوغلان شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى . مۇھەممەدخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، شىرئەخمەدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغان .

شىرئەلى ئوغلاننىڭ ئۇۋەيس ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى . ئۇۋەيس ئۆز ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تاغىسى شىرمۇھەممەدخاننىڭ خىزمىتىدە بولدى . بىر مەزگىلدىن كېيىن ، ئۇۋەيس ئوردىدىن قېچىپ چىقىپ بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى . نۇرغۇن موڭغۇللار ئۇنىڭغا ئەگەشتى . ئۇلار شىرمۇھەممەدخاننىڭ زېمىنىدا ، بولۇپمۇ لوب ، كاتاك ۋە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىدىكى جايلاردا بۇلاڭچىلىق قىلدى . خوجا غىياسىدىن يازغان « شاھرۇخنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ خاتىرىسى » دە ئۇۋەيس بىلەن شىرمۇھەممەد ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تۈپەيلىدىن موغۇلىستاندا يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىك ۋە يول يۇرۇشتىكى خەتەرلىك ئەھۋاللار تىلغا ئېلىنغان . بۇ خاتىرە « تارىخىي رەشىدى » دە

ئېيتىلغان ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.
بۇ چاغدا، موغۇلىستاندىكى چاغاتاي ئەۋلادلىرىغا قاراشلىق موغۇللاردىن باشقا، ئۇلۇغبەگكە قاراشلىق ماۋرا ئۇننەھردە يەنە بىر قوشنا ئەل — ئالتۇن ئوردا ئۆزبېكلىرى بار ئىدى. بۇ ئىككى قوشنىنى تىزگىنلەش ۋە جۇڭگوغا بارىدىغان سودا يولىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلۇغبەگ موغۇللار بىلەن ئۆزبېكلەرگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. قەشقەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال پەرغانىنى تارتىۋېلىش كېرەك ئىدى.
1413 ـ يىلى كۈزدە، ئۇلۇغبەگ دۆلەتنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنى باھانە قىلىپ، پەرغانىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەخمەدنى ھەربىي مەجلىسكە چاقىرتتى. ئەخمەد قورقۇپ كەلمىدى. ئۇلۇغبەگ لەشكەر تارتىپ پەرغانىگە ھۇجۇم قىلدى، ئەخمەد تاغ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. ئۇلۇغبەگ ئاخسى ۋە ئەنجاننى تارتىۋالدى ۋە ساقلاشقا ئەسكەر قالدۇرۇپ ئۆزى قايتىپ كەتتى. ئەخمەد موغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئوشتا ئۇلۇغبەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، لېكىن ئەنجاننى قايتۇرۇۋالالمىدى. موغۇللار ئۇدۇل بېرىپ پەرغانىنى تارتىۋالدى. ئاندىن موغۇلىستانغا قايتىپ كەتتى. ئەخمەد ئائىلاج قەشقەردە قالدى.
1415 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شاھرۇخ ئەخمەدكە خەت ئەۋەتىپ، ئۇنى ھىراتقا تەكلىپ قىلدى. ئەخمەد 1416 ـ يىلى ئەتىيازدا ھىراتقا بېرىپ شاھرۇخقا تۇتۇلدى ۋە مەجبۇرىيەت ئاستىدا مەككىگە ھەج قىلىشقا كەتتى. شۇ يىلى (1416 ـ يىلى) ئەخمەدنىڭ قەشقەردە قالغان ھاكىمى شەيخ تۇگاي تۆگە ئۇلۇغبەگ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. نەتىجىدە، ئۇلۇغبەگ ئاق تۆگىنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېتىپ، قەشقەرنى ئىدارە قىلىشقا ئۆزىنىڭ سىدىق، ئەلى دېگەن ئىككى ئەمەلدارىنى ئەۋەتتى. (يۇقىرىقىلار بارتولد يازغان «ئۇلۇغبەگ ھەققىدە قىسسە» دىن ئېلىندى). ئۇلۇغبەگنىڭ قەشقەرنى بېسىۋېلىشىنىڭ جەريانى ئەنە شۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قەدەمدە تەگرى تېغىنىڭ

شىمالدىكى موگغۇللارغا ھۇجۇم قىلىشىغا پايدىلىق ئىدى .

ئۇلۇغبەگ پەرغانە بىلەن قەشقەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ، شىمالغا يۈزلىنىپ سىر دەرياسىدىكى ئۆزبېكلەرگە ( ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارغا ) ھۇجۇم قىلدى . 1416 ــ يىلى 3 ــ ئايدا ئۇ لەشكەر تارتىپ سىر دەرياسىدىن ئۆتتى . ئالتۇن ئوردىنىڭ ئۆز ئىچىدە توپىلاڭ بولغانلىقتىن ، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشماي قايتىپ كەتتى . 1419 ــ يىلى 5 ــ ئايدا ئۆزبېكلەرنىڭ رەھبىرى بۇراق ( ئۇلۇسخاننىڭ نەۋرىسى ) ئۇلۇغبەگدىن ياردەم سورىدى . ئۇلۇغبەگ شەخسەن ئۆزى لەشكەر باشلاپ باردى . ئۆزبېكلەر تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن قايتىپ كەتتى . 1423 ــ يىلى بۇراق ئوردىشتا يەڭدى . ئۇلۇغبەگ بۇراقنى ۋاپاسىزلىق قىلمايدىغۇ دەپ ئويلاپ ، شىمال تەرەپتىن كۆڭۈل تىندۇرۇپ دىققىتىنى يەنە موغۇلستانغا بۇردى .

ئۇلۇغبەگ قەشقەرگە ئەۋەتكەن ئەمەلدار موغۇلستاننىڭ ئۆز ئىچىدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى . 1416 ــ يىلى موگغۇل خانى نەخشى جاھان ( مۇھەممەدنىڭ تەخت ۋارىسى ) دىن ئەلچى كەلدى . 1418 ــ يىلى 3 ــ ئايدا ، نەخشى جاھان ئۇۋەيسخان بىلەن بولغان ئوردىشتا قازا قىلدى دېگەن خەۋەر كەلدى . ئۇۋەيس شۇ ھامان ئۇلۇغبەگكە دوستانە ئۆتسەك دەپ ئەلچى ئەۋەتتى . ھاپىز ئەبۇلنىڭ ئېيتىشىچە ، خۇدايداد ئۇۋەيسخانغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن . 1420 ــ يىلى ئۇۋەيسخان بىلەن شىرمۇھەممەد ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش كۆرەشى يۈز بەردى . دەل شۇ چاغدا ، شاھرۇخنىڭ شاد خوجا باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى مىڭ سۇلالىسىگە كېتىۋېتىپ موغۇلستاندىن ئۆتكەندى . ئۇلارنىڭ يول ئۇستىدىكى بىخەتەرلىكىگە خۇدايداد ئىگە بولدى .

« تارىخى رەشىدى » دە شىرمۇھەممەد بىلەن ئۇۋەيسخان ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش تەسۋىرلەنگەن . ئېيتىلىشىچە ، ئۇۋەيسخان تۈركىستاننىڭ مۇپەتتىشى شەيخ نۇرىدىننىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغانمىش . ئىنىسى شىرمۇھەممەد بىلەن زىددىيىتى بار ئىكەن ، ئۇ قىزى دۆلەت

سۇلتان سانغانجىنى ئۇۋەيسخانغا خوتۇنلۇققا بەرگەن ھەم ئۇنىڭ شىر-مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇشۇشىغا ياردەم بەرگەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئۇزۇن داۋام قىلغان. شىرمۇھەممەد مەغلۇپ بولۇپ سەمەرقەنتكە كەلگەندە، ئۇلۇغبەگ ئوتتۇۋېلىپ سولاپ قويغان، كېيىن يەنە قويۇۋەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئۇۋەيسخانىنى مەغلۇپ قىلىپ، خانلىق تەختىنى ئېلىپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇمۇ ئۆزبېك خانى بۇراققا ئوخشاش ئۇلۇغبەگنىڭ ئادىمى بولۇپ قالغان.

شىرمۇھەممەد ماۋرا ئۇننەھرگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ئۇلۇغبەگنىڭ بېقىندىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇلۇغبەگ قانداقتۇر بىر باھانە بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ، موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، موغۇل ئەسكەرلىرىنى ئىسسىقكۆل يېنىدىكى بۇغام جىلغىسىدا مەغلۇپ قىلدۇ. موغۇلىستان ئەمرى خۇدايداد ئۇلۇغبەگكە قوللۇق بىلدۈردۇ ھەم ئۇلۇغبەگكە ياردەملىشىپ كەتمەن تېغىدا موڭغۇللارنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلدۇ. ئۇلۇغبەگ ئۆزى ئەسكەر باشلاپ چىقىپ ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ قۇندۇز دەرياسى بويىغىچە باردۇ. ئۇ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن زەپەر بىلەن قايتىدۇ. رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۇ شۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشتە، پەۋقۇلئاددە چوڭ قاشتېشىدىن ئىككىنى قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، 2000 ئادەم چىقىرىپ ئۇنى باشقا يول بىلەن سەمەرقەنتكە ئاپارغۇزۇپ تېمۇرنىڭ قەبرە بېشىغا قويغانىكەن. جۇڭگونىڭ پادىشاھى نۇرغۇن ئالتۇن چىقىرىپ بۇ قاشتېشىنى سېتىۋالماقچى بولغانمىش.

ئۇلۇغبەگ سەمەرقەنتتىن 1425 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قايتقان. 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ھىراتقا بېرىپ شاھرۇخ بىلەن كۆرۈشكەن، 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قايتقان.

ئۇلۇغبەگ موغۇلىستانغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، ئۆزبېكلەرنىڭ سەردارى بۇراق 1426 - يىلى ئۇنىڭدىن سىر دەرياسى بويىدىكى يەرلەرنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى بۇ يەرلەر ئىلگىرى جۇجىنىڭ ئەۋلادىغا قارايدىغان، تېمۇر يۇتۇۋالغان يەرلەر ئىدى. ئۇلۇغبەگ بۇرۇن

ئۆزى ياخشىلىق قىلغان بۇ ئۆزبېك خانىنىڭ تەلىپىگە غەزەپلەندى ـ دە، لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئاتىسى شاھرۇخمۇ ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بەردى، لېكىن سىغناقنىڭ يېنىدا ئۆزبېكلەرگە يېڭىلىپ قالدى. ئۇلۇغبەگ سەمەرقەنتكە چېكىندى، ئۆزبېكلەر شەھەر سېپىلىغىچە قوغلاپ بېرىپ، بولۇشىغا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ قايتىپ كەتتى. شاھرۇخ ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۇلار تاشكەنتكە كەلگۈچە ئۆزبېكلەر چېكىنىپ يايلاققا كېتىپ بولغانىدى.

ئۇلۇغبەگنىڭ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۈللىنىشتىن زەئىپلىشىشكە يۈزلەنگەنلىكىنى بىلدۈردۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغبەگ يىراقتا ھەربىي يۈرۈش قىلىشتىن قالدى، چېگرا مۇداپىئەسىمۇ تۈگىشىپ كەتتى. ئۆزبېكلەر بىلەن موڭغۇللار ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا خالىغانچە ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلسىمۇ جازاسىنى تارتمايدىغان بولدى. ئۇلۇغبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بارغانسېرى زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى. موغۇلىستاننىڭ ئەمەلدىكى ھۆكۈمدارى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى خۇدايداد ئىدى. «تارىخىي رەشىدى» دە ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ 24 مىڭ تۈتۈن ئاھالىسى بار ئىكەن. ئۇ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، باي ۋە كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئالىي ھاكىمىيەتكە ئىگە ئىكەن. ئۇ تەقۋادار مۇسۇلمان ئىكەن. ئۇ چاغدا كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان موڭغۇللار ماۋرا ئۇننەھرنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنى ھەمىشە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى. ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە خەلقىمۇ موڭغۇللارنى ھەقىقىي مۇسۇلمان ھېسابلىمايتتى. موڭغۇللار دائىم تۈركىستان، تاشكەنت، ئەنجانغا ھۇجۇم قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئەسىر قىلىپ بۇلاپ كېتەتتى، خۇدايداد دائىم پۇل ـ مال بەدەل بېرىپ، موڭغۇللاردىن ئۇلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئوزۇق ـ تۈلۈك، چارۋا ـ مال بېرىپ يۇرتىغا قايتۇراتتى. («تارىخىي رەشىدى»، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 68 ـ بەت)

بىراق، خۇدايداد ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ماۋرا

ئۆنـنـەھردىكى ئۇلۇغبەگكە تەسلىم بولدى ۋە بېقىندى . ئۇلۇغبەگ 1425 ـ يىلى موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىپ ، ماۋرا ئۇننەھرگە زەپەر بىلەن قايتقاندا ، خـۇدايـدادمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماۋرا ئۇننەھرگە باردى . كېيىن خۇدايداد سـەمـەرقـەنـتتىن مەككىگە ھەج تاۋاب قىلغىلى بېرىپ ، ئاخىر مەدىنىدە ئا- لـەمـدىـن ئۆتـتـى . ئۇۋەيـىـسخان يەنىلا چوڭ ئوغلى مىرمۇھەممەد شاھنى ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىدى . ( بارتولد « ئوتتۇرا ئاسىيا تا- رىخى ئۈستىدە تۆت خىل تەتقىقات » ئىنگلىزچە ، 2 ـ توم ، 104 ـ بەت .)

مـوغـۇلـىـسـتـانـنـىـڭ خانى شىرمۇھەممەد كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتـتـى . خـانلىق ئورۇنغا ئۇۋەيىسخان ۋارىسلىق قىلدى . ( « تارىخىي رە- شىدى » ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، 65 ـ بەت ) ئۇلۇغبەگ چاغاتاي ئەۋلادى سـاتـۇقـخـانـنـى تـەخـتـكـە چـىـقـىـرىپ ، موغۇلىستانغا ئۇۋەيىسخان بىلەن تىركىشىشكە ئەۋەتتى .

بـۇ چـاغـدا ئۇۋەيـىـسخان ئىسسىقكۆلنىڭ يېنىدىكى باغبەلەن دېگەن يـەردە ئـىـدى . سـاتـۇقـخـان ئۇلۇغبەگ بەرگەن قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ھۇجـۇم قىلدى . ئۇۋەيىسخان جەڭدە ئوق تېگىپ قازا قىلدى . بۇ — 1429- يىلى بولغان ئىش .

ئۇۋەيـىـسـخـان ئـالـەمـدىـن ئۆتكەندىن كېيىن ، موڭغۇل قەبىلىسى پـاتـىـپاراق بولۇپ كېتىپ ساتۇقخانغا ئىتائەت قىلمىدى . ساتۇقخان موغۇ- لـىـسـتـانـدا تـۇرالـماي قـەشقەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى . ئۇ يەردە ئۇ شـەھەرگـە ھۇجـۇم قىلغاندا ، خۇدايدادنىڭ نەۋرىسى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا تـەرىـپـىـدىـن ئۆلـتۈرۈلدى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇلۇغبەگ ئەسكەر ئەۋەتىپ قـەشـقـەرگە ھۇجۇم قىلىپ ، قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى تىرىك تۇتۇپ ، سە- مەرقەنتكە ئېلىپ بېرىپ بېلىدىن چېپىپ ئۆلتۈردى .

ئۇۋەيىسخاندىن ئىككى ئوغۇل قالدى ، چوڭى يۇنۇسخان ، كىچىكى ئـىسـەن بۇقىخان ، موڭغۇل ۋاكىلىرى ئىچىدە خانلىق ئورۇنغا كىم ۋارىسلىق قـىـلـىـدۇ دېـگـەن مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى . موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىسىنى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ياقلايدىغان كۆپ قىسىم كـىـشـىـلـەر ئـىـسـەن بۇقىنى قوللىدى . ئوتتۇرا ئاسىيا — ماۋار ئۇننەھرگە

مايىل بىر قىسىم كىشىلەر يۇنۇسخاننى قوللىدى، بۇ بىر قىسىم كىشىلەر
ئىچىدە ئىككى نەپەر ئاتاقلىق سەردار بولۇپ، بىرى — ئىلازان بارىن،
بىرى — مىراق تۈركمەن ئىدى. يۇنۇسخان كۆپچىلىكنىڭ ھىمايىسىگە
ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، مۇشۇ ئىككى كىشىنىڭ ھىمايىسىدە ئۇلۇغبەگنى
پاناھ قىلىپ سەمەرقەنتكە باردى. ئۇلار بىلەن بىللە يەنە 3000 ـ 4000 تۈ-
تۈن ئاھالىمۇ باردى. يۇنۇسخان ئۇلۇغبەگكە تۇغقان (يۇنۇسخاننىڭ
ئاچىسى ئۇلۇغبەگكە كېلىن بولاتتى) بولغانلىقتىن، ئۆزىنى تېمۇرنىڭ
ئەۋلادى قوللايدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئىسەن بۇقا بىلەن
قالغان موڭغۇللار موغۇلىستاندا قالدى.

ئۇلۇغبەگ ئىلازان بارىن بىلەن مىران تۈركمەن كېلىۋاتىدۇ دېگەن
خەۋەرنى ئاڭلاپ، سەمەرقەنتتىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇلار يېتىپ
بارغاندىن كېيىن، ئۇلۇغبەگ ئۇلارغا ئاشلىق بېرىشكە لەۋز قىلدى
ھەم: «ھەر بىر كىشى قەلئەگە ئايرىم ـ ئايرىم كىرىدۇ. قەلئەدە ئىسمىنى
تىزىمغا ئالدۇرىدۇ. ھەربىر موڭغۇلغا بىر ئۇلاغدىن ئاشلىق بېرىلىدۇ.
ئاندىن ئۇلار قەلئەنى ئارىلاپ چىقىپ كېتىدۇ» دېدى. دېمەك، كىشىلەر
ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى دەپ قەلئەگە كىرىدۇ، لېكىن ئۇلار قەلئەنىڭ يەنە بىر
دەرۋازىسىغا بارغاندا توسۇلۇپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ سەردارلىرى قەتل
قىلىنىدۇ، قالغانلىرى ئەسىر قىلىنىدۇ. قەلئەگە كىرگەنلەردىن بىرەرىمۇ
قايتىپ چىقىپ كۆرگەنلىرىنى دەپ بېرەلىگىنى يوق. ئىمپېراتور بابۇر
مۇنداق دېگەن: «ئۇلۇغبەگ بەكمۇ ئوسال ئىش قىلغان»،
«ئىلازاننىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى موڭغۇل ئۇلۇسىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز
ئىش بولدى».

ئۇلۇغبەگ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ھېلىقى موڭغۇللارنى جىمىقتۇ-
رۇپ بولغاندىن كېيىن، يۇنۇسخاننى، يەنى كىچىككىنە بىر بالىنى ۋە
ئۇنىڭ موڭغۇللاردىن تارتىۋالغان مال ـ دۇنياسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى
ھىراتتىكى ئاتىسى شاھرۇخقا ئەۋەتتى. كېيىن شاھرۇخ بۇ بالىنى داۋاملىق
ئىلىم تەھسىل قىلدۇرۇش ئۈچۈن پارستىكى يەزدىلىك داموللا شەرەف-
دىننىڭ يېنىغا ئەۋەتتى.

بۇ چاغدا پەرغانە بىلەن قەشقەر ئۇلۇغبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ بولغانىدى. ئاقسۇ رايونى دوغلات قەبىلىسىنىڭ رەھبىرى سەئىد ئەلىنىڭ قولىدا ئىدى. سەئىد ئەلى ئۇلۇغبەگدىن قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالاشتى. «تارىخىي رەشىدى» دە بايان قىلىنىشىچە، سەئىد ئەلى قەشقەرنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، كۈچلۈكنىڭ ئىستراتېگىيىسىنى، يەنى شەھەرگە بىۋاستە ھۇجۇم قىلماي، ھەريىلى ھوسۇل يىغىش پەسلىدە بېرىپ شەھەر ئەتراپىدىكى زىرائەتلەرنى بۇلاپ، ئاچلىقتىن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللاندى. ئۇدا ئۈچ يىل شۇنداق قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە قەھەتچىلىك يۈز بەردى، قەشقەرلىكلەر ئۇلۇغبەگ ئەۋەتكەن مۇپەتتىشنى تۇتۇپ باغلاپ، سەئىد ئەلىنىڭ قەتل قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، موگۇللار تېمۇر خاندانلىقى بېسىۋالغان قەشقەر شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. «تارىخىي رەشىدى» دە ئېيتىلىشىچە، سەئىد ئەلى قەشقەرنى 24 يىل، يەنى ھىجرىيە 862 ـ يىلى (مىلادى 1457 — 1458 ـ يىللىرى) ئۆزى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر سورىغان.

يۇنۇسخان موغۇلستاندىن كەتكەندىن كېيىن، موگۇل قەبىلىلىرى ئىسەن بوقاخانغا بېقىنىپ، بىر مەھەل بىرلىك ۋە ئەمىنلىككە ئىگە بولدى. شۇ چاغدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ يىڭزۇڭ خانى ئىسەن بۇقاخانغا ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا «تەختكە ئولتۇرغانلىقىڭىزدىن، تەۋەيىڭىزنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم» ①دېگەن. لېكىن بۇ ياش خانغا ئانچە ھۆرمەت قىلمايدىغان بەزى ئەمىرلەرمۇ بولغان. شۇ چاغدا سەئىد ئەلى ئۇنى ئاقسۇغا ئالدۇرۇپ بېرىپ، شاھلىققا ئولتۇرغۇزدى. باشقا موگۇل ئەمىرلىرى ئۆز ئالدىغا بولۇۋالدى، تېمورنىڭ ئەۋلادىنىڭ زېمىنىنى دائىم بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ تۇردى.

ئۆزبېكلەرنىڭ خانى بۇراق ھىجرىيە 831 ـ يىلى (مىلادى 1427 — 1428 ـ يىللىرى) ئالەمدىن ئۆتتى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ موگۇل زېمىنىدا بولغان جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن. بۇراقخان ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئوغلى تېخى

① «جېڭتۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىسى» 29 ـ جىلد.

كىچىك بولغانلىقتىن خانلىق ئورنىنى ئابۇلخەيرخان تارتىۋالدى. شۇ چاغدا ئۇ ئەمبا دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى سورايتتى. دائىم تېمۇر سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى. ئۆزبېك كۆچمەن چارۋىچىلىرى پات - پات سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا، خارەزىم ۋە كاسپىي دېڭىز بويلىرىدا قىشلايتتى. 1430 — 1431 - يىللىرى قىشتا، ئابۇلخەيرخان خارەزىمنىڭ شىمالىي قىسمىنى ۋە ئۈرگەنچ شەھىرىنى تارتىۋالدى، تېمۇر سۇلالىسىنىڭ ئىلكىدە خارەزىمنىڭ جەنۇب قىسمى ۋە كات، خىۋا شەھەرلىرىلا قالدى. شاھرۇخ ئالەمدىن ئۆتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزبېكلەر يەنە سىغناق، سۇزاق ۋە ئۆزكەنت قاتارلىق شەھەرلەرنى تارتىۋالدى. تېمۇر ئەۋلادىنىڭ ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغۇدەك كۈچى يوق ئىدى.

تېمۇر ئەۋلادى ئۇلۇغبەگنىڭ موغۇلىستانغا قىلغان ھۇجۇمى موغۇللارنىڭ تانابىنى تارتىشتا مەلۇم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا، شۇەندې، جېڭتۇڭ يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئولپانچى ئەلچىلىرى مىڭ سۇلالىسىگە داۋاملىق كېلىپ تۇرغان. مىڭ سۇلالىسىمۇ ھىراتقا ئەلچى ئەۋەتكەن، دەپ يېزىلغان. شۇەندېنىڭ 7 - يىلى ( 1432 - يىلى ) مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھىراتقا ئەۋەتكەن ئەلچىسى لى گۈينىڭ شاھرۇخقا ئېلىپ بارغان مەكتۇپىدا: « ئىلگىرى ئەلچىدىن مەكتۇپ ۋە تاۋار - دۇردۇن ئەۋەتكەندۇق. يول ئېتىلىپ قالغانلىقتىن قايتىپ كەلگەندى. يېقىندا يولنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىچكى ئەمەلدار لى گۈي قاتارلىق كىشىلەردىن مەكتۇپ ئەۋەتتىم. مۇراد - مەقسىتىمنى تەڭرى راۋا كۆرگەي، بىز مەڭگۈ ياخشى ئۆتۈپ ئۆز - ئارا باردى - كەلدى قىلىشىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتەيلى، سودا ئالاقىسى قىلىشايلى، بىر - بىرىمىزنىڭ رايىغا باقايلى » دېيىلگەن. ① خاتىرىدىن يەنە شۇ چاغدا ئالماشتۇرۇلغان ماللارنىڭ تۈرىنىمۇ تەخمىنەن بىلگىلى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ چىقارغانلىرىنىڭ كۆپى مەشۇت گەزلىملەر ( دۇردۇن، كىمخاب، تەتىللا )، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چىنە - قاچىمۇ

① « شۇەندې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىسى » . 86 - جىلد.

مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بىراق تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنمىغان .
بارتولد : « جۇڭگونىڭ سىرتقا چىقارغان ئاساسىي ماللىرىنىڭ بىرى
— چىنە - قاچا . X V ئەسىردە چىنە - قاچا ئىشلەپچىقىرىش ( جۇڭ-
گودا ) يۇكسەك دەرىجىدە مۇكەممەللىشىش سەۋىيىسىگە يەتكەن »
دېگەن . ① بابۇر : « سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ سىرتىدا بىر باغ بار ،
ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭغا تۆت ئىشىكلىك بىر شىپاڭ ياسىتىپ « چىنە
خانا » دەپ ئاتىغان . چۈنكى بۇ شىپاڭنىڭ ئۇل تېمى فار- فۇردىن
قوپۇرۇلغانىكەن . ئۇ فار - فۇر بۇيۇملارنى ئادەم ئەۋەتىپ جۇڭگودىن ئە-
كەلدۈرگەنىكەن . ( « بابۇرنىڭ ئەسلىمىسى » ، رۇسچە ، 62 - بەت )
ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونلىرى بىلەن ئالماش-
تۇرغان ماللىرى بولسا ئات ، تۆگە ، قاشتېشى تۈرىدىكى نەرسىلەردۇر .
ئېيتىلىشىچە ، 1421 — 1422 - يىللىرى قىشتا بۇخارادا تۇبۇتلەرنىڭ ۋە-
كىللىرىنى كۆتۈۋالغان . ( بارتولد : « ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ئۈستىدە تۆت
خىل تەتقىقات » 2 - توم ، 112 - بەت . ) بۇ جۇڭگونىڭ ئۇ يەر بىلەنمۇ
ئىقتىساد ، مەدەنىيەت جەھەتتە باردى - كەلدى قىلغانلىقىنى چۈشەندۈ-
رىدۇ .

## 4 - بۆلۈم شاھرۇخ ۋە ئۇلۇغبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

شاھرۇخ بىلەن ئۇلۇغبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر تەخمىنەن
X V ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ . بۇ بىر قەدەر ئەمىنلىك
ھۆكۈم سۈرگەن شۇنداقلا ئىقتىساد ، مەدەنىيەت بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان
مەزگىل ئىدى .

سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا ياشايدىغان ئۆزبېكلەر بىلەن
موغۇلىستاندىكى موڭغۇللار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن
باشقا ، ھىراتتا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋەرا ئۈننەھر بوستانلىقلىرىدا يەنىلا

① « بارتولد ئەسەرلىرى » ، رۇسچە ، 2 - توم ، 2 - جىلد ، 119 - بەت ، مىنىستېبو
يازغان « جۇڭگونىڭ سەنئەت تارىخى » نېمىسچە ، 2 - توم 274 - بەتتىن ئېلىندى .)

دېھقانچىلىق ئاساسىي ئىقتىسادىي تارماق ئىدى . چېن چېڭنىڭ « غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى » دە يېزىلىشىچە ، ئۆز ۋاقتىدا ھىرات رايونىدا « زىرائەتلەر جۇڭگونىڭكىگە ئوخشايدىكەن . كەندىر ، پۇرچاق ، بۇغداي ، ئەرمۇدۇن ، ئارپا ، گۇرۇچ ، ئاقفوناق بار ئىكەن . لېكىن پۇرچاقلىرى مارجاندەك يۇملاق بولىدىكەن »، « دېھقانچىلىقتا ئانچە تۇ-جۇپسىلمەيدىكەن ، ئۇرۇق چاچقاندا ئارىلىقنى كەڭ قويۇپ پەرۋىشنى ئاز قىلىدىكەن ، ھوسۇل ئاز چىقىدىكەن ، يەرلىرى ياخشى ھەم كۆپ ئىكەن ، بىر يىل تېرىپ ، بىر يىل ئاق قالدۇرۇپ يەرنى قۇۋۋەتلەندۈرىدىكەن . يامغۇر كەم ياغىدىكەن ، قۇرۇق شال ، كېۋەز ، بۇغداي سۇغىرىلىدىغان بولغاچقا ، سۇ يوق يەردە تېرىقلى بولمايدىكەن . » سەمەرقەنت كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك بولۇپ ، تاغ – دەريالىرى گۈزەل ، تۇپرىقى يېپىشقاق ئىكەن . » ، « تويپىسى دانلىق زىرائەتكە باب ئىكەن . » ئاندىقۇي ، « شەھەر چوڭ يۇرت ئىچىدە ئىكەن ، يۇرتنىڭ كەڭلىكى 100 چاقىرىم كېلىدىكەن ، يەرلىرى مۇنبەت ، خەلقى باياشات ئىكەن . » سايرام دېگەن يەردە « ئادەم زىچ ، دەل – دەرەخلەر باراقسان ئىكەن ، ئېقىن سۇ ئەگىپ ئاقىدىكەن ، دانلىق ئاشلىقنىڭ ھەممىسى تېرىلىدىكەن . » بەلخنىڭ « يېرى كەڭ ، يېمەك – ئىچمىكى مول ئىكەن . »

ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن باشقا ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان مېۋە – چېۋىسى داڭلىق بولۇپ ، ھىراتمۇ شۇنداق ئىكەن . ئېيتىلىشىچە ، ھىراتتا ، ئۈجمە ، سېدە ، تېرەك ، سۆگەت ، ئەرمودۇن ، چىنار ، قارىغاي ، تىۋىلغا ، ئاقتېرەك بار ئىكەن ، مېۋىلىك دەرەخ كۆپ تىكىلىدىكەن . مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە ، كۈچى بارلىكى ئائىلە مېۋىلىك باغ قىلىدىكەن ، شاپتۇل ، ئۆرۈك ، نەشپۈت ،ئامۇت ، ئالۇچا ، قۇمئالما ، ئۈزۈم ، ياڭاق ، ئانار قاتارلىق مېۋىلەر تېرىلىدىكەن . ئۈزۈملىرى خىروستالدەك سۈزۈك ، ئۇرۇقسىز ھەم تاتلىق بولىدىكەن . مېغىزىنى يەيدىغان ، تەملىك ، بادام دەپ ئاتىلىدىغان مېۋە بار ئىكەن ، ئۇنىڭ دەرىخىنى كۆرمىدىم . گىنكودىن كىچىكرەك كېلىدىغان ، پىستە

دەپ ئاتىلىدىغان مېۋە بار ئىكەن . يوپۇرمىقى تاغ چېيىغا ئوخشايدىكەن . ئالۇچا ، چوڭلۇقى گىلاسچىلىك ، رەڭگى سېرىق بولىدىكەن ، سۆسۈنلىرىمۇ بار ئىكەن . تەمى تاتلىق ئىكەن . قۇمئالما ھەم چوڭ ، ھەم چۈرۈك بولىدىكەن ، بىرەر يىل ساقلاشقا بولىدىكەن ، رەڭگى ئۆزگەرمەيدىكەن ، كونا مېۋىنى يېڭى مېۋە چىققۇچە ساقلىغىلى بولىدىكەن . « يەنە قىزغۇچ مەشۈت بار ئىكەن ، ئۇنىڭدىن توقۇلغان رەخت تۆگە يۇڭىغا ئوخشاش بوز بولىدىكەن . قوغۇنى ھەم يوغان ، ھەم تاتلىق ئىكەن . پىياز مۇشتتەك چوڭ ، كۆتىكى قىزىل ھەم يوغان بەش كىلو كېلىدىكەن . سىياقى تۇرۇپقا ئوخشايدىكەن . » سەمەرقەنتتىمۇ «تېرەك ، سېدە ، سۆگەت ، شاپتۇل ، ئۆرۈك ، ئامۇت ، ئالۇچا ، ئۈزۈم ، قۇمئالما كۆپ ئىكەن »

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ ، ئەلۋەتتە ، بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە ئوخشىمايدۇ . ھىراتتىن « ياخشى ئات كۆپ چىقىدۇ ، ئاتنى بەك ئاسرايدۇ ، شامال ئۆتمەيدىغان ، ئاپتاپ چۈشمەيدىغان ، قىشتا ئىسسىق ، يازدا سالقىن بولىدىغان ئېغىلدا باقىدۇ . كىشىلەر يەنە ئۆي قۇشلىرىدىن توخۇ ، ئىت ، غاز ، ئۆردەك باقىدۇ . لېكىن چوشقا باقمايدۇ ھەم ئۇنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ ، ئۇنى ئەڭ يامان كۆرىدۇ . » « شىر ئامۇ دەرياسىنىڭ بېشىدىكى قومۇشلۇقتا ياشايدۇ ، ئۇنىڭ ئاسلىنى كۆزى يۇمۇقلۇق تۇغۇلىدۇ ، يەتتە كۈندە كۆزىنى ئاچىدۇ . ئۇنى باقىدىغانلار تۇغۇلۇپ كۆزىنى ئاچماستا بېقىشى كېرەك . شۇنداق قىلغاندا ئاسان ئۆگىنىدۇ . » تېرمېز « ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى ھايۋاناتلار ماكانىدۇر . دەريانىڭ غەربىدىكى قومۇشلۇقتا شىرلار بالىلايدۇ . »

كان مەھسۇلاتى جەھەتتە ، ھىراتتىن « مىس ، تۆمۈر چىقىدۇ » . « ئالتۇن ، كۈمۈش ، گۆھەر ، مارجان ، كەھرىۋا ، خرۇستال ، ئالماس ، قىزىل لاك ، مەرۋايىت ، يېشىل تاش كۆپ ئىكەن ». ئاڭلىشىمىزچە ، بۇ نەرسىلەر ئۆزىدىن چىقمايدىكەن ، سىرتتىن كىرگۈزۈلىدىكەن . سەمەرقەنتتىن ئالتۇن ، كۈمۈش ، مىس ، تۆمۈر ، كىگىز چىقىدىكەن » .

قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن توقۇمىچىلىق بەك تەرەققىي تاپقان. ھىراتتا
مىس، تۆمۈردىن «ياسالغان ئەسۋابلار بەك ئۆتكۈر كېلىدىكەن، تۈنىكا
قاچىلار بەك نەپىس، گۈل - گىياھلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ،
رەڭدار، ئۆلچەملىك قىلىپ ياسىلىدىكەن؛ لېكىن نەپىسلىكتە جۇڭ-
گونىڭكىگە يەتمەيدىكەن، چەكسە ئاۋازى چىقمايدىكەن.» يەنە
«پىلىنى كۆپ باقىدىكەن، ئەتلەس توقۇشقا ئۇستا ئىكەن، مەشۇت
رەختلىرى نەپىس، سىلىق بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىنى بېسىپ
چۈشىدىكەن. لېكىن جۇڭگونىڭكىدەك قېلىن ئەمەس ئىكەن، شۇنىڭدەك
توقۇلمىسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىكەن. ئىگىرگەن زەر يىپلىرىنى ئوتقا
سالغىلى بولىدىكەن. جۇڭسوفۇ دەپ ئاتىلىدىغان رەخت بولۇپ، مەشۇت
توقۇلمىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئەمەلىيەتتە قوي يۇڭىدا توقۇلىدىكەن.
گۈللۈك موي گىلەم توقۇشقا ئۇستا ئىكەن. گىلەملەرنىڭ رەڭگى
ئۇزاققىچە ئۆڭمەيدىكەن. رەختلىرىنىڭ ئېنى كەڭ بولىدىكەن، بەزىلىرى
ناھايىتى نەپىس ئىكەن.»
ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سودا - سېتىق ئىشىدا، يۇقىرىدا
ئېيتىلغان خەلقئارا ئالماشتۇرۇشتىن سىرت، يەرلىك بازارمۇ ناھايىتى تە-
رەققىي تاپقان. «يېزا - سەھرالاردا، چار بازارلار بار ئىكەن، ئېلىم -
سېتىم قىلىدىغان يەر بازار دېيىلىدىكەن. ھەر يەتتە كۈندە بىر كۈن بازار
بولىدىكەن، ئۆزىدە بارنى ئۆزىدە يوققا ئالماشتۇرىدىكەن. زاۋال
چۈشكەندە تارقىلىدىكەن.» «ئېلىم - سېتىمدا پۇل ئىشلىتىلىدىكەن،
پۇلنىڭ چوڭى بىر مىسقال ئالتە پۇڭ بولۇپ، تەڭگە دەپ ئاتىلىدىكەن؛
ئۇنىڭدىن كىچىكى سەككىز پۇڭ بولۇپ، دىنار دەپ ئاتىلىدىكەن؛ ئۇ-
نىڭدىن كىچىكى تۆت پۇڭ بولۇپ، جاجمە دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئۈچ
خىل پۇلنى كىشىلەر ئۆزى ياسىۋالىدىكەن. ياسىغاندىن كېيىن، ھۆ-
كۈمدارغا ئاپىرىپ باجلىتىپ، تامغا باستۇرۇپ، ئاندىن ئېلىم - سېتىمدا
ئىشلەتسە بولىدىكەن. تامغا بېسىلمىغانلىرى ئۆتمەيدىكەن. جاجمىنىڭ
تۆۋىنىدە مىستىن ياسالغان پۇل بولۇپ، «پۇل» دەپ ئاتىلىدىكەن،
ئالتىسى ياكى توققۇزى بىر جاجمىگە تەڭ كېلىدىكەن. بۇنداق پۇل ئۆز

يىرىدىلا ئىشلىتىلىدىكەن ، باشقا يەردە ئۆتمەيدىكەن » ھىراتنىڭ «رەستە - كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپى ئۆي . . . دۇكانلار تۈرگە بۆلۈنگەن ، ئوقيا ، ئېگەر - توقۇم ، نوختا - يۈگەن دېگەندەك . كىيىم - كېچەكمۇ ئايرىم بىر كەسىپ ئىكەن ، ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيدىكەن . ئۇرۇش - جېدەل كەم بولىدىكەن . ئات - تۆگە قاتارلىق چارۋىلارمۇ ئايرىم بىر يەردە سېتىلىدىكەن »،« كېچىسى دۇكان تاقالمايدىكەن ، كېچىچە چىراغ يورۇتۇقلۇق تۇرىدىكەن »، سەمەرقەنت شەھرىدە سودا تېخىمۇ گۈللەنگەن بولۇپ ، « شەھەر ئىچىدە ئاھالە كۆپ ئىكەن ، تەرەپ - تەرەپكە تارتىلغان كوچا - رەستىلەردە دۇكان زىچ بولۇپ ، غەربىي جەنۇب تەرەپتىن كەلگەن چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ كۆپى مۇشۇ يەرگە چۈشىدىكەن . مال كۆپ بولسىمۇ ھەممىسى ئۆزىدىن چىققان ئەمەس ، تولىسى چەت ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن . ئېلىم - سېتىمدا ئۆزىدە قۇيۇلغان كۈمۈش پۇل ئىشلىتىلىدىكەن ، ھىراتتىن كەلگەنلەرمۇ شۇ پۇلنى ئىشلىتىدىكەن »، غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەر بەلخكە توپلىنىدىكەن ، شۇڭا ئۇ يەردە چەت ئەل مېلى كۆپ ئىكەن .

تېمۇر سۇلالىسىدە ، X V ئەسىرگە كەلگەندىمۇ فېئوداللىق سۇيۇرغاللىق تۈزۈم داۋاملاشقان . تېمۇرنىڭ ئەۋلادلىرى بىر ئۆلۈشتىن سۇيۇرغاللىغا ئىگە بولۇپ ، خۇددى فېئودال خانلاردەك ، ئۆز تەۋەسىدىكى خەلقنى سورايتتى ، باج ئالاتتى . يەنە تارخان — خان ياكى ئەمىرلەر بەرگەن ئاتاق . تارخان دۆلەتكە باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى ئۆتىمەيدۇ ، ئۇمۇ ئىمتىيازلىق فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىدىكى تۈرلۈك كىشىلەر . مەسىلەن ، ئەمىر ، بەگ ، لەشكەر بېشى ، ئەمەلدار ، دىنىي زاتقا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ئاتاققا نائىل بولالايدۇ . ھەر دەرىجىلىك فېئوداللارنىڭ زۇلمى ئاستىدا دېھقان قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھالى بەك خاراب ئىدى . ئىسلام قانۇنى كاپىرلارنى قۇل قىلىپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فېئوداللار ھەمىشە جۇڭگولۇقلارنى ۋە ئۆزلىرى مۇسۇلمان ھېسابلىمايدىغان موڭغۇللارنى ئېلىپ ساتاتتى . خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە ، يۇڭلېنىڭ

5 ـ يىلى ( 1407 ـ يىلى ) 5 ـ ئاي ، جيايىن يىلى ، گەنسۇنىڭ باش بۇغى ، غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى بەگ سوڭ چېڭغا بېرىلگەن يارلىقتا ، يېقىندا ئاڭلىشىمىزچە ، مۇسۇلمانلار جۇڭگو خوتۇن ـ قىزلىرىنى نىكاھىغا ئېلىپ چېگرىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىۋېتىپتۇ . . . قاتتىق تىزگىنلەشكە توغرا كېلىدۇ ، دېيىلگەن . ( يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىسى ، 49 ـ جىلد ) . يەنە جىڭتەينىڭ 6 ـ يىلى ( 1455 ـ يىلى ) دىكى ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا ، ھايانكەش تاتارلارنىڭ قولىدىن قۇمۇل ، تۇرپان تەرەپلەرگە سېتىلغان خەنزۇلار 2000 دىن ئاشقان ، يەنە 1000 دىن ئارتۇق خەنزۇ سەمەرقەنتكە سېتىلغان ( « يىڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە » ، 253 ـ جىلد ) . ئىسلام دىنى تازا دەۋر سۈرگەن ئەھۋالدا ، تېمۇر ئەۋلادىنىڭ خانلىقىدا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقى ـــ فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت ساقلىنىپ قالغانىدى . ھۆكۈمرانىنى ، پادىشاھنى « ئۇ ئەلنىڭ خەلقى سۇلتان دەيدىكەن . سۇلتان دېگەن جۇڭگودىكى خانغا ئوخشاش ئاتاق ئىكەن . دۆلەت سەردارىنىڭ خوتۇنىنى ئاغا دەيدىكەن . ئوغلىنى مىرزا دەيدىكەن . جۇڭگولۇقلارنىڭ شاھزادە دېگىنىگە ئوخشايدىكەن ».

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جايلارغا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئايىغى تېگىش بىلەن بۇرۇنقى شەھەر ـ بازارلار ۋەيران بولغان ، دېھقانچىلىقمۇ خارابلاشقان . مەسىلەن ، « مىڭ سۇلالىسى تارىخى غەربىي يۇرت تەزكىرىسى » دە ، يات چارۋىچىلار ئۇستىدە توختالغاندا ( يات چارۋىچىلار ) تاغ ئارىسىدا ياشايدۇ . شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقى يۈز چاقىرىم كېلىدۇ ، شەھەر خارابىلىرى كۆپ ، ئۇلار ياشىغان جاي بېشبالىق ، موڭغۇل قەبىلىلىرى ئارىلىقىدا ، تولا پاراكەندىچىلىك سالىدۇ ، ئاھالىنى تارتىۋېتىدىكەن . يالغۇز شەھەرنى بېقىپ ياتقان بىرنەچچە يۈزلا ئادەم قالغان ، قەلئەلەر ۋەيران بولۇپ چۆللىشىپ كەتكەن . ( « مىڭ سۇلالىسى تارىخى » ، 8604 ـ بەت ) مانا بۇ شۇ چاغدىكى يايلاقلارنىڭ ئومۇمىي تەسۋىرى . يات چارۋىچىلار شۇنداق قىلىپ قالماستىن ، بەلكى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىن بۇرۇنقى ئالمىلىق ، تالاس ، بالاساغۇن ، بەشبالىققا ئوخشاش مەشھۇر شەھەرلەرمۇ قالمىغان . بۇ

ئەھۋال ماۋرا ئۇننەھر ، خۇراسان قاتارلىق جايلاردىكىگە ئوخشمايدۇ . ئۇ يەرلەر ئۇرۇش جەريانىدىلا مەلۇم دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ، لېكىن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنمىغان . كىشىلەرمۇ ئولتۇراقلىششتىن كۆچمەن چارۋىچىلىققا ئۆزگەرمىگەن . ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى ، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ، غەربىي جەنۇبىدىكى ۋە سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلار بولسا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ تۇرغان . موڭغۇللارنىڭ ئۆز زېمىنىدىن كەلگەن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بۇ يەرلەرنى ئىگىلەپ ماكان تۇتالايتتى ۋە ئۇزۇن مۇددەت چارۋا باقالايتتى . ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا تۇرۇپ قالغان كۆچمەن چارۋىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ سەردارلىرى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن نىكاھلىنىپ ، ئومۇمەن ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ كەتكەن . ئۇنىڭ ئەكسىچە ، يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار باشقا مىللەتلەر بىلەن ئازراق ئۇچراشقانلىقتىن ، ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئۆز پېتى ساقلىنىپ ، ئاسانلىقچە ئاسسىمىلياتسىيە بولمىغان . مۇسۇلمان ئاپتولارنىڭ ئەسەرلىرىدە يايلاقتىكى بەزى شەھەر ـ بازارلار تىلغا ئېلىنغان ، لېكىن بۇ شەھەر ـ بازار دېگەنلىرى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئاۋۇللىرىنى كۆرسەتسە كېرەك . « تارىخىي رەشىدى » دە كۆپ تىلغا ئېلىنغان ئاتبېشى ، قۇشقار ، جانمۇغال ، جۇدقۇج دېگەن يەر ئىسىملىرىدىن بەزىلىرى قەدىمكى شەھەر ـ بازار ئىسىملىرى بولسىمۇ ، بۇ چاغدا ، ئەمەلىيەتتە ، بەزى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئاۋۇلى بولۇپ قالغان ، ھازىر ئۇلارنىڭ ئېنىق ئورنىنى تاپقىلى بولمايدۇ . روشەنكى ، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ، فېئوداللارنىڭ ئىچكى پېرىقلىقى ، تېمۇر ئەۋلادى بىلەن موڭغۇل ، ئۆزبېكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ماۋرائۇننەھرگە قىلغان ھۇجۇملىرى ۋە ئۇلارنىڭ يايلاقلاردىكى ھۆكۈمرانلىقى ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ يايلاقلارنى كېڭەيتىش ھەرىكىتى دېھقانچىلىقنىڭ ۋە شەھەرلەرنىڭ خارابلىششىنى ۋە يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى .

تېمۇر سۇلالىسى زەئىپلەشكەندە، كۆچمەن چارۋىچىلار (ئۆزبېكلەر بىلەن موڭغۇللار) ماۋرا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ سۇلالىگە كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىر تەھدىت سالدى ۋە ئاخىر ئۇنى يوقاتتى. بۇنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

شاھرۇخ بىلەن ئۇلۇغبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە بولغان بولۇپ، دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكى زاتلارنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىدى، دىننىڭ ئاممىغا بولغان تەسىرى چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە ئىدى. خېلىل، ئۇلۇغبەگدەك دەھرى پادىشاھلارنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشى ۋە تەختتىن چۈشۈشى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شاھرۇختەك خانمۇ ھەممىشە مەسچىتكە بېرىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيتتى. ھەريىلى رامىزاندا تولۇق روزا تۇتاتتى. موللىلارنى ھەپتىدە تۆت كۈن (ھەپتىنىڭ بىرى، تۆتى، بەشى، ئالتىسى) ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ قۇرئان ئوقۇتاتتى. ھىرات، ئىسپاھانلاردا شەرىئەت بىرقەدەر قاتتىق ئىجرا قىلىناتتى. شەرىئەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلىدىغان ئادەم مۇھتاسىپ دەپ ئاتىلاتتى. ھىراتتا مۇھتاسىپتىن ئىككىسى بار ئىدى. مۇھتاسىپ ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە، ھەتتا يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە خالىغانچە كىرەلەيتتى. كىشىلەرنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكى سېزىلسە، تۆكۈۋېتىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى.

«غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» دە، ھىراتتىكى دىنىي پائالىيەتلەر خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھاراق ئەڭ قاتتىق مەنئى قىلىنغان، خىلاپلىق قىلغانلار دەررىگە بېسىلىدىكەن. شۇڭا ئاشلىق ھارىقى چىقىرىلمايدىكەن، مۇسەللەس قايىنتىلىدىكەن، ئاندا ـ ساندا ئوغرىلىقچە ساتىدىغانلار بار ئىكەن. يولنىڭ ئىچىدە ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپى ھاراق ئىچمەيدىكەن، ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ناماز ئوقۇيدىكەن.»، «جىنغا باش ئۇرمايدىكەن، بۇتخانا ياسىمايدىكەن، ئەجدادىغا چوقۇنمايدىكەن، ئائىلىۋى قەبرىگاھ ياسىمايدىكەن، مازارنى تاۋاپ قىلىدىكەن، ھەرئايدا

بىرنەچچە قېتىم غەربكە قاراپ ناماز ئوقۇيدىكەن. ئادەم بىر قەدەر كۆپ جايغا مەسچىت دەپ ئاتىلىدىغان يوغان ئۆي سالىدىكەن. ناماز ئوقۇيدىغان چاغدا شۇ ئۆيگە جەم بولۇپ قاتار ـ قاتار بولۇپ تۇرىدىكەن. ئىچىدىن بىر ئادەم ئاۋازلىق توۋلايدىكەن، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈكۈنىدىكەن. سەپەر ئۈستىدىمۇ ئۇدۇل كەلگەن يەردە ناماز ئوقۇۋېرىدىكەن. ھەر يىلى ئونىنچى ئاي ۋە ياندۇرقى يىلى ئىككىنچى ئاي رامىزان ئېيى بولۇپ، بۇ ئايلاردا كۈندۈزى غىزا يېمەيدىكەن، سۇ ئىچمەيدىكەن. قاش قارايغاندا ئاندىن غىزا يەيدىكەن. بىرئايدىن كېيىن ئېغىز ئېچىلىدىكەن. ئېغىز ئېچىلغاندا قاپاقنى قارغا ئېتىپ ئوينايدىكەن... مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدىسىنى بىلىدىغانلار موللا دەپ ھۆرمەتلىنىپ، تۆرگە ئولتۇرغۇزۇلىدىكەن. ئۇلارغا دۆلەت ھۆكۈمدارىمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن. نەزىر ـ چىراغ بولسا موللىغا قۇرئان ئوقۇتۇلىدىكەن».

ئىسلام دىنىدا تەسەۋۋۇپچىلىققا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر خىل ئىخلاسمەنلەر بار، ئۇلار دەرۋىش دەپ ئاتىلىدۇ. «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» دىمۇ مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆي ـ ئوقتىنى، تىرىكچىلىكنى تاشلايدۇ، چاچ پاخپايغان، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، ئۇچىسىغا قوي تېرىسىنى ئارتىۋالغان، قولىدا ھاسا، سۆڭەكلەرنى ئېسىۋالغان، سىياقى غەلىتە، ئىسسىق ـ سوغۇقتىن قورقمايدۇ. بېشى قايغان يەردە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىدۇ. ئادەمنى كۆرسە بىلجىرلاپ نېمىدۇر بىر نېمىلەرنى دەيدۇ. كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ. ئۇلار يا ئەسكى گۆر، ئەسكى قەبرىلەردە، يا غار ـ ئۆڭكۈرلەردە يېتىپ ئىستىقامەت قىلىدۇ، دەرۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.» ئۇلار پۇچۇق تاۋاقنى كۆتۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ دىنىي ساھەگە، جەمئىيەتكە ھەتتا سىياسىيغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى خېلى چوڭ، تەسىر كۈچىمۇ ناھايىتى چوڭ.

ھىراتتا دىنىي مەكتەپ بىنا قىلىنغان. چېن چېڭنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر «شەھەردە، مەدرىس دەپ ئاتىلىدىغان كاتتا بىر ئىمارەت بار ئىكەن. تۆت تەرىپى كەگرى ئىمارەت ئىكەن، ئۇنىڭ ئايلانمىسىغا قازاندەك

مىس جاھاز ئورنىتىلغان، ئۈستىگە داڭقانىسمان خەتلەر ئويۇلغان، تۆت ئەتراپىغا تاقاپ سېلىنغان ئۆيلەر كۆركەم تولىسى ئوقۇغۇچى ۋە ئۆلىمالارنىڭ ھۇجرىسى ئىكەن، خۇددى جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپكە ئوخشايدىكەن.» بەزى دىنىي مەكتەپلەر ئىسلام ئۆلىمالىرى جەم بولغان جاي بولۇپ، بەزىلىرى شۇ چاغدىلا ئەمەس، كېيىنكى چاغلاردىمۇ مەشھۇر ئىدى.

ئۇلۇغبەگ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ماۋرائۇننەھردە ئەھۋال سەل پەرقلىنەتتى. قەدىمكى سوغدىلارنىڭ زېمىنى بولغان سەمەرقەنت ئەزەلدىن ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە دائىر خاتىرىلەرنى ۋە تاڭ نەزمىلىرىنى ئوقۇغانلىكى كىشى بۇنى بىلىدۇ. بۇنى قەدىمكى مىللىي ئەنئەنە ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا داۋاملاشقان دېيىشكە بولىدۇ. سەمەرقەنتتە بەزىدە زىياپەتلەردە سازەندىلەر ۋە ناخشىچىلار نەغمە قىلاتتى. سەمەرقەنتتىكى سازەندە ۋە ناخشىچىلارنى باشقا شەھەر-بازارلارغا تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ نەغمە قىلدۇراتتى. مەسىلەن، XV ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتتىكى بىر باي زىياپەت ئۆتكۈزگەندە سەمەرقەنتتىن سازەندە ۋە ناخشىچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئاپارغان. بىر قېتىم سەمەرقەنتتە بىر شەيخ ئۆزى پۇل چىقىرىپ ياساتقان مۇنچىنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەپ ① زىياپەت ئۆتكۈزگەندە، ناخشىچىلار ناخشا ئېيتقان. لېكىن مۇھتاسىب بۇ شەيخنى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى بىر يەرگە

① چېن چېڭنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەھەر ئىچىدىكى يېزا-بازارلاردا مۇنچا كۆپ ئىكەن، ئەرلەرنىڭكى بىلەن ئاياللارنىڭكى بىر يەردە ئىكەن. تۈزۈمى جۇڭگونىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىكەن. بىر سارايىنىڭ ئىچىدە ئون نەچچە يۇيۇنۇش ئۆيى بولۇپ، بىر نۆۋەتتە كۆپ ئادەم يۇيۇنالايدىكەن. يۇيۇنىدىغانلار كىيىمنى سالغاندىن كېيىن، لۆڭگە بىلەن بەدىنىنى يۆگەپ يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىدىكەن. داس، سوغا ئىشلەتمەيدىكەن. بىر ئادەم بىردىن ئاپتۇۋانى ئېلىپ سۇ تەگشەپ پاكىز يۇيۇنىدىكەن. ئاشقان سۇ ئېقىپ چىقىپ كېتىدىكەن، لاي-لاتقا توختاپ قالمايدىكەن. يەنە يۇيۇپ-ئۇۋۇلاپ قويىدىغان خادىملارمۇ بار ئىكەن. ئۆگە-ئۇستىخانلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ھۇزۇرلاندۇرۇپ قويىدىكەن. يۇيۇنۇپ بولۇپ مۇنچىدىن چىقىدىغان چاغدا، بىر ئادەمگە ئىككىدىن لۆڭگە بېرىدىكەن. بىرىدە باشنى، بىرىدە بەدەننى يۆگەپ قۇرۇتۇپ، ئاندىن چىقىپ كېتىدىكەن. بىر ئادەمگە بىر ئىككى-تىيىن ئالىدىكەن». بۇ — ھىراتتىكى ئەھۋال. ماۋرائۇننەھردىكى مۇنچىلارنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئۇلتۇرغۇزۇپ ناخشا ئېيتقۇزدى دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئومۇمەن ئېيت-قاندا، سەمەرقەنتتىكىلەر ئىدىيە جەھەتتە بىر قەدەر ئەركىن (قاتتىق ئىسلام شەرىئىتى ئۇچۇن ئېيتقاندا) ئىدى. ئۇ يەردىكى شەيخلەرنىڭ تۇرمۇشى بەك ھەشەمەتلىك ئىدى. ئۇلار ئۇلۇغبەگنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئىدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇخارا دەرۋىشلەرنىڭ مەركىزى ئىدى. دەر-ۋىشلەر ئىسلام شەرىئىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى قۇۋۋەتلەيتتى، پەنگە قارشى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاددىي ئامминىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىمىز دەيتتى، سەمەرقەنتتىكى شەيخلەرگىمۇ، ئۇلۇغبەگكىمۇ قارشى ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا خېلىلا تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىلگەنلەر ئەنە شۇ بۇخارا-دىكى دىنىي كاتتىباشلار ئىدى. يەنە شۇلار كېيىن ئۇلۇغبەگكە قارشى سۇيىقەست قوزغىدى. ئۇلۇغبەگ بۇ دەرۋىشلەرگە خۇشامەت قىلىپمۇ باقتى، لېكىن كار قىلمىدى. بىر قېتىم ئۇلۇغبەگ كەنجى ئوغلى ئابدۇلئەزىزنىڭ خەتنىسىنى قىلغاندا، پەرمان چۈشۈرۈپ ئاھالىلەرنىڭ باج - سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلدى ھەم زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ توي قىلىپ بەردى. بۇ چاغدا بىر مۇھتاسىب ئۇلۇغبەگنى شەرىئەتنى بۇزۇپ، كاپىر-نىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئىش قىلدى دەپ ئەيىبلىدى. ئۇلۇغبەگ غەزەپلىنىپ بۇ مۇھتاسىبنى قاتتىق تىللىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلۇغبەگ يەنە بىر قىسىم پۇلنى سودىگەرلەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ پايدىسىنى ئېلىپ يەپ تۇراتتى. بۇ ئىشمۇ ئۇلۇغبەگ بىلەن دىنىي ساھەدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى چوڭايتىۋەتكەن. دىنىي زاتلارنىڭ نەزەرىدە، ئۇلۇغبەگ كۆ-ڭۈلدىكىدەك خان بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى چالا ئىمان زالىم خان ئىدى.

لېكىن، ئۇلۇغبەگ دەۋرىدە پۇقرالارنىڭ ھال كۈنى بۇرۇنقىدىن يا-مان ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدا يەر بېجى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈرۈلگەنىدى. ئۇلۇغبەگ سودا - سانائەت بېجى ئېلىشتىمۇ چىڭ تۇر-غان. شۇنداق بولغاچقا، خەلقنىڭ ھال - كۈنى سەل ياخشىلىنىپ، ئىگىلىكىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1447 -

يىلىغا كەلگۈچە، ماۋرا ئۈننەھردە ئۇلۇغبەگكە قارشى خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلمىگەنىدى.

شاھرۇخ بىلەن ئۇلۇغبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرمۇ مەدەنىيەت ناھايىتى گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. مۇھەممەد ئېلى دېگەن ئافغان تارىخچىسى مۇنداق دېگەن: «تېمۇرنىڭ ۋارىسلىرى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، تەرەققىيپەرۋەر خانلار بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھامىيلىرى ئىدى. تېمۇرنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر يۈز يىلدىن ئارتۇق (1405 ـ يىلدىن 1519 ـ يىلغىچە) داۋام قىلغان. بۇ مەزگىلدە ئافغانىستاندا تىنچلىق ۋە گۈللىنىش ھۆكۈم سۈرۈپ، موڭغۇللار بىلەن تېمۇرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى... شۇڭا بۇ مەزگىل ئادەتتە ئافغان سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى دېيىلىدۇ.» ① ئىران تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم ن. ۋىللېر (N. Willer) مۇنداق دەيدۇ: شاھرۇخ ئىران تارىخىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك ھۆكۈمدار، ئۇنىڭ پايتەختى ھىرات ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. (ۋىللېر: «ئىراننىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى») مەيلى شۇ دەۋردىكى ياكى كېيىنكى دەۋردىكى تارىخچىلار بولسۇن، ھەممىسى شاھرۇخنى ئۇلۇغ ھۆكۈمران، دەپ تەرىپلەشكەن. ئۇنىڭ خانىشى گۆھەرشاھمۇ ئىلىم ـ پەن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىلھامچىسى، ھىمايىچىسى، مىمارچىلىق ھەۋەسكارى ئىدى.

ھىرات شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال چېتىدە باغى زاغان (سار باغچىسى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر داڭلىق باغ بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنى شاھرۇخ بىلەن گۆھەر شاھ بىنا قىلدۇرغانىكەن. گۆھەر شاھ يەنە مەشھەدتە چوڭ مەسچىت سالدۇرغان. دەرۋەقە، ئەينى چاغدا ھىراتتا كۆركەم ئىمارەتلەر يەنە خېلى كۆپ ئىدى. بۈيۈك مىمار كامالىدىن ھىرات ئوردىسىدا «تۆت نۇرنىڭ بىرى» دەپ ئاتالغانىدى. ئۇ نۇرغۇن كاتتا ئىمارەتلەرنى لايىھىلىگەنىدى.

---

① مۇھەممەد ئەلى: «ئافغانىستاننىڭ مەدەنىيەت تارىخى» ئىنگلىزچە، 1964 ـ يىلى، كابۇل نەشرى، 187 ـ بەت.

شۇ چاغدا ئۆي ـ ئىمارەتلەرگە كۆك سىرلىق كاھىش ئىشلىتىش شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەينى چاغدا ئۆي-ئىمارەتلەرنى يۇملاق تورۇسلۇق ۋە قۇش گۈمبەز شەكىللىك سېلىش تېخنىكىسىمۇ قوللىنىلدى. مىمارلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. (ئارچىن بىلەن نورمان خامىن بىرلىكتە تۈزگەن «ئافغانىستان ئارخېئولوگىيىسى» ئىنگلىزچە، 1978 ـ يىل، لوندون نەشرى، 397 ـ بەت) بەزىلەر ھەتتا بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىمارچىلىقىنى تېمۇر خاندانلىقىنىڭ سەنئىتى دەپ ئاتىدى. شاھرۇخ تېمۇر دەۋرىدىن بۇيانقى ۋەيرانچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. ئالايلۇق، خېلى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان مەرۋى شەھىرى بىلەن ھىرات شەھىرىنى قايتىدىن بىنا قىلدى ھەمدە ئۆز تەۋەسىدىكى بارلىق شەھەر ـ بازارلارنى ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى يېڭىۋاشتىن ئاۋاتلاشتۇردى.

شاھرۇخ ھىراتتا كاتتا كۇتۇپخانا سالدۇردى. بۇ كۇتۇپخانىدا نۇرغۇن كىتابلار ساقلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەڭ ياخشى نۇسخىلىق كىتاب چىقىرىلدى. شۇ چاغدا ئىسلامىيەتكە دائىر كىتابلار ئادەتتە مەتبەئەدە بېسىلماي، خەتتاتلار كۆچۈرگەندىن كېيىن تۈپلىنەتتى. كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ كۆپى داڭلىق خەتتاتلار ئىدى. بۇنداق كۆچۈرۈلمە نۇسخا كىتابلارنىڭ خېتى كۆركەم بولۇپ، خاتالىق كۆرۈلمەيتتى. بىر خەتتات بىر كۈندە ئون قۇرلا خەت كۆچۈرەتتى، شۇڭا بىر كىتابنى كۆچۈرۈشكە نەچچە ئاي، بىر يىل ھەتتا بىرنەچچە يىل ۋاقىت كېتەتتى. كىتابلارغا دائىم قىستۇرما رەسىم بېرىلەتتى. بۇنداق قىستۇرما رەسىملەرنىمۇ كۆپ ھاللاردا داڭلىق رەسساملار سىزاتتى. كىتابلارنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى موي قەلەم بىلەن سىزىلغان بولۇپ، بۇ جۇڭگونىڭ ئۇسلۇبى ئىدى. بۇنىڭغا تەبىئىيكى، جۇڭگو رەسسامچىلىقى تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق رەسىملەر ھىرات ئۇسلۇبىدىكى رەسىم دەپ ئاتالغان.

بىر كىتاب كۆچۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا قىستۇرما رەسىم قوشۇمچە قىلىنغاندىن كېيىن تۈپلىنەتتى. كىتاب تۈپلەشمۇ بىر خىل سەنئەت

ئىدى . ئەپىس تۈپلەنگەن كىتابلارنىڭ خەت ۋە رەسىمى كۆركەم ، مۇقاۋىسى ھەل بېرىلگەن ، كۆزنى چاقناتقۇدەك چىرايلىق بولۇپ باھاسى قىممەت ئىدى . تېمۇردىن كېيىنكى خان بايسۇنقۇر دەۋرىدىكى كۇتۇپخانىمۇ شۇنداق ئىدى . شۇ چاغدا بۇ كۇتۇپخانىدا 10 نەچچە خەتتات ، رەسسام ، مۇقاۋىچى ۋە كىتابلارنى تۈپلىگۈچى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ باشلىقى داڭلىق رەسسام جەپپار ئىدى . زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بەزى ئەڭ ياخشى كىتابلار ئاشۇ كۇتۇپخانىدا ئىشلەنگەن . فىردەۋسىنىڭ « شاھنامە » ناملىق قىستۇرما رەسىملىك ئەڭ ئېسىل نۇسخىسىنى شاھرۇخ كۇتۇپخانىسى 1430 ــ يىلى ئىشلىگەن .

شاھرۇخ نۇرغۇن ئەدىبلەر ، ئالىملار ، سەنئەتكارلار ، مۇزىكانتلار ، مىمارلار ، خەتتاتلار ۋە رەسساملارنى ھىراتقا جەلپ قىلىپلا قالماي ، ئۆزىمۇ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلغان ، ئۇمۇ شائىر ۋە سەنئەتكار ئىدى . شۇڭا ھىرات ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان . يېقىنقى زاماندىكى تەتقىقاتچىلارمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ . مەسىلەن فرانسىيىلىك ئالىم گرۇسىس مۇنداق دەيدۇ : « شاھرۇخ تېمۇرنىڭ ۋارىسلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر ھۆكۈمران . . . ئۇ بىلىملىك ، پەزىلەتلىك ، دىلى يۇمشاق كىشى بولۇپ ، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ھەۋەسكارى ، ئۇلۇغ مىمار ، شائىر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ھىمايىچىسى ، شۇنداقلا ئاسىيادا تارىختىن بۇيان ئۆتكەن ئەڭ ياخشى ھۆكۈمرانلارنىڭ بىرى » ①.شاھرۇخنىڭ ئوردىسىدا بىر قىسىم تارىخچىلار ، جۈملىدىن باشتا بىر نەچچە رەت تىلغا ئېلىنغان ئابدۇرازاق ، ھاپىز ئابۇللا بار ئىدى . ئابدۇرازاق 1423 ـ يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان ، 1482 ــ يىلى سەمەرقەنتتە ۋاپات بولغان . ئۇ تېمۇر سۇلالىسىنىڭ ئەڭ قۇدرەت تاپقان دەۋرىدە ھىرات ۋە سەمەرقەنتتە تۇرغان . ئۇ يازغان «قۇتلۇق قوشۇلۇش » دىگەن كىتابنىڭ 2 ــ تومىدا تېمۇر ئالەمدىن ئۆتۈپ ھۇسەيىنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىي ۋەقەلەر ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ ، خېلى قىممىتى بار . ھاپىز ئابۇل شاھرۇخنىڭ تاپشۇرۇقى

① « يايلاق ئىمپېرىيىسى » ئىنگلىزچە ، 457 ــ بەت .

بىلەن بىر چوڭ تارىخ كىتابى ۋە بىر يەرلىك تەزكىرە يازغان. ئەپسۇسكى، بۇ كىتابلار يوقىلىپ كەتكەن، پەقەت بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. «شاھرۇخنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ خاتىرىسى» ئەنە شۇ كىتابىنىڭ بىر قىسمى. بۇ ئىككى نەپەر تارىخچىنىڭ ئەسەرلىرى شۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر مۇھىم ماتېرىياللار ئىدي.

تىل - ئەدەبىيات جەھەتتە، بۇ مەزگىلدە بەزىلەر چاغاتاي تىلى (ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تىلى)دا رەسمي نەزمە - نەسىر يازىدىغان بولۇپ، يالغۇز پارس تىلىدىلا يازىدىغان ۋەزىيەت تەدرىجىي ئۆزگەرتىلگەن. سەككاكى تۈرك تىلىدا قەسىدە ۋە غەزەل يېزىشنىڭ پېشۋاسىدۇر. نەۋائى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى سەمەرقەنتتە ناھايىتى داڭلىق دېگەن. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا شېئىر يېزىپ، باشپاناھى ئۇلۇغبەگنى مەدھىيىلىگەن. تۈرك تىلىدا شېئىر يازغان يەنە بىر كىشى لۇتفىدۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ ئۇلۇغبەگ تىلغا ئېلىنغان.

ئۇلۇغبەگ ئۆزىمۇ بىر ئالىم ئىدى. ئۇ ئاتىسى شاھرۇخ تەرىپىدىن ماۋرا ئۇننەھرگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسا كېرەك. تېمۇر ھايات ۋاقتىدىلا نۇرغۇن پارس ئالىملىرى ئەسىر ئېلىنىپ سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېلىنگەن. شۇڭا يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان پارس مەدەنىيىتى ماۋرا ئۇننەھرگە، شۇنداقلا ئۇلۇغبەگكە زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ تەرەققىيپەرۋەر ھۆكۈمران ئىلىمگە ۋە ئالىملارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىلىم - پەننى دىندىن ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىقتىن ئۈستۈن كۆرىدىغان بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ بىناكارلىق سەنئىتىگىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. سەمەرقەنتتە بەزى مەشھۇر بىنالارنى ياساتقان. بابۇرنىڭ ئېيتىشىچە، «سەمەرقەنت شەھەر ئىچىدە ۋە شەھەر ئەتراپىدا نۇرغۇن گۈزەل بىنالار ۋە تېمۇر، ئۇلۇغبەگلەرنىڭ باغلىرى بار... ئۇلۇغبەگ شەھەر ئىچىدە ياساتقان بىنالار ئىچىدە بىر بىلىم يۇرتى ۋە بىر مەسچىت بار، مەسچىتنىڭ گۈمبىزى بەك چوڭ، دۇنيادا ئاز تېپىلىدۇ. بۇ ئىككى بىنانىڭ يېنىغا مىرزا مۇنچىسى دەپ ئاتىلىدىغان كۆركەم ئىسسىق سۇ مۇنچىسى ياساتقان. مۇنچىنىڭ ئاستىغا

رەڭدار تاش ياتقۇزۇلغان . خۇراسان بىلەن سەمەرقەنتتە مۇنداق مۇنچىدىن
يەنە بىرى تېپىلامدىكىن ـ تاڭ . بىلىم يۇرتىنىڭ جەنۇبىدا ، بىلىم
يۇرتىنىڭ مەسچىتى ماقاتا ( نەقىشلىك مەسچىت ) دەپ ئاتىلىدىغان مەسـ
چىتى بار . بۇ مەسچىت تام ـ تورۇسلىرى ئىسلام ئۇسلۇبىدا ( نەقىش ۋە
بېزەك ) ۋە جۇڭگوچە ، نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنلىكتىن شۇنداق ئاتالغان
. . . ئۇلۇغبەگ ياساتقان يەنە بىر چىرايلىق بىنا ــ رەسەتخانا بولۇپ ، ئۇ
ئۇلۇغبەگنىڭ ئاسترونومىيە جەدۋىلى تۈزىدىغان قورالى ئىدى . ئۈچ قەـ
ۋەتلىك بۇ رەسەتخانا قاشقا ئېگىزلىكنىڭ چېتىگە ياسالغان . ئۇلۇغبەگ بۇ
رەسەتخانىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاسترونومىيە جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىشقا
مۇۋەپپەق بولغان . بۇ رەسەتخانىنى هازىرغىچە ( XVI ئەسىرگىچە ) پۈـ
تۈن دۇنيا ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ . . . ئۇلۇغبەگ قاشقا ئېگىزلىكنىڭ بويىغا
باغى مەيدان دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر باغ ياساتقان . بۇ باغنىڭ
ئوتتۇرىسىغا يەنە شېخىل ستۇن ( قىزىل تۈۋرۈك ) دەپ ئاتىلىدىغان
چىرايلىق بىر بىنا ياساتقان . بىنانىڭ هەر ئىككى قەۋىتىدە تۈۋرۈك بار ،
پۈتۈنلەي تاش بىلەن قوپۇرۇلغان . تۆت بۇرجىكىدە ئەزان چىللايدىغان
پەشتاخقا ئوخشايدىغان تۆت راۋاق بار . ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن راۋاقتىن
ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . نەگىلا بارسا تاش تۈۋرۈك ، بەزى تۈۋرۈكلەرگە
شەكىللىك ، بەزىلىرىگە بۇرما شەكىللىك ، بەزىلىرىگە كۆپ تەرەپلىك
گۈل چىقىرىلغان . ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ تۆت تەرىپىدە ئۈستى ئوچۇق
كارىدور بار ، كارىدور تۆت ئىشىكلىك زالنى ئوراپ تۇرىدۇ . كارىدورنىڭ
تۈۋرۈكلىرىمۇ تاشتىن ياسالغان . بۇ بىنانىڭ هەممە قەۋىتىنىڭ ئاستىمۇ
سېمونتتىن ياسالغان . ئۇ يەنە شىخىل ستۇننىڭ سىرتىغا ، قاشقىغا بارىـ
دىغان يەرگە بىر باغچا ياساتقان ، باغچا ئىچىدە يەنە بىر بىنامۇ بار . بۇ
بىنانىڭ ئۈستى ئوچۇق كارىدورغا ناهايىتى يوغان بىر تاش تەخت قويۇلـ
غان ، تەختنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 14 ـ 15 يارد ، كەڭلىكى سەككىز
يارد كېلىدۇ . ئېگىزلىكى بىر يارد كېلىشى مۇمكىن . ئۇلار بۇ چوڭ تاشنى
ناهايىتى يىراق يەردىن ئېلىپ كەلگەن . بۇ تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يېرىق
بار ئىكەن ، كىشىلەر بۇ يېرىقنى مۇشۇ يەرگە يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن

پەيدا بولغان دېيىشىدۇ . ئۇلۇغبەگ بۇ باغقا يەنە چىنىخانا (Chinikihina)دەپ ئاتىلىدىغان تۆت ئىشكلىك بىر زال ياساتقان . بۇ زالنىڭ تاملىرى پۈتۈنلەي فار ـ فۇردىن ياسالغان . ئۇ ، فار ـ فۇرلارنى ئادەم ئەۋەتىپ جۇڭگودىن ئەكەلدۈرگەنىكەن . تامنىڭ ئىچىدە مەسچىتى لاقلاقا دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئاۋاز قايتۇرىدىغان كونا مەسچىت بار ئىكەن . مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ پۇتنى يەرگە ئۇرسا ، گۈمبەز شەكىللىك تورۇستىن قايتقان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ . بۇ غەلىتە بىر ئىش ئىكەن . ئۇنىڭدىكى سىرنى ھېچكىشى بىلمەيدىكەن . » ① سەمەرقەنتنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىمۇ ھىراتنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ ، تېمۇر سۇلالىسىنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبىغا كىرىدۇ .

ئۇلۇغبەگنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى ئاساسەن ئاسترونومىيە جەھەتتە ئىدى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاسترونومىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن تۆۋەندىكىلەر بار : سالاھىددىن مۇسا ئىبنى مەھمۇد قازىزادەرومى ، بۇ كىشى شۇ دەۋرنىڭ « ئەپلاتونى » دەپ ئاتالغان ؛ غىياسىددىن جەمشىد ئىبنى مەسئۇد ، بۇ كىشىنى ئۇلۇغبەگ قازاندىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن . ئۇ بۇرۇن بىر ئاسترونومىيە جەدۋىلى تۈزگەن بولسىمۇ يوقىلىپ كەتكەن . ئۇلۇغبەگ دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇتالىئە قىلاتتى ؛ مۆيىدىن ، بۇمۇ ئۇلۇغبەگ تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن ئادەم ئىدى ، ئۇ 1437 ـ يىلى بىر نۇسخا مەشھۇر ئاسترونومىيە جەدۋىلى تۈزگەن ؛ يەنە بىرى — ئالاھىددىن ئەلى ئىبنى قۇشچى بولۇپ ، بۇ كىشى « شۇ دەۋرنىڭ پىتولېمىسى » دەپ ئاتالغان . ئۇ بۇرۇن ئوردىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ، ئۇلۇغبەگنىڭ دوستى ئىدى . بۇ تۆت كىشىنى شۇ زاماننىڭ مەشھۇر ئالىملىرى دېيىشكە بولىدۇ .

ئۇلۇغبەگ ياساتقان رەسەتخانىنى 1908 ـ يىلى روسىيە ئارخېئولوگى ۋياتكىن سەمەرقەنتتىن تاپقان بولۇپ ، ئىگىزلىكى كونستانتىنوپولدىكى سانت سوفىيە چېركاۋىدەك كېلىدۇ دېيىشىدۇ . « بابۇرنامە » دە ئېيتىلغان ئەھۋالدىن باشقا ، ئابۇل رازاق

---

① « بابۇرنامە » ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، 78 — 80 ـ بەتلەر .

نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭدا ئەرشىنىڭ يۇلتۇزلار قۇرۇلمىسى، مىنۇت - سېكۇنت چېكىتلىرى، كېلىمات پەرقى، دېڭىز - ئوكيان، تاغ - ئېدىرلارنىڭ خەرىتىسى بار ئىمىش. لېكىن ئارخېئولوگلار ئىزدەپ ھېچقانداق بىر نېمە ئۇچراتمىغان.

ئاسترونومىيە جەدۋىلى ئۇلۇغبەگنىڭ مەشھۇر ئىلمىي ئەسىرىدۇر. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ شەخسەن ئۆزى ھېسابلاپ، 1437 - يىلى تۈزۈپ چىققانىكەن. لېكىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالىملار ياردەملەشكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. «ھىندىستان تارىخى» نىڭ ئاپتورى ئىسكىت، بۇ ئاسترونومىيە جەدۋىلىنى ئاساسلىق ھېسابلاپ چىققان كىشى ئالدى بىلەن قازى جادا رۇمى ئۇنىڭدىن قالسا غىياسىددىن جەمشىد، ئاخىرىدا ئالاھىددىن ئەلى ئىبنى قۇشچى بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان.

رەسەتخانا ياساش، ئاسترونومىيە جەدۋىلى تۈزۈش ۋارىسلىققا ئىگە ئىش. بابۇر مۇنداق دېگەن: «دۇنيادا بۇرۇن ياسالغان رەسەتخانىدىن يەتتە - سەككىزى باردەك قىلىدۇ. خەلىپە ئەل مامۇن بىر رەسەتخانا ياساتقان ھەم شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، «ئەل مامۇن كالىندارى»نى تۈزگەن. پىتولېمى يەنە بىر رەسەتخانا ياسىغان. يەنە بىرى ھىندىستاندا، ئۇ پادىشاھ پىچىلموخودود (毗记罗摩诃迷多)دەۋرىدە ياسالغان. ھىندىلار مۇشۇ رەسەتخانىنىڭ كالېندارىنى ئىشلىتىدۇ.» ① ئۇلۇغبەگ تۈزگەن ئاسترونومىيە جەدۋىلى تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: 1. ئوخشاش بولمىغان دەۋر ۋە ئوخشاش بولمىغان رايونلار؛ 2. ۋاقىت ھېسابلاش؛ 3. يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى؛ 4. تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ئورنى. بۇ ئاسترونومىيە جەدۋىلىنى 1642 — 1648 - يىللىرى بىرىنچى قېتىم ياۋروپاغا تونۇشتۇرغان كىشى ئوكسفورت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، مەشھۇر ماتېماتىك ۋە شەرقشۇناس گراۋېستۇر. 1665 - يىلى پروفېسسور خېردىر ئۇنى تەرجىمە قىلغان ھەم «ئۇلۇغبەگنىڭ تەرجىمھالى» نى يېزىپ بىللە نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتاب 1767 - يىلى سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىلگەندىن كېيىن قايتا بېسىلغان. كېيىن سېدىرو فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇلۇغبەگ

① «بابۇرنامە»، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 79 - بەت.

مۇشۇ ئەسىرى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر شەخسكە ئايلانغان.

ئۇلۇغبەگكە يېقىنقى زامان ئىلىم ئەھلىمۇ ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسىنىڭ ئەسۋابلىرى شۇ زاماندا ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدىكەن. ( موئورې: «ئاسترونومىيە تارىخى»، 1961 ـ يىلى، لوندون نەشرى، 27 ـ بەت ) يەنە كېلىپ، ئاخىرقى مۇھىم بىر ئىسلام دىنى رەسەتخانىسى ئىكەن. بۇ رەسەتخانىنى لايىھىلەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بۇيرۇققا بىنائەن نۇرغۇن ئاتاقلىق ئالىملار قاتناشقانىكەن. بۇ رەسەتخانىدا تۈزۈلگەن ئاسترونومىيە جەدۋەللىرى ناھايىتى داڭلىق ئىكەن. بولۇپمۇ بۇ رەسەتخانا تۈزگەن يۇلتۇزلار تۈركۈمى جەدۋىلى فلامستېدنىڭ «ئەنگلىيە ئاسترونومىيە تارىخى» ( 1725 ـ يىلى ) غا كىرگۈزۈلگەن. 1799 ـ يىلى گائۇس ئۇلۇغبەگنىڭ ئاسترونومىيە جەدۋىلىدىكى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ( نېۋگبور يازغان «قەدىمكى زامان ماتېماتىكا ـ فىزىكىلىق ئاسترونومىيە تارىخى» 11 ـ بەت ) بارتولد: «ئۇلۇغبەگ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئاسترونومىيىسىدە ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىغان» دېگەن. ئۇلۇغبەگ ئاسترونومىيە ئەسىرىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ توغرا كۆزەتكەنلىكىدە، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئىچىدە ھەقىقىي ئاسترونومىنىڭ ئىزى ئۆچتى.

ئۇلۇغبەگ ئاسترونومىيىگە قىزىقىپلا قالماستىن، بەلكى ماتېماتىكىغىمۇ قىزىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە بىر شائىر ئىدى. ئۇ نىزامىنىڭ شېئىرلىرىنى ياقتۇراتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۆزىمۇ پارس تىلىدا شېئىر يازغان. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئۇ چاغاتاي تىلىدا شېئىر يازغان شائىرلارنىڭمۇ ھامىيسى ئىدى.

«تۆت چوڭ ئۇلۇس تارىخى» دېگەن بىر تارىخىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنى ئۇلۇغبەگ يازغان دېگەن گەپ بار. لېكىن بارتولد، ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆز قەلىمى ئەمەس، شاھرۇخ دەۋرىدىكى بىر كىشى ئۇلۇغبەگنىڭ نامىدا يازغان، دەپ دەلىللەيدۇ. بۇ كىتاب يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق، پەقەت قوندامىرنىڭ نەقىللىرىدە ئاندا ـ ساندا تىلغا

ئېلىنىدۇ . ئېھتىمال ، باش قىسمىنىڭ ئانچە قىممىتى بولمىسا كېرەك ، شۇ دەۋرگە دائىر يەرلىرىنى ئاز - تولا پايدىلىنىشقا بولۇشى مۇمكىن .

ئۇلۇغبەگ ئەدىب ، ئالىم ، سەنئەتكارلارنى بەك ئىززەتلەيتتى . ئۇ پارس ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ ھامىيسى ئىدى . ئۇ جۇڭگو سەنئىتىگىمۇ بەك قىزىقاتتى . سامانىيلار خاندانلىقىدىن بۇيان ماۋرائۇننەھر رايونىدا ئۇنىڭدەك ئىلىمنى قەدىرلەيدىغان ۋە زىيالىيلارغا باشپاناھ بولىدىغان خان ئۆتكەن ئەمەس . ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدىكى سەمەرقەنت ئوردىسى بىلەن كېيىنكى ھۇسەيىن بەھرا دەۋرىدىكى ھىرات ئوردىسى پارس مەدەنىيىتى نۇر چاقنىتىپ پايرايدىغان ماكان ئىدى .

ئۇلۇغبەگ ئىلىمنى قەدىرلەپ ، پەننى سۆيۈپ ، پەن بىلەن ئىدراكنى دىن ۋە ئىلاھىيەتتىن ئۇستۈن كۆرگىنى ئۈچۈن ، ئەلۋەتتە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا نارازى بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى . دىنىي ساھەدىكى نۇرغۇن مۆتىۋەرلەر تىل بىرىكتۇرۇپ ، ئۇلۇغبەگكە قارشى سۇيىقەست پىلانلاپ ، بۇ خاننى ـــ ئالىمنى ئاخىر ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ماۋرائۇننەھردە مەدەنىيەتنىڭ پارلاق ئۇچقۇنلىرىمۇ ئۆچۈپ قالدى .

# ئون توققۇزىنچى باب

# تېمۇرنىڭ ۋارىسلىرى (2)

## 1- بۆلۈم شاھرۇخ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى تەخت تالىشىش كۈرىشى ۋە ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

تېمۇر سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ شاھى شاھرۇخ ئاتاقتا ئوتتۇرا ئاسىيانى سورىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاستانىسى ۋە سىياسىي مەركىزى ھىراتتا، ئاساسلىق پائالىيىتى ئىراندا ئىدى. جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقىسى يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭگونى يېقىن دوست دەپ قارايتتى. فرانسىيە ئالىمى بۇۋانىڭ «تېمۇر ئىمپېرىيىسى» (فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى، 112 ـ بەت) دېگەن كىتابتا ئېيتىلغىنىدەك «شاھرۇخ جۇڭگو پادىشاھىغا ئىتائەتمەن مۇئامىلىدە بولغان بولسا، ئوسمانىيلارغا ھاكاۋۇر مۇئامىلىدە بولدى». شۇڭا شاھرۇخ مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئەلچى ئەۋەتىشىپ جۇڭگو بىلەن ئىراننىڭ دوستلۇق مۇناسىۋەت تارىخىغا ئۆچمەس بابلارنى يازغان. لېكىن ئىران تارىخىدىكى بۇ ئاتاقلىق شاھ غەربكە يۈرۈش قىلىش جەريانىدا 1447 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى رەبىي دېگەن يەردە كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. تېمۇر سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە بىر مەزگىللىك يېغىلىق ۋە جېدەل ـ ماجىرا باشلانغان.

شاھرۇخنىڭ ئوغلى، ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ئەمەلدىكى ھۆكۈمرانى ئۇلۇغبەگ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن تېمۇر سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ھاكىمى دەپ قارىلىپ كەلگەن. شۇڭا بەزى كىتابلاردا شاھرۇخ ئالەمدىن ئۆتكەن يىل — 1447 ـ يىل ئۇلۇغبەگ خانلىق تەختكە رەسمىي ئولتۇرغان يىل دېيىلگەن.

شاھرۇخ ھايات ۋاقتىدا ئۆزىگە ۋارىس تەيىنلىمىگەن. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بارى يالغۇز ئۇلۇغبەگ ئىدى. لېكىن گۆھەر شاھ

نەۋرىسى، ئىككىنچى ئوغلى بايسۇنقۇرنىڭ ئوغلى ئاراد دۆلەتكە ئامراق ئىدى. شۇڭا ئۇنى خانلىققا ئولتۇرغۇزغۇسى بار ئىدى. شاھرۇخ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاراد دۆلەت چاققان كېلىپ ئۆزىنىڭ شاھرۇخنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ شاھلىق تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاراد دۆلەت لەشكەر تارتىپ مۇرغاپ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغبەگكە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلۇغبەگ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. غەرب تەرەپتە توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكتىن ئاراددولا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى. لېكىن ئۇ بۇلاپ كەتكەن ئادەم ۋە مال ـ دۇنيانى توختام بويىچە قايتۇرۇپ بەرمىدى. شۇڭا 1447 ــ 1448 ـ يىللىرى قىشتا ئۇرۇش باشلاندى. ئاراد دۆلەت بەلخكە ھۇجۇم قىلدى. بۇ شەھەرنى ساقلاپ ياتقان سەركەردە، ئۇلۇغبەگنىڭ ئوغلى ئابدۇل لەتىپ ئاتىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. 1448 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇلۇغبەگ بىلەن ئوغلى 90 مىڭ ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، ھىراتقا 14 پەرسەخ كېلىدىغان يەردە ئاراددولانى مەغلۇپ قىلدى. ئاراد دۆلەت مەشھەدكە قېچىپ كەتتى. ئۇلۇغبەگمۇ ئارقا سەپتە كۆچمەن چارۋىچىلار ھۇجۇم قىلغانلىقتىن ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. تۈركمەن سۇلتانى ئەر ئەلى ھىراتقا ھۇجۇم قىلىپ، شاھرۇخ بۇ ئاستانىدە ئۇزۇن يىللار ئەجىر قىلىپ ياساتقان نۇرغۇن بىنالار ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى ۋەيران قىلدى. ئابۇل خەيرى تەۋەسىدىكى ئۆزبېكلەرمۇ سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىپ ھەدەپ بۇزغۇنچىلىق قىلدى. رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۆزبېكلەر مەزكۇر شەھەردىكى چىنىخانىنىڭ تېمىغا جۇڭگودىن ئەكىلىپ قوندۇرۇلغان گۈزەل گۈل نۇسخىلىرىنى چېقىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتكەن، يالتىلدىغان ئالتۇنىنى قىرىپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇزۇن يىللىق ئەجىر بىلەن توپلانغان سەنئەت بۇيۇملىرى بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا ۋەيران بولغان.

ئۇلۇغبەگ بۇ قېتىمقى تەخت تالىشىش ئۇرۇشىدا ئوغلى ئابدۇل لەتىپ بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلۇغبەگ كىچىك ئوغلى ئابدۇل ئەزىزگىلا ئىشەنگەن ۋە تايانغان. ئابدۇل لەتىپنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىنىمۇ ئابدۇل ئەزىزگە ھېسابلىغان. ئۇلۇغبەگ يەنە

ئابدۇل لەتىپ تەرىپىدىن قەلئەسىگە يوشۇرۇپ قويغان مال - دۇنيا، ھەربىي ئەشيالارنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. 1449 - يىلى ئەتىيازدا، بىر ئۇرۇغ پادىشاھى ئەسكەر باشلاپ ئابدۇل لەتىپقا قارشى چىققان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ قېتىمقى توپىلاڭ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلۇغبەگنىڭ مەزكۇر ئۇرۇغ پادىشاھىنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ يازغان بىر پارچە خېتى قولغا چۈشۈپ قالغان. شۇڭا ئابدۇل لەتىپ ئاتىسى ئۇلۇغبەگ بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا ئادا - جۇدا بولۇش قارارىغا كەلگەن. ئۇ ئامۇ دەرياسىدىكى كېمىلەرنى قويماي تارتىۋالغان ھەم بەلختە سۇ بېجىنى بىكار قىلغان. ھىندىستانغا بارىدىغان يولدىكى بۇ مۇھىم شەھەرنىڭ سودا بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۇلۇغبەگ ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر زەربە، ئەلۋەتتە.

ئۇلۇغبەگ ئابدۇل لەتىپنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق غەزەپلەندى - دە، كىچىك ئوغلى ئابدۇل ئەزىزنى سەمەرقەنتنى ساقلاشقا قويۇپ، ئۆزى جىيەنى ئابدۇللانى ئېلىپ، ئەسكەر باشلاپ ئابدۇل لەتىپنىڭ جازاسىنى بېرىشكە ماڭدى. 1449 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سەمەرقەنتنىڭ يېنىدىكى دەمەشق كەنتىدە قاتتىق جەڭ بولدى. ئۇلۇغبەگ مەغلۇپ بولۇپ سەمەرقەنتكە قاراپ قاچتى، لېكىن ئاستانە ئۇنىڭغا ئىشىك ئاچمىدى. ئۇلۇغبەگ ئوغلى ئابدۇل ئەزىز بىلەن شىمالغا قاراپ شاھرۇھىياغا باردى. بۇ يەردىمۇ شەھەرنى ساقلاپ ياتقانلار دەرۋازىدىن كىرگۈزمىدى، ئۇلۇغبەگ ماڭار يول تاپالماي، قايتىپ بېرىپ ئابدۇل لەتىپقا تەسلىم بولدى.

ئابدۇل لەتىپ كۆرۈنۈشتە ئۇلۇغبەگنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلغان ھەم يالغاندىن ئۇنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشىنى ماقۇل كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاستىرتتىن ئۇلۇغبەگنى ئۇنىڭغا قارشى دىنىي زاتلارنىڭ سوراق قىلىشىغا ئىتتىرىپ بەردى ھەم ئابباس ئىسىملىك بىر پارس قولىدىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈردى. بۇ — 1449 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بولغان ئىش.

ئابدۇل لەتىپمۇ ئۇلۇغبەگكە ئوخشاش ئاسترونومىيە، تارىخقا

ئوخشاش پەنلەرنى تەتقىق قىلىشقا قىزىقاتتى. لېكىن ئۇ دىنىي باشلىقلارنى ۋە دەرۋىشلەرنى بەك ھۆرمەتلەيتتى. شۇڭا بۇ كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىدى. ئەمما ئۇلۇغبەگنىڭ يېقىنلىرى، ھەمراھلىرى ۋە ھىمايىچىلىرى ئۇلۇغبەگ ئۈچۈن قىساس ئېلىشقا قەسەمياد قىلدى. ماۋرا ئۇننەھر خەلقىمۇ ئابدۇل لەتىپنى ھىمايە قىلمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ رەھىمسىز، قىدساسخور ئىدى، ھەرقانداق قارشىلىقنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى پۇقرالار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىمۇ ئۇلۇغبەگ دەۋرىدىكىدىن ناچار ئىدى. مۇشۇ سەۋەبلەردىن ئابدۇل لەتىپنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. 1450 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قاش قارايغاندا، ئۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى باغدىن مەسچىتكە كېتىۋېتىپ خەندەكنىڭ يېنىغا بارغاندا يا ئوقى تېگىپ يىقىلدى. يېنىدىكى خادىملار قېچىپ كەتتى. ئوق ئاتقۇچىلار ئۇلىشىپ كېلىپ بېشىنى كېسىۋېلىپ ئۇلۇغبەگنىڭ گۈمبىزىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىپ سازايى قىلدى. ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن بۇ مۇناپىقنىڭ تەختكە چىقىشىدىن ئۆلۈشىگىچە ئاران ئالتە ئاي ۋاقىت بولغانىدى.

ئۇلۇغبەگنىڭ ھىمايىچىلىرى ئابدۇل لەتىپنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، شاھرۇخنىڭ نەۋرىسى، ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئابدۇللانى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. بۇمۇ دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ بۇخارادىكى دىنىي گۇرۇھنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار ئابدۇل لەتىپ ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشنى باھانە قىلىپ، ھۈسەيىننىڭ ① سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىشنى قوللىدى. لېكىن بۇ قېتىم ھۈسەيىن مەغلۇپ بولۇپ، شىمال تەرەپكە — يايلاققا قاراپ قاچتى. ئۇ، ئۇ يەردە شىمالىي چېگرىدىكى ياس شەھىرى (تۈركىستان) نى تارتىۋالدى. ئابدۇللا 1450 — 1451 ـ يىللىرى ئەسكەر ئەۋەتىپ ياس شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ئالالمىغاندىن كېيىن، ھۈسەيىنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۆزى ئەسكەر باشلاپ باردى.

---

① ھۈسەيىن — مىرەنشاھنىڭ نەۋرىسى، مۇھەممەدنىڭ ئوغلى 1427 ـ يىلى تۇغۇلغان. دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈش ۋاقتىدا ئۇنى ئۇلۇغبەگكە ھاۋالە قىلغان. ھۈسەيىن ئۇلۇغبەگنىڭ قىزىنى ئېلىپ، ئۇلۇغبەگنىڭ قوشۇنىدا سەركەردە بولغان.

ھۈسەيىن ئۆزبېكلەردىن ياردەم تىلىدى. ئابۇل خەيرخان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئەسكەر چىقىرىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى ـ دە، ياسىتىن چىقىپ تاشكەنتتىن ئۆتۈپ خوجەنتكىچە باردى. ئابدۇللانىڭ ئەسكەرلىرى سىر دەرياسىدىن چېكىندى، ئابۇلخەيرى بىلەن ھۈسەيىن ئارقىسىدىن قوغلاپ ئاچارچىلىق يايلاقتىن ئۆتۈپ، سەمەرقەنتنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن 1451 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىراز كەنتىدە جەڭ قىلدى. ئۆزبېكلەر ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلدى، ئابدۇللا دۈشمەن تەرىپىدىن قوغلاپ ئۆلتۈرۈلدى. غەلىبە قىلغانلار سەمەرقەنت شەھىرىگە كىردى. ھۈسەيىن ئۆزبېكلەر بىلەن دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن تېمۇر سۇلالىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى.

## 2 ـ بۆلۈم ھۈسەيىننىڭ تېمۇر ئىمپېرىيىسىنى قايتا قۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشى

يېڭىدىن تەختكە چىققان تېمۇر ئەۋلادى ھۈسەيىن ئۆزبېكلەر بىلەن دىنىي گۇرۇھنىڭ قوللىشى بىلەن غەلىبە قىلدى. ئۇ تېمۇرنىڭ 3 ـ ئوغلى مىرەنشاھنىڭ نەۋرىسى بولغىنى ئۈچۈن تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى ھەقلىق ئورۇنلۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بىلەن قارشى تۇرغۇچىلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ، قىپچاق يايلىقىدىكى ئۆزبېكلەرنى ئەسكەر چىقىرىشقا ماقۇل قىلىش ئۈچۈن، ئابۇلخەيرخاننىڭ ئوردىسىغا شەخسەن ئۆزى سالامغا بېرىپ، خاننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ يېلىنغانمىش. ئۇ سەمەرقەنتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بۇ خاننىڭ نامىدا قۇتبە ئوقۇتقان ۋە پۇل قۇيدۇرغان. سەمەرقەنتكە بېسىپ كىرگەن ئۆزبېك ئاتلىق قىسىملىرى مەزكۇر شەھەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، قىزلارنى ۋە قاشتېشى، تاۋار ـ دۇردۇنلارنى بۇلىغان. ئابۇلخەيرىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلۇغبەگنىڭ قىزى مەلىكە رابىيەنى خوتۇنلۇققا ئالغان ھەم ناھايىتى كۆپ سوۋغاتنى ئېلىپ قايتقان.

ھۈسەيىن دەۋرىدە ماۋرا ئۇننەھرنىڭ دىنىي رەھبىرى شەيخ ئوبەيدۇللا بولۇپ، ئۇ ئادەتتە خوجا ئەخرار دېيىلەتتى. ئۇ تاشكەنتنىكى

نەخشبەندىيەنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇخارادىكى دىنىي گۇرۇھ بىلەنمۇ ئالاقىسى قويۇق ئىدى. ھۇسەيىن خوجا ئەخرار بىلەن سىر دەرياسى ۋادىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەندە تونۇشقان بولسا كېرەك. ئۇ چاغدا ھۇسەيىن تېخى نام-ئاتىقى چىقمىغان، كەلگۈسى ئىستىقبالى نامەلۇم بىر بالا بولسىمۇ، بىراق بۇ خوجا ئۇنىڭغا، كەلگۈسىدە خاقان بولىدىلا، تاشكەنت، سەمەرقەنت ۋە خۇراساننى بويسۇندۇرۇپ، ئىككىنچى تېمۇر خان بولىدىلا دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى. شۇڭا ھۇسەيىن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ دىنىي رەھبەرنىڭ ئىلھامى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ خوجىنىڭ پاناھىدا ئىكەنلىكىگە، ھەرقانداق دۈشمەننى يېڭەلەيدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەندى. ھۇسەيىنمۇ خانلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن ھەممە ئىشتا «خوجىغا بويسۇندى، ئۇنىڭ تەلىمى ۋە يوليورۇقىغا ھەرگىز خىلاپلىق قىلمىدى». خوجا ئەخرار بىلەن بۇخارادىكى دىنىي زاتلار ئۇلۇغبەگنىڭ ۋە بارلىق پەننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قولىشى ئاستىدىكى ھۇسەيىنمۇ ئابدۇل لەتىپ ئۆچۈن قىساس ئېلىش نامى بىلەن سەمەرقەنتكە كىردى. ئابدۇل لەتىپنى ئۆلتۈرگەنلەر جازا مەيدانىغا سۆرەپ ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلدى ۋە جەستى كۆيدۈرۈلدى.

ھۇسەيىن خوجا ئەخرارنى تاشكەنتتىن سەمەرقەنتكە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈردى. بۇ دىنىي رەھبەر توغرۇلۇق بارتولد: ئۇ بىر تىپىك ئىشان، تۈركىستاندىكى تۇنجى سوپىزىمچى، دەپ كۆرسەتكەنىدى. ھەتتا ئۇنى مەدھىيىلەيدىغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلىمسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇ بارلىق پەنگە قارشى تۇرۇپ، خەلقنى نادانلىققا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلۇغبەگنىڭ 40 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىنى ئاخىر خوجا ئەخرارنىڭ 40 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئىگىلىدى. كېيىنكى بۇ 40 يىلنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا دەرۋىشلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى، دىنىي ئەسەبىيلىك، خۇراپاتلىق، نادانلىق، بارلىق ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇش، غەيرىي دىن ۋە غەيرىي مىللەتلەرنى ئۆچ كۆرۈشتىنلا ئىبارەت خالاس. بۇ مەزگىلدە، ئوتتۇرا ئاسىيا، مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتە

ياكى مەدەنىيەت جەھەتتە بولسۇن ئارقىغا چېكىنىپ كەتتى .
ھۈسەيىن ئۆتۈپ كەتكەن قارا نىيەت بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەس - يادى تېمۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ دەۋرانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدى . ئۇ ماۋرا ئۇننەھرنى يېسۇۋالغاندىن كېيىن ، كېيىنكى قەدەمدە شاھرۇخنىڭ پايتەختى ھىراتنى ۋە پۈتۈن خۇراسان رايونىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى . شاھرۇخنىڭ كىچىك ئوغلى بايسۇنقۇر شاھرۇخ ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇنلا باشقۇرغۇچى سالاھىيىتى بىلەن ھىراتنى سورايتتى . بايسۇنقۇرنىڭ كىچىك ئوغلى سۇلتان مەھمۇد 1442 - يىلى سودانىيە ، كازۇين ، رىبې ۋە قۇم قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى . 1446 - يىلى سۇلتان مۇھەممەد شاھرۇخقا ئاسىيلىق قىلدى . شاھرۇخ ئۇنىڭغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىش جەريانىدا رىيدە ئاغرىپ ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، سۇلتان مۇھەممەد پارسنى بېسىۋالدى ھەم خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئوبۇلقاسىم بابارنى مەغلۇپ قىلىپ ھىراتنى ئىگىلىدى . ئاكا - ئۇكا ئىككىسى خۇراساننى تالاشتى . بابار 1452 - يىلى ھىراتقا بېسىپ كىرىپ سۇلتان مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى . 1454 - يىلى بابار سەمەرقەنتنى تارتىۋالماقچى بولۇپ مەقسىتىگە يېتەلمەي ھۈسەيىن بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزدى . 1457 - يىلى بابار ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى . ھۈسەيىن بۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھىراتقا بېسىپ كىردى ، شەھەر خەلقى شەھەردىن چىقىپ ئۇنى قارشى ئالدى . ھۈسەيىن ھىراتنى ئىگىلىدى ۋە بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلدى .
شۇنىڭدىن كېيىن ھۈسەيىن ھەم ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ھەم خۇراساننىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى ۋە تېمۇر ئىمپېرىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى .
شۇ چاغدا ماۋرا ئۇننەھر رايونى دائىم موگغۇللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن ، ھۈسەيىن ئۆز زېمىنىدىن ئايرىلىپ يىراقتىكى ئىرانغا يۈرۈش قىلالمايتتى . شۇنداقلا موگغۇللارنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىپ ، غەمدىن خالاس بولۇشقىمۇ ئامالى يوق ئىدى . شۇڭا ئۇ

ئىرانغا ئادەم ئەۋەتىپ موگۇل ئاقسۆڭەك يۇنۇسخاننى چاقىرتىپ كېلىپ، ئىنىسى ئىسەن بۇقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن موغۇلستانغا ئەۋەتتى. ھۆسەيىن يۇنۇسخانغا مۇنداق دېدى: «ھازىر نامراتلىق چىقىپ تۇرىدىغان كونا كىيىمىڭنى سالدۇرۇپ، شاھانە كىمخاب تون كىيدۈرۈپ، ئۆز يۇرتۇڭغا قايتۇرىمەن. لېكىن مۇنۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلىسەن: كەلگۈسىدە ئاتا - بوۋاڭغا ئوخشاش تېمۇر ۋە ئۇنىڭ جەمەتى زاماندىن زامانغا بىزنىڭ پۇقرايىمىز، دېمەيسەن. گەرچە بۇرۇن شۇنداق بولغان بولسىمۇ، ئەمدى ھازىر ھەممە ئىش ئۆزگەردى. مەن ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن پادىشاھ بولدۇم. شۇڭا ماڭا ئەل بولۇشنى خالىساڭ، ئۆزۈڭنى قۇل دەپ ئاتايسەن.»① يۇنۇسخان بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئىسەن بۇقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قوۋمىنى باشلاپ موغۇلستانغا كەتتى. ھۆسەيىننىڭ مەقسىتى يۇنۇسخاندىن پايدىلىنىپ موغۇللارنىڭ ماۋرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇش ئىدى. ئىراندا ئۇزۇن مۇددەت ئىسلام تەربىيىسى ئالغان يۇنۇسخان تېمۇر سۇلالىسى تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلەشمەيتتى. ۋەھالەنكى، ئۇ ھۆسەيىنگە قەسەم بېرىپ قۇللۇق بىلدۈرگەنىدى.

يۇنۇسخان 1456 - يىللىرى موغۇلستانغا قايتىپ باردى. ھەرقايسى جايلاردىكى موگۇل ئەمىرلىرى بېرىپ بەيئەت قىلدى. ئۇ چاغدا ئىسەن بۇقىنىڭ بارگاھى ئاقسۇدا ئىدى. يۇنۇسخان ئەسكەر چىقىرىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىۋىدى، ئىسەن بۇقا بىلەن سەيىد ئەلىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. يۇنۇسخاننىڭ قوۋمى ئۇركۈگەن قۇشتەك تارىلىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ يەنە بېرىپ ھۆسەيىندىن پاناھ تىلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ھۆسەيىنگە: «موگۇللارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماڭا چوڭ ۋىلايەتتىن بىرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرسىلە» دەپ يېلىندى. ھۆسەيىن ئۇنىڭغا ئەنجاننىڭ يېنىدىكى يەتتىكەنتنى بەردى. بۇ پەرغانە بىلەن يەتتىسۇنىڭ تۇتىشىدىغان جايىدىكى يەر ئىدى. يۇنۇسخان ئۇ يەرگە باردى، بۇرۇن تارقىلىپ كەتكەن موگۇللار يەنە كېلىپ ئۇنىڭ

① «تارىخي رەشىدى» ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 83 - بەت.

پېشىنى تۇتتى.

يۇقىرىقىلار ھۈسەيىننىڭ شەرقتىكى قوشنىسى موغۇلىستان مەسىلىسىگە قوللانغان چارىسى.

ھۈسەيىن تېمۇر ئىمپېرىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىيالىدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر قايسى جەھەتتە تېمۇرنى دورىدى. مەسىلەن، ئۇ ئوغۇللىرىغا تېمۇرنىڭ ئوغۇل - نەۋرىلىرىنىڭ ئىسمىنى قويدى. تېمۇرنىڭ ئون ئوغلى بولغانىكەن. چوڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد ئۇنىڭ ماۋرا ئۇننەھردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئىككىنچى ئوغلى سۇلتان مۇھەممەدكە تېمۇرنىڭ نەۋرىسى ( جاھانگىرنىڭ ئوغلى ) نىڭ ئىسمىنى قويغان. ئۈچىنچى ئوغلى سۇلتان مەھمۇدقا ئاستراباتنى بۆلۈپ بەرگەن. تۆتىنچى ئوغلى ئۆمەر شەيخكە تېمۇرنىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمىنى قويغان، ئۇنىڭغا پەرغانىنى بەرگەن. بەشىنچى ئوغلى سۇلتان مۇرادقا قەندەھار قاتارلىق جايلارنى بەرگەن. ئالتىنچى ئوغلى سۇلتان ئويراتنىڭ ئەھۋالى نامەلۇم. يەتتىنچى ئوغلى ئۇلۇغبەگ، ئۇنىڭ ئىسمى شاھرۇخنىڭ چوڭ ئوغلى، ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا كابۇلنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى بەرگەن. سەككىزىنچى ئوغلى ئابۇبەكرى، ئۇنىڭغا بەدەخشاننى بەرگەن. بۇنىڭ ئىسمى مىرەنشاھنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. توققۇزىنچى ئوغلى سۇلتان خېلىل، ئۇنىڭ ئىسمى مىرەنشاھنىڭ 5 - ئوغلى، تېمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش. ئۇنىڭغا ھىراتنى بەرگەن. ئونىنچى ئوغلى شاھرۇخ، ئۇنىڭغا تېخى تېمۇردىن كېيىنكى مەشھۇر شاھنىڭ ئىسمىنى قويغان.

ھۈسەيىنمۇ تېمۇرغا ئوخشاش فېئوداللىق سۇيۇرغال تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ھەر قايسى شاھزادىلەر ئۆز سۇيۇرغاللىقىدا مۇستەقىل پادىشاھلاردەك ئۆز ئالدىغا باج يىغاتتى. ھەرقايسى جايلاردىكى بەگلەر ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ، پادىشاھلىق ئورۇنىنى تالىشىپ، دائىم ھۈسەيىنگىمۇ تەھدىت سالاتتى. شۇڭا تېمۇر سۇلالىسى ئەزەلدىن مەركەزلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئەمەس. 1461 - يىلى ماۋرا ئۇننەھردە ئابدۇل

لىتىپنىڭ ئوغلى مۇھەممەدجوج ھۆسەيىنگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەدىگەندىلا پەرغانىگە تەۋە مۇھىم شەھەر نەمەنگان، تاشكەنت، شاھرۇقەيا، سايرام قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. ھۆسەيىن بىرنەچچە قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ ئاران تىنچىتتى. شەھرۇقەياغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان مەزگىلدە ھۆسەيىن پەرغانىنى ئوغلى ئۆمەر شەيخكە بەرگەن.

بەدەخشان رايونى چەت - يىراق، ئەتراپى تىك يار بولغاچقا، سىرتىدىن ئاسانلىقچە ھۇجۇم قىلغىلى بولمايدىغان جاي بولغانلىقتىن، چىڭگىزخانمۇ، تېمۇرمۇ بويسۇندۇرالمىغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ يەردە ئۆزلىرىنى ئىسكەندەرنىڭ ئەۋلادى دەيدىغان بىر پادىشاھلىق بار ئىكەن. شۇ چاغدا بۇ پادىشاھلىقنىڭ ۋەكىلى شاھ سۇلتان مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ قىزىنى ھۆسەيىنگە خوتۇنلۇققا بەرگەن. ئۇنىڭدىن ئابۇبەكرى دېگەن بىر ئوغۇل تۇغۇلغان. ھۆسەيىن زېمىننى كېڭەيتىش ئۈچۈن، بەدەخشانغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلغان. شاھ سۇلتان مۇھەممەد تەسلىم بولغان، ئۇنىڭ ئوغلى قەشقەرگە قېچىپ كەتكەن. ھۆسەيىن ئابۇبەكرىنى ئۇ يەرنى سوراشقا ئەۋەتكەن. كېيىن شاھزادە قەشقەردىن قايتىپ بېرىپ ئابۇبەكرىنى قوغلاپ چىقارغان. ھۆسەيىن 1466 - يىلى يەنە بىر قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ بەدەخشاننى بويسۇندۇرۇپ، پادىشاھ جەمەتىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتكەن. لېكىن ئابۇبەكرى كېيىن ئۆزىنىڭ ئىنىسى، ھىسارنىڭ ھۆكۈمرانى سۇلتان مەھمۇد تەرىپىدىن يەنە قوغلاپ چىقىرىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاق رايونى بۇ مەزگىلدە ئويراتلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى. ئىلگىرى ئۇۋەيسخان ھايات ۋاقتىدىمۇ ئويراتلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشقانىدى. نەتىجىدە ئۇۋەيسخان نائىلاج غەربكە كۆچكەنىدى. XV ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا كەلگەندە، ئويراتلار غەرب تەرەپكە تاجاۋۇز قىلىپ، ھازىرقى قازاقىستاننىڭ شەرق قىسمىغىچە باردى. مەسىلەن، 1452 - يىلى ئويراتلار چۇ دەرياسىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ چاغدا موغۇلىستاننىڭ خانى ئىسەن بۇقىخان قەشقەر تەرەپتىكى ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ قېلىپ، ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتمىگەنىدى. 1457 - يىلى ئويراتلار يەنە چۇ دەرياسى بو-

يـىدا پـەيـدا بـولـدى . ئۇلارنىڭ سەردارى ئۇز تۆمۈر تەيجى ئىكەن . ( بۇ ئـىسىم خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدۇ . خوۋۇس بۇ كىشىنى « مـوڭغۇللارنىڭ ئېتنولوگىيىسى » دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ھىرات ئوڭـقـانـات ۋەزىرى تۆمۈر دەيدۇ . خوۋۇسنىڭ « موڭغۇل تارىخى » ، 2 ـ قىسىم ، 2 ـ جىلد ، 688 ـ بەت )

كـوھىـسـتـانـلـىق مەسئۇد بىن ئوسمان يازغان « ئابۇلخەيرىخان تا- رىـخـى » دا ئويـراتلارنـىـڭ سـىر دەرياسى بويىدىكى شەھەرلەرگە قىلغان ھۇجۇملىرى تىلغا ئېلىنغان . ئۇ مۇنداق دەيدۇ :« شۇ چاغدا ئۇلار چۇ دەر- يـاسـى بـويـىـغـا بـارغـانـدىـن كـېـيـىن ، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئېغىر ـ يـېـنىكلىرىنى شۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ ، داۋاملىق ئالغا قاراپ ھۇجۇم قىل- غـان ». 1457 ـ يـىـلـى ئۇلار سـىـغـناق يېنىدىكى كۆك قاشاغا يېقىن جايدا ئابـۇلـخـەيـرىـخـانـنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلغان ھەم تۈركىستان ( ياس ) ، شـەھرۇقـەيا ، تاشكەنت ۋە سايرام قاتارلىق جايلارنى بۇلاپ ئاندىن قايتىپ كـەتـكەن . بۇ ئاپتور يەنە مۇنداق دەيدۇ : « ئابۇلخەيرىخان بىلەن تىنچلىق بـىـتـىـمـى تـۈزۈشـكەندىن كېيىن ، ئۇز تۆمۈر تەيجى سايرام ئارقىلىق چۇ دەريـاسـىـغـا كەتتى . ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە يۈك ـ تاق- لـىـرى قالغاندى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئويراتلار چۇ دەرياسىنىڭ بويىدىن قـەدىـم جـايـى جـوڭـغـارىيىگە قايتىپ كەتتى ». بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، شۇ چـاغـدا ئويـراتلار سىر دەرياسى ۋادىسىنى ئۇزۇن ۋاقىت بېسىپ ياتمىغان ، پەقەت ھۇجۇملا قىلغان .

گـەرچـە ئـويـراتـلار ھـۇجـۇم قـىـلـىـپ تـۇرسـىـمـۇ ، ئوتـتـۇرا ئـاسـىـيـانـىـڭ شـىـمـال قـىـسـمـىـدىـكـى يـايـلاقـلار يـەنـە ئـابـۇلـخـەيـرىـخـانـنىڭ كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى . « تارىخى رەشـىـدى » دە ئېـيـتـىـلـىشىچە ، « ئابۇلخەيرىخان پۈتۈن قىپچاق يايلىقىنى ئـىـلـكـىـگـە ئالغاندىن كېيىن ، جۇجى نەسەبىدىكى سۇلتانلارنى جايلىۋەت- مـەكـچـى بـولـغـان . چـۈنـكـى ئۇ بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە باشقىچە نىيەتتە ئـىـكـەنلىكىنى سەزگەن . كېرەيخان بىلەن جانىبخان بۇنى تۇيۇپ قېلىپ ، جـۇجـى نـەسەبىدىكى باشقا بىرنەچچە سۇلتان بىلەن موغۇلستانغا قېچىپ

كەتكەن » ① ئۇلار قازاق دەپ ئاتالغان . ئۇ چاغدىكى موگخۇل خانى ئە-
سەن بۇقىخان بولۇپ ، ئۇلارنى تولىمۇ ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالغان ھەم
قوشىبشنى ئۇلارغا بەرگەن . بۇ يەر موغۇلستاننىڭ غەربىي چېگرىسىدا ،
چۇ دەرياسىغا يېقىن بولغانلىقتىن ، ئۇلار شۇ يەردە بەھۇزۇر ياشىغان » ②
يۇقىرىقى خاتىرىدىن مەلۇمكى ، قازاقلار ئەسلىدە ئابۇلخەيرىخان بىلەن
جۇجى ئەۋلادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى .
شۇڭا بەزى كىتابلاردا قازاقلار « ئۆزبېك قازاقلار » دەپمۇ ئاتالغان ( « قا-
زاق » دېگەن سۆزنىڭ « قاچاق » ، « بۇلاڭچى » دېگەن
مەنىلىرىمۇ بار ) .

دەسلەپتە قازاقلار ھازىرقىدەك چىن مەنىدىكى بىر مىللەت ئەمەس
ئىدى . شاھرۇخ دەۋرىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەردە قازاقلار تىلغا
ئېلىنغان . مەسىلەن ، ئابدۇل رازاق قازاقلارنىڭ ئاستراباتقا تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان . ( بارتولد « ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈستىدىكى
تۆت خىل تەتقىقات » ، ئىنگلىزچە ، 2 ـ توم ، 108 ـ بەت ) سوۋېت ئىتتى-
پاقى تارىخچىسى ئىۋانوۋ مۇنداق دەيدۇ : « مەيلى ئىرقىي جەھەتتە بولسۇن
ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئالاھىدىلىكى جەھەتتە بولسۇن ،
موغۇلستانغا كۆچۈپ بارغان قازاقلار بىلەن ئۆز يۇرتىدا قالغان ئۆزبېكلەر
ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق يوق » ③ قازاق ، ئۆزبېك دېگەن ئىككى
مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى كېيىنكى چاغلاردىكى ئىش .

1462 ـ يىلى موغۇلستاننىڭ خانى ئىسەن بۇقىخان ئالەمدىن
ئۆتتى . ئوغلى دوست مۇھەممەد تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ، موغۇلستاننىڭ
شەرق قىسمىنى سورىدى . ئۇنىڭ ماۋرائۇننەھرگە تۇتىشىدىغان غەربىي
قىسىم يەرلىرى يۇنۇسخاننىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى . بۇ ھال ھۇسەيىنگە
بىر قەدەر پايدىلىق ئىدى . ئۆز ۋاقتىدا ھۇسەيىنگە قۇچاق ئېچىپ قوللۇق

---

① « تارىخى رەشىدى » ، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، 272 ـ بەت .

② « تارىخى رەشىدى » ، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، 82 ـ بەت .

③ П. П. ئىۋانوۋ : « ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ئوچېركلىرى ( 16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ) » ، رۇسچە ، 38 ـ بەت .

بىلدۈرگەن ھەم ئۇزاق ۋاقىت ئىراندا ئىسلام دىنى تەربىيىسىنى ئالغان يۇنۇسخان تېمۇر سۇلالىسىگە، ئومۇمەن، دوستانە پوزىتسىيە تۇتاتتى. شۇڭا ھۈسەيىن ئۆز زېمىنىنى ئىراننىڭ غەربىي قىسمىغا كېڭەيتىشتىن غەم قىلمايتتى.

ئىراننىڭ غەرب قىسمىدىكى كەڭ رايون بۇ چاغدا قارا قوي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. 1458 ـ يىلى قارا قوي خانلىقىنىڭ سەردارى جاھانشاھ خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۈسەيىنگە يېڭىلىپ قالدى. دامغان بىلەن رەي ئارىلىقىدىكى سامنان دېگەن جاي تېمۇر سۇلالىسى بىلەن قارا قوي خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا قىلىپ بېكىتىلدى. لېكىن جاھانشاھ دۆلىتى ئىچىدە دىيار بېكىردىكى ئاق قوي خانلىقى (ئۇنىمۇ تۈركمەنلەر قۇرغان) نىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1467 ـ يىل جاھانشاھ ئاق قوي خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈۋالدى. ئاق قوي خانلىقى بۇرۇندىن تارتىپ تېمۇر سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. ئۇنىڭ سەردارى ئۇزۇن ھەسەن، قارا قوي خانلىقىنى يوقاتسام، ھۈسەيىن چوقۇم مېنى تېخىمۇ يېقىن دوست دەپ بىلىدۇ، دەپ ھېسابلىغانىدى. بىراق، ھۈسەيىن جاھانشاھنىڭ ئوغلى ھەسەن ئەلىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئۇزۇن ھەسەنگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئەزەربەيجاندىن ئۆتۈپ، ئاق قوي خانلىقىنىڭ بارگاھى قارا باغقا ھۇجۇم قىلدى. ئۇزۇن ھەسەن قەھرىتان سوغۇقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى. ھۈسەيىن ئاق قوي تۈركمەنلىرىگە قوغلاپ زەربە بېرىش جەريانىدا دۈشمەنگە تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى قالماي پىتىراپ كەتتى. ئۇزۇن ھەسەن ھۈسەيىننى گۆھەر شاھنىڭ نەۋرىسى يادىگەرگە تاپشۇرۇپ بەردى. يادىگەر شەرىئەتنىڭ قانداشلارنىڭ قىساس ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ دېگەن پەتىۋاسىنى شىپى كەلتۈرۈپ، ھۈسەيىننى 1469 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قەتل قىلىپ، مومىسى ئۈچۈن قىساس ئالدى. ھۈسەيىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، پۈتكۈل غەربىي ئىران ئاق قوي خانلىقىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇزۇن ھەسەن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەبرىز، باغداد، شىراز، ئىسپاھان، سۇدانىيە، رەي

ۋە كېرمان قاتارلىق جايلارنى تا پارسلارنىڭ سافقارى خانلىقىغا قەدەر سۈرىدى .

ھۆسەيىن ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ، ئۆزبېكلەرنىڭ خانى ئابۇلخەيرىخان ( 1468 ـ يىلى ) ئالەمدىن ئۆتتى①شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۆزبېك قەبىلىسى قالايمىقانلىشىپ كەتتى . قازاقلار داۋاملىق راۋاجلاندى . يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ كۆچى ئۆلغىيىپ ، تېمۇر سۇلالىسىنىڭ ئامانلىقىغا تېخىمۇ قاتتىق تەھدىت بولدى . ئۆزبېكلەرنىڭ جەنۇبقا يۈرۈشى بىلەن موگغۇللارنىڭ زەئىپلىشىشى ، قازاقلار ۋە قىرغىزلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ ، تېمۇر سۇلالىسىمۇ ھالاكەتكە يۈزلەندى .

## 3 - بۆلۈم  خۇراساندىكى تېمۇر ئەۋلادى سۇلتان ھۆسەيىن بايقارا

ھۆسەيىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، تېمۇر ئەۋلادلىرى خۇراساننى تالىشىشقا باشلىدى . بۇ كۈرەشتە ئاخىر يېڭىپ چىققىنى سۇلتان ھۆسەيىن بايقارا بولدى .

ھۆسەيىن تېمۇرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ ئەۋلادى ئىدى . ئاتىسىنىڭ ئىسمى مەنسۇر ، بوۋىسىنىڭ ئىسمى بايقارا بولغاچقا ، ھۆسەيىن بايقارا دەپ ئاتالغان . ئۇ بۇرۇن خارەزىمدە تۇراتتى يەرلىك ئاھالىلەر ھۆسەيىن تەيىنلىگەن ھاكىمغا قارشى بولغانلىقتىن ، ئۇ شۇ يەردە ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالغانىدى . ھۆسەيىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ،

① خوۋۇس « موگغۇل تارىخى » ( 2 ـ قىسىم ، 2 ـ جىلد ، 690 ـ بەت ) تە ، ئابۇلخەيرىخان ھىجرىيە 874 ـ يىلى ( 1489 ـ يىلى ) 57 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن دەيدۇ . بۇ مىلادى يىلى خاتا . ئادەتتە 1469 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن دەپ قارىلىپ كەلمەكتە . لېكىن بارتولد ، ئابۇلخەيرىخان 1468 ـ يىلى ( چاشقان يىلى ) ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك ، 1469 ـــ 1470 / 874 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن دېيىش خاتا ، دەيدۇ . ( « بارتولد ئەسەرلىرى » ، 2 ـ توم ، 2 ـ جىلد ، 490 ـ بەتكە قاراڭ ) ھازىر شۇنىڭ دېگىنى ئاساس قىلىنماقتا .

هۈسەيىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خۇراساننىڭ ئاستانىسى ھىراتقا كىرىپ تېمۇر سۇلالىسىنىڭ شاھى بولۇۋالدى. ئارىلىقتا شاھرۇخنىڭ ئەۋلادى يادىگەر ئۇنىڭ بىلەن تەخت تالىشىپ ھالاك بولدى.

سەمەرقەنتنىڭ ھۆكۈمدارى، ھۈسەيىننىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھ-مەدمۇ 50 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ تەختنى تالىشىپ باقتى، لېكىن ئەمەلگە ئاشمىدى. ھۈسەيىننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى سۇلتان مەھمۇد ئەسلىدە ئاستىرابادنى سۇيۇرغال قىلغانىدى، كېيىن تېرمىز، ساغانىيان، ھىسار، كالتايلاق، قۇندۇز ۋە بەدەخشان قاتارلىق جايلارنى سورىدى ۋە ھۈسەيىن بىلەن يۈز تېپىشتى. 1471 ـ يىلى ئۇمۇ ھۈسەيىن تەرىپىدىن مەغلۇپ قى-لىندى. ھۈسەيىننىڭ ئابۇبەكرى دېگەن يەنە بىر ئوغلى 1479 ـ يىلى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى، ھۈسەيىن ئەسكەر چىقىرىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئابۇبەكرى مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. گۇرگان دەرياسىغا يېقىن بارغاندا، ئارقىسىدىن قوغلاپ بارغان ئەسكەر تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى كېسىپ ھىراتقا ئېلىپ باردى. ھۈ-سەيىننىڭ ئوغۇللىرىغا قارشى بۇ بىر قاتار كۈرەشلەر ئارقىلىق، ھۈ-سەيىن ئاخىر خۇراساندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىدە، ھىرات ۋە پۈتكۈل خۇراسان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە خېلى گۈللەنگەنىدى. شۇڭا تارىختىن بۇيانقى تارىخچىلار بۇ مەزگىلدىكى تارىخقا بىر قەدەر ياخشى باھا بېرىپ كەلگەن. مەسىلەن، ھۈسەيىن ئومۇمەن، شاھرۇختىن كېيىنكى ئەڭ مە-رىپەتلىك خان دەپ قارىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ھىرات يەنە ئالىم، ئەدىب ۋە سەنئەتكارلار جەم بولغان ماكانغا ئايلانغان. ئافغانىستان-نىڭ ھازىرقى زامان تارىخچىسى مۇھەممەد ئەلى مۇنداق دەيدۇ: «(ھۈسەيىن تەختتىكى مەزگىل) ئافغانىستان تارىخىغا يېزىلغان ئەڭ شانلىق بىر بەت، ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، سەنئەت جەھەتتىن قارىغاندىمۇ شۇنداق» ①. فرانسىيە ئالىمى گروسسېت ھەتتا ھىراتنى ئەدەبىيات قايتا گۈللەنگەن دەۋردىكى ئىتالىيىنىڭ فىرېنزې شەھرىگە

---

① «ئافغانىستاننىڭ مەدەنىيەت تارىخى»، 128 ـ بەت.

ئوخشاتقان . ( « يايلاق ئىمپېرىيىسى » ، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، 465 ـ بەت ) ھۆسەيىن بىلەن زاماندىش بولغان ، ئەمما سەل كېيىن ئۆتكەن بابۇرنىڭ ئېيتقانلىرى تېخىمۇ نوپۇزلۇق . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : « سۇلتان ھۆسەيىن دەۋرىدە ، ئۇنىڭ جان كۆيدۈرۈشى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا مەزكۇر شەھەرگە ئون ھەسسە ، يىگىرمە ھەسسە ھۆسن قوشۇلغان » .①

بابۇرنىڭ ئەسلىشىچە ، سۇلتان ھۆسەيىن ئۆزى بىر شائىر ھەم بىلىملىك ئادەم ئىدى . ئۇ شېئىرىيەتتە تالانتلىق ئىدى ، ھەتتا بىر شېئىرلار توپلىمىنى تۈزگەن . ئۇ تۈرك تىلىدا ( چاغاتاي تىلىدا ) شېئىر يازاتتى . ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى يامان ئەمەس يېزىلغان ، لېكىن بىرلا ۋەزنىدە يازاتتى . ئۇ خانلىق تەختىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ، ئالتە ـ يەتتە يىلغىچە شارابنى تاشلىغان ، ئەمما كېيىن شارابقا بېرىلىپ كەتكەن . 40 يىل ئىچىدە ، جۈمە نامىزىدىن كېيىن شاراب ئىچمىگەن بىرمۇ كۈن يوق دېيىشمۇ بولىدۇ . ئۇنى دوراپ تۆۋەندىكىلەرمۇ شۇنداق قىلىپ ، شاراب ئىچىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەن . ئۇ قېرىغاندىمۇ چاچ ـ ساقىلىنىڭ ئافارغىنىغا قارىماي ، ئالىيېشىل تاۋار ـ دۇردۇن كىيىملەرنى كىيەتتى . كەپتەر ئۇچۇرۇپ ، توخۇ سوقۇشتۇرۇپ ئوينايتتى . شۇڭا ئۇ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشقىمۇ ، ئۇرۇشنىڭ جاپاسىغىمۇ چىدىمايتتى . ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەي ، كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ كېتىشى تەبىئىي ئىدى . ②

سۇلتان ھۆسەيىننىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ۋە ئۆز زامانىدىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور تۆھپە قوشقان ئادەم — مەشھۇر شائىر مىرئەلى شىر ( نەۋائى ) . نەۋائى چاغاتاي بارلاس قەبىلىسىدىن چىققان . ئۇنىڭ بوۋىسى ، ئاتىسى دۆلەتمەن ئاقسۆڭەكلەر ئىدى . ئۇ ياش ۋاقتىدا سۇلتان ھۆسەيىن بىلەن ساۋاقداش ۋە ياخشى دوست ئىدى . ھۆسىيىن ھىراتنىڭ تەختىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ، ئاۋۋال ئۇنى ئوردىنىڭ تامغىچى بېگى قىلىپ تەيىنلىدى . كېيىن 1472 ـ يىلى 2 ـ ئايدا

① « بابۇرنامە » ، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، 300 ـ بەت .

② « بابۇرنامە » ، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، 261 ـ بەت .

ئەمىرلىككە تەيىنلىدى. نەۋائى ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي، غۇربەت تۇرمۇش كەچۈرگەن پاك ئەمەلدار ئىدى. ئۇ خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولاتتى. شۇڭا خەلقنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە مېھىر - مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن.

سۇلتان ھۇسەيىن ھەر قېتىم بىر يەرگە بارغان ياكى جەڭگە چىققاندا، پايتەخت ھىراتنى نەۋائىغا تاپشۇراتتى. بۇ مەشھۇر مەدەنىيەت شەھىرى شاھرۇخ دەۋرىدىلا ئاۋات، چىرايلىق ئورمان كەبى بىنالار بىلەن قاپلانغان جاي ئىدى. ئۇ يەردە كىتابقا باي كۈتۈپخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرخىل قىممەتلىك كىتابلار چىقىرىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھىرات قول ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭمۇ مەركىزى ئىدى. مەسىلەن، توقۇمىچىلىق، زەرگەرلىك، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ئىشلەش، فار - فۇر قاچىلارغا رەڭ بېرىش دېگەنگە ئوخشاش. ھاجى مۇھەممەد ئىسىملىك بىر رەسسام بولۇپ، بۇرۇن فار - فۇر قاچا ياساش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمەلىيەت ئارقىلىق فار - فۇر قاچىلارنى جۇڭگونىڭكىگە خېلىلا ئوخشىتىپ ياسايدىغان بولغان. پەقەت رەڭ جەھەتتىلا سەل چاناتتى. نەۋائى ھىرات ۋە باشقا شەھەرلەردە نۇرغۇن بىنالارنى ياساتقان. مەسىلەن، ھىراتتىكى مەسچىت، مەدرىس، مېھمانخانا، مۇنچا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەشھۇر ئىدى.

نەۋائى ئۇلۇغ شائىر ئىدى. ئۇ چاغاتاي تىلىدا شېئىر يېزىپ، ئەدەبىي تىل بولغان چاغاتاي تىلىنى كامالەتكە يەتكۈزگەن. بابۇر مۇنداق دېگەنىدى: «ئەنجانلىقلار ھەممىسى تۈرك، شەھەر - بازارلاردا تۈرك تىلىنى بىلمەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. يەرلىك خەلقنىڭ ئېغىز تىلى بىلەن ئەدەبىي تىلى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. نەۋائى ھىراتتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەنجان شىۋىسى بىلەن يېزىلغان.» (ئەسكەرتىش: نەۋائى ئەنجانغا بېرىپ باققان ئەمەس) ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر تۈرك تىلىدا شېئىر يېزىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ھېچكىمشى نەۋائىدەك كۆپ، ياخشى يازغان ئەمەس. ئۇ ئالتە شېئىر توپلىمى يازغان، تۆت قەسىدە تۈزگەن. ئۇ يەنە بىر قىسىم ياخشى مۇرەببەلەرنى يازغان. ئۇ پارسچە يازغان شېئىرلىرىغا فانى دەپ

تەخەللۇس قويغان. مۇزىكا جەھەتتە بەزى ياخشى ناخشىلارنى ئىجاد قىلغان. مۇقەددىمىسى بىلەن ئاھاڭى بەك ياخشى »①. ئۇنىڭ ئەدەبىيات ۋە سەنئەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى دۇنيا مەدەنىيىتى ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز تۆھپە.

نەۋائى ئالىم ۋە سەنئەتكارلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بەرگەن ۋە باشپاناھ بولغان. نەۋائى ياردەم بەرگەن ۋە يار ـ يۆلەك بولغانلىقتىن، بەرباپچى قۇل مۇھەممەد، ھۈسەيىن، نەيچى شەيخ مەزىدبەگ ۋە باشقا سازەندىلەر داڭق چىقىرىپ ئۆزىنى كۆرسىتەلىگەن. ئۇنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئۇستا رەسسام بىھزاد ۋە شاھ مۇزەپپەر رەسىم سىزىش جەھەتتە شۇ قەدەر كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. (يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش، 272 ـ بەت) دېمەك، نەۋائى ئۇلۇغ شائىر ۋە سەنئەتكار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىم، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ مەدەتكارى ۋە ھامىيسىدۇر. ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى تېمۇر سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا زور رول ئوينىغان.

مەشھۇر رەسسام كامالىدىن بىھزاد، ئۆز ئىسمى كامالىدىن، 1440 ـ يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان. ئاتا ـ ئانىسىدىن ياش قالغان. مەشھۇر رەسسام مىراق ئاچانىڭ پېشىنى تۇتۇپ رەسساملىقنى ئۆگەنگەن، ئۇ نەپىس رەسىم سىزىشقا ئامراق ئىدى. سۇلتان ھۈسەيىن بىلەن نەۋائى بۇ كىشىنىڭ تالانتىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا باشپاناھ بولغان ۋە ياردەم قىلغان. كېيىن ئۇنى ئەدەبىيات ئىلىم يۇرتىغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەن. بىھزاد بۇ يەردە ئەڭ ياخشى رەسىملەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇ بۇ نەپىس رەسىملەرنى سىزىشتا، روشەنكى، جۇڭگو رەسىملىرىدىن چوڭقۇر تەسىر ئالغان. مەسىلەن، ئۇ رەسىم سىزىشتا ئىنچىكە سىزىق، قوش ئىلمەكلەرنى قوللانغان. ئۇنىڭ رەسىملىرى جۇڭگو ئەسەرلىرىگە بەك ئوخشايتتى. بەزى رەسىملەردە ئەجدىھا، گۈل، قۇش ۋە بەزى چۆچەكلەردىكى ھايۋاناتلارنىڭ سۈرەتلىرى بېزەك ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. تېمۇر سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، سافاۋى خانلىقىنىڭ خانى شاھ

---

① « بابۇرنامە »، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 271 ـ 272 ـ بەتلەر.

ئىسمىر ئۇنى تەبرىزگە چاقىرتىپ ئاپىرىپ ، خانلىق كۇتۇپخانىسىغا باش-لىق قىلىپ تەيىنلىگەن . شۇڭا ئۇنىڭ رەسىملىرى غەربىي پارسنىڭ سەنئەتكارلىرىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۇنىڭ رەسىملىرى ھىندىستانغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن . موغۇل سۇلالىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنى ھىندىستان سەنئەتكارلىرىنىڭ ئالدىغا قويغان . بىھزاد 17 يېشىدا تۆگە جىڭنى تەسۋىرلەيدىغان بىر پارچە گۈزەل رەسىم سىزغان . موغۇل خانى ھۇمايۇن ئۇنىڭ شاگىرتى مىر سەئىد ئەلىنى ھىندىستانغا چىللاپ ئاپارغان . ھىندىستاندىكى موغۇل ئۇسلۇبىدىكى سەنئەتكە ئەنە شۇ كىشى ئاساس سالغان .

پارس شائىرى جامى ( تولۇق ئىسمى : نۇردۇن ئابدۇل راخمان جامى ) 1414 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ھىراتنىڭ يېنىدىكى جام يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ، 1492 ـ يىلى ئۆز يۇرتىدا 78 يېشىدا ۋاپات بولغان . بۇ كىشى پارس تىلىدا شېئىر يازغان ئاخىرقى بىر كلاسسىك شائىر دەپ قارىلىدۇ . ئۇمۇ بىر ئالىم ۋە تەسەۋۋۇرچى پەيلاسوپ ، ھىراتتىكى نەخ-شىبەندىيىنىڭ رەھبىرى ئىدى . ئۇنىڭ ماۋرا ئۇننەھردىكى خوجا ئەخرارنىڭ ئىخلاسمەنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى . مىرزا ھەيدەر ئۇنى سۇلتان ھۈسەيىن دەۋردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ نادىر ۋە ئەڭ بىلىملىك دانىشمەن ۋە ئەۋلىيا دېگەنىدى . ( « تارىخى رەشىدى » ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، 194 ـ بەت ) جامى 46 پارچە ئەسەر تۈزگەن-مىش . بۇ ئەسەرلەر لىرىك شېئىر ، رومانتىك تىپىك شېئىر ، ئەرەب گىراماتىكىسى ، نەسىر ، مۇزىكا ، سوپىلار تەزكىرىسى ۋە ئەفسىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . جامى ھايات ۋاقتىدا شۇ زامان كىشىلىرى تەرىپىدىن ئىززەتلەنگەن ، شۇنداقلا يىراق ئەللەر ( مەسىلەن ، ئوسمان ئىمپېرىيە-سى ) نىڭ پادىشاھلىرى تەرىپىدىنمۇ ئىززەتلەنگەن . ئۇنى سۇلتان ھۈسەيىنمۇ بەك ھۆرمەتلەيتتى . نەۋائى دوستى ۋە ھامىيسى ھەم ئۇنىڭ تەرجىمھالىنى يازغان .

بۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى مىرخۇند . ئۇ يازغان « راھەتباغ » دېگەن كىتاب شۇ مەزگىلدىكى پارس ۋە ئوتتۇرا

قارالماقتا .
ئاسىيا تارىخىغا دائىر بىردىنبىر تارىخىي ماتېرىيال دەپ
مىرخۇندنىڭ ئاتىسى سەئىد بۇرھانىدىن بۇخارالىق كىشى بولۇپ ، كېيىن
ھىراتقا كۆچۈپ بارغان ۋە شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن . مىرخۇندنىڭ
ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى ھىراتتا ئۆتكەن ، ئۇمۇ نەۋائىنىڭ ئاتىدارچىلىقىغا
ئېرىشكەن . ئاخىرىدا ئۇ 1498 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شۇ شە-
ھەردە 66 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . « راھەتباغ » دېگەن كىتاب يەتتە
تۇم . ئاخىرقى ئىككى تومى ئاپتور ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخى سۆزلىنىد-
غان ئەڭ قىممەتلىك قىسىمدۇر . مەسىلەن ، 6 ـ قىسىمدا تېمۇر ۋە ئۇنىڭ
ۋارىسلىرى بايان قىلىنىپ ، 1469 ـ يىلىغىچە كېلىدۇ . 7 ـ قىسىمدا
پۈتۈنلەي سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئىشلىرى بايان قىلىنىپ ، تا مىرخۇند ئا-
لەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلغىچە داۋام قىلىدۇ . بۇ تومنىڭ
داۋامىنى مىرخۇندنىڭ نەۋرىسى قوندامىر يېزىپ تۈگەتكەنمىش .
بارتولد ، مەزكۇر كىتابنىڭ تارىخ قوشۇمچىسىنىمۇ ئاخىرىدا قوندا-
مىر قايتا تۈزگەن ، دەيدۇ . « راھەتباغ » دېگەن كىتابنىڭ
ئەسلى نۇسخىسى 1854 ـ يىلى بومبايدا ۋە دېھلىدە بېسىپ تارقىتىلغان .
1842 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ئۇنىڭ تۈركچە ، ئىنگلىزچە تەرجىمە
نۇسخىلىرىمۇ نەشر قىلىنغان . قوندامىرمۇ ئەڭ بۇرۇن نەۋائىنىڭ خىزمە-
تىدە بولغان . مۇشۇ ئەمىر ، قوشۇمچە شائىرنىڭ تەربىيىسى بىلەن
تارىخچى بولۇپ يېتىلگەن .
يۇقىرىقى ئاتاقلىق ئەدىبلەردىن باشقا ، نەۋائىنىڭ قول ئاستىدا
ئىشلىگەن ھاجى مۇھەممەدمۇ بىر رەسسام ئىدى ، ئۇ ئادەم رەسىم سىزىشقا
ئۇستا ئىدى . ئۇ زاماندا مەتبەئە يوق ئىدى . كىتابلار قول بىلەن
كۆچۈرۈلەتتى . شۇڭا نۇرغۇن خەتتاتلار كۇتۇپخانىدا ئىشلەيتتى . مەس-
لەن ، ئاتاقلىق سۇلتان ئەلى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى مىرئەلى مەجنۇن ،
سۇلتان ئەلى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ۋە نەۋائىنىڭ نۇرغۇن كىتاب-
لىرىنى كۆچۈرگەن . ئۇنىڭ خەتلىرى سەنئەت بويۇمىدەك چىرايلىق
ئىدى . مىرئەلى مەجنۇننىڭ يەنە بىر ئىسمى رەفىقىي ئىدى . ئۇمۇ خەت-
تاتلىق سەنئىتىدە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن . خېتىنىڭ

چىرايلىقلىقى ئۇستازىنىڭكىگە ئوخشايتتى . سۇلتان ھۈسەيىننىڭ قول ئاستىدا مۇھەممەد ئەلى غېرىبىي تەخەللۇسلۇق بىر كىشى بولۇپ ، ئۇ تۈرك تىلىدا شېئىر يازىدىغان شائىر ، شۇنداقلا مۇزىكانت ۋە خەتتات ئىدى . بانائى ئىسىملىك يەنە بىر شائىر ۋە تارىخچى بار ئىدى . نەۋائى ئۇنى يۈكسەك تالانتلىق ئالىم ، « ئىلىمنىڭ ھەممە تارماقلىرىدا ئۆزىگە خاس ئىز قالدۇرغان » دەيدۇ . ئۇ ئوتتۇرھال تەبىقىدىن چىققان ، نەۋائى بىلەن چىقىشالمايتتى ، كېيىن ماۋرائۇننەھرگە كېتىپ ، 1512 ـ يىلى شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن . قىسقىسى ، ھىرات ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران بويىچە تالانت ئىگىلىرى جەم بولغان جاي ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، مۇنەۋۋەر ئالىم ، ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارمۇ ئاز ئەمەس ، ئاتاپ ئۆتمىسەكمۇ بولار .

ھىراتنىڭ سىياسىي ، مەدەنىي ھاياتىدا مەركەزلىك شەخس بولغان نەۋائى كېيىن بىر مەھەل خارلىنىپ ، ئاستراباتقا مۇپەتتىشلىك ئەمەل بىلەن ئەۋەتىلدى . ئۇ ئۇ يەردىمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئوخشاشلا ئىززەتلەندى . ھەرقايىسى ساھە كىشىلىرى ، ھەتتا چەت ئەل پادىشاھلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن سوۋغاتلار ئەۋەتتى ۋە مۇبارەكلەشتى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇنىڭ ھىراتقا قايتىپ كېلىپ ، مەنسەپ تۇتماي ئۆتۈشكە ئىجازەت بېرىلدى . ئاخىر 1501 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى .

## 4 ـ بۆلۈم ھۈسەيىن ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ماۋرا ئۇننەھر

سۇلتان ھۈسەيىن دەۋرىدە ئىران ۋە ئافغانىستاننىڭ مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى دېسەك ، ماۋرا ئۇننەھر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ مەدەنىيىتى موغۇللار ، ئۆزبېك قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تەدرىجىي ھالدا زاۋاللىققا يۈزلەندى . ئاخىر تېمۇر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ ئاساسىنى يوقىتىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ سەھنىسىدىن مەڭگۈ يوقالدى .

1469 ـ يىلى ھۇسەيىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، سەمەرقەنتنىڭ خانلىق تەختىگە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان ئەخمەد ۋارىسلىق قىلدى . بۇ شاھزادە شۇ چاغدا 18 ياشتا بولۇپ ، ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇنلا ماۋرا ئۇننەھرنى سورايتتى . سۇلتان ئەخمەد بوشاڭ بىر ئادەم بولۇپ ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئەمىرلەرگە تۇتقۇزۇپ قويغانىدى . ئۆزىنىڭ بېقىندىلىرىنى تۇتۇپ تۇرغۇدەك ھالى يوق ئىدى . شۇڭا ئۇنىڭ ئىنىلىرى يا ئۇنىڭ بىلەن تەخت تالىشاتتى ، يا يەر ئىگىلەپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋالاتتى . بۇلاردىن ئاساسلىقى 3 ـ ئىنىسى سۇلتان مەھمۇد ئۇنىڭغا زادىلا بويسۇنمايلا قالماي ، سەمەرقەنتنىكى تەختنى كۆزگە ئىلماي ، ھىساردىن قوشۇن باشلاپ ئۇنىڭغا ھوجۇم قىلغانىدى . 4 ـ ئىنىسى ئۆمەر شاھ پەرغانىنى ئىگىلىگەنىدى . ئۇ سۇلتان ئەخمەدنى دۈشمەن كۆرەتتى . 7 ـ ئىنىسى ئۇلۇغبېك كابۇلنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، سۇلتان ئەخمەدتىن مۇستەقىل تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى . ئۆمەر شەيخ بىلەن سۇلتان مەھمۇد يەنە كېلىپ موگغۇل يۇنۇسخاننىڭ كۈيئوغلى ئىدى . بۇ خاننىڭ چوڭ قىزى مەلىكە مېھرىنىگار سۇلتان ئەخمەدكە ، ئىككىنچى قىزى مەلىكە قۇتلۇقنىگار ئۆمەر شەيخكە ياتلىق قىلىنغان بولۇپ ، بابۇرنى تۇغقانىدى . ئۈچىنچى قىزى مەلىكە قوبىنىگار دوغلات قەبىلىسىدىكى مۇھەممەد ھۇسەيىنگە ياتلىق بولۇپ ، تارىخچى مىرزا ھەيدەرنى تۇغقانىدى . شۇڭا سۇلتان ئەخمەد بىلەن ئۆمەر شەيخ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە يۇنۇسخان ھەمىشە كېسىمچىلىك رول ئوينايتتى . يۇنۇسخاننىڭ يەنە بىر خوتۇنى شاھ بېكوننىڭ قىزى مەلىكە سۇلتاننىگار سۇلتان ئەخمەدكە ياتلىق قىلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى ئىلگىرى ـ كېيىن بەدەخشانغا شاھ بولغان .

ئۆمەر شەيخ ئۆتۈپ كەتكەن قارا نىيەت ھۆكۈمران بولۇپ ، ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشىغا ھېرىس ئىدى . ئۇنىڭ سۇلتان ئەخمەدنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىپ ، تېمۇر سۇلالىسىنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالغۇسى بار ئىدى . شۇڭا يۇنۇسخاننى سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلدۇرۇپ ، سۇلتان ئەخمەدنى يىقىتىپ ، ئۆزى تەختكە ئولتۇرۇشقا ئۇندىدى . بىراق ، يۇ-

نۇسخان ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى بىلەن دۈشمەنلىشىشنى خالىمىدى.

سۇلتان ئەخمەد ئىنىسىنىڭ غەرىزىنى ئۇقۇپ، لەشكەر تارتىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئۆمەر شەيخ يۈنۈسخاندىن ياردەم تىلىدى. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ بەزى يەرلىرىنى بۇخانغا بەردى. مەسىلەن، بىر قىبتىم ئۇ ئاقسىنى يۈنۈسخانغا بۆلۈپ بەردى. خان ئۇ يەرنى قىشلىق بارگاھ قىلدى. سۇلتان ئەخمەد بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھۇجۇم قىلمايدىغان بولدى. لېكىن ئۆمەر شەيخ يۈنۈسخاننىڭ ئاقسىدا تۇرۇپ قېلىشىغا چىدىماي، ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ھۇجۇم قىلدى. يۈنۈسخاننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئەنجاننىڭ شىمالىدىكى يانتۇ كەنتىدە جەڭ قىلدى. ئۆمەر شەيخ مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى. يۈنۈسخان ئۇنى قويۇپ بەردى ھەم ئۇنىڭ بىلەن ئەنجانغا باردى. ئۇ يەردە ئىككى ئاي تۇردى، ئۇلار نېمە دېيىشتى؟ تارىختا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. لېكىن كېيىنكى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، ئۇلار سەمەرقەنتكە بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىغاندەك تۇرىدۇ. ئەگەر ئىش ۋۇجۇدقا چىقسا، يۈنۈسخان پەرغانىگە قاراشلىق بىر شەھەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ( C. ھاكىمجانوۋا: «XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى پەرغانە تارىخى»، رۇسچە، 1957 ـ يىل، تاشكەنت نەشرى، 27 ـ بەت).

كېيىنكى يىلى ئۆمەر شەيخ سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، يەنە يۈنۈسخاندىن ياردەم تىلىدى ھەم مەرغىلاننى يۈنۈسخانغا بەردى. يۈنۈسخان ئۇ يەرگە بارگاھ تىككەندە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دىنىي داھىيسى خوجا ئەخرار ئۇ يەرگە بېرىپ ئىككى تەرەپنى ياراشتۇردى. بۇ خوجىنى موڭغۇللار ئالاقىزادىلىك ئىچىدە كۈتۈۋالدى. ھەتتا يۈنۈسخانمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى. مەرغىلاننىڭ دامولىسى مۇھەممەد قازى يۈنۈسخاننى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «مەن بۇرۇن يۈنۈسخاننى موڭغۇل دەپ ئاڭلاپ، كۆسا، تۇرمۇش ئۇسۇلى تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئادەمغۇ دەپ قىياس قىلغانىدىم. بۈگۈن ئۆزىنى كۆردۈم. قارىسام، يۈ-

رۇش ـ تۇرۇشى سالاپەتلىك، ساقاللىق ، تاجىكلارغا ئوخشايدىغان، گەپ ـ سۆز جەھەتتە تاجىكلار ئىچىدىمۇ كەم ئۇچرايدىغان كىشى ئىدى» ①. خوجا ئەخرار ئەتراپىدىكى سۇلتانلارغا: «مەن يۇنۇسخاننى ۋە موگغۇللارنى كۆردۈم. بۇنداق بىر خاننىڭ پۇقرالىرى بولاپ ئاپىرىپ سىپتىلماسلىقى كېرەك. ئۇلار مۇسۇلمان» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ماۋرا ئۇننەھر ۋە خۇراساندا موگغۇللار قۇل ئورنىدا ئېلىپ ـ سېتىلمايدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، موگغۇللار باشقا كاپىرلارغا ئوخشاش ئېلىپ ـ سېتىلاتتى. ② ئەسىرنىڭ 70 ـ X V

① مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، «تۈركلەر» ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. بىر خىل مەنىسى ئىرقنى كۆرسىتىدۇ، «تۈركلەر» ئىران ئىرقىدىكى «تاجىكلار» غا ئوخشىمايدۇ. يەنە بىر خىلى ئىجتىمائىي مەنىدە ئېيتىلىدۇ. بۇ مەنىدە «تۈركلەر» يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز ئۆز ۋاقتىدىكى موگغۇللارنىڭ تۈركلىشىش دەرىجىسى توغرىسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك تارىخ ماتېرىيالى بولۇپ، موگغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى باشتىن كەچۈرۈپ، تەن قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە يەرلىك مۇسۇلمانلارغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

② ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۇڭگولۇق خەنزۇلارمۇ بۇلاپ ئاپىرىپ قۇل ئورنىدا سېتىلاتتى. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دە يېزىلىشىچە، يۇڭلېنىڭ 4 ـ يىلى، 5 ـ ئاي، جىيايىن يىلى، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «گەنسۇنىڭ باش بۇغى، شىنىڭنىڭ بېگى سۇڭ چېڭغا: «يېقىندا ئاڭلىشىمىزچە، مۇسۇلمانلار جۇڭگو ئاياللىرىنى خوتۇن ـ توقاللىققا ئېلىپ كۆپلەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشىۋېتىپتۇ. پەرمان: ئېلىپ ساتقۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن دەپ يارلىق چۈشۈرگەن» («يۇڭلې يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىسى»، 49 ـ جىلد) يەنە جىڭتەيزىنىڭ 6 ـ يىلى، «5 ـ ئاي، رېنشېن يىلى، قۇمۇلنىڭ ساداقەتمەن ۋاڭى دوۋاداشىلىغا بېرىلگەن يارلىقتا: (شىمال تەرەپتىن كەلگەن مۇسۇلمانلاردىن ئاڭلىساق، تاتارلار خەنزۇ ئەر ـ ئاياللارنى بۇلاپ، سىلەرنىڭ قۇمۇلغا ئاپىرىپ ساتقان، بەزىلەر سىلەر تەرەپتىن قېچىپ كېلىپ مۆكۈپ ياتقان، بەزىلەر قېچىپ كېلىۋېتىپ سىلەرنىڭ تەۋەيىڭلاردىن ئۆتكەندە تۇتۇپ سولاپ قويغان ئەھۋال بار ئىكەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇنداق كىشىلەر 3000 دىن ئاشىدىكەن. ئۇلاردىن سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردىكىلەر سەمەرقەنتكە ساتقانلار 1000 دىن ئاشىدىكەن. قالغان ئادەم 2000 دىن ئاشىدىكەن. بۇۋىڭىزدىن تارتىپ ئوردىنىڭ مەرتىۋە ـ مۇكاپاتىغا نائىل بولۇپ كەلگەن، سىزمۇ ئوردىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىنى ساقلايمەن دەپ كەلدىڭىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق، كىچىككىنە پايدىنى دەپ ئىناۋەتنى يوقاتسىڭىز قانداق بولغىنى. بۇيرۇق بېرىمەنكى، مېنىڭ پەرمانىمنى قول ئاستىڭىزدىكىلەرگە يەتكۈزۈڭ. ئادەم تۇتۇپ قالغانلار بولسا، ئوردىغا تولۇق قايتۇرسۇن، ئىنئام بېرىلىدۇ ›» («يىڭزۇڭ خاتىرىلىرى»، 253 ـ جىلد، «جىڭتەي يىللىرىدىكى قوشۇمچە خاتىرىلەر»، 71 ـ جىلد) شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاپىرلارنى بۇلاپ ئاپىرىپ ساتىدىغان ئەھۋالنى بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ، يۇنۇسخان قەشقەردىكى ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ ، سەمەرقەنت تەرەپتىكى ئىشلارغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى . شۇڭا سەمەرقەنتنىڭ ھۆكۈمرانى سۇلتان ئەخمەد پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ ، ئۆمەر شەيخنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقارماقچى بولدى . ئۆمەر شەيخ يەنە يۇنۇسخاندىن ياردەم تىلىدى . يۇنۇسخان ئەنجانغا يېتىپ بارغاندا ، ئۆمەر شەيخ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئالدىغا چىقتى ھەم ئۇشنى ئۇنىڭغا تۇتتى . يۇنۇسخان شۇ يىلى ئۇشتا قىشلىدى . مۇھەممەد ھەيدەرنى ئۇ يەرنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇدى . شۇنداق ئەھۋالدا ، سۇلتان ئەھمەد پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋاز كەچتى . لېكىن يۇنۇسخان موغۇلىستانغا كەتكەندىن كېيىن ، ئۆمەر شەيخ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇشنى قايتۇرۇۋالدى .

خېلى ئۇزاقىچە ، سۇلتان ئەخمەد ئىنىسى ئۆمەر شەيختىن تاشكەنت بىلەن سايرامنى تالاشتى . 1845 ـ يىلى كۈزدە ، سۇلتان ئەھمەد تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلدى . ئۆمەر شەيخ سايرامنى بېرىش بەدىلىگە يۇنۇسخاندىن ياردەم سورىدى . يۇنۇسخان سايرامغا ئورۇنلىشىپ ، چوڭ ئوغلى مۇھەممەدخاننى 3000 كىشى بىلەن ئۆمەر شەيخكە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى . سۇلتان ئەخمەد ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ، شەھرۇقەيادا جەڭ قىلدى . بۇ قېتىممۇ خوجا ئەخرار كېلىشتۈرۈپ قويدى . ئاكا ـ ئۇكا ئىككىلەن نائىلاج ماقۇل بولدى . بۇ خوجىنىڭ تەكلىپى بويىچە ، تاشكەنتنى يۇنۇسخانغا بەردى . بابۇر بۇ قېتىم ياراشقان چاغدىن ( ھىجرىيە 890 ـ يىلى ، يەنى مىلادى 1485 ـ يىلى ) ھىجرىيە 980 ـ يىلى ( مىلادى 1503 ـ يىلى ) غىچە ، تاشكەنت بىلەن شەھرۇقەيا رايونىنى چاغاتاي خانلىرى سورىغان ، دەيدۇ . ( « بابۇرنامە » ، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، 13 ـ بەت ) .

1487 ـ يىلى يۇنۇسخان ئالەمدىن ئۆتتى ، ئورنىغا چوڭ ئوغلى مەھمۇد خان ۋارىسلىق قىلدى . ئۆمەر شەيخ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاشكەنتنى قايتىدىن تارتىۋالدى ھەم ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇ يەردىكى ئۇچتۇرپان قەلئەسىنى ئىگىلىدى . مەھمۇدخان ئۆزى ئەسكەر باشلاپ بېرىپ

قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، مەزكۇر قەلئەنى غەلىبىلىك ھالدا پەتھ قىلدى. ئۆمەر شەيخنىڭ قوۋمىنى قىرىپ، ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇۋەتتى.

كېيىنكى يىلى (1488 ـ يىلى) سۇلتان ئەخمەد تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلغىلى بېرىپ، مەھمۇدخانىنىڭ قوشۇنى بىلەن چىر دەرياسى بويىدا ئۇچرىشىپ ئۈچ ئاي تىركەشتى. بۇ چاغدا سۇلتان ئەخمەدنىڭ قوشۇنىدا شايبانىخان دېگەن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا 3000 ئادەم بار ئىدى. ئۇ كىشى ئاسىيلىق قىلىپ، ئىككى قوشۇن تۇتۇشۇۋاتقاندا قەستەن قېچىپ كېتىپ، قوشۇننى پاتىپاراق قىلىۋەتكەنلىكتىن، سۇلتان ئەخمەد مەغلۇپ بولدى. سەمەرقەنت تەرەپ قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قىسمى چىر دەرياسى بويىدا ئۆلدى. سۇلتان ئەھمەد ئاران تەستە جېنىنى ئېلىپ پايتەختكە قېچىپ بېرىۋالدى.

شايبانىخان ئۆزبېك ئابۇلخەيرىخانىنىڭ نەۋرىسى ئىدى ①. ئابۇلخەيرىخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزبېكلەردىن نۇرغۇن كىشى قازاقلارنىڭ كىرەيخانى ۋە جانىبېيخانىغا بەيئەت قىلدى. بۇ ئىككى قازاق خانى ئابۇلخەيرىخان بىلەن شايبانىخان بىر ئاز ئادەم توپلىغانىدى. لېكىن ساۋلان دېگەن جايدا جانىبېيخانىنىڭ ئوغلى ئىرانچى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شايبانىخان بۇخاراغا قېچىپ باردى، كېيىن يەنە سىغناق ۋە قىپچاقلارغا قايتىپ كەلدى. لېكىن قازاقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىۋەردى. شايبانىخان مانغاشلاق يېرىم ئارىلىغا قېچىپ باردى. ئۇ يەردىن خارەزىم ئارقىلىق بۇخاراغا باردى. بۇخارانىڭ ھاكىمى ئۇنى سەمەرقەنتكە ئاپىرىپ سۇلتان ئەھمەدنىڭ خىزمىتىگە تۇتۇپ بەردى. لېكىن شايبانىخان تولا ئاينىپ ئاخىر ئاسىيلىق قىلدى. بۇ قېتىمقى

① شايبان دېگەن ئىسىم شايباننىڭ بوۋىسى جۇجىنىڭ ئوغلى شايباندىن كەلگەن بولسا كېرەك. رىۋايەتكە قارىغاندا، ئابۇلخەيرى ئۇنىڭغا شاھ بەخت (بەختلىك شاھ) نىڭ ئىسمىنى قويغانىكەن. پارىسچىدا Sahi Bes ياكى Sai Bek بولۇپ قالغان. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دە 沙亦 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئادەتتە 昔班尼汗 دەپ يېزىلىدۇ. «تارىخىي رەشىدى» دە ئېيتىلىشىچە، ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شايبانىخان نۇرغۇن رىيازەت چەككەن. ئاخىر يايلاقتا تۇرالماي، ماۋرا ئۇننەھرگە بېرىپ، سۇلتان ئەخمەدنىڭ پېشىنى تۇتقان.

ئۇرۇشتىن كېيىن، شايبانىخان يەنە مەھمۇدخانغا رام بولۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ. مەھمۇدخان ئۇزۇن ئۆتمەي سۇلتان ئەھمەدتىن تۇركىستاننى تارتىۋالدى. شايبانىخانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەھمۇدخان بۇ يەرنى ئۇنىڭغا بەردى. بۇنىڭغا قازاقلار بەك نارازى بولدى. چۈنكى ئۆزبېكلەر ئەزەلدىن قازاقلارنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئەمدى مەھمۇدخان تارىختا قازاقلارغا تەۋە بولغان تۇركىستاننى ئۇلارغا بەردى. نەتىجىدە، مەھمۇدخان بىلەن قازاقلار ئوتتۇرىسىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇش بولدى. ھەر ئىككى قېتىمدا مەھمۇدخان مەغلۇپ بولدى.

1494 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پەرغانىنىڭ ھۆكۈمدارى ئۆمەر شەيخ ئاخسىدا ئۆي بېسىۋېلىپ قازا قىلدى. ئاكىسى سۇلتان ئەخمەد ئەنجاننىڭ موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئەسكەر باشلاپ ئەنجانغا باردى. لېكىن ئۇ مەرغىلانغا بارغاندا ئاغرىپ قېلىپ، سۇلھ تۈزۈپ ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىۋېتىپ، سەمەرقەنتنىڭ يولىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ـــ ئۆمەر شەيخ ئالەمدىن ئۆتۈپ 40 كۈن بولغاندا، يەنى 1494 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بولغان ئىش.

ھۈسەيىننىڭ 3 ـ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد ھېسار، قۇندۇز ۋە بەدەخشاننى سوراۋاتاتتى. سۇلتان ئەخمەدنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھېساردىن سەمەرقەنتكە بېرىپ، ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى.

پەرغانە تەرەپتە ئۆمەر شەيخنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. چوڭ ئوغلى بابۇر (تولۇق ئىسمى زاھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر)، ھىجرىيە 888 ـ يىلى، مۇھەررەم ئېيىنىڭ 6 ـ كۈنى (مىلادى 1483 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى) تۇغۇلغان بولۇپ، شۇ چاغدا 12 ياشتا ئىدى. بابۇر مەلىكە قۇتلۇقنىگاردىن تۇغۇلغان بولۇپ، يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئوتتۇرانچى ئوغلى جاھانگىر مىرزا بولۇپ، بابۇردىن ئىككى ياش كىچىك ئىدى. كىچىك ئوغلى ناسىرمىرزا، بابۇردىن تۆت ياش كىچىك ئىدى. ئۆمەر شەيخ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى ئەمىرلەر تەختكە كىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى. بىر

قىسىم ئەمىرلەر سەمەرقەنتنىڭ خوجىلىق ھوقۇقىنى ئىتىراپ قىلىش كېرەك دېدى. يەنە بىر قىسىم ئەمىرلەر بۇنىڭغا قارشى چىقتى. پەرغانە رايونىنىڭ دىنىي رەھبىرى داموللا خوجا قازى مەزكۇر جاينىڭ مۇستەقىللىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنى كۆزلەپ، سەمەرقەنتكە بېقىنىشقا قوشۇلمىدى. بۇ قېتىم داموللىنىڭ دالالەت قىلىشى بىلەن، پەرغانىنىڭ ئەمىرلىرى 1494-يىلى 6-ئايدا بابۇرنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

سەمەرقەنتتە تەختكە ۋارىسلىق قىلغان سۇلتان مەھمۇد ۋەزىرى خۇسراۋشاھقا ئىشىنەتتى. ئۇ كىشىنىڭ ھوقۇقى بەك چوڭ ئىدى. قول ئاستىدا بەش - ئالتە مىڭ ئادەم بار ئىدى. ئامۇ دەرياسىدىن ھىندىقۇش دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ يەرلەر ئۇنىڭغا قارايتتى. ئۇ بۇ يەرلەردىن قىلىنغان پۈتۈن باج - كىرىمنى يەپ كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە يەنە تۈرلۈك ئاچكۆز ۋاستىلەر بىلەن مال - دۇنيا يىغاتتى. سۇلتان ئەخمەننىڭ ئۆزىمۇ تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ناماز ئوقۇمايتتى. دىنىي ساھەدىكىلەرنى ھۆرمەتلىمەيتتى. بولۇپمۇ شۇ زاماننىڭ دىنىي داھىيسى خوجا ئەخرارنى ھۆرمەتلىمەيتتى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپلا ئىلگىرىكى پادىشاھ سۇلتان ئەخمەدنىڭ تۆت نارەسىدە ئوغلىنىڭ ھەممىسىنىلا ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زالىملىق قىلىپ، بىگۇناھلارنى ئۆلتۈرۈپ، ھەممە كىشىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئاڭلىغان گەپكە قارىغاندا، ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىلدە، سەمەرقەنتتە سودا پائالىيىتى توختىغان، باياشات ئائىلىلەر ئاشكارا كوچىغا چىقالمايدىغان بولۇپ قالغان. لېكىن بۇ زالىم پادىشاھ ئالتە ئاي تەختتە ئولتۇرۇپلا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خۇسراۋشاھ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتماقتا يوق، شۇ ھامان دۆلەت خەزىنىسىگە قول تىقىپ مال - دۇنيا بۇلىغان. ئەمەلىيەتتە، پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتتى دېگەن خەۋەر بىردەمدىلا تارقىلىپ بولغان. سەمەرقەنتنىڭ شەھەر خەلقى، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئەسكەرلەر ۋە باشقىلار قوزغىلىپ خۇسراۋغا قارشى تۇرغان. خۇسراۋ شاھ ھىسارغا قېچىپ كەتكەن.

سۇلتان مەھمۇدنىڭ بەش ئوغلى بار ئىدى. چوڭ ئوغلى

مەسئۇد، ئىككىنچىسى بايسۇنقۇر، ئۈچىنچىسى سۇلتان ئەلى، تۆتىنچىسى
ھۈسەيىن (كىچىكلا ئالەمدىن ئۆتكەن)، كەنجى ئوغلى سۇلتان ئۇۋەيس
مەسئۇد مىرزىنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغانلىقتىن،
سەمەرقەنتكە بېرىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم
بولغان. بايسۇنقۇر ئاتىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بۇخارانى ساقلايتتى. بۇ
چاغدا سەمەرقەنتتىكى بەگلەر ئۇنى بىردەك ھىمايە قىلىپ تەختكە
ۋارىسلىق قىلدۇردى. بايسۇنقۇر تەختكە چىققاندا 18 ياشتىن ئاشمايتتى.

بايسۇنقۇر ئاتىسى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، بىرقەدەر
ياخشى شاھ ئىدى. ئۇ ئەدەپلىك، ئۆگىنىشكە بېرىلەتتى. شېئىرنىمۇ يامان
ئەمەس يازاتتى. ئۇنى سەمەرقەنتتە بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى
دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا، تېمۇر سۇلالىسى
ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلتان ئەلى ئۇنىڭدىن تەخت
تالىشىپ، موغۇللارنىڭ خانى مەھمۇدخان، پەرغانىدىكى بابۇرلارمۇ
سەمەرقەنتنى تارتىۋېلىشقا تەمشەلدى. شايبانىخان ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى
ئۆزبېكلەرمۇ تېمۇر سۇلالىسىگە تېخىمۇ خىرىس قىلىشاتتى. مۇشۇ
بىرنەچچە تەرەپنىڭ تەھدىت ۋە ئۇرۇشى ئاخىر تېمۇر سۇلالىسىنى ھالا-
كەتكە ئېلىپ باردى.

ئومۇمەن قارىغاندا، مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتە ياكى مەدەنىيەت
جەھەتتە بولسۇن، ھۈسەيىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى ماۋرا ئۇننەھر سۇلتان
ھۈسەيىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى خۇراساندىن قالاق ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن
فېئوداللارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش ـ تارتىش، كۆچمەن چارۋى-
چىلارنىڭ ھۇجۇمى ۋە دىنىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى سەۋەب
بولغان. تېمۇر دەۋرىدىن ھۈسەيىن دەۋرىگىچە، تېمۇر سۇلالىسىنىڭ بىر-
لىكىنى ساقلىيالايدىغان قابىل شاھلار بولغانىدى. لېكىن ھۈسەيىن
ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، فېئودال سۇيۇرغاللار مۇستەقىل بولۇش ۋە
يۈلۈنۈشكە يۈزلىنىپ، توختىماي ئۇرۇشۇپ، ماۋرا ئۇننەھرنى ئاجىزلاش-
تۇرۇۋەتتى. خوجا ئەخرار باشچىلىقىدىكى دىنىي ساھە تېمۇر
سۇلالىسىنىڭ شاھلىرىغا ۋە كەڭ پۇقرالىرىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

رىۋايەتكە قارىغاندا ، سۇلتان ئەخمەد ھەمىشە خوجا ئەخرارغا خۇشامەت
قىلىدىكەن ، يۈكلىنىپ تەزىم قىلىدىكەن ، ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدـ
كەن ، بۇ خوجا — نۇرغۇن دۇنياسى ۋە يەر - زېمىنى بار چوڭ فېئودال
ئىدى . ئۇ دەھرى ( بىدئەتچى ) فېئوداللارغا ئوخشاشلا خەلقنى قاتتىق ئېـ
زەتتى . فېئودال شاھ ، ئەمىرلەر ۋە بەگلەر بولسا زېمىن ۋە ھاكىمىيەت
تالىشىپ توختىماي ئۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسنى تەپتارتماستىن
بۇلاش ۋە ئاياغ - ئاستى قىلىشلىرى يولسىزلىق - قانۇنسىزلىق دەرىجىسىگە
بېرىپ يەتكەن . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇرۇشلار فېئوداللارنىڭ ئۆزئارا
ھوقۇق تالىششىدىنلا ئىبارەت بولۇپ ، بايان قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ . لېكىن
ئۇلارنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ئىنتايىن ئېغىر . بىر ئاپتور-
نىڭ ئېيتقىنىدەك ، « بۇ ئۇرۇشلارنى تەپسىلىي تەتقىق قىلماي تۇرۇپ ،
فېئودالىلىق زۇلۇمىنىڭ ئازابىنى تويغىچە تارتقان خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە دېھـ
قانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس » ①

كېيىنكى X Ⅷ ئەسىرگە سېلىشتۇرغاندا ، سۇلتان ئەھمەد دەۋرى
بىر مەزگىل تىنچ ئۆتكەن . بۇ شاھمۇ مەسچىت ، ئوردا ، مەدرىس ، ئاممىۋى
مۇنچا قاتارلىقلارنى ياساتقانىدى . ھىراتنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيىتى ماۋرا
ئۇننەھرگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنىدى . بابۇر مۇنداق دېگەن : « سۇلتان
ئەخمەد دەۋرىدە ، چوڭ - كىچىك بەگلەر سەمەرقەنتتە نۇرغۇن باغ ۋە
باغچىلارنى ياساتقان . ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۈزەللىكى ، ھاۋاسى ۋە
مەنزىرىسى جەھەتتە دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ بېغىغا يېتىدىغانلىرى
كەمدىن كەم تېپىلىدۇ . بۇ باغ باغى مەيدانىنىڭ تۆۋىنىدىكى يانتۇلۇققا
جايلاشقان بولۇپ ، بۇ يەردىن پۈتۈن قۇربا ئوتلىقى كۆرۈنىدۇ . باغدا
پارچە - پارچە پەلەمپەي يەرلەر تەكشى تىزىلغان ھەم چىرايلىق رىدە ،
ئاكاتسىيە ۋە تېرەكلەر تىكىلگەن . شۇغىنىسى ، چوڭراق ئېقىن سۇيى
يوق » ② شۇڭا ، بەزى ئاپتورلار ، بۇ مەزگىلدە ماۋرائۇننەھر ھەرھالدا

① c . ھاكىمجانوۋا : « 15 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى پەرغانە تارىخى » ،
رۇسچە ، 32 - بەت .

② بابۇرنامە » ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، 80 — 81 - بەتلەر .

ئەسلىگە كەلگەن ۋە گۈللەنگەن دەيدۇ.

XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئولپان ۋە سودا ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرغان. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، XV ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدىن 90 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە، يەنى مىڭ يىڭزۇڭنىڭ تيەنشۈن 5 ـ يىلىدىن مىڭ شياۋزۇڭنىڭ خۇڭجى 3 ـ يىلىغىچە بولغان 30 يىل ئىچىدە سەمەرقەنت، بەدەخشان، ئىسپاھان قاتارلىق جايلارنىڭ ئەلچىلىرى ئوردىغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون نەچچە قېتىم ( تولۇقسىز مەلۇمات ) ئولپان ئېلىپ كەلگەن. مىڭ سۇلالىسى تيەنشۈننىڭ 7 ـ يىلى ( مىلادى 1463 ـ يىلى ) ھىرات ۋە سەمەرقەنتكە ئەلچى ئەۋەتكەن ( يۇقىرىقىلار « مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى » دىن ئېلىندى ) لېكىن ئومۇمەن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىنىڭ مالىمانلىقى، بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەتنىڭ بولمىغانلىقى، جايلاردىكى بەگلەرنىڭ يېغىلىقى، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۇجۇمى، شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى سودا يوللىرىنىڭ خەتەرلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئولپان ۋە سودا ئالاقىلىرى ئىلگىرىكىدەك كۆپ ۋە نورمال بولمىغان. مەسىلەن، « مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى » دە يېزىلىشىچە، مىڭ شيەنزۇڭنىڭ چېڭخۇا 20 ـ يىلى ( 1484 ـ يىلى ) 9 ـ ئاي، گىڭزى يىلى، ( سەمەرقەنتنىڭ ئولپان ئەلچىسى ) ئالتە بوغۇزنىڭ غەربىدىكى يولنى توسۇقلۇق دەپ دېڭىز يولى بىلەن قايتتى. چاڭلۇدىن 100 پاتمان ئاشتۇزى ئالماقچى بولغانىدى رۇخسەت قىلىندى. ( « چېڭخۇا يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىسى » 256 ـ جىلد ) يەنە چېڭخۇانىڭ 21 ـ يىلى ( 1485 ـ يىلى ) 5 ـ ئاي، گۈيخەي يىلى، گۇاڭدۇڭنىڭ سول قول پەرمانبەردارى چېن شۈەن مەلۇم قىلىدۇكى، سەمەرقەنتنىڭ ئەلچىلىرى گۇاڭدۇڭ ئارقىلىق قايتىدىكەن، مالاككاغا بېرىپ شىر، شاتۇتى سېتىۋالىدىكەن ( « چېڭخۇا يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىسى » 266 ـ جىلد ). خوڭجىنىڭ 2 ـ يىلى 11 ـ ئاي، رېنشېن يىلى. كونا تۈزۈم : سەمەرقەنت-

تىن كەلگەن ئولپان گەنسۇدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈلدى. شۇ چاغدا
ئەخمەدخان ( سۇلتان ئەخمەد )نىڭ ئەلچىلىرى مالاككادىن شىر، شاتۇ-
تىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېلىپ گۇاڭجۇغا كەلگەن. گۇاڭدۇڭ -
گۇاڭشى باش باسقاۋۇلى خەۋەر تاپقان. ( «خۇڭجى يىللىرىدىكى ئوردا
خاتىرىسى»، 32 - جىلد ) سەمەرقەنت ئەلچىلىرىنىڭ دېڭىز يولى بىلەن
قايتقانلىقى، دېڭىز يولى ئارقىلىق ئولپان ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى
يۇقىرىقى ماتېرىياللار ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا سودا يوللىرىنىڭ توسۇ-
لۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال XVI ئەسىرگە
كەلگەندە تېخىمۇ ئېغىرلاشقان. ئاخىرىدا، دېڭىز قاتنىشى قولايلىق بول-
غانلىقتىن، دېڭىز يولى سودىسى قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق بولىدىغان
ئەنئەنىۋى سودىنىڭ ئورنىنى ئالاي دەپقالغان، بۇ هال ئوتتۇرا ئاسىيا را-
يونىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىسىز
ئىدى. تېمۇر سۇلالىسى مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا هالاكەتكە قاراپ
يۈزلەنگەن.

# يىگىرمىنچى باب

## تېمۇر خاندانلىقىنىڭ يوقىلىشى

### 1 - بۆلۈم  بابۇرنىڭ سەمەرقەنتنى ئالىشىش جېڭى ۋە مەغلۇبىيىتى

تېمۇر خاندانلىقىنىڭ سەمەرقەنتتىكى كېيىنكى خانى سۇلتان مەھمۇد 1495 - يىلى 1 - ئايدا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئىككىنچى ئوغلى بايسۇنگۇر مىرزا بۇخارادىن كېلىپ خانلىق ئورنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇ خاندانلىق ھەر تەرەپتىن خەۋپلىك ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھالاكەتكە دۇچ كەلدى. بايسۇنگۇر شائىر بولۇپ، ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئاغا - ئىنى، قېرىنداشلىرىلا ئۇنىڭدىن سەمەرقەنتنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش ئويىدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى ئىېسىپ ياتقان موغۇل خانمۇ تېمۇر خاندانلىقىنىڭ پايتەختىنى تارتىۋېلىش كويىدا ئىدى.

بايسۇنگۇر سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەي تېزلا قارشىلىققا ئۇچرىدى. شەھەردىكى دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ئاتلىق كىشى بايسۇنگۇرنىڭ ئىنىسى سۇلتان ئەلىنى سەمەرقەنتكە خان قىلىپ تىكلىدى ھەمدە بايسۇنگۇرنى قاماپ قويدى. ئۇ قېچىپ چىقىپ خوجا ئەھيارنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇندى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن خوجا ئەبۇلمۇكارىم باشچىلىقىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى تېپىپ كېلىپ قايتىدىن تەختكە چىقاردى ھەمدە توپىلاڭچىلارنى دەرھال باستۇردى. دەرۋىش مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلدى. سۇلتان ئەلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئىجرا قىلغۇچى جازانى بېجىرمىگەنلىكتىن بۇخاراغا قېچىپ كەتتى.

1496 - يىلى كۈزدە تېمۇر خاندانلىقىنىڭ پەرغانىدىكى

كېيىنكى ( ئاخىرقى ) خانى بابۇر ، بايسۇنغۇرنىڭ ھىسارادا تۇرۇۋاتقان تاغىسى سۇلتان مەسئۇد ۋە بۇخارادىكى سۇلتان ئەلى ئۇچەيلەن بىرلا ۋاقىتتا سەمەرقەنتكە ھوجۇم قىلىپ شەھەرنى ئۈچ - تۆت ئايغىچە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى . بايسۇنغۇر قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن ئۇلار تېزلا يېڭىلدى . ئاخىر بابۇر بىلەن سۇلتان ئەلى مەسلىھەتلىشىپ قارا قىش يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ھەر قايسىسى ئۆز يېرىگە قايتىپ كېتىپ كېيىنكى يىلى يازدا يەنە ھوجۇم قىلماقچى بولۇشتى . مەسئۇد بولسا مىرزا ئابدۇللانىڭ قىزىنى ئېلىپ ھىسارغا كەتتى .

كېيىنكى يىلى 5 - ئايدا بابۇر ئەنجاندىن ئاتلىنىپ سەمەرقەنتكە ھوجۇم قىلدى . شىراز كەنتىنىڭ ( قورغىنىنىڭ ) نائىبى بىلەن سەمەرقەنتنىكى سەركەردىلەر ئۇنىڭغا تەسلىم بولدى . بابۇرنىڭ لەشكەرلىرى سەمەرقەنتنىڭ شەرقىگە تەخمىنەن ئالتە ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان جايغىچە ئىلگىرىلەپ بايسۇنغۇرنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرنەچچە مەيدان ئېلىشتى . ئۇلار ( بابۇرنىڭ لەشكەرلىرى ) سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى نۇرغۇن قورغانلارنى ئىشغال قىلدى . ھەربىي تەمىناتتىن قىسىلىپ قالغان بايسۇنغۇر ئۆزبېك خانى شەيبانىخانغا ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى . شەيبانىخان خېلى بۇرۇنلا كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما بابۇر بىلەن جەڭ قىلىشنى خالىماي قايتىپ كەتتى . تاشقى ياردەمدىن ئۈمىد ئۈزگەن بايسۇنغۇر قورشاۋغا يەتتە ئاي بەرداشلىق بېرىپ ئاخىر ئىككى - ئۈچ يۈز كىشىنى باشلاپ قۇندۇزدىكى خۇسراۋشاھنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى . كېيىن ئۇ خۇسراۋشاھ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى .

بايسۇنغۇرنىڭ قاچقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلگەندىن كېيىن بابۇر دەرھال پايتەختكە قاراپ ئىلگىرىلىدى . 1497 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى سەمەرقەنتنى ئىگىلىۋالدى . بابۇر شەھەرنى يەتتە ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىپ جەڭ قىلغاچقا ، شەھەر ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى . سەمەرقەنت ئېلىنغاندىن كېيىن بابۇرنىڭ لەشكەرلىرى يەنە موغۇللار بىلەن كۆچىنىڭ يېتىشىچە جەڭ قىلدى . ئاخىر بابۇر پەقەت ھېچنېمىسى قالمىغان ، جۇملىدىن ئاشلىق ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرى تامامەن بولاپ كې-

تىلىگەن قۇرۇق شەھەرگىلا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن قىسمدا
تەرتىپسىزلىك كۆرۈلدى. چېرىكلەر توپ ـ توپ بولۇپ ئەنجانغا قېچىپ
كەتتى. تېخى بابۇر ئۇلۇغ بەگلىككە ئۈستۈرگەن تەنبەل ( سۇلتان ئەھمەد
تەنبەل ) ئەنجانغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن بابۇرغا قارشى توپىلاڭ
كۆتۈردى.
بۇ چاغدا ئۇ كېش ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇنىڭ توپىلاڭ
كۆتۈرۈشتىكى مەقستى بابۇرنىڭ ئىنىسى خوجا مىرزىنى ئەنجانغا شاھ
قىلىش ئىدى. ئۇ ئاخىشىدىن ئەنجانغا ھوجۇم قىلدى. بابۇرنىڭ ئانىسى
ئەنجاندىن سەمەرقەنتكە مەكتۇپ ئەۋەتىپ بابۇرنىڭ كېلىپ
قۇتقۇزۇۋېلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا بابۇر ئېغىر كېسەلگە دۇچار
بولۇپ قېلىپ، ھەتتا گەپمۇ قىلالمايتتى. ئەنجان قورغىنىنىڭ تۇرغاق
بېگى (守官) ئۇنى ئەمدى ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ دەپ ئويلاپ تەنبەلگە
تەسلىم بولۇپ قەلئەنى بېرىۋەتتى. ئەمما بابۇر ئۇزۇنغا قالمايلا ساقىيىپ
كەتتى. ئۇ لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ ئەنجاننى تارتىۋېلىشقا مېڭىپ
خوجەنتكە بارغاندا ئەنجاننىڭ دۈشمەن قولىغا ئاللىبۇرۇن چۈشۈپ كەت-
كەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن 1498 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇ ئۆز
يۇرتى پەرغانىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ سەمەرقەنتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن
سۇلتان ئەلى دەرھال بۇ جاينى ئىگىلىۋېلىپ ئۇنى يا ئىلگىرىلىيەلمەيدى-
غان، يا چېكىنەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.
بابۇر ئىككى تەرەپتىن دۈشمەننىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقان
مۇشۇنداق ئەھۋالدا، تاشكەنتكە ئادەم ئەۋەتىپ تاغىسى مەھمۇدخاندىن
ئەنجانغا ھوجۇم قىلىشقا لەشكەر چىقىرىپ ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى.
مەھمۇدخان ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمما تەنبەلنىڭ پارا بې-
رىشى بىلەن ھەل قىلغۇچ پەيتتە كېلىۋاتقان يولدىن قايتىپ كەتتى.
نەتىجىدە بابۇرنىڭ يەنە خوجەنتكە قايتىپ كېتىشىگە توغرا كەلدى. شۇ-
نىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدا ئۇ سەمەرقەنت بىلەن ئەنجاننىڭ ئارىلىقىدا
بارىدىغان يېرىنى تاپالماي يۈردى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قول ئاستىدا پەقەت
200 دىن سەل ئارتۇقلا ئادەم بولۇپ، گەرچە مەھمۇدخاندىن كۆپ قېتىم

ياردەم سورىغان بولسىمۇ، ھەر قېتىم نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بابۇر تۇر-
غان خوجەنت بولسا نامرات جاي بولۇپ بايلىق ۋە باج كىرىملىرى 200
كىشىلىك قوشۇننىڭ تەمىناتىغىمۇ يېتىشمىگەچكە بابۇرنىڭ قوۋمىنىڭ تە-
مىناتىنى ئەلۋەتتە قامدىيالمايتتى. كىچىكرەك قورغانلارغا ھوجۇم قىلىشقا
تېخىمۇ مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. بابۇر سەمەرقەنتكە يەنە ئادەم ئەۋەتىپ
ئۆرەتىپەنىڭ ھاكىمى، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمرى مەھمۇد ھۈسەين
بىلەن كېڭىشىپ قىشتىن چىقىۋېلىش ئۈچۈن پىشاغەرنى (جاي ئىسمى)
ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەردىن سەمەرقەنتكە ھۇجۇم
قىلىش يېقىن ھەم قولايلىق ئىدى. مەھمۇد ھۈسەين قوشۇلدى. بابۇر بۇ
يەرگە يېتىپ كېلىپ ۋە بۇ جايدىن سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ بىرنەچچە
قورغاننى ئىشغال قىلدى. سەمەرقەنت خانى سۇلتان ئەلى قايتۇرما زەربە
بېرىدۇ. پۈتۈن قىش ئىككى تەرەپ ھەرە تارتىشقاندەك تۇرۇش قىلىپ
ئۆتتى. باھار كەلگەندە سۇلتان ئەلى خوجا يەھيانى سۈلھ قىلىشقا ئەۋەتىپ
ئۆزى لەشكەرلىرىنى باشلاپ شىراز بىلەن كابۇلغا كەلدى. قول ئاستىدا
پەقەت ئىككى ـ ئۈچ يۈزلا ئادىمى قالغان بابۇر دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قې-
لىپ خوجەنتكىمۇ كېتەلمەي كېيىن مەرغىلانغا يۆتكەلدى.

ئەنجان ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمرانى تەنبەل زوراۋانلىقنى يولغا
قويغانلىقتىن، خەلق قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ بابۇردىن پاناھلىق تىلەپ
ئۇ تەرەپكە باردى. شۇڭا بابۇر مەرغىلاندا ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپلا
ئەنجانغا ھوجۇم قىلدى. ئەمما تەنبەل ئىدارە قىلىپ تۇرغان جايلارنىڭ
ھەممىسىدە خەلق تopىلاڭ كۆتۈرگەچكە، تەنبەل جاھانگىر مىرزىنى
مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ ئۆزگەنتكە چېكىندى. بابۇر نەسىر بەگنىڭ
تەكلىپى بىلەن ئەنجانغا كىردى. ئۇ ھىجرىيە 904 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىدا
( مىلادى 1498 ـ يىلى 6 ـ ئاي. «بابۇرنامە» 11 ـ ئاي دېيىلگەن —
تەرجىمە قىلغۇچىدىن.) ئىككى يىلچە ئايرىلىپ قالغان يۇرتىنى
قايتۇرۇۋالدى.

XV — XVI ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى-
دىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى خەلقنى كۆزگە ئىلمىدى.

ئۇلارنى ئىخالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى، جۇملىدىن قىلمىغىنى قالمىدى. تېمۇر خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى بابۇر مەيلى ئەينى چاغدا ياكى كېيىنكى چاغلاردا بولسۇن، خەلققە مەدەنىيەتلىك بولۇپ تونۇلدى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بەزىدە خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئادەتتىكى فېئوداللاردىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. مەسىلەن، ئۇ ئەنجانغا قايتىپ كېلىپ پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغاندىن كېيىن، دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ لەشكەرلىرىگە يەرلىك كىشىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇردى. چېكىدىن ئاشقان بۇلاڭچىلار يەنىلا بابۇر ئەنجاندىن ئايرىلىدىغان چاغدا شۇ جايدا قالغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق كېلىپ چىقتى. ھەتتا ئاخىرىدا بابۇرغا قارشىلىق قىلغۇچىلارمۇ پەيدا بولدى.

بابۇرغا قارشى دەسلەپ قوزغالغانلار يەرلىك موگۇللار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەنجاندىكى موگۇللار خېلى كۆپ بولۇپ، بابۇرنىڭ ئانىسىنىڭ قول ئاستىدىلا 1500 دىن 2000 غىچە موگۇل بار ئىدى. بىرقانچە ئەمىر بىلەن بىللە ھىساردىن موگۇللار قوشۇلۇپ ئۇلار تەخمىنەن 4000 دىن ئاشتى. كەلگەن موگۇللار چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆرۈشتا ئالغان ئولجىلارنى ئۆزلىرىگە كىرىم ھېسابلايتتى. بابۇر ئۇلارنىڭ شۇ ئولجىلىرىنى تارتىۋالغاندا ئۇلار قارشىلىق بىلدۈردى ھەمدە ئۆزگەنتكە ئادەم ئەۋەتىپ تەنبەل بىلەن بىرلەشتى.

بابۇر لەشكەرلىرىنى باشلاپ 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەنجاندىن ئوشقا ھۇجۇم قىلىپ كامادۇ قورغىنى (ھازىرقى ئوشنىڭ شەرقىدىكى مادى) نى بېسىۋالدى. ئارقىدىنلا بۇ جايدىن ئىلگىرىلەپ ئوشنىڭ ئۇنجۇتۆپە دېگەن يېرىگە بارگاھ تىكتى. بۇ چاغدا تەنبەل ئابىخاتقا جايلاشقان بولۇپ، بابۇر بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن بەش ئىنگلىز چاقىرىم كېلەتتى. ئۇلار بۇ جايدا 40 كۈنگىچە ئۇرۇش ـ جېدەل قىلمىدى. كېيىن ـ ئىلگىرى بايسۇنگۇرنىڭ قول ئاستىدا تۇرغان سۇلتان ئەھمەد قاراۋۇل ھىساردىن، قەنبەر ئەلى ئوشتىن كېلىپ بابۇرغا يانتاياق

بولدى . ئۇلار چېرىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ھۇجۇم قوزغىدى . تەنبەل ئا-
بىخانىنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن بابۇر ئۇ يەرگە بېرىپ ئورۇنلاشتى .
ئەتىسى تەنبەل جاھانگىر مىرزا بىلەن بىرلىكتە ساقا دېگەن جايدا لەشكەر
تارتىپ بابۇر بىلەن جەڭ قىلدى . تەنبەل جەڭ باشلىنىشى بىلەنلا
ئىلاجسىز كېلىپ قاچتى . بابۇر غەلىبە قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن تەنبەل
تاشكەنتكە ئارقا - ئارقىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ، موگغۇل خانى مەھمۇد خان
بىلەن بىرلىشىپ بابۇرغا بىرلىكتە قارشى تۇرماقچى بولدى . مەھمۇدخان
ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ ، بەش - ئالتە مىڭ موگغۇل چېرىكنى تەنبەلگە
قوشۇپ بېرىپ كاۋانتاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى . بابۇر ھاۋانىڭ قاتتىق
سوغۇقلىقىغا قارىماي جەڭگە تەييارلاندى . ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا
كۆپلىگەن چېرىكلىرىنىڭ قول - پۇتلىرى ، قۇلاقلىرى ئۈششۈپ كەتتى .
ئەمما بابۇرنىڭ لەشكەرلىرى كاۋانتاغا ئىككى ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان
جايغا بارغاندا موگغۇللار چېكىنىپ كەتتى . تەنبەل يەنە مەغلۇپ بولۇپ
ئەرفىيان قورغىنىغا قاچتى .

1500 - يىلى 2 - ئايدا بابۇر لەشكەرلىرىنى باشلاپ نەمەنگاندىن
پىشخاران قورغىنىغا ئىككى ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان تۆپىلىككە كېلىپ
چۈشتى . ئۇ چاغدا تەنبەل جاھانگىر مىرزىنى مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ
مۇشۇ قورغانغا يۆتكىلىپ كەلگەنىدى . ئىككى تەرەپ بىر تالاي جەڭ
قىلدى . ئەمما ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن بابۇرنىڭ قول ئاستىدىكى ئەلى
دوست ، قەنبەرئەلى قاتارلىق بىرقانچە ئەمىرلەر ئۇنىڭ خاھىشىغا خىلاپ
ھالدا تەنبەل بىلەن سۆھبەتلىشىشكە باردى . بابۇر ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى
ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى چۈشەنمەي قارشىلىق قىلدى . بىراق ، بۇ ئەمىر-
لەر ئەمەلىي ھوقۇقتا ئىگە بولغاچقا ، ئاخىر ئۇلارنىڭ سۆھبەت نەتىجىسى
قوبۇل قىلىندى . يەنى : سىر دەرياسى (« بابۇرنامە » دە خوجەنت دەرياسى
دېيىلگەن — تەرجىمە قىلغۇچىدىن ) نىڭ شىمالى — ئاخسى تەرىپىدىكى
ۋىلايەتلەر جاھانگىر مىرزىغا بۆلۈپ بېرىلدى . دەريانىڭ جەنۇبى —
ئەنجان تەرەپتىكى ۋىلايەتلەر بابۇرغا قالدۇرۇلدى . كېيىن ئاكا - ئۇكا
ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ باش قوشۇشقاندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى

بىرلەشتۈرۈپ سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئەگەر بابۇر سەمەر-قەنتنى ئىشغال قىلسا پۈتۈن پەرغانە دائىرىسى جاھانگىر مىرزىغا بېرىلىدىغان بولدى. 1500 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جاھانگىر مىرزا بىلەن تەنبەل ئىككىيلەن بابۇر تۇرۇۋاتقان يەرگە كېلىپ ئۇنىڭغا باش قويدى. بابۇر ئىنىسىنىڭ ئاخسىغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلىپ ئۆزى ئەنجانغا قايتىپ كەتتى.

يىغىپ ئېيتقاندا، بابۇرنىڭ تېمۇر خاندانلىقىنىڭ پايتەختى سە-مەرقەنتنى ئىشغال قىلىپ تەختكە چىقىش غەرىزى ئىشقا ئاشمىدى. بەلكى ئۇ ئىلگىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان پەرغانە ۋىلايىتىنىڭمۇ ئىنىسى جاھانگىر مىرزا (ئەمەلىيەتتە تەنبەل) تەرىپىدىن يېرىمى دېگۈدەك بېسىۋېلىندى. بابۇر بۇ دەۋردە ئىككى نەرسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. شارائىتى قىيىنلاشتى، نۇرغۇن جاپالارنى تارتتى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ ئەنجانغا قايتىپ بېرىپ كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرەلىدى. ئاغا ـ ئىنى ئىككىيلەنىنىڭ پەرغانىنى تالىشىشى ئاخىرلاشتى.

## 2- بۆلۈم ئۆزبېكلەرنىڭ ماۋرا ئۇننەھرنى ئىشغال قىلىپ بابۇرنى قوغلاپ چىقىرىشى

بابۇر بىلەن ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنى گەرچە بىرمۇنچە ئەمىرلەر خان دەپ ئېتىقاد قىلىسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇنچىلىك چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئەنجاننىڭ ھەقىقىي ھوقۇقدارى بولسا ئەلى دوست ئىدى. بابۇر ئەنجانغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ ئەمىر ئۆكتەملىك قىلىپ بارلىق ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد دوستنىڭ قىلىقلىرىمۇ خۇددى پادىشاھنىڭكىدەكلا ئىدى.

سەمەرقەنتنىڭ تېمۇردىن كېيىنكى خانى سۇلتان ئەلىمۇ ئوخشاش ئەھۋالدا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ماۋرا ئۇننەھرنىڭ دىنىي رەھبىرى خوجا يەھيا روھىي جەھەتتىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپلا قالماستىن، ئەمەلىيەتتە دەھرىي ھاكىمىيەتنىمۇ ئۆز قولىدا تۇتاتتى. ئەمىر، بەگ، تارخان ۋە باشقا

ئەمەلدارلارمۇ تېمۇر خاندانلىقىنىڭ بۇ خانىنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمايتتى. مەسىلەن، بۇخارا تارخانى باقى بۇخارانىڭ بارلىق بېجىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ ئوغۇللىرى ۋە قول ئاستىدىكى يېقىنلىرىغا بۆلۈپ بەرگەنىدى. ئۇ سۇلتان ئەلىگە تاپشۇرغان بىر قىسىم ئازغىنا باجدىن سىرت، قالغان كىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆز چۆنتىكىگە سالاتتى. سۇلتان ئەلى ھەرقانداق ۋاستە بىلەنمۇ ئالالمايتتى. شۇڭا سۇلتان ئەلى ئۆز قوۋمىدىكىلەر بىلەن تارخانلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولدى. مۇھەممەد مەزىد بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇرۇق ـ ئەۋلاد ۋە ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى بىلەن بۇخارادىن كەتتى.

مۇھەممەد مەزىد موگغۇللارنى تەكلىپ قىلىپ سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ قاملاشتۇرالماي يەنە بابۇرنى تەكلىپ قىلدى. 1500 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بابۇر تەكلىپكە بىنائەن ئەنجاندىن قوزغىلىپ سەمەرقەنتكە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئۆرەتۆپىگە كەلدى. تېمۇرنىڭ پۇشتىدىن بولغان ئاغا ـ ئىنى، تاغا ـ جىيەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇنداق ئەخمىقانە ئىچكى ئۇرۇشلار ئاخىر ئۆزبېكلەرنىڭ خانى شەيبانىخان تەرىپىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىلدى.

شەيبانىخان موگغۇل خانى مەھمۇدقا ياردەم بەرگەنلىكتىن مەھمۇدخان تۈركىستاننى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى. بۇ ئىش يەرلىك ئاھالە — قازاقلارنىڭ موگغۇل خانىغا بولغان نارازىلىق ۋە قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ چاغلاردا قازاقلار ناھايىتى يۈكسەلگەنىدى. كېرەي خان بىلەن جانىبەك خاننىڭ باشچىلىقىدا ئۇلار ئۇيۇشۇپ (كۆپىيىپ) 20 تۈمەندىن ئاشتى. كېرەي خان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى بورۇندۇق تەخت ۋارىسى بولدى. جانىبەك خاننىڭ ئورۇنباسارى قاسىم خان بورۇندۇقنى ئاتاقتا خان دەپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قازاق قەبىلىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ھوقۇقلۇق ھۆكۈمرانى — ئۆزى ئىدى. ئۇلار ئىككىلىسىلا ئۆزبېكلەرنى ئۆزلىرىگە دۈشمەن كۆرەتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، موگغۇل خان مەھمۇد ئۆزبېك خانى شەيبانىخاننى قوللايتتى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرەتتى.

شەيبانىخان سىغناق، ئوترار، سايرام قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ بازا قىلىۋالغانىدى. ئۇ قازاقلار بىلەن پات ـ پاتلا توقۇنۇشۇپ تۇراتتى. قازاق خانى بورۇندۇق بىلەن قاسىم ئوترار ۋە سىغناققا ھۇجۇم قىلدى. مەھمۇدخاننىڭ ياردىمى بولغانلىقتىن شەيبانىخاننىڭ ھاكىمىيىتى بارغانچە قۇدرەت تاپقانىدى. ئۇ 1500 ـ يىلىنىڭ بېشىدا لەشكەرلىرىنى باشلاپ سەمەرقەنتكە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى ۋە ئون كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن شەھەر ئىچىدىكى قارشى كۈچلەرنى چېكىندۇرۇپ چاھارلىق (بابۇرنامەدە چاررەھ دېيىلگەن) دەرياسىدىن شەھەرگە كىرىپ باغى يازلىق سارىيىغا ئورۇنلاشتى. ئەتىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان باقى سەمەرقەنتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن بۇخاراغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن شەيبانىخان سەمەر-قەنتنى تاشلاپ باقى بىلەن جەڭ قىلدى. شەيبانىخان بۇخارانىمۇ بويسۇندۇرۇپ، تاۋابىئاتلىرىنى شۇ جايدا قالدۇرۇپ ئاندىن يەنە سەمەر-قەنتكە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇ بۇ شەھەرنىمۇ ئىشغال قىلدى. سەمەرقەنت قولغا چۈشۈپ ئۈچ ـ تۆت كۈندىن كېيىن سۇلتان ئەلى شەيبانىخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

شەيبانىخان سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلغان چاغدا بابۇر كېشتە ئىدى. ئۇ ئەمدى بېرىپ پايتەختنى تارتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراپ، ھېسار تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئىككى خىل پىلانى بار ئىدى. بىرى قارا تېكىن ۋە ئالاي تېغى ئارقىلىق تۇرپاندىكى تاغىسى ئەھمەدخان (مەھمۇدخاننىڭ ئىنىسى، يۇنۇس خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى)نىڭ يېنىغا بېرىش. بىراق، بۇ خىيالى ئىشقا ئاشمىدى. چۈنكى شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەگلەر، شەيبانىخان شەھەرنى ئالغىنىغا ئۇزۇن بولمىغاچقا، شەھەر ئاھالىسى بىلەن تېخى چۈشىنىشىپ كېتەلمىدى. ئەگەر ھازىر ھۇجۇم قىلساق خەلق ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ بېرىشى، بىزگە ياردەم بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆز-بېكلەر ئۈچۈنمۇ جەڭ قىلماسلىقى مۇمكىن دېگەندە، بابۇر بۇ پىكىرنى ئويلىشىپ كۆرۈپ يەنە سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىشنى جەزم قىلغانىدى.

ئۇ چاغلاردا شەيبانىخاننىڭ قارىمىقىدىكى ئۆزبېكلەر، شەھەردە تو-

رۇشىنى ياقتۇرمىغاچقا، ئۇ يەتتە ـ سەككىز مىڭ كىشىنى باشلاپ خوجا دىدارغا يېقىن جايغا كېلىپ بارگاھ قۇردى. قالغان 2000 كىشى سەمەرقەنتتە قېلىپ شەھەرنى ساقلىدى. دەل مۇشۇنداق چاغدا 19 ياشلىق بابۇر 240 كىشىلىك قوشۇن بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يېرىم كېچىدە لەشكەرلىرى بىلەن مەغەك كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، ئۇ جايدىن 70 ـ 80 ئادەمنى شوتىغا يامىشىپ شەھەرگە كىرىشكە ئەۋەتتى. دەرۋازا ئېچىلدى. قوشۇن شەھەرگە بۆسۈپ كىردى. قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن شەھەر ئاھالىسى ئويغىنىپ ئۆزبېكلەردىن تۆت ـ بەش يۈزچە ئادەمنى كوچىلاردا خۇددى ئىتنى ئۇر ـ ئۇر قىلغاندەك تاش ـ تاياقلار بىلەن ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ئۆلتۈردى. شەيبانىخان چېكىنىپ بۇخاراغا كەتتى.

بۇ قېتىم (يەنى ئىككىنچى قېتىم) بابۇر سەمەرقەنتنى ئىگىلەپ پەقەت بەش ـ ئالتە ئايلا ساقلاپ تۇرالىدى. ئىككىنچى يىلى (1501 ـ يىلى) باھاردا شەيبانىخان قايتا ھۇجۇم قىلىپ سەمەرقەنت شەھىرىنى تۆت ئايغىچە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. شەھەردىكىلەر كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپمۇ غەلىبە قىلالمىدى. بۇ دەل ئاشلىق تازا پىشقان پەسىل بولۇپ، شەھەردىكىلەر چىقىپ ئاشلىقلىرىنى يىغىۋالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ مۇسۇلمانلار چوشقا، ئېشەك گۆشلىرىنى يەپ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۈجمە ۋە قارىياغاچ دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى ھەتتا ياغاچلارنى ئۇششاقلاپ ئاتلىرىنى باقتى. بابۇر ھەر تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپمۇ ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. ئۇ ئاز ـ تولا ياردەم قىلىش ئۈمىدتا تۇرسۇن، ياخشى سۆزلەر بىلەن مەدەتمۇ بەرمىگەن، ئەكسىچە شەيبانىخان بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ يۈرگەن سۇلتان ھۇسەيىندىن بەكمۇ ئاغرىندى. بۇنداق ئەھۋالدا ئاۋامۇ، چېرىكلەرمۇ قېچىشقا باشلىدى. بابۇرنىڭ يېقىنلىرى ھەم چاكارلىرىمۇ كېتىشكە باشلىدى. بابۇرمۇ نائىلاج ئانىسى بىلەن ئازراق كىشىنى باشلاپ سەمەرقەنتتىن قېچىپ چىقتى. بىراق ئاچىسى خانزادە بېگىم شەيبانىخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. كېيىن ئۇ شەيبانىخاندىن بىر ئوغۇل تۇغدى، ئىسمى غۇلام شاھ دەپ قويۇلدى.

مىبرى « بۇ قېتىم سەمەرقەنتنىڭ قولدىن كېتىشى تېمۇر خاندانلىقىنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ » دەپ يازىدۇ ( « بۇخارا تارىخى » ئىنگلىزچە ، 255 ـ بەت ). شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە سەمەرقەنت ئاھالىسى ياقا ـ يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈردى . شەھەرنىڭ دىنىي رەھبىرى خوجا يەھيا ساقال ـ بۇرۇتىنى چۈشۈرۈپ گىرىم قىلىپ قېچىپمۇ تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلدى .

بابۇر سەمەرقەنتتىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئۆرەتۆپىگە يېقىن جايغا كېلىپ قىشنى ئۆتكۈزدى . بىر قېتىم تاغدا قېچىپ يۈرگەندە ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئادەملىرى توڭلاپ ئۆلدى . يا بارىدىغان ، يا تۇرىدىغان يېرى قالمىغان بابۇر ئايلىنىپ يۈرۈپ تاشكەنتتىكى چوڭ تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ قېشىغا كەلدى . ئۇ بۇ جايدىمۇ خورلۇق ۋە نامراتلىق ئىچىدە كۈن كەچۈردى . ماكانسىزلىق بىلەن پۇل ـ مالسىزلىق ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى . بابۇر بالىلىق چاغلىرىدىلا جۇڭگوغا بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى ، ئەمما پەرغانە بىلەن سەمەرقەنتكە خان بولۇپ قالغانلىقى ، ئانىسىنىڭ ئەندىشە قىلىپ ئەۋەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن شۇ چاغقىچە بارالمىغانىدى . مانا شۇ كۈنلەردە ئاشۇ توسالغۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بولمىغانلىقتىن ، ئۇ دەرھال جۇڭگوغا ، ئەمەلىيەتتە تۇرپاندىكى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان تاغىسى ئەھمۇدخاننىڭ قېشىغا بېرىشنى قارار قىلدى .

ئەپسۇسكى ، دەل شۇ چاغدا ئەخمەدخان مەھمۇدخانغا ياردەملىشىپ شەيبانىخانغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تاشكەنتكە كەلدى . شەيبانخان ۋە باباخان سۇلتانمۇ دادىسى بىلەن بىللە كەلگەنىدى . بابۇر ئەھمەدخان بىلەن كۆرۈشكەندە خان ئۇنىڭغا ئات ، ئېگەر ـ توقۇم ، موڭغۇلچە كىيىم ـ كېچەك ، جۇڭگونىڭ تاۋار ـ دۇردۇن ، نىمچە ، دۇبۇلغا ساۋۇت قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى .

مەھمۇدخان بىلەن ئەخمەتخان ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئاۋۋال تەنبەلنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ ، ئاندىن شەيبانىخانغا ھۇجۇم قىلىپ سەمەرقەنتنى ئېلىشنى پىلانلىدى . ئۇلار 1503 ـ يىلى بابۇر بىلەن بىللە ئۈچ تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ پەرغانە قەلئەسىگە بېرىپ تەنبەلنى باستۇردى .

ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق بولدى: بابۇر بىر بۆلۈك لەشكەرنى باشلاپ سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۆزكەنتكە بېرىپ ئاخسىدا تۇرۇۋاتقان تەنبەلنىڭ قوشۇنلىرىغا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككى خان ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىپ ئەنجاننى ئالدى. تەنبەلنىڭ ھۆكۈمرانلىقى پەرغانە خەلقىنىڭ قوللىشىغا سازاۋەر بولالمىغانىدى. دېھقان ـ چارۋىچىلار بابۇر يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا بېقىندى. بۇنىڭ بىلەن ئەنجاننىڭ نۇرغۇن قورغانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بابۇر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. تەنبەلنىڭ قوۋمى ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. ئەنجاننى ساقلاۋاتقان سۇلتان مۇھەممەد كەلپۇك (تەنبەلنىڭ ئىنىسى) مۇ ئەيش تېغى ئېتىكىگە كەتتى. مۇشۇنداق چاغدا بابۇر ئەنجاننى ئىشغال قىلىۋالدى. بىراق، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەسلىھىتى بويىچە چېكىنىپ دەم ئالماي دەپ ئوبدان پۇرسەتنى قولدىن بېرىۋەتتى. ئۇلار تۈزلەڭلىككە چىقىپ بارگاھ تىكىپ مۇداپىئەسىز ھەم قاراۋۇل تۇرغۇزمىغان ھالدا ئارام ئېلىش ئۈچۈن يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

مەھمۇدخاننىڭ ئىنىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان تەنبەل دەل شۇ چاغدا ئەنجانغا چېكىنىپ كېلىپ، سۈبھىدىن بۇرۇن بابۇرنىڭ بارگاھىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. بابۇرنىڭ ئەمىر ـ لەشكەرلىرى ئويغىنىپلا ھەر تەرەپكە قاچتى. بابۇر دەرھال قىلىچ ـ ساداقلىرىنى ئېلىپ ئېتىغا مىنىپ ئاتلاندى. جەڭدە ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىغا ئوقيا ئوقى تەگدى. بېشى يېرىلىپ ئېغىر يارىلاندى. شۇنىڭ بىلەن نائىلاج ئوشقا چېكىندى.

مەھمۇدخان ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن تەنبەلنى ئەنجاننىڭ يېنىغىچە قوغلاپ باردى. ئىككى كۈندىن كېيىن بابۇر ئوشتىن مەھمۇدخاننىڭ بارگاھىغا كەلدى. كۆرۈشۈشتە مەھمۇدخان ئىلگىرى بابۇرغا ئىتائەت قىلغاندەك قىلىپ، خوجەنت دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەنجان قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى ئىنىسى ئەھمەد خانغا بېرىپ، دەريانىڭ شىمالىدىكى ئاخسى تەۋەسىدىكى ۋىلايەتلەرنى بابۇرغا بۆلۈپ بەردى. ئۇ يەنە پەرغانىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىشقا، ئەگەر غەلىبە قىلىپ قالسا، سەمەرقەنت ئۆزىگە بېرىلىپ، پۈتكۈل

پەرغانىگە ئەھمەدخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ماقۇل بولدى. بابۇر ئۆز ئەسلىمىسىدە: «مەھمۇدخاننىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان ئىدى» دەپ يازىدۇ. ئەمما بابۇر، موگغۇل خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ شەيبانىخانغا قارشى جەڭ قىلغانلىقتىن، ئاخىرىدا ئۆزگىنى دەپ ئۆزىنى ھالسىزلاندۇرۇپ قويدى.

بۇ چاغدا پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ئەنجان بىلەن ئاخسىدىن باشقا پۈتكۈل زېمىنى موگغۇل خانىغا قارايتتى. ئەمدىكى ئىش بۇ ئىككى شەھەرنى ئېلىش ئىدى. شۇ يىلى مەھمۇدخان بابۇرنى بىرقانچە ئەمىر بىلەن بىللە ئاخسىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئىككى خان ئۆزلىرى باش بولۇپ، تەنبەل ئىگىلەپ تۇرغان ئەنجانغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. بابۇر نەۋ-كەنتنى ئىگىلەپ تۇرۇشىغا ئاخسىنىڭ تۇرغاق سانغۇنى شەيخ بايەزىد (تەنبەلنىڭ ئىنىسى) ئادەم ئەۋەتىپ، بابۇرنى شەھەرگە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بابۇر ئاخسىنى ئىگىلىدى. ئىككى خان تېزلىك بىلەن ئەنجانغا ھۇجۇم قىلدى. تەنبەل شەھەرنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ تەسلىكىگە كۆزى يېتىپ شەيبانىخانغا ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. شەيبانىخان ماقۇل بولدى. 1503 ـ يىلى باھاردا شەيبانىخان ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، خوجەنت، شەھرۇقەيا (沙鹿海牙) لارنى بېسۋالدى. كۈتۈلمىگەندە، يەنە موگغۇل خانىغا ھۇجۇم قىلدى. ئاندىن سەمەرقەنتتىن چىقىپ ئۆرە تۆپىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇل ئاتلىنىپ پەرغانىنى ئالدى. بۇ كۈنلەردە موگغۇل خان تەنبەلگە قارشى ئۆزلۈكسىز يۈرۈش قىلىپ، بابۇر بىلەن ئاخسىغا كەلگەنىدى. شەيبانىخان ئۈچ تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ بۇ جايغىمۇ تۇيۇقسىز يېتىپ كەلدى. ئىككى خاننىڭ قوماندانلىقىدىكى 15 مىڭ لەش-كەر ئۆزىنى ئوڭشاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. (بەزى كىتابلاردا ئۆزبېكلەر 6000، موگغۇل چېرىكلىرى ئىككى تۈمەن دېيىلگەن) ئۆزبېكلەر تېزلا غەلىبە قىلدى. مەھمۇدخان بىلەن ئەھمەدخان ئاتلىرى چارچاپ ماڭالماي قالغانلىقتىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. بابۇر پەرغانىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

شەيبانىخان موگغۇل خانلىقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن پەرغانىنى

ئىشغال قىلىپ، بۇ ۋىلايەتنى تەنبەل بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىغا ھەدىيە قىلىۋەتتى. ئارقىدىنلا ئۇ ئاخسىدىن تاشكەنتكە ئاتلىنىپ بۇ شەھەرنىمۇ ئىگىلىگەندىن كېيىن، مەھمۇدخان بىلەن ئەخمەتخاننى قويۇپ بەردى. بىراق بىر ئاماللارنى قىلىپ مەھمۇدخاننىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى تارتىۋېلىپ، 3000 نەپەر موڭغۇل چېرىكنى ئۆز لەشكەرلىرىگە قوشۇۋالدى. يۇقىرىقى ۋەقەلەر 1503 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يۈز بەردى.

ئاكا ـ ئۇكا خانلار موغۇلىستانغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1503 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەخمەتخان كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلى مەنسۇر تۇرپانغا سۇلتان بولدى. مەنسۇر ملك سۇلالىسى بىلەن قۇمۇلنى تالىشىپ ئۈزلۈكسىز جەڭ قىلغاچقا مەشھۇر نامى جۇڭگو تارىخنامىلىرىگە پۈتۈلدى.

بابۇر پەرغانىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىققا قاچقاندىن كېيىن، شەيبانىخان ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى. بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە بابۇر تاشكەنت ئارقىلىق موغۇلىستان تەرەپكە كەتكەن. بىراق، ئۇ تەرەپتىكى يوللاردا ماڭغىلى بولمىغانلىقتىن يەنە قايتىپ كېتىپ پەرغانىدىكى سەڭ (苏赫) بىلەن خۇشئار تېغىغا قايتىپ كەتتى. ئۇ يەردە تەخمىنەن بىر يىلچە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېيىن ھىسارغا بارغان دېيىلىدۇ.

ھىسارنىڭ ھۆكۈمرانى خۇسراۋ شاھ بابۇرغا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى ھىسار تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىشكە قىستىدى. بابۇر يەنە بۇرۇنقىدەك سەرسانلىقتا قالدى. ئۇ مەيۇسلىنىپ غەمگە پاتقان ھالدا چەكسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۇ يەردىن ـ بۇ يەرگە دوقۇرۇپ يۈرۈپ ئافغانىستاننىڭ گۇر بىلەن باگران (巴格兰) دېگەن يېرىگە يەتتى. بۇ چاغدا ئۇلار ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى.

## 3 ـ بۆلۈم بابۇرنىڭ جەنۇبىي كابۇلنى ئېلىشى

بابۇر ئۆزبېكلەرنىڭ قوغلاپ چىقىرىشى بىلەن ئىلاجىسىز

باگران ( 巴格兰 ) ۋىلايىتىگە كەلدى. قارىغاندا، ئۇ يەرمۇ ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بازا قىلىشقا بولىدىغاندەك ئىدى. ئەسلىدە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ياخشى، بايلىقى مول جاينى تاللاپ ئۇزۇن يىللىق ماكان قىلىشى لازىم ئىدى. بابۇر كابۇل ۋىلايىتىنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ كېيىن ئۆز ئەسلىمىسىدە بۇ ۋىلايەت ھەققىدە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق يېزىلغان: كابۇل ۋىلايىتى ئەسلىدە ئۇلۇغبەگ ( ئەبۇسىيدخاننىڭ ئوغلى )نىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى ئىدى. ئۇلۇغبەگ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ۋىلايەت سۇلتان ھۈسەيىننىڭ قول ئاستىدىكى مىرزا — زۇنۇن ئارغۇننىڭ ئوغلى مۇقىمنىڭ قولىغا چۈشتى. يەنى تېمۇرنىڭ ئەۋلادىغا ئۆتۈنۈپ بېرىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن بابۇر شەك - شۈبھىسىزلا ئۆز ئەملىگە تايىنىپ بۇ رايوننى تارتىۋالدى.

بابۇرنىڭ زامانىدا ئافغانلار ئاساسەن كابۇلدىن پىشاۋۇرغا بارىدىغان يولنىڭ جەنۇبىغا ئولتۇراقلاشقانىدى. شۇڭا ئەينى يىللاردىكى ئافغانىستان ، ئافغانلار ئولتۇراقلاشقان جاي دېگەن مەنىدە ) بىلەن ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك مەنىسى ئوخشىمايتتى. «بابۇرنامە»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان شۇ دەۋرگە ئائىت ئەسەرلەردە كونكرېت قىلىپ، پەقەت كابۇل، قەندىھار، غەزنىۋى، ھىرات قاتارلىق جايلارلا تىلغا ئېلىنغان ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ ئافغانىستان دەپ ئاتالغان. بابۇر كابۇلنىڭ قولۇم - قوشنىلىرى ( كابۇلغا تۇتىشىدىغان رايونلارنى دېمەكچى ) ھەققىدە توختالغاندا: كابۇل جەنۇبتا فەرمۇل، تەگار، بەننو ۋە ئافغانىستان بىلەن، شىمالدا قۇندۇز ۋە ئەنداراب بىلەن تۇتىشىدۇ، ھىندىقۇش تېغى بۇ ئىككى ۋىلايەتنى ئايرىپ تۇرىدۇ؛ شەرق تەرىپى لەمخانات، پىشاۋۇر، قاشتىناگار ۋە ھىندىستاننىڭ بىرقانچە ۋىلايەتلىرى بىلەن؛ غەرب تەرىپى كەرنۇد ۋە گۇر جايلاشقان تاغلىق بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ جايدا ھازارلار ۋە نەكدەرىلەرنىڭ قەبىلىسى تۇرىدۇ، دەپ يازغان.

كابۇل ۋىلايىتىدە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ مىللەت تەركىبى

ناھايىتى مۇرەككەپ، تاغلىق ۋە تۈزلەڭلىكلەردە تۈركلەر، موڭغۇللار، ئەرەبلەر بار. شەھەر ـ بازار ۋە كۆپلىگەن يېزا ـ قىشلاقلىرىدا سارتلار، يەنە باشقا يېزا ـ قىشلاقلىرىدا پەشايلار، پەراچىلار، تاجىكلار، بېرىكلەر ۋە ئافغانلار بار. غەربىدىكى تاغلىق رايونلار ھازارلا ۋە نەكدەرىلەرنىڭ ماكانى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى موڭغۇل تىلىنى ئىشلىتىدۇ. غەربىي شىمالىدىكى تاغلىق رايونلار مەسلەن، كەنتۇر ۋە كەبرەك قاتارلىق جايلار كاپىرلارنىڭ ماكانىدۇر، جەنۇب تەرەپ ئافغان قەبىلىسىنىڭ ماكانىدۇر. كابۇلدىكى كىشىلەر 11 ـ 12 خىل تىلدا سۆزلىشىدۇ. ئۇلار: ئەرەب، پارس، تۈرك، موڭغۇل، ھىندى، ئافغان، پەشاي، پەربى، كەبەر، بەرەك ۋە لەمخانات تىللىرىدۇر. بابۇر ئۆزىنىڭ ھېچقانداق جايدا بۇنچە كۆپ قوۋم ۋە تىلنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى يازىدۇ.

ھىندىقۇش تېغى بەلخ، قۇندۇز، بەدەخشان بىلەن كابۇلنى ئايرىپ تۇرغانلىقتىن، كابۇلغا بېرىش ئۈچۈن ھەرقايسى تاغ ئېغىزلىرىدىن ئۆتىدىغان يەتتە يول بار. بۇ تاغ يوللىرىنىڭ ھەممىسى تىك ياداڭلىق بولۇپ، يۇقىرىقى قوۋمدىكىلەرنىڭ كابۇلغا كىرىشى ئىنتايىن مۇشكۈل بولۇپ، سوغۇق.قىش كۈنلىرى تۆت ـ بەش ئايلاپ قېلىن قار دەستىدىن يوللار توسۇلۇپ قالىدۇ. (بۇنداق چاغدا شىبەرتى ئۆتكىلى ئارقىلىق ماڭىدىغان يولدىنلا ماڭغىلى بولىدۇ) پەقەت كۈز پەسلىدىكى ئۈچ ـ تۆت ئاي ئىچىدىلا بۇ يوللاردىن مېڭىش قولايلىقراق ھەمدە يولدىكى قاراقچىلارمۇ ئازراق. كابۇلدىن خۇراسانغا بارىدىغان يول قەندىھاردىن ئۆتىدۇ. بۇ يول تۈز ھەم ئۆتكەلسىز. ھىندىستان تەرەپتىن كابۇلغا كېلىدىغان تۆت يول بار بولۇپ، بىرى فەيبەر ئۆتكىلىدىن باشلىنىپ لەمخانات ئارقىلىق كېلىدۇ. بىرى ـــ بەنكەش ئارقىلىق، بىرى تەغەر ئارقىلىق، يەنە بىرى فەرمۇل ئارقىلىق كابۇلغا كېلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەبلەر ئەرەبىيەنىڭ سىرتىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەجەم (Ajam) دەپ ئاتايتتى. ھىندىلار بولسا ھىندىستاندىن باشقا جايلارنى خۇراسان دەپ ئاتايتتى. ھىندىستان بىلەن خۇراسان ئارىلىقىدا ئىككى چوڭ سودا مەركىزى بار بولۇپ، بىرى قەندىھار، يەنە

بىرى كابۇل ئىدى. كابۇلغا بېرىپ تىجارەت قىلىدىغان ياكى كابۇلدىن ئۆتۈپ باشقا جايلارغا بېرىپ سودا - سېتىق قىلىش ئۈچۈن ھەر - ھەر يەرلەردىن سودىگەرلەر كېلەتتى. مەسىلەن، قەشقەر، پەرغانە، تۈركىستان، سەمەرقەنت، بۇخارا، بەلخ، ھىسار ۋە بەدەخشانلىق كارۋانلار. ھىندىستان تەرەپتىن كېلىدىغان كارۋانلار، قەندىھارنى بېسىپ ئۆتۈپ كېلىدىغان خۇراساننىڭ كارۋانلىرىمۇ بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەرىيلى كابۇلغا كەلتۈرۈلىدىغان ئات يەتتە - سەككىز مىڭ ھەتتا 10 مىڭ تۇياققا يېتىدىكەن. ھىندىستاندىن كېلىدىغان سودىگەرلەرنىڭ سانى 15 مىڭ ھەتتا 20 مىڭ كىشىگە يېتىدىكەن. ئۇلار ھىندىستاندىن ئاساسەن قۇل، ئاق رەخت، شېكەر، ناۋات، قەنت، دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئەكىلىپ ساتىدىكەن. بەزى سودىگەرلەر تېخى جۇڭگو ۋە روم (تۈركىيە) غا بېرىپ، سودا قىلىپ پايدا ئېلىپ كېلىدىكەن. نۇرغۇن سودىگەرلەر بىرگە ئۈچ - بىرگە تۆت پايدىغىمۇ رازى بولمايدىكەن. كابۇل ناھايىتى ياخشى بازار بولۇپ، بۇ جايدىن جۇڭگو، خۇراسان، ئىراق ۋە رۇمنىڭ ماللىرىنى تاپقىلى بولىدىكەن.

كابۇل ۋىلايىتى مەمۇرىي جەھەتتىن 14 تۈمەنگە①ئايرىلىدۇ. تۈمەنلەرنىڭ ئەڭ چوڭى غەزنىۋى بولۇپ كۆپلىگەن كىشىلەر كازنىن (Ghaznin)دەپ يازىدۇ. زابۇلستانمۇ دېيىلىدۇ. (. تاڭ دەۋرىدىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە چاغۇدا بەگلىكى دەپ تەرجىمە قىلىپ يېزىلغان) غەزنىۋى ئىلگىرى سۇيۇق تېكىن، مەھمۇد ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ پايتەختى بولغان. بابۇر: « مېنىڭ ھەيران بولىدىغىنىم غەزنىۋى ھېچقانچە چوڭ يەر ئەمەسكەن، ھىندىستان بىلەن خۇراسانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان خانلار نېمىشقا بۇ جاينى پايتەخت قىلىۋالىدىغاندۇ » دەپ يازىدۇ. بەزىلەر تېخى قەندىھارنى غەزنىۋىنىڭ بىر بۆلىكى قىلىۋالغان. غەزنىۋى تەۋەسىدە بىر ئېقىن بار بولۇپ، شەھەر، بازار ۋە تۆت -

---

① تۈمەن: ھەر بىر چوڭراق رايوننىڭ مەركىزىگە قاراشلىق رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا تۈمەن، ئەنجان، قەشقەر قاتارلىقلاردا ئارچىن، ھىندىستاندا پەرغان دەپ ئاتالغان.

بەش كەنتنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە باشقا ئۈچ ـ تۆت كەنت كارىز سۈيىدە سۇغىرىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئۈزۈمى كابۇلنىڭكىدىن ياخشى، قوغۇن ـ تاۋۇزمۇ كۆپ. ئالمىسى بەك ئېسىل بولۇپ، ھىندىستانغا تارتىلىدۇ.

كابۇل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، غەزنىۋىدە ھەممىلا نەرسە ئەرزانراق، غەزنىۋىلىكلەر ئىسلام دىنىنىڭ ھەنەپىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئەنئەنىچىلەر مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلاردۇر.

ئومۇمەن، ئېيتقاندا، كابۇل ۋىلايىتىدە تاغمۇ، يايلاقمۇ ئېتىز ـ ئېرىقمۇ بار. كابۇل شەھىرى دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق. ئۇنىڭ كىلىماتى: ئىسسىق جايلىرى بىلەن سوغۇق جايلىرى يېقىن. كابۇلدىن چىقىپ بىر كۈن ئىچىدە پەقەت قار ياغمايدىغان جايغا بارغىلى، يەنە بىر تەرەپكە تۆت سائەتچە مېڭىپ قار ـ مۇزلىرى مەڭگۈ ئېرىمەيدىغان يەرگە بارغىلى بولىدۇ. كابۇلنىڭ ھاۋاسى يېقىشلىق، ياز كۈنلىرى ئۈستىگە جۇۋا يېپىنىۋالمىسا ئۇخلىغىلى بولمايدۇ. قىشتا قار ناھايىتى قېلىن ياغسىمۇ سەمەرقەنت بىلەن تەبرىزدىكىدەك سوغۇق بولمايدۇ. بابۇرنىڭ گېپىچە، ئۇ دۇنيادا يەنە كابۇلنىڭكىدەك ياخشى ھاۋالىق جاي بارلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەن. كابۇلدىن ئىسسىق ئىقلىم بىلەن سوغۇق ئىقلىمدا بولىدىغان مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى — ماندارىن، لىمون، ئۈزۈم، شېكەر قومۇچى، ئانار، ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، قارا ئۆرۈك، بادام، ياڭاق قاتارلىقلار چىقىدۇ. بىراق، بۇ جايدا دانلىق زىرائەتلەر ئانچە ئوخشىمايدۇ. كابۇل ئەتراپىدا ناھايىتى ياخشى يايلاقلار بار. ئوتى ئاتقا بەك ياقىدۇ. دېھقان ـ مالچىلاردىن ئېلىنىدىغان باج يىلدا 80 تۈمەن رۇپىيىگە يېتىدۇ.

مانا شۇنداق ئېسىل يەر بابۇرغا يېقىپ قالىدۇ. ئۇ ئافغان تەۋەسىگە كىرىشتىن سەل ئىلگىرى كابۇلنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن بۇ جاينىڭ ھۆكۈمرانى مۇقىمغا ئادەم ئەۋەتىپ سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. مۇقىم بىر تەرەپتىن، قەندىھارغا ئادەم ئەۋەتىپ دادىسى بىلەن ئاكىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بابۇرنىڭ كۆزىنى بوياپ، بەزىدە قۇللۇق بىلدۈرۈپ، بەزىدە گېپىدە تۇرمايدۇ. بابۇر ئۈچ بارگاھ قوشۇننى

باشلاپ قىستاپ كېلىدۇ . مۇقىم دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئاخىر شەھەرنى ساقلاپ قېلىشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، بابۇردىن سەردارلىرىنى باشلاپ، قورغاندىن چىقىپ كېتىشۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ . بابۇرمۇ ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى بىلەن بارلىق قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى ئېلىپ قەندىھارغا كېتىشىگە يول قويىدۇ . شۇنداق قىلىپ 1504 - يىلى 10 - ئايدا بابۇر ئۇرۇش قىلماي، كابۇل بىلەن غەزنىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا قاراشلىق ۋىلايەتلەرنى ئىگىلەيدۇ . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېمۇر خاندانلىقىنىڭ كەنجى خانى بولغان بابۇر بۇنىڭدىن ئىلگىرى شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەتتا سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا كۈن كەچۈرگەنىدى . كابۇلغا كېلىشى بىلەنلا، قول ئاستىدىكىلىرى كۆپەيگەن، ياش قۇرامىمۇ چوڭايغان بۇ شەخس پەيدىنپەي ھوقۇقتا ئېرىشىپ، پادىشاھقا ئوخشاشقا باشلىدى ۋە ئافغانىستان ھاكىمىيىتىگە مۇستەقىل يۈرۈش قىلدى . بابۇر كابۇلنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن يەرلىك ئاھالىدىن غەللە - پاراق، قوشۇمچە باج يىغىپ كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان لەشكەرلىرىنىڭ تەمىناتىنى قامدىدى . ئۇ بايلىق بىلەن يەنە ھىندىستاننى بويسۇندۇرغىلى ھەمدە ماۋرا ئۇننەھردىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى قايتۇرۇۋالغىلىمۇ بولاتتى .

بابۇر كابۇلنى بويسۇندۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، غەزنىۋى بىلەن ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنى ئىنىسى جاھانگىر مىرزىغا، نىگەنھار، مەندىراۋەر، كۇنەر قاتارلىق تۈمەنلەرنى كىچىك ئىنىسى ناسىرمىرزىغا بەردى . پەرغانىدىن ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئەمىر، بەگلەرگىمۇ ياخشى ئېتىبار، ھەسسىلەپ ئىنئام بېرىلدى .

## 4 - بۆلۈم شەيبانىخاننىڭ خۇراساننى بويسۇندۇرۇشى، تېمۇر خاندانلىقىنىڭ يوقىلىشى

شەيبانىخان پەرغانىنى ئىشغال قىلىپ بابۇرنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، خۇراساندىكى تېمۇر خاندانلىقىنى يوقاتماقچىدى . ئامۇ دەرياسى

نىڭ جەنۇبىغا قاراپ لەشكەر تارتىپ مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئالدى بىلەن ماۋرا ئۇننەھردىكى بارلىق قارشى كۈچلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى . 1503 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ( ياكى 11 ـ ئايدا ) شەيبانىخان قوشۇننى باشلاپ ، خۇسراۋشاھنىڭ تەۋەلىكىگە باستۇرۇپ كىردى . خۇسراۋ شاھنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ھەر تەرەپكە قاچتى . پوتەيدە تۇرۇۋاتقانلار پەقەت پوتەينىڭ ئىچىدىن چىقماي ئۆزىنىلا قوغدىدى . پوتەي ـ ئىستىھكامسىز قالغانلار تاغ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ يوشۇرۇندى ياكى يىراقلاردىكى دەريا ساھىلىغا قېچىپ كەتتى . بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن شەيبانىخان ، ئەگەر ئىككىنچى قېتىم يەنە ھۇجۇم قىلسا ، چوقۇم خۇسراۋشاھنى قوغلاپ چىقىرىپ ، تارمار قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى . شۇ يىلى قىشتا شەيبانىخان ( 1503 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1504 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى قىشتا ) بەلخ ( باكتىرىيە ) نىمۇ سىناپ كۆردى . ئۇ بۇ شەھەرگە دەل بىر قىش قورشاپ ھۇجۇم قىلالىغانىدى . خۇراسان تەرەپ مۇھاسىرىدىن چىقىپ كېتەلمىدى . شەيبانىخان 1504 ـ يىلى باش ئەتىيازدا لەشكەرلىرىنى سەمەرقەنتكە قايتۇرۇپ كەتتى . جەنۇبتىن قىلىنىدىغان ھۇجۇمنىڭ ئەنسىزچىلىكىنى تۈگىتىش ئۈچۈن شەيبانىخان سەمەرقەنتتە پەقەت بىر ـ ئىككى ئايلا تۇرۇپ ، 1504 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئەنجانغا ھۇجۇم قىلدى . ئۇ چوڭ قوشۇننىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ شەھەرگە ئۈچ ئايغىچە ھۇجۇم قىلدى . ئاخىر تەنبەل شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولدى . ئۆزبېكلەر بېسىپ كىلىپ ، تەنبەلنىڭ بىر تۈركۈم ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى . تەنبەلنىڭ يوقىتىلىشى ، شەيبانىخاننىڭ ئاخىر پەرغانە ۋىلايىتىنى بويسۇندۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى .

شەيبانىخان پەرغانىنى ئالغاندىن كېيىن ، سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىپ ، سەل ئارام ئېلىپلا ھىسارغا يۈرۈش قىلىپ خۇسراۋ شاھقا ھۇجۇم قىلدى . خۇسراۋ شاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ، دەرھال مال ـ دۇنياسىنى تاشلاپ قاچتى . ھىسارنى ساقلاۋاتقانلار تەسلىم بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھىسارنىمۇ بويسۇندۇرۇۋالدى .

شەيبانىخان ئارقىدىنلا تېمۇر خاندانلىقىنىڭ خۇراساندىكى خانى سۇلتان ھۈسەيىننىڭ قارىمىقىدىكى خارەزمنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن

ئاتلاندى . ئۇ چاغدا خارەزىمنىڭ پايتەختى ئۈرگەنچنىڭ ( خىۋا ) مۇپەتتىش بېگى — سۇلتان ھۇسەيىن تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن چىن سوپى دېگەن كىشى ئىدى . 1504 - يىلى قىشتا شەيبانىخان چوڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ئۈرگەنچكە ھۇجۇم قىلدى ۋە 10 - ئايغىچە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى . بۇ جەرياندا چىن سوپى ھەر تەرەپتىن ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ھېچكىم ماقۇللۇق بىلدۈرمىدى . خارەزىمدىكىلەر ئۆزلىرى باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئاجايىپ ياخشى جەڭ قىلدى ۋە كېيىنكى زامانلاردا ئەۋلادلىرىنىڭ مەڭگۈ مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولدى . بۇ قېتىمقى جەڭدە تەمىنات يېتىشمەسلىكتىن كۆپلىگەن ئادەم ۋە ئاتلار ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى ياردەمدىن ئۈمىد بولمىغاچقا ، بىر قىسىم كىشىلەر ئەشەنچىنى يوقاتماقتا ئىدى . يەنە بىر قانچە كىشى خائىنلىق قىلىپ ، ئۆزبېكلەر تەرەپكە يوشۇرۇنچە بېرىپ تىل بىرىكتۈرۈپ ، دۈشمەننى شەھەرگە باشلاپ كىردى . چىن سوپى بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ، نەق مەيدانغا بېرىپ دۈشمەن ئادىمىنى شەھەردىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندا ئۆزىنىڭ چېرىكى ئۇنىڭغا ئوق ئاتتى . ئوق ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تېگىپ قازا قىلدى . بۇ ھىجرىيە 911 - يىلى رەبىئۇلئاخىر ئېيىنىڭ 21 - كۈنى ( مىلادى 1505 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ) ئىدى . چىن سوپى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھېچكىم يەنە ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئۆزبېكلەر خارەزىمنى ئىشغال قىلدى .

شەيبانىخان شىمالدىكى موڭغۇللارنىڭ تەسىر كۈچىنى بۇزۇپ ، بابۇرنى قوغلاپ چىقىرىپ ، تەنبەلنى يوقىتىپ ، يەنە خارەزىمنى بويسۇندۇرۇپ ، سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى پۈتكۈل ماۋرا ئۇننەھر رايونىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى . ئۇنىڭ ئەمدىكى نىشانى ، سۇلتان ھۇسەيىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى خۇراساننى ئېلىش ئىدى .

شەيبانىخان خۇراسانغا جەنۇبتىن ھۇجۇم قىلىشى بىلەنلا تېمۇرنىڭ ھىراتتىكى ئاخىرقى خانى سۇلتان ھۇسەيىن تېزلىك بىلەن ئۆلىمالىرىنى ياردەمگە چاقىردى . كابۇلغىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ بابۇردىن ياردەم تەلەپ

قىلدى . ئەمما سۇلتان ھۇسەيىن ھەربىي يۈرۈش قىلىپ بابا ئىلاھىغا بارغاندا ( 1506 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ) قازا قىلدى . ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن ئىككى ئوغلى مۇزەففەر بىلەن بەدىئۇززامان بىرلىكتە ھاكىمىيەتنى باشقۇردى .

بابۇر تەكلىپ بويىچە سۇلتان ھۇسەيىنگە ياردەم بېرىشكە ئاتلاندى . ئۇ چاغدا شەيبانىخان بەلخنى ئالىبۇرۇن مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاندى . بابۇر غۇربەنت ۋە شىبەرتو ئۆتكىلى بىلەن ئىلگىرىلەپ كاھمەردكە بارغاندا سۇلتان ھۇسەيىننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدى . ئۇ خۇراسانغا يېتىپ بارغاندا يەرلىك ئاھالىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى . مۇزەففەر بىلەن بەددىئۇززەمان 1506 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى . ئۆزبېكلەر سۇلتان ھۇسەيىننىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ، بابۇر بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىشقا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ سەمەرقەنتكە چېكىنىپ كەتتى .

بابۇر ھىراتتا تۇرغان مەزگىلدە كابۇلدا توپىلاڭ يۈز بەردى . ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق ئىدى . بابۇر كابۇلدىن ئايرىلىپ ھىراتقا مېڭىشى بىلەنلا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى موغۇل ئەمىر مۇھەممەت ھۇسەيىن ( بابۇرنىڭ ھاممىسىنىڭ ئېرى ) مىرزاخاننى خان قىلىپ تىكلىمەكچى بولىدۇ . ( مىرزاخان ـــ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ ئوغلى ئەبۇسىيدخاننىڭ نەۋرىسى . ئۇنىڭ ئانىسى يۇنۇس خان بىلەن شەبكىننىڭ قىزى ـــ سۇلتاننىگار مەلىكىدۇر ) بابۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر بۆلۈك لەشكەرلىرىنى باشلاپ تېزلىك بىلەن يۈرۈپ، كابۇلغا يېتىپ كېلىپ توپىلاڭنى باستۇردى .

بابۇر كابۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شەيبانىخان يەنە قوشۇنىنى يىغىپ، 1506 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خۇراسانغا ھۇجۇم قىلدى . ئاندىقۇيىنىڭ قوماندانى شاھ مەنسۇر خائىنلىق قىلىپ ئۆزبېكلەرگە تەسلىم بولدى . شۇ چاغدا بەدىئۇززامان، مۇزەففەر، باراندوق بارلاس ۋە زۇنۇن ئارغۇنلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ھىراتنىڭ شەرقىدىكى بابا خاكى دېگەن جايغا بېرىپ چۈشىدۇ . شەيبانىخان كېلىپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي پىلانسىز ئۇرۇش قىلغانلىقتىن پايتەختنى قوغداپ قالالمىدى .

شەيبانىخان 1507 ـ يىلى 5 ـــ 6 ـ ئايلاردا ( بابۇرنامەدە : مۇھەررەم

ئېيىدا دېيىلگەن ) مورغاپ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سىر كاسقا يېقىن جايغا كېلىدۇ. سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئۆلىمالىرى بۇنى ئۇقۇپ سەراسىمىگە چۈشۈپ مالىماتاڭ بولۇپ كېتىدۇ ۋە ھېچ ئىش قىلالماي گاڭگىراپلا قالىدۇ. زۇننۇن ئارغۇن 100 ـ 150 چېرىك بىلەن 40 ـ 50 مىڭ كىشىلىك ئۆزبېك قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۆزبېكلەر ئۇلارنى تارمار قىلىپ، زۇننۇن ئارغۇننى ئەسىرگە ئېلىپ كاللىسىنى ئالىدۇ.

سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئۆلىمالىرى زۇننۇن ئارغۇننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشۈپ ھىراتقا قاچىدۇ. ئۇ يەردە بىر نەچچە ۋاقىت دېمىنى ئېلىپلا يەنە قاچىدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى، ئىگىچە ـ سىڭىللىرى ۋە مال ـ دۇنيالىرى ئىختىيارىدىن قەلئەسىدە قالغانىدى. ئۆزبېكلەر ئارقىدىن قوغلاپ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن توپتوغرا ھىراتقا بېسىپ كېلىدۇ. ئۆلىما ـ مىرزىلار ھەر تەرەپكە قاچىدۇ. ئۈچ بارگاھ قوشۇنىدىكى كۆپلىگەن لەشكەرلەر ھەتتا ھىراتنىڭ قانداق ئىشغال قىلىۋېلىنغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالىدۇ. مىرزىلارنىڭ تاشلاپ كەتكەن ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن مال ـ دۇنيالىرى ئۆزبېكلەرگە ئولجا بولىدۇ. بۇ ۋەقە 1507 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يۈز بەردى.

شەيبانىخان ھىراتنى بېسىۋالغاندىن كېيىنكى يېرىم ئاي ئىچىدە مەشھەتكە لەشكەر ئەۋەتىپ، ئەبۇلمۇھسىن مىرزا بىلەن كەبەك مىرزىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ئىككى مىرزىمۇ مەغلۇپ بولۇپ كاللىسى ئېلىنىدۇ ۋە شەيبانىخانغا ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ.

شەيبانىخان يەنە بىر بۆلۈك ئادىمىنى خۇراساننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ تېمۇر خاندانلىقىنىڭ قېچىپ يۈرگەن ئۇرۇق ـ پۇشتىغىچە قوغلاپ زەربە بېرىدۇ. سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوقىتىلىپ، پەقەت بەدىئۈزامانلا پېرسىيىگە قېچىپ كېتىپ كېيىن يەنە تۈركىيىگە قېچىپ بارىدۇ. ئۇ تەخمىنەن ئون يىلدىن كېيىن كونىستانتىنوپول قەلئەسىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شەيبانىخان تەخمىنەن تېمۇر خاندانلىقىنىڭ ئەبۇسەيىدخان دەۋرىدىكى زېمىنلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

## 5- بۆلۈم شەيبانىخاننىڭ ئاغدۇرۇلۇشى

ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي ـ شىمال تەرىپىدىكى بەدەخشان ۋىلايىتى X V ئەسىرنىڭ ئاخىرى خۇسراۋ شاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. خۇسراۋ شاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ زېمىن ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. ئەمما يەرلىك ئاھالىلەر باش ئەگمەي، جەبىرلاشنىڭ قوماندانلىقىدا باسقۇنچىلارنى بىرقانچە قېتىم مەغلۇپ قىلدى ۋە شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپ ئۇلارنىڭ تەچچىسىنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. جەبىرلاش يەنە بىرقانچە بەگلەر بىلەن بىرلىكتە لەشكەرلىرىنى باشلاپ بەدەخشاندا خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىۋاتقان ناسىر مىرزىنى ( بابۇرنىڭ ئىنىسى ) قوغلاپ چىقاردى. ناسىر كابۇلغا قېچىپ كېلىپ بابۇردىن پاناھلىق تىلىدى. بابۇر شابكرىن بىلەن مىرزا خاننى بەدەخشاننى ئىستېلا قىلىشقا ئەۋەتتى. مىرزاخان كەتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ جەبىرلاشنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1507 ـ يىلىدىن تاكى ھىجرىيە 926 ـ يىلى ( مىلادى 1520 ـ يىلى ) ئالەمدىن ئۆتكۈچە بەدەخشانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

قەندىھار ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمرانى زۇنۇن ئارغۇن ئىدى. ئۇ ئۆزبېكلەر بىلەن جەڭ قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى شاھبەگ ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. شاھبەگ شەيبانىخاننىڭ خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىدىن قورقۇپ بابۇرغا يېقىنچىلىق قىلدى. بابۇر ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى كابۇلغا كېلىپ شەيبانىخانغا قارشى تۇرۇشنى بىللە مەسلىھەتلىشىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەمما ئۇلار بابۇرغا باش ئېگىشنىمۇ خالىماي بارمىدى. شۇنىڭ بىلەن بابۇر لەشكەرلىرىنى باشلاپ، قەندىھارغا ھۇجۇم قىلىپ شاھبەگنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇ يەرنى ناسىر مىرزىغا ھەدىيە قىلىۋېتىپ، ناھايىتى كۆپ ئولجا بىلەن كابۇلغا قايتىپ كەلدى. شاھبەگ كېيىن شەيبانىخانىنى قۇترىتىپ قەندىھارغا ھۇجۇم قىلدى. بابۇر كابۇلدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەگلىرىنى يىغىپ مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار: شەيبانىخان تېمۇر خاندانلىقىنىڭ زېمىنىنى بېسىپ

بولدى. تېمۇرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن پەقەت كابۇلدا تۇرۇۋاتقان بابۇرلا قالدى. ئۇ ھەم شەيبانىخاندەك كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئۆزىمىزنى چەتكە ئالماق لازىمدۇر. ھازىر بىزدە بەدەخشان بىلەن ھىندىستاندىن باشقا پاناھ بولغۇدەك يەر يوقتۇ دەپ قاراشتى. نەتىجىدە، بىر بۆلۈك كىشىلەر بەدەخشانغا كەتتى. بابۇر بولسا 1507 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كابۇلدىن ئايرىلىپ ھىندىستانغا سەپەر قىلدى.

بابۇر جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان كۈنلەردە ناسىر مىرزىدىن شەيبانىخاننىڭ چېكىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە قىشنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كابۇلغا قايتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇنى پادىشاھ دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بولسا، تېمۇر ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىلا مىرزا دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. (بابۇرمۇ ئەسلىدە مىرزا دەپ ئاتىلاتتى).

شەيبانىخان ھىراتقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، يەنە مەشھەدكە لەشكەر ئەۋەتىپ، نىشاپۇر، ئاستراباد ھەم خۇراساننىڭ پۈتكۈل زېمىنىدا تېمۇرنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى قوغلاپ يوقاتتى. 1507 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سۇلتان ھۈسەيىننىڭ قوۋمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تارمار قىلىپ، ئاندىن ماۋرائۇننەھرگە قايتىپ كەتتى.

شەيبانىخان ماۋرا ئۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ھەم خۇراساننى بويسۇندۇرۇپ ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پېرسىيە بىلەن زىتلىشىدۇ.

XVI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پېرسىيەنىڭ ۋەزىيىتى ئۆزگەرگەن، تۈركمەنلەر قۇرغان بايان خاندانلىقى (بايان شاد بېلگە) پېرسىيىلىكلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ساففار خاندانلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەنىدى. خاندانلىقنىڭ بوۋىسى سافاۋىدىن (1252 ــ 1334 ـ يىللار) موڭغۇللار ئىستىلاسى دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، خانلىقنىڭ نامى شۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئەمما سافاۋىدىن ئۆزىنى شىئە دىنىي مەزھىپى گۈللەنگەن ئەرەدبىل ۋىلايىتىدە ئولتۇراقلاشقان ۋە دىندارلارنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىمام مۇسا كازىم دېگەن كىشىنىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى دەيدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى سەدرىدىن تېمۇرنىڭ ئىززىتىگە

ئېرىشكەن. ئۇ تېمۇر بىلەن كۆرۈشكەندە تېمۇردىن دىياربەكرىدە ئە-
سىرگە ئالغان تۈركمەن تۈركلىرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.
تۈركمەنلەر رۇمرۇلار (鲁木鲁人) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار قويۇپ بېرىل-
گەندىن كېيىن ئەردەبىلگە ماكانلىشىپ، شەيخ سەدرىدىننىڭ مۇرىتى
بولدۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن نۇرغۇنى غىلانغا كۆچۈپ كېلىدۇ. كې-
يىن سافاۋىدىننىڭ قوللىغۇچىلىرى بولىدۇ. سافاۋىدىننىڭ نەۋرىسى خوجا
ئەلى ئېرۇسالىمغا تاۋاب قىلغىلى بارىدۇ ۋە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ
شۇ جايغا دەپنە قىلىنىدۇ. خوجا ئەلىنىڭ ئورۇنباسارى جۇنەيد كۆپلىگەن
مۇرىتلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ كەتكەچكە، قارا قوي خانلىقى تەرىپىدىن
سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇ ئۇدۇل دىيار بەكرىدىكى ئۇزۇن ھەسەننىڭ
ئوردىسىغا بارىدۇ ۋە تەنبەلنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كېيىن ئۇ-
زۇن ھەسەننىڭ سىڭلىسىنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ.
جۇنەيدنىڭ ھەيدەر ئىسىملىك ئوغلىمۇ ئۇزۇن ھەسەننىڭ قىزى
مەرسەنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. ئۇلاردىن سۇلتان ئەلى، ئىبراھىم مىرزا ۋە
شاھ ئىسمائىل تۇغۇلىدۇ. ئۇ ھەربىي قىسمنى كېڭەيتىدۇ ۋە قول
ئاستىدىكىلەرگە بىر خىل قىزىل قالپاق كىيىشنى بۇيرۇيدۇ ھەمدە قىزىل
باشلار دەپ ئاتىلىدۇ. ھەيدەر 1488 ـ يىلى شىرۋاندا ئاق قوي ( 白羊 )
خانلىقى بىلەن قىلغان جەڭدە يېڭىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئوغلى شاھ ئىسمائىل
راشجان ( 拉希江 ) غا قېچىپ كېتىپ ئون يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ
( 1499 ـ يىلى ) ئەردەبىلدە كۈچىنى باشقىدىن تەشكىل-
لەپ ئاق قوي ( 白羊 ) خانلىقى بىلەن جەڭ قىلىدۇ. سافقار قەبىلىسىنىڭ
كۈچى غىلاندا بولغاچقا، شاھ ئىسمائىل ئۇ جايغا كەڭ كۆلەملىك ۋە
نەتىجىلىك تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ، ئالدى بىلەن 1500 ـ يىلى باكۇ بىلەن
شاماقىنى ئىشغال قىلدى. بۇ قېتىمقى غەلىبە بىلەن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ
سانى كۆپىيىپ 16 مىڭغا يېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بايان خانلىقىنىڭ خانى
ئالۋان ( 阿勒汪 )نى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ ھەمدە يەنە 1502 ـ يىلى
تەبرىزنى ئىگىلەپ شۇ يىلى ئۆزىنى شاھ دەپ ئېلان قىلىدۇ. كېيىنكى
يىلى شاھ ئىسمائىل ھەمەدان يېنىدا ئالۋاننىڭ ئىنىسى مۇرادنىڭ

قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە ئالۋاننى تۇ-
تۇپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاق قوي خانلىقى يوقىلىدۇ. 1503 ـ يىلى
ئۇ يەنە پېرسىينى ئىگىلەيدۇ. 1508 ـ يىلى پېرسىيىنىڭ غەربىي قىسمى
ئىسمائىل تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئىسمائىل
سافاۋى خاندانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئىسمائىل ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىنى ئاكتىپلىق بىلەن كېڭەيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باشقا ئېتىقادتىكى كىشىلەرنى شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇ يەنە ئىراننىڭ غەربىي ۋە غەربىي شىمال قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرۇپ، ئىراننىڭ شەرقىدىكى خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىپ، پۈتكۈل ئىراننى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا خۇراساننى ئىگىلەپ ياتقان شەيبانىخان ئۇنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ.

شاھ ئىسمائىل خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ئەلچى ئەۋەتىپ شەيبانىخانغا خەير ـ ساخاۋەت بىلدۈرىدۇ. ئەمما شەيبانىخان ئۇنىڭغا «سەن ئاتا كەسپىڭنى تۇتۇپ قاپسەن، بۇ نەرسىلەر ئاتاڭنىڭ كەسپىنى يادىڭغا سېلىپ بېرىدۇ» دەپ تىلەمچىنىڭ تايىقى بىلەن تەشتىكىنى ئەۋەتىپ ئىنتايىن ھاقارەتلىك جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئەلچى قايتىپ ماڭغاندىن كېيىن، شەيبانىخان ھازارلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەمما مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لەشكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ دەم ئېلىۋاتقاندا، شاھ ئىسمائىلنىڭ خۇراسانغا لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كېلىدۇ. لەشكەرلەر تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن، شەيبانىخان ھىراتتا تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي ئەتراپتىكى ھەرقايسى جايلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ سۇلتان، ئەمىرلىرىنى مەرۋىگە يىغىدۇ. ئۆزىمۇ شۇ جايغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يېتىپ بېرىپلا شاھ ئىسمائىلنىڭ قىستاپ كېلىپ بولغانلىقىنى بايقايدۇ.

شاھ ئىسمائىلنىڭ لەشكەرلىرى مەرۋىگە يېقىنلا يەرگە چېدىر تىكىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىككى تەرەپ پات ـ پات تېگىش قىلىپ تۇرىدۇ. شەيبانىخانىنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ھەرقايسى تەرەپلەردىن يېتىپ كېلىشىدۇ. شاھ ئىسمائىل لەشكەرلىرى بىلەن بارگا-

ھىدىن چىقىپ يىراقلاپ كېتىدۇ. ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ قاراۋۇللىرى بۇ
ئەھۋالنى دەرھال شەيبانىخانغا مەلۇم قىلىدۇ. ئۇلار پارسلار چېكىنمەكچى
بولغان تارماق ئوخشايدۇ دەپ قارايدۇ ۋە 1510 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ
كۈنى غىزا ۋاقتىدا ئىككى تۈمەن ئۆزبېك لەشكىرى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا
تەييارلىنىدۇ. بەزى مەسلىھەتچىلەر شەيبانىخانغا سۇلتان، لەشكەرلەر كې-
لىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قوغلاپ زەربە بەرسەكمۇ كېچىكمەيمىز،
شۇنداق قىلساق ياخشى بولارمىكىن دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. شەيبانىخان
بولسا: «شاھ ئىسمائىل بىلەن جەڭ قىلىش مۇقەددەس جەڭ. پۇرسەتنى
ئۆتكۈزۈۋېتىپ پۇشايمان قىلماسلىقىمىز لازىم» دەپ قوشۇلمايدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ ئېتىغا مىنىپ دەرھال دۈشمەننى قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئاتلى-
نىدۇ. ئۇ دۈشمەن بارگاھى تىكىلگەن تاغلىقتىن ئۆتۈپ، بىر
تۈزلەڭلىككە چىققاندا تەخمىنەن تۆت تۈمەن دۈشمەن لەشكىرىنىڭ تۇر-
غانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۆزبېك لەشكەرلىرى تېخى ئۆزىنى ئوڭشىۋالمىغان
ئەھۋالدا بىر بۆلۈك تۈركمەنلەر باستۇرۇپ كېلىدۇ. شەيبانىخاننىڭ لەش-
كەرلىرى ئىككى تەرەپتىن قورشاۋدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، پاتىپاراق
بولۇشۇپ ئارقىسىغا قاچىدۇ. لەشكەر باشلىقلىرى چېكىنىشنى توسۇپ باق-
قان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئاخىر شەيبانىخان بارلىق قوشۇن بىلەن
چېكىنىدۇ. ئىسكىن (金斯) شەيبانىخاننىڭ چېكىنگەن چاغدىكى ئەھۋا-
لىنى تەسۋىرلەپ شاھ ئىسمائىلنىڭ بۇ قىلغىنى دۈشمەننى قىلتاققا
چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. چۈنكى ئۇ مەرۋىدىكى مەھمۇد ئاباد دېگەن
يەردە ئۆزىنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن ئۆزبېكلەرگە ئالدى ـ
ئارقىدىن زەربە بەردى. ئۇلار (ئۆزبېكلەر) ھەرقانچە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ
قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا تارمار قىلىندى. شەيبانىخاننىڭ يېنىدا پەقەت
500 دەكلا ئادەم قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بەگزادىلەر،
قەبىلە باشلىقلىرى ئىدى. ئۇلار قىستاپ ئاپىرىلىپ بىر قوتانغا بارغاندا ئۆ-
زىنى ئاران چەتكە ئالدى. بۇ قوتاننىڭ ئىشىكىدىن باشقا چىقىپ كەتكىلى
بولىدىغان يېرى يوق ئىدى. قورشاۋدا قېلىپ قاچىدىغان يەر تاپالماي
قالغان شەيبانىخان ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئاخىر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كې-

لىنىپ، قوتان تېمىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ دەريا بويىغا قېچىپ بېرىپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا بولدۇ. ئەمما قوتان تېمىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن سەكرىگەنلەر ئۈستى ـ ئۈستىگە چۈشۈپ، شەيبانىخان ئەڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالدۇ. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ جەستى بىر دۆۋە ئادىمىنىڭ ئاستىدىن تېپىلدۇ.

شەيبانىخاننىڭ كاللىسى شاھ ئىسمائىلنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىلدۇ. شاھ ئىسمائىل ئۇنىڭ جەستىنى پارچىلاشقا بۇيرۇق قىلدۇ ۋە تېنىنى ھەرقايسى جايلاردا سازايى قىلدۇرىدۇ. بېشىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ، ئىچىگە سامان تىقىپ تۈركىيە شاھى سۇلتان بايانغا ئەۋەتىدۇ. باش سۆ- ڭىكى بولسا زىبۇ زىننەت بىلەن پەردازلىنىپ قەدەھ قىلىنىپ شاھ ئىسمائىل تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ يىغىلىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

## 6- بۆلۈم بابۇرنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە ھىندىستاننى ئىگىلىشى

شەيبانىخان شاھ ئىسمائىل بىلەن قارشىلىشىۋاتقان چاغدا، بابۇر كابۇل تۈزلەڭلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگەندى. 1510 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بەدەخشان ئەمىرى مىرزاخان كابۇلغا ئادەم ئەۋەتىپ، شەيبانىخاننىڭ پېرسىيە قوشۇنى تەرىپىدىن مەغ- لۇپ قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى بابۇرغا دوكلات قىلدى ھەم بابۇرغا قۇندۇزغا يۈرۈش قىلىش مەسلىھىتىنى بەردى، ئۆزىمۇ ئۇ يەرگە بېرىشقا تەييارلىنىپ بابۇر بىلەن بىرلىكتە ماۋرا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ زېمىنىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. بابۇر بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇ يىلى قىش پەسلىدە قۇندۇزغا يۈرۈش قىلىپ، 1511 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. ئۇ قۇندۇزدا بىرنەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ھىسارغا ھۇجۇم قىلدى. بىراق دۈشمەننى ئۇچرىتالماي قايتىپ كەتتى. بابۇر قۇندۇزغا قايتىپ كەلگەندە، شاھ ئىسمائىل ئادەم ئەۋەتىپ بابۇرنىڭ ئاچىسى خانزادە بې- گىمنى خۇراساندىن يالاپ ئېلىپ كەلدى. خانزادە بېگىم بابۇر

سەمەرقەنتتىن چېكىنىپ چىققاندا شەيبانىخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ شەيبانىخانغا خۇرانشاھ سۇلتان ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. كېيىن شەيبانىخان بۇ خوتۇننىڭ بابۇر بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىگە قەست قىلىشىدىن قورقۇپ ئۇنى سەيىدھادىغا ئىنئام قىلىۋەتتى. بۇ كىشى مەرۋى ئۇرۇشىدا شەيبانىخان بىلەن بىرلىكتە قازا قىلدى، خانزادە بېگىم پارسلارغا ئەسىرگە چۈشتى، شاھ ئىسمائىل ئۇنى يالاپ قۇندۇزدىكى بابۇرنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ ياخشىلىقىنى كۆرسەتتى. بابۇر ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە رەھمەت ئېيتتى. نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن مىرزاخاننى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ ئەل بولۇپ يارىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ياردەم تەلەپ قىلدى. شاھ ئىسمائىل ئەلچىنى دوستانە كۈتۈۋالدى ھەم بابۇرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇنى قۇندۇزغا قايتۇردى.

ئالدىنقى قېتىم بابۇر ھىسارغا ھۇجۇم قىلغاندا ھېچقانداق دۈشمەننى ئۇچۇرىتالماي قايتقانىدى. بۇ قېتىم ئەسكەر باشلاپ ھىسارغا ھوجۇم قىلغاندا، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئۆزبېكلەرنىڭ باشلىقلىرى گەنج سۇلتان بىلەن مەخمۇد سۇلتاننىڭ قوشۇنى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ تەڭ كېلەلمىدى. ئاخىر سۇ يېتىشمىگەچكە ئۆزبېك قوشۇنلىرى چېكىنىپ كەتتى. بابۇرنىڭ قوشۇنى ئارقىدىن قوغلىدى. چۇقان ـ سۈرەنلەر جاھاننى بىر ئالدى. ئۆزبېك قوشۇنى چېكىنىش داۋامىدا پارچىلىنىپ كەتتى، ئەسكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ چاشقاندەك پىتىراپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى، بەزىلىرى قېچىش جەريانىدا دەسسىلىپ ئۆلدى. نامازشام ۋاقتىدا ئۆزبېكلەرنىڭ يۇقىرىقى ئىككى سۇلتانى ئەسىرگە چۈشتى. بابۇرنىڭ قوشۇنى ئۆزبېكلەرنى تۆمۈر قوۋۇققىچە قوغلاپ باردى.

زور غەلىبىدىن كېيىن بابۇر قوشۇنلىرى ھىسارغا توپلاندى. بۇ چاغدا شاھ ئىسمائىل ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇنمۇ، قوشنا قەبىلىلەرنىڭ ھەربىي كۈچلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. پۈتۈن قوشۇندىكى لەشكەر 60 مىڭغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بابۇر ھىساردىن چىقىپ قارشىغا يۈرۈش قىلدى.

شەيبانىخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇچىنخان خان قىلىپ تىكلىنىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ سۈيۈنچ سۇلتان، جانبەگ

سۇلتان ، ئۇبەيدۇللا سۇلتان قاتارلىق ئۆزبېك سۇلتانلىرى بىلەن بىر قاتاردا قارشى ( ئىلگىرى نەھشەب دېيىلەتتى ) دا تۇردى . ئۆزبېك قوشۇنلىرىنىڭ ئەسكىرى كۆپ بولۇپ ، سۇلتانلارنىڭ ھەممىسى مەشھۇر شەخسلەر ئىدى . بابۇر پەقەت پارسلارنىڭ ياردىمىگە تايانغاچقىلا ھەربىي يۈرۈش قىلالىدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىگەن . بابۇر ئەگەر شاھ ئىسمائىل ئۇنىڭ ماۋرا ئۇننەھرنى بويسۇندۇرۇشىغا ياردەم قىلسا ، جۈمە نامىزىدا قۇتبىنى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئوقۇشقا ماقۇل بولغان . بۇ شاھ ئىسمائىلنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ، ئۆزىنى بېقىندىسى دەپ قارىغان بىلەن باراۋەر ئىدى . بەلكىم بابۇر بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسا كېرەك .

بابۇرنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن پارسلارنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى ھىساردىن چىقىپ ماۋرا ئۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى . بابۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ قارشىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، بۇ شەھەردىن بىر رابات يىراقلىقتىكى جايغا بارگاھ تىكتى ، ئەتراپقا ئەۋەتىلگەن چارلىغۇچىلار ئۇبەيدۇللا سۇلتان باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك قوشۇنلىرىنىڭ قارشى قەلئەسىدىن ئايرىلىپ بۇخاراغا يۈرۈش قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئۈزلۈكسىز دوكلات بېرىپ تۇردى . ( بۇخارا بۇ سۇلتاننىڭ سۇيۇرغال يېرى ئىدى . ) بابۇر دەرھال ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى . كارۋان يولىدا قوغلاپ زەربە بېرىپ بۇخاراغىچە باردى . لەشكەرلەر بۇخاراغا كىرىپ شەھەردىكى ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ چىقاردى . ئۆزبېكلەر تۈركىستانغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . ئۇلار يول بويى بۇلاڭچىلىق قىلدى .

سەمەرقەنتتىكى ئۆزبېك سۇلتانلىرى بۇخارانىڭ قولدىن كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق پاراكەندە بولۇپ كېتىشتى . ئۇلار قورققىنىدىن تۈركىستان تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى ①.

① گىرۇسس « يايلاق ئىمپېرىيىسى » ( 483 ـ بەت ) تە بابۇر بىلەن پارس قوشۇنى ئاۋۋال سەمەرقەنتكە كىرگەن ، ئاندىن بۇخارالىقلار دەرۋازىنى ئېچىپ ئۇلارنى قارشى ئالغان دەيدۇ . « تارىخىي رەشىدى » دە ئاۋۋال بۇخارانى ئېلىپ ئاندىن سەمەرقەنتكە كىرگەن دېيىلىدۇ .

شۇنىڭ بىلەن بابۇر ھەيۋەت بىلەن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلدى. ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ھەرقايسى قەلئەلىرىدىكى ئاھالىلەر، ئاقسۆڭەكلەردىن تارتىپ پۇقراسىغىچە شادلىققا چۆمۈپ قارشى ئالدى. پۇقرالار شەھەر كوچىلىرىنى گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزەۋەتتى. رەستىلەرگە پەردە ۋە ئالتۇن رەڭلىك تاۋار - دۇردۇنلار ئېسىلدى. ھەرقانداق جايدا رەسمىلەرنىڭ ئېسىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. بابۇر 1511 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەمەرقەنت شەھىرىگە كىرىپ تەختكە ئولتۇردى. بۇ ئۇنىڭ بۇ شەھەردىن ئايرىلغىنىغا توققۇز يىل، كابۇلدىن ئايرىلغىنىغا ئون ئاي بولغان چاغ ئىدى. بابۇر شاھ ئىسمائىل ئەۋەتكەن قوشۇنلارغا قوشلاپ ئىنئام بېرىپ كەلگەن جايلىرىغا قايتۇردى. بابۇر كابۇل ۋە غەزنىۋى دېگەن ئىككى يەرنى ئىنىسى ناسىر مىرزىغا ھەدىيە قىلىپ بەردى.

بابۇر گەرچە سەمەرقەنتكە قايتىپ تېمۇرىلەر سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. ئۇ پەرغانىدىن باشلاپ سەمەرقەنتنى تالاشقان چاغقىچە قول ئاستىدا ئەمەلىي كۈچ كۆپ ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە ئۆزبېكلەرنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ناھايىتى زور ئىدى. شەيبانىخان گەرچە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى زور ھەربىي قوشۇنغا ئىگە بولغاچقا، تېخى بابۇرغا بەيئەت قىلمىغانىدى. مۇبادا پارسلار ياردەم قىلمىغان بولسا، بابۇر ئۆزبېكلەر بىلەن قارشىلىشالمايتتى. بىراق پارسلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بابۇر شاھ ئىسمائىلغا بېقىندى ۋە شىئە مەزھىپىگە ئىتائەت قىلدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بابۇر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى پارسچە كىيىم - كېچەك كىيگەن، قىزىل سەللە ئورىغان، خاندەمىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بابۇر بىلەن شاھ ئىسمائىل ئوتتۇرىسىدا مۇنداق كېلىشىم تۈزۈلگەن: ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ماۋرا ئۇننەھرنى بويسۇندۇرسا، نامازدا قۇتبە ئوقۇغان ۋە پۇل قۇيدۇرغاندا شاھ ئىسمائىلنىڭ نامىنى قوللىنىش لازىم. بابۇر ھۆكۈمرانلىق قىلغان ماۋرا ئۇننەھردىن شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئەقىدىسى ۋە 12 ئىمامنىڭ ئىسمى يېزىلغان پۇللار تېپىلدى. بۇنىڭدىن بابۇرنىڭ شاھ ئىسمايىلغا راستتىنلا

بەيئەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال بابۇرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. چۈنكى ئۇ شىئە مەزھىپىگە ئىتائەت قىلىش بىلەنلا سۈننىي مەزھىپىگە ئىتائەت قىلغان ماۋرا ئۇننەھر خەلقىنىڭ نارازىلىقى قوزغالدى. ئۇلار بابۇر ھۆكۈمرانلىقى شىئەلەر ھۆكۈمرانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ دەپ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇلار بابۇرنى قوللاشتىن قوللىماسلىققا ئۆتتى. تۈركىستانغا توپلاشقان ئۆزبېكلەر ۋە ئەنجاندىكى موغۇللار سۈننىي مەزھىپىنىڭ مۇخلىسلىرى ئىدى. بۇ ئەھۋالدا بابۇر ئۆزبېكلەر قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، ئەلۋەتتە قوللاشقا ئېرىشەلمەيتتى.

شاھ ئىسمائىلنىڭ خۇراسان ۋە ماۋرا ئۇننەھردە سۈننىي مەزھىپىدىكىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە قوللانغان ھەرىكىتى شۇ يەردىكى خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاپلا قالماي، بەلكى بابۇرنىمۇ ئەندىشىگە سالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شاھ ئىسمائىل ھىراتتا بۇ شەھەردىكى بارلىق رەھبىري شەخسلەرنى مۇركان مەسچىتىگە يىغىلىپ قۇتبە ئوقۇشقا ھەمدە قۇتبە ئوقۇغاندا ھەببىلەر (پەيغەمبەرنىڭ شاگىرتلىرى) ۋە ئائىشەنى تىللاشقا بۇيرۇغان. ھەپسىدىن بۇنداق قىلىشنى رەت قىلغاچقا، پارسلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ مۇنبەرگە تارتىپ چىقىرىلىپ تېنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىلگەن. ئىككىنچى كۈنى شەيخ ئىسلام ساھابىلەرنى تىللاشنى ۋە شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغاچقا، شاھ ئىسمائىل تەرىپىدىن يا ئوقى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ جەسىتى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. بابۇر شۇنىڭ بىلەن شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ پادىشاھىغا بەيئەت قىلىدۇ. بۇ ئۇنى ماۋرا ئۇننەھردە خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن مەھرۇم قالدۇردى.

1511 - يىلى قىش ئۆتۈپ كەتتى. باھار كېلىپ يامغۇر سۈيى زېمىنغا يېشىل تون كىيگۈزدى. ئۆزبېكلەر پارس قوشۇنى چېكىنىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۈركىستاندىن ماۋرا ئۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۈچى تاشكەنتكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئوبەيدۇللا باشقا بىر تارماق قىسمىنى باشلاپ ئۆزىنىڭ سۈيۇرغال يېرى بۇخاراغا قاراپ ئاتلاندى. بابۇر بىر تەرەپتىن، بىر تارماق قىسىم ئەۋەتىپ

تاشكەنتكە ياردەم بەردى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆزى قوشۇن باشلاپ بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى . ئۇبەيدۇللا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چېكىندى ، بابۇر ئۇنىڭغا قوغلاپ زەربە بەردى ، قۇلمۇلۇك دېگەن يەردە ئۇنىڭغا يېتىشىپ ئۇرۇش قىلدى . قاتتىق جەڭدە بابۇر مەغلۇپ بولدى . بۇ قېتىمقى ئۇرۇش كۆل ئەل مۇلۇك ( پادىشاھ كۆلى دېگەن مەنىدە ) ئەتراپىدا ، ھىجرىيە 918 ـ يىلى سەپەر ئېيىدا ( مىلادى 1512 ـ يىلى 4 ــ 5 ـ ئايلاردا ، قەۋسىنىڭ دېيىشىچە ، 1512 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ) يەنى بابۇر سەمەرقەنتكە كىرىپ تەخمىنەن سەككىز ئايدىن كېيىن يۈز بەردى .

مەغلۇپ بولغان بابۇر سەمەرقەنتكە چېكىندى . بۇ شەھەر خەلقى ئۇنى شىئەلەر بىلەن بىرلەشكەنلىكىگە ۋە پارسلارغا ئەل بولغانلىقىغا قاتتىق نارازى بولغاچقا ، بابۇر سەمەرقەنتتە يەنە پۇت تىرەپ تۇرالمىدى . ئۇ ماۋرا ئۇننەھردىكى خانلىق ئورنىنى تاشلاپ ھىسارغا ئاتلاندى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ ئىزى قالغان قەدىمكى دىيارغا قايتىپ كېلەلمىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئېلى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى . ئۆزبېكلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ، ماۋرا ئۇننەھرنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى .

بابۇر ھىسارغا ئاتلىنىش يولىدا يەنە قايتا ـ قايتا شاھ ئىسمائىلغا ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم تىلىدى . ئۆزبېكلەر سەمەرقەنتنى قايتىدىن ئىگىلەپ ، بىرنەچچە ھەپتە ئۆتمەي ( 1512 ـ يىلى 7 ــ 8 ـ ئاي ) ئەسكەر چىقىرىپ بابۇرنى ھىسارغىچە قوغلاپ باردى .

بابۇر ھىساردا مىرزاخاننىڭ ياردىمىدە نۇرغۇن مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ باردى . كېيىنكى بىلەن كوچىلارغا توسۇقلار ياساپ قاتتىق ئېلىشتى . بۇ شەھەر بىلەن ھايات ـ ماماتتا مەڭگۈ بىللە بولۇشنى نىيەت قىلدى . قوغلاپ كەلگەن ئۆزبېك سۇلتانلىرى بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلالماي ، ئۆزلۈكىدىن قايتىپ كەتتى . بۇ ئېھتىمال ، ئۇلار پارسلارنىڭ ياردەمچى قوشۇنىنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغانلىقىدىن بولسا كېرەك .

شاھ ئىسمائىل بابۇرغا ياردەمگە ئەۋەتكەن سەركەردە ئەمىر يار مۇھەممەدنىڭ لەقىمى نەجمى سانى ( ئىككىنچى يۇلتۇز ) بولۇپ ، ئەسلىدە

سافقار خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى ئىدى. ئۇنىڭ ياردەمچى قوشۇنىدا 11 مىڭ ئادەم بار ئىدى. ئۇلار ھىراتتىن ئۆتكەندە يەنە بىر سەپ قوشۇن يىغدى. نەجمى سانىنىڭ قوشۇنى تېرمىزدا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ 9 ــ 10 ــ ئايلاردا بابۇر بىلەن ئۇچراشتى، ئارقىدىن بۇخارغا ئاتلاندى، ئۇلار ئالدى بىلەن قۇزارنى ئېلىپ ئاندىن قارشىغا ھۇجۇم قىلدى. بابۇر قارشى ئاھالىسىگە زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزۈشنى خالىمىغاچقا، بۇ شەھەرنى ئايـ لىنىپ ئۆتۈپ ئىلگىرىلەش ھەققىدە نەجمى سانىغا مەسلىھەت بەردى. بىراق بۇ پارس سەركەردىسى ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ قارشىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. بۇ شەھەر ئاخىر قولدىن كېتىپ ھەربىي ۋە خەلق تامام قىرىپ تاشلاندى. بۇ شەھەر ئاھالىسى تەخمىنەن 15 مىڭ بو- لۇپ، قېرى ــ ياش، ئەر ــ ئايال دېمەي ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى. ئەينى ۋاقىتتا ئەمدىلا قارشى شەھىرىگە كەلگەن مەشھۇر شائىر بىنايىمۇ ھايات قالمىدى. بابۇر پارسلارنىڭ بۇ خىل زوراۋانلىق قىلمىشىغا ناھايىتى نارازى بولدى.

نەجمى سانى قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن پارس قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، غازۋان قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۆزبېك سەردارلىرى ئۇلارنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ شەھەر قەلئەسى ئىچىگە چېكىندى. پارس قوشۇنى ۋە بابۇر بۇ شەھەر قەلئەسى ئالدىدا بارگاھ قۇردى. ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە، ئۇلار شەھەر ئەتراپىدا سەپ تۈزۈپ، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەيـ يارلاندى. ئېسكىن مۇنداق دەيدۇ: شەھەرنى قورشاش تۆت ئايدىن كۆپ داۋاملاشتى. دەسلەپتە كىچىك ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆز ئارا يېڭىش ــ يېڭىـ لىشلار بولدى. ئوزۇق ــ تۈلۈك ئازلاپ كەتكەچكە، نەجمى سانىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەر باشلىقلىرى چېكىنىشنى تەلەپ قىلدى. بابۇرمۇ چېكىـ نىشنى مۇۋاپىق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، بىراق ئۇلارنىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىنمىدى. ئاخىر ئوبەيدۇللا بۇخارادىن خىللانغان قىسمنى باشلاپ كېـ لىپ، غازۋاندا تۇرۇشلۇق قوشۇن بىلەن ئۇچراشتى. 11 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى ئىككى تەرەپ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشنى باشلىدى. پارس قوشۇنى ئۇ-

زۇل ـ كېيىن مەغلۇپ بولدى . نەجمى سانى ئۆلتۈرۈلدى . بابۇرمۇ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ ، روھى چۈشكەن ھالدا ھىسارغا قايتتى .

بابۇر بۇ قېتىم ھىسارغا قايتىپ ( ئىككىنچى قېتىم ) موغۇللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاچقا ، بۇ يەردىمۇ كۆپ تۇرالماي جەنۇبتىكى قۇندۇزغا كېتىپ قالدى . كېيىن ھىسارنى ئۆزبېكلەر ئىگىلىدى . بابۇر گەرچە يەر۔لىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ كۈچى يەتمەيتتى . شۇ چاغدا قۇندۇزغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىرزاخانمۇ بۇ يەرنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەرمەيتتى . شۇڭا ئۇ قۇندۇزدىن ئايرىلىپ كابۇلغا قايتتى . شۇنىڭدىن بېرى بابۇر ماۋرا ئۇننەھرنىڭ تارىخ سەھنىسىگە قايتا چىقالماي ، جەنۇبقا بېرىپ ھىندىستاننى ئېلىشقا ئاتلاندى .

بابۇر ماۋرا ئۇننەھرگە ھۇجۇم قىلغاندا كابۇلنى ناسىر مىرزىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى . مانا ئەمدى بابۇر قايتىپ كەلدى ، ناسىر مىرزا ئۆ۔زىنىڭ ناھايىتى سادىقلىقىنى ئىپادىلىدى . ئۇ شەھەردىن چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى . بابۇردىن ئۆزىنى خەزنىگە ئەسلى ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يەرگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى . بابۇر ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ماقۇل بولدى . بىراق ناسىر مىرزا غەزنىگە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ھەددىدىن زىيادە ھاراق ئىستېمال قىلغاچقا ، ( 1515 ـ يىلى ) ئالەمدىن ئۆتتى .

ناسىر مىرزا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ۋارىسلىق مەسىلىسىدە تالاش ـ تارتىش بولۇپ ، توپىلاڭ پەيدا بولدى . بابۇر توپىلاڭچىلار بىلەن بىر مەيدان ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى باستۇردى . ھىجرىيە 922 ـ يىلى ( مىلادى 1517 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 1518 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە ) بابۇرنىڭ كۈنلىرى كابۇل ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىكتە ئۆتتى . ئۇ كابۇل رايونىدا ئۆزىنى مۇستەھكەم۔لىگەندىن كېيىن ، قەندىھارنى ئېلىشقا باردى . بۇ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش بەش يىل داۋاملاشتى ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى شابىغ قېچىپ كەتتى . بابۇر ھىجرىيە 928 ـ يىلى شەيبان ئېيىنىڭ 13 ـ كۈنى ( مىلادى 1522 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ) قەندىھارنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى .

بابۇر قەندىھارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا بەدەخشاندىن « مىرزىخان ئالەمدىن ئۆتتى ، ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان تېخى كىچىك ، ئۆزبېكلەر قىستاپ كەلدى . بۇ پادىشاھلىقنىڭ ئىشىنى ئويلاپ كۆرسىڭىز ، بولمىسا بەدەخشان قولدىن كېتىدۇ » دەپ خەت كەلدى . بۇ چاغدا سۇلايماننى ئانىسى كابۇلغا ئېلىپ كەلگەنىدى . شۇڭا بابۇر چوڭ ئوغلى ھۇمايۇننى مىرزاخانغا ۋارىسلىق قىلىپ ، بەدەخشانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى .

بابۇر قەندىھارنى ئالغاندىن كېيىن ، ھىندىستاننى ئېلىشقا كۆز تىكتى . بۇ چاغدىكى ھىندىستاننىڭ ئەھۋالىمۇ بابۇرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە پايدىلىق شارائىتتا ئىدى .

X V ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ لودى خاندانلىقى ھىندىستاننىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى . بۇ خاندانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى بارول لودى پەنجاپ ۋە دېھلى ھەمدە باشقا نۇرغۇن رايونلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى . ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا لودى خاندانلىقىنىڭ زېمىنى جەنۇبتا جۇمنا دەرياسىدىن شىمالدا ھىمالايا تېغىغىچە ، شەرقتە بىنالىستىن غەربتە پەنچەركەندكىچە سوزۇلدى . بالور لودى 1488 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى . خانلىققا ئۇنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر لودى ۋارىسلىق قىلدى . ئىسكەندەر لودى 1517 - يىلى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم لودى تەختكە ۋارىسلىق قىلدى . ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا دۆلەت پارچىلىنىش ۋە ئىچكى ئۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى .

لودى خاندانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كىرىزىس ئاساسلىقى ئىبراھىم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زوراۋانلىقىدىن كېلىپ چىقتى . بۇ پادىشاھنىڭ « مىجەزى چۇس ، قول ئاستىدىكىلەرگە رەھىمسىز » ئىدى . ئۇ يەنە پەنجاپ ئەمەلدارى دۆلەتخان لودىغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئوردىغا چاقىردى . دۆلەتخان لودىغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالماي ، ئوغلى دىلاۋۇرنى ئەۋەتتى . دىلاۋۇر بېرىپ تازا ياخشى مۇئامىلىگە ئۇچرىمىدى . ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇپ ، لاھورغا قېچىپ كېلىپ كۆرگەنلىرىنى ئاتىسىغا مەلۇم قىلدى . شۇڭا دۆلەتخان ئىبراھىمغا قارشى تۇرۇش

ئۇچۇن ئۇنى كابۇلغا ئەۋەتىپ بابۇردىن ياردەم تىلىدى.

دىلاۋۇر كابۇلغا كېلىپ قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ جەمەتى باشتىن ـ ئاخىر لودى خاندانلىقىنى قوللاپ كەلگەنلىكىنى، لېكىن ئىبراھىم ئىسكەندەر پېشقەدەم ۋەزىرلىرىنى، ئەمىرلىرىنى خارلىغانلىقىنى، بىگۇناھ 25 ئەمىرنى يا دارغا ئېسىپ، يا تىرىكلا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بابۇرغا مەلۇم قىلدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەمىرلەرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كېلىپ بابۇردىن ياردەم سورىدى. ئۇلار ئەل بولۇشنى ماقۇل كۆردى. شۇ يىلى ئىبراھىمنىڭ تاغىسى ئارامخانمۇ كابۇلغا كېلىپ بابۇردىن ياردەم سورىدى.

ھىندىستاندىكى لودى خانلىقىنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرغانلىقى شۇنداقلا پەنجاپنىڭ سەردارىنىڭ تەلىپى بولغاچقا، بابۇر 1524 ـ يىلى قوشۇن باشلاپ ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ كابۇلدىن چىقىپ، ھىندى دەرياسىدىن ئۆتۈپ لاھور ئەتراپىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ بۇ يەردە ئىبراھىم دۆلەت خانغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن سەركەردە باھارخان بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. نۇرغۇن ئادەملىرىنى قىرىپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا لاھور شەھىرىگە كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. تۆت كۈندىن كېيىن 1524 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى دىۋارپۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ دۆلەتخان لودىغا خائىنلىق قىلماقچى بولغانلىقىدىن ئىكەن. ئارقا تەرەپتىن ئۆزبېكلەرنىڭ بەلخقە قىستاپ كەلگەنلىك خەۋىرى كەلدى. بابۇر بىر نەچچە سەركەردىنى لاھور، دىۋارپۇل، شىيالكەنت قاتارلىق جايلاردا قالدۇرۇپ قايتىپ كەتتى.

بابۇر ھىندىستانغا بىرنەچچە قېتىم يۈرۈش قىلىپ بىرنەچچە قېتىم چېكىنىپ كەتتى. ئەڭ ئاخىر 1526 ـ يىلى ئىبراھىم بىلەن پانىپاتتا تۇتۇشتى. ئىبراھىمنىڭ قوشۇنىدا يۈز نەچچە مىڭ ئادەم، بابۇرنىڭ قوشۇنىدا ئون مىڭغا يېقىن ئادەم بار ئىدى. بابۇر ئاز بىلەن كۆپنى يەڭدى، ئوت مىلتىق ۋە زەمبىرەك بىلەن دۈشمەن قوشۇنىنى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلدى. ئىبراھىم ئۇرۇشتا قازا قىلدى، ھىندىستانلىقلاردىن 40 مىڭ ئادەم قازا قىلدى. بابۇر غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەپ دېھلى ۋە ياغرانى

ئىگىلىدى.

1527 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بابۇر يەنە ياغرانىڭ شىمالىدىكى كافۇيا كەنتىدە ھىندىستانلىقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ ھىندىستان تارىخىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇرۇش بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بابۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆپلىگەن رايونلارغا كېڭىيىپ موغۇل ئىمپېرىيىسىگە (1526 ـ 1587) ئاساس سالدى. ①

1530 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بابۇر بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە كابۇلغا دەپنە قىلىندى. تەختكە ئۇنىڭ ئوغلى ھۇمايۇن ۋارىسلىق قىلدى.

بابۇر تېمۇرىلەر سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ۋە ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەك ـ شۈبھىسىزكى بۈيۈك تارىخىي شەخستۇر. مەشھۇر ھىندىستان تارىخ تەتقىقاتچىسى ئىسكىن بابۇرغا مۇنداق باھا بېرىدۇ:

« بابۇر شۈبھىسىزكى ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شەخسلىرىدىن بىرى ۋە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان تالانتلىق پادىشاھ. ئۇ ئاسىيانىڭ پادىشاھلىق تەختىنى جۇلالاتتى. ئاتلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھەرخىل ھەربىي سەنئەتلەرگە ۋە قىلىچ ئويىنىتىشقا، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولۇپ، بىلمەيدىغان نەرسىسى يوق ئىكەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ياخشى تەربىيە كۆرگەن. سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا يۈرگەن. بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن بولغاچقا پىكىر قىلىشى يېتەرلىك تەرەققىي قىلغان. ئۇ پادىشاھلىق تەختىگە چىققاندا ئەمدىلا 12 ياشتا ئىدى، 20 ياشقىچە ھەرتۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن. بەزىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر پادىشاھ ۋە قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە قەدىرلەنگەن بولسا، بەزىدە پەرغانە تاغلىرىدىكى يېتىم ـ يېسىر سەرگەردانغا ئايلانغان. ئۇنىڭ تىز پۇكمەس ئىرادىسى بۇنىڭ بىلەن بوشاپ قالمىغان. ئۇ ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرەتتى.

① موغۇل ئىمپېرىيىسى — بۇ موڭغۇل سۆزىنىڭ پارسچە يېزىلىشى. ئەمما بابۇر ۋە ئۇنىڭ قوۋمى ئۆزلىرىنى چاغاتايلار دەپ ئاتايدۇ.

كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەنىدى ».

بابۇر چاغاتاي تىلىدا ئەسەر يازىدىغان مەشھۇر يازغۇچى سۈپىتىدە نەۋائى بىلەن بىر قاتاردا بىر مەزگىل قوش چولپان ئاتالغان . ئۇنىڭ چاغاتاي تىلىدا يازغان ئەسلىمىسى ئەڭ ياخشى ئەدەبىي ئەسەر بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان تارىخىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . « تارىخىي رەشىدى » نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر مۇنداق دەپ يازىدۇ : بابۇر تۈرك شېئىرىيىتى جەھەتتە ئەلىشىر نەۋائىدىن كېيىنلا تۇرىدۇ . ئۇ ئەڭ ساپ ۋە راۋان تۈرك تىلى بىلەن بىر « دىۋان » يازغان . ئۇ مۇبەييە ناملىق بىر خىل شېئىرىي شەكىلنى ئىجاد قىلغان . ئۇ ناھايىتى ئەمەلىي بىر قانۇن ئەسىرى يازغان بولۇپ ، ھازىرمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنماقتا . ئۇ يەنە بىر پارچە ئاجايىپ گۈزەل ۋە تەڭداشسىز تۈرك شېئىرىيەت نەزەرىيىسى يازدى . ئۇنىڭ « تۈرك تارىخى »، ( « بابۇرنامە » ) دېگەن ئەسىرى بار بولۇپ ، ناھايىتى تەبىئىي ۋە راۋان يېزىلغان . ئۇ مۇزىكا ۋە باشقا سەنئەتكە دائىر ئىلىملەرنىمۇ بىلەتتى . ئۇنىڭ قوۋمىدىكىلەر ئىچىدە ھېچكىم ئۇنىڭدەك ئىقتىدارلىق ئەمەس ئىدى . ھېچكىم ئۇنىڭدەك ئۇلۇغ نەتىجە يارىتالمىغان ياكى ھېچكىم ئۇنىڭدەك خەتەرلىك ھايات كەچۈرمىگەنىدى .①

شۇڭا مەيلى قايسى تەرەپلەردىن بولسۇن ، بابۇر ئاسىيا تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس ۋە ئۇلۇغ پادىشاھتۇر .

### 7 - بۆلۈم XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى

بۇ بۆلۈمدە تېمۇردىن كېيىنكى پادىشاھلار ئوتتۇرىسىدىكى زېمىن ۋە ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى بايان قىلىندى . بۇ خىل ئەھۋال ئەمەلىيەتتە ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ تارقاق خاراكتېردە زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . كۆپلىگەن دېھقانلار ، چار-

① « تارىخىي رەشىدى » ، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 173 — 174 - بەتلەر .

ۋىچىلارمۇ مۇشۇنداق شارائىتتا ناھايىتى جاپالىق تۇرمۇش كەچۈردى. فېئوداللىق ئىگىلىك ھەممىلا جايدا ۋەيران بولۇش گىردابىغا يەتتى.

فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ تارقاقلىقى يېزا ئىگىلىك رايونلىرى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئوخشاشلا تەرەققىي قىلدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقى XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تېزدىن پارچىلىنىپ، 100 يىل ئۆتكەندىن كېيىن تامامەن يىمىرىلدى. ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىدىن غەربىي سىبىرىيىنىڭ تۆۋىنىگىچە بولغان رايونلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاتالمىش ئاق ئوردا خانلىقى بۇ مەزگىلدە پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇپ، كېيىن قازاق خانلىقىنى قۇردى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خارەزىم تېمۇرلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ جەنۇبىدا قىرىم خانلىقى، ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدا قازان خانلىقى ۋە ئاستراخان خانلىقى مەيدانغا كەلدى. رۇسلارنىڭ موسكۋا كىنەزلىكىمۇ تەدرىجىي گۈللەندى. موغۇلىستاندىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئۇۋەيسخان 1428 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇسخان بىلەن ئېسەن بۇقاخان موغۇلىستانىنى ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. تېمۇردىن كېيىنكى پادىشاھلاردىن سۇلتان ئەخمەد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن موغۇلىستاندا ئىچكى ئۇرۇش توختىماي، قالايمىقانچىلىق قاپلاپ دۆلەت قايتىدىن بىرلىككە كېلەلمىدى. قىرغىزلار بىلەن قازاقلار موغۇلىستان خانلىقى خارابىلىققا ئايلاندۇرغان جايلاردا كۆچىپ يۈرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنى خان دەپ جاكارلاپ ئىلگىرىكى چىڭگىزخان ۋە تېمۇرغا ئوخشاش دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرەلىگەن پادىشاھلارنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. قەبىلە بىرلەشمىسىنىڭ ئاساسىي قاتلىمى بولغان ئۇرۇق كوممۇنىسى بېكىنمە تۇرمۇش كەچۈرۈپ سىرت بىلەن ناھايىتى ئاز ئالاقە قىلاتتى. ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بۇ خىل تارقاقلىق ئالتۇن ئوردا خانلىقى ھەم باشقا چارۋىچى ئەللەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە تېخىمۇ ئاجىزلىشىشىنىڭ سەۋەبى بولغاچقا، تېمۇر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خانلىقلارنىڭ ھۇجۇمى بۇ ئاجىزلىشىشنى ۋەيران بولۇشقا ئېلىپ كەلدى.

تىمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا سۇيۇرغاللىق يەر تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، فېئوداللىق يەرلەرنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. فېئوداللار ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلدى. بۇ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى ئەللەرنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن كىچىك فېئودال ئەللەرنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. فېئوداللىق يەرلەر « سۇيۇرغال » دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ تىمۇرىلەر سۇلالىسىنىڭ فېئوداللارغا بەرگەن ھىممىتى ئىدى. مەسىلەن، تىمۇرىلەرنىڭ پەرغانىدىكى ئاخىرقى پادىشاھى ئۆمەر شاھ كاۋانتانى سۇيۇرغال سۈپىتىدە ئۇۋەيس لاغىر ئىسىملىك ئەمىرگە بەرگەن. ئەينى دەۋردىكى دۆلەتلەر مۇشۇنداق زېمىنلارنىڭ قوشۇلمىسى ئىدى.

سۇيۇرغال ئىگىلىرى ئۆزىگە تەۋە يەرلەردىن باج يىغىپ ئۆزىنىڭ قىلاتتى. يۇقىرىغا تاپشۇرمايتتى. شۇنداقلا دۆلەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي ئەمەلدارلارنى بەلگىلەيتتى ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇراتتى. شۇڭا بۇنداق يەرلەرنىڭ ئىگىلىرى ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل پادىشاھلارغا ئوخشايتتى. تىمۇرىلەر سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا ئۇلار ھەدېسىلا مۇستەقىل بولۇشقا ئۇرۇندى. XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزئارا قالايمىقان ئۇرۇش قىلىشى ۋە سەمەرقەنتنى تالىشىش كۈرىشى مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىقتى.

يەنە بىر خىل فېئوداللار بولۇپ، ئۇلار تارخان دەپ ئاتىلاتتى. ئوبۇلغازى « شەجەرەئىي تۈرك » دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: « تارخانلار مۇنداق ئادەملەر، ئۇلاردىن باج ئېلىنمايدۇ. ئۇلار خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرمەكچى بولسا ھېچكىم ئۇلارنى توسۇيالمايدۇ. ئۆز ئىختىيارىچە كىرىۋېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزسە توققۇز قېتىم كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. پەقەت ئونىنچى قېتىمدىلا ئاندىن جازاغا تارتىلىدۇ. بۇ خىل ئىمتىيازلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالىدۇ ». تارخان فېئودال ئاقسۆڭەك، پومېشچىك بولۇپلا قالماي، يەنە يۇقىرى قاتلامدىكى دىنىي شەخس، ھەتتا سودىگەرلەردىنمۇ تارخان دېگەن ئاتاق ئالغانلار بار ئىدى. مەسىلەن، شەيبانىخان ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تۈركىستانلىق

سودىگەر فازىلغا تارخان نامىنى بەرگەن. بۇ ئادەم بابۇر 1500 ـ يىلى سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلغاندا، شەيبانىخاننىڭ سەمەرقەنتنى قوغداش ئۇرۇشىدا شېھىت بولغانىدى.

تارخانلارنىڭ سەمەرقەنتتىكى كۈچى بىر قەدەر زور، پەرغانىدە بولسا ناھايىتى ئاجىز ئىدى. تارخانلار خەلقنى شەپقەتسىز قىينايتتى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا ھەتتا زور ھەربىي قوشۇن بولاتتى. ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى چوڭايغان چاغدا ھەتتا تېمۇرىلەرنىڭ ئاخىرقى پادىشاھلىرى بىلەنمۇ توقۇنۇشۇپ قالاتتى. مەسىلەن، سەمەرقەنتتىكى مۇھەممەد مەجىد تارخان تېمۇرىيلەرنىڭ ئاخىرقى پادىشاھلىرىدىن بولغان سۇلتان ئەلى بىلەن دۈشمەنلەشتى. تارخانلارنىڭ ھوقۇقى ۋە تەسىرى ناھايىتى زور بولاتتى. باقى تارخان بۇخارا ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن باج كىرىمىنى يۇتۇۋالغان بولۇپ، ھەرقانداق ئەمەلدارغا تارقىتىپ بەرمىگەن. مۇھەممەد مەجىد تارخان پۈتكۈل سەمەرقەنتنى كونترول قىلىپ ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى ۋە چاكارلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى تالىشىش ئۈچۈن كۆپلەپ باج ئېلىپ ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە سالغان، سۇلتان ئەلىگە تاپشۇرمىغان.

XV ئەسىردە ئىسلام دىنىدىكى سوپىلار ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولدى. دىنىي گۇرۇھلاردىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. سوپىزىم ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىقتۇر. سوپىلار تەسەۋۋۇپنى تەرغىب قىلىپ، تەركىيدۇنيالىق تۇرمۇشقا ئىتائەت قىلاتتى. سوپىلار ئاددىي پەرەنجە كىيىپ، دەرۋىش تىلەمچى بولۇپ، مەھبۇس چىراي يۈرەتتى. ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەيتتى. ئۇلاردا ھەرخىل ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش تەشكىلاتلىرى بولۇپ، دىنىي تەشكىلاتلارغا باراۋەر ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ئادەتتە «دەرۋىش» دەپ ئاتىلاتتى. («دەرۋىش» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «كەمبەغەل، نامرات، تىلەمچى» دېگەن مەنىدە) ياكى «قەلەندەر» دەپ ئاتىلاتتى. سوپىلار تەشكىلاتلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدا ھەتتا خانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالىي فېئودال ئاقسۆڭەكلەردىن

ئۆزىگە مۇرىت توپلايتتى. سوپىلار ئىراندا ھۆكۈمەتكە قارشى گۇرۇھ ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا دۆلەتنىڭ دىنىي گۇرۇھلىرى سۈپىتىدە ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا سوپىلار نەقشبەندچىلەر دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ ئېقىمنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى تېمۇر بىلەن دەۋرداش بولغان باھاۋۇددۇن خوجا ئىدى. ھۈسەيىندىن كېيىن ماۋرا ئۇننەھرگە 40 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان خوجانەسىردىن ئابدۇللا ( ياكى خوجا ئەخرار ) نەقشبەندچىلەرنىڭ رەھبىرى ئىدى. خوجا ئەخرارنىڭ مۇرىتى داموللا مەھمۇدغازى X V ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولدى. ئۇ ئۆمەر شاھ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مەملىكەتتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

دىنىي داھىيلارنىڭ دۆلەت سىياسىتىگە بولغان تەسىرى ئۇلارنىڭ پادىشاھلار روھىنى كونترول قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھەر بىر سۇلتان ( خان جەمەتى ئەزاسى ) بىر قازى داموللا ( مۇھەممەد غازى )نىڭ مۇرىتلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىگە مەنىۋى ئۇستاز تۇتاتتى. ھەرقانداق ئىشلار ئۇستازنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بېجىرىلەتتى. مەسىلەن، ھۈسەيىن داموللا قاسىمنى ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلغان، سۇلتان ئەھمەد داموللا خوجا ئەلىنى ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلغان. دىندىن خالىي ھۆكۈمرانلار دىنىي باشلىقلارنى بىر دىندارنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىي خوجىلىرىنى ھۆرمەتلىگىنىدەك ھۆرمەتلەيتتى. ئۇلار دائىم زور مىقداردا يەر - جاي ۋە پۇللارنى يۇقىرى قاتلام دىنىي رەھبەرلەرگە مەسچىتلەرگە، دىنىي مەكتەپلەرگە، ئەۋلىيا - ماشايىخلارنىڭ مازارلىرىغا بېرىپ ئۇلارغا سەدىقە قىلاتتى. پادىشاھلار ياكى شەخسلەرنىڭ دىنىي ئورگانلار ( مەسچىت، دىنىي مەكتەپ ۋە مازار قاتارلىقلار ) غا ئىئانە قىلغان يەر - مۈلۈكلىرى ۋەخپە يەرلەر دەپ ئاتىلاتتى. ۋەخپە يەرلەر ئادەتتە ئىئانە قىلغۇچىلار كۆرسەتكەن ئادەملەر ( مۆتىۋەللى ) تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئۇرۇق -

تۇغقانلىرى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋەخپە يەرلەرنىڭ كۆپى تارقاق پارچە يەرلەر بولغاچقا، زور كۆپچىلىكى كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدا ئەمەس، بەلكى دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا ئىجارىگە بېرىلگەنىدى. ۋەخپە يەرلەرنى تېرىغۇچى دېھقانلار يالغۇز مۆتىۋەللىلەر، دىنىي ئورگانلار، باج يىغقۇچىلارغا يەر ئىجارىسىنى تاپشۇرۇپلا قالماي، يەنە دۆلەتكە ئىمكانقەدەر ھەرخىل، ھەر شەكىلدىكى خالىس ئىشلار ئۈچۈن باج تاپشۇراتتى. شۇڭا ۋەخپە يەرلەردە ئەمگەك قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭكىدىنمۇ جاپالىق ئىدى. ئۇلارغا ۋەخپە يەرلەردىن ئايرىلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ زور ۋەخپە يەرنىڭ ئىگىسى خوجا ئەخرار ئىدى. ئۇ ئىگە بولغان يەرلەر ماۋرا ئۇننەھر ۋە پەرغانىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارالغانىدى. سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىدى. خوجا ئەخرار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ پومېشچىك شۇنداقلا ئەڭ چوڭ باي ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مۇرىتى مۇھەممەد غازىمۇ زور مىقداردىكى يەر ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇپ، پەرغانىدىكى ئەڭ چوڭ باي ئىدى. دىنىي گۇرۇھلاردىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلەر مەسىلەن، خوجا، قازى، ئۆلىما، شەيخ قاتارلىقلار ئالاھىدە بىر خىل فېئوداللار گۇرۇھىنى تەشكىل قىلغان. ئۇلار ۋەخپە يەرلەرگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ۋەخپە يەرلەر دۆلەتكە باج تاپشۇرمايتتى. ۋەخپە يەرلەر ئىگىلىرى ئاھالىلەر تاپشۇرغان پۈتۈن ئىجارىنى يۇتۇۋالاتتى. دىنىي گۇرۇھلار كارۋان سودىسى بىلەنمۇ قويۇق مۇناسىۋەتتە ئىدى. كۆپلىگەن خوجىلار سودىغا مەبلەغ سېلىپ ئۇنىڭدىن پايدا ئېلىپ باي بولاتتى.

ئايرىم فېئوداللارغا ۋە باشقا شەخسلەرگە مەنسۇپ بولغان يەرلەر «مۇركە» دەپ ئاتىلاتتى بۇ خىل خۇسۇسىي يەرلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈچ خىل ئىدى. يەنى: 1. خاننىڭ سۇيۇرغال قىلىشى؛ 2. بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش؛ 3. سېتىۋېلىش؛ مۇركىلەرنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد مىراس قالدۇرۇشقا، سېتىشقا، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ياكى دىنىي ئورگانلارغا ۋەخپە يەر سۈپىتىدە ئىئانە قىلىشقا بولاتتى. مۇركە

يەرلەرنى ئىگىلىگۈچىلەر ئىچىدە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر چوڭ پومېشچىكلاردىن سىرت، يەنە ئۈششاق دېھقانلارمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۈششاق دېھقانلار ئىگىلىگەن يەرلەر ناھايىتى ئاز ئىدى.

XV ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى دېھقانلارنى يەرگە باغلىدى. دېھقانلار بىردىنبىر ئىشلەپچىقار-غۇچىلار ئىدى. فېئودallar ئىگىلىگەن يەردىن ھوسۇل ئېلىشتا دېھقانلارغا تايىنىپلا قالماي يەنە قۇللارغىمۇ تايىناتتى. بۇ خىل قۇللارنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇش ئەسىرلىرى، بەزىلىرى سېتىۋېلىنغان كاپىرلار ئىدى. مەسىلەن، «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دە كۆپلىگەن خەنزۇلارنىڭ سېتىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇل بولغانلىقى قەيت قىلىنغان. مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بىر دىنىي رەھبەر 20 ھىندى قۇلنى ئۆزىگە بىر كارىز كولاتقان.

فېئودallarنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلىرى ئادەتتە قەلئە ئەتراپلىرىنى مۇداپىئە قىلىدىغان يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇنىڭدا تېرىلغۇ يەرلەر ۋەيران بولاتتى. دېھقانلار ھوسۇل ئالالمايلا قالماستىن، بەلكى ھەربىي قوشۇننىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرايتتى. قالايمىقان باج ئېلىنغاچقا، كۆتۈرۈلۈپ سىبىرى نامراتلىشىپ كەينى ـ كەينىدىن ۋەيران بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان دېھقانلار سەرگەردان بولۇپ كېتەتتى. شەھەر كەمبەغەللىرى كۆپىيەتتى. ئۇلار دائىم ھەر قېتىملىق خەلق قوزغىلىڭى ۋە توپىلاڭلارنىڭ قوزغىغۇچىلىرى بولۇپ قالاتتى.

كەڭ خەلق ئاممىسى دۆلەتكە ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارغا ئېغىر باج تاپشۇراتتى. ئاساسىي باج كىرىمى يەر بېجى (قالاق) بولۇپ ئىككى خىل بولاتتى: بىر قىسمى مول ھوسۇل ئالغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ مىقدارى 1/3 ياكى 1/2 گە يېتەتتى. يەنە بىر خىلدا يەرنىڭ كۆلىمى ۋە تېرىغان زىرائەتنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسلىنىپ مۇئەييەن باج ئېلىناتتى ياكى پۇل ياكى مال ـ مۈلۈك تاپشۇرۇلاتتى. يەر بېجىدىن باشقا يەنە جان سانى بېجى (جىجاخ) ۋە ھەرخىل ھەر تۈرلۈك يولسىز قائىدە ـ نىزام، ھاشار قاتارلىقلار بار

ئىدى. كۆكبېشىغا، ھۆكۈمەت ئەمەلدارىغا، باجگىرغا، باج سوممىسى
ئوقتۇرۇشىنى تۈزگۈچىلەرگە، ھوسۇل مىقدارىنى ستاتىستىكا
قىلغۇچىلارغا ئومۇمىيۈزلۈك مۇئەييەن مىقداردا باج تاپشۇرۇلاتتى. دېھقانلار
دائىم بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، ئۆستەڭ چېپىش ۋە باشقا ئىشلارغا
ھەيدىلەتتى. بۇ ئادەتتە سەيسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خىل تۈزۈم ئەمەلى-
يەتتە، ئەربىلەر ئېلىپ كىرگەن دىنىي باج تۈزۈمى بىلەن موڭغۇللار
ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ھاشار تۈزۈمىنىڭ ئارىلاشمىسى ئىدى.
چارۋىچىلاردىن ئېلىنىدىغان چارۋا بېجى، نامدا چارۋا
سانىنىڭ $\frac{1}{40}$ نى ئاساس قىلىپ ئېلىنىسمۇ، ئەمەلىيەتتە يىغىۋېلىنىغان
سانى ناھايىتى كۆپ بولاتتى. $\frac{1}{40}$ لىك باج ئېلىش ئۇسۇلى مۇنداق ئى-
دى. چارۋىدارنىڭ 40 ـ 120 قويى بولسا، بىر قوي، 200 ـ 121 قويى بولسا
ئىككى قوي، 200 دىن ئارتۇق قويى بارلىرى ئۈچ قوي تاپشۇرىدۇ. 400 گە
بېرىپ توختايدۇ ۋە 400 دىن ئارتۇق قويى بار چارۋىدار ھەر 100 تۇياقتىن
بىر قوي تاپشۇرىدۇ. چەت ـ سىرتتىكى چارۋىلاردىن $\frac{1}{30}$ ئۆلۈش باج
ئېلىناتتى. بابۇر ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا شۇ كىشىنىڭ ئارزۇسى
بويىچە چارۋا ئېلىشقىمۇ، پۇل ئېلىشقىمۇ بولاتتى.
X V ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆزئارا قالايمىقان ئۇرۇش قى-
لىشقان فېئودال ھۆكۈمرانلار خەلقتىن ئېغىر باج ـ سېلىق يىغىش ھېسابىغا
ئۆز ھەربىي قوشۇنلىرىنى قامدىغانىدى. بولۇپمۇ ياللانما قوشۇنلار بۇلاڭ ـ
تالاڭغا تايىنىپ بېيىغانىدى. مەسىلەن، موغۇل قوشۇنى بۇلاڭ ـ تالاڭ
بىلەن داڭق چىقارغان. بىر قېتىم بابۇرنىڭ قوشۇنى سەمەرقەنتتىكى يامدا
تۇرغاندا شەھەردىن نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ ( سودىگەرلەر ۋە سودىگەر
ئەمەسلەر ) ئېلىم ـ سېتىم قىلدى. قوشۇن بارگاھى تېزلا بازارغا
ئايلاندى. بىر كۈنى نامازشام ۋاقتىدا تۇيۇقسىز قاتتىق بۇلاڭ ـ تالاڭ يۈز
بېرىپ، مۇسۇلمان سودىگەرلەر بۇلىنىپ قۇپقۇرۇق قىلىۋېتىلدى.
قوشۇننىڭ ئىنتىزامى شۇنداق ئىدى. بابۇر بۇيرۇق چۈشۈرۈپمۇ توسۇيال-

مىدى. پەرغانە رايونىدىكى چاغراق قەبىلىسى ئادەم سانى جەھەتتە بەش ـ ئالتە مىڭ تۈتۈنگە يېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى پەرغانە ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى تاغلاردا ئات ـ كالا باقاتتى. نۇرغۇنلىغان قوتازلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلار تاغلىق، يول يۈرۈش ناھايىتى قىيىن چېگرىلاردا بولغاچقا، ئۇلاردىن باج سېلىق يىغىشمۇ ناھايىتى تەس ئىدى. بابۇر قاسىم بەگنىڭ باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلاردىن 20 مىڭ تۇياق كالا ۋە 1500 ئات يىغىپ قوشۇننى تەمىنلىدى. بۇ ئېنىقكى، ناھايىتى ئېغىر باج ئىدى.

تېمۇرىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھلىرىنىڭ زېمىنىدا دۆلەت باج ئەمەلدارلىرى باج يىغىدىغان بىر خىل چارە يولغا قويۇلغان. يەنى، ئەمەلدارلار دۆلەتكە مۇئەييەن مىقداردا باج تاپشۇرۇشقا مەسئۇل بولاتتى. ئەمەلىيەتتە يىغىۋېلىنغان باج يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باجدىن كۆپ بولاتتى. خەلق دەرىجىدىن تاشقىرى قىيىنچىلىقتا ۋەيران بولاتتى.

XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سودىسى خارابلاشتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېمۇر ئەۋلادلىرى ھەممە موغۇللار ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ يېغىلىقلىرى توختىمىغاچقا يوللار خەتەرلىك بولۇپ، سودا كارۋانلىرى سەپەر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمرانلار ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىپ، شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئىراندىكى ساففارلار خاندانلىقى ۋە ھىندىستاندىكى موغۇللار خاندانلىقى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، غەرب بىلەن شەرقنىڭ قاتنىشىنى ئۈزۈپ قويدى. شەرقتە ئەخمەدجان قۇمۇلنى تالىشىپ مىڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشتى. مىڭ سۇلالىسى جيايۈيگۈەن قوۋۇقىنى ئېتىپ ئوتتۇغات تەقدىم قىلىشنى ئۈزۈپ قويۇپ، غەربىي دىياردىكى سودىگەرلەرنى ئىچكىرىگە بارمىسا بولمايدىغان قىلىپ قويدى. قاراقچىلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىدىن قورققاچقا سودا كارۋانلىرى يۈرەكئالدى بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، شەرققە بارىدىغان قاتناشمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىسلام دىنىغا سەۋدايىلارچە ئېتىقاد قىلىش ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمرانلىرىنى شىئە مەزھىپىگە ئۆچ قىلىپلا قالماي، بو-

لۇپمۇ غەربتىكى خرىستىئان دىنى ۋە شەرقتىكى بۇددا دىنىغىمۇ ئۆچ قىلىپ قويىدى. شۇڭا بۇ مەزگىلدە سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرگىلى بولمىدى. ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئاتالمىش «يىپەك يولى» شۇنىڭ بىلەن خارابلاشتى. جۇڭگو - غەرب قۇرۇقلۇق يولىنىڭ زەئىپلىشىشى غەرب دۆلەتلىرىنى دېڭىزدىن شەرققە بارىدىغان يېڭى يول ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دىمۇ سەمەرقەنتكە سوۋغا ئېلىپ ماڭغانلار دېڭىز ئارقىلىق گۇاڭجۇدىن دۆلىتىمىزگە قايتقانلىقى ياكى دېڭىز ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. 1492 - يىلى كولومبو ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپتى. 1497 - يىلى ۋاسكودا گاما ئۈمىد تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ھىندىستانغا كەلدى. 1521 - يىلى ماگىللان ئىسپانىيىدىن يولغا چىقىپ، ئاتلانتىك ئوكيان، تىنچ ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ فىلىپپىن ئارىلىغا كەلدى. بۇلارنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان سەۋەبلەرنىڭ تەسىرىدىن بولغان دېمەي تۇرالمايمىز.

XV ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاھالىلەر تۈركلەر ۋە تاجىكلار ئىدى. يېقىنقى زاماندىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەينى چاغدا تېخى تولۇق شەكىللىنىپ بولالمىغان. لېكىن بۇ مىللەتلەرنى شەكىللەندۈرىدىغان ئالدىنقى شەرتلەر ھازىرلانغان.

تاجىكلار — ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەت. ئۇلار قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئادەتتە «تاجىك» دەپ ئاتالغان. تۈركلەر ئەينى چاغدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەر قايسى قەبىلىلەرنى كۆرسىتەتتى. ئۇلار چاغاتايلار، تۈركمەنلەر، ئۆزبېكلەر، موغۇللار، قازاقلار ۋە قىرغىزلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تېخى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ بولمىغان قىرغىزلاردىن سىرت، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتايتتى. ئەينى چاغدا ئۇلار تۈرلۈك مىللەت قاتارىدا ئېنىق پەرقلەندۈرۈلمىگەن.

قىرغىزلار ئەڭ دەسلەپتە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى يېنسەي دەريا ۋادىلىرىغا تارقالغانىدى. «تارىخى رەشىدى» دىكى خاتىرىلەردىن XVI

ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قىرغىزلار تەڭرى تاغ رايونىدا پەيدا بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇلار ئۇزۇن مۇددەت موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغاچقا، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى قىلىشقا مەجبۇر بولغان. «تارىخىي رەشىدى» دە ھەتتا «قىرغىزلار موغۇللارغا تەۋە» دېيىلگەن. ئەينى چاغدا قىرغىزلار موغۇل خانلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىققان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بارلىق موغۇللار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. قىرغىزلار كاپىر پېتى تۇرىۋەردى ئۆزئارا دۇشمەنلەشتى. قىرغىزلارنىڭ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىشى ۋە ئەتراپتىكى رايونلارغا قارىتا بۇلاڭچىلىق قىلىشى سەۋەبلىك «توپىلاڭنىڭ مەنبەسى» دەپ قارىلىپ «ئاچ قالغان شىر» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ئۆزبېكلەر بىلەن قازاقلاردا بۇ چاغدا ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئېتنىك تەركىب جەھەتتە ھېچقانداق پەرق يوق ئىدى. XV ئەسىردىكى كىشىلەر قازاقلارنى ئۆزبېكلەرنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخچىسى ئىۋانوۋ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزبېكلەر بىلەن قازاقلار غەربىتىن يەنى ئالتۇن ئوردا زېمىنىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئەجدادى ئەسلىدە جەنۇبىي روسىيە يايلىقىدا ياكى ۋولگا دەريا ۋادىلىرىدىكى يايلاقلاردا ياشايدىغان يەرلىك خەلق دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ قەدىمدە ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدىن كۆچۈپ كەلگەن. («ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تىزىسلىرى — XV ئەسىردىن XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، رۇسچە، 15 ـ بەت) ئۆزبېكلەر بىلەن قازاقلار ئەسلىدە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ، نۇرغۇن قەبىلىلەرنى مەسىلەن، ئۇيسۇن، كېرەي، نايمان، قىپچاق، جالايىر، قىتان، قارلۇق، ئۇيغۇر، قوڭغىرات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ قەبىلىلەر مۇشۇ ئىككى مىللەت ئىچىدە كۆرۈنىدۇ. بۇ قەبىلىلەر تارىختا ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي چېگرىلىرىغا تارقالغانىدى. ئۇلار چىڭگىزخان دەۋرىدە ياكى بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى موڭغۇل يايلىقى ۋە ئالتاي

تاغلىرىدىن قىپچاق يايلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن. XV ئەسىرگە كەلگەندە يەنە شەرققە قاراپ كۆچكەن.

ئۆزبېك ۋە قازاقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى هازىرغىچە تېخى تەتقىق قىلىنىپ ئېنىقلانمىغان مەسلە. ئۆزبېك دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى ئۆزبېك خان بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا XIV ئەسىر ۋە XV ئەسىردىكى ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىلىرى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى ئۆزبېك دۆلىتى دەپ ئاتىغان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى چارۋىچىلار ۋە هەربىي قوشۇننى ئۆز-بېكلەر، ئالتۇن ئوردا ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنى ئۆزبېك ئەلچىسى دەپ ئاتىغان. «موڭغۇللارنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابتا ئالتۇن ئوردا خانلىقى يەنە توقماق دۆلىتى دەپ ئاتالغان.

ئۆزبېكلەر ئوبۇلخەيرىخان زامانىسىدا راسا كۈچەيدى. قازاقلار ئۇ هۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا ئۆزبېكلەردىن ئايرىلىپ چىقتى. سىياسىي ۋەزىيەت ئۆزگەرگەنلىكتىن، قازاق قەبىلىلىرىنىڭ ئادەم سانى بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە ئازايدى. قازاق خانى جانىبەك ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى قاسىمخان 1 مىليوندىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ شەيبانىخاننىڭ ماۋرا ئۇننەهردىكى هۆكۈمرانلىقىغا تەهدىت سالدى. قا-سىمخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن قازاق قەبىلىلىرى ئاجىزلاشتى، ئادەم سانى ئازايدى. تاهىرخان دەۋرىگە كەلگەندە قازاق قەبىلىلىرى پارچىلاندى. ئۆزبېكلەر بىلەن قازاقلار XVI ئەسىرگە كەلگەندە ئىقتىسا-دىي تۇرمۇش ۋە جۇغراپىيىۋى مۇهىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي هالدا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى مىللەت بولۇپ شەكىل-لەندى.

XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ئاساسىي جەهەتتىن شەيبانىخان باشچىلىقىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ تېمۇرىلەر ئەۋلادلىرىنى قوغلاش تارىخى بولدى. شەيبانىخاننىڭ ماۋرا ئۇننەهر ۋە خۇراسانغا هۇجۇم قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزبېكلەر ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى ۋە قەدىمكى باكتېرىيە رايونىغا ئاممۋى

خاراكتېرلىك كۆچتى . ئۆزبېكلەرنىڭ بۇ قېتىمقى جەنۇبقا كۆچۈش
ھەرىكىتىگە قاتناشقان ھەرقايسى تەبىقىلىرىنىڭ مۇددىئاسى ئوخشاش ئە-
مەس ئىدى . قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى ، باشلىقلىرى ، ئەسكەرلەر بايلىق ۋە
ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى تالاشنى مەقسەت قىلاتتى . ئۇلار بىر جاينى ئىگە-
لىگەندىن كېيىن ، ئۇ جايدىكى ئاھالىلەردىن باج ـ سېلىق ئېلىپ ئۆز
بايلىقىنى ئاشۇرغان . شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلى-
رىنى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ، قول سانائەت
مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئالماشتۇردى . نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتقان ، قەبىلە
ئاقسۆڭەكلىرىگە ۋە چارۋىدارلارغا تايىنىدىغان چارۋىچىلارغا ھەربىي قو-
شۇنلارغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىغا بېرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ
قىلماقتىن باشقا يول يوق ئىدى . ئۇلار بۇنداق قىلىپ ئۇرۇش غەنىيمەتلى-
رىگە ئېرىشەتتى . ئەلۋەتتە ، تامامەن ۋەيران بولغان ئۆزبېكلەر باقىدىغان
چارۋىلىرى بولمىغاچقا ، ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىغا كېلىپ ئولتۇراقلى-
شىپ دېھقانچىلىق قىلدى . ئۆزبېكلەرنىڭ قازاقلار ، نوغايلار ۋە ئويراتلار
بىلەن يايلاق تالىشىپ قىلغان ئۇرۇشلىرى ئۇلارنى ماۋرائۇننەھرگە كۆ-
چۈشكە مەجبۇر قىلدى . بۇ كۆچۈشنىڭ ئەھۋالى ۋە سەۋەبى قانداق
بولۇشتىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ
ئۆزىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى . بىر تەرەپتىن ، تېمۇرىلەر خاندانلىقى
ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان شەيبانىلار خاندانلىقى تەرىپىدىن دەسسە-
تىلدى . يەنە بىر جەھەتتىن ، ئۆزبېكلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا تەدرىجىي
ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىپ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن توي قىلىپ ،
ئۆزلىرىنى قازاقلارغا ئوخشمايدىغان يېقىنقى زامان ئۆزبېك مىللىتى قىلىپ
تەرەققىي قىلدۇردى . ئەلۋەتتە ، بۇ XVI ئەسىردىن كېيىنكى ئىش . لېكىن
ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى XV ئەسىردە ھازىرلانغانىدى .

بۇ چاغدا تۈركمەنلەر كۆپلىگەن مۇستەقىل قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ
چارۋىچىلىق قىلاتتى . ئۇلار تېمۇر سۇلالىسىنىڭ ئايىغى ئاستىدا
جاپا ـ مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتتى . ئۇلارنىڭ باشلىقى تېمۇر خاندانلىقى
تەرىپىدىن ھوقۇق تالىشىش ۋە زېمىن تالىشىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتۇ-

رولدى . لېكىن ئۇلار تارقاق ، بىرلىككە كەلمىگەچكە تېخىچە مۇستەقىل دۆلەت قۇرمىغانىدى .

بۇ چاغدا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر سىياسىي جەھەتتە ئۈستۈن‑لۈككە ئېرىشكەنلىكتىن ، تاجىكلار تەدرىجىي ھالدا تاغلىق ، چېگرا رايونلارغا سىقىپ چىقىرىلدى . بەدەخشان ، ھىسار قاتارلىق رايونلاردا تا‑جىكلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيتتى . پامىر تاغلىق رايونىمۇ تاجىكلارنىڭ ئىدى . قەدىمكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان بەزى ئاھالىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى تۈركلەشتى . خىۋادا ئۇلار سارتلار دەپ ئاتالدى . ئەمەلىيەتتە « قۇتادغۇبىلىك » ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى » دىكى سارت سۆزىنىڭ مەنىسى سودىگەر ئىدى . كېيىن تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدىكى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ سارت دەپ ئاتالدى .

موغۇلىستاندىكى چاغاتاي خانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاھالىلىرى گەرچە ئۆزلىرىنى « موغۇللار » دەپ ئاتىسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي تۈركلىشىپ كەتكەنىدى . بۇنىڭغا يۇنۇسخاننى مىسال قىلىشقا بولىدۇ . ئۇلار XIV ئەسىردە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى . XV — XVI ئەسىر ئارىلىقىدا ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋرا ئۈننەھر رايونىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلدى . بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزبېكلەر ۋە قازاقلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن . مەسىلەن ، ھازىرقى قازاق مىللىتى ئىچىدىكى دوغلات قەبىلىسىنى ئالىملار موگغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسى ئىدى دەپ قارايدۇ . يەنە بىر قىسىم موغۇللار بابۇرغا ئەگىشىپ جەنۇبقا باردى . ئۇلار بەلكىم كېيىن چاغاتايلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن . موغۇلىستان ۋە قەشقەردە قالغان موغۇللار ھەممە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۇ يەرگە كەلگەن موغۇللار تەدرىجىي يوقالمىدى . XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە موغۇللارنى ئۇچراتقىلى بولمىدى . ئېنىقكى ، ئۇلار ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتتى .

ئوتتۇرا ئاسىيادا موگغۇللار ۋە تېمۇر ھەممە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

نەچچە يۈزيىل ھۆكۈمرانلىق قىلغاچقا، ئىقتىساد، جەمئىيەت، قانۇن، مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە ئۇستقۇرۇلمىنىڭ باشقا تەرەپلىرىدە ھەم موڭغۇللارنىڭ تەسىرى، ھەم پارسلارنىڭ تەسىرى بار. تېمۇر يولغا قويغان ھەربىي، سىياسىي تۈزۈم ئاساسىي جەھەتتىن چىڭگىزخاننىڭ بۈيۈك جاسىقىغا ئاساسلانغان، لېكىن تېمۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ مەدەنىيىتى پارسلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇنى يۇقىرىقى بايانلاردىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۆزبېكلەر، قازاقلار، قىرغىزلار، موغۇللار، تۈركمەنلەر ۋە چاغاتايلار XV ئەسىردە يەنىلا ئاساسلىقى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ئىدى. چارۋىچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاتا ئائىلە باشلىقى تۈزۈمىدىن ئىبارەت بولغان ئۇرۇق قەبىلە تۈزۈمىنى جاھىللىق بىلەن قوغداش. بۇ ئۇرۇق - قەبىلىلەر چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان، قانداش مۇناسىۋەتتىن تەشكىللەنگەن كىشىلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسى. بىر قەبىلە بىر قانچە ئۇرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇرۇق ئىچىدىكى چارۋىچىلار يېقىنراق قانداش مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىپ بىردىن - بىردىن ئاۋۇل تۈزۈپ مال باقىدۇ. مالنىڭ ئاز - كۆپلۈكى باي - كەمبەغەللىكنى پەرقلەندۈرىدىغان ئۆلچەم. قەبىلە ئىچىدە باي - كەمبەغەللىك پەرقى ناھايىتى روشەن. چارۋىچىلىق مەيدانلىرى نامدا قەبىلىنىڭ ئومۇمىي مۈلكى بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە قەبىلە باشلىقى ياكى بايلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۇنداق بولۇشى، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا يەككە ھالدا مال بېقىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇرۇق، قەبىلىلەر ئۆزلۈكىدىن بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھ قۇرۇپ باشقا مىللەتلەردىن مۇستەسنا دېگۈدەك ھالەتتە تۇراتتى. پەقەت ئۇرۇق، قەبىلە يەنىلا چارۋىچىلىق قىلىدىغان ھالەتتە تۇرسا، ئولتۇراقلىشالمىسا، قەبىلىلەر باشقا مىللەتلەر بىلەن قوشۇلالمايدۇ. مانا بۇ ئۇرۇق قانداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە قەبىلە تۈزۈمى جاھىللىق بىلەن ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى.

چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمرانلىرى چوڭ -

كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان فېئوداللاردۇر. ئۇلار ئۇزۇن مۇددەت
موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغاچقا، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى
يايلاقتىكى ھەرقايسى قەبىلىلەردە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. ھەرقايسى
قەبىلە دائىم چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى قىلاتتى. بۇ
رەھبەرلەر «خان»، «سۇلتان» دەپ ئاتىلاتتى. خانلار سۇلتانلار ئىچى-
دىن سايلىنىپ ئۆزلىرىنى ئاقسۆڭەك دەپ ئاتايتتى. غەيرىي موڭغۇل
ئاقسۆڭەكلىرىدىن كېلىپ چىققان يۇقىرىلارنى قارا سۆڭەك دەپ ئاتايتتى.
خان، سۇلتانلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان فېئوداللاردىن يەنە ئوغلان،
تارخانلارمۇ بار. تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، موغۇلىستاندىكى دوغلات
قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى چىڭگىزخان جەمەتىدىن كېلىپ چىقمىغاچقا،
پادىشاھ بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا مىرزا، ئەمىر دەپ ئاتالدى. قەبىلىلەر-
دىكى بېيلەر ئەدلىيە ھوقۇقىنى تۇتقان شەخسلەر بولۇپ، چارۋىچىلىق
مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ئۇلارغا تەۋە ئىدى. ئۇلارنىڭ قەبىلىلەر
ئىچىدىكى تەسىرىمۇ چوڭ ئىدى. چارۋىچىلىق جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن
قاتلىمى قۇللار بولۇپ، ئەرلىرى «قۇل»، ئاياللىرى «كۈڭ» دەپ ئاتال-
غان. چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ فېئودالىرى يايلاق ۋە چارۋا تالىشىش
ئۈچۈن ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قوزغاپ تۇراتتى.
كەڭ چارۋىچىلار قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەت چېكەتتى. چارۋىچىلىق رايون-
لىرىنىڭ پاترىئارخال فېئودالىق تۈزۈمى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر
توسالغۇ بولدى.

چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكىگە
سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر قالاق ئىدى. ئاساسلىقى چارۋىچىلار خەت تونۇ-
مايتتى. لېكىن چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بار
بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئىجادچانلىقى بار ئىدى. ئۇلار-
نىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى، ناخشا ـ قوشاق ۋە باشقا خەلق ئىجادىيىتى بار
ئىدى. ھازىرقى زامان ئېتنوگرافلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ھا-
زىرقى زامان تاجىكلىرىدا قەدىمكى ئېتىقاد ۋە ئادەتلەر ساقلانغان. بۇنىڭ
ئىچىدە كۆپلىرى چارۋىچى تۈركلەردە پەيدا بولغانىدى. بۇلار چارۋىچىلىق

رايونلار مەدەنىيىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر مەدەنىيىتىگە ئۇزۇن مۇد-
دەت تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چارۋىچىلىق
رايونىدىكى چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان رايونىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مە-
دەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يېزىق ئۆگەندى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد
قىلدى. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئولتۇراقلىشىپ، يېزا ئىگىلىك بىلەن
شۇغۇللاندى. شۇنداقلا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر بىلەن توي قىلىپ قو-
شۇلۇپ يېڭى مىللەتنى شەكىللەندۈردى.

责任编辑：热依汗古丽·库尔班
责任校对：阿依古丽·莎比提
封面设计：加拉力丁·巴合拉木

中亚史（二）（维吾尔文）
阿不来提·努尔顿、居马洪
海拉提·阿不都热合曼　　译
阿不都秀库尔·买合苏提

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
新疆地矿彩印厂印刷
850×1168毫米 32开本　17.25 印张　4插页
1999年1月第1版　1999年1月第1次印刷
印数：1——5,000

ISBN7—228—04182—8/K·478　定价：20.50元